يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك

(نەسرىي يەشمىسى)



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ



يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك

—ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
نەسرىي يەشمىسى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى
نەشرگە تەييارلىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر : ئابدۇشۈكۈر تۇردى ،قادىر ئەكبەر

مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : دىلمۇرات تۇرسۇن



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىسى



ۋېينا نۇسخىسىنىڭ 68 – بېتى



پەرغانە نۇسخىسىنىڭ 75 – بېتى

## شعر

نكو بار اژون دا انكار حيله سيز    نكو حيله باركيم انكار چاره سيز
قوغ نىنك كا حيله انكا دچاره بار    مكر بو اولوم كا اولوم حيله سيز

اشيتي اوغول كور اتاسي سوزين
تيل احتي اتا قا ايغوردي بوزين

ابو داي اتام بير سوزوم بار سنكا    اني ايا ين بزا او بيرمنكا
بو دنيا اچيندا تيريلديينك اوكيش    بلمك بيلديينكا ردام اوقديينك اوتوش
ايتسنك اشتينك يما اوكرانو    سينا بو تيريلديينك قوغ ني كرو،
نكو ارسا بارموا اولوم كا اسنك    اني اوزرو توتغل اي بيلكا تايمك
اكر حيله چاره بوق ارسا ادين    قوغ نىنك خزينه اولا كيل باديين
خزينه بو تنك بولسا شغا بولوش    اسان بول بنا بولغا التون كوموش
بكو تيرا استكيل كوزي توق كيشي    تورا وتماك ادبي اني ار سيني
اوانىنك كيشي كا سورسيم اتجور    سيني نىنك اتجور كا ن بز اني اتجور
اسانليك كراك ايركا تنكا اكسوماز    تير حيله كراك قوش قانىنك الكسوماز
تيريك بولسا نكلو تيلاكي اوق    اتا اودنش اسان بولسا ارزو يغوق

اي توقدي جو اني اوغلي اوكدومش كا
اشتكيل سوزوم ني بو ايش دير توكل    يغوق بيردي اي توقدي ابدي اوغول

# سۆز بېشى

11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى، ئەدىب، پەيلاسوپ ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس هاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋەتىنىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساهەسىدە قىلىنغان يەنە بىر چوڭ ئىش.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر بىر ئابىدىسى، شۇنداقلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەت باها دۇردانىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ مەشهۇر ئەدەبىياتشۇناسى لاۋشې 50 ـ يىللاردىلا بۇ داستانىنىڭ قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ: "«قۇتادغۇبىلىك» داستانى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىباها بايلىقىدۇر" دېگەنىدى[1].

## 1

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەملىكىتىمىزدىكى هەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى ساهەسىدىكى تەتقىقات كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىمىز ۋە هۆكۈمىتىمىز ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتىگە

---

① لاۋشې: «جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق هەيئەت ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»، 1956 ـ يىل، بېيجىڭ.

ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامۇت ئىمىنوپ باشچىلىقىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا يېتەكچى-لىك قىلىدىغان مەخسۇس رەھبەرلىك ھەيئىتىنى قۇرۇپ، تەتقىقاتنى كونك-رېت تەشكىللىدى، تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر كەڭ جەلپ قىلىندى، ھەيئەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىشتا كۆپلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، ئىلمىي تەرتىپ بىلەن ساغلام راۋاجلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-يىسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ باردى، نەتىجىدە 1984 ـ يىلى بۇ داستاننىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتنى، نەزمىي يەشمىسى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. مانا ئەمدى نەسرىي يەشمىسى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە.

## 2

ھەرقانداق مىللىي ئەدەبىيات مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش-نىڭ توپ مەقسىتى ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە ئىلغار تەرەپلىرىنى ئېچىپ، رېئال تۇرمۇشقا ماس كېلىدىغان ۋە پايدىلىق بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇئەييەن-لەشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ھەرقانداق ئەدەبىي مىراس ئەجدادلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىن، ئۆت-مۈشنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆتمۈش دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ ياخشى يادىكار-لىقلىرى مەلۇم تارىخىي شارائىت بىلەن باغلىق بولغان ھالدا، بىزنى ئۆتمۈش

ھاياتىدىن خەۋەردار قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەل-
سەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە
ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە، تەگدىشى يوق بىر ئەسەردۇر. يېقىنقى
ئون يىلدىن بۇيان بۇ ئەسەر ئۈستىدە بىرقەدەر كەڭ تەتقىقاتلار ئېلىپ
بېرىلدى.

بىر ئەدەبىي ئابىدىگە ئۇزۇل - كېسىل باھا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى
چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش لازىم. چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق
ئۆگىنىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىكى
نۇسخىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە — ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ۋە
غايىلەرنى خەلق چۈشىنىدىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ئايان قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ بەدىئىي ئەھمىيىتى، تارىخىي قىممىتى
ۋە رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ روشەن بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالەمشۇمۇل بايلىقى
بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان دۇنيا شەرق-
شۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ
ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسى دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئەينەن نەشر
قىلىندى. تۈرك ئېنگلىز، نېمىس، ۋە رۇس تىللىرىدىكى يەشمىلىرى ئىشلەن-
دى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق
تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىزنى يېتەرلىك ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نەسرىي ئۇسۇل بىلەن يېشىپ بېرىلگەنلىكى،
داستانىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە سۇژىتى، ئۇ ئالغا سۈرگەن ئىدىيە ۋە
مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ھەر ساھە كىتابخان-
لارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشۇپ چىقىشى ئۈچۈن پايدىلىق.



كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا تەنقىدىي قوبۇل

3

قىلىش، " مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىش"، "قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش " فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مىراس بولۇپ قالغان ھەرقانداق يادىكارلىق ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋردە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈنمۇ خۇددى شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، يېڭى ئىجتىمائىي تۇرمۇش چۈشەنچىسى ئىچىدە، يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ مەنىۋى دائىرىسىدە ياشايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا قانداقتۇر بۇ نۇقتا كونىراپ قالغاندەك، ۋاقتى ئۆتۈپ، رېئال ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولغان ئىلغار ۋە ئىجابىي نۇقتىلىرى يەنىلا ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. بۇلارغا دىققەت قىلىنغاندىلا، ئەدەبىي مىراسلارغا توغرا باھا بەرگىلى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

" ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن مول، ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسىنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، قېزىشىمىز ھەم ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز، ئۇنى يېڭىلىشىمىز، ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم ①."

**تۆمۈر داۋامەت**

---

① لى رۇيخۇەن: «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1990 - يىل 3 - سان.

# نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

1

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيە-سىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە نەزمىي ۋە نەسرىي يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى ئىدى. داستانىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە نەزمىي يەشمىسى 1984 ـ يىلى، خەنزۇچە تەرجىمىسى 1986 ـ يىلى نەشر قىلىندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نەسرىي يەشمىسىنىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپ چىققانىدى، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە نەشر قىلدۇردى.

مەزكۇر نەسرىي يەشمە تېكىستلىرى داستانىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئاساسىدا ئىشلەندى ۋە بىر بېيىت بىرلىك قىلىندى. ھەربىر بېيىتنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئەينى يېشىپ بېرىشكە، سۆز مەنىلىرىنى ئىمكانقەدەر چۈشىنىشلىك قىلىپ بېرىشكە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ساقلىنىۋاتقان-لىرىنى ئۆز ئەينى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىندى. مەنىنى يېشىپ بېرىشتە گىراماتىكىلىق باغلىنىشلارنى ساقلاش يۈزىسىدىن مىسرالارنىڭ ئورنى ئال-ماشقان بېيىتلار نومۇرىنىڭ ئالدىغا يۇلتۇز بەلگىسى ( * ) قويۇلدى.

ھەربىر بېيىتتا شېئىرىي جۈملىدە يوشۇرۇنغان، لېكىن بېيىت مەزمۇنىدىن مەنىسى چۈشىنىلىدىغان سۆزلەر ھەمدە بېيىتلار مەنىسىنىڭ باغلىنىشى، پىكىر ۋە مەزمۇنىنىڭ ئۆزئارا چىپسىلىششى زۆرۈرىيىتىدىن قوشۇلغان سۆزلەر تىرناق ئىچىدە بېرىلدى.

بېيىتلارنىڭ مەنىسى پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەمەلىي ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆز - ئىبارىلەر بىلەن يېشىلدى. ئىزاھ بېرىشكە تېگىشلىك سۆز، ئاتالغۇ ۋە بېيىتلاردىن بەت ئاستىدا ئىزاھ بېرىلگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ يېنىغا يۇلتۇز بەلگىسى قويۇلۇپ كىتاب ئاخىرىدا ئىزاھ بېرىلدى.

كىتابخانلارنىڭ يەشمە تېكىستلىرىنى ئەسلىي مەتىنگە سېلىشتۇرۇشى ئاسان بولسۇن ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» (مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل بېيجىڭ نەشرى) ترانسكرىپسىيىسىنىڭ بېيىت رەت نومۇرلىرى ئەينەن بېرىلدى.

## 2

نەسرىي يەشمىنى ئىشلەشتە تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1 -، 2 -، 3 - توملار.
2. رېشىت رەخمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك»، I مەتىن، ئەنقەرە، 1947 - يىل.
3. رېشىت رەخمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك»، II (تۈركچە نەسرىي يەشمىسى)، ئەنقەرە، 1974 - يىل.
4. رېشىت رەخمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك»، III ئىندېكس، ئىستان-

بۇل، 1970 - يىل.
5. ق. كەرىموۋ: «قۇتادغۇبىلىك»، «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىغا تەۋسىق» (تاشكەنت، 1971 - يىل).
6. س. ئىۋانوۋ: «قۇتادغۇبىلىك»، (رۇس تىلىدىكى نەزمى تەرجىمە. موسكۋا، ئىلىم نەشرىياتى، 1983 - يىل).
7. ۋ. نادېلياييۋ، ئە. تېنىشېۋ قاتارلىقلار: «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى». 1969-يىل، موسكۋا نەشرى
8. كىلاۋسون: «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللار ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، (ئوكسفورد، 1972 - يىل)، (ئېنگلىزچە نەشرى).
9. سەمەت تەزجان: «قۇتادغۇبىلىك تىزىمى توغرىسىدا». «تۈرك تىل قۇرۇمى ئىلمىي ژۇرنىلى» 178 - سان، ئەنقەرە، 1981 - يىل، تۈركىيە مەدەنىيەت تەتقىقاتى نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1979 - يىل).

ئا. تۇردى

ق. ئەكبەر

# مۇقەددىمە

## 1

ئۇيغۇرلار — ئۇزۇن تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي بىر مىللەت. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە مەملىكەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئۇيغۇر خەلقىمۇ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان، بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئەنە شۇنداق تۆھپىلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە دانىشمەن شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدۇر.

بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرچە زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر؛ 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ھەم قاراخانىيلار دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسىدۇر. بۇ داستان پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

10 -، 11 - ئەسىرلەردە، بىزنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدە بىر قانچە ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. شىمالىي جۇڭگودا كىدان (قىتان)لار ھاكىمىيىتى، جەنۇبىي جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى، غەربىي شىمال ئېگىزلىكىنىڭ بىر قىسمىدا تاڭغۇتلار ھاكىمىيىتى، خېشى كارىدورىدا گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، تۇرپان ئويمان-

لىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلاردا قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، كۇچانىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كولدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا قارا خانىيلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. دەسلەپ بالاساغۇن شەھىرىنى، ئاندىن قەشقەر (ئورداكەنت)نى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر سۇلالە بولۇپ، بۇ سۇلالە مىلادى 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى 11 - ئەسىردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ دەۋردە، بىر تەرەپتىن، ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە، ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ كەتتى. قەشقەر، بارچۇق (مارالۋېشى)، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى (تاكى 13 - ئەسىرگىچە) غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ چاغلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئەبۇ ئابباس پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شەرقتىكى بۇددا دىنىدىكى «ئىدىقۇت» ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ساڭقۇسالى تۇتۇڭ قاتارلىق بۈيۈك ئالىم ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ دەۋردە دىنىي ئايرىمىلىقلاردىن قەتئىينەزەر، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلدى.

## 2

بۇ داستان قەشقەردە يېزىلىپ تاماملانغان بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 462 ـ يىلى 18 ئايدا تاماملانغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادى 1070 ـ 1069 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئۆزى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن.

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم،
قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم.
(ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى،
قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى)

بۇ مىسرالاردىن مۇئەللىپنىڭ بۇ داستاننى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقانلىقى، داستاننى يېزىپ بولغان ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، تەخمىنەن مىلادى 1018 ـ 1019 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

داستان يېزىلىپ بولغاچ، مۇئەللىپ ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق[1] ئۇنۋانىنى بەرگەن.

داستاننىڭ ئەسلىي قوليازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە (ياكى نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

---

① ھاجىپ — (ئەرەبچە) ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى "تايانغۇ" يەنى تايانچ، سەلتەنەت تايانچىسى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، فوتو نۇسخا 230 ـ بەت.)

ۋېنا نۇسخىسى مىلادى 1439 ـ يىلى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ، مىلادى 1474 ـ يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرىيەلىك شەرقشۇناس ھامىر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن، بۇ ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا (بۇ نۇسخا ھىرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 1823 ـ يىلى فىرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئام بېدى تۇنجى بولۇپ مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1870 ـ يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبېرى شۇ نۇسخا بويىچە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، بۇ نۇسخىنى 1896 ـ يىلى نېمىس ئالىمى مورىتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان ھەم 1897 ـ يىلى مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوفقا شۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئەۋەتكەن، رادلوف ۋېنا نۇسخىسى بىلەن بۇ نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەندىن كېيىن، 1910 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان، 1943 ـ يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ فوتو نۇسخىسى تۈركىيىگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتا بېسىلىپ چىققان.

پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1914 ـ يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگەن شەھىرىدىكى مۇھەممەت ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلغان. 1924 ـ يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن بۇ نۇسخا ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان، ئاندىن 1928 ـ يىلى بۇ نۇسخىنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن ئۆزبېك تىلىدا نەشر

قىلدۇرغان. يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىدا بېيىتلار سانى ھەر خىل ئىدى. مەسىلەن، قاھىرە نۇسخىسى 5.400 بېيىتتىن، پەرغانە نۇسخىسى 6.095 بېيىتتىن تەركىب تاپقان. ۋېنا نۇسخىسى تېخىمۇ تولۇقسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ نۇسخىدا دېگۈدەك كۆچۈرگۈچىلەردىن كەتكەن ئايرىم خاتالارمۇ بار ئىدى. كېيىن، تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ A. نەسرىي مۇقەددىمە B. نەزمىي مۇقەددىمە C. بابلار مۇندەرىجىسى D. «قۇتادغۇبىلىك» تېكىستى؛ E مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە لىرىكىدىن ئىبارەت ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتىن (تېكىست)نى تۈرگۈزۈپ چىقتى. شۇ مەتىن بويىچە قۇتادغۇبىلىك داستانى 85 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 6.645 بېيىت، يەنى 13.290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

داستان ئايرىم تۆتلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىلىك مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، 3800 — 3801 بېيىتلەردىكى تۆتلۈك بىلەن ئاخىردا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىكىنىڭ ئىككىسى مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن) ۋەزنىدە، قالغان بېيىتلارنىڭ ھەممىسى مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مەقسۇر (فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل) ۋەزنىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر. مەشھۇر سوۋېت ئالىمى س. ي. مالوۋمۇ "«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلغان يىلى مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمىي ئىسلام دىداكتىك مەزمۇندىكى يادىكارلىقىدۇر... ئۇنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى بىر قەدەر

روشەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ①“ دەيدۇ.

## 3

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ قۇرۇلىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دىراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مىتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چىپسىلاشتۇرۇلغان. لېكىن ئۇ مۇھەببەت داستانى ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس، شۇنداقلا، بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، نوقۇل پەند – نەسىھەت (دىداكتىكا) كىتابىمۇ ئەمەس. بۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى نۇرغۇن تەسۋىرلەردە رېئالىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند – نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ، ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئۆزئارا بىر – بىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر پېرسوناژلارنىڭ بىر – بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرىدۇ. مانا بۇ نۇقتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى باشقا ھەرقانداق پەند – نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئەسەردىكى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى مۇئەللىپ تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۇرۇلۇپ، «ئادىل قانۇننىڭ سىمۋولى» قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

---

① س. ي. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي يېزىقلار يادىكارلىقلىرى» 229 – بەت. 1959 – يىل، موسكۋا – لېنىنگراد.

كۆڭۈلنىڭ ئۆزىلە كەسىرمەن ئىشىڭ،
ئادىرمازمەن بەگىسىڭ، يا قۇلىسىغ كىشىڭ.
(ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىمەن،
كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدى، قۇل تائىپىسىدى دەپ
ئايرىمايمەن.)

كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق،
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونۇق،
(مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم – تونۇشۇم بولسۇن،
مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى، ياكى مېھمان بولسۇن.)

تۆرۈدە ئىككگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مەنى،
(قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۈچۈن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ئۇلار) مەندە پەرق تاپالمايدۇ.)

ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت – سائادەت سىمۋولى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بەخت – سائادەتنىڭ قارارسىزلىقىنى، تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تېز قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە بەخت – سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل – پاراسەت سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق، ئۇ بىرمۇنچە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى تولۇق ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكسەك ئەقىل – پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە ھەم ئاشۇ ئەقىل – پاراسەت ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ۋە پۇقرالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بىر ئوبرازدۇر.

ئەسەردىكى قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس. ئۇ زور ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، لېكىن، رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىت. ئۇ، بۇ دۇنيانى بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنا

روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ①" دەيدۇ.

### 3

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. لېكىن ئۇ مۇھەببەت داستانى ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس، شۇنداقلا، بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، نوقۇل پەند ـ نەسىھەت (دىداكتىكا) كىتابىمۇ ئەمەس. بۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى نۇرغۇن تەسۋىرلەردە رېئالىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند ـ نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر پېرسوناژلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدە-لەندۈرىدۇ. مانا بۇ نۇقتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى باشقا ھەرقانداق پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەسەردىكى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى مۇئەللىپ تەرىپىدىن يۈكسەك دە-رىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ، «ئادىل قانۇننىڭ سىمۋولى» قىلىنغان. ئۇ مۇن-داق دەپ جاكارلايدۇ:

① س. ي. مالوۋ: «قەدىمكى تۈركىي يېزىقلار يادىكارلىقلىرى» 229 ـ بەت. 1959 ـ يىل، موسكۋا ـ لېنىنگراد.

كۆنلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ،
ئادىرمازمەن بەگىسىگ، يا قۇلسىغ كىشىگ.
(ئىشلارنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلمەن،
كىشلەرنى بەگ تائىپىسىدى، قۇل تائىپىسىدى دەپ
ئايرىمايمەن.)

كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق،
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونۇق،
(مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم – تونۇشۇم بولسۇن،
مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى، ياكى مېھمان بولسۇن.)

تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئۇل مەنى،
(قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۈچۈن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ئۇلار) مەندە پەرق تاپالمايدۇ.)

ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت – سائادەت سىمۋولى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بەخت – سائادەتنىڭ قارارسىزلىقىنى، تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تېز قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە بەخت – سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاملى گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل – پاراسەت سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق، ئۇ بىرمۇنچە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى تولۇق ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكسەك ئەقىل – پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە ھەم ئاشۇ ئەقىل – پاراسەت ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ۋە پۇقرالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بىر ئوبرازدۇر.

ئەسەردىكى قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس. ئۇ زور ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، لېكىن، رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىت. ئۇ، بۇ دۇنيانى بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنا

يىمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە لاتا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك دەپ قارايدۇ. كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە قاتتىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. لېكىن ئاخىردا ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ: خەلققە پايدىلىق بولۇش كېرەك، خەلققە خىزمەت قىلغان كىشىلەرلا ھەققىي بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت دېگەن مەزمۇنىدىكى گەپلىرىگە قايىل بولىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشكە: سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ توغرا، سەن شۇ يولدا مېڭىشنى داۋام ئەت، دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەنە شۇ تۆت پېرسوناژ، يەنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئەلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت ــ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر) ئەقىل ــ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دراملىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق ــ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بىر قاتار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولسىمۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ۋە رېئاللىقنى پەردازلىماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ھەم سۆكىدۇ. مەسلەن:

ئەي ئەلىگ، ئوتاچى سانى سەن بۇ كۈن،
بۇدۇن پارچە ئىگلىگ ساڭا مۇڭلۇغۇن.
(ئەي ئەلىگ بۈگۈن ئۆزۈڭنى تېۋىپ ھېسابلا،
خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاغرىق ساڭا موھتاجدۇر.)

قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنىچ.

(بەزىسى زۇلۇم، مۇشەققەت كۆرگەن،
بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چەككەن.)

قايۇ ئاچ، قايۇسى يالىڭىمىش بولۇر،
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۆلىنىمىش بولۇر.
(بەزىسى ئاچ، بەزىسى يالىڭاچ،
بەزىلىرى قايغۇ بىلەن نادامەت قىلماقتا.)

سەندە تۇرۇر، كۆر، بۇلارنىڭ ئەمى،
ئوتاغىل دارۇ بىرلە، بولغىل قامى،
(قارا، بۇلارنىڭ داۋاسى سەندە،
دورا ـ دەرمان بىلەن داۋالا تېۋىپ بول.)

قالى قىلماسا سەن ئەمى يا ئوتى،
بۇدۇنقا بولۇرسەن تىرىگلىك يوتى،
(ئەگەر سەن دورا ـ دەرمان بىلەن داۋالىمىساڭ،
خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولىسەن.)

مۇئەللىپ يەنە بىرقانچە بېيىتتا شۇ ۋاقىتتىكى رېئال جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:
”ئەي بىلىملىك كىشى، ئەتراپىڭغا بىر باق. نېمىلەرنى كۆرەرسەن، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان ... ئەقىللىقلار تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس... ھالالنىڭ پەقەت ئېتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە؟!“
ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا قارىتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياراتقان غايىۋى پېرسوناژلار ئاغزىدىن ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي

غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق بىر ئىجتىمائىي غايىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇ-
شى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئۇتوپىيە (خىيال) بولسىمۇ،
شۈبھىسىزكى، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەينى دەۋردىكى خەلق ئارزۇ - ئارمانلىرى-
نى ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تارىخىي تەرەققىيات تەلپىنى ئىپادى-
لىگەن. شۇڭا بۇ مۇئەييەن ئىلغارلىققا ئىگە. ئەنە شۇ نۇقتىلار بويىچە
ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» باشقا بارلىق مۇنەۋۋەر كلاسسىك ئەدەبىيات
مىراسلىرىغا ئوخشاشلا، روشەن خەلقچىللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەسەردۇر.
شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك»
تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرى-
يىتىنىڭ 11 - ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىدىن دالالەت
بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەسكەر باشلىقى يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولۇشى لازىم،
شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ جەڭلىرىمۇ جاسارەتلىك بولالايدۇ، دېگەن پىكىر مۇنداق
گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

كۆر، ئارسلان بولۇ بەرسە ئىبقا باشى،
بۇ ئىت بارچا ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى.
قالى بولسا ئارسلانغا ئىت باشچىسى،
ئول ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقىشى.
(كۆر، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا،
بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ،
ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا،
بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ.)

مۇئەللىپ ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىش ۋاقتى ياشلىق چېغى
ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

بىردۇم بەردى ئوقتەگ، كۆگۈل ئەردى يا،
كۆگۈل قىلغۇ ئوقتەگ بودۇم بولدى !

(قەددىم ئۇقتەك، قەلبىم يادەك ئىدى،
قەلبىمنى ئۇقتەك قىلغۇچە، قەددىم يادەك بولدى.)

تەبىئەت تەسۋىرىگە بىر مىسال:

قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كۆگلەكىن،
ئاچىلدى يارۇق يۈز كۆتۈردى ئەگىن.
كۆلە باقتى ئۆرلەپ تالۇ قىز يۈزى،
يارۇدى بۇ دۇنيا ئىرى ھەم قۇزى.

(ئاسمان كىيگەن قارا كۆگلىكىنى يىرتتى،
چۇمپەردىسىنى ئاچتى، يورۇق يۈزى كۆرۈندى.
قۇياش ئۆرلەپ گۈزەل قىزدەك كۈلۈپ قارىدى،
دۇنيانىڭ كۆڭگەي ھەم تەسكەي تەرىپى يورۇدى.)

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-
دىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىدىكى بەزى نادىر ژانىرلار (مەسلەن، تۆتلۈك، تەجنىس، تۇيۇق)
نىڭ شۇ دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى، يەنى
بۇ شەكىللەرنىڭ قەدىمدىن قالغان مىللىي مىراسلىرىمىز ئىكەنلىكى روشەن
نامايان قىلىنغان.
تۆتلۈكلەرگە مىسال:

نەگۇ ئەر بولۇر، كۆز، مىگەر دۇشمەنى،
مىگەر سۆزلەمەسە كۆنىگە ئانى.
بورىمۇ بولۇر كورگىل ئىتتە قايار،
ئۇدۇلا ئىشتىسە مىڭ ئىتلار ئۇنى.

(ئەرنىڭ مىڭلارچە دۈشمىنى بولمىسا،
كۈنىگە مىڭ قېتىم غەيۋىتىنى قىلمىسا، ئۇ قانداق ئەر
بولسۇن.
قارا، مىڭ ئىتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ
قېچىپ كەتكەن بۆرە بۆرە بولامدۇ؟)

قۇت ئۇل بەگ، بودۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بودۇن قارنى تودغۇكەرەك.
بۇ بەگلەر تەڭىز ئۇل تۇپى يىنچۈلۈگ،
تەڭىزكە ياغۇغلى باياغۇ كەرەك.

(بەگ بەخت، ئەلگە بەخت كەلتۈرۈش كېرەك،
بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقنىڭ قورسقىنى تويدۇ-
رۇش كېرەك.
بۇ بەگلەر تۈۋى ئۈنچىگە تولغان دېڭىزدۇر،
دېڭىزغا يېقىنلاشقانلار بېيىشى كېرەك.)

تەجنىس ۋە تۇيۇق ئۇمۇنىم سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل نادىر سۆز سەنئىتىدۇر. بۇ خىل شېئىر شەكلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە ۋە تەرەققىي قىلماقتا. «قۇتادغۇبىلىك»تە مانا شۇ سۆز سەنئىتىگىمۇ ئالاھىدە ئاساس سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن، "قىز" دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى، "قىس"، "كەم"، "نادىر" دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بۇنداق يازىدۇ:

بۇ مۇنداغ كىشلەر بولۇر ئىدى قىز،
بۇ قىز قىزلىغى قىلدى قىز ئاتى قىز.

(مۇشۇنداق كىشىلەر ناھايىتى قىس بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئىسمىمۇ قىز
بولغان.)

"ھېساب" دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا "ساقىش" دېيىلەتتى. ساقىش سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى) "ساق ئىش" بولغاچقا، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

ساقىش ساقلىغىن بولدى ئاتى ساقىش،
كۆرۈ بارسا ساقىش ئىدى ئۆك ساق ئىش.
(ھېساب ئىنچىكە ئىش بولغانلىقىدىن ساقىش دەپ ئاتالغان،
سەپسالساڭ، ھېساب بەك ساقلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش.)

"ئۆگ" دېگەن سۆز قەدىمكى زاماندا ئەقىل - ئىدراك، ماختىماق، چوڭ ياكى بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە قوللىناتتى، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئوبدان تۇيۇق (مۇختەمىلات) يازغان:

قايۇ ئەردە بولسا ئۇقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ،
ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك كىمدە بولسا تۆگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەد تە، كىچىك ئەرسە ئۆگ.

(ئەگەر كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا،
ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا قانچە ماختىساڭ ماختا،
ئەقىل - ئىدراك، بىلىم كىمدە بولسا جەم،
ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا ئۇلۇغ دەپ
بىل.)

«قۇتادغۇبىلىك»تە مول ۋە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان پەلسە-پىلىك پىكىرلەر شەرھلەنگەنلىكى، يۈكسەك بەدىئىيلىك ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ رايونلاردا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. كىتابقا شۇ دەۋرلەردىلا باشقىلار تەرىپىدىن ئىككى مۇقەددىمە يېزىلغانلىقى ۋە 14 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ياشىغان «ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەز-لىرىدىن بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 ــ يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇبىلىك»كە تەقلىدەن يېزىلغان مىسرالارنىڭ ئۇچراي-دىغانلىقى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

12 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) ناملىق دىداكتىك داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبى-لىك»كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك»تىن 250 يىل كېيىن ئەسىر-دىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «باھار ھەققىدە مەدھىيە» دىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەدەبىي ماھارەت تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دۆلەت، سىياسەت ۋە ئىج-تىمائىي ئىدىيىلەر جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىس-پاتلايدۇ.

4

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مەلۇم بولدىكى، «قۇتادغۇبىلىك» يېگا-دىن ئايىغى چىقىپ، تاپتاكلاپ مېڭىۋاتقان يېڭى بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى. ئۇ، ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم "سىياسەتنامە" ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم ــ تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە

مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇ، شەرق مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان
خەلقلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سەلتەنەت تارىخى بىلەن ئۇيغۇر
تىلى ۋە ئەدەبىياتى، تارىخىنى، شۇنداقلا قەدىمىي ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە،
ھوقۇق «قانۇن»، ئېتىكا (ئەخلاق)، تەلىم ـ تەربىيە، دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا
قاراش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنداق بولغاچقا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا، بۇ ئەسەر
خەلقئارادا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى
قوزغىدى، ھەرقايسى مەملىكەت ئالىملىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى «قۇتاد-
غۇبىلىك» تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ھەقىقەتەنمۇ
«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە
ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلىنغان ئەسەر. بۇ ئەسەر خەلقئارا ئىلىم ساھەسى-
دىكىلەرنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل
بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات
ئېلىپ بېرىلماقتا. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» 11 ـ
ئەسىرگە تەئەللۇق بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، بارلىق كىلاسسىك
مەدەنىي مىراسلارغا ئوخشاشلا، بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپىمۇ بەزى
جەھەتلەردە تارىخىي چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، بىز تارىخىي
ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزد-
نى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق تەرەپلەرنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمىي
ۋە نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلەش تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش. بۇ نۇسخى-
لاردا بەزى يېتىشسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ قىم-
مەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى.

# مۇندەرىجە

A نەسرىي مۇقەددىمە ...... 1

B نەزمىي مۇقەددىمە ...... 3

C بابلار مۇندەرىجىسى ...... 12

D قۇتادغۇبىلىك ...... 18

1 . قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ ...... 18

2 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ ...... 22

3 . تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ ...... 24

4 . نۇرلۇق باھار پەسلى ، ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى سۆزلىنىدۇ ...... 26

5 . يەتتە يۇلتۇز ، ئون ئىككى بۇرج ئېيتىلىدۇ ...... 33

6 . ئىنسان بالىسىنىڭ قەدرى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ ...... 36

7 . تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇسۇرى ، پايدىسى ۋە زىيىنى ئېيتىلىدۇ ...... 38

8 . كىتاب ئىگىسى ئۆز ئۆزرىنى ئېيتىدۇ ...... 42

9 . ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى ئېيتىلىدۇ ...... 47

10 . بىلىم ۋە ئىدراك - پاراسەتنىڭ پەزىلىتى ، پايدىسى ئېيتىلىدۇ ...... 53

11 . كىتابنىڭ نامى ، مەنىسى ۋە ( ئۆزىنىڭ قېرىلىقى سۆزلىنىدۇ ...... 60

12 . سۆز بېشى ، كۈنتۇغدى ئەلىگ ھەققىدە ...... 66

13 . ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كەلگەنلىكى ...... 74

14 . ئايتولدىنىڭ ئەلىگ كۈنتۇغدى ھۇزۇرىدا كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 89

15 . ئايتولدى ئەلىگكە ئۆزىنىڭ دۆلەت (بەخت ـ سائادەت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 94

16 . ئايتولدى ئەلىگكە بەخت ـ دۆلەت سۈپىتىنى ئېيتىدۇ ...... 99

17 . كۈنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنى ئېيتىدۇ ...... 112

18 . كۈنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىدۇ ...... 116

19 . ئايتولدى ئەلىگكە تىلنىڭ پەزىلەتلىرىنى ، سۆزنىڭ پايدىسىنى ئېيتىدۇ ...... 135

20 . بەختنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 147

21 . ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە پەند ـ نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 161

22 . ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى ...... 175

23 . ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە ۋەسىيەت خېتى يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 182

24 . كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 204

25 . ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 209

26 . ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 211

27 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە ئەقىل - ئىدراكىنىڭ تەرىپىنى ئېيتىدۇ ...... 240

28 . بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 249

29 . ئۆگدۈلمىش بەگلەرگە ۋەزىر بولغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كې- رەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 278

30 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە قوشۇن قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى كې- رەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 288

31 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق ئادەم كېرەكلىكى- نى ئېيتىدۇ ...... 307

32 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەك- لىكىنى ئېيتىدۇ ...... 318

33 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش ئۈچۈن قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 326

34 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 335

35 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە خەزىنىچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى- نى ئېيتىدۇ ...... 343

36 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە ئاشپەز باشلىقى — داستىخان سالغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 353

37 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەك- لىكىنى ئېيتىدۇ ...... 360

38 . ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ...... 369

39 . كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 395

40 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ئېيتى- لىدۇ ...... 407

12 . سۆز بېشى، كۈنتۇغدى ئېلىگ ھەققىدە ...... 66

13 . ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ خىزمىتىگە كەلگەنلىكى ...... 74

14 . ئايتولدىنىڭ ئېلىگ كۈنتۇغدى ھۇزۇرىدا كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 89

15 . ئايتولدى ئېلىگكە ئۆزىنىڭ دۆلەت (بەخت - سائادەت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 94

16 . ئايتولدى ئېلىگكە بەخت - دۆلەت سۈپىتىنى ئېيتىدۇ ...... 99

17 . كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنى ئېيتىدۇ ...... 112

18 . كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىدۇ ...... 116

19 . ئايتولدى ئېلىگكە تىلنىڭ پەزىلەتلىرىنى، سۆزنىڭ پايدىسىنى ئېيتىدۇ ...... 135

20 . بەختنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 147

21 . ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە پەند - نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 161

22 . ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى ...... 175

23 . ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگكە ۋەسىيەت خېتى يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 182

24 . كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 204

25 . ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 209

26 . ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 211

27 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەقىل - ئىدراكنىڭ تەرىپىنى ئېيتىدۇ ...... 240

28 . بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 249

29 . ئۆگدۈلمىش بەگلەرگە ۋەزىر بولغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كې-رەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 278

30 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە قوشۇن قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى كې-رەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 288

31 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق ئادەم كېرەكلىكى-نى ئېيتىدۇ ...... 307

32 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەك-لىكىنى ئېيتىدۇ ...... 318

33 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش ئۈچۈن قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 326

34 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 335

35 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خەزىنىچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى-نى ئېيتىدۇ ...... 343

36 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئاشپەز باشلىقى — داستىخان سالغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 353

37 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەك-لىكىنى ئېيتىدۇ ...... 360

38 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ...... 369

39 . كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 395

40 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ئېيتى-لىدۇ ...... 407

41 . ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ ...... 411

42 . ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى سۆزلەيدۇ ...... 433

43 . ئۆگدۈلمىش ئۇدغۇرمىشقا (بۇ) دۇنيا (ئىشلىرى) بىلەن ئاخىرەتلىكنى تېپىشنى ئېيتىدۇ ...... 448

44 . ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 456

45 . كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئۇغدۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 478

46 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ ...... 487

47 . ئۆگدۈلمىش ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى توغرىسىدا ئېيتىدۇ ...... 495

48 . ئۆگدۈلمىش ئوردىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 510

49 . ئۆگدۈلمىش ئۇدغۇرمىشقا ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ...... 528

50 . ئەلى ئەۋلادى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 530

51 . دانا، ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 531

52 . تېۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 533

53 . ئەپسۇنچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 534

54 . چۈش ئۆرۈگۈچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدە ...... 535

55 . مۇنەججىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 537

56 . شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 539

57 . دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 540

58 . سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە ...... 543

59 . چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە 546

60 . مۇنەرۋەنلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدە 549

61 . كەمبەغەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە 551

62 . قانداق ئايالغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە 552

63 . ئوغۇل - قىز تۇغۇلسا، قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە 556

64 . قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە 560

65 . ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە بېرىش قائىدىسىنى ئېيتىدۇ 567

66 . ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش قائىدىسىنى ئېيتىدۇ 577

67 . ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، بارىغا قانائەت قىلماقنى ئېيتىدۇ 582

68 . كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ 610

69 . ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش يېنىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ 622

70 . كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ 623

71 . ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ 635

72 . ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېيتىدۇ 672

73 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تۇۋا قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ 691

74 . ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ 702

75 . توغرىلىقتا توغرىلىق ، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئېيتىلىدۇ ............................ 707
76 . ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى ئېيتىلىدۇ ............................ 729
77 . ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا چۈش تەبىرىنى ئېيتىدۇ...... 735
78 . ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىدۇ ............................ 740
79 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ............................ 741
80 . ئودغۇرمىشنىڭ بۇ چۈشكە باشقىچە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ............................ 743
81 . ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە پەند ـ نەسىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ............................ 748
82 . قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ ............................ 771
83 . قۇمارۇنىڭ ئودغۇرمىشقا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ............................ 773
84 . ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى ئېيتىلىدۇ ............................ 774
85 . ئېلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ............................ 775
E . ئىلاۋىلەر . I . يىگىتلىككە ئېچىنىپ ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............................ 801
II . زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى ھەققىدە ............................ 807
III . كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھىتى ............................ 812
ئىزاھاتلار ............................ 817

A

## (نەسرىي مۇقەددىمە)

## كۆيۈنگۈچى ۋە ئايىغۇچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ھەمدۇسانا، مىننەتدار(لىق) ۋە سانسىز مەدھىيلەر ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك تەڭرىگە خاستۇركى، (ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، تۈگەل قۇدرەتلىك پادىشاھ-دۇر. (ئۇ) يەرنى، كۆكنى ياراتتى، جىمى جانلىقلارغا رىزىق بەردى، نېمىنى خالىغان بولسا قىلدى، يەنە نېمىنى خالىسا (شۇنى) قىلىدۇ — ئاللا خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

يەنە سانسىز سالام ۋە دۇرۇت خەلقلەرنىڭ ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تاللانغىنى، (ئاللانىڭ) ئۇلۇغ ئەلچىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا بولسۇن ھەمدە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى — ئەزىز، ھۆرمەتلىك ساھابىلارغا (بولسۇن)، ئۇلاردىن ئاللا رازى بولسۇن.

بۇ كىتاب بەك ئەزىزدۇر. (ئۇ) چىن① ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن② ئۆلىمالىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغان، بۇ بېيىتلەرنى مەلۇم قىلغان (كىشى) كىتابنىمۇ ياخشىراق، ئەزىزرەكتۇر. چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى(نىڭ) ھەممىسى بىردەك (پىكىرگە) كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايەتلىرىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلىچە③، تۈركىي سۆز بىلەن ھېچكىم، ھېچقاچان بۇ كىتابتىن ياخشىراق كىتاب يازمىغان. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھقا ياكى قايسى ئىقلىمغا يېتىپ بارسا، غايەت ئۈزلۈكى، ھەددىدىن

زىيادە گۈزەللىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، (ئۇنىڭغا) ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ــ لەقەب قويدى: چىنلىقلار "شاھلار ئەدەپ قائىدىسى" (دەپ) ئاتىدى. ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمـالىرى "مەملىكەت قائىدىسى" دېيىشتى. مەشرىقلىقلار "ئەمىرلەر زىننىتى" دەپ ئاتىدى. ئىرانلىقلار "تۈركىي شاھنامە④" (دەپ) ئاتاشتى. بەزىلىرى بولسا "پادشاھلار نەسىھەتنامىسى" دېيىشتى. تۇرانلىقلار" ⑤قۇتادغۇبىلىك" دەپ ئاتايدۇ.

بۇ كىتابنى يېزىپ چىققۇچى ــ بالاساغۇندا⑥ تۇغۇلغان پەرھىزكار كىشى ئىدى. ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق پادشاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھوزۇرىغا سۇنغان. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ، ئۆزىنىڭ خاس ھاجىپلىقىنى⑦ ئۇنىڭغا بېرىپ تەقدىرلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام ــ شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر.

بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ، قىممەتلىك ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر: بىرى ــ ئادالەت، ئىككىنچىسى ــ دۆلەت، ئۈچىنچىسى ــ ئەقىل، تۆتىنچىسى ــ قانائەت. يەنە، (ئۇنىڭ) ھەربىرىگە بىر تۈركچە ئات قويغان: ئادالەتكە "كۈنتۇغدى ئەلىگ ⑧" (دەپ) ئات بېرىپ، پادشاھ ئورنىغا قويۇلغان، دۆلەتكە "ئايتولدى" (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان، ئەقىلگە "ئۆگدۈلمىش" (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان. قانائەتكە "ئودغۇرمىش" دەپ ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى، دەپ ئېيتقان. يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە، سوئال ــ جاۋابلارغا ئوخشاش سۆزلەر سۆزلەنگەندۇر. ئوقۇغانلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، يازغۇچىنى ئەزگۈ دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ...

B

## (نەزمي مۇقەددىمە)

1. ئۇ قۇدرەتلىك، بىرلا خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر،
بارلىق شۈكۈر، مەدھىيىلەر ئۇنىڭغىلا مەنسۇپتۇر.

2. (ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قادىر ۋە زۇل جالال *،
ياراتقان، تۈرەلدۇرگەن، قادىر (ۋە) كامىلدۇر.

3. يەر، كۆك بىلەن خالايىقنىڭ ئىگىسى (ھەممە ئۇچۇن)
رىزقىنىمۇ تەييارلىدى، كۆلۈپ تۇرۇپ يېگىن.

4. (خۇدا) ھەممىگە ھېسابسىز رىزىق بەرگۈچىدۇر،
ھەممىنى يېگۈزىدۇ، (لېكىن) ئۆزى يېمەيدۇ.

5. ھەممە جانلىقلارنى ھەرگىز ئاچ قويمايدۇ،
ئۆلكىدىكى ھەممىنى يېگۈزىدۇ، ئىچكۈزىدۇ.

6. (ئۇ) قانداق خالىغان بولسا، ھەممە (نەرسە) شۇنداق بولدى.
كىمنى خالىسا، (شۇنى) ئۇلۇغ قىلىدۇ.

7. (ئاللا) تاللىغان پەيغەمبەرگە مەدھىيە ۋە سالام (بولسۇن)،
يەنە ھەمراھلىرىغا داۋاملىق سالام - ئېھتىرام (بولسۇن).

8. مۇھەممەد پەيغەمبەر — خالايىقنىڭ باشچىسى،
(ئۇ) ھەممە (كىشىلەر)نىڭ كۆز ۋە قېشى.

9. يەنە، بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر،
بىلگەنلەر ئۇچۇن بىلىم دېگىنىمدۇر.

10. (بۇ) قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن بېزەلگەن،
شۇنداق ئىكەن، شۇكۇر قىل، قانائەت تىلە.

11. (كىتابنىڭ) ھەممە يېرىگە دانىشمەنلەر سۆزلىرىنىڭ
بارچىسى ئۈنچىدەك تەپتەكشى تىزىلغان.

12. شەرق پادىشاھى، ماچىنلار بېگى،
دۇنيادىكى بىلىملىك، ئىدراكلىق ياخشىلار —

13. بارلىقى بۇ كىتابنى (قولىغا) ئېلىپ ئۆزلەشتۈرگەن،
خەزىنە ئىچىدە ساقلاپ، ئاسرىغان.

14. بىرىدىن - بىرىگە مىراس بولۇپ قالغان،
ئۆزى تۇتۇپ، باشقىلارغا بەرمىگەن.

15. بۇ (كىتاب) پايدىلىقتۇركى، ھېچ زىيىنى يوق،
كۆپلىگەن تۈركلەر بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ.

16. كىتابنى چۈشەنگەنلەرلا (مەزمۇنىنى) بىلەلەيدۇ،
ئوقۇغان، يازالايدىغان (ساۋاتلىق) بولسىلا چۈشىنەلمەيدۇ.

17. بۇ كىتابنىڭ سۆزلىرى قول ۋە كۆز (بولۇپ يول كۆرسىتىدۇ)،

ئىككىلا دۇنيادا ئىشنى ئوڭشايدۇ.

18. ماچىن (ۋە) چىن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى
بىردەك بۇ (كىتاب)نى ياخشى، دېيىشتى.

19. ھەممە تۈرك، چىن ۋە شەرق ئەللىرىدە—
دۇنيادا بۇنىڭدەك باشقا بىر كىتاب يوق.

20. كىتاب قەدرىنىمۇ بىلىملىك بىلىدۇ،
ئىدراكسىز كىشىدىن (نادانلىقتىن) باشقا نېمە كېلىدۇ؟.

21. ھەي، كىتابنى كۆرگەنلا ئادەمگە بەرمىگۈلۈك،
ئەگەر دوستۇڭ بولسىمۇ، ئىشەنمىگۈلۈك.

22. چۈنكى بىلىمسىز(لەر) بۇنىڭ (قەدرىنى) بىلمەيدۇ،
ئىدراكلىقلار ئوقۇپ، ئۇنى ئاسرايدۇ.

23. (مۇئەللىپ) ئۇنى بۇغراخان زامانىدا،
ۋە خان تىلى بىلەن بايان قىلغاندۇر.

24. بۇنداق كىتابنى ئاۋۋال كىم بايان قىلغان؟
بۇندىن كېيىنمۇ كىم بۇنچىلىك ئۇز بايان قىلالىسۇن؟

25. قېنى، كىم بولمىسۇن، مۇشۇنداق يازالامدۇ؟
يازالىغىنى بار بولسا، ئۇنى ماختايمەن.

26. ھەرقايسى شەھەر، كەنت، ئوردا ـ سارايدا
كىتابنى باشقىچە ئات بىلەن ئاتىدى.

27. ھەربىر ئەلنىڭ دانا، ھېكىم (لىرى)
شۇ ئەلنىڭ يوسۇنى بويىچە ئات قويىدى.

28. چىنلىقلار "شاھلار ئەدەپ قائىدىسى" دېيىشتى،
ماچىنلىقلار "مەملىكەت سىردىشى" (دەپ) ئاتىدى.

29. مەشرىق ئېلىدىكى ئۇلۇغلار بۇ (كىتاب)نى
"ئەمىرلەر زىننىتى" دەپ توغرا ئاتىدى.

30. ئىرانلىقلار بۇنى "شاھنامە" دەيدۇ،
تۇرانلىقلار "قۇتادغۇبىلىك" دەپ ئاتايدۇ.

31. كۆرگىنكى، ھەرقايسى ئەللەر ئوخشىمىغان تىللاردىكى تۈرلۈك سۆزلەر (ئارقىلىق)
ئۇنىڭغا (ھەر خىل ناملارنى) بەردى.

32. يەنە، بۇ كىتابقا ئات قويغان ئۇلۇغ
ۋە ياخشى بەندىسىنى خۇدا كەچۈرسۇن.

33. ئەي، بۇ كىتابنى قوبۇل قىلغۇچى،
بۇ تۈركلەر تىلىدا يېزىلغىنىغا ئەجەبلەنگۈچى،

34. قارا، بۇ كىتاب ھەممىگە يارايدۇ،
شاھلار ئۈچۈن ئەل - يۇرتنى ئۇزۇن باشقۇرۇشقا (پايدىلىق).

35. مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى كىملەر (بولۇشىنى)،
ئۇنىڭغا نېمە (قىلىش) كېرەكلىكىنى ھېكىملەر سۆزلىگەن.

36. شاھنىڭ قوغدىلىشى ۋە بۇنىڭغا كېرەكلىك ۋاستىلەر،
مەملىكەت تۈزۈشنىڭ تەرتىپ ـ شەرتلىرى،

37. مەملىكەتنىڭ خاراب (بولۇشى)، تۇراقلىقلىقى نېمىدىن،
ياكى مەملىكەتلەرنىڭ يىقىلىشى، داۋاملىق تۇرۇشى ۋە باشقىلار،

38. يەنە، چېرىك، ئەسكەر، قوشۇنلارنىڭ
قانداق توپلىنىشى، يەر ۋە يول تېپىشى—

39. بۇلارنىڭ تەرتىپمۇ كىتابتا ئۇچۇق،
تاللاپ، ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

40. يەنە، مەملىكەتنى مەھكەم تۇتقۇچى كىشىنىڭ،
يارامىلىق ئەرلەرگە ئىش تاپشۇرغانلىقى (كۆرسىتىلگەن).

41. ئىدراكلىق، لايىق بىرسى لازىمكى،
چىراغقا ئاي (نۇرىنى) بېغىشلىغاندەك (بولسۇن).

42. خەلقنىڭ شاھلاردا ھەققى بار،
شاھنىڭمۇ خەلقتىكى ھەققى راۋادۇر.

43. يەنە، پۇقرالار ئۇنىڭغا رىئايە قىلسۇن،
شاھمۇ (پۇقرانىڭ) جان ـ تېنىنى ئاسرىسۇن.

44. قايسى بىر شاھ ئۇرۇش قىلىدىكەن،
جەڭ پەيتىدە لەشكەرنى قانداق تۈزۈشى،

* 45. دۈشمەن چېرىكلىرىنى قىرىش ئۈچۈن،

قانداق هيله ئىشلىتىش (لازىملىقى) سۆزلىنىدۇ.

46. شاھ قانداق تەدبىرلەر قوللىنىشى،
ئۆزىنىمۇ، خەلقنىمۇ توغرا يولغا سېلىشى كېرەكلىكى
(سۆزلىنىدۇ).

47. بۇ يەگلىنغ شاھنى خەلق سۆيىدۇ،
ئۆزگىلەرمۇ يۈزىنى كۆرەي، دەپ ئالدىرايدۇ.

48. ئۆز، ئامەتلىك، دەپ (بىلىپ)، خىزمەتكە
بەزىلەرنى يېقىنلاشتۇرغۇلۇق، (بەزىلەرنى) يىراقلاشتۇرغۇلۇق.

49. بىرمۇنچىلارنى پۇختىلىق بىلەن يېقىن تۇتۇش،
(بەزىلەرنى) ئەسقاتمايدۇ، يامان، دەپ يىراقلاشتۇرۇش
(كېرەك).

50. يەنە بىرى، باش كېسىش ئۈچۈن سىياسەت ئىشلىتىش،
ئەككىنچىدىن، كۆگۈل ئېلىش ئۈچۈن پاراسەت ئىشلىتىش
(كېرەك).

51. پاراسەتلىك، بىلىملىك، باتۇر (شىر) يۈرەك بولۇش،
خەزىنىنى تولدۇرۇش ۋە ئۇنى (لايىقىدا) تارقىتىش (كېرەك).

52. پۇقرالارغا (نىسبەتەن) ناھايىتى سەۋرچان بولسا،
ھەممە ئىشتا راھەت تاپىدۇ.

53. بىرقانچە سۆزنى ساڭا ۋەسىيەت سۈپىتىدە
قالدۇردۇم، ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

54. نەزەر سال، بۇ كىتابنى تۈزگەن كىشى —
ماھىر ئەر، كىشىلەرنىڭ سەرى ئىكەن.

55. ئۇ، تۈرلۈك پەزىلەت، پاراسەت بىلەن
بېزەلگەن ۋە خۇشال ئۆتكەن ئىكەن.

56. ئۇ توغرىلىقى، ھۆرمىتى ۋە خۇداگۆيلۈقى سەۋەبىدىن
تەقۋادار، بىلىملىك، پاك (بولۇپ) ئۆتتى.

57. ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى قۇز ئوردۇ* ئېلى،
(ئۇنىڭ) تەكتى ياخشى نەسەبتىن، سۆزگىمۇ ماھىر (ئىدى).

58. ئۇ تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىپ،
بۇ كىتابنى تۈزۈپ تۈگەللىدى.

59. ھەممىسىنى يېزىپ تۈگىتىپ، بىر تەرتىپكە سېلىپ،
قەشقەر ئېلىدە تاماملىدى.

60. ئۇنى شاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى،
خانلار خانى تاۋغاچ قارا بۇغراخان

61. ئۇنى كۆپ قەدىرلەپ، مۇكاپات بېرىپ،
قەلەم ھەققى (ۋە) ئەقىل - پاراستى (ئۈچۈن) ھۆرمەتلىدى.

62. ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ نامىنى تەقدىم قىلىپ،
ئۇنى ئۆزىگە ئىچىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

63. قارا، بۇ مەنىلىك ئىش ئۈچۈن ھۆرمەتلەپ،

ئۇنى "يۈسۈپ خاس ھاجىپ" دەپ توغرا ئاتىدى.

64. يەنە بۇ كىتابنى بايان قىلغاندا
تۆت ئۇلۇغ نەرسە ئاساس قىلىنغان:

65. بىرى، توغرىلىق ئاساسىدىكى ئادالەتتۇر،
ئىككىنچىسى، دۆلەت، بەخت ـ ئىقبالدۇر.

66. ئۈچىنچىسى، ئۇلۇغلۇق بىلەن ئەقىلدۇر،
تۆتىنچىسى، قانائەت بىلەن سالامەتلىكتۇر.

67. بۇنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن باشقىچە نام بەرگەن
(ۋە) شۇ نام بىلەن ئاخىرىغىچە بايان قىلغاندۇر.

68. ئادالەتنى "كۈنتۇغدى ئەلىگ" دەپ ئاتاپ،
ئۇنى شاھلىق ئورنىغا قويىدۇ.

69. دۆلەت توغرىدىن توغرا "ئايتولدى" دەپ ئاتىلىدۇ
(ۋە) ئۇنى ۋەزىرلىك ئورنىغا قويىدۇ.

70. ئۇ ئەقىلنى "ئۆگدۈلمىش" دەپ ئاتايدۇ
(ۋە) ۋەزىرنىڭ ئوغلى، دەپ ئېيتىدۇ.

71. قانائەتكە "ئودغۇرمىش" نامىنى بېرىدۇ،
بۇنىمۇ ۋەزىرنىڭ يېقىنى دەيدۇ.

72. تارا، بۇنىڭ ھېكمىتى تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇركى،
ئۇلارنى تەرتىپ بىلەن (يېزىپ) كىتابنى تاماملايدۇ.

73. ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار كۆپ،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ — يېگانە ھېكمەتتۇر.

74. بۇ (كىتاب)نىڭ ھۆرمىتىنى بىلىملىك (كىشىلەرلا) بىلىدۇ،
بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئەقىللىق (كىشىلەرلا) چۈشىنىدۇ.

75. ساڭا بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزۈپ بەردىم،
ئوقۇغاندا ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

76. دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىمەن، سۆزۈمنى ئۆزۈڭ ئاڭلا،
كۆپ ئىبرەت ئال ۋە كۆزۈڭنى ئاچ.

77. ئىلاھا، سەن يەككە — يېگانىسەن، ھەممىزنى كەچۈرگىن،
ھەممە مۆمىنلەرگە دىدارىڭنى نېسىپ قىل.

C

## بابلار مۇندەرىجىسى[1]

1 ـ باب — ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ.

2 ـ باب — پەيغەمبىرىمىز ئۇلۇغ مۇھەممەد مۇستاپانىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ

3 ـ باب — پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆت ھەمراھىنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ

4 ـ باب — ياز پەسلى ۋە بۇغراخان مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ

5 ـ باب — يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج (ھەققىدە) سۆزلىنىدۇ

6 ـ باب — ئىنسان ئوغلى قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ

7 ـ باب — تىلنىڭ پەزىلىتى، قۇسۇرى، پايدىسى، زىيىنى ئېيتىلىدۇ

8 ـ باب — كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆزرىنى ئېيتقانلىقى سۆزلىنىدۇ

9 ـ باب — ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا پەند ـ نەسىھەت

10 ـ باب — بىلىم ۋە ئەقلىنىڭ پەزىلىتى ھەم پايدىسى ئېيتىلىدۇ

11 ـ باب — كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە ئۆزىنىڭ قېرىلىقىنى ئېيتىدۇ

---

[1] بۇ مۇندەرىجە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس، كىتابنى كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان، شۇڭا بەزى ماددىلىرى تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

12 ـ باب قىلىق ۋە خۇي ـ پېئىل بۇزۇقلۇقىنىڭ زىيىنى ئېيتىلىدۇ
13 ـ باب سۆز بېشى، كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن ئادالەتنىڭ سۆھبىتى ئېيتىلىدۇ
14 ـ باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ
15 ـ باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگكە كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ
16 ـ باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگكە ئۆزىنىڭ بەخت ـ دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى سۆزلىنىدۇ
17 ـ باب بەخت ـ دۆلەتنىڭ سۆھبىتى ۋە تەبىئىتىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئېيتىلىدۇ
18 ـ باب كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
19 ـ باب كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئادالەتنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتقانلىقى سۆزلىنىدۇ
20 ـ باب ئايتولدىنىڭ ئېلىگدىن سوئال سورىغانلىقى ئېيتىلىدۇ
21 ـ باب ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى
22 ـ باب تىلنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە سۆزنىڭ پايدىسى ئېيتىلىدۇ
23 ـ باب ۋەزىر ئايتولدىنىڭ سوئالى ۋە ئېلىگنىڭ جاۋابى
24 ـ باب سۆز ئېيتماق ياخشىراقمۇ ياكى شۈك تۇرماقمۇ
25 ـ باب بەختنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى سۆزلىنىدۇ
26 ـ باب ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ
27 ـ باب ئايتولدىنىڭ ئېلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ

28 ـ باب ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەلىگكە كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

29 ـ باب ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

30 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

31 ـ باب ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەقىل سۈپىتىنى ئېيتىدۇ

32 ـ باب بەگلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

33 ـ باب ۋەزىرلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

34 ـ باب قوشۇن قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

35 ـ باب ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

36 ـ باب ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

37 ـ باب ئەلچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

38 ـ باب كاتىپنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

39 ـ باب خەزىنىچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

40 ـ باب باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

41 ـ باب باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

42 ـ باب خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى سۆزلىنىدۇ

43 ـ باب ئەلىگنىڭ سوئاللىرىغا ئۆگدۈلمىشنىڭ جاۋابلىرى

44 ـ باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

45 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش قېشىغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ

46 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

47 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشنى دەۋەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ
48 ـ باب دۇنيانىڭ پەزىلىتى، پايدىسى ۋە زىيىنى سۆزلىنىدۇ
49 ـ باب ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ قۇسۇر ۋە ئەيىبلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى
50 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بۇ پانىي دۇنيا بىلەن باقىي ئاخىرەتكە ئېرىشىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى
51 ـ باب ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەتلىرىنى يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
52 ـ باب ئەلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
53 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ
54 ـ باب بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ۋە ئۇسۇللىرى ئېيتىلىدۇ.
55 ـ باب ئوردا خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ.
56 ـ باب ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ
57 ـ باب پەيغەمبەر ئەۋلادى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ
58 ـ باب ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەمبەغەللەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىملىقى ئېيتىلىدۇ
59 ـ باب ئۆيلىنىش ۋە ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلەر تەربىيىسى سۆزلىنىدۇ
60 ـ باب ئەلىگ (ئۆز) خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش سۆزلىنىدۇ

61 ـ باب زىياپەتكە چاقىرىش ۋە بېرىش ـ بارماسلىق (ھەققىدە) ئېيتىلىدۇ
62 ـ باب زىياپەتكە بارغاندا تائامنى قانداق يېيىش ـ يېمەسلىك سۆزلىنىدۇ
63 ـ باب چايغا چاقىرىش قائىدىلىرى ئېيتىلىدۇ
64 ـ باب ئۇدغۇرمىشنىڭ دۇنيادىن بېزىپ، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ، بارىغا قانائەت قىلىشنى ماختىغانلىقى ئېيتىلىدۇ
65 ـ باب ئەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش (توغرىسىدا) سۆزلىنىدۇ
66 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى زىيارەت ئۈچۈن چاقىرىشقا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ
67 ـ باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگ ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ
68 ـ باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ
69 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېيتقانلىقى سۆزلىنىدۇ
70 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلماقچى بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ
71 ـ باب ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش سۆزلىنىدۇ
72 ـ باب ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى ئېيتىلىدۇ
73 ـ باب ئودغۇرمىشنىڭ چۈش كۆرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ
74 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ چۈشكە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ
75 ـ باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ
76 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانلىقى سۆزلىنىدۇ

77 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىندىشى ئالدىغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ

78 ـ باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى ئېيتىلىدۇ

79 ـ باب ئۆمۈرنىڭ بەھۇدە ئۆتكەنلىكىگە ئېچىنغانلىقى ئېيتىلىدۇ

80 ـ باب يۈسۈپنىڭ يىگىتلىككە ئېچىنىپ قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

81 ـ باب زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى (ھەققىدە) ئېيتقانلىرى

82 ـ باب كىتاب ئىگىسى ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۆز ئۆزرىنى ئېيتىدۇ

D

# قۇتادغۇبىلىك

## كۆيۈنگۈچى ۋە ئايىغۇچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## 1

## قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى ئېيتىلىدۇ

* 1. ياراتقان، تەربىيە قىلغان ۋە كەچۈرگەن ئىگەم (خۇدا)نىڭ
نامى بىلەن سۆزۈمنى باشلىدىم.

* 2. قۇدرەتلىك، بىرلا ئاللاغا تۈمەنمىڭ سانا
ۋە كۆپ مەدھىيە (بولسۇن)، ئۇ يوقالمايدۇ.

3. (ئۇ) بوز يەر، يېشىل ئاسمان، كۈن ۋە ئاي، تۈننى،
خەلقنى، زامان ۋە كۈنلەرنى ياراتتى.

4. بۇ ھەممە بارلىقنى خالىدى ۋە ياراتتى،
بىرلا (پەيدا) بول دېيىشى، خالىغىنىنىڭ ھەممىسى (پەيدا)
بولدى.

5. يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەر (ئۇنىڭغا) موھتاج،

موھتاجسىز بىرلا خۇدا، (ئۇنىڭ) شېرىكى ـ ھەمراھى يوقتۇر.

6. ئەي ئەركىلىك، قۇدرەتلىك، مەڭگۈ موھتاجسىز خۇدا،
بۇ ئات سېنىڭدىن باشقىغا لايىق ئەمەس.

7. ئۇلۇغلۇق (ۋە) بۈيۈكلۈك ساڭىلا خاس،
سېنىڭدىن باشقا ساڭا تەڭتۇش يوق.

8. ئەي بىر (خۇدا)، ساڭا باشقا بىرسى (ھەرگىز) ئورتاق بولالمايدۇ،
سەن ھەممىدىن ئاۋۋالسەن، ئەزەل ھەم ئاخىرسەن.

9. سېنىڭ بىرلىكىڭنى ھېسابلاشقا بولمايدۇ،
سېنىڭ قۇدرىتىڭ ھەممىگە يېتىدۇ.

10. شۈبھىسىزكى، سەن بىرلا، ئەي مەڭگۈلۈك ئاتا،
سەن ھېسابقا قېتىلمايسەن، ئىنكارمۇ قىلىنمايسەن.

11. ئەي، ھەممىنى بىلگۈچى، مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىتى،
كۆزۈمدىن يىراقسەن، (ئەمما) كۆڭۈلگە يېقىنسەن.

12. سېنىڭ بارلىقىڭ كۈن، ئايدەك روشەن ـ ئاياندۇر.
(لېكىن) بۇنىڭ تەكتىنى چۈشىنىشكە ئەقىل ـ پاراسەت يەتمەيدۇ.

13. سېنىڭ بىرلىكىڭ مەۋجۇت نەرسىلەرگە باغلىق ئەمەس،
(چۈنكى) ھەممە نەرسىنى سەن ياراتتىڭ، ئۇلار سېنىڭدۇر.

14. بارلىق مەۋجۇدىيەتنى سەن ياراتتىڭ،
ھەرقانداق نەرسە يوقىلىدۇ، ئەمما سەنلا تىرىك (قالىسەن).

15. ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا يارىتىلغانلار گۇۋاھ،
يارالغان ئىككى (دۇنيا) بىرلىكگە ئېنىق شاھىت.

16. ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى ياكى سېلىشتۇرمىسى يوق،
ئېمىشقا شۇنداق ئىكەنلىكىگە خەلقنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

17. (ئۇ) ماگمايدۇ، يا ياتمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، ئويغاق،
ئۇنى ئوخشىتىشقا، يا سېلىشتۇرۇشقا، يا سۈرەتلەشكە بولمايدۇ.

18. كەينىدىمۇ، ئالدىدىمۇ ئەمەس، ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ئەمەس،
ئاستىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ، يا ئوتتۇرىدىمۇ ئورنى يوق.

19. ئورۇننى ئۇ ياراتتى، (بىراق) ئۇنىڭ ئورنى يوق،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، بۇنىڭغا ئىشەن.

20. ئەي، سىرلارغا يېقىن، كۆگۆللەردىن يۈكسەك (خۇدا)،
بارلىق سۈرەت، شەكىللەر ساڭا گۇۋاھدۇر.

21. سەن تۈمەنمىڭ، سان - ساناقسىز تىرىكلەرنى ياراتتىڭ،
تۈزلەڭ، تاغ، دېڭىز، دۆڭ، ئويمان يەرلەرنى (ياراتتىڭ).

22. يېشىل ئاسماننى تۈمەنمىڭ يۇلتۇز بىلەن بېزىدىڭ،
قاراڭغۇ تۈننى نۇرلۇق كۈندۈز بىلەن يورۇتتۇڭ.

23. قانچىلىغان ئۇچىدىغان، يۈرىدىغان، تىنىدىغان (جانلىقلار)
سېنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ ياشايدۇ.

24. يۇقىرىدا ئەرشتىن تۆۋەندە يەرگە قەدەر،
بارچە (نەرسە) بىردەك ساڭا موھتاج، ئەي ئىگەم.

25. ئەي، بىر (خۇداغا) ئىشەنگۈچى، (ئۇنى) تىلىڭ بىلەن مەدھىيلە،
دىلىڭ شەكسىز ئىشەنگەن ئىكەن، ئەقلىڭنى ياۋاش تۇت.

26. ئۇنىڭ تەكتىگە يېتىمەن دېمە، كۆڭلۈڭنى كۆزەت،
(ئۇنىڭ) بارلىقىغا ئىشەن ـ دە، خاتىرجەملىككە ئېرىش.

27. ئۇنىڭ قەيەردە، قانداقلىقى ھەققىدە ئىزدەنمە، ئۆزۈڭنى تۇت،
ھېچ يەردە ۋە ھېچقانداق ئەمەس دەپ بىل، (بۇ توغرىدا) كۆپ سۆزلىمە.

28. ئەي، موھتاجسىز ئىگەم، سەن بۇ موھتاج قۇلۇڭغا
شەپقەت قىلىپ، بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن.

29. ساڭىلا سىغىنىدىم، ئۈمىدىم سەندە،
موھتاج بولغان يېرىمدە مېنىڭ قولۇمنى تۇت.

30. مېنى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇز،
ئادالەت كۈنى (قىيامەتتە) ئۇنى ماڭا يېتەكچى قىل.

31. تۆت ھەمراھىنىڭ ھەممىسىگە داۋاملىق،
ئۈزۈلدۈرمەي تۈمەنمىڭ سالام يەتكۈز.

32. ئۇلۇغ كۈندە (ماڭا) ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرسەت،
ياخشى سۆزىنى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىل.

33. ساڭا لايىقىدا مەدھىيە ئوقالمايمەن،
سېنى ئۆزۈڭلا ماختا، سۆزۈم كېسىلدى.

## 2

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيسى ئېيتىلىدۇ

34. شەپقەتلىك ئىگەم سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى،
(ئۇ) خەلق ئىچىدىن تاللانغىنى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى
(ئىدى).

35. (ئۇ) قاراڭغۇ تۇندە خەلققە مەشئەل بولدى،
يورۇقلۇق چېچىپ، سېنى يورۇتتى.

36. ئۇ خۇدادىن ساڭا دەۋەتچى ئىدى،
شۇندىن كېيىن، (ئەي) قەھرىمان، توغرا يولغا كىردىڭ.

37. ئۇ، ئاتا، ئانىسىنى پىدا قىلدى،
تىلىكى - ئۇممەتلىرى ئىدى، شۇڭا (ئۇلارغا) يول كۆرسىتىپ
بەردى.

38. بىلگىنىكى، كۈندۈزلىرى يېمىدى، كېچىلىرى ياتمىدى،
ئاللادىن ساڭا (شاپائەت) تىلىدى، باشقىنى تىلىمىدى.

39. كېچە - كۈندۈز مۇشەققەت چېكىپ سېنى تىلىدى،
سەن ئەمدى ئۇنى مەدھىيلە ۋە رازىلىقىنى تىلە.

40. ئۇنىڭ بارلىق قايغۇسى ئۇممەتلىرى ئۈچۈن ئىدى،

ئۇلارنىڭ راھەتى ئۈچۈن، (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيتتى.

41. (ئۇ) ئاتا - ئانىدىنمۇ مېھرىبان ئىدى،
خۇدادىن داۋاملىق (ياخشىلىق) تىلەيتتى.

42. (ئۇ) خۇدانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ئىدى،
ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى ياخشى، قىلىقى تۈز ئىدى.

43. ئۇ كەمتەر، مۇلايىم، ياخشى مىجەزلىك،
ھايالىق، رەھىمدىل، سېخىي، قولى كەڭ ئىدى.

44. (ئۇنداق كىشى) بوز يەر ۋە كۆك ئاسمان ئۈچۈن ئەزىز،
تەڭرى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور قەدىر - قىممەت بەردى.

45. ئۇ بارلىق يولباشچىلارنىڭ ئالدىدىكى باشچىسى ئىدى،
ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئاخىرقى تامغا بولدى * .

46. ئۇنىڭ يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ، خۇشاللىق بىلەن سۆزىنى ئاڭلىدىم.

47. ئىلاھىم، كۆڭلۈمنى كۆزەتكىن،
(قىيامەتتە) سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇزغىن.

48. قىيامەتتە تولۇن (ئايدەك) يۈزىنى كۆرسەت،
ئىلاھىم، ماڭا ئۇنى يول كۆرسەتكۈچى قىل.

3

## تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيسى ئېيتىلىدۇ

49. ئۇنىڭ كۆرۈپ ئاۋۇنىدىغان تۆت ھەمراھى بار (ئىدى) * ،
بۇلار (پەيغەمبەرنىڭ) بىللە تۇرىدىغان مەسلىھەتچىلىرى ئىدى.

50. (ئۇلارنىڭ) ئىككىسى — قېيىن ئاتىسى، ئىككىسى —
كۈيئوغلى * ،
بۇلار خەلق ئىچىدىكى خىل كىشىلەردىن ئىدى.

51. دەسلەپكى، ھەممىدىن ئاۋۋالقىسى ئاتىق * ئىدى،
(ئۇنىڭ) كۆڭلى تىلى بىلەن بىردەك، خۇداغا ئىشەنگەن.

52. (ئۇ) مال - دۇنياسى، تېنى ۋە جېنىنى پىدا قىلدى،
(پەقەت) پەيغەمبەرنىڭ رازىلىقىنى تىلىدى.

53. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى فارۇق * — كىشىلەرنىڭ خىلى ئىدى،
(ئۇ) دىلى بىلەن تىلى بىردەك، خەلق ئىچىدىكى ئېسىل (كىشى)
ئىدى.

54. بۇ سادىق ياردەمچى، دىنىنىڭ تىرىكى بولۇپ،
شەرىئەت يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈردى.

55. كېيىنكىسى ھايالىق، خۇش مىجەز ئۇسمان بولۇپ،

كىشلەر ئىچىدە ئەڭ سېخىي، قولى ئوچۇق ئىدى.

56. ئۇ بارلىقنى — مېلى ۋە جېنىنى پىدا قىلدى،
پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئىككى قىزىنى بەردى.

57. بۇنىڭدىن كېيىنكى تالالانغىنى ئەلى بولۇپ،
ئۇ باتۇر - جەسۇر، يۈرەكلىك، ئەقلى تولۇق ئىدى.

58. ئۇنىڭ قولى ئوچۇق، قەلبى ساپ،
بىلىملىك، ئېتىقادمەن، نامى ئۇلۇغ ئىدى.

59. بۇلار — دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسى ئىدى،
ئۇلار كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈردى * .

60. بۇ تۆت ھەمراھ مەن ئۈچۈن (تەبىئەتنىڭ) تۆت ئاساسىدەك تۇيۇلدۇ * ،
تۆت ئاساس مۇۋاپىقلاشسا، ھەقىقي تىرىكلىك بولىدۇ.

61. مەندىن ئۇلارغا داۋاملىق، تۈمەنمىڭ سالام
يەتكۈزگەيسەن، ئەي ئىگەم!

62. ئۇلارنى دائىم مېنىڭدىن رازى قىلغايسەن،
(ئۇلارنى) ئۇلۇغ كۈندە ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىل.

## 4

## نۇرلۇق باھار پەسلى، ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى سۆزلىندۇ

63. شەرقتىن ئىللىق (باھار) شامىلى ئېسىپ كەلدى،
دۇنيانى بېزەش ئۈچۈن جەننەت يولىنى ئاچتى.

64. بوز يەردىن كافوردەك (قارلار) كېتىپ، ئىپار بىلەن تولدى،
دۇنيا ھۆسنىگە تولۇپ بېزەنمەكنى ئىستىدى.

65. باھار شامىلى يېقىمسىز قىشنى ھەيدىدى،
نۇرلۇق باھار سائادەت ئۇقياسىنى يەنە بەتلىدى.

66. قۇياش يەنە ئۆز ئورنىغا يېنىپ كەلدى-
"بېلىق" قۇيرۇقىدىن "قوزى" بۇرنىغا ئۆتتى * .

67. قۇرۇغان دەرەخلەر يېشىل تون كىيدى،
سۆسۈن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل بولۇپ بېزەندى.

68. بوز يەر يۈزىگە يېشىل يىپەك يايدى،
(گويا) قىتان كارۋىنى تاۋغاچ تاۋار - دۇردۇننى يېيىۋەتكەندەك
بولدى.

69. تۈزلەڭ، تاغ، قىر، ئويمان (تۈشەك) يېيىپ، تۈشەندى،

ۋادىلار، يوتىلار قىزىل، كۆك كىيىنىپ ياساندى.

70. تۇمەن ـ تۈرلۈك چېچەكلەر كۆلۈپ ئېچىلدى،
دۇنيا ئىپار ۋە كافور ھىدى بىلەن تولدى.

71. قەلەمپۇر ھىدىغا تولغان غۇر ـ غۇر شامال چىقتى،
بۇ دۇنيا پۈتۈنلەي ئىپار پۇراپ كەتتى.

72. غاز، ئۆردەك، ئاق قۇ، قىلغۇيرۇق كۆكنى قاپلىدى،
غاقىلدىشىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن (ئۇچۇپ) ئوينىشتى.

73. قارىغىن، بەزىسى قوزغالسا، بەزىسى قونىدۇ،
بەزىسى سۇ ئۈزسە، بەزىسى سۇ ئىچىدۇ.

74. كۆكىش *، تۇرنىلار كۆكتە ئۈننى ياڭرىتىپ،
تۆگە (كارۋىنىدەك) تىزىلىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشىدۇ.

* 75. ئۇلار قۇشى خۇددى ئىپپەتلىك قىز ئۆز سۆيگىنىنى چاقىرغىنىدەك
ساز ئاۋاز بىلەن ھەمراھىنى ئۈندىمەكتە.

76. كەكلىك قاقاقلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىدى،
(ئۈنىڭ) ئاغزى قاندەك قىزىل، قېشى قاپقارا.

77. قارا قۇشقاچ نەيزىدەك تۇمشۇقىنى (سوزۇپ) سايرىدى،
ئۈنىڭ ئۈنى ئەركە قىز ئۈنىدەك يېقىملىقتۇر.

78. گۈلزاردا بۇلبۇل مىڭ خىل ئۈن بىلەن سايرىماقتا،
(گويا) كېچە ـ كۈندۈز «سۆرە ئىبرى» * نى ئوقۇماقتا.

79. ئىلىك، تاغ ئۈچكىسى چېچەكلەر ئۈستىدە ئويناشماقتا،
بۇغا،— مارال ئېغناپ، قىيغىتىپ، كېزىپ يۈرمەكتە.

80. ئاسمان قاپقىنى تۇرۇپ، كۆزىدىن ياش تۆكتى،
ئەنە، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ، قاقاقلاپ كۈلدى.

81. بۇ پەيتتە دۇنيا ئۆز - ئۆزىگە بېقىپ،
مەغرۇرلىنىپ، سۆيۈنۈپ ياسداق ئەگىنگە قاراپ،

82. دۇنيا سۆز ئېچىپ، ماڭا يەتكۈزۈپ،
دېدىكى: بۇ خاقانىنىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

83. ئۇخلاپ قالغان بولساڭ، تۇر، ئەمدى كۆز ئاچ،
ئاڭلىمىغان بولساڭ، (ئەمدى) مەندىن سۆز ئاڭلا.

84. تۈمەن يىلدىن بېرى سولغۇن قۇل ئىدىم،
ئەمدى قۇللۇق تونى يېشىلىپ، ئاق سۆسەردىن كىيىملەر كىيدىم.

85. بېزەندىم، (چۈنكى) ئۇلۇغ خاقان بېگىم بولدى،
ئۇ تىلىسە، جېنىم قۇربان بولسۇن، دەپ ئۆتۈندۈم.

86. بۇلۇت گۈلدۈرلەپ قاراۋۇللۇق دۇمبىقىنى ئۇردى،
چاقماق چېقىپ، خاقانىنىڭ تۇغىنى يايدى.

87. (ئۇلارنىڭ) بىرى قىنىدىن چىقسا سوزۇلۇپ، ئەلنى باشقۇرىدۇ،
بىرسى شان - شۆھرىتىنى جاھانغا يايىدۇ.

88. ئۇلۇغ تاۋغاچ بۇغراخان جاھان تۇتتى،
نامى قۇتلۇق بولسۇن، (خۇدا) ئىككى دۇنيانى بەرسۇن.

89. ئەي، دىنىنىڭ ئىززىتى، ئەي، دۆلەتنىڭ تىرىكى ۋە ھامىيسى،
ئەي، مىللەتنىڭ تاجى، شەرىئەتنىڭ ئىشەنچى.

90. خۇدا بارلىق تىلىگەن تىلىكىگە يەتكۈزدى،
خۇدالا (ساڭا) دائىم ئارقا تىرەك بولسۇن.

91. ئەي، دۇنيانىڭ جامالى، ئۇلۇغلۇقنىڭ ھۆسنى،
مەملىكەتكە نۇر، تۇراقسىز بەختكە يۆگەن.

92. پەلەك ساڭا باقتى، ئەل ۋە تەخت بەردى،
بۇ تەخت بىلەن بەختنى تەگرىم دائىملىق قىلسۇن.

93. شۇ خاقان بىلەن دۇنيا تىنچلىق تاپتى،
شۇڭا دۇنيا (ئۇنىڭغا) بارلىق سوۋغىلىرىنى ئەۋەتتى.

94. پازادىن كەلگەن ئاسمان قۇشلىرى (نىڭ)
بەزىسى ھىندى مەملىكىتىدىن، بەزىسى رۇم ئېلىدىن (كېلىپ)،

* 95. مەغرۇر شادلىنىپ، سۆيۈنچىگە تولۇپ،
(خاقانىنىڭ) نامىغا مەدھىيە ئوقۇپ، بەس - بەستە سايراشماقتا.

96. تۇرلۇك چېچەكلەر يەر (يۈزى)گە شۇنداق بېزەك بەردىكى،
تۈزلەڭ، تاغ، ئويمان، دۆڭنىڭ مەڭزلىرى يېشىل، كۆك
(كە بويالدى).

97. بەزىلىرى (خۇش) ھىدى بىلەن خىزمەت كۆرسەتسە،
بەزىلىرى چىراي - ھۆسنى بىلەن ئىشك ئاچىدۇ.

98. بەزىلىرى قول سوزۇپ (خۇش پۇراقلىق) ئىسرىق تۇتسا،

بەزىلىرى ئىپار پۇركۈپ، دۇنيانى خۇش ھىدقا تولدۇرىدۇ.

99. بەزىسى شەرقنىڭ خىلمۇخىل سوۋغىلىرىنى (ئېلىپ) كەلسە،
بەزىسى غەربتىن (كېلىپ) خىزمەت قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

100. خىزمەتكە كەلگەن بەخت ئىشىكىدە تۇرىدۇ،
ئىشىكتە تۇرۇپ ئۇ، قۇللۇق قىلىدۇ.

101. دۇنيا مۇشۇنداق خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلاندى،
دۈشمەننىڭ بوينىنى ئېگىپ خاقاننى يۇقىرى ئۆرلەتتى.

102. خاقاننىڭ نام شۆھرىتى دۇنياغا تارالدى،
ئۇنى كۆرمىگەن كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچتى.

103. دۇنياغا ئاسايىشلىق يەتتى، (چۈنكى) قانۇن تۈزۈلدى،
قانۇن بىلەن (ئۇ) نامىنى يۈكسەلدۈردى.

104. كىمكى سېخىينىڭ سۈرىتىنى كۆرەي دېسە،
تەشنالىق بىلەن خاقاننىڭ يۈزىگە باقسۇن.

105. جاپاسىز، ۋاپادار بەختنى تىلىسەڭ،
(ئۇنىڭ) يۈزىنى كۆر، قىلغان ئىشى پۈتۈنلەي ۋاپادۇر.

106. ئۆزۈڭ زىيان تارتماي، پايدا كۆرەي دېسەڭ،
بېرى كەل، خىزمەت قىل، كۆڭۈل بەر (ۋە دىلىڭنى) ئىسسىتقىن.

107. ئالىيجاناب، مۇلايىم، شەپقەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىنى
كۆرەي دېسەڭ، كەل، ئۇنى كۆر، خاتىرجەم بول.

108. ئەي، ياخشى خۇلقلۇق، ئەسلى ياخشى ئۇرۇقلۇق (خاقان)،
دۇنيا سېنىڭدىن قۇرۇق قالمىسۇن.

109. ئەي، بەختلىك خان، خۇدا ساڭا دۆلەت بەردى،
مىڭ مەرتەم ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ شۇكۇر قىل.

110. ناھايىتى قەدىمىي مەسەلدە (بۇنداق) دېيىلگەن:
ئاتىنىڭ ئورنى، نامى ئوغۇلغا قالىدۇ.

111. ئاتىنىڭ نامى بىلەن ئورنى ساڭا قالدى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە تۈمەن يىل داۋاملاشسۇن.

112. مىڭلىغان قوللار (ساڭا) نۇرغۇن نەرسە سوۋغا تۇتتى،
(مەنمۇ) بۇ «قۇتادغۇبىلىك»نى سوۋغا قىلاي.

113. ئۇلارنىڭ سوۋغىسى كېلىدۇ، (ئاخىر) كېتىدۇ،
لېكىن مېنىڭ بۇ سوۋغام مەڭگۇ قالىدىغان (سوۋغا) بولىدۇ.

114. قانچە دۇنيا يىغقىنىڭ بىلەن تۈگەپ (ئاخىر) يوقايدۇ،
سۆز پۈتسەڭ ئۇ قالىدۇ، ئالەم كېزىدۇ.

115. بۇ خانىڭ نامى كىتابقا پۈتۈلدى،
بۇ نام مەڭگۇ (ساقلىنىپ) قالىدۇ، ئەي، بەختلىك خان.

116. يا رەببىم، دۆلىتىنى كۆپەيتكىن، تىلىگىنىنى تۈگەل قىل،
بارلىق ئىشتا سەن (ئۇنىڭغا) ئارقا تىرەك بول.

117. ئۇ سۆيگەنلەرنى ئامان قىل، دۈشمىنىنى يوقات،
شادلىقىنى قويۇق قىل، قايغۇنى يىراق (تۇت).

118. يامغۇر يېغىپ تۇرسۇن، چېچەك ئېچىلسۇن،
قۇرۇغان دەرەختىن بىخلار كۆكلىسۇن.

119. پەلەك داۋاملىق ئايلىنىۋەرسۇن،
دۈشمەن بويىنى قايرىلىپ تۆۋەن بولسۇن.

120. بوز يەر مىستەك قىزىل بولمىغۇچە * ،
(ياكى) ئوت (ئۈستىدە) پىشىل چېچەك ئۈنمىگۈچە،

121. بەختلىك خان، (ئۇزۇن) ياشاپ، كۆپ بەخت كۆرسۇن،
كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانسۇن.

122. ئۇنىڭ يەنە قانداق ئارزۇ - تىلىكى بولسا،
خۇدالا ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك بولسۇن.

123. ئۇنىڭ ئېلى، شاد - خۇراملىق بىلەن مەغرۇر ياشىسۇن،
(ئۆزى) لوقمان يېشىدەك ھايات كەچۈرسۇن * .

## 5

# يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج ئېيتىلىدۇ

124. خۇدانىڭ نامى بىلەن سۆزۈمنى باشلىدىم،
(ئۇ) يارىتقۇچى، تەربىيە قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى ئىگەم.

125. (خۇدا) پۈتۈن ئالەمنى ئۆزى خالىغىنىدەك ياراتتى،
دۇنياغا كۈن ۋە ئاينى يورۇتتى.

126. قارا، پەلەكنى ياراتتى، (ئۇ) دائىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەلەك (چاقماق) چۆرگىلەيدۇ.

127. كۆك ئاسماننى ۋە (ئۇنىڭ) ئۈستىدىكى يۇلتۇزلارنى ياراتتى،
قاراڭغۇ تۈن (ۋە) يورۇق كۈندۈزنى ياراتتى.

128. بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر قىسمى بېزەك،
بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، بىر قىسمى كۆزەتكۈچىلەر.

129. بىر قىسمى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدۇ،
بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى، ئۇنىڭدىن (كىشىلەر يول)
تاپالايدۇ.

130. بەزىلىرى يۇقىرىراق تۇرىدۇ، بەزىلىرى تۆۋەن،
بەزىسى يورۇقراق (بولسا)، بەزىلىرى خىرە.

131. بۆلاردىن ئەڭ يۇقىرىدا سەكەنتىر * ھەرىكەت قىلىدۇ،
(ئۇ) ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر "ئۆيدە" * تۇرىدۇ.

132. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، يەنى ئىككىنچىسى ئوگاي * بولۇپ،
ئۇ بىر "ئۆيدە" ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ.

133. ئۈچىنچى بولۇپ كۈرۈد * كېلىدۇ، ئۇ قەھر بىلەن ھەرىكەت
قىلىدۇ،
ئۇ قاياققا باقسا، ياشارغان (نەرسىلەر) قۇرۇپ كېتىدۇ.

134. تۆتىنچىسى ياشىق * بولۇپ، ئۇ جاھاننى يورۇتىدۇ،
يېقىنلاشقاننى، قارشىسىغا كەلگەن (نەرسىلەر)نى يورۇتىدۇ.

135. بەشىنچى سەۋت * بولۇپ، سۆيۈملۈك يۈزىنى ئاچتى،
ساڭا كۈلۈپ باقسا، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت.

136. كېيىن ئارزۇ ـ تىلەك * كېلىدۇ، ئارزۇلىغانلار
ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، تىلىكىگە يېتىدۇ.

137. بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە يالچىق * ھەرىكەت قىلىدۇ،
ئۇ قۇياش بىلەن قارىمۇقارشى بېقىشقاندا تولىدۇ.

138. بۇلاردىن باشقا، ئون ئىككى بۇرج بار،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى ئۆيلۈك، بەزىلىرى بىر ئۆيلۈكتۇر.

139. قوزى * — باھار يۇلتۇزى، كېيىن ئۇد * كېلىدۇ،
ئەرەنتىر * قۇچىق * بىلەن (بىر ـ بىرىگە) يېقىن يۈرىدۇ.

140. قارا، ئارسلان * بىلەن بۇغداييىشى * قوشىندۇر،

كېيىن ئۆلگۈ * ، چايان * بىلەن يا * نىڭ ھەمراھى.

141. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلاق * ، كۈنەك * ھەم بالىقلار * كېلىدۇ،
بۇلار تۇغسا، ئاسمان يورۇپ كېتىدۇ.

142. بىلسەڭ (بۇلارنىڭ) ئۈچى ئەتىيازلىق، ئۈچى يازلىق يۇلتۇز،
ئۈچى كۈزلۈك، يەنە ئۈچى قىشلىق يۇلتۇزدۇر.

143. (ئۇلارنىڭ) ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇ، ئۈچى شامال،
ئۈچى تۇپراق بولۇپ، (شۇلاردىن) دۇنيا ۋە ئەللەر پەيدا بولغان.

144. بۇلار بىرسى - بىرسىگە ياۋ،
(خۇدا) ياۋغا ياۋ ئەۋەتتى، جاڭجالنى توختاتتى.

145. ئۈچراشماس ياۋلار ئۆزئارا يارىشىپ قالدى،
كۆرۈشمەس ياۋلارنىڭ ئۈچمەنلىكى پەسەيدى.

146. ياراتقۇچى خۇدا (ھەممىنى) ئۆزى ياراتتى،
ياراتتى - دە، تەرتىپكە سالدى، بىر - بىرسىگە مۇۋاپىقلاشتۇردى.

147. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئىنسان (ھەققىدە) سۆزلىدىم،
(ئۇنىڭ) قەدىر - قىممىتى بىلىم، ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولىدۇ.

## 6

## ئىنسان بالىسىنىڭ قەدىرى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ

148. (خۇدا) ئىنساننى خىللاپ، تاللىدى ۋە ياراتتى،
ئۇنىڭغا پەزىلەت، بىلىم، ئەقىل ۋە پاراسەت بەردى.

149. (ئۇنىڭغا) قەلب ئاتا قىلدى ھەم تىلىنى راۋان قىلدى،
ھايا ھەم گۈزەل خۇلق ۋە قىلىق بەردى.

150. بىلىم بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) ئىنسان بۈگۈنكى بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى،
پاراسەت بەرگەنلىكى (ئۈچۈن) تۈگۈنلەر يېشىلدى.

151. خۇدا كىمگە ئەقىل – پاراسەت ۋە بىلىم بەرگەن بولسا،
(ئۇنىڭ) قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كەلدى.

152. بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىل،
بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە)نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرىدۇ.

153. بۇ سۆزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن – دە، سۆزۈڭنى شۇ يەردە توختات.

154. قەيەردە ئىدراك بولسا، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ،
بىلىم كىمدە بولسا، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ.

155. پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ،
بىلىملىك، پاراسەتلىكلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

156. بىلىمنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمە دەيدۇ:
بىلىم بىلگەن ئەردىن ھامان كېسەل يىراقلىشىدۇ.

157. بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ،
كېسەلنى داۋالىمىسا كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

158. يۇر، ئەي بىلىمسىز، كېسەللىكىڭنى داۋالا،
ئەي ئالىم، بىلىمسىز(لىك)نىڭ داۋاسىنى سەن ئۆيىتىپ بەر.

159. پاراسەت بىر چۇلغۇۋۇردۇر، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى
تۈمەنلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ، تىلىكىنىگە يېتەلەيدۇ.

160. قارا، پاراسەتنىڭ كىشىگە پايدىسى كۆپ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن كىشى ئەزىز بولىدۇ.

161. ھەرقانداق ئىشنى پاراسەت بىلەن ئىشلە،
ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

## 7

## تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە قۇسۇرى، پايدىسى ۋە زىيىنى ئېيتىلىدۇ

162. تىل بىلىم، ئەقىل — پاراسەتكە تىلماچتۇر،
بۇ راۋان تىلنى كىشىنى يورۇتقۇچى (دەپ) بىل.

163. تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.
تىل كىشىنى خورلاپ قويىدۇ، (ئۇنىڭ بىلەن) ئەرنىڭ بېشى كېتىدۇ.

164. تىل (گويا) ئۆشكتە ياتقان ئارسلاندۇر،
ئەي، ئۆي ئىگىسى، ئېھتىيات قىل، بېشىڭنى يەيدۇ.

165. تىل (ئازابى)دىن قىينالغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، (ئۇنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:

166. تىل ماڭا قانچىلىك كۆپ جاپا چەكتۈردى،
بېشىمنى كەسمىسۇن ئۈچۈن، تىلىمنى كېسەي.

167. سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

168. بىر ئالىم تىل ھەققىدە پۇختا بىلىم بەرگەنىدى:

ئەي تىل ئىگىسى، بېشىڭنى قوغدىغىن.

169. سەن ئۆزۈڭگە ئېسەنلىك تىلىسەڭ،
تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما.

170. سۆزنى بىلىپ سۆزلىسەڭ بىلىمگە ياتىدۇ،
بىلىمسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

171. كۆپ سۆزدىن ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم،
تەكرار سۆزلەشتىن نەپمۇ تاپمىدىم.

172. كۆپ سۆزلىمە، زۆرۈر بولغاندا ئاز سۆزلە،
تۈمەن سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەش.

173. كىشى سۆز بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ پادىشاھ بولىدۇ،
كۆپ سۆز باشنى يەرگە ئەگدۈرىدۇ.

174. كۆپ سۆزلىسە، قۇرۇق گەپ ساتتى دېيىشىدۇ.
ئەگەر سۆزلىمىسە، كېكەچ ئىكەن، دەيدۇ.

175. شۇنداق ئىكەن، ئۇستىلىق بىلەن ئىش قىل،
ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان ئىش كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

176. تىلىڭنى قاتتىق ساقلا، بېشىڭ ساقلىنىدۇ،
سۆزۈڭنى قىسقارتقىن، يېشىڭ ئۇزۇرايدۇ.

177. تىلىنىڭ كۆپ پايدىسى بار، زىيىنىمۇ نۇرغۇن،

تىل بەزىدە ماختىلىدۇ، بەزىدە مىڭ تۈرلۈك سۆكۈش (ئالىدۇ).

178. دېمەك، شۇنداق ئىكەن، سۆزنى بىلىپ سۆزلە،
سۆزۈڭ كۆزسىز قارىغۇغا كۆز بولسۇن.

179. بىلىمسىز، ئىنىقكى، قارىغۇدۇر،
يۈر، ئەي بىلىمسىز، تېگىشلىك بىلىم ئال.

180. قارا، تۇغۇلغان (ئادەم) ئۆلىدۇ، سۆزى بەلگە بولۇپ قالىدۇ،
سۆزۈڭنى ياخشى سۆزلە، ئۆزۈڭ ئۆلمەيسەن.

181. ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ:
بىرى — ياخشى ھەرىكەت، بىرى — ياخشى سۆز.

182. ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باققىنىكى، ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ.
ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ، نامى قالىدۇ.

183. سەن ئۆلمەيدىغان بىر ھايات تىلىسەڭ،
خۇلق - مىجەزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ياخشى قىل، ئەي دانا!

184. تىلنى خېلى ماختىدىم، بەزىدە سۆكتۈم،
مەقسىتىم تىلنى ساڭا چۈشەندۈرۈش ئىدى.

185. ھەممىلا سۆزنى يىغسا ئەقىل ماقۇل كۆرمەيدۇ،
كىشى ھاجەتلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.

186. ئەي دانا، سۆزۈمنى ئوغلۇمغا سۆزلىدىم،
ئوغۇل مەندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ماڭا قانداق تەگلەشسۇن.

187. ئەي ئوغۇل، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم،
ئەي ئوغۇل، ساڭا ئۆزۈمنىڭ بۇ نەسىھىتىمنى قىلدىم.

188. مەندىن ساڭا ئالتۇن ـ كۈمۈش قالسىمۇ،
سەن ئۇنى بۇ سۆز(لەر)گە تەڭ كۆرمە.

189. كۈمۈشنى ئىشلەتسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ،
سۆزۈمنى ئىشقا سالساڭ كۈمۈش تېپىلىدۇ.

190. كىشىدىن كىشىگە (قالىدىغان) مىراس سۆزدۇر،
ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزنى ئىشلەتكەندە تۇتساڭ پايدىسى كۆپتۇر.

191. ئەي دانا ئالىم، بۇگۈن قاپىقىڭنى تۇرمە،
ئۆز ئۆزرىمنى ئەيمىنىپ ئېيتىۋاتىمەن.

## 8

## كىتاب ئىگىسى ئۆز ئۆزرىنى ئېيتىدۇ

* 192. ئەي ئالىم، دانا، تىلىكىم: كەلگۈسى ئەۋلادلارغا
تېگىشلىك سۆزلىرىمنى قالدۇرۇش ئىدى.

193. (لېكىن) بىر پىكىر قارشى چىقىپ دېدىكى، "دىققەت قىل،
سۆزۈڭ خاتا بولسا، ساڭا زىيان - زەخمەت يېتىدۇ.

194. خەلقىنىڭ تىلى يامان، ئۇ گېپىڭنى قىلىدۇ،
كىشى (لەر)نىڭ قىلىقى ھەسەتخور، گۆشۈڭنى يەيدۇ".

195. سەپسىلىپ قارىسام، يۇكۇم يەڭگىللىدى،
ئۆزۈمگە دېدىمكى، سۆزلە، ھەممە سۆزۈڭنى تۆك.

196. نىمە ئۈچۈن دېسەڭ، ساڭا ئېيتاي،
ئەي جەسۇر قەھرىمان، سۆزۈمنى ئاڭلىغىن:

197. ئىنسان يېڭىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى "ياڭلۇق" بولغان،
يېڭىلىش (ياڭلۇق) ئىنسان ئۈچۈن بېرىلگەن *.

198. كىم يېڭىلمەيدۇ، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن(چۇ)؟
ساڭا ئېيتايكى، يېڭىلىدىغان كىشىلەر تۇمەنمىڭدۇر.

199. بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ،
بىلگىنىكى، ئىدراكسىزلار كۆپ، ئىدراكلىقلار كەم ئۇچرايدۇ.

200. بىلىمسىزلەر بىلىملىككە دۈشمەن بولدى.
بىلىمسىز(لەر) بىلىملىككە ھەسەت قىلدى.

201. كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار،
بۇ پەرق بىلىمدىلا (كۆرۈلىدۇ)، دېيمەن.

202. ئۇشبۇ سۆزۈمنى بىلىملىكلەر ئۈچۈن سۆزلىدىم،
بىلىمسىزنىڭ تىلىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

203. مېنىڭ بىلىمسىز بىلەن (قىلىدىغان) ھېچ سۆزۈم يوق،
ئەي دانا، مەن سېنىڭ(لا) خىزمەتكارىڭ.

204. ساڭا سۆزۈمنى سۆزلەشكە ئەيمىنىپ،
ئۇشبۇ ئۆزرىمنى بايان قىلدىم.

205. سۆزلىگۈچى ئازىدۇ ھەم يېگىلىدۇ،
ئىدراكلىقلار ئاڭلىسا، ئوڭلايدۇ، تۈزىتىدۇ.

206. سۆز تۆگە بۇرنىدەك چۇلۇكلۇك (نەرسىكى)،
تۆگىنى قاياققا يېتىلىسە، (شۇ ياققا) كېتىدۇ.

207. سۆزنى بىلىپ سۆزلىگۈچىلەر كۆپ،
بۇنى چۈشەنگۈچىلەر مەن ئۈچۈن بەك ئەزىزدۇر.

208. ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر،
مىسالى بىلىم بىلەن كۆككە(مۇ) يول ئېچىلىدۇ.

209. ھەممە سۆزۈڭنى بىلىم بىلەن سۆزلە،
ھەممە كىشى بىلىمى بىلەن بۈيۈك بولىدۇ، دەپ بىل.

210. سۆز كۆك ئاسماندىن بوز يەرگە چۈشتى،
ئىنسان سۆز بىلەن ئۆزىنى قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلدى.

211. كىشىنىڭ كۆڭلى گويا تۇپسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ،
بىلىم بولسا ئۇنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچىدۇر.

212. كىشى دېڭىزدىن ئۈنچىنى چىقارمىسا،
(ئۇ) مەيلى ئۈنچە بولسۇن، مەيلى ساينىڭ تېشى (پەرقسىز بولىدۇ).

213. بوز يەر قېتىدىكى ئالتۇن بىر تاشتۇر،
ئەگەر (قېزىپ) چىقىرىلسا، بەگلەرنىڭ بېشىغا بېزەك (بولىدۇ).

214. بىلىملىك (كىشى) بىلىمنى تىل بىلەن بايان قىلمىسا،
ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ (ئەتراپنى) يورۇتالمايدۇ.

215. ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇش ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر،
ئەگەر (ئۇنىڭغا) ئېرىشسەڭ ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە يەت.

* 216. ئىدراك ۋە بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتكەن
ئەل ـ يۇرت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

217. جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك،
خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك.

218. جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن تۇتتى،

خەلقنى باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن باشقۇردى.

219. دۇنياغا ئادەم زاتى تۈرەلگەندىن تارتىپ،
ئىدراكلىقلار ياخشى قانۇن تۇرغۇزۇپ كەلدى.

220. بۇگۈنگە قەدەر قايسى زاماندا بولسۇن،
بىلىملىككە يۈكسەك ئورۇن تەگدى.

221. كىشىلەرنىڭ يامىنى ئەقىل تاپسا تۈزىلىدۇ،
خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلىم بىلەن بېسىلىدۇ.

222. بۇ ئىككىسى كار قىلمىسا، بىلىمنى قوي – دە،
ئاندىن قولۇڭنى قىلىچقا ئۇزاتقىن.

223. ئالىم، دانا بەگلەر خەلققە باش (بولۇپ)
بىلىمسىزلەرنىڭ ئىشىنى قىلىچ بىلەن ھەل قىلدى.

224. جاھاننى (قولدا) تۇتماق ئۈچۈن، كىشى ناھايىتى ئىدراكلىق بولۇشى كېرەك،
خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كىشى بىلىم بىلىشى كېرەك.

225. بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەن كىشى كامالەتكە يېتىدۇ،
كامىل ئەر دۇنيا (نېمەتلىرىنىڭ) ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ.

226. ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانى تىلىمەكچى بولساڭ،
قولۇڭدىن كەلسە، ئۇنىڭ چارىسى ياخشىلىق قىلىشتۇر.

227. ئەگەر ئۆزۈڭ ياخشى بولۇشنى تىلىسەڭ،
يۈر، ياخشىلىق قىل، (باشقا) سۆزگە ھاجەت يوق.

228. كىشى مەڭگۈلۈك ياشمايدۇ، نامى مەڭگۈ (ياشايدۇ).
ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

229. ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەمەس، (بەلكى) نامىڭ مەڭگۈدۇر،
نامىڭ مەڭگۈ بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈك بولسەن.

9

## ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى ئېيتىلىدۇ

230. ئەگەر خەلققە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىكەنسەن،
بارلىق سۆز – ھەرىكىتىڭ بىلەن ياخشىلىق قىل.

231. يېگىتلىك ئۆتۈپ كېتىدۇ، تىرىكلىكمۇ تۈگەيدۇ،
سەن بۇ چۈش كەبى دۇنيادىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىسەن.

232. ھاياتىڭنى سەرمايە قىلغىن، (ئۇنىڭ) پايدىسى — ياخشىلىقتۇر،
بۇ ئەتە (ئاخىرەتتە) ياخشى يېگۈلۈك ۋە كىيگۈلۈك بولىدۇ.

233. كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
نەپەس ئېلىپ يۈرىدىغان جانلىقلار ئاخىر ئۆلگۈسى.

234. نەزەر سال، دۇنيادا نى – نى ئەرلەر تۇغۇلدى،
(ئۇلار) بىر مۇددەت ھايات كەچۈرۈپ، ئاخىر ئۆلدى.

235. مەيلى بەگ، مەيلى قۇل ياكى ياخشى، يامان بولسۇن،
ئۆزى ئۆلگەن بولسا، ئىز – نامى قالدى.

236. ئەمدى بۇ ئورۇن نۆۋىتىدە ساڭا تەگدى،
ھەممىدىن ئاۋۋال ياخشىلىق قىل، ياخشى بول.

237. تىرىك ئادەم ئاخىر ئۆلگۈسى (ۋە) يەرنى تۆشەك قىلغۇسىدۇر،

قارا، كىشى ياخشىلىق بىلەن ئۆلسە، نامى ھايات قالىدۇ.

238. ئىككى تۈرلۈك نام تىللاردا ياشايدۇ:
بىرى — ياخشى (نام)، بىرى — يامان (نام) دۇنيادا قالىدۇ.

239. يامان سۆكۈش (ئالىدۇ)، ياخشى ماختاشقا ئېرىشىدۇ،
ئۆزۈڭگە قاراپ كۆرگىن، قايسىسىنى خالايسەن؟

240. ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، نامىڭ ماختىلىدۇ،
ئەگەر يامان بولساڭ، سۆكۈلسەن، ئەي پاك كىشى.

241. پەس زەھھاك* نېمە ئۈچۈن سۆكۈشكە لايىق بولدى،
بەختلىك فرىدۇن* نېمە ئۈچۈن ماختالدى؟

242. بىرى — ياخشى ئىدى، ئۇنى ماختاشتى،
بىرى — يامان ئىدى، ئۇنى سۆكۈشتى.

243. ساڭا يامانلىق لايىقمۇ ياكى ياخشىلىقمۇ؟
سۆكۈشنى خالامسەن ياكى ماختاشنىمۇ؟

244. قايسىسىنى خالىساڭ، بىرىنى تاللا،
تاللىغىنىڭ ياخشى (بولسىمۇ)، يامان (بولسىمۇ) كېيىن ئۆكۈنمە.

245. تەجرىبىلىك كىشى بۇنىڭغا بىر تەمسىل سۆز ئېيتتى،
تەجرىبىلىك كىشى ئەل - يۇرت ئىشىنى بىلىدۇ.

246. كىشى ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.
يامان نام چىقارغانلار ئۆلگەندە قارغىش تاپىدۇ.

247. يامانلىق قىلغانلارنى كۆپ سىنىدىم،

كۆنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچتىن ئۈزۈلدى.

248. ئەي بىلىملىك كىشى، قانچىكى كۆزەتسەم،
يامانلارنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسمىدى.

249. يامانلىق بىر ئوتدۇر، ئوت كۆيدۈرىدۇ.
يولدا ئۆتۈشكە بولىدىغان كىچىك يوقتۇر.

250. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە قاراپ كۆرسەك،
(مەيلى) قارا خەلق، بەگ ياكى دۇنيا سورىغۇچى بولسۇن،

251. بۇلارنىڭ قايسىسى بىلىمگە ئېرىشكەن بولسا،
ئۇلار زامان (ۋە) دۇنيانى قولدا تۇتالىدى.

252. دۇنيا بەگلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ بىلىمى بولسا،
ياخشى قانۇن تۈرغۈزدى، ئوبدان كىشىلەردىن (بولدى).

253. بۈگۈنمۇ كىمكى ياخشى دەپ ئاتالغان بولسا،
ئەڭ ئاۋۋال شۇلار ياخشىلارغا باش بولدى.

254. قايسى بەگ دانا، بىلىمگە يېقىن بولغان بولسا،
ئۇ، بىلىملىك كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

255. (ئۇ) قولىغا ئالغان ھەربىر ئىشنى دىققەت بىلەن ئىشلىدى،
ئىلىمنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى باشلىدى.

256. ئىلىمنى تۈزەتكەنلىكتىن خەلق بېيىدى،
خەلقنىڭ بايلىقىنى ئۆزىگە قورغان قىلدى.

257. سېخىي دەپ ئاتىلىپ ياخشى نام چىقارغان،

سىخىي (ئادەم) ئۈلسە، (ئۇنىڭ) نامىنى تىرىك دەپ بىل.

258. ئۈلۈشنى بىلىپ، ئۆزىگە ھازىرلىق قىلغانلار
تىرىكلەر ئۈچۈن نامىنى كىتابقا پۈتۈپ قويىدى.

259. بۈگۈن كىم ئۇنى ئۇقۇسا، بىلىمگە ئىگە بولىدۇ،
ئۇلارغا ئەگىشىپ، ياخشىلىق قىلىدۇ.

260. دۇنيادا بىلىمدىن ئەزىز يەنە نىمە بولسۇن،
"بىلىمسىز" دىگەنلىك ئەر ئۈچۈن سەت، ھاقارەتتۇر.

* 261. دۇنيادا كۆپ نەرسىلەرنى سىناپ، ئۆزۈن ياشىغان
بىلىملىك كىشىنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى ئاڭلا:

262. بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن تەگسە، قارىغىنىكى،
بۇ تۆر پەگا ھىسابلىنىدۇ، پەگا بولسا تۆرگە ئىرىشىدۇ.

263. ئەگەر داناغا پەگادىن ئورۇن تەگسە،
بۇ پەگا تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

264. بۇنچىلىك قەدىر - قىممەتنىڭ ھەممىسى بىلىم ئۈچۈندۇر،
دۇنيادا (ئۇنىڭ ئورنى) مەيلى تۆردە، ياكى پەگادا بولسۇن،
بەربىر.

265. قارا، بۇ ئىپسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:
بىرى — بەگ، بىرى — دانا، (بۇلار) ئىنسانلارنىڭ
باشلامچىسىدۇر.

266. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھايۋان ھىسابلا،
خالىساڭ، بۇ تەرەپتە تۇر، خالىساڭ، ئۇ تەرەپتە.

267. سەن قايسى تەرەپتە تۇرسەن، ماڭا ئۇچۇق ئېيت،
ئىككىنىڭ بىر (تەرىپىدە) بول، ئۇچىنچىسىدىن قاچ.

268. بىرى (ۋولىغا) قىلىچ ئېلىپ، خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ،
بىرى قەلەم ئېلىپ، ياشاش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

269. ئۇلاردىن ياخشى قانۇن (مىراس) بولۇپ كەلدى،
(بۇ) مىراس (كىمنىڭ قولىغا) تەگسە، يۇقىرى ئۆرلىدى،

270. ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراس قالىدىغان نەرسە سۆزدۇر،
مىراس قالغان سۆزنى ئاڭلىسا، (ئۇنىڭ) كۆپ پايدىسى بار،

271. ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر،
ئەي كۆزسىز قارىغۇ، بىر ئۈلۈش بىلىم ئال.

272. كىشى كۆركى سۆزدۇر، سۆزنىڭ تۈرى كۆپ،
يۈر، ئەي تىلىم، ياخشى سۆزلۈك كىشىنى ماختا.

273. بۇنىڭغا تەقلىدتەن تۈركچە بىر مەسەل كەلتۈرۈپ،
بۇنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ سۆزلىدىم:

274. ئەقىل كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى — سۆز،
كىشىنىڭ كۆركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كۆركى — كۆز.

275. ئىنسان سۆزىنى تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ،
سۆزى ياخشى بولسا، يۈزى يورۇق بولىدۇ.

276. نەزەر سېلىنسا، بۇ تۈرك بەگلىرى
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىلىرى ئىدى.

277. تۈرك بەگلىرى ئىچىدە نامى مەشھۇر بولغىنى
سائادەتمەن تونگا ئالىپ ئەر ئىدى.

278. يۇقىرى بىلىمى بىلەن پەزىلىتى كۆپ،
بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، خەلقىنىڭ خىلى (ئىدى).

279. (ئۇ) ئاجايىپ خىل، يارامىلىق جەسۇر ئەر ئىدى،
دۇنيادا زېرەك ئەر(لەر) جاھان سورىدى.

280. تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياپ (دەپ) ئاتايدۇ،
بۇ ئەفراسىياپ (كۆپ) ئەللەرنى تالاپ، باشقۇردى.

281. ناھايىتى كۆپ پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم كېرەككى،
جاھان سورىغۇچى ئاندىن (جاھانغا) قول سۇنسۇن.

282. تاجىكلار بۇنى كىتابتا يازدى*،
كىتابقا يازمىغان بولسا، ئۇنى كىم بىلەتتى؟

283. جەسۇر، باتۇر كىشى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:
جەسۇر كىشى چىكىش تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ.

284. جاھان سوراش ئۈچۈن مىڭ (تۈرلۈك) پەزىلەت كېرەك،
قولانى بېسىش ئۈچۈن ئارسلان كېرەك.

285. جاھان سورىغۇچىغا مىڭ (تۈمەن) پەزىلەت كېرەككى،
ئۇنىڭ بىلەن ئەل - يۇرتنى سورايدۇ ۋە تۈماننى سۈزۈلدۈرىدۇ.

286. (جاھان سورىغۇچى) قىلىچ ئۇرۇپ دۈشمەن بويىنىنى كەسسۇن،
قانۇن بىلەن ئېلى ۋە خەلقىنى تۈزسۇن.

## 10

# بىلىم ۋە ئىدراك – پاراسەتنىڭ پەزىلىتى، پايدىسى ئېيتىلىدۇ

287. تىلىكىم سۆز ئىدى، ئەي بىلىمدان دانا،
پاراسەت، بىلىم ھەققىدە ئۆزۈم سۆزلىگەيمەن.

288. پاراسەت – قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ،
بىلىم – يورۇقلۇق (بولۇپ) سېنى يورۇتىدۇ.

289. كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر – قىممەت تاپىدۇ.

290. بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ نۇشىرۋانغا قارا *،
(ئۇ) جاھاننى پاراسەت كۆزى بىلەن يورۇتتى.

291. توغرا قانۇن يۈرگۈزدى، خەلقى بېيىدى،
ياخشى دەۋرانى بىلەن نامىنىمۇ ياخشى قىلدى.

292. بىلىملىكنىڭ مۇنداق بىر سۆزى يادىمغا كەلدى:
(بىلىملىك) دەۋزەخى بولسا، دەۋزەختىن يىراقلىشىدۇ.

293. كىچىك ئوغلاننى كۆر، ئىدراكقا يېتىپ،
پېشىغا تولمىغۇچە قەلەم يۈرگۈزمەيدۇ.

294. كۆرگىنكى، ئىدراكلىق كىشىلەر قېرىسا ئازىدۇ،
ئىدراك كەتتى، دەپ قەلەمنىمۇ توختىتىدۇ.

295. ئەگەر تەلۋە، كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدۇ.

296. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ ئىدراكسىزدۇر،
ئىدراكسىز كىشىلەرنىڭ (ھېچنېمىدە) ھەسسىسى بولمايدۇ.

297. قەدىر ــ قىممەت ئىدراك ئۈچۈندۇر،
ئەقىل ــ ئىدراكسىز كىشى بىر ئۆچۈم لايدۇر.

298. سەپسىلىپ قارىساڭ، بۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغان:
ئەقىل ــ ئىدراكسىز، بىلىمسىزلەر ئۆزىنى يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ.

299. نەزەر سالساڭ، بارچە كىشى كىيىم كىيىدۇ،
ئىدراكلىق، بىلىملىكلەر (كىيىم بىلەن ئەمەس) ئەسلى بىلەن
قەدىرلىكتۇر.

300. ئىدراكلىق (كىشى) ئېسىل ئەر بولمەن دېسە بولالايدۇ،
بىلىمى بولغان ئەر بەگلىك قىلىسىمۇ قىلالايدۇ.

301. كىمدە ئەقىل ــ ئىدراك بولسا، ئۇ ئېسىل (ئىنسان) بولىدۇ.
كىمدە بىلىم بولسا، ئۇ بەگلىككە ئېرىشەلەيدۇ.

302. بوز يەر ئۈستىدە ئىنسان بالىسى قول كۆتۈردى،
ھەممىنى بىلىم بىلەن بەرپا قىلدى.

303. كىشى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئېسىل ئاتىلىدۇ،
بەگلەر ئەل ئىشىنى بىلىم بىلەن يۈرگۈزىدۇ.

304. تۇمەنمىڭ خىل پەزىلەتلەر، كۆپ مەدھىيىلەنگەن (ئىشلار)
ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ماختالغاندۇر.

305. ئىدراك ئازلىقىنى ئاز دېمە، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپتۇر،
بىلىم ئازلىقىنى ئاز دېمە، (ئۇ) ئەر ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر.

* 306. دانا سۆزلىگەن مۇنۇ تۆت نەرسىنىڭ ئازلىقىنى ئاز دەپ سانىما،
(بۇ) سۆزنى زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا:

307. بۇ تۆتنىڭ بىرى ئوت، بىرى ياۋدۇر،
ئۈچىنچىسى، تىرىكلىكنىڭ كۈشەندىسى بولغان كېسەلدۇر.

308. بۇلاردىن ئاخىرقى بىرى بىلىمدۇر،
بۇ تۆت نەرسىنى سەل چاغلىما، قىممىتى يۈكسەكتۇر.

309. بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ كۆپ،
بەزىسى بېرىمدەك، بەزىسى ئېلىمدەك (زۆرۈر).

310. بىلىم گويا كىميادۇركى، (پۈتۈن) نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ * ،
ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ.

311. ئىپار ۋە بىلىم بىر ـ بىرىگە ئوخشاش نەرسىلەردۇر،
ئۇنى ئۆزۈڭدە يوشۇرۇپ ساقلاشقا بولمايدۇ.

312. سەن ئىپارنى يوشۇرساڭ (ئۇنىڭ) ھىدى بىلىنىپ قالىدۇ،

بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ ئاشكارا قىلىدۇ.

313. بىلىم بىر بايلىقدۇركى، (ئۇ زادى) كەمبەغەللەشمەيدۇ،
ئوغرى، ھىيلىگەرلەرمۇ ئوغرىلاپ ئالالمايدۇ.

314. بىلىم ۋە ئىدراك — كىشى ئۈچۈن كىشەندۇر،
كىشەنلىك (كىشى) يارىماس ئىشلارغا يېقىن بارالمايدۇ.

315. كىشى ياخشى كۆرىدىغان نېمىنى كىشەنلەپ تۇتىدۇ،
مىنىشلىك نېمىنى بولسا، كۆزىتىپ ساقلايدۇ.

316. كىشەنلىك قاچالمايدۇ، خالىغىنىغىچە يۈرىدۇ،
چۇشەكلىك يىراقلاشمايدۇ، خالىغان يېرىدە تۇرىدۇ.

317. ئەقىل - ئىدراك ساڭا ياخشى ۋە ئىشەنچلىك ئاداشتۇر،
بىلىم ناھايىتى مېھرىبان قېرىنداشتۇر.

318. بىلىمسىزگە بىلگىنى ۋە قىلىقى دۈشمەندۇر،
باشقىسى بولمىغاندىمۇ، بۇ ئىككى جېدەل يېتەرلىكتۇر.

319. بۇنىڭغا تەقلىدتەن تۈركچە تەمسىل (ئېسىمگە) كەلدى،
بۇنى سەن ئوقۇغىن، ئەس - يادىڭدا تۇت:

320. ئىدراكلىق كىشى ئۈچۈن ئىدراكىنىڭ ئۆزى چىن دوستتۇر،
بىلىمسىز كىشىگە ناملا يېتەرلىك ھاقارەتتۇر.

321. بىلىملىككە بىلىمى يېتەرلىك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتۇر،
بىلىمسىزگە ئۆز قىلمىشى ياۋۇز قولداشتۇر.

322. ئەي، ئىدراكلىق ياخشى ئادەم غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر،
بىلىملىك بەگ، قەھرلەنمە، نامىڭنى ياخشى قىل.

323. بۇ ئىككىسى بىلەن ئىشقا ئالدىراپ يېقىنلاشما،
ئەگەر يېقىنلاشساڭ ئۆمرۈڭنى زايە قىلىسەن.

324. غەزەپ بىلەن قىلىنغان ئىش دائىم پۇشايمانلىق بولىدۇ،
كىشى قەھرلەنسە ئىشتا ئادىشىدۇ.

325. كىشى ئېغىر ـ بېسىق، سالماق مىجەزلىك بولۇشى كېرەك،
بەگ ۋەزمىن بولسا كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ.

326. مۇلايىم ھەم خۇش پېئىل بولۇش كېرەك،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق ھەم بىلىملىك بولۇش كېرەك.

327. كىشىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن ئىدراكلىق بولۇش كېرەك،
ئىشنى ياخشى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك.

328. يارامسىز، يارامىلىقنى ئېنىق كۆزىتىپ،
كېرەكلىك، كېرەكسىزنى ھەقىقىي سۈرۈشتۈرۈپ،

329. ئۆزى ئايرىپ ـ تاللاپ، پەرقلەندۈرەلىسە،
ھەممىلا ئىشتا كۆزىنى ئۆتكۈر قىلسا،

330. ئاندىن ئىشلار مۇكەممەل ھەم پىششىق بولىدۇ،
(چۈنكى) بىلىملىك كىشىلەر ئاشنى پىششىق يەيدۇ.

331. بۇ خىل كىشىلەر تىلىكىگە يېتىدۇ،

ئىككىلا دۇنيادا ئىشى ئۇگۇشلۇق بولىدۇ.

332. قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز (نەرسە)،
بۇ ئىككىسى بىلەن ۋۇجۇد داۋاملىق ئەزىيەت چېكىدۇ.

333. بىلىملىك، دانا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي مەگزى قىزىل (كىشى):

334. ئىنسان قەھرلىك بولسا، ئەقلىدىن ئازىدۇ،
ئەگەر غەزەپ كەلسە، پاراسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

335. قەھرلىنىش كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر، ئۇ بىلىمنى يوقىتىدۇ،
ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ قەھرلەنسە قوپاللىق قىلىدۇ.

336. بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىكنىڭ سۆزى — ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك جانغا ئوخشاشتۇر.

337. قارا، بۇ بىرقانچە نەرسە كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر،
ئىنسان ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ.

338. بۇلاردىن بىرى — يالغان سۆزلەش،
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى — سۆزدە تۇرماسلىق.

339. ئۈچىنچى بىرى — ئىچىملىككە بېرىلىش،
بۇنداق ئادەم، شۈبھىسىزكى، تامامەن بىھۇدە ياشايدۇ.

340. ئادەم ئۈچۈن يەنە بىرى جاھىل قىلىقتۇر،
جاھىل مىجەزلىك (ئادەمدە) خۇشاللىق بولمايدۇ.

341. يارىماس (ئادەتنىڭ) يەنە بىرى پەسكەش قىلىقتۇر،
بۇنداق ئادەم كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە سورۇقچىلىق سالىدۇ.

342. يەنە بىرى، تىلى يامان، قەھر ـ غەزەپلىك بولۇش،
(بۇنداقلار) ئىغىز ئېچىپ سۆكسە، كىشىنى ئازابلايدۇ.

343. بۇ بىرقانچە نەرسە بىر (ئادەمدە) يىغىلسا،
ئۇنداقلاردىن مۇقەددەس بەخت تېزىپ يىراقلىشىدۇ.

344. پەلەك ئاڭا باقمايدۇ، بېشى گاڭگىراپ قالىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇي ـ پەيلىمۇ ئاينىيدۇ.

345. يۇر، ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىل،
ياخشى (كىشىنىڭ) ئىشى دائىم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

* 346. ئەمدى، سىناقلار ئارقىلىق يۇكسىلىپ، ئەل ئىشىنى
باشقۇرغان، خۇش پېئىل كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

347. ياخشىلىق نەچچە يىللار ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ،
يامانلىقنى قانچە پەرۋىش قىلسىمۇ تۈزەلمەيدۇ.

348. يامانىنىڭ يېشى قىسقا، (ئۇ) پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ،
ياخشىلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، (ئۇ) پۇشايمانسىز يۈرىدۇ.

349. ياخشى ھەر كۆنى يېڭى ـ يېڭى تىلىكىنى تاپىدۇ،
يامانىنىڭ غېمى كۆندە مىڭلاپ ئاشىدۇ.

## 11

## كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە (ئۆزىنىڭ) قېرىلىقى سۆزلىنىدۇ

350. كىتابنىڭ نامىنى «قۇتادغۇبىلىك» * قويدۇم.
ئوقۇغانلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە يول كۆرسەتسۇن.

351. مەن سۆزۈمنى سۆزلىدىم (ۋە بۇ) كىتابنى يازدىم،
(بۇ) ئىككى دۇنيانى تۇتۇشقا سۇنۇلغان قول (بولسۇن).

352. كىشى ھەر ئىككى دۇنيانى بەختلىك ھالدا (قولدا) تۇتالىسا،
بەختلىك بولىدۇ، بۇ سۆزۈم ھەق، راستتۇر.

353. كۈنتۇغدى ئەلىگنى سۆز بېشى دېدىم،
ئەي ياخشى كىشى، (ئۇنىڭ) تەرىپىنى قىلاي.

354. ئېنىڭدىن كېيىن ئايتولدىنى سۆزلىدىم،
ئۇنىڭدىن ئۇقەددەس بەخت كۈنى يورۇيدۇ.

355. بۇ كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن، ئادالەتتۇر،
ئايتولدى دېگىنىم بەخت ـ سائادەتتۇر.

356. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشنى سۆزلىدىم،
ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

357. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئۇدغۇرمىشتۇر،
ئۇنى ئۆزۈم ئاقىۋەت دەپ تەرىپلىدىم.

358. سۆزۈمنى شۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە سۆزلىدىم،
ئوقۇساڭ (ھەممىسى) ئېچىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئۆتكۈر قىل.

359. خۇشال – خۇرام ھايات كەچۈرگەن، ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايە قىلماي، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.

360. تىرىشقىن، ئادالەت يولىدىن ئاداشما،
يىگىتلىكىڭنى زايە قىلما، (ئۇنىڭ) پايدىسىنى ئال،

361. يىگىتلىكىڭنى قەدىرلە، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
قانچىلىك مەھكەم تۇتساڭمۇ، تىرىكلىك سەندىن قاچىدۇ.

362. سېنىڭدە يىگىتلىك كۈچ – قۇۋۋىتى بار ئىكەن،
(ئۇنى) زايە قىلما، داۋاملىق تائەت، ئىبادەت قىل.

363. يىگىتلىكىمگە قايغۇرىمەن، ئۆكۈنىمەن،
(ئەمما) ئۆكۈنۈشۈمنىڭ پايدىسى يوق، سۆزۈمنى توختىتىمەن.

364. كىمنىڭ ئۆمرىدە يېشى قىرىققا يەتسە،
يىگىتلىك ئۇ ئەر بىلەن خوشلىشىدۇ.

365. ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى،
قۇزغۇن تۇسىدەك (قارا) بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى.

366. ئاتمىش (ياش) ئەمدى مېنى ”كەل“ دەپ چاقىرىۋاتىدۇ،

(ئەجەل) پىستىرمىسىغا يولۇقمىسام، ئەمدى ئۇيىاقىمۇ بارىمەن.

367. كىمنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تۈگەتسە،
ئۇنىڭدىن (ھايات) لەززىتى كېتىدۇ، يازى قىش بولىدۇ.

368. ئوتتۇز ياشتا يىغقانلارنى ئەللىك ياش ياندۇرۇۋالدى،
ئاتمىش ياش قول ئۇزارتسا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟

369. (ئەي) ئەللىك ياش، مەن ساڭا نېمە قىلغانىدىم،
نېمىشقا مەندىن ئۆچ ئېلىشقا تۇردۇڭ؟

370. يىگىتلىكىمدىكى بارچە ئىشىم لەززەتلىك ئىدى،
ئەمدى مېنىڭ يەيدىغان ئېشىمنى ئوغا قىلدى.

371. قەددىم ئوقتەك (تۈز)، قەلبىم يادەك (ئەگرى) ئىدى،
قەلبىمنى ئوقتەك قىلغۇچە، قەددىم يادەك بولدى.

372. يىگىتلىك ماڭا نېمە يىغىپ بەرگەن بولسا،
قىرىلىق كېلىپ ئېلىپ كەتتى، (ئۇ) ساڭمۇ كېلىدۇ.

373. ئەي قۇتۇلدۇرغۇچى، كەل، مېنى قۇتۇلدۇر،
مۇشەققەت بىلەن يىل، ئايلارنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالدىم.

374. ئايىغىم كىشەنسىزلا پۇتلاشتى، ماڭالماس بولدى،
كۆرىدىغان (كۆز) قارىچۇقۇم قاراڭغۇلاشتى، يورىماس بولدى.

375. (ھايات) لەززىتى كەتتى، قەلبىمنىڭ ئوتى ئۆچتى،
يىگىتلىك نامى مېنىڭدىن يىراقلاشتى.

376. ئويغان، ئەي ئاقساقال، ئۆلۈمگە هازىرلان،
ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلا.

377. ۋاقىت، كۈنلەر بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى،
قالغان كۈنلىرىڭدە ئۆزرەڭنى سورىغىن.

378. ئەي موهتاجسىز، مەڭگۈ ۋە دائىم تىرىك ئىگەم،
بۇ سانسىز تىرىكلەرنى ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتقانسەن.

379. سەندىن بۇ سۆز بىلەن دۇئا تىلەيمەن:
مېنى بىرمۇنچە (ۋاقىت) تىرىك قىل، پېشىمنى ئۇزارت.

380. سېنىڭدىن كۈچ – قۇۋۋەت تىلەپ بۇ سۆزنى باشلىدىم،
بۇنى تۈگەتكۈچە، سەنلا كۈچ بەرگىن، ئەي ئىگەم.

* 381. (ئەي) تىلىم، ياراتقۇچىنى (ۋە) يارامسىزلارنى
مەندىن يىراقلاشتۇرغۇچى (ئىگەم)نى تىنماي مەدھىيلە.

382. (چۈنكى ئۇ) تاللىدى، ياراتتى، كۆڭلۈمنى يورۇتتى،
كۆڭلۈمنى توغرا يول ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە تۇتتى.

383. قاراڭغۇدا ئىدىم، تۈنۈمنى يورۇتتى،
زۇلمەتتە ئىدىم، كۈنۈمنى تۇغدۇردى.

384. ئادىشىپ يۈرگەنىدىم، يولۇمنى كۆرسىتىپ بەردى،
ئۇ ساقلىمىغان بولسا، ئۇتتا كۆيەتتىم.

385. (ئۇ) مېنى تاللىدى، ئايرىدى، يۈكسەلدۈردى،

ھەم ئازغىنلار يولدىن چىقاردى.

386. كۆڭلۈمنى يورۇقلۇق بىلەن زىنىنەتلىدى،
تىلىمنى شاھادەت بىلەن بېزىدى.

387. قەلب، كۆز، ئىدراك، ئەقىل ۋە بىلىم بەردى،
تىلىمنى ئېچىپ سۆزۈمنى راۋان قىلدى.

388. مېنى يېتەكلىگۈچى سۆيۈملۈك پەيغەمبەرنىڭ يولىدۇر،
شۇ پەيغەمبەرلا ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن.

389. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگەمنىڭ پەزلىتىدىن ئىدى،
ئۇ، مەندەك تائەتسىز قۇلىنى قەدىرلىك قىلدى.

* 390. يەنە ئايلار ۋە يىللار ھايات ياشىسامۇ،
بۇنىڭ شۈكۈرىسىنى قانداق ئادا قىلارمەن؟

391. ئىلاھىم، بۇ ئاجىزلىقىمنى بىلىسەن،
(شۇڭا) مۇشكۈلۈم ۋە موھتاجلىقىمنى ساڭىلا ئاچىمەن.

392. بۇلارنىڭ ھەممىسگە لايىق شۈكۈر قىلالمايمەن،
مەن ئۇچۇن (ئۆزۈڭ) شۈكۈر قىل، ھېكمىتىڭگە ئەقىل يەتمەيدۇ.

393. مېنى تۈز ۋە توغرا يولدىن چىقارما،
مەندىن بۇ ئىمان تونىنى يەشمىگىن.

394. مېنىڭ بۇ جېنىم تېنىمدىن چىقار ۋاقتىدا،
ئاخىرقى نەپىسىمنى شاھادەت بىلەن ئۈز.

395. قارا يەر قېتىدا ئۆزۈم يالغۇز قالغىنىمدا،
ماڭا ئۇ يەردىمۇ كۆپ رەھمەت قىلغىن.

396. مەن تائەتسىز بىر قۇلۇڭمەن، گۇناھىم ئۇرغۇن،
ئەي قەدىردان، ئۆز پەزلىتىڭ بىلەن مېنى كەچۈرگىن.

397. بارلىق مۇمىنلەرنىڭ ھەممىسگە يار – يۆلەك بول،
ئەتىكى باقىي (ئالەمنىڭ) دىدارىنى بۇگۇنلا كۆرسەت.

## 12

### سۆز بېشى، كۆنتۇغدى ئەلىگ ھەققىدە

398. بىلگىنكى، ئىدراك تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇپ، بىلىم بىلدۇردۇ،
بۇۋاپا دۇنيانىڭ قىلىقىنى ساڭا ئۇقتۇردۇ.

399. بۇ تۇراقسىز، بىۋاپا، قېرى دۇنيانىڭ
مىجەزى قىزغا ئوخشايدۇ، سەپسالساڭ، يېشى چوڭدۇر.

400. بەزى قىلىقى قىزنىڭكىدەك، خۇلقى چىرايلىق،
ئاشىق قىلدۇيۇ، تۇتاي دېسەڭ، قولىنى بەرمەيدۇ.

401. سۆيگەننى سۆيمەيدۇ، كېيىكتەك قاچىدۇ،
قاچقانغا يېپىشىدۇ، ئايىغىنى قۇچاقلايدۇ.

402. بەزىدە قارىساڭ، بېزىنىپ ئىزىڭدىن يۈگۈرىدۇ،
بەزىدە كۆرمىگەندەك (بېشىنى) يەرگە سالىدۇ.

403. بەزىدە باقساڭ، يەنە تېزلا يۈزىنى ئۆرۈيدۇ،
قانچە تۇتاي دېسەڭمۇ نازلىنىپ تۇتۇق بەرمەيدۇ.

404. (ئۇ) كۆپلىگەن بەگلەرنى قېرىتتىيۇ، ئۆزى قېرىمىدى،
تالاي بەگنى (بېشىدىن) كەچۈردى، سۆزى تۈگىمىدى.

* * *

405. دۇنيادا بىر دانا ـ بىلىمدان بەگ بار ئىدى،
ئۇ ئۆزۈن يىل بەگلىك قىلىپ ئۆتتى.

406. بۇ — نامى مەشھۇر كۈنتوغدى ئىدى،
جاھانغا داڭقى چىققان بەختىيار ئىدى.

407. تەبىئىتى دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم،
سۆزلىرى چىن ـ ھەق، كۆزى ـ كۆڭلى باي ئىدى،

408. بىلىملىك، ئىدراكلىق، سەزگۈر بەگ ئىدى،
يامانلارغا ئوت، دۈشمەنگە ئاپەت ئىدى.

409. ئۇ باتۇر ۋە مەغرۇر، توغرا تەبىئەتلىك ئىدى،
بۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كۈنسېرى (يۇقىرى) ئۆرلەتتى.

410. ئۇ، شۇنداق بەگ ئىدىكى، بىلىملىرى بىلەن
ياشىدى، توغرا ئىش ـ ھەرىكەت قىلدى.

411. غەيرەت ـ ئىشتىياق بىلەن سىياسەت يۈرگۈزدى،
ئىشتىياق ئالىيجانابلىقا يارىشىدىغان ئىش.

412. بۇنىڭغا تەقلىدتەن (بىر) شائىرنىڭ سۆزى (ئېسىمگە) كەلدى،
(بۇنى) ئوقۇسا، ئوقۇغانلارنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ:

* 413. ياۋۇز، يارىماسلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
كىشى ھەم ھىممەتلىك ھەم مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك.

414. كشلك ئۆچۆن هممەت، مۆرۆۋۋەتلك كېرەك،
كشنىڭ قەدرى هممەت ۋە مۆرۆۋۋەت دەرىجسى (بلەن
ئۆلچنىدۆ).

415. بۆ كۆنتۆغدى ئەلگ ئاشۆ مجەز ـ خۆلقى بلەن
كۆن ۋە ئايدەك پارلاپ دۆنياغا يورۆدى.

416. كم ئەقل ـ ئدراكلق بولسا، ئۆنى چاقىرتتى،
كم بلملك بولسا، ئۆنى يۆكسەلدۆردى.

417. ئۆنىڭ (ئەتراپىغا) دۆنيادىكى خل،
ئەقل ـ ئدراكلق، بلملك كشلەر زىچ توپلاندى.

418. ئۆ، ئل ـ يۆرت ئشنى ئۆزىلا تۆزەپ، يولغا سالدى،
(لېكن) يەنە خل كشلەرنىڭ بولۆشنمۆ تلەيتتى.

419. ئۆزىگە ياردەم قلسا، ئش باشلسا،
ئۆزى بر پەس ئارام ئالسا، ئشلارنى ئۆ ئشلسە (دەيتتى).

* * *

420. (كۆنتۆغدى) بر كۆنى ئۆزى (يالغۆز) ئۆلتۆرۆپ، قايغۆرۆپ
ئېيتتى:
"بەگلك" دېگەن سۆز (ۋە) بەگلك ئشى ـ بۆيۆك ئش.

421. قارىساڭ باش ئاغرىقى كۆپ، ئشمۆ نۆرغۆن،
كۆپ ئشلارنى ئۆڭشايدىغان ئدراكلق ئادەم ئاز تېپلدۆ.

422. ئەل ـ يۇرتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلالمايمەن،
ماڭا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىر ئادەم كېرەك.

* 423. ماڭا ئەمدى كىشلەرگە باش بولالايدىغان،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق، بىلىملىك، تاللانغان بىر ئادەم كېرەك،
(دەيتتى).

424. (ئۇ) سادىق، ئىشەنچلىك، ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا،
تىلى ۋە كۆڭلى تۈز، (ئىشلارنى) چۈشىنىدىغان بولسا ئىدى.

425. مېنىڭ ئىشلىرىمنى قىلىشىپ بەرسە،
بارلىق سىرلىرىمنى ياخشى چۈشىنىپ كېتەلىسە ئىدى.

* 426. بېشىدىن (نۇرغۇن ئىش) كەچۈرۈپ، يېشى ئۇلغايغان،
تەجرىبىلىك بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

427. ئەر ئۈچۈن ياردەمچى (ۋە) يۆلەنچۈك (بولالىغۇدەك)،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق، دانىشمەن ئەل باشقۇرغۇچىلار كېرەك.

428. بارلىق ئىشلارنى بىلىدىغان بىر ياردەمچى كېرەككى،
ئىشنى بىلىپ ئىشلىسە كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ.

429. ياردەمچىلەر كۆپ بولسا، بەگ جاپا چەكمەيدۇ،
ئۇنىڭ ئىشى ئوبدان يۈرىشىدۇ، قانۇن بۇزۇلمايدۇ.

430. بىلگىنىكى، ھەرقانداق ئىشتا ياردەمچى كېرەك،
بولۇپمۇ بەگلىك ئىشىغا تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كېرەك.

431. ئەلىگ، ياردەمچى تىلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى،
ھەممە ئىشقا ئۆزى قول تەگكۈزدى.

432. (ئۇ) كۈندە ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت چېكەتتى،
ھۇزۇر ـ ئارام تىلىسە، ئورنىغا جاپا تەگدى.

433. سەپسالساڭ، سىناپ سۆزلەيدىغان،
بەختكە ئېرىشكەن كىشى بۇ سۆزنى ئوبدان ئېيتقان:

434. راھەت تىلىسەڭ، قوشۇلۇپ جاپامۇ كېلىدۇ،
شادلىق تىلىسەڭ، بىرلىكتە قايغۇمۇ تېگىدۇ.

435. كىشى قانچە يۈكسەلسە، باش ئاغرىقىمۇ كۆپىيىدۇ،
بېشىڭ قانچە چوڭايسا، شۇنچە چوڭ بۆك كىيىسەن.

436. ئەلىگ پۈتۈن مەملىكەتكە كۆز ـ قۇلاق تۇتتى،
ئۇنىڭغا ھەممە تاقاقلىق ئىشىكلەرمۇ ئېچىلدى.

437. يارامسىزلارنىڭ قولىنى باغلاپ، جىمىقتۇردى،
يامانلارنى سۈرۈپ، ئەلدىن يىراقلاشتۇردى.

438. (ئۇ) شۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ئېلىنى باشقۇردىكى،
ئامىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، يۇقىرى ئۆرلىدى.

439. كىشى ئۈچۈن ھەرقانداق يەردە ھوشيارلىق كېرەك،
بولۇپمۇ بەگلىك ئىشىغا ئېھتىيات زۆرۈر.

* 440. ئەل ئىشلىرى ۋە (ئۆزۈڭنىڭ) ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن،

ئېھتىيات (ۋە) ھوشيارلىق كۆپ پايدىلىقتۇر.

441. بۇنىڭغا تەقلىدتەن، (بىر) شائىر سۆزى (يادىمغا) كەلدى،
شائىرنىڭ ئېيتقىنى بۇ سۆزۈمگە ئۇل ــ ئاساس بولىدۇ؛

442. ھوشيارلىق، ئېھتىياتنى ئەرلەر ماختايدۇ،
(چۈنكى) بىخۇدلۇق بىلەن تۇمەنلىگەن ئەرلەر جېنىدىن ئايرىلدى.

443. ھەرقانداق ئىشتا بىخۇدلۇق قىلماي، ئېھتىيات قىل،
مۇشۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىككى دۇنيانى ئارزۇ قىل.

444. بىلگىنكى، ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ،
دۇشمەن كەلسە ئەڭ ئاۋۋال بىخۇدلار ئۆلىدۇ.

* 445. ئېھتىياتچان بولۇپ، دۇشمەننى يەڭگەن
ۋە جاھانغا ھاكىم بولغان ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

446. ئەي جاھان باشقۇرغۇچى، ئەلنى (سورىماق) تىلىسەڭ،
ئېھتىياتچان بول،
ئېھتىياتچانلىق شەرىئەتنىڭمۇ تەلىپىدۇر.

447. بىخۇد كىشى كۆز يۇمۇپ، غەپلەتتە ئۇخلايدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك، بىخۇد بولما، ھوشيار بولغىن.

448. ئەلىگنىڭ ھوشيارلىقى ئەلگە پايدا يەتكۈزدى،
بۇ پايدا بىلەن ئەل ھالاۋەتكە يېتىشتى.

449. ئېلىنى تۈزەپ، ئۇڭشىدى، خەلق بېيىدى،

ئۇ زاماندا بۆرە بىلەن قوي بىللە سۇ ئىچتى.

450. ياخشى كۆرىدىغانلار خۇشاللىق بىلەن ئۇنى ماختىدى،
دۈشمەنلىرى (بۇنى) ئاڭلاپ، بوينىنى ئەگدى.

451. بەزىلەر (ئۇنىڭغا) سىغىنىپ كەلدى ۋە پاناھ تىلىدى،
بەزىلىرى كېلىپ ئەلىگىنىڭ ئىشىكىنى سۆيدى.

452. ئەمدى كۆڭلى ئويغاق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئۇنىڭ سۆزى تۈمەن خىل چېچەكتەك رەڭمۇرەڭدۇر.

* 453. ئەي قىزىل يۈزلۈك (ئىنسان)، ئىش ـ ھەرىكىتى ئادىل بولسا،
بۇ بەگلىك ئۇلۇغ ھەم ناھايىتى ياخشى نەرسىدۇر.

454. بەگلىك ناھايىتى ياخشى، (ئەمما) تېخىمۇ ياخشىراقى —
قانۇندۇر، ئۇنى توغرا يۈرگۈزۈش لازىم.

* 455. بىگ ياخشى بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە،
خەلق ئۇچۇن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ ـ ھە!

456. ياخشى نام ئەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس بەخت ـ ھە،
بۇنداق ياخشى نام ۋە بەخت مەڭگۈ قالىدۇ.

* 457. خەلق ئىشىنى كىشىلىك بىلەن باشقۇرسا،
بۇنداق ياخشى كىشى نەقەدەر ياخشى بەگ بولغان بولاتتى!

458. ئەلىگىنىڭ (بۇ) ياخشىلىقلىرى بارلىق ئەللەرگە يەتتى،
ئۇنىڭ شۆھرىتى ـ داڭقى جاھانغا يېيىلدى.

459. ئەلدە (ئۆنىڭغا) دۇئا (قىلغۇچىلار) كۆپەيدى، ياخشى نام قازاندى،
ئۇنىڭ نامى ۋە سائادىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆلغايدى.

460. دۇنيا خەلقى ئۇنى ئاڭلاپ ۋە ئارزۇ قىلىپ،
توپلىشىپ، يىغىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

461. قارا، دۇنياغا پۈتۈنلەي بەخت كەمرى باغلاندى،
قوزا بىلەن بۆرە بىرگە قېتىلىپ يۈرىدىغان بولدى.

13

## ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

462. ئايتولدى ئاتلىق بىر زەكىي ئادەم بار ئىدى،
(ئەلىگنىڭ) داڭقىنى ئاڭلاپ، تەييارلىق كۆردى.

463. ئۇ ياش، يۇمشاق پېئىل بىر يىگىت ئىدى،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق، بىلىملىك ھەم چوڭقۇر پىكىرلىك ئىدى.

464. ئۇنىڭ يۈزى (شۇنچىلىك) چىرايلىق ئىدىكى، قارىسا كۆزنى قامىتاتتى،
سۆزلىرى يۇمشاق ئىدى، تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى.

465. (ئۇ) بارلىق پەزىلەتلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ،
بۇ پەزىلەتلەرنى ئىگىلەپ يۈرەتتى.

* * *

466. ئۇ ئۆزىگە قاراپ شۇنداق دېدى: مەنمۇ بۇگۈن
تۈمەنلىگەن پەزىلىتىم بىلەن ئەلنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن.

467. يەنە نېمىشقا بۇ يەردە بىكارغا يۈرىمەن؟
ئەلىگنىڭ (يېنىغا) باراي ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاي.

468. بۇ پەزىلەتلىرىم ئەلىككە پايدا يەتكۈزسۇن،
(ئۇ ماڭا) غەمخورلۇق قىلسۇن، مۇشەققەتلىرىم تۈگىسۇن.

469. ئۇ ئىدراكلىق، بىلىملىك، مۇلايىم بەگ ئىكەن
ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى خالايدىكەن.

470. ئەقىل ـ ئىدراك قەدرىنى ئەقىللىقلار بىلىدۇ،
ئالىملار بىلىم ساتسا، (ئۇنى) بىلىملىكلەر ئالىدۇ.

471. (بىر) شائىر بۇنىڭغا ئوخشىتىپ ۋە تەقلىد قىلىپ،
تىل ۋە لەۋزى بىلەن (بۇ) سۆزنى ئېيتتى.

472. "بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ،
ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ قەدرى بىلىمدىن كېلىدۇ.

473. تەلۋە (نادان) بىلىمنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن،
قەيەردە بىلىم تېپىلسا، بىلىملىك (بېرىپ) ئالىدۇ."

* * *

474. ئايتولدى، ئات، كىيىم، قورال تەييارلىدى
ۋە "خىزمەت قىلىشقا يول ئالاي" دېدى.

475. ئۇ، ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بولدى،
بۇ دانا، ئالىم ئەلىگ تەرەپكە يول ئالدى.

* * *

476. يەنە (ئۇ ئۆزىگە) ئېيتتىكى: "مەن بۇ يەردىن قوزغىلىپ،
ئەلىگ خىزمىتىگە يۈزلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

477. يات يەردە مال لازىم بولىدۇ،
قول قىسقىلىق قىلسا، يۈزۈم سارغىيىدۇ.

478. غېرىبلىق دېگەن ناھايىتى قاتتىق نەرسە،
نى - نى ئەرلەرنىڭ غېرىبلىقتىن بېشى قايغان.

* 479. ئۆزۈم ئىشلىتەي دېسەم، شۈبھىسىزكى،
نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش كېرەك بولىدۇ."

480. ئەمدى، بىلىمى دېڭىزدەك (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
نەزەر سالساڭ، ئۇ مەمنۇن كىشى سۆزىنى ئوخشىتىپ ئېيتقان:

481. كىمكى (خان) خىزمىتىگە كىرەي دېسە،
كېسىپ ئېيتايكى، ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە كېرەك.

482. بىرسى، ئاغرىق - سىلاقسىز، ساغلام ھايات.
ئۇ نۇقسانسىز خىزمەت كۆرسىتىپ، يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

483. يەنە بىرسى، ئەي زېرەك، ساپ ئالتۇن كېرەك،
ئۇنى ئىشلىتىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرسۇن.

484. شۇنىڭدىن كېيىنلا سېنىڭ خىزمىتىڭ يارايدۇ،
بۇنى بىلسەڭ، ساڭا ئىشىك تاقالمايدۇ.

* 485. (ئايتولدى) "ھاجىتىم چۇشكەندە كېرەك بولار" دەپ،

ساپ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مال ـ دۇنيا ئېلىنۋالدى.

* * *

486. (ئۇ) ئۆيدىن قوزغىلىپ چىقتى، ئۇ ياققا (قاراپ) ماڭدى،
بىر مۇددەت يۈردى ھەم بىر مۇددەت توختاپ (دەم ئالدى).

487. (ئاخىر) ئەلىگ تۇرىدىغان ئۇردىغا يەتتى،
جان ـ دىلى ئىنتىلگەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە ئېرىشتى.

488. شەھەرگە كىرىپ، قونالغۇ ئىزدىدى،
قونالغۇ تاپالماي، دۇنيا ئۇنىڭغا تار كۆرۈندى.

489. غەمگە پاتتى، (ئاخىر) بىر غېرىبخانىغا بېرىپ چۈشتى،
كېچىسى شۇ يەردە يېتىپ، چىدام بىلەن تۈننى ئۆتكۈزدى.

490. ئىدراكلىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇنى بىلىمدىن ئېلىپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ ساڭا سۆزلىدى:

* 491. تونۇش ـ بىلىشى بولمىغان كىشى يات كىشىلەر
ئىچىگە يالغۇز كىرىپ قالسا، ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ.

492. يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ تونۇشى بولمىسا، داۋاملىق
موھتاجلىق ئىچىدە تۇرسا، بەك ئېغىر بولىدۇ.

493. تونۇش ـ بىلىشى يوق كىشىلەر قارىغۇغا ئوخشايدۇ،
قارىغۇ يولدىن ئاداشسا، ئۇنى سۆكمەسلىك كېرەك.

494. ئەگەر كىشى كېلىپ باقمىغان ئەلگە كەلسە،
ئەر كىشمۇ كېلىندەك (تارتىنچاق) بولۇپ تىلى تۇتۇلىدۇ.

495. يات يەردىن كەلگەنلەرگە يار ـ يۆلەك بول، يېمەك ـ ئىچمەك بەر،
مۇساپىرلارنى قەدىرلە، ئەي دانا ئالىم.

496. ياتلارنى قەدىرلىسە، ئەر يۈزى يورۇق بولىدۇ،
مۇساپىرلارغا ياخشى قارىسا، شۆھرىتى تارقىلىدۇ.

497. كىشىگە ھەرقانداق يەردە تونۇش ـ بىلىش كېرەك.
ھەرقانداق ئىشلار تونۇشلار ئارقىلىق قىلىنىدۇ.

498. ئايتولدى بىرمۇنچە ۋاقىت شۇ تەرىقىدە يۈردى،
غېرىبلىق ئازابى ئۇنىڭ چىرايىنى سارغايتتى.

499. (كېيىن) ئۇ كىشىلەر بىلەن تونۇشتى،
ماكان تۇتتى ۋە كۆلۈپ (يۈزى) نۇرلاندى.

500. يەنە ئۇ ئەل ـ ئاغىنە تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن يېقىنلاشتى،
چوڭىغىمۇ، كىچىككىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچتى.

501. ئايتولدى ئۆزىگە بىر ھەمراھ تاپتى،
ئاتاقلىق بىر كىشى بىلەن دوستلىشىپ، مەسلىھەتلەشتى.

* * *

502. ئايتولدى ياخشى بىر ئادەمنى دوست تۇتتى،

ئۇنىڭ ئىسمى كۈسەمىش بولۇپ، ياخشى ئىشلار قىلاتتى.

503. ئايتولدى ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئاچتى،
ئارزۇسى نېمىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى (ئېيتتى).

504. ئۆز يېرىدىن نېمىشقا بۇ ياققا كەلگەنلىكىنى
ۋە ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

* * *

505. ئەلىككە يېقىن بىر خاس ھاجىپ بار ئىدى،
ئۇ ناھايىتى مەرد (كىشى بولۇپ)، ئەلىگ بىلەن سىرداش ئىدى.

506. كۈسەمىش بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا باردى،
سۆزگە يول تېپىپ، ھەممە گەپنى (ئۇنىڭغا) ئېيتتى.

507. ھاجىپ سۆزنى تەكتىگە يەتكۈزۈپ،
(ئايتولدىنىڭ) مەقستى نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق سورىدى.

508. كۈسەمىش ھەممە گەپنى — (ئايتولدىنىڭ) كىم ئىكەنلىكىنى
ۋە ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

## ھاجىپنىڭ كۈسەمىشكە بەرگەن جاۋابى

509. ھاجىپ ئېيتتى: ئاۋۋال مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن،
مەن ئۇنى كۆرەي، ئۇمۇ مېنى كۆرسۇن.

510. كېيىن، بۇ سۆزنى ئەلىككە يەتكۈزەي،

ئۇنىڭ قاچان كېلىپ، قايسى كۈنى كۆرۈنۈشىنى (سوراي).

## كۈسەمىشنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقان سۆزى

511. كۈسەمىش تۇرۇپ، ئۇ يەردىن چىقتى ۋە يەنە (ئايتولدى)
قېشىغا كېلىپ دېدى: ئەي ئايتولدى، كۈنۈڭ تۇغدى.

512. ئەمدى بېرىپ ھاجىپ بىلەن تونۇشقىن،
نېمە ئارزۇ – تىلىكىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن سورا.

513. (ئۇ) سېنى كۆرسۇن، بىلسۇن، سۆزلىرىڭنى ئاڭلىسۇن،
نېمە تىلىكىڭ بولسا، ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلە.

514. ئۇنىڭغا (سېنىڭ) بارلىق سۆزلىرىڭنى ئېيتتىم،
ياخشىراقى مەندىن كۆرە ئۆزۈڭ ئوچۇق ئېيتقىن.

* 515. راست سۆزلۈك، توغرا پىكىرلىك ئادەم ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
تولۇق سەپسالساڭ، بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا:

516. كىشى باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى سۆزلەپلا قويىدۇ (خالاس)،
ئۆز ئىشىڭغا باشقىلاردىن كۆرە ئۆزۈڭ جان كۆيدۈرسەن.

517. ئۆزۈڭگە قانچە يېقىن ياخشى كىشى بولمىسۇن،
ئويلانغىن، (ئۇ) ئۆزۈڭدىنمۇ سادىق بولالامدۇ؟

518. ئۆزۈڭگە سادىق (كىشى) ئىزدىسەڭ،
ئۆزۈڭدىن سادىقراق كىشى يوق، سۆز تامام.

* * *

519. ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ، تونىنى كىيدى، چىقىپ، كۈسەمىش بىلەن ئۇ ياققا باردى.

520. ئىشىككە يېتىپ (ئاتتىن) چۈشتى، (پىيادە ئىچكىرى) كىردى، ھاجىپنىڭ خىزمەتچىسى كېلىپ قارشى ئالدى.

* * *

521. كۈسەمىش كىرىپ (ھاجىپ بىلەن) ئۇچراشتى، يېنىپ چىقىپ، (ئايتولدىنى) چاقىرىپ، ھاجىپ قېشىغا ئېلىپ كىردى.

* * *

522. ھاجىپ ياخشى قارشى ئېلىپ تۆردىن ئورۇن بەردى، ياخشى ۋە ئىللىق سۆزلەرنى قىلدى.

## ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

523. ھاجىپ سورىدى: كەيىڭ قانداق؟ كېلىپ نەگە چۈشتۈڭ؟ (تۇرغان) ئورنۇڭ قانداقراق؟

524. تونۇش – بىلىشىڭ، يار – دوست، بۇرادىرىڭ بارمۇ؟ قارايدىغان كىشىڭ، يېمەك – ئىچمىكىڭچۇ؟

525. يەنە ئۇ سورىدى: تىلىكىڭ نېمە؟ نېمە ئىش قىلماقچىسەن، نېمىلەر كېرەك؟

## ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

526. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ھاجىپ،
مەن بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگىنىڭ نامىنى ئاڭلىدىم.

527. يىراقتىن ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىدىم،
بىلىمىدىن، ئەقىل - ئىدراكىدىن، ئوبدان سۆزلىرىدىن
(خەۋەر تاپتىم).

528. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئارزۇ قىلدىم،
ئۇنىڭ ئىشىكىگە خىزمەت قىلغىلى كەلدىم.

529. تىلىكىم — ئەلىككە خىزمەت قىلماق،
ھاجىپ مۇناسىپ كۆرسە، بۇ سۆزۈمنى ئىلتىماس قىلىپ باقسا.

* * *

530. ھاجىپ ئايتولدىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى،
ئۇنىڭغا كۈلەپ مەدھىيە ئېيتتى.

531. (ئۇنىڭ) ھۆسنى - چىرايى، مىجەز - خۇلقى، تەقى - تۇرقى،
ئۆز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

532. ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ، ماقۇل تاپتى.
بۇ كىشى ئەلىگ خىزمىتىگە يارايدىكەن، دېدى.

533. سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولسا، نۇقسانى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

534. كىمنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭ ئەيىبى پەزىلەت تۇيۇلىدۇ،
كىمنى سۆيمىسەڭ (ئۇنىڭ) پەزىلىتى قۇسۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

535. بۇنىڭغا شاھىت تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى سۆز (ئېسىمگە) كەلدى،
ئەي، ئەزىز ئادەم، بۇنى سەن ئۇقۇغىن:

536. دىلىڭ كىمنى سۆيسە، (ئۇنىڭ) نۇقسانى پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ.
بارلىق تەتۈر ئىشلىرى ئوڭ، كەم يېرى تولۇق (كۆرۈنىدۇ).

537. دىلىڭ كىمنى سۆيسە، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى سۆيۈملۈك بولىدۇ،
(ئۇ) كۆرەر كۆزۈڭگە ئۇرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

## ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

538. ھاجىپ ئايتولدىغا جاۋاب بەردى
(ۋە) دېدى: ئالدىرىما، مېنى كۈتۈپ تۇر.

539. مەن ئاۋۋال ئەلىككە سۆزۈڭنى (يەتكۈزەي)،
تىلىكىڭنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتاي.

540. سېنى بىلسۇن، ئاندىن يۈز كۆرۈشسۇن،
(سېنى) كەمسىتمىسۇن، قەدرىڭنى قىلسۇن.

541. كېرەك نەرسەڭ بولسا، مەن قارىشىپ تۇرىمەن،
ھەممە ئىشلىرىڭنى خۇشاللىق بىلەن ئاتقۇرۇپ بېرىمەن.

* * *

542. (ھاجىپ) ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلدى،
ئىشىگنى بېجىرىپ بېرىمەن دەپ، قاتتىق بەل باغلىدى.

543. ياخشى ئادەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ،
ياخشى كىشى خەلقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ.

* 544. خەلقنى باشلىغان (ۋە) بارلىق ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ
ئىشلەيدىغان ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

545. كىمنىڭ دۆلىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن،
(ئۇ) خەلققە ياخشى قانۇنلارنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

546. كىمكى خەلققە ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە،
قىلىقى كۆركەم، مىجەزى تەمكىن بولۇشى لازىم.

547. كىمنىڭ خەلق ئىچىدە گېپى، ئاقىدىكەن،
(ئۇنىڭ) تىلى - سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولۇشى لازىم.

548. دۆلەت دېگەن ئۆزگىرىشچان نەرسە، تۇزەيدۇ ھەم بۇزىدۇ،
(ئۇ) شۇنچىلىك تۇراقسىزكى، تېز كېلىدۇ ۋە تېزلا (كېتىدۇ).

549. بەخت - ئامەتكە ئىشەنمە، مۇمكىنقەدەر ياخشىلىق قىل،
بىلگىنكى، بەخت بۇگۈنى بۇ يەردە بولسا، ئەتىسىلا ئۇ يەردە بولىدۇ.

550. ئەي، بەخت تىلىگۈچى، بەخت ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ كەتمە،
كەلگەن بەخت (ئاخىر) كېتىپ قالىدۇ.

551. ئەي دۆلەتمەن، (داۋاملىق) مۇشۇ دۆلىتىڭ بىلەن
تۇراي دېسەڭ، ياخشىلىق قىلىپ تۇرغىن.

552. ساڭا ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولۇپ، بەگلىككە ئېرىشسەڭ،
بېشىڭ ئاقارغۇچە ئۇزۇڭنى كىچىك تۇت.

553. ھاجىپ يەنە (مۇنداق) دېدى: ئەمدى (سەن) قايت،
خۇشال ياشىغىن، (چۈنكى) بەخت كەمىرىنى باغلىدىڭ.

554. سەن خىزمەت قىلىش پۇرسىتى ئۈچۈن ئانچە ئالدىرىما،
ۋاقتى كەلگەندە، پىپىق ئىشىك (ئۇزى) ئېچىلىدۇ.

555. بىلىملىك كىشىنىڭ بۇ سۆزى ياخشى ئېيتىلغان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىگە باقساڭ، (ئۇ گويا) تاۋار – دۇردۇنغا
ئوخشايدۇ:

556. قانداقلىكى ئىشقا ئالدىرىساڭ، ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ، كېچىكىدۇ،
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار ئۈكۈنۈچلۈك بولىدۇ.

557. ئىشنىڭ ۋاقتىنى كۈتۈش، ئالدىرىماسلىق لازىم،
ئەي دانا، ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا بولىدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

558. ئايتولدى (ھاجىپنىڭ) بارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىدى
(ۋە بۇنداق) دېدى: تاقەت قىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتتۇۋالاي،

559. ھاجىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆزۈمنى ئاڭلىدى،

نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلىسۇن.

560. ھاجىپ قايسى ۋاقىتتا مېنى خالىسا،
شۇ زامان، شۇ كۈنى كېلەي، دېدى.

* * *

561. ئايتولدى تۇرۇپ ئۇ يەردىن چىقتى،
كېلىپ ئۆيگە كىردى (ۋە) تونىنى يەشتى.

* * *

562. ھاجىپ كۆردىكى، ئايتولدىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى
باشقا كىشىلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە، ئالاھىدە ئىكەن.

563. (ئۇ)، مەن بۇنداق ئەقىللىق، بىلىملىك،
خەلقنى باشلايدىغان كىشىنى كۆرمىگەن ئىدىم، دېدى.

564. بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى قىس (قىز) بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئىسمىمۇ
"قىز" بولغان[1].

565. نېمىكى قىس بولسا، ئۇ قىممەتلىك بولىدۇ،
قىممەتلىك نەرسىگە كۆپ مۇشەققەت چەكمىگۈچە ئېرىشكىلى
بولمايدۇ.

566. بۇنداق كىشىلەر ئەلگە لازىم،

① قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "قىز" سۆزى بىلەن "قىس" سۆزى ئوخشاشلا "قىز" دېيىلەتتى.

ئەلگكە لازىم نەرسە ئەلگمۇ لازىم.

567. پەزىلەت ئىگىسى ھەممگە پايدا يەتكۈزىدۇ،
كىشى پەزىلىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتىدۇ.

* * *

568. پۈرستى كەلدى، ھاجىپ ئەلگكە سۆز ئېچىپ،
ئايتولدىنىڭ مجەز ـ خۇلقى (ۋە) تەكتىنى بىلدۈردى.

569. (ئۇنىڭ) مجەز ـ خۇلقى، ئادىتىنى سۆزلەپ بەردى،
پاراستىگە مۇناسىپ بىلىملىرىنى ساناپ بەردى.

## ئەلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

570. ئەلىگ ئاڭلىدى ۋە دېدى: "كەلتۈر، قېنى،
ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ؟ ئۇنى بىر كۆرەي.

571. مەن ئىزىمنى بېسىپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى
قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر كىشىنى ئىزدىگەن ئىدىم.

572. بارلىق تىلىكىمگە ئېرىشتىم، يەنە بىر (ئارزۇيۇم) شۇكى،
مۇشۇنداق بىر كىشىگە موھتاجمەن.

573. ئەي جەسۇر قەھرىمان، يۈر، بېرىپ ئۇنى چاقىر،
ھۇزۇرۇمدا (ئۇنى) ماڭا كۆرسەت.

* * *

574. ھاجىپ ئورنىدىن تۇردى، ئىشىككە چىقىپ،
بىر ئوغۇلنى يۈگۈرتۈپ، خەۋەر يەتكۈزدى.

575. بۇ بالا يۈگۈردى ـ دە، سۆزنى يەتكۈزدى،
(ئايتولدى) ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆيۈنگەن ھالدا تونىنى كىيدى.

576. ئۇ ئىتنى مىندى، دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى،
ھاجىپ قارشىسىغا چىقىپ، (ئىچكىرىگە) باشلىدى.

577. ھاجىپ (ئۇنى) قەدىرلەپ تۆردىن ئورۇن بەردى،
قارا، ئايتولدىمۇ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى.

* * *

578. ھاجىپ ئەلىگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى،
تۆرە تۇرۇپ ئەلىگدىن ئىلتىماس قىلدى.

## ئەلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

579. ئەلىگ ئېيتتى: چاقىر قېشىمغا كىرسۇن،
مەن ئۇنى كۆرەي، (ئۇمۇ) مېنى كۆرسۇن.

* * *

580. ھاجىپ چىقتى ۋە "ئەي، ئايتولدى، تۇر،
(ئەلىگ) ھۇزۇرىغا بار، بەخت (كەمىرى) ساڭا باغلاندى"، دېدى.

## 14

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگ كۈنتۇغدى ھۇزۇرىدا كۆرۈنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

581. ئايتولدى كىرىپ، تىزلىنىپ (ئەلىگكە) كۆرۈندى،
ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ئەلىگنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى.

582. ئەلىگكە ئېگىلدى ۋە سۆز ئاچتى،
ئۇنىڭ سۆزى ئەلىگنى خۇش قىلدى (ۋە) ئۆزىمۇ سۆيۈندى.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

583. ئەلىگ ئېيتتى: كىم سەن، ئېتىڭ نېمە،
نەدىن كەلدىڭ، يۇرتۇڭ قەيەردە؟

*  *  *

584. ئايتولدى تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلاپ،
ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆز سۆزىنى بايان قىلدى.

*  *  *

585. تەمكىنلىك، ئالىيجانابلىق ئەقلىنىڭ ئىشى،
ئەقىل ـ پاراسەتسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋاندۇر.

586. بۇنىڭغا تەقلىدتەن شائىر بۇ بېيىتنى ئېيتتى،
(بىرسىگە) ھاجىتىڭ چۈشسە، ئالدىرىسا، سەۋر بىلەن ئېيت:

587. ئىشقا ئالدىراپ كىرىشمە، سەۋر قىلىپ كۈت،
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

588. ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىما، تاقەت قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
قول تاقەت قىلسا، بەگلىك كەمىرىگە ئېرىشىدۇ.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

589. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، دۆلەتلىك ئەلىگ،
قۇللۇق نامى خىزمەت بىلەن گۈزەللىشىدۇ.

590. نامىم — قۇل، خىزمەتكار، ئورنۇم ئىشىك ئالدى،
ئىشلىرىم — ئادىللىق، ئادىتىم — خىزمەتتۇر.

591. ساڭا ئىنتىلىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلدىم،
بۈگۈن ئارزۇيۇم قېنىپ، تىلىكىمگە يەتتىم.

592. تىلىكىم شۇكى، سەن مېنى چەتكە قاقماي،
خىزمەتكە سال، مېنى رەت قىلما.

* * *

593. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈندى،
تىلىگەن (ئادىمى) تېپىلدى (ۋە ئۇ) ئەرنى سىناپ كۆردى.

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

594. ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، سېنى كۆردۈم،
چىرايىڭ ۋە خۇلقۇڭ مېنى سۆيۈندۈردى.

595. سەن ئۆز لايىقىدا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىل،
(دائىم) ئىشىكىمدە تۇر، يېقىن بول.

596. مەندىن ئېھسان، سەندىن خىزمەت بولسۇن،
خىزمەت جايىدا بولسا، بەخت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

597. بۈگۈندىن باشلاپ باش تارتماي خىزمەت قىل،
خىزمەت كۆرسەتسە، بەگ خىزمەتچى ھەققىنى ئۆتەيدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

598. ئايتولدى يەر ئۆپتى ۋە شۇنداق دېدى:
ئەلىگ ئېتىبار بىلەن قارىسا، دۆلەت قول ئۇزىتىدۇ.

599. مەن ئۆيۈمدىن چىقىپ، خىزمەت قىلىشقا كەلدىم،
ساڭا يۈزلىنىپ، ئۇزۇن يول يۈردۈم.

600. خىزمەت قىلىش ئۈچۈن خۇدا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن،
سېنىڭ خىزمىتىڭدە خاتا قىلىشتىن ساقلىسۇن.

* * *

601. (ئايتولدى) تۇرۇپ، سۆيۈنۈپ كۈلگەن ھالدا ئىشىككە چىقتى،

ئەقلى ـ كۆڭلى ئېچىلىپ، مەشئەلدەك يورىدى.

* 602. بەختكە ئېرىشكەن ۋە شۇ بەختنى يۈزىسىدىن
ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتكەن ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

603. بەگلەر كىشىگە كۈلۈپ باقسا،
(ئۇ كىشىنىڭ) ئەقىل ـ كۆڭلى جانلىنىپ، ئۆزى مەغرۇرلىنىدۇ.

604. بەگلەر كىشىگە خۇش خۇي چىراي ئاچسا،
(ئۇ كىشى) ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ، سۆزى ئۆتىدۇ.

605. بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
(ئۇنىڭغا) ھەممە نەرسە يېقىنلىق قىلىدۇ.

606. بەگ بەخت دېمەكتۇر، بەختكە كىشى يېقىن بولسا،
ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ، بارلىق ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

* * *

607. شۇنىڭدىن تارتىپ ئايتولدى خىزمەت قىلدى،
سەھەر تۇرۇپ (بىردەممۇ) خىزمەتتىن نېرى بولمىدى.

608. كۈندۈزى ساقچى بولدى، كېچىسى كۆزەتتە تۇردى،
توغرىلىق ۋە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى.

609. ئەلىك قېشىغا دائىم كىرىپ ـ چىقىپ تۇردى،
ئەلىگمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆز بىلەن قارىدى.

610. (ئايتولدى) كۈنگە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ تۇردى،

ئەلگمۇ كۈنسېرى باشقىچە قەدىرلىدى.

611. بەگلەر قۇلىنى (ئۆنىك) خىزمىتى ئۈچۈن قەدىرلەيدۇ،
خىزمەتتە (ئەجىر) سىڭدۈرسە، كىچىكلەرمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ.

612. خىزمەت قىل، خىزمەت بىلەن قۇل بەگ بولىدۇ،
خىزمەت كۆرسەتمىسە، كىممۇ تىلىكىگە يېتەلىسۇن؟

613. ئەمدى، دانىشمەن نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا،
ئۇ سۆزلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن بېزەپ (مەنىلىك) سۆزلىگەن:

614. (تۆرگە) نالايىق كىشى خىزمەت بىلەن تۆرگە ئېرىشىدۇ،
يارامسىز ياراپ قالسىمۇ، پەقەت پەگاھىلا ئېرىشىدۇ.

615. خىزمەتكار توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك،
خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىنلا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

616. ئايتولدىمۇ ھەر كۈنى خىزمەت كۆرسەتتى،
ئەلگمۇ كۆيۈنۈپ ئىشىكىنى ئۇچۇق تۇتتى.

617. ئۇ ئوردا خادىمى بولۇپ، كۈنسېرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى،
قايغۇسى ئازلىدى، شادلىقى كۆپەيدى.

618. ئايتولدى خىزمىتىدىن ناھايىتى ھوزۇرلاندى،
ئەلگمۇ غەمخورلۇق قىلدى (ۋە) كۆپ يار ـ يۆلەك بولدى.

619. ئەلىگ ئۇنى ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا سىناپ كۆردى،
خالىغىنىدەك بىر خىزمەتچى ئەرگە ئېرىشتى.

## 15

## ئايتولدى ئەلىگكە ئۆزىنىڭ دۆلەت (بەخت - سائادەت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ

620. ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
(ئايتولدىنى) چاقىردى، ئايتولدى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى.

621. ئايتولدى كىرىپ، ئۇدۇلىدا ئۆرە توردى،
ئەلىگ، بېرى كېلىپ ئولتۇر، دەپ ئىشارەت قىلدى.

622. ئايتولدى يېنىدىن بىر توپنى چىقىرىپ
ۋە ئۇنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى.

623. ئەلىگ خىلمۇخىل بىلىملەر (ھەققىدە) سورىدى،
ئايتولدى سۆز ئېچىپ، جاۋاب بەردى.

624. ئەلىگ سۆيۈندى ۋە يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى،
ئايتولدى ئۇنى كۆرۈپ، كۆزىنى يۇمدى.

625. ئەلىگ سۆزدىن توختاپ، ئۈن - تىن چىقارمىدى،
ئايتولدىمۇ كۆزىنى يۇمغىنىچە پەقەت ئاچمىدى.

626. ئەلىگ يەنە سۆزگە كىرىشىپ، سوئال سورىدى،
ئايتولدى جاۋاب بەردى - دە، چىرايىنى توردى.

627. ئەلىگ (ئايتولدىغا) ھەر جەھەتتىن سەپسالدى،
ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل ـ ئىدراكى بارلىقىنى تولۇق سەزدى.

628. ئەلىگ سۆيۈنۈپ باقتى ۋە كۆڭلى خۇرسەن بولدى،
(ئەمما) ئايتولدى تېزلا يۈزىنى ئۆرۈۋالدى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

629. ئەلىگ غەزەپلەندى، چىرايى تۈتۈلدى
(ۋە) دېدى: ھەي، ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۈچۈن يامان ئىش.

630. بۇ نۆۋەت مەن ئۆزۈم خاتا قىلدىم،
نېمە دەپ بىراۋغا سۆز ئاچقاندىمەن!

631. بىلىملىك (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:
ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار يىللاپ ئۆكۈنچ بولىدۇ.

632. ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار دائىم خام بولىدۇ،
ئالدىراپ (خام) پىشۇرۇلغان ئاشنى يېسە كېسەل بولىدۇ.

633. ئالدىراڭغۇلۇق بارلىق خاتالىقلارنىڭ بېشى،
ئېغىر ـ بېسىقلىق ياخشىلارنىڭ ئىشى.

634. ئالدىراڭغۇلۇقۇم شۇكى، سېنى چۈشەنمەي،
خىزمەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزۈمگە يېقىن تۇتتۇم.

635. بەگلەر، ھەرقانداق، بىر خىزمەتچى ـ قۇلنى

خىزمەتكە سىلىپ كۆرۈپ، ئاندىن يولىدا غەمخورلۇق قىلسا بولىدۇ.

636. خىزمەتتە پىشۇرۇش، سىناش ۋە بايقاش كېرەك،
قەدىر ـ قىممەتنى بىلسە، ئاندىن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

637. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، دۆلەتلىك ئەلىگ،
نېمىگە غەزەپلىنىپ ئوت بولۇپ ياندىڭ؟

638. گۇناھىم نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن،
ئۇنى ئېيتىپ بەرسەڭ، سۆزۈمنى باشقىدىن ئاڭلىساڭ
(بولاتتى)

639. ئەگەر خاتالىقىم بولسا، مېنى جازالىغىن، ئىختىيار سەندە،
ئەگەر (خاتالىقىم) بولمىسا، ماڭا چىرايىڭنى تۈرمە.

* 640. ئەقىل ـ پاراسەت (بۇ توغرىدا) قىياسى مەنە بىلەن
ئوخشىتىپ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

641. "خىزمەتكار خاتالاشسا، ئۇنى چاقىرتىش كېرەك
ۋە نېمىشقا خاتا قىلغانلىقىنى سوراش لازىم.

642. ئەگەر خاتالىقى بەلسا، ئۇنى جازالاش لازىم،
يوق بولسا، كۆپ ياخشىلىق بىلەن خۇشال قىلىش كېرەك."

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

643. ئەلىگ يەنىلا غەزەپلىنىپ سۆز باشلىدى،
دېدىكى، ئەي بىلىمسىز، ئەخمەق ئادەم.

644. ئۆزۈڭگە قارىغىن، مېنىڭ ئالدىمدا كىم ئىدىڭ؟
ساڭا بۇنداق كىبىر قەيەردىن كەلدى؟

645. خىزمەت كۆرسەتتىمكىن دېسەم، (كۆرسەتكەن) خىزمىتىڭ يوق،
نەپ بەردىمكىن دېسەم، پايداڭنىڭ تايىنى يوق.

646. خىزمەت كۆرسەتمىسەڭمۇ، قەدىرلەپ مەرھەمەت كۆرسەتتىم،
ئورۇن بەرگەنىدىم، (بىراق) مېنى كەمستتىڭ.

647. ئولتۇرۇش ئۇچۇن ئاستىڭغا توپ قويدۇڭ،
ئوبدان چۈشەن، (توپ) ئولتۇربدىغان نەرسىمۇ؟

648. مەن ساڭا سۆزلىدىم، سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
كۆزۈڭنى يۇمغان ئىدىڭ، ھەيران قالدىم.

649. (بۇنىمۇ) كەچۇردۇم، يەنە ساڭا سۆزلىدىم،
نېمشقا يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.

650. دانالاردىن بۇنداق بىر سۆز ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟
بەگكە يېقىن بولسا، ئۆزىنى قاتتىق كۆزەتكۈلۈك.

* 651. ئاتاڭ يا ئاناڭ: ئەي ئوغلۇم، بېگىڭگە
ئۆزۈڭنى تەڭ قىلما، دەپ ئېيتمىغانمىدى؟

652. ساڭا دوستلىرىڭنىڭ يىگىتبېشى: بېگىڭنى كەمسىتمە،
بېشىڭنى قوغدا، ئەپ تاپشۇرمىغانمۇ؟

653. بەگلەر بىر ئۆرتتۇركى، بۇ ئوتقا يېقىن بارما،
ئەگەر يېقىن بارساڭ، جەزمەن كۆيىسەن.

654. بىخۇد بولما، بەگلەر كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر،
كۆيۈۋاتقان ئوتقا يېقىنلاشساڭ، بۇ ساڭا جۇت بولىدۇ.

655. سەپسالساڭ، بەگلەر كۆيەر ئوت ھېسابلىنىدۇ،
كەمسىتسەڭ بېشىڭنى ئۈزۈپ، قېنىڭنى شورايدۇ.

656. ساڭا ئارتۇقچە نەزەر ئاغدۇرسا ئۇنىڭدىن قورققىن،
ئەگەر قورقمىساڭ، كۈچ بىلەن قورقىتىدۇ.

16

## ئايتولدى ئەلىگە بەخت ـ دۆلەت سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ

657. ئايتولدى كۆڭلۈپ دېدى: (ھەممىنى) چۈشەندىم،
بۇنى سورىغان ئىكەنسەن، سۆزۈمنى ئاڭلا.

658. ھازىر بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلدىم،
سەنمۇ بۇنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

659. سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەنلىكىم
ۋە كۆرسەتكەنلىرىم مىجەز ـ ئادىتىم ئىدى.

660. سەن ئورۇن بەردىڭ، (لېكىن) مەن ئولتۇرمىدىم،
مېنىڭ ئورنۇم يوق، بۇنى سەن بىلگىن، دېگىنىم (ئىدى).

* 661. بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش (ۋە) ئۆزۈمگە ئوخشاش نەرسىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن توپنى يەرگە قويدۇم.

662. چۈنكى، توپ بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ، دومىلاپ كېتىدۇ،
دۆلەتمۇ شۇنداق، مەنمۇ دومىلاپ كېتىمەن.

663. سەن ماڭا سۆيۈنۈپ قارىغاندا، كۆزۈمنى يۇمغانلىقىم —
(ئۆزۈمنىڭ) قانداق نەرسە ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتكەنلىكىم ئىدى.

664. بۇگۇن مەن — دۆلەت، (ئۇ) قارىغۇغا ئوخشايدۇ،
كىمكى ماڭا ئىلىنسە، شۇنىلا تۇتىمەن.

665. سەن قايتا سۆزلىگەندە، مەنمۇ سۆزلىدىم،
كۆلۈپ قارىغىنىڭدا، يۈزۈمنى يوشۇردۇم.

666. مەن ئۆز ئادىتىمنى ساڭا كۆرسەتتىم،
مىجەزىم تۇراقسىز، ماڭا ئىشەنمە، دېدىم.

667. بېشىدىن (كۆپ ئىش) كەچۈرگەن ئاقساقالنىڭ
تۈركچە مەسەل كەلتۈرۈپ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

668. ئەي بەختلىك ئادەم، (بىردەملىك) بەختكە مەغرۇرلانمىغىن،
ئەي ئاتاقلىق ئادەم، سەن بەختكە ئىشىنىپ كەتمە.

669. ئاقار سۇ، راۋان تىل ۋە بۇ بەخت تۇرمايدۇ،
تىنماستىن يۈرۈپ دۇنيانى كېزىدۇ.

670. بەخت ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز، تۇراقسىزدۇر،
كەتكەندە تېز ئۇچىدۇ، ئايىغى تايغاق.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

671. ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، سۆزۈڭ ئايدىڭلاشتى،
خاتالىقنىڭ ئۆزرىنى سىراپ، ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇڭ.

672. ئەمدى ماڭا ئېيت، پەزىلىتىڭ نېمە،
ئۆكتەم تىلىڭ (نېمىشقا) چوڭ سۆزلەرنى سۆزلىدى؟

## ئايتولدىنىڭ ئىلىگكە جاۋابى

673. ئايتولدى ئېيتتى: پەزىلىتىم كۆپ،
كىشىلەرگە نەپ تەگسە، مېنىڭدىن تېگىدۇ.

674. قارىساڭ، مىجەزىم يۇمشاق، پېشىممۇ كىچىك،
مەن بارلىق بەگلىك ۋە بۈيۈكلۈككە ئۆتكەل.

675. يۈز – ھۆسنۈم چىرايلىق ۋە قىلىقىم گۈزەل،
تىلىگەن ئارزۇلىرىمغا قول يەتكۈزدۈم.

676. مەن قەيەردە بولسام، ھەممىسى ئارزۇ قىلىدۇ،
مەن بىلەن بىللە يۈرىدۇ ۋە ماڭا باغلىنىدۇ.

677. راھەت مەن بىلەن، مۇشەققەت مېنىڭدىن تارىدۇ،
خۇشاللىق مەن بىلەن، قايغۇ ماڭا يولىمايدۇ.

678. كىم ماڭا قارشىلىق قىلسا، قىيىنىلىپ ئۆلىدۇ،
كىم ماڭا بويۇن ئەگسە، ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ.

679. (مېنى) ئۇرىمەن دېگۈچىلەر ئۆزى ئۇرۇلىدۇ،
باسىمەن دېگۈچىلەر ئۆزى بېسىلىدۇ.

680. بۇنىڭغا تەقلىدەن بۇ سۆز يادىمغا كەلدى،
بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بۇنى ئاڭلىسۇن ۋە ئوقۇسۇن:

681. بەخت قەيەردە بولسا (ئۇنىڭغا) بويۇن ئەگ، ئەپ بول،
ئەگەر بەختنى رەت قىلساڭ، قايغۇ بىلەن ئېلىشىسەن.

682. بەخت كەلسە، ئىنسان ھەقىقي سائادەتكە ئېرىشىدۇ،
تۇمەن ئارزۇسىغا يېتىپ ھالاۋەتتە ياشايدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

683. ئەلىگ دېدى: بۇ پەزىلەتلىرىڭنى ئۇقتۇم،
ئېيتقىن، سېنىڭ نۇقسانىڭ بارمۇ؟ (بۇنى) بىلەي.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

684. ئايتولدى ئېيتتى: كىشىلەر ماڭا يالا چاپلاپ،
نۇقسانىم يوق (بولسىمۇ)، لېكىن بار، دېيىشىدۇ.

685. نۇقسانىم شۇكى، ئىنسانلار مېنى تۇراقسىز دەپ،
كىشىلەرگە ئېيتىپ، يامانلاپ يۈرىشىدۇ.

686. تۇراقسىزلىقىم مەن ئۈچۈن نۇقسان ئەمەس،
ئۆزۈمگە دائىم ياخشى نەرسە تاللايمەن.

687. بارلىق كونا نەرسىلەر كۆرۈمسىز بولىدۇ،
كۆرۈمسىزنىڭ ئەيىبى يىرگىنچلىك بولىدۇ.

688. ياخشى نەرسە بار يەردە، كونىنىڭ نېمە كېرىكى؟
ئېسىل نەرسە بار يەردە، خۇنۇك (يامان)نىڭ نېمە كېرىكى؟

689. بىلگىنكى، ھەممە لەززەت ياخشى نەرسىدە بولىدۇ،
لەززەتنى تىلەپ كىشىلەر قاتتىق مۇشەققەت چېكىدۇ.

690. بۇ ئادىتىم ئۈچۈن (مېنى) تۇراقسىز دەپ سۆكىشىدۇ،
بۇ نامىم ئۈچۈن ماڭا ئەيىب توقۇشىدۇ.

691. باتۇر ئەر بۇنىڭغا تەقلىدتەن ئېنىق ئېيتتىكى،
بىلسەڭ، ئۇنىڭ مەنىسى بۇ سۆزگە گۇۋاھدۇر:

692. يارىتىلغان نەرسىلەر يوقالغۇسىدۇر،
ياراتقۇچى خالىق خالىغىنىنى قىلىدۇ.

693. تىرىكلىك دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
قاچىدۇ، تۇتۇپ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كىم ئېرىشەلەيدۇ.

694. بۇ بەختكە مەغرۇرلانما، (ئۇ) كېلىدۇ ۋە يەنە كېتىدۇ،
بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، (ئۇ) بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ.

695. بۇ دۆلەت تۇراقسىز بولمىسا ئىدى،
ئەي، قوزام، بەخت نېمىدېگەن ياخشى نەرسە بولاتتى.

696. بۇ دۆلەت كېلىپ يەنە كەتمىسە ئىدى،
يورۇغان كۈن يەنە قاراڭغۇلاشمىغان بولاتتى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

697. ئەلىگ دېدى: بۇ تۇراقسىزلىقىڭنى ئۇقتۇم،
يۈز ئۆرۈپقۇ كېتىسەنكەن، تۇرغۇنلۇقۇڭمۇ بولامدۇ؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

698. ئايتولدى دېدى: مېنىڭ ئۆزۈم ۋە
قىلىقىم كىچىككەكتۇر، سۆز تامام.

699. سۆيۈپ ئارزۇ قىلغانلار ماڭا تېز ئېرىشەلمەيدۇ،
ئەگەر ئېرىشسە، تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، تېزلا زايە قىلىۋېتىدۇ.

700. ماڭا ئېرىشكەن ئەر بەك مەھكەم تۇتسا،
سۆزۈمنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭدىن قاچالمايمەن.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

701. ئەلىگ دېدى: ئېيتقىن بۇ تۇرغۇنلۇقۇڭ نېمىدە؟
سېنى باغلايدىغان قانداق كىشەن ئۇ؟

## ئايتولنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

702. ئايتولدى دېدى: مېنى باغلايدىغان كىشەن—
بۇ بىرقانچە نەرسىدۇر، قارا، (ئۇلاردىن) بەلگە بېرەي:

703. ماڭا ئېرىشكۈچىنىڭ مىجەزى كەمتەر بولۇشى،
كۆڭلى مۇلايىم، سۆزى يۇمشاق بولۇشى كېرەك.

704. ئۇ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىشى، ھەرگىز چېكىدىن چىقماسلىقى،
يامان، يارىماس ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىقى كېرەك.

705. يىغقان مېلىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتىشى،

قىلىقى، مىجەز ـ خۇلقىغا باب ھايات كەچۈرۈشى كېرەك.

706. ئۆزىدىن چوڭلارغا خىزمەت كۆرسىتىشى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرگە شېرىن سۆزلۈك بولۇشى؛

707. مەغرۇرلۇق بىلەن كىشىنى كەمسىتمەسلىكى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرنى زاڭلىق قىلىپ خارلىماسلىقى كېرەك.

708. ئىچىملىككە بىھۇدە بېرىلمەسلىكى،
مېلىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك.

709. قول ۋە تىلى بىلەن ئويۇنغا كىرىشمەسلىكى،
مىجەز ـ خۇلقىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

710. بۇ نەرسىلەر تۇراقسىز بەختىنىڭ كىشىندۇر،
بەختىنى بۇنداق باغلىسا، ئۇ قاچمايدۇ، قالىدۇ.

711. شائىرنىڭ بۇ سۆزى بۇنىڭغا گۇۋاھ،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى سۆزگە تەم قاتىدۇ:

712. كىشى ئۇچۇن دۆلەت ئۈركىگەك كېيىكتەكتۇر،
ئەگەر ئۇ كەلسە، چىڭ تۇت، چۈشەپ تىزگىنلە.

713. تۇتۇشنى بىلسەڭ، دۆلەت تېزىپ كېتەلمەيدۇ، تۇرىدۇ.
ئەگەر تېزىپ كەتسە، ساڭا يەنە تېز نۆۋەت كەلمەيدۇ.

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىنغا جاۋابى

714. ئەلىگ ئېيتتى: ئەي بەخت سېپى، چۈشەندىم،
سېنى قاتتىق سۆيگەنىدىم، سەن مەندىن يۈز ئۆرۈپسەن.

715. ئەگەر ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىزلىقىڭ بولمىغاندا ئىدى،
سېنىڭ كەلگەنلىكىڭ قانداق ياخشى ئىش بولاتتى.

716. لېكىن تۇراقسىزسەن، بىۋاپاسەن،
ۋاپانى كۆرسىتىسەنۇ، جاپا قىلىسەن.

717. (بەزىدە) ئاتا ۋە ئانىدىن مېھرىبان بولۇپ،
كۆلۈپ قاراپ، (كىشىنى) ئالقىنىڭدا تۇتىسەن.

718. بەزىدە كۆرمىگەنىدەك يۈزۈڭنى ئۆرۈيسەن،
پۈتۈن قىلىقىڭ ۋە سۆزلىرىڭ باشقىچە ئۆزگىرىدۇ.

719. يىغىسەن، توپلىنىسا، ھەممىنى قايتا چاچىسەن،
چاقىرىسەن، ساڭا يۈزلەنسە، ئىشىكنى ياپىسەن.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

720. ئايتولدى دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
بارچە نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىمنىڭ ئېيتىنى ئېيتتىم.

721. ماڭا كىم ئېرىشىپ، مەھكەم تۇتاي دېسە،
(كېرەكلىك) نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردىم، چامى يەتسە تۇتسۇن.

722. مېنى تۇتقۇچى ماڭا يۇگەن سالمسا،
كېيىكتەك قاچمەن، (ماڭا) يەتكۈچى كىم بار؟

723. تەجرىبىلىك قېرى نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
تەجرىبىلىك قېرىلار سۆزى — سۆزنىڭ قايمىقى.

724. بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، كېتىدۇ،
(ساڭا) مال بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئۇنى ئالىدۇ.

725. تۇراقسىز بەختكە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ناھايىتى مەھكەم تۇت،
ئەگەر مەھكەم ساقلىمساڭ، ئىشەنگىنىڭ، قايتا كېتىدۇ.

726. بەختىيار كىشى ئېھتىياتكار بولۇشى لازىم،
بارلىق نالايىق ئىشلاردىن يىراقلىشىشى كېرەك.

727. ئۆزى پاك بولۇشى، توغرا يولدا مېڭىشى لازىم،
بۇنىڭ بېغى مۇشۇنداق، بۇنى بىلىش كېرەك.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

728. ئەلىگ ئېيتتى: نۇقسان ۋە پەزىلىتىڭنى چۈشەندىم،
سېنىڭ بۇ ئايتولدى (دېگەن) ئېتىڭ نېمە دېمەكتۇر؟

729. ئۇنىڭ مەنىسى نېمە، ماڭا ئېيتىپ بەر،
(ئۇنى) بىلەي، چۈشىنەي، ساڭا ئىشىنەي.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

730. ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ ئېيتمىنى
ۋە مىجەزىمنى دانالار ئايغا ئوخشىتىدۇ.

731. ئاي تۇغسا، دەسلەپتە بەك كىچىك تۇغىدۇ،
كۈنسېرى چوڭىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

732. (ئاي) تولۇن بولۇپ تولسا، دۇنيانى يورۇتىدۇ،
دۇنيا خەلقى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ.

733. (ئاي) تولۇپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلسە،
(ئۇ يەنە) كېمىيىشكە باشلايدۇ، چىراي ـ ھۆسنى كېتىدۇ.

734. يورۇقلۇقى ئازىيىپ، ئاخىر يوقايدۇ،
(قايتا) تۇغىدۇ، (ھەر) كېچىسى ئاز ـ ئازدىن يەنە تولىدۇ.

735. مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشايمەن،
بەزەن بار بولىمەنۇ، بەزەن يوق بولىمەن.

736. مەن ھەرقانچە زەئىپ كىشىگە يۈزلەنسەم،
كېيىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭ ھۆسنى بارغانسېرى گۈزەللىشىدۇ.

737. ئۇ بېيىپ ئۇلغايسا، داڭقى يېيىلسا،
ئۇنىڭدىن كېتىمەن، (ئۇنىڭمۇ) شۆھرەت ـ ئىناۋىتى كېتىدۇ.

738. يەنە ئۇنىڭ يىغقان مال ـ دۇنياسى چېچىلىدۇ،
ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى يەنە قايتا بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالىدۇ.

739. بۇنىڭغا تەقلىدتەن شائىرنىڭ بىر سۆزى باركى،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى بىلىمسىزنىڭ كۆزىدۇر:

740. "كىشىگە بەخت كېلىدۇ، نامى شۆھرەتلىك بولىدۇ،
خۇددى يېڭى ئايدەك نۇرى ئارتىپ، (ئاخىر) تولىدۇ.

741. دۆلەت تۇراقسىز، تەلۋە، (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل باغلىما،
دۆلەت تولۇن (ئايدەك) قايتا كىچىكلەيدۇ."

742. ساڭا (ئېتىمنىڭ) يەنە بىر مەنىسىنى ئېيتاي،
ئۇنى ئاڭلىغىن، بۇنىڭدا ماڭا ئىشەنگىن؛

743. بۇ ئاينىڭ ئۇرنى — ئۆيى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،
ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، ھەرىپمە تىلساڭمۇ، ئۇرۇنسىز قالىدۇ.

744. ئاينىڭ بۇرچى سەرتاندۇر، بۇ ئۆي ئايلىنىدۇ،
ئۆيى ئايلىنىدۇ ھەم ئۆزى چۆرگىلەيدۇ.

745. بۇ ئاي قايسى ئۆيگە كىرسە، تېزلا چىقىدۇ،
تېز چىقماق ئۈچۈن، ياتقان يېرىنىمۇ بۇزىدۇ.

746. قارا، مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشايمەن،
قىلىقىم بەزىدە تۆۋەنلەش، بەزىدە يۇقىرى ئۆرلەش.

747. كېلىمەن، كېتىمەن، (ھەممىدىن) بۇرۇن يۈرىمەن،
دۇنيانى كېزىمەن، مېنىڭ (تۇراقلىق) ئورنۇم يوق.

748. (قىلىقلىرىمنىڭ) مەنىسى شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن

دانىشمەنلەر نازۇك مەنىلىك قىلىپ ئېيتمىنى ئايتولدى دەپ ئاتىدى.

749. شۇنداق، مەن دۆلەت بولسامۇ، نۇقسانىم (ۋە) پەزىلىتىمنى،
كېسىلىم ھەم (ئۇنىڭ) داۋاسىنى ئېيتىپ بەردىم.

750. سۆزنى ئۇچۇق سۆزلىدىم، ئەمدى ماڭا ئىشەن،
تاشلايمەن دېسەڭ تاشلا، تۇتىمەن (دېسەڭ) تۇت.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

751. ئەلىگ ئېيتتى: بارچە سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم،
سۆزلىرىڭ (دىلنى) يورۇتتى، ئۆزۈڭمۇ يارىدىڭ.

752. سەندەك بىر كىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىم،
ئەي، ئەرلەر سەردارى، خۇدا ئارزۇيۇمنى بەردى.

753. خۇدا كىمنىڭ ئارزۇ - تىلىكىنى بەرسە،
ئۇنىڭغا جاۋابەن شۇكۇر قىلغۇلۇق.

754. بۇگۈندىن باشلاپ مەنمۇ تىنماستىن،
ئېرىنمەستىن بۇنىڭ شۇكۇرىسىنى قىلىشىم كېرەك.

* 755. بىزگە كىتاب قالدۇرۇپ (دۇنيادىن) ئۆتكەن،
ئالىم، ئاقىل (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

756. ئەي، نېمەتكە ئىگە بولغۇچى ئەزىمەت، شۇكۇر قىل،
شۇكۇر قىلساڭ خۇدا نېمەتنى ئاشۇرىدۇ.

757. نېمەتكە ئىگە بولغۇچى ئۇزىنى ئۇنتۇپ قالدۇ،
بۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا، (نېمەت) يۈز ئۇرۇمەيدۇ.

758. ئاز ياخشىلىق ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ شۈكۈر قىل،
(ئېرىشكەن) نېمىتىڭ كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل.

759. شۈكۈر قىلساڭ، بىر نېمەت ئون بولىدۇ،
بىرى ئون بولۇپ، ئۆيگە مال ـ دۇنيا تولىدۇ.

*　　　*　　　*

760. ئەلىگ ئايتولدىنى ئالقىشلىدى
ۋە كىچە ـ كۈندۈز ماڭا قارىشىپتۇر، دېدى.

761. نۇرغۇن مال ـ دۇنيا، مۈلۈك بەردى، كۆپ ماختىدى،
قەدىرلىدى، كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈش بەردى.

762. ئەلىگ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى،
ھەممە (ئىشتا) ئۇنىڭدىن ئەقىل ۋە بىلىم تەلەپ قىلدى.

763. ئايتولدىمۇ بۇ قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىپ،
چىن ـ ھەقىقىي سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى.

764. ئەلىگ (ئۇنى) يەنە بىر مۇددەت سىناپ يۈردى،
ئېرىشكەن بۇ ئادەمى ھەممىدىن مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى بىلدى.

## 17

## كۈنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنى ئېيتىدۇ

765. ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئۆيىنى خالىي قىلدى، خىيالغا چۆمدى.

766. ئۇ ئايتولدىنى چاقىردى، (ھۇزۇرىغا) يول بەردى،
ئايتولدى كىردى ۋە قول قوشتۇردى.

767. ئۇ ئەلىگنىڭ قارشىسىدا تىك تۇردى،
ئەلىگ ئىشلى ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي تۇردى.

768. ئەلىگ (ئۇنىڭغا) قاراپ كۆزى بىلەن ئىملىدى،
ئىشارەت بىلەن، كەل، ئولتۇر، دېدى.

769. ئايتولدى ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ئولتۇردى،
كۆزىنى يەرگە تىكتى، كۆڭلى يورۇدى.

770. يوشۇرۇنچە، كۆز قىرى بىلەن ئەلىگكە قاراپ كۆردىكى،
(ئەلىگ) قاش ـ قاپىقىنى تۈرگەن، چىرايى سۈرلۈك (ئىدى).

771. (ئۇ) كۈمۈش كۈرسى قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇراتتى،
بۇ كۈرسىنىڭ ئايىغى ئۈچ ئاچماق ئىدى.

772. (ئەلىگ) قولىدا چوك بىر پىچاق تۇتقانىدى،
سول (تەرىپى)دە تۇراغۇن *، ئوڭ (تەرىپى)دە شىكەر (تۇراتتى).

773. ئايتولدى ئۇنى كۆرۈپ، راستىنلا
قاتتىق قورقتى (ۋە) چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

774. بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئەلىگ بېشىنى كۆتۈردى
(ۋە) ئايتولدىغا ئېيتتى: تىلىڭنى تەۋرەت.

* 775. مېنى بۇ يەردە مۇشۇنداق يالغۇز كۆرۈپ تۇرۇپ
نېمە ئۈچۈن كىكەچتەك سۆزلىمەي تۇرسەن؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

776. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، دۆلەتمەن ئەلىگ،
سۆزلەش ئۈچۈن مەندە جۈرئەت يوق.

777. بۇگۈن سېنىڭ مىجەز ـ ھەرىكىتىڭنى باشقىچە كۆرۈۋاتىمەن،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيمىنىۋاتىمەن، ئەي دانا.

778. روشەن بىلىملىك (كىشى) خەلققە (شۇنداق) نەسىھەت قىلغان:
غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما.

779. بىلىملىك، دانىشمەن تېخىمۇ ياخشى ئېيتقان:
غەزەپلەنگەن چاغدا بەگلەر ئوت ۋە زەھەر بولىدۇ.

780. ئەگەر بەگلەر قەھرگە كىلىپ، غەزەپلىك بولغان بولسا،
ئۇنىڭغا يېقىن تۇرما، ئەي خوش پېئىل (كىشى).

781. بەگلەر غەزىپى كېلىپ قەھرلەنگەن بولسا،
ئۇنىڭدىن يىراق تۇر، زىيىنى تېگىدۇ.

782. بۇنىڭغا تەقلىدتەن مۇنداق بىر سۆز كەلدى،
(بۇنى) ئېسىڭدە تۇت، ئۆزۈڭنى ياخشى كۆزەت:

783. "قەھرى كەلگەن چاغدا بەگلەرگە يېقىن بارما،
يېقىن بارىدىكەنسەن، قەدىرسىز بولۇشۇڭ ئېنىق.

784. قارا، بەگلەر (گويا) ئارسلانغا ئوخشايدۇ،
قەھرى كەلسە، باش كېسىدۇ، ئەي بىلىمى روشەن (كىشى)."

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

785. ئەلىگ دېدى: قېنى ماڭا ئۆز سۆزلىرىڭنى ئېيت،
ھازىر نېمىگە تېگىرقاپ قالدىڭ؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

786. ئايتولدى دېدىكى: مېنىڭ ئاڭ قالغىنىم—
سەن ئولتۇرغان كۈمۈش كۇرسى نېمە دېمەكتۇر؟

787. سېنىڭ ئولتۇرغىنىڭ قانداق كۇرسى ئۇ؟
بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇقاي، ماڭا ئېيتىپ بەر.

788. ئىككىنچىدىن، قولۇڭدىكى نېمە پىچاق بۇ،
بۇنىمۇ مەن تولۇق بىلىشىم كېرەك.

789. ئۈچىنچىدىن، نېمە ئۈچۈن ئوڭ تەرىپىڭدە شېكەر،
سول تەرىپىڭدە ئۈراغۇن تۇرىدۇ، مەنىسى نېمە؟

790. سەپسالسام، غەزەپلىك تۇرسەن،
بۇنى كۆردۈمدە، ئەقلىمنى يوقاتتىم.

791. (سېنى) بۇ ھالدا كۆرگەندىن كېيىن ئەيمىنىپ،
ئېغىز ئېچىپ، مۇراجىئەت قىلالمىدىم.

**18**

## كۈنتۇغدى ئەلىگ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىدۇ

792. ئەلىگ ئېيتتى: سۆزلىرىڭنى ئېنىق چۈشەندىم،
(بۇلارنى) يېشىپ، سۆزۈمنى ئېيتاي.

793. مەن سېنى دەسلەپكى كۈنى چاقىردىم،
شۇ كۈنى ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئورۇن بەردىم.

794. ئاشۇ ئاجايىپ ئىشلارنى ماڭا كۆرسىتىپ،
مېنى قەھرلەندۈردۈڭ، (ئەمما) ئۆزۈڭ مەھكەم تۇردۇڭ.

795. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنسەم، تاپا - تەنە قىلدىڭ،
بۇنىڭغا سەۋر قىلدىم، يەنە چىرايىڭنى تۇردۇڭ.

796. سەن ماڭا: مەن — بەختمەن، مېنى بىلىۋال،
ساڭا ئۇقتۇرۇپ (بۇنداق) قىلدىم، بۇنى ئۇقۇۋال، دېدىڭ.

797. نېمە ئۈچۈن (ئۇنداق) قىلغىنىڭنى ئايرىم ئىزاھلاپ بەردىڭ،
مەنمۇ ھەممە نەرسىنى ئوچۇق چۈشەندىم.

798. شۇ چاغدا ئۆزرەڭنى (قوبۇل كۆرۈپ) كەچۈردۈم،
ئاندىن پەزىلىتىڭگە يارىشا (سېنى) قەدىرلىدىم.

799. بۈگۈن مەنمۇ ئۆز مىجەزىم ۋە
بارچە پەزىلەتلىرىمنى ساڭا كۆرسەتتىم.

800. قارىغىن، مەنمۇ ئادالەت (ۋە) قانۇنمەن،
قانۇنىمنىڭ سۈپەتلىرى مۇنۇلاردۇر، دىققەت قىل:

801. قارا، ئۆزۈم ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ كۇرسىنىڭ
ئۈچ پۇتى بار، ئەي دىلىمنىڭ ھۇزۇرى.

802. ئۈچ پۇتلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ،
ئۈچىلا (پۇتى) تۈز تۇرسا قىمىرلىمايدۇ.

803. ئەگەر ئۈچ پۇتتىن بىرەرسى ئېگىلىپ كەتسە،
قالغان ئىككىلىسىمۇ قىڭغىيىدۇ، كىشى يىقىلىدۇ.

804. ئۈچ پۇتلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، تۈز بولىدۇ،
ئەگەر تۆت پۇتلۇق بولسا، قارا، بىرى ئەگرى بولىدۇ.

805. قايسى نەرسە تۈز بولسا، ھەممە يېرى ئۈز بولىدۇ،
بارلىق ئۈز نەرسىگە سەپسالساڭ، قىلمىشىمۇ تۈز بولىدۇ.

806. قايسى نەرسە قىڭغايسا، ئۇ ئەگرى بولىدۇ،
ئەگرى (نەرسىلەر)نىڭ ھەممىسى يامانىنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ.

807. ھەرقانداق تۈز (نەرسە) پۈكۈلسە، (تىك) تۇرماي يىقىلىدۇ،
قايسى نەرسە توغرا بولسا، يىقىلماي مەزمۇت تۇرىدۇ.

808. قارا، مېنىڭ ئادىتىمۇ ئېگىلمەس، توغرىدۇر،
ئەگەر توغرىلىق ئېگىلسە، قىيامەت بولىدۇ.

809. مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن،
كىشلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن.

810. قولۇمدىكى بۇ خەنجەر - پىچاق
كېسىدىغان، پىچىدىغان (قورال)دۇر، ئەي قۇدرەتلىك كىشى.

811. مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن، پىچىمەن،
دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ (ئىشىنى) ئۇزارتمايمەن.

* 812. شېكەر - زورلۇققا ئۇچراپ، ئىشكىمگە كېلىپ،
مەندىن ئادالەت تىلىگەن كىشى ئۈچۈندۇر.

813. ئۇ كىشى شېكەردەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ،
سۆيۈنچ تېپىپ، چىرايى ئېچىلىدۇ.

* 814. ئۇراغۇن ئوتىنى ئۆزى زوراۋان،
ھەقىقەتتىن تەزگەن كىشلەر ئىچىدۇ.

815. (ئۇلار) جاڭجاللىشىپ ماڭا كەلسە، مەن ئادالەت بىلەن
(ھۆكۈم) قىلسام،
ئۇراغۇن ئىچكەندەك ئازابلانغانلىقىنى كۆرىمەن.

816. قاپىقىمنىڭ تۈرۈلگەنلىكى، سۇرلۇك بولۇشۇم،
يۈز - خاتىر قىلماملىقىم ئادىمىغا كەلگەن زوراۋانلار ئۈچۈندۇر.

817. مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم، تونۇشۇم بولسۇن،
مەيلى يولۇچى ياكى ئۆتكۈنچى مېھمان بولسۇن،

818. قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى مەن ئۈچۈن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپالمايدۇ.

819. قارا، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق – ئادالەتتۇر،
بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا (ھالاۋەت) بولىدۇ.

820. ئەقىللىق كىشى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شۇنداق سۆز ئېيتقان،
كىمكى ئاقىلنىڭ سۆزىنى (ئېسىدە) تۇتسا، ئىشى ئوڭۇشلۇق
بولىدۇ:

821. "بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر،
بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر.

822. بەگ ئەلگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا،
ئىستىگەن ئارزۇ – تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ."

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

823. ئايتولدى يەنە ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ،
نېمە ئۈچۈن ئەلىگنىڭ ئېتى كۈنتۇغدى بولدى؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

824. ئەلىگ ئېيتتى: ئالىم مېنىڭ ئادەتلىرىمنى
كۆرۈپ، (كۈنگە) تەقلىد قىلىپ، بۇ ئاتنى قويدى.

825. كۈنگە قارىغىن كېمەيمەيدۇ، پەقەت تولۇن بولۇپ تۇرىدۇ،
يورۇقلۇقى دائىم ئوخشاشلا كۈچلۈكتۇر.

826. مېنىڭ قىلىقلىرىممۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
ئادالەت بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ، ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

827. ئىككىنچىدىن، كۈن چىقسا جاھان يورۇيدۇ،
(يورۇقلۇقىنى) بارچە خەلققە يەتكۈزىدۇيۇ، ئۆزى ئۆچمەيدۇ.

828. مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق: ئۆزۈم يوقالمايمەن،
ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر.

829. ئۈچىنچىدىن، كۈن چىقسا يەرگە ئىسسىقلىق بېرىدۇ،
يەردە رەڭگارەڭ گۈل - چېچەك ئېچىلىدۇ.

830. مېنىڭ قانۇنىم قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا،
ئۇ ئەل قورام تاشلىق يەر بولسىمۇ، ئاۋاتلىشىدۇ.

831. چىققان كۈن ياخشى ياكى يامان دېمەيدۇ،
ھەممىگە (بىردەك) يورۇقلۇق بېرىدۇ، ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

832. مېنىڭمۇ ئادىتىم ئېنىق شۇنداقتۇر،
مەندىن ھەممىگە باراۋەر ئۈلۈش تېگىدۇ.

833. يەنە كېلىپ، كۈننىڭ بۇرجى تۇرغۇن بولىدۇ،
تۇرغۇن دېگىنىم ئۇنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم دېگىنىمدۇر.

834. كۈن بۇرجى ئارسلان، بۇ بۇرج تەۋرەنمەيدۇ،

ئورنىدىن تەۋرىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيى بۇزۇلمايدۇ.

835. مېنىڭ ئادەتلىرىمگە باق، دائىم بىر خىلدۇر،
يورۇقلۇق بېرىشتە ھەرگىز ئۆزگەرمەيمەن.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

836. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
جاھاندا ئەل سورا، نامىڭ يېيىلسۇن.

837. مەنمۇ ئۆزۈن يول يۈرۈپ، مۇشەققەت چېكىپ،
ھېرىپ - چارچاپ ئالدىڭغا كەلدىم.

838. بۇنداق ئادىتىڭ، پەزىلىتىڭ بارلىقى ئۈچۈن،
كۆچلۈك ئارزۇ قىلىپ، سېنىڭ خىزمىتىڭگە كەلدىم.

839. ماڭا ئېيتقىن، قانداق خىزمەت قىلاي؟
سۆيۈنىدىغان ئىشىڭ نېمە بولسا، شۇنى قىلاي.

840. خىزمەت بەگنىڭ تەلپىگە لايىق بولمىسا،
قانچە مۇشەققەت چەككەن بىلەنمۇ، خىزمىتى يارىمايدۇ.

* 841. خىزمەت بىلەن يۈكسەلگەن، بەختكە ئېرىشكەن
ئېلىنىڭ داڭدار ئادەمى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

842. ئەگەر خىزمەتكار بېگىگە خىزمەت قىلىدىكەن،
بەگلەرنى رازى قىلىش يولىنى قاتتىق تۇتۇشى كېرەك.

843. بەگلەر رايى بويىچە خىزمەت قىل،
خىزمىتىدىن بەگ رازى بولسا، (بەخت) ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

844. خىزمەتچى خىزمەت قىلىشنى بىلسە، تۆرگە چىقىدۇ،
خىزمەت قىلىشنى بىلمىسە، تۆردىن پەگاغا چۈشىدۇ.

845. خىزمەتچى قولى ئېگىنى ناھايىتى سۆيۈندۈرسە،
بۇ قول ئۈچۈن قەدىر - قىممەتنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

846. ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى مەن سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم،
مېنىڭ شادلىقىمنى تىلە، ئۆزۈڭگە قاتتىق ئېھتىيات قىل.

847. مەن ساڭا يارامسىزلارنى ئېيتاي،
يارامسىزغا يېقىنلاشما، پاك يۈرگىن.

848. ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى يالغانچىلىقتۇر،
ئۇنىڭدىن قالسا زوراۋانلىق قىلغانلاردۇر.

849. تەبىئىتى ئاچكۆز، ئۆزى (ئىشتا) خام بولغانلار،
مىجەزى ئالدىراڭغۇ، كۆزلىرى ھاياسىز بولغانلار،

850. ئىش ئۈستىدە قەھرلىنگەن، غەزەپلەنگەنلەر،
بىكار تەلەپ، ھاراقكەش ۋە قولى ئەگرى بولغانلار،

851. بۇ خىل كىشىلەر ماڭا يارىمايدۇ،
بۇنى ئەمدى ساڭا ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ بەردىم.

852. سەن ماڭا مۇناسىپ (ھالدا) ياراشنى خالىساڭ،
بۇ بىرقانچە نەرسىدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، ئەي شۆھرەتلىك كىشى.

853. (شۇنداق قىلساڭ) كۆڭلىدىن – كۆڭگە ماڭا يېقىنراق بولسەن،
مېنىڭ ساڭا (بولغان) ھۆرمىتىم، ئۇلتىپاتىم ئاشىدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلگىگە سوئالى

854. ئايتولدى دېدى: بۇلارنى ئاڭلىدىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر:

855. ياخشىلىق قانداق بولىدۇ، نېمىگە ئوخشايدۇ،
ياخشىنىڭ مىجەز – خۇلقى قايسى تەرىقىدە بولىدۇ؟

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

856. ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىنىڭ مىجەز – قىلىقى
پايدىلىق بولىدۇ، خەلققە مەنپەئەتى تېگىدۇ.

857. خەلققە ھەمىشە كۆپ ياخشىلىق قىلىدۇ،
كىشىدىن شۆھرەت (تىلىمەيدۇ)، مىننەت قىلمايدۇ.

858. ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەي، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ،
بۇ پايدىسى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

859. ئايتولدى يەنە ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى چۈشەندىم،
يەنە بىر تىلىكىمنى سەندىن سورايمەن.

860. ماڭا توغرىلىق (ھەققىدە) سۆزلەپ بەرگىن، ئىنساننىڭ
ھاياتىنى يورۇتىدىغان توغرىلىق قانداق بولىدۇ؟

861. نېمىنى توغرا يول دەپ ئاتايدۇ،
توغرىلىقنىڭ ئۇلى قانداق بولىدۇ؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

862. ئەلىگ ئېيتتى: قارا، توغرا ئەرنىڭ
تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ.

863. ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك (بولىدۇ)،
چىن ۋە توغرا كىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

864. يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ
ئىنسانلار ئالدىدا ئۇيالماستىن يۈرەلەيدىغان بولسۇن.

865. بەختلىك (بولۇپ)، يۈكسىلىش ئۈچۈن كىشىگە توغرىلىق زۆرۈر،
ئىشەنگىنكى، توغرىلىق كىشىلىكنىڭ نامىدۇر.

866. ئادەم قىس ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قىستۇر،
ئىنسانلار ئاز ئەمەس، (بەلكى) توغرىلىق ئازدۇر.

867. بۇنىڭغا تەقلىدتەن، شائىر ئۇشبۇ سۆزنى ئېيتقان،
ئەمدى ساڭا سۆزلىدىم، (سەنمۇ) كۆرگىن:

868. "مېھىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر،
توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەزىز.

869. كىشى قەدىرلىك ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قەدىرلىكتۇر،
ئەقىل ـ ئىدراك توغرا، چىن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ."

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

870. ئايتولدى يەنە ئېيتتى: دۆلەتمەن ئەلىگ،
ماڭا ئەمدى بۇ سۆزنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەر.

871. ياخشى كىشىلەرنىڭ يامان بولۇشى مۇمكىنمۇ،
يامانلارمۇ (بىر كۈنى) ياخشىلارغا ئەگىشەرمۇ؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

872. ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇنىڭ بىرى، ھەقىقىي ھالدا ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ.

873. بىرى، ئانىدىن تۇغۇلۇپلا ياخشى بولىدۇ،
ئۇ توغرا ۋە دۇرۇس ھايات كەچۈرىدۇ.

874. قارا، يەنە بىرى — تەقلىد يولى بىلەن ياخشى بولغانلار،
ئۇلار يامانغا قېتىلسا، يامانلىق قىلىدۇ.

875. يامانلارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش يامان ھېسابلىما:

876. بۇلاردىن بىرى تۇغما يامانلاردۇر،
بۇنداق كىشى ئۆلمىگۈچە كىرى تازىلانمايدۇ.

877. يەنە بىرى، تەقلىد يولى بىلەن يامان بولغانلار،
(بۇلارنىڭ) دوستلىرى ياخشى بولسا، ئۇمۇ ياخشى يولغا ماڭىدۇ.

878. تۇغما ياخشىدىن دائىم ياخشىلىق كېلىدۇ،
جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ.

879. تۇغما يامان بولسا، ئۇنىڭغا داۋا يوق،
ئۇ دۇنيا ئۇچۇن بالا ۋە خەلق ئۈچۈن جۇتدۇر.

880. بۇنىڭغا تەقلىدتەن ئېيتىلغان بىر تۈركچە مەسەل باركى،
بۇنى ئاڭلا ۋە چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرگىن:

881. ياخشى ئادەت ئاق سۈت بىلەن كىرگەن بولسا،
(بۇنداق كىشى) ئۆلگەنگە قەدەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

882. (كىشىنىڭ) تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلغان قىلىق
ئۆلۈم بۇزمىغۇچە ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ.

883. (ئانىنىڭ) قارنىدا پەيدا بولغان مىجەز ۋە ئادەت
بوز يەر قېتىغا كىرگەندىلا كېتىدۇ، ئەي دانا.

884. ئەگەر ياخشىغا بىر يامان يولداش بولسا،

ئۇنىڭ قىلمىشلىرىمۇ يامانىنىڭكىگە ئوخشاش يامان بولىدۇ.

885. يامان ياخشى بىلەن بىللە قېتىلىپ يۈرسە،
بارلىق ياخشىلىقلارغا (يەتمەك ئۈچۈن) مەشەققەتلىك ئىرىشىدۇ.

886. قارا، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ياخشى بىلەن يامان
يېقىنلىشىش تۇپەيلىدىن يولنى توغرىلىۋالىدۇ.

887. بېگى ياخشى بولسا، بارچە خەلق تەرتىپلىك،
قىلىقلىرى ياخشى، خۇي - پەيلى گۈزەل بولىدۇ.

888. بەگلەر ياخشى كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
يامانلارمۇ ياخشى ئىش قىلىدىغان بولىدۇ.

889. يامانلار بەگلەرگە يېقىن بولسا،
ئەلدە يامانلارنىڭ قولى ئۇزىراپ كېتىدۇ.

890. يامانلار باش كۆتۈرسە، ياخشىلار يوقىلىدۇ،
ياخشىلار ھۆكۈمران بولسا، يامانلار (ئارىدىن) كېتىدۇ.

891. ئەگەر بەگلەر بەخت بەلگىسى سۈپىتىدە ياخشى بولىدىكەن،
پۈتۈن خەلقمۇ، شۈبھىسىز ياخشى بولىدۇ.

892. (ئەگەر) بەگلەر (ئۆزى) يامان بولىسىلا،
ئۇ ئەلدە يامانلارنىڭ يۈزىدە شادلىق جىلۋە قىلمايدۇ.

893. بەگلەر بېگى بىر ياخشى قانۇن تۇرغۇزغانكى،
يامان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چار - جازا ۋە زىنداندۇر.

894. ئەگەر خەلقنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ياخشى بولىدۇ.

895. ئەگەر بەگلەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى بولسا،
پۈتۈن خەلقى بېيىيدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

896. ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: بۇلارنى چۈشەندىم،
ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى توغرا ئېيتتى.

897. بۇ ياخشىلىقلارنى كىشى ياخشى دەپ بىلىدۇ،
پايدىلىق بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايدۇ.

898. (ئۇنى) پۈتۈن ئىنسان سۆيىدۇ، خالايدۇ، ئارزۇ قىلىدۇ،
ئۇنى ئىستىگەنلەر ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىدۇ؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

899. ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق ئېسىل نەرسىدۇر،
ئېسىل نەرسىنى دائىم ئېسىل كىشىلەر خالايدۇ.

900. قايسى نەرسە ئېسىل، نادىر ۋە قەدىرلىك بولسا،
ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بارچە كىشىگە ئېغىر چۈشىدۇ.

901. يامانلىق ۋە ئۇنى قىلغۇچىلار قەدىرسىزدۇر،
ياۋۇز ئىشمۇ قەدىرسىزدۇر، (ئۇ) يامانلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

902. قانداق نەرسە قەدىرسىز بولسا، يەردە ياتىدۇ،
تاۋار ـ دۇردۇن قىممەتلىك بولغاچقا، تۆردە تۇرىدۇ.

903. ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئېغىر ئىشتۇر،
يامانلىق تۆۋەنگە چۈشۈشتەك، ئېرىشمەك ئاساندۇر.

904. قارا، ئەقىل بۇنىڭغا تەقلىدتەن بىر سۆز ئېيتقانكى،
ئەقىللىقنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا، پايدىسى كۆپتۇر:

905. "ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئىش، ھەممە كىشى چىقالمايدۇ،
بۇ ئىشنى قىلمەن دەپمۇ ھەممە ئىنسان قىلالمايدۇ.

906. قەدىرلىك بولغان ھەرقانداق نەرسىنى بېجىرىش ئېغىرغا چۈشىدۇ.
بىلىمسىز ۋە نادانلار بۇنى (ئادا) قىلالمايدۇ."

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

907. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
ياخشىلىق شۇ قەدەر نام ۋە مەدھىيىگە ئېرىشكەن ئىكەن،

908. ئۇنىڭمۇ ئىنسانلار سۆزلىگۈدەك قۇسۇرى بارمۇ،
پاراسەتلىك(لەر) ئۇنى ئۇقامدۇ، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

909. ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق دائىم ماختىلىدۇ،
يامانلار (بولسا) ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپماقچى بولىدۇ.

910. كىشىلەرگە دائىم يېقىنلىق قىلغۇچى ئەرمۇ،
ئەگەر يامانلار بولمىسا، ياخشى ئىش قىلالمايدۇ.

911. يامانلار خورلانغانلىقى ۋە كەمسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن،
ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدۇ، ياراتماي يۈرىدۇ.

912. كىم ياخشىلىقنى خالىسا ياخشىلىق قىلىدۇ،
خورلاش ۋە كەمسىتىشكە پىسەنت قىلمايدۇ.

913. كىمكى بۈگۈنكى شادلىقىنىلا تىلىسە،
ئۇ يامانلىق قىلىدۇ، كېيىن قايغۇرىدۇ.

914. ياخشىلىق تىلىگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دائىم ياخشىلىق قىل، (ياخشىلىقنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:

915. ياخشىلىقنىڭ بۈگۈن ساڭا ھېچ زىيىنى يوقتۇر،
بۈگۈن ئىشەنگىنكى، كېيىن ئۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

916. يامانلىق بۈگۈن پايدىلىق(تەك) كۆرۈنسىمۇ،
ئۇ ئەتە زىيان كەلتۈرىدۇ، بۇنى پاراسەت بىلەن ئۇققىن.

917. ياخشىلىق ئوتۇق بولسا، يامانلىق سولدۇر،
سولۇڭدا دوزاخ، ئوڭ تەرىپىڭدە جەننەت بار.

918. يامانلار بۈگۈن قانچىلىك ھۇزۇرلانسىمۇ،
ئەتىكى كۈندە ئۆكۈنچ بىلەن ئازاب چېكىدۇ.

919. ياخشى كىشى قانچىلىك خار بولسىمۇ،

ئەتە ئۇ يەردە ئۆكۈنمەيدۇ، ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

920. ئەي ئايتولدى، سەن بۇنى ھەققەت دەپ بىلگىنكى،
ياخشى نام بىلەن ئۆلسەم، ئۆكۈنچسىز بولىمەن.

921. ئادىل كىشى نەقەدەر ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقان،
ئادىل كىشىنىڭ تىلى سۆزگە ئۇل سالىدۇ:

922. باشقىلار يامان دەپ ياخشىنى رەت قىلسا،
ئەي ياخشى، مەن سېنى ئارزۇ قىلىپ تىلەيمەن.

923. ئەي ياخشى، ئېيتقىنچۇ، ساڭا كىم تويىدۇ؟
قېنى بېرى كەل، مەن ساڭا تويمىدىم، تېخى ئاچمەن.

924. ياخشى كىشى قانچىلىك خورلانغان بولسمۇ،
(مەن) شۇ ياخشى (كىشى)گە ھەمراھ بولۇشقا رازىمەن.

925. بەگلىك ماڭا يامانلىق بىلەن كېلىدىغان بولسا،
بۇنداق بەگلىك كېرەك ئەمەس، ئۇنى ساڭا بەردىم.

926. كىشىنىڭ تەبىئىتى ياماندۇر، بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن.
ھالاۋىتى ناھايىتى قىسقا، ئۆكۈنچى ئۇزۇن.

927. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر بۇ سۆزنى ئېيتقان،
ئۇنى ئوقۇساڭ (مەنىسى) ئېچىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئۆتكۈر قىل:

928. "قارا، قايسى ياخشى (كىشى) ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنىدۇ؟
ئاتانغان يامانلار ئاخىر قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

929. يامانلىق قىلسا، يامانلىقنىڭ جاۋابى ئۆكۈنچ بولىدۇ،
قولۇڭدىن كەلسە يامانغا ياخشىلىق قىل، ئۆچ ئال.

930. يامان كىشىلەرنى قانداقمۇ ماختاي،
نېمىشقىمۇ يامان ئىشنى ئارزۇ قىلاي؟

931. ئەسكىلىك، پەسكەشلىك، جاھىللىقنىڭ ھەممىسى
يامانلارنىڭ قىلىق – ئادىتىدۇر، ئەي ئۇلۇغ (كىشى).

932. بالا، ئازاب، مۇشەققەت ۋە ئۆكۈنچلىك كۆز يېشى —
يامانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن جاۋاب، ئەي يىگىت.

933. قارا، بۇ ياخشى كىشىلەرنى قانداقمۇ سۆيمەي،
بۇ ياخشى ئىشلارنى قانداقمۇ ماختىماي؟

934. سېخىيلىق، ئادەمگەرچىلىك، مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق،
ئېنىقكى، ياخشى كىشىلەردىن كېلىدۇ.

935. ياخشى كىشى دوستلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر،
ياخشى ئىش ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

936. دوستۇڭ ياخشى بولسا، نېمە خالىساڭ قىلالايسەن،
(ياخشى) يول تېپىش ئۈچۈن ياخشى دوست كېرەك.

937. ھۇزۇر – ھالاۋەت، ئارزۇ، نېمەت، غۇرۇر
ۋە خۇشال – خۇراملىق ياخشىلىقنىڭ جاۋابى بولىدۇ.

* * *

938. ئەلىك ئېيتتى: ئايتولدى، بۇ سۆزلەرنى ئۇققىن،
سورىغان سوئالىڭغا (شۇنداق) جاۋاب بەردىم.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

939. ئايتولدى يەر ئۆپۈپ، ئورنىدىن تۇردى
ۋە دېدى: ئەي مۇقەددەس بەخت، ئەي ياخشى قانۇن،

940. دۇنيانىڭ ھاكىمى بولدۇڭ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن،
ھالاۋەت ۋە ياخشىلىق ئىچىدە ئىشىڭ ئامان بولسۇن.

941. بەگلىكىڭ ۋە سەلتەنىتىڭ بۇزۇلمىسۇن،
شاد ــ خۇرام كۈلۈپ، راھەتتە ياشا.

942. ئۇلۇغلۇق بىلەن كۆپ ئەللەرگە ھاكىم بول،
بەگلىكىڭنىڭ ئۇلى قۇدرىتىڭ بىلەن مۇستەھكەم بولسۇن.

943. ئارزۇلىرىڭ قورىماس (ئېقىندەك) ئېقىپ تۇرسۇن،
دۆلەت قېرىماس (خىزمەتچىدەك) دائىم ئىشىكىڭدە تۇرسۇن.

944. بارلىق خۇشاللىقىڭ ھەممىسى ساغلام كەلسۇن،
دۈشمەنلەر قايغۇ بىلەن زەئىپلىشىپ ئۆلسۇن.

945. سەن ھەركىمنىڭ خىزمەت قىلىشىغا ئەرزىيسەن،
ئەرزىگەن (كىشىگە) خىزمەت قىلسا، بەخت ئىشىك ئاچىدۇ.

* 946. خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە خىزمىتى بىلەن ئارزۇ ـ تىلىكىگە
يېرىشكەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

947. خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ ئەرزىگەنگە قىل،
لاياقەتلىك بەگ خىزمەتكارىنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ.

948. خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ سېخىينىڭ خىزمىتىنى قىل،
بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشكى كۈمۈشتۇر.

949. ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما،
بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ، ئۆزۈڭ يامان بولسەن.

950. خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ،
ئۇيېتقىنچۇ، قانداقمۇ باشقىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ؟

* * *

951. ئايتولدى سۆزىنى تۈگەتتى، تۇرۇپ (تاشقىرىغا) چىقتى،
شادلىققا چۆمۈپ ئۆز ئۆيىگە يول ئالدى.

952. شۇندىن باشلاپ تەۋرەنمەي خىزمەت قىلدى،
كېچىسى كۆزەتتە تۇردى، كۈندۈزى ئارام ئالمىدى.

953. ھەققانىي ۋە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى،
ئەلىگ ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

954. شۇ خىلدا يەنە بىرقانچە زامان ئۆتتى،
ئايتولدى ئۆز خىزمىتى بىلەن يۈزىنى يورۇق قىلدى.

## 19

### ئايتولدى ئەلگكە تىلىنىڭ پەزىلەتلىرىنى، سۆزنىڭ پايدىسىنى ئېيتىدۇ

955. ئەلىگ بىر كۈنى ئايتولدىنى چاقىردى،
ئورۇن بەردى (ۋە) ئولتۇر، دەپ ئىملىدى.

956. ئايتولدى ئەدەپ بىلەن ئاستا ئولتۇردى،
كۆزىنى يەرگە تىكىپ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

957. ئەلىگ دېدى: (ئەي) ئايتولدى، سۆزۈڭنى سۆزلە.
نېمىشقا شۈك تۇرسەن، نېمە بولدۇڭ؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

958. ئايتولدى دېدى: ئەي بەگلەر بېگى،
قۇل (ئۆز) بېگىنىڭ يۈزىنى كۆرسە، ئەقلىنى يوقىتىدۇ.

959. ئەلىگ بۇيرىماستىن قانداق سۆزلەي،
سورىماستىن ئاۋۋال قانداق ئۆتۈنەي؟

960. بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، بويۇن تولغىما،

سورىماستىن بۇرۇن سۆزۈڭنى سۆزلىمە.

961. كىم بىرسىنى لازىم تېپىپ، خالاپ چاقىرسا،
ئۇ ئۆزى ئالدى بىلەن سۆز باشلايدۇ.

962. سورىماستىن ئاۋۋال سۆز سۆزلىگەننى
ھايۋان دېسە، توغرا ئېيتقان بولىدۇ.

* 963. يەنە، بىلگىنكى، (بىر نەرسە) سورىمىغان بەگلەرگە
سۆز ئاچقانلار تەلۋە، ئەخمەقتۇر.

964. ئېزىل تىل ئۆمرۈڭنى قىسقارتىدۇ،
ئېسەنلىك تىلىسەڭ، ئۇنى قاتتىق باغلا.

* 965. ئۆزىنى تۇتقان، ئۆزىنى بېسىپ،
ئېسەن ـ ئامان ياشىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

966. "قارا باشنىڭ يېغىسى قىزىل تىلدۇر،
ئۇ نەچچىلىگەن باشلارنى يېگەن، يەنىمۇ يەيدۇ.

967. بېشىڭنىڭ (ئامانلىقىنى) تىلىسەڭ، تىلىڭغا ئېھتىيات بول،
تىلىڭ ھەر كۈنى بېشىڭغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ."

## ئەلىگىنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

968. ئەلىگ ئېيتتى: سۆزۈڭنى تولۇق چۈشەندىم،
تىرىك (كىشى)نىڭ سۆزلىمەسلىكى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

969. بىلگىنكى، ئىككى تۈرلۈك كىشى بولىدۇ،
ئۇنىڭ بىرى — بىلىمسىز، بىرى كىچىكچىتۇر.

970. كىچىكچىنىڭ تىلى تۇتۇلغان، ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ،
بىلىمسىزلەرنىڭ تىلى سۆزنى ساقلىيالمايدۇ.

971. بىلىمسىزنىڭ تىلى دائىم باغلاقتا بولۇشى لازىم،
بىلىملىك كىشى تىلىغا ھاكىم بولۇشى كېرەك.

972. بىلىملىكنىڭ سۆزى (گويا) يەرگە سۇدەكتۇر،
سۇ ئاققان يەردىن نېمەت ئۈنىدۇ.

973. بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ،
ئېقىپ تۇرغان سۇزۇك بۇلاقنىڭ سۈيى ئۆكسىمەيدۇ.

974. ئالىملار چىملىق ــ سازلىقتا ئوخشاش بولىدۇ،
قەيەرگە ئاياغ باسسا، (شۇ يەردىن) سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

975. بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ،
دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت ــ چۆپ ئۈنمەيدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

976. ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەلىگ ئۇقىدۇ،
(ئەگەر) تىلنىڭ زىيىنى تەگسە، تىرىكلىك تۈگەيدۇ.

977. ئىنسان تىرىك ئىكەن، قانداق سۆزلىمىسۇن؟
كىشى كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەيدۇ، يوشۇرمايدۇ.

978. كىشى سۆزلىشى ئۈچۈن (ئاۋۋال) سوراش كېرەك،
سورىمىسا، سۆزنى چىڭ ساقلاش لازىم.

979. ئەي ئەلىگ، ئەگەر ياخشى بىلسەڭ، سورىماقلىق ئەركەكتۇر،
(ئۇنىڭ) جاۋابى بولسا چىشىغا ئوخشاشتۇر.

980. ئايالنىڭ بىر ئەركەك ئېرى بولىدۇ،
تۇغۇلسا، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل، تۇغۇلىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

981. ئەلىگ دېدى: چۈشەندىم، بارچە سۆزۈڭ ھەق،
يەنە باشقا بىر سورايدىغان سۆزۈم بار.

982. تىلنىڭ زىيىنىنى سۆزلىدىڭ، بۇنى ئاڭلىدىم،
ئۇنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ توغرىسىنى ئېيتىپ بەر.

983. ئەگەر تىلنىڭ زىيىنىدىن قورقساڭ،
بارچە پايدىلىق سۆزلىرىڭ ئېيتىلماي قالىدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

* 984. ئايتولدى ئېيتتى: ئەگەر بۇ تىل سۆزلەشنى بىلسە،
سۆزنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ.

985. بىھۇدە سۆز بىلمىسىزنىڭ تىلىدىن چىقىدۇ،
دانالار بىلىمسىز كىشىنى ھايۋان ئاتايدۇ.

986. بهۇدە، هاجەتسز (سۆزلەرنى) سۆزلەش — ئاۋامنڭ قلقدۇر،
قارا باشنى يېگەنمۇ بهۇدە سۆزدۇر.

987. سۆز ئۇرۇنسز سۆزلەنسە، كۆپ زيان كەلتۈرىدۇ،
ئەگەر (سۆزنى جايىدا) سۆزلەشنى بلسە، پايدسى بولدۇ.

988. بلگنكى، ئاۋامنڭ قارنى تويسا ئۆكۈزدەك ياتىدۇ،
بهۇدە سۆزگە ئاۋۇنۇپ، ئۆزنى سەمرتدۇ.

989. يەپ، تويۇپ ياتقانلار هايۋاندۇر،
بۇ هايۋان دېگننم ئۇنڭ قلقغا قارىتلغان.

990. بلملك كشلەر ۋۇجۇدنى ئۇپرتدۇ،
بلم بلەن شادلنپ، جېننى ياشنتدۇ.

991. ۋۇجۇدنڭ نېسۋسى بوغۇزدن كرىدۇ،
روهنڭ نېسۋسى بولغان چن سۆز قولاقتن كرىدۇ.

992. قارا، بلمنڭ بەلگسى ئككى نەرسدۇر،
بۇ ئككى نەرسە بلەن كشنڭ يۈزى يورۇق بولدۇ:

993. بۇنڭ برى — تل، (يەنە) برى — بوغۇزدۇر،
بۇ ئككسنى باشقۇرالسا، دەريادەك پايدسى تېگدۇ.

994. بلملك بوغۇز ۋە تلغا هاكم بولۇشى لازم،
بوغۇز بلەن تلنى كۆزەتكەن بلملكلەر (بەگكە) ئېهتياجلقتۇر

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

995. ئەلگ ئېيتتى: سۆزلىرىڭنى ئۇقتۇم، ئايان بولدى،
سۆزنىڭ ئاساسى نېمە (ۋە) سۆز قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

996. سۆز نەدىن چىقىدۇ (ۋە) نەگە بارىدۇ؟
ئەي بىلىمدان، بۇنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەر.

997. قانچىلىك سۆزلەش (ۋە) قانچىلىك سۆزلىمەسلىك
توغرىسىدا ئەقىللىق ۋە بىلىملىك دانا نېمە دەيدۇ؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلگكە جاۋابى

998. ئايتولدى دېدى: سۆزنىڭ ئورنى سىردۇر،
سۆز سانى ئون بولسا، سۆزلىنىدىغىنى — بىر (بولۇشى كېرەك).

999. بىرىنى سۆزلەپ، توققۇزىنى تىيغۇلۇق،
(چۈنكى) تىيىلىدىغان سۆز ئەسلى بەتبۇي بولىدۇ.

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1000. ئەلگ يەنە دېدى: سۆزنىڭ پايدىسى قانچىلىك
ۋە زىيىنى قانچىلىك، ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەر.

## ئايتولدىنىڭ ئەلگكە جاۋابى

1001. ئايتولدى دېدى: سۆزنىڭ پايدىسى ئۇلۇغدۇر،
(سۆز) جايىدا قوللىنىلسا، قۇلنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

1002. بىلگىنكى، سۆزنىڭ پايدىسى تۆپەيلىدىن بوز يەردىكى (كىشى) يېشىل كۆككە ئۆرلەيدۇ، تۆردە بولىدۇ.

1003. ئەگەر تىل (جايىدا) سۆزلەشنى بىلمىسە،
يېشىل كۆكتىكى كىشىنى (يەرگە) چۈشۈرىدۇ.

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1004. يەنە ئېيتتى: سۆزنىڭ قانچىلىكى كۆپ ۋە
قانچىلىكى ئاز بولىدۇ، ماڭا ئوچۇق ئېيتىپ بەر.

## ئايتولدىنىڭ ئەلگىگە جاۋابى

1005. ئايتولدى دېدى: كۆپ سۆز دېگەن شۇكى،
سورىمىغاننى سۆزلەپ كۆڭۈلگە تېگىش.

1006. ئاز سۆز — سورالغانغا بېرىلگەن جاۋاب،
سۆزگە يارىشا قايتۇرۇلغان سۆزدۇر.

* 1007. تىلنى سۆز بىلەن بېزەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچقان شائىر بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنداق دېگەن:

1008. "سۆزنى ئوبدان ئويلىنىپ، ياخشى سۆزلىگىن،
سورىغاندىلا سۆزلە ۋە تېزلا توگەت.

1009. سۆزنى كۆپ ئاڭلا، (لېكىن) نۇرغۇن سۆزلىمە،
بىلىم بىلەن (سۆز) تۈز، پاراسەت بىلەن سۆزلە."

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1010. ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرىڭنى چۈشەندىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، يوشۇرماي ئېيت.

1011. چىن سۆزنى كىمدىن ئاڭلاش كېرەك،
سۆزنى كىمگە ئېيتىش كېرەك، بۇنى ئېيتىپ بەر.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1012. ئايتولدى دېدى: سۆزنى دانادىن ئاڭلاپ،
كېيىن بىلىمسىزگە ئېيتىش كېرەك.

1013. كېرەكلىك سۆزنى ئۇلۇغلاردىن ئاڭلاش لازىم،
(ئاندىن) كىچىكلەرگە ئېيتىش كېرەككى، (ئۇلار) ئۇ سۆزنى
تۇتۇۋالسۇن.

1014. سۆزنى كۆپ ئاڭلىغۇلۇق، بىرە - بىرە سۆزلىگۈلۈك،
بىلىملىك دانا ماڭا شۇنداق دېگەن.

1015. كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشى ئالىم بولالمايدۇ،
ئالىم كۆپ ئاڭلاپ تۆرنىڭ بېشىغا ئېرىشىدۇ.

1016. ئىنسان كېكەچ بولسىمۇ بىلىم ئالالايدۇ،
(ئەمما) گاس بولسا، بىلىمگە قولى يەتمەيدۇ.

## ئەلگىنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1017. ئەلىگ يەنە ئېيتتى: بۇ سۆز چۈشىنىشلىك بولدى،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەر.

1018. تىلنى شۇك تۇتۇش كېرەكمۇ ياكى سۆزلەشمۇ؟
سۆزنى ئاچقان ياخشىمۇ ياكى يوشۇرۇشمۇ؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1019. ئايتولدى دېدى: ئەلىگ ئاڭلىسۇنكى،
تىل بىلەن سۆزلەنمىسە، (بىلىم شۇ پېتى) قېلىۋېرىدۇ.

1020. تىلنى سۆكۈشكىلا بولمايدۇ، ماختىلىدىغان يەرلىرىمۇ كۆپ،
سۆزنىڭمۇ ماختىلىدىغان ۋە سۆكۈلىدىغان تەرەپلىرى بار.

1021. سانسىزلىغان جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى
تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە تىل بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

1022. (تەڭرى) تۇمەنمىڭلارچە خالايىقنى ياراتتى،
(ئۇلار) تەڭرىنى پەقەتلا تىلى بىلەن ماختايدۇ.

1023. ۋۇجۇدى بارلىقى كىشى ئۇچۇن كېرەك (نەرسە)
بىرى — تىل بىلەن سۆز، (يەنە) بىرى — كۆڭۈل.

1024. كۆڭۈل ۋە تىلنى توغرا سۆز ئۇچۇن ياراتقان،
سۆزى ئەگرى بولغانلار ئۇتتا كۆيۈشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

1025. توغرا سۆزنى سۆزلىسە پايدىسى كۆپتۇر،
ئەگەر ئەگرى سۆزلىسە، دائىم سۆكۈشكە ئۇچرايدۇ.

1026. توغرا سۆزلىمەكچى بولساڭ، تىلىڭ تەۋرىسۇن،
سۆزۈڭ ئەگرى بولسا، (ئۇنداق) سۆزنى يوشۇرغىن.

1027. سۆزلىمىگەن ئادەمنى كىشىلەر كىچىكچ دېيىشىدۇ،
كۆپ سۆزلىسە، نامى — ۋالاقتەككۇرلەرنىڭ بېشى بولىدۇ.

1028. كىشىلەرنىڭ قەدىرسىزى ۋالاقتەككۇرلەردۇر،
كىشىلەرنىڭ قەدىرلىكى سېخىي كىشىدۇر.

* * *

1029. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ شادلاندى،
كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۈردى.

1030. خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، كۆپ مەدھىيە ئوقۇدى،
دېدى: ئەي ئىگەم، مېھرىبان ھەم ئەزىزسەن،

1031. سەندىن ماڭا كۆپ ياخشىلىق كەلدى،
مەن سېنىڭ ئىناۋەتسىز، گۇناھكار قۇلۇڭمەن.

1032. تىلىكىمنى بەردىڭ، بارچە ئارزۇلىرىمغا (يەتكۈزدۈڭ)،
راھەت، مال — دۇنيا، دۆلەت ۋە كۆپ ياخشىلىقلار (ئاتا قىلدىڭ).

1033. بۇنىڭ شۈكۈرىنى قانداقمۇ ئۆتەلەيمەن؟

ئەي ئالىيجاناب، بۇنىڭ شۈكۈرىسىنى ئۆزۈڭلا ئادا ئەتكەيسەن.

*  *  *

1034. (ئەلىگ) سۆزىنى تۈگەتتى، خەزىنىسىنى ئاچتى،
كەمبەغەللەر ھەققى ئۈچۈن نۇرغۇن مال تارقاتتى.

1035. ئەلىگ بۇ ئايتولدىنى قەدىرلىدى،
قولى بىلەن ئېھسان بەرسە، تىلى بىلەن ماختىدى.

1036. ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك ئۇنۋان بېرىپ، تامغا (تۇتقۇزدى)،
تۇغ، دۇمباق بىلەن ساۋۇتىمۇ بەردى.

1037. پۈتۈن مەملىكەتتە ئۇنىڭ قولىنى ئۇزۇن قىلدى،
دۈشمەنلەر بويۇن ئېگىپ، (ئۇ يەردىن) يوقالدى.

*  *  *

1038. ئايتولدى پۈتۈن ئىشلارنى باشقۇردى،
ئېرىشكەن زامانىدىن غۇرۇر بىلەن شادلاندى.

1039. خەلقى بېيىدى، مەملىكەت تەرتىپكە چۈشتى،
خەلقى ئەلىگ ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

1040. خەلق نىجات تاپتى، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى،
قوزا بىلەن بۆرە بىللە يۈرىدىغان بولدى.

1041. ئېلى روناق تاپتى، قانۇن تۈزۈلدى،
ئېلىگنىڭ دۆلىتى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولدى.

1042. بىرقانچە مۇددەت (ئەنە شۇنداق) بەختتە ئۆتتى،
خەلقنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي تۈزەلدى.

1043. مەملىكەتتە يېڭى شەھەر ـ كەنتلەر كۆپەيدى،
ئېلىگنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدى.

1044. ئېلىگ دىلى شادلىنىپ ھۇزۇرلاندى،
نامى ۋە شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلدى.

## 20

## بەختنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ئۈستىدە

1045. ئايتولدى ئاززۇ - تىلەكلىرىگە تولۇق ئېرىشتى،
ئۆتكۈنچى بەخت قېرىپ، ئارقا يۈلىكىنى يىقىتتى.

1046. يەنە (بۇ ھەقتە) بىلىملىك دانا ياخشى ئېيتقان:
نېمەت تۈگەل بولسىلا، (كىشى) نېسىۋىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

1047. ئاقىل تېخى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلەپ،
نېمەت تۈگەل بولغاندا، ئۆمۈرمۇ تۈگەيدۇ، دەيدۇ.

1048. بىلىملىكنىڭ (بۇ) سۆزى بەكمۇ ياخشى ئېيتىلغان،
بىلىملىكنىڭ سۆزى بىلىمسىزگە كۆزدۇر.

1049. تۈۋەن چۈشكەن كۆتۈرۈلىدۇ، كۆتۈرۈلگەنمۇ تۈۋەن چۈشىدۇ،
يورۇغان ئۆچىدۇ، ماڭغان توختايدۇ.

1050. ھەرقانداق ئىش ئۆز كامالىتىنى كۆتىدۇ،
كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، (يەنە) تۈۋەنگە يانىدۇ.

1051. ئايتولدى تىلىكىگە تۈگەل ئېرىشتى،
تىرىكلىكنى تۈگەتتى، مال - مۈلكى قالدى.

1052. تولغان ئېيى يەنە كىچىكلەشكە باشلىدى،
نۇرلۇق يازى قەھرىتان قىشقا ياندى.

1053. (بىر - بىرىگە) ماس مىزاجلار (ئۆزئارا) زىتلاشتى،
بىرى كۈچىيىپ، ئۆچىنى بېسىپ چۈشتى.

1054. مىزاجى ئاينىدى، تامىقى ئېتىقسىز بولدى،
روھى ئېغىرلاشتى، كېسەل (ئۇنى) قاتتىق تۇتتى.

1055. مىزاجلىرى بۇزۇلدى، كۆر، كۈچى كېمەيدى،
تال چىۋىقتەك تۈز قامىتى ئۆۋەن پۈكۈلدى.

1056. ئېغىر كېسەل كېلىپ، ئۇنى تۇتتى ۋە يەرگە يىقىتتى،
مۇڭلۇق ئىڭراپ، تۆشەككە كىرىپ ياتتى.

1057. تېۋىپلار توپلاندى، تومۇرىنى تۇتتى،
بۇنىڭ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشتى.

1058. بەزىلەر: ئەمدى ئۇنى قان تۇتۇپتۇ * ،
قان تومۇرىنى ئېچىپ قان ئېقىتىش كېرەك، دېيىشتى.

1059. بەزىلەر: سۈرگە ئىچكۈزۈش كېرەك،
ئىچى قېتىپتۇ، ئۇنى بوشىتىش كېرەك، دېيىشتى.

1060. بەزىلەر جۇلاپ قوشۇپ، سوغۇقلۇق قىلدى،
بەزىسى كېرەكلىك شاراب ھازىرلاپ بەردى.

1061. هېچ داۋا، دورا قالمىدى، ھەممىنى قىلدى،
ئېمە راۋا بولسا، شۇنى بەردى.

1062. پايدا قىلمىدى، كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى،
كۈنسېرى كۆچى خوردى، ئەقلى ئاجىزلىدى.

1063. تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تەقۋادار كىشى — كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر.

1064. مەيلى مۇميا قات، مەيلى تىرياق * ئىشلەت،
مەيلى ماترىدۇس * بىلەن چۇرنى * سوقۇپ (بەر).

1065. مەيلى تېۋىپ چاقىر ياكى قام * (كەلتۈر)،
ئۆلۈمگە يۈزلەنگۈچىگە ھەرگىز داۋا پايدا بەرمەيدۇ.

1066. ئەي تىرىك يۈرگۈچى، غاپىل بولما،
تىرىك ئىكەنسەن، (ئاخىر) سەنمۇ ئۆلسەن.

* * *

1067. ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى.
ئۆلۈمنىڭ خەۋەرچىسى — كېسەل (ئۇنىڭغا) قول ئۇزاتقانىدى.

1068. ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ھالىنى سوراپ كەلدى،
ئەلىگ كېلىپ، (ئۇنى) ياتقان ئەھۋالدا كۆردى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1069. ئەلىگ سورىدى: ھازىر كۆڭلۈڭ قانداق؟
نېمە كېسەل بۇ، ئۇيقۇڭ قانداق؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1070. ئايتولدى دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
مېنى شۇنداق بىر كېسەل تۇتتىكى، ئۇنىڭ داۋاسى يوق.

1071. ئېيىم تولۇندى، تولۇنلۇقى كېمەيدى،
تەبەسسۇم ئالاھىدە ئىدى، ئەمدى بۇ ئېسىللىق كەتتى.

1072. تۇغقان كۈنۈم شادلىق بىلەن چىقاتتى،
(ئەمدى) كۈنۈم پاتقىلىۋاتىدۇ، تۈنلىرىم يورۇمايدۇ.

1073. شادلىق (غۇرۇرۇم بولغان) تىرىكلىك ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى،
تۇراقسىز دۇنيا مەندىن يۈزىنى ئۆرۈدى.

1074. شادلىق، ئارزۇ، نېمەتلەر ئارقامدا قېلىۋاتىدۇ،
قايغۇ – ئەلەم، مۇشەققەت ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

1075. ماڭا، بۈگۈن مەن سەندىن ئايرىلىمەن،
پۇشايمان (ۋە) ئەلەم بىلەن ئىڭراپ كېتىۋاتىمەن.

* 1076. خەلقنى باشلىغۇچى كىشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى،
دانا ئەل بېگى نېمە دەيدۇ ئاڭلا:

* 1077. بۇ دۆلەت كېلىپ، ئۆز مەيلىچە يوگۇرۇپ، يەنە كېتىپ
قالمىسا، قانچىلىك ياخشى بولاتتى.

* 1078. ئۆلۈم تۇتمىسا، كىشى (دائىم سالامەت) يۈرسە،
بۇ بەگلىك ئىشى نېمىدېگەن ئوبدان ئىش بولاتتى.

* 1079. ئەگەر كىشى قېرىماستىن، ياشىسا ئىدى،
يىگىتلىك كۈنلەر قانچىلىك گۈزەل بولغان بولاتتى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1080. ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، بۇ سۆزلەرنى قويغىن،
ئەي تۇز كۆڭۈل، بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمىگىن.

1081. ھەممە كىشى كېسەل بولىدۇ ھەم ياخشى بولىدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك، بۇ كېسەل يالغۇز ساڭىلا (كەلگەن) ئەمەس.

1082. نېمىشقا تىلىڭدىن خۇنۇك گەپلەر چىقىدۇ،
نېمىشقا ئۆزۈڭچە كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن؟

1083. مەن سېنىڭ بىلەن ئاۋۇنۇپ يۈرەتتىم،
بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈۋاتقاندەك، سۆزلىرىڭ باشقىچە بولۇۋاتىدۇ.

1084. خۇدايىم ياخشى قىلغاي، بۇنداق سۆزلەرنى قىلما،
كۆڭلۈمگە ئوتلۇق تۇگۈن سالما.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1085. ئايتولدى ئېيتتى: ئەي بەختلىك ئەلىگ،
بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق، دورا ئىزدىمە.

1086. كىمكى تۇغۇلغان ئىكەن، ئۆلۈشمۇ كېرەك،
نېمىكى كۆتۈرۈلگەن بولسا، چۈشۈشى كېرەك.

1087. كۆتۈرۈلۈشنىڭ چۈشۈشى بار، ئېگىزلىكنىڭ — تۆۋىنى،
خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار، ئاچچىقنىڭ — تاتلىقى.

* 1088. يەنە ساڭا، مىجەزىم تۇراقسىز، ئۆزۈم ئۆزگىرىشچان دەپ،
بۇ سۆزۈمنىمۇ ئېيتقانىدىم.

1089. بۇ مېنىڭ قىلىقىمنى ساڭا چۈشەندۇرگىنىم ئىدى،
(ئەسلىدە) ماڭا كۆڭۈل باغلىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.

1090. (مەن) كېتىمەن، بۇنىڭغا سەن شۈبھىلەنمىگىن،
تۇغۇلغان ئۆلمەيدۇ دېسە، چىنپۈتمىگىن.

1091. ئىشەنچسىز، دەپ ئەمدى مېنى سۆكمە،
دۇنياغىمۇ ئىشەنمە، ئۇمۇ سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

1092. جاپا قىلدى، دەپ سەن مېنى ئەيىبلىمە،
بۇ دۇنيا ساڭا مەندىنمۇ (بەكرەك) جاپا قىلغۇچىدۇر.

1093. غاپىل بولما، مەندىن كېيىن سەنمۇ ئۆلسەن،
بۇ دۇنياغا ئىشەنمە، چىنپۈتۈپ گول بولما.

1094. خىزمەت كۆرسەتمىگەن چېغىمدىلا مېنى قەدىرلىگەن ئىدىڭ،
ئەي ئەلىگ، قېنى، ساڭا (قانچىلىك) خىزمەت كۆرسەتەلىدىم؟

1095. مېنىڭ ئۆلمىكىم تىلەك – ئارزۇيۇم ئەمەس،
كېلىپ – كەتمىكىم بۈگۈنلا بولۇۋاتقان (ئىش) ئەمەس.

1096. مەن ئەركسىز هالەتتە قىينىلىپ (ئۆلۈپ) كېتىۋاتىمەن،
(چۈنكى) تىرىكلىك تىلەپ قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق.

1097. يوق ئىدىم، (خۇدا) مېنى ياراتتى، يېتىشتۈردى،
كىچىك ئوغلان ئىدىم، (ئۇ مېنى) چوڭ قىلدى.

1098. سىدام يۈزلۈك ئىدىم، ساقال چىقاردى،
قارا قۇزغۇندەك ئىدىم، ئاق قۇدەك چال قىلدى.

1099. قەددىم ئوقتەك ئىدى، قەددىم ئېگىلدى،
تىرىكلىكىم تۈگىدى، ۋاقتى – سائىتىم توشتى.

1100. بىلىمى كەڭ دانا ناهايىتى ياخشى ئېيتقانىدى،
ئەي خۇش چىراي، بۇنى سەن ئاڭلا:

1101. قايسى باشقا ئاق قۇ قىياپىتى كىرسە،
ئۇ كىشى كۆڭلىنىمۇ ئاق قۇدەك ئاق قىلسۇن.

1102. كىمنىڭ تۈز تالدەك قەددى پۈكۈلگەن بولسا،
ئۇ كۆڭلىنى تۈزلىسۇن، ۋاقتى كەلدى.

1103. قارا چاچ ـ ساقال ئاقارغان بولسا،
پىشانىمىدا (تۇرغان) ئۆلۈمگە تولۇق ھازىرلىنىش كېرەك.

1104. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، شائىر بۇ سۆزنى ئېيتتى،
ئەي ياخشى ئىنسان، بۇنى سەن ئاڭلىغىن.

1105. قارا چاچنىڭ ئاقارغىنى ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر،
ئۇ تىرىك كىشىگە ھاياتنى ئەزىزلەشتۈرىدۇ.

1106. كۆپ نېمەتلەرنى يېدىڭ، ھايات لەززىتىنى تېتىدىڭ،
كۆپ بەخەستەلىك قىلما، ئەمدى سېنىمۇ ئۆلۈم يەيدۇ!

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1107. ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئايتولدى، ئالدىرىما، سەۋر قىل،
كېسەللىك كېيىن گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن يەدەل بولىدۇ.

1108. كېسەل بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدىغان بولسا،
دۇنيادا رىزىق يەيدىغان كىشىلەرمۇ قالمىغان بولاتتى.

1109. خۇدا سېنى بۇ كېسەلدىن ياخشى قىلغاي،
روھىڭنى چۈشۈرمە، خاتىرجەم تىنچ يات.

* * *

1110. ئەلىگ سۆز باشلاپ، دۇئا قىلدى،
قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللادىن شىپالىق تىلىدى.

1111. خاپىلىق ۋە ئەلەم بىلەن ئۇ يەردىن چىقتى،
كۆڭلى مەيۇس ھالدا سارىيىغا كىردى.

1112. كەمبەغەللەرگە كۆپ مال ـ دۇنيا ئۈلەشتۈردى،
ئۇنىڭغا پايدىسى بولارمىكىن، دەپ ئويلىدى.

1113. ئەگەر كۈمۈش ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالىسا ئىدى،
كىشىلەر كۈمۈشنى ئۆزى ئۈچۈن بەدەل قىلغان بولاتتى.

1114. ئىنسان ئۆلۈمگە بىرەر بەدەل قىلالىغان بولسا،
ئەل باشقۇرغۇچى (پادىشاھلار) بەدەل بېرىپ ئۆلمىگەن بولاتتى.

* * *

1115. قارا، ئايتولدىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى،
ئۈمىدسىز بولۇپ، جېنىدىن قولىنى يۇيدى.

1116. ئۆكۈنۈپ دېدى، ئىست ھايات،
(سېنى) بىھۇدە ئۆتكۈزدۈم، ئىست گۈزەللىك.

1117. غەپلەتتە ئۆمۈر كەچۈردۈم،
يىگىتلىكىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

1118. مەن ئۆزۈم (ھاياتقا قاراپ) قاچقان بىر قاچاق ئىدىم،
ئەجەل تۇتۇپ، ئېلىپ ماڭدى، سۆزۈمنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

1119. ئاچكۆزلۈك بىلەن دۇنيا مېلىنى توپلىدىم،

مال ـ دۇنيا قېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن يوقسۇزلۇق بىلەن كېتىۋاتىمەن.

1120. قول ۋە تىلىمنى ئارتۇقچە ئۇزاتقانىدىم،
(ئەمدى) ئۆلۈم كېلىپ تۇتتى، مانا نەپسىمنى قىستى.

* * *

1121. (ئايتولدى) شۇنداق ئۆكۈندى، كۆپ يىغلىدى،
ئۆكۈنۈشى ئۆلۈمگە پايدا بەرمىدى.

1122. بۇ ئىنسان ئوغلى نېمىدېگەن ئاجىز ـ ھە؟
تىرىكلىك كۈنلىرىنى تىلىگىنىدەك ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

1123. (ئىنسان) تىلىكىگە ئېرىشسە، ھايات ياشىيالمايدۇ،
ھايات بولسا تىلىكىگە يېتەلمەيدۇ، ئەي دانا.

1124. ئازراق ياخشىلىققا يېتىشسە، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ،
سۆزىنى يېشىل كۆكتىن ئۇستۈن چاغلايدۇ.

1125. مەرتىۋە قازانسا، مەغرۇر، كۆرەڭ بولۇۋالىدۇ،
ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ۋە ئۆكۈنچ بىلەن ئۆلىدۇ.

1126. يەپ تويسا، قىلىقلىرى ئوغرىدەك بولىدۇ،
ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ تۇرۇپ ئوغنى يەيدۇ.

1127. كۆلپەتتىن قاچىدۇ، راھەتكە ئەگىشىدۇ،
سۆيگىنىگە يېتىدۇ، يەتكەندىن كېيىن (يەنە) ۋاز كېچىدۇ.

* * *

1128. ئايتولدى ئۆكۈندى، چوڭقۇر تىنىپ
ئېيتتىكى: مەن توغرا يولۇمنى يوقاتتىم.

1129. بۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى نېمە ئۈچۈن توپلىغان بولغىيدىم،
نېمىشقىمۇ كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرمىدىم؟!

1130. ئاھ، بۇ ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن (تاشلاپ) قويدۇم،
گۇناھسىز كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەيىبلىدىم؟!

1131. بۇرۇنلا جىمى ياخشىلىقلارنى قىلىشىم كېرەك ئىدى،
ئۇلار كېيىن ماڭا، شۈبھىسىز، پايدىلىق بولاتتى.

1132. بۈگۈن بۇ ئۆكۈنچلىرىمنىڭ نېمە پايدىسى بار،
ئۆلۈم تۇتتى، نەپسىم بىلەن سۆزۈمنى كەستى!

1133. ئۆتكۈر كۆزلۈك، كىشىگە سادىق،
توغرا سۆزلۈك ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1134. پۈتۈن نەپەس ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئۆلۈم بىر ئىشىكتۇر،
(ھايات) يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشىككە كىرىدۇ.

1135. ھايات نېمەيۇ، ئۆلۈم نېمە،
قاياقتىن كەلدىم، قاياققا يول ئالدىم.

1136. نېمىشقا ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلدۇم،

يىغا كۆرۈش ئۇچۇن نېمىشقا كۈلدۈم؟!

1137. دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟
(ھەربىر) تۇغۇلغان كىشى شۇنداق دەپ ئۆلىدۇ!

1138. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر شۇ سۆزنى ئېيتتى،
بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسە، (كىشىنىڭ) كۆزى ئېچىلىدۇ:

1139. "دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟
ئۆلۈمنى ئويلىساڭ بارلىق لەززەت كېتىدۇ.

1140. ئۆلۈم تۈۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر،
سىنچىلاپ قارىساڭ، تۈۋى يوق چوڭقۇرلۇقتۇر."

1141. ئۆلۈمنى بىلگۈچى ئۆزى غەپلەتكە چۈشسە،
ئۆلۈم تۇتقاندا سۆز بىلەن بىرەر نەپ ئالالمايدۇ.

1142. ھالاۋەتكە بېرىلىپ غەپلەتكە چۈشكەنلەر
ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇيۇ، (ئامال قىلىشقا) كۈچى يەتمەيدۇ.

1143. نۇرغۇن مال - دۇنياغا تويمىغان كۆزى ئاچ كىشى
ئەجەل كەلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ، چارە قىلالمايدۇ.

1144. مەغرۇر كىشى ئۆتكۈنچى دۆلەتكە شادلىنىپ مەغرۇرلىنىدۇ،
بوز يەر قېتىغا كىرگەندە، يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىدۇ.

1145. شادلىقلارغا ئاۋۇنۇپ كۈلگۈچىلەر
يىغلاشقىمۇ تەييارلانغۇلۇق، ئەي ئۆلگۈچى ئىنسان!

1146. ئىدراكلىق ۋە بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىنسا پايدىسى تېگىدۇ:

1147. ئاخىرەتتە ئۆزىگە ياخشى ئورۇن تىلىگۈچى
ھەر ئىككى دۇنيادا يامانلىق قىلمىسۇن.

1148. ئەي خۇش پېئىل كىشى، يامانلىق قىلما،
بۇگۈن سۆزۈڭ ۋە ھەرىكىتىڭدە ياخشىلىق قىلغىن.

* * *

1149. بۇ ئايتولدى ئۆكۈنۈپ، كۆپ يىغلىدى،
ئەمدىكى ئۆكۈنۈشى پايدا بەرمىدى.

1150. كەمبەغەللەرگە ئالتۇن — كۈمۈشلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى،
قېرىنداشلىرىغا كۆپ ۋەسىيەتلەر قىلدى.

1151. كۆزىنى كۆككە تىكىپ دېدىكى: ئەي ئىگەم،
مەن سەندىن باشقا بىر تەڭرىنى بىلمىدىم.

1152. مېنى ياراتتىڭ، يېتىشتۈردۇڭ (ۋە) ئۆستۈردۇڭ،
(بۇ) سېنىڭ پەزىلىتىڭ ئىدى، بۇنى چۈشىنىمەن.

1153. مەن ئۆزۈمنى ساڭا سىغىنغانىدىم،
مانا بۇ ئەجەل كەلدى، سۆزۈمنى كەستى.

1154. قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق، ھوشۇمنى يوقاتتىم،
ئەمدى سېنىڭ رەھمىتىڭ يارDEMچى بولسۇن.

1155. نادانلىق بىلەن كۆپ يامانلىقلارنى قىلدىم،

ئەي ئەزىز (تەڭرى)، مېھر - شەپقەت بىلەن مېنى كەچۈرگىن.

1156. ئىست، ھاياتىم بىھۇدە ئۆتتى،
ئىست، زامانىمنى ۋە بەگلىكىمنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

*　　*　　*

1157. سۆزنى تۈگەتتى، بىرئاز ئۈيلىنىپ تۇردى
(ۋە) ئوغلىنى كۆرۈپ كۆز ياش ئېقىتتى.

## 21

## ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە پەند - نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

1158. ئايتولدىنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى،
بۇ ئوغلىنىڭ يېشى كىچىك ئىدى.

1159. ئېتى ئۆگدۈلمىش، ئەسلى پاك ئىدى،
چىرايى كۆركەم، مىجەز - خۇلقى ياخشى ئىدى.

1160. ئۇ، ئوغلىنى ئۆز يېنىغا چاقىردى،
تۇتۇپ قۇچاقلىدى (ۋە) كۆزىدىن ئېقىندەك ياش تۆكتى.

1161. ئۇ دېدى: ئوغلۇم، مانا ئەمدى (ئۆلۈپ) كېتىمەن،
بۇ ئورنۇم ۋە بارلىق مال - مۈلكۈم ساڭا قالدى.

1162. كۆزۈمنىڭ نۇرى سەنلا ئىدىڭ،
(ئەمدى) سەندىن ئايرىلىۋاتىمەن، ئېسەن، ياخشى قال!

1163. بۇ، تۈرك ۋەزىرى قانداق ياخشى ئېيتقان - ھە:
ئوغۇل - قىزنى كۆرەر كۆز نۇرى دەپ بىل.

1164. ئوغۇل - قىزنىڭ غېمى تۈۋسىز دېگىنىزدۇر،
قىزىل يۈزنى ئوغۇل - قىزنىڭ (غېمى) سارغايتىدۇ.

1165. كىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزى ۋە خاتۇنى بولسا،
ئۇ كىشىنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟

1166. ئوغۇل ـ قىز تۇپەيلىدىن ئاتا زەخمەت چېكىدۇ،
ئوغۇل ـ قىز (بولسا) ئاتىسىنىڭ ئېتىنىمۇ ئاتمايدۇ.

1167. ئايتولدى دېدى: ئەي ئوغلۇم، قۇلاق سال،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ماڭا كۆڭۈل قوي.

1168. ماڭا قارا، مەن سېنىڭ ئاتاڭ ئىدىم،
ئېتىم ئايتولدى ئىدى، ئەمدى ماڭا باق!

1169. بۇ ئايتولدىنىڭ ئۆمرى توشتى،
ئۆكۈنۈش بىلەن نالە قىلىدۇيۇ، ئۇنىڭ پايدىسى يوق.

1170. هايات — شېرىن، ئۆلۈم بولسا ئاچچىقتۇر،
(ئۆلۈم ماڭا) تەييارلاندى، ئەمدى قاچار يولۇم قەيەردە؟

1171. بۇ دۇنياغا كۆڭلۈمنى بېرىپ ئاۋۇندۇم،
قارا، ئۇ مەندىن بېزىپ، ۋاپا قىلمىدى.

1172. مېنى دۇنيا ئالدىدى — سۆيۈپ ئۆزىگە چاقىردىيۇ،
كۆڭۈل بېرىۋېدىم، تېزلا يۈز ئۆرۈدى.

1173. دۇنيا جاپا قىلدى، بۇ بەخت قېرىدى،
سېنىمۇ ئالدىمىسۇن، بۇ سۆزگە ئىشەن.

1174. زۆرۇر ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەردە قويۇپ،
ھەۋەسكە بېرىلىپ، كېرەكسىز ئىشلارنى قىلدىم.

1175. ھايات خۇددى بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى،
ئەمدى ئۆزۈمگە ئېچىنىپ، پايدىسىز نالە قىلىۋاتىمەن.

1176. پارا ياكى مال (بېرىش) بىلەن ئىشىم ئوڭشالمايدۇ،
بۈگۈن قولۇمدىن تۇتۇپ (يول كۆرسەتكۈدەك) كىشىمۇ يوق،

1177. (غەپلەتتىن) ئويغانغان ۋە ئۆلۈمنى تولۇق چۈشىنىپ
بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1178. ئۆلۈمنى كۆرۈپ، دانانىڭ بىلىمى كەتتى،
ئاقىلنىڭ ئەقلى يوقاپ، ئەقلىدىن قالدى.

1179. بۇ ئۆلۈمنىڭ تىرىنقى نېمىدېگەن ياۋۇز نەرسە،
(ئۆلۈمنىڭ) كىشىنى يىقىتىمقى نېمىدېگەن ئەشەددىي!

1180. ياسداق سارايىنى بۇزغۇچى ئۆلۈمدۇر،
بارلىق يىغىلغانلارنى چاچقۇچى ئۆلۈمدۇر.

1181. شېئىر توقۇغۇچى بۇنىڭغا تەقلىدەن بىر سۆزنى ئېيتتى،
ئەي بىلگۈچى، سەن بۇنى ئوقۇغىن:

1182. "دۇنيادا ھىيلە قىلغىلى بولمايدىغان نېمە بار،
چارە قىلغىلى بولمايدىغان قانداق ھىيلە بار؟

1183. ھەرقانداق نەرسىگە بىر ھىيلە، چارە — تەدبىر بار،

پەقەت ئۆلۈمگە ھيلە يوق، ئۆلۈم ھيلىسىزدۇر.“

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1184. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى،
ئاتىسىغا يۈزلىنىپ سۆز ئاچتى،

1185. دېدى: ئەي ئاتا، ساڭا بىر سۆزۈم بار،
ئۇنى ئېيتاي، سەن ماڭا جاۋاب بەرگىن.

1186. بۇ دۇنيادا كۆپ ياشىدىڭ،
بىلىم ئۆگەندىڭ، پەزىلەت ۋە ھۈنەر ئىگىلىدىڭ،

1187. سورىدىڭ، ئاڭلىدىڭ (ھەممە نەرسىنى) ئۆگەندىڭ،
كۆپنى كۆرۈپ، تەجرىبىلىك بولۇپ ياشىدىڭ.

1188. قانداق بولمىسۇن ئۆلۈمگە بىرەر تەدبىر بارمۇ؟
ئەي زىرەك ئالىم، (ئەگەر بولسا) ئۇنى (ئۆزۈڭگە) ئىشلەت.

1189. (ئەگەر) باشقا بىر ھيلە، ئامال بولمىسا،
بارلىق خەزىنە – مېلىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇلەشتۇر.

1190. خەزىنە ۋە مال بېشىڭغا بەدەل بولالىسا،
ئېسەن – ئامان بول، ئالتۇن – كۈمۈش يەنە تېپىلىدۇ.

* 1191. كۆزى توق، باشقىلارغا ئاش – تۇز بېرىدىغان،
سېخىيلارنىڭ خىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1192. مېلىڭنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈر، يېگۈزگىن ۋە ئىچكۈزگىن،
مېلىڭ سېنى تۈگەتكۈچە، سەن مېلىڭنى تۈگەت.

1193. كىشىگە ئېسەنلىك كېرەك، مال كېمىيىپ قالمايدۇ،
قۇش ئۈچۈن هايات كېرەك، دان كېمىيىپ قالمايدۇ.

1194. ئىنسانلار هاياتلا بولىدىكەن، ئارزۇ - تىلىكى بولىدۇ،
جان - تېنى ئامان بولسا، ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

## ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1195. ئايتولدى جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئوغۇل،
سۆزۈمنى ئاڭلا، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچ.

1196. ئۆلۈمگە ئالتۇن - كۈمۈش پايدا بەرمەيدۇ،
ئۆلۈمنى بىلىم ياكى ئىدراك توسۇپ قالالمايدۇ.

1197. ئۆلۈمنى دۇنيا مېلى توسۇپ قالالىسا ئىدى،
بەگلەر بېگى ئۆلمىگەن، داۋاملىق ياشىغان بولاتتى.

1198. هېكىملەرگە هېكمەتلىرى پايدا قىلمىدى،
دانالارغا بىلىملىرى ياردەم بېرەلمىدى.

1199. ئۆلۈمگە دورا ۋە داۋا پايدا بېرەلىسە ئىدى،
تېۋىپلار ئەبەدىي هايات ياشىغان بولاتتى.

1200. ئۆلۈم (كىشىگە) يۈز خاتىرە قىلسا ئىدى،
مۇبارەك پەيغەمبەرلەر ئۆلمىگەن بولاتتى.

1201. تۇغۇلغان تىرىكلەرنى ئۆلدۇ، دەپ ھېسابلا،
ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلغانلاردىن كىم تىرىك قالدى؟

1202. بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭدۇركى، كەلگەنلەر كېتىدۇ،
يەپ تويماس ئەجدىھادەك يېگەنسېرى ئىچىرقايدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1203. ئۆگدۈلمىش ئاڭلىدى ۋە دېدى: ئەي ئاتا،
ئۆلۈمگىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەن ئىكەنسەن.

1204. نېمە ئۈچۈن ھاياتىڭنى زايە قىلىپ غەپلەتتە ياشىدىڭ،
ئەمدى نېمە ئۈچۈن نالە قىلىپ پۇشايمان يەيسەن؟

1205. قالدىغان بۇ مال - دۇنيانى نېمە ئۈچۈن توپلىغانىدىڭ،
ئارتۇق ماللىرىڭنى نېمىشقا ئۈلەشتۈرمىدىڭ؟

1206. ئىنسان ئۆزى غەپلەتتە ياشىغان بولسا،
ئۆزىگە ئۆكۈنسۇن، ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن.

1207. ئەي ئاتا، بۈگۈن ئۆكۈنۈپ نالە قىلىپ،
مىڭ مەرتەم باشنى يەرگە ئۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

## ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1208. ئايتولدى دېدى: ئەي ئوغلۇم، ئاڭلا،
مېنى كۆر، غەپلەتتە بولما، ئاخىرەت ئىشىنى تۇت.

1209. غاپىللىق مېنى خاراب قىلدى، ئۆكۈنمەكتىمەن،
ھوشيار بول، غەپلەتتە يۈرمە، ئەي چىرايلىقىم.

1210. تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغاندۇر،
ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئاخىر (ئۆلۈم) مەجبۇرى ئېلىپ كېتىدۇ.

1211. ئۆلگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقتىنىڭ تۇتقۇنىدۇر،
ۋاقتى يەتكەندە، قارىغىنكى، ئايغىنى قىمىر قىلالمايدۇ.

1212. شائىر بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (بىر سۆزنى) ئېيتقان،
ئەگەر چۈشەنسە، بۇ مۇكەممەل سۆزدۇر:

1213. "ھەر نەرسىنىڭ بىر ۋاقتى بار، كۈنى بەلگىلىكتۇر،
نەپەس ئېلىپ، تىنىشنىڭمۇ سانى بەلگىلىكتۇر.

1214. يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتكىنىدەك ئۆمۈر ئۆتىدۇ،
ئېنىقكى، ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر سېنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ."

1215. ئايتولدى يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەي ئوغۇل،
مەن قايسى ئەھۋالدا كېتىۋاتىمەن؟ ماڭا قاراپ ئويغان!

1216. ئويلايدىغىنىم پەقەت سەنلا، غەم بىلەن كېتىۋاتىمەن،
بۈگۈن مەندىن كىچىك ئايرىلىپ قېلىۋاتىسەن.

1217. مەندىن كېيىن قانداق (ئەھۋالدا) بولسەن،
مېنىڭ بۇندىن باشقا غەم ـ ئەندىشەم يوق.

1218. بالىغا ئاتىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولسا،

ئوغلىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوبدان بولۇپ يېتىشىدۇ.

1219. (ئاتا) ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا، (ئوغلى) ياخشى بولىدۇ،
ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

1220. ئەگەر قاتتىق قول بولمىسا، ئۇ ھالدا ئوغۇل
زايە كېتىدۇ، ئۇنداق ئوغۇلدىن ۋاز كەچ.

1221. ئوغلى بار ئاتا ئالىم، زېرەك بولسا،
(ئوغلىنى) دائىم قاتتىق تۇتۇشى كېرەك، ئىشنىڭ چارىسى مۇشۇ.

* 1222. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى كەچۈرگەن،
يېشى يەتكەن ئوغۇللۇق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1223. كىمنىڭ ئوغۇل ـ قىزى ئەركە بولسا،
ئۇ يىغلايدۇ ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىك بولىدۇ.

1224. ئاتا بالىسىنى كىچىكىدىنلا بوش قويۇۋەتكەن بولسا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.

1225. ئوغۇل ـ قىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقى يامان بولسا،
بۇ يامانلىق قىلغان (ئوغلىنى) ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلغان ئاتىسى
بولىدۇ.

1226. ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولۇپ، ئۇنى ئوقۇتسا،
ئوغۇل ـ قىزى يېتىلىپ چوڭ بولغاندا سۆيۈنىدۇ.

1227. ئەي ئاتا بولغۇچى، ئوغلۇڭنى قاتتىق تۇت،

كېيىن كەلگەنلەر سەندىن كۈلمىسۇن.

1228. ئوغۇل – قىزغا پەزىلەت، بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى،
شۇ پەزىلەت بىلەن خۇي – پەيلى گۈزەل بولسۇن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1229. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەي ئاتا،
سېنىڭ قايغۇڭنى يەپ، كۆيۈپ – يانماقتىمەن.

1230. سېنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ياشىمىسام ئىدىم،
سېنىڭ قايغۇلىرىڭنى كۆزۈم كۆرمىسە ئىدى.

1231. مېھرىبان ئىگەم، سېنىڭ ئورنۇڭغا مېنىڭ جېنىمنى ئالسا،
ماڭا بۇ قايغۇلارنى كۆرسەتمىسە ئىدى!

1232. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، (ساڭا) ئەجەل يەتسە،
(دېمەك)، بۇ ئەجەل ئەزەلدە شۇنداق پۈتۈلگەندۇر.

1233. نېمە ئۈچۈن قايغۇرسەن، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟
خۇدادىن ھۆكۈم كەلدى، يىغلاشنى قوي!

1234. ئەگەر، دۇنيا – دۆلەت قالدىغانلىقى ئۈچۈن
يىغلىغان بولساڭ، يىغلىما، بۇنداق زارلىنىش بولمايدۇ.

1235. ئەگەر بۇ نازۇ نېمەتلەر قالغىنى ئۈچۈن
يىغلىغان بولساڭ، قوي، يىغلىما!

1236. سەندىن ئاۋۋال كۆپ دۇنيا يىغقانلار
پەرياد چېكىپ ئۇنى قويۇپ كەتتى.

1237. بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ (ئاخىرى)
جاپا قىلىشنى بىلەتتىڭ، ئۆزۈڭ غەپلەتتە ئۆتتۈڭ.

1238. بارچە مال ـ دۇنيا بىر كىشىگە جەم بولسىمۇ،
دۇنيا قالىدۇ، (ئۇنىڭ) ئۆلۈشىگە ئىككىلا بۆز تېگىدۇ.

1239. (ئەگەر) ھاياتىڭ ئۇچۇن ئۆكۈنگەن بولساڭ،
ئۆكۈن، تىنىماي يىغلا، كۆزۈڭنى (ياشتىن) قۇرۇتما!

1240. ئۆتكەن كۈنۈڭ يەنە يېنىپ كەلمەيدۇ،
نېمە بولساڭمۇ، ئەمدى تۈنۈڭ يېقىنلاشتى.

1241. بۇ قايغۇ ـ غەملىرىڭ مەن ئۇچۇن بولغان بولسا،
غەم قىلما، بەلكى خۇشال بول.

1242. سەن يارىتىلغان ئىدىڭ، يارىتىلغانلار ئۆلىدۇ،
يارىتىلغان ئۆلىدۇيۇ، ياراتقان قالىدۇ.

1243. ناھايىتى مېھرىبان، سېخىي ئاتام ئىدىڭ،
(ئەمما) ياراتقۇچى سېنىڭدىنمۇ مېھرىباندۇر.

1244. سېنى ئۇ ياراتتى، ساڭا بەخت بەردى،
ماڭىمۇ بەرمەسمۇ؟ بۇ سۆزگە ئىشەن.

1245. قەدىرسىزگە قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭدىن تېگىدۇ،

ئۇنىڭ خالىشى بىلەن كىچىككە ئۇلۇغلۇق كېلىدۇ.

1246. سەپسالاسالاڭ، ئەقىللىقنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
ئاقىلنىڭ بۇ سۆزى ئەقىلسىز ئۈچۈن كۆزدۇر:

1247. "ئەزىزلەرگە ئىززەت كۆرسەتكۈچىلەر ھەققىي ئەزىز بولىدۇ،
(شۇڭا) ئىززەت ۋە ئەزىزلىك قەدىرلىكتۇر.

1248. ئۇ قەدىرسىزگە قىممەت، كىچىككە ئۇلۇغلۇق،
يامانغا يۆلەنچۈك، چوڭغا يۈكسەكلىكتۇر."

* * *

1249. ئايتولدى ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى ـ دە،
قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى كۆككە تىكتى.

* 1250. خۇدا ئوغلىغا ئەقىل ـ پاراسەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن،
خۇداغا كۆپ شۈكۈر، مەدھىيە ئېيتتى.

## ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1251. (ئايتولدى) دېدى: ئەي ئوغلۇم، ئەمدى كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى،
خۇدانىڭ پەزىلىتى بىلەن بەخت ئىچىدە ياشا.

1252. ئىدراكلىق كىشى توغرا ئېيتقانىكى، بۇ سۆزگە دىققەت قىل،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن ۋە ياخشى زېھىن قوي:

1253. خۇدا كىمگە ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم بەرسە،

ئۇ پۈتۈن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا قول يەتكۈزەلەيدۇ.

1254. كىمنىڭ قىلىقلىرى ياخشى، مىجەز ـ خۇلقى دۇرۇس بولسا،
ئۇ پۈتۈن تىلەكلىرىگە يېتىدۇ، ئاي، كۈنى پارلايدۇ.

1255. ياخشى قىلىق ئۆرگۈن ياخشىلىقلار ئۈچۈن سەرمايىدۇر،
مىجەز ـ خۇلقى ياخشى بولسا، مىڭ تۈرلۈك شادلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

* * *

1256. ئايتولدى يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ،
خۇداغا كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتتى.

1257. دېدى: ئەي ئىگەم، سەن ھەممە نەرسىنى ياراتتىڭ،
سانسىز جانلىقلارنى رىزىق بىلەن پەرۋىش قىلدىڭ.

1258. مېنى ياراتتىڭ ۋە بەخت ئىچىدە يۈكسەلدۈردۈڭ.
مەن سېنىڭ گۇناھكار، تائەتسىز، پەس قۇلۇڭمەن.

1259. شۇ ۋاقىتقىچە (ماڭا) كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ،
كۆپ ئارزۇلىرىمغا يەتكۈزدۈڭ، مال ـ دۇنيا ۋە نېمەت بەردىڭ.

1260. پۈتۈن ئارزۇ، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتىم،
ئەي ياخشى ئىگەم، مەن سەندىن خۇشاللىق تاپتىم.

1261. ماڭا ھۆكمىڭ كەلدى، مانا كېتىۋاتىمەن،
بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇنى تاشلاپ (كېتىۋاتىمەن).

1262. ئاتا ئىدىم، ئەمدى بۇ ئاتا ئۆلدۇ،
ئىگەم، هاياتسەن، ئۇنىڭغا بەخت بەرگەيسەن.

1263. ئۇنى هالاۋەتكە يېقىن، بالادىن يىراق تۇت،
هەر ئىككى دۇنيادا ئۇنىڭغا يول كۆرسەت.

1264. ياماندىن ساقلاپ، ياخشىغا ئېرىشتۇر،
يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەككە موهتاج قىلمىغىن.

* * *

1265. چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ ياخشى دۇئا قىلدى،
ئەي ياخشى دۇئا، سەن بالادىن قۇتقۇلدۇر.

1266. تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
تەقۋادار كىشى كىشىلەرنى باشلىغۇچىدۇر.

1267. خۇدا كىمگە ئىنايەت ۋە ياردەم بەرسە،
ئۇ كىشى هەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ.

1268. قايسى قۇلىغا خۇدا يار – يۆلەك بولسا،
ئۇ ئىككى دۇنيادا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

1269. كىمگە بولمىسۇن خۇدانىڭ پەزىلىتى نېسىپ بولسا،
ئۇ بارلىق ئارزۇسىغا يېتىپ، نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

1270. ئەقىللىق كىشى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (بىر سۆز) ئېيتقان،
كىم ئاقىلنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلسا ئىشى يۈرۈشىدۇ:

1271. "تەگرى كىمنى ئاسرىسا، ئۇ ئاسرىلىدۇ،
تىلىكىنى تاپىدۇ ۋە ياخشى نېمەتلەرگە يېتىشىدۇ.

1272. قايسى قۇل خۇداغا ئىشەنسە،
ئۆزىگە كېلىدىغان قايغۇ - بالانىڭ دەرۋازىسىنى تاقايدۇ."

* * *

1273. ئايتولدى يەنە شۇنداق دېدى: ئەي ئوغۇل، (شۇنى) بىلگىن:
ئۆلۈمگىنى ئۇنتۇما، ئويلان ۋە هوشيار بول!

1274. تىرىكلىككە ئىشەنمە، (ئۇ) شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بىخۇد بولما، بۇ دۇنيادىن تېزلا كېتىسەن.

1275. مەن سېنى تامامەن خۇداغا تاپشۇردۇم،
خالىسا ئاسرايدۇ، هالاۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

1276. ئۆكۈنۈش ئىچىدە هۆگرەپ يىغلاپ،
مانا بۈگۈن سېنىڭدىن ئايرىلىۋاتىمەن.

1277. مەندىن كېيىن سەن نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى
بىلگىنىمچە ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلا.

22

## ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى

1278. كۆڭۈل، تىلىڭنى توغرا تۇت، خۇداغا سىغىن،
بىخۇد بولما، ئەتىكى ئىشىڭغا ھازىرلان.

1279. بىلگىنكى، ھەرقانداق ياخشىلىق، يامانلىق خۇدانىڭ ھۆكمىدۇر،
خۇداغا ئىشەن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىل.

1280. نېمە لازىم بولسا ئۇنىڭدىن تىلە،
بىلگىنكى، ساڭا (مەدەت بولىدىغان) ئۇنىڭدىن باشقا كۈچ يوق.

1281. (ئۇنىڭ) ئەمرى قانداق بولسا، ئۇنى قەدىرلە،
ئەگەرى سېنى بۇگۈن (ۋە) ئەتە ئەزىز قىلىدۇ.

1282. يۇرۇش ـ تۇرۇشتا توغرا بول، خاتالىق سادىر قىلما،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت، چوڭ سۆزلىمە.

1283. مەن بىرمۇنچە ياشىدىم، ئەمدى كېتىۋاتىمەن، ئويلان،
دۇنيا ماڭا نېمە قىلدى؟ بۇنىڭغا بىر باق.

1284. مال ـ دۇنيا ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما،
باشقىلارنىڭ مېلىنى ئالما، زورلۇق قىلما!

1285. (مەن) تۇپلاشنى بىلدىمۇ، يېيىشنى بىلمىدىم،
كۆڭلۈم ئۆكۈنچ بىلەن ئۆتتى، (بۇنىڭ) پايدىسى بولمىدى.

1286. مېلىم ساڭا قالدى، بۇ ماڭا بىر يۈك ئىدى،
راھەتتە ئۇنى يېتىپ يە، شادلىق بىلەن ھۇزۇرلان.

1287. تۇپلانغان مال — دۇنيالىرىڭنى تۇتۇشنى بىلسەڭ،
ئىككى دۇنيادا يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

1288. تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، بىرمۇنچە مال بولسىمۇ،
ساڭا يېتىشمەيدۇ، (ئاخىر) يۈزۈڭنى سارغايتىدۇ.

1289. توغرا بول، دۇرۇس ھەرىكەت قىل،
شادلىق توغرىلىق ئىچىدە بولىدۇ.

1290. توغرا مىجەزلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
توغرا مىجەزلىك كىشى ھەر ئىككى دۇنياغا ئىگە بولىدۇ:

1291. كىشى كۆڭلىرىنىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتۈشنى خالىسا،
بۇنىڭ ئامالىنى توغرىلىقتىن ئىزدىسۇن.

1292. سەن باي بولاي دېسەڭ، ئېنىقكى،
بايلار ئۆز ئۆلۈشىنى توغرىلىقتىن تاپقان.

1293. بۈيۈكلۈكنى ۋە خەلققە باش بولۇشنى ئىستىسەڭ،
ئۆزۈڭ ئۈچۈن توغرىلىق يولىنى ئاچ.

1294. ئىنسان خوش مۇئامىلە، مىجەزى توغرا بولسا،

ئىككى دۇنيادا كۆنى يورۇيدۇ.

1295. ئايتولدى يەنە ئېيتتى: ئوغلۇم، ئاڭلا،
ياخشىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى دوزاختىن ساقلا.

1296. دائىم ياخشىلىق قىل، يامانلىقتىن يىراق بول،
(شۇ چاغدا) مەيلى ئۆلتۈر، مەيلى تۇر، ساڭا ياخشىلىق كېلىدۇ.

1297. يامان يولداشقا يېقىنلاشما، ساڭا زەرەر كەلتۈرىدۇ،
يامانلىق ئۇلاندۇر، دىققەت قىل، سېنى چاقىدۇ.

1298. ئىككى يۈزلۈك كىشىگە كېپىڭنى ئېيتما،
سۆزۈڭ يېيىلىپ كېتىدۇ ھەم سىرىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

1299. غەيۋەتخور كىشىنى ئۆيۈڭگە يولاتما،
كۆرۈپ بىلگەنلىرىنى پۈتۈن ئەلگە يايىدۇ.

1300. سىنىغان، ئىشەنگەن كىشىڭنى مەھكەم تۇت،
ئۇنىڭدىن ساڭا تۇمەنمىڭ لەززەت تېگىدۇ.

1301. ھەممە سۆزنى ئاڭلا، لېكىن تېزلا ئىشىنىپ كەتمە،
كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى ئاچما، (ئۇنى) چىڭ ساقلا، يوشۇر.

1302. كىشىلەرگە ھەسەت قىلما، ئارتۇقچە يەپ – ئىچمە،
بۇ ئىككى ئىشنى قىلغۇچىلار داۋاملىق دەردكە قالىدۇ.

1303. ئاياللارنى بوش قويما، ئىشىكىڭنى ئېتىپ يۇر،
ئەرگە ھەر تۈرلۈك كېلىشمەسلىك ئاياللاردىن كېلىدۇ.

1304. ياتلارنى ئۆيگە يولاتما، ئايالارنى (سىرتقا) چىقارما،
ئارىلىشىشتىن ئاۋۋال كىشىلەرنى سىنا.

1305. مىجەز – خۇلقۇڭنى خوش تۇت، مال ئۈچۈن قايغۇرما،
مىجەز – خۇلقۇڭ ياخشى بولسا، مال – دۇنيا ئۆزى كېلىدۇ،
دەپ بىل.

1306. ئەمدى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل:

1307. "كىشىگە مال – دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي – پېئىل كېرەك،
(شۇنداق كىشى) زۆرۈر بولغاندا، ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە
ئېرىشەلەيدۇ.

1308. مال – تاۋار يامانىنىڭ نېمىسىگە يارايدۇ،
ئۇ قانچە (مال–دۇنيا) يىغسىمۇ، كەمبەغەل بىلەن بىردەكتۇر."

1309. ئۇياتسىز كىشىدىن قېچىپ، يىراق تۇر،
ئۇيات – ھايالىق كىشىلەرگە مەندىن مىڭلارچە ئالقىش (بولسۇن)!

1310. ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىما، سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
سەۋرچان كىشىلەر ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

1311. ھەرقانداق ئىشتا بولمىسۇن ماھارەت ئىشلەت،
ماھارەت ئىشلەتسەڭ بەخت ساڭا يۈزلىنىدۇ.

1312. تىلىڭغا ھېزى بول، كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل،
گېلىڭنى (پاك) ساقلا، ئاز ۋە ھالال يېگىن.

1313. خەلق ئىتائەتسىز بولسا، ئۇنى بايقاپ، يىراق تۇر،
ئاۋامنىڭ توپىلىڭىدىن قېچىپ، (ئۇنىڭغا) قوشۇلما.

1314. ئەي قوزام، ياخشىلىقتىن باشقا (مەقسەتتە)
بەگلەرنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ يۈرمە.

1315. كىشىگە زىيانلىق تىلىمە، ئۆزۈڭمۇ زىيان سالما،
پەقەت ياخشىلىق قىل، هاۋايى ـ هەۋەستىن (ئۆزۈڭنى) باس.

1316. قانداق ئىشقا كىرىشسەڭ ئاقىۋىتىگە كۆز يەتكۈز،
ئاقىۋىتى كۆرۈنمىگەن ئىش كىشىگە زەخمەت بولىدۇ.

1317. ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە، ئۆزۈڭنى تۇت، سەۋر قىل،
سەۋرلىك كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شادلىق بولغۇسىدۇر.

1318. سەۋر قىلغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
سەۋر قىلسا كىشى بۇزۇلغان ئىشنى تۈزىتىدۇ.

1319. سەۋر قىلسا، كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ،
سەۋر بىلەن كۈتكەن ئۈۋچى ئاق قۇ تۇتىدۇ.

1320. ئەگەر مۇشەققەت، غەم ـ قايغۇ كەلگەندە،
كىشى سەۋر قىلسا، يەنە قايتا شادلىق كېلىدۇ.

1321. گەرچە دۆلەت بېزىپ، (ئۇنىڭ) ئىشكىلىرى يېپىلسىمۇ،
كىشى سەۋر قىلسا، يەنە بارلىق ئىشلىرى ئوڭشىلىدۇ.

1322. سەۋر قىلغىن، سەۋر قىلماق ئەرنىڭ ئادىتىدۇر،

كىشى سەۋر قىلسا، مىسالى كۆككە چىقىشقىمۇ يول تاپالايدۇ.

1323. ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، دائىم تەييار تۇر، ئويلان،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، ئەسلىڭگە نەزەر سال.

1324. كۆپكە قېتىلساڭ سۆزۈڭگە مەھكەم بول،
باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل.

1325. كىرىمگە قاراپ مېلىڭنى چىقىم قىل،
ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلىمىگىن.

1326. تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما،
ئەر يالغان سۆزى بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ.

1327. قېرىنداش ۋە تۇغقانلارغا يېقىنلىق قىل،
چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ خۇش چىراي ئېچىپ، سۆيۈملۈك بول.

1328. كىشىلەرگە نان ـ تۇزۇڭنى مول تۇت، يېدۈرۈپ، ئىچۈرگىن،
كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەڭ ئاچما، (ئۇنى) يوشۇرغىن.

1329. ئىبادەتتە غەيرەتلىك بول، خۇداغا سىغىن،
گۇناھدىن يىراق تۇر، ئۆزۈڭنى ئويلا.

1330. دۆلەتكە ئېرىشسەڭ مەغرۇرلانمىغىن،
قولۇڭدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىل، يامانلىق قىلما.

1331. مال ـ دۇنياغا گول بولما، (ئۇ) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، (ئۇ) تېزلا قېرىيدۇ.

1332. تىرىكلىكتە ئۈمىد باغلىما، ئۇ چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ،
تۇراقسىز بەختكە مەغرۇرلانما، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ.

1333. ھاياتىڭنى بوشقا ئۆتكۈزمە، ياخشى ئىشلارنى قىل،
ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە ئۆزۈڭگە كېرەكلىكىڭنى قىلىۋال.

1334. مەي ئىچمە، پىتنە ـ پاساتتىن قېچىپ، ئۇنىڭغا قېتىلما،
زىنا قىلما، پاسىق، قارا يۈز ئاتىلىپ قالما.

1335. بۇ ئىككى قىلىقتىن مۇبارەك بەخت قاچىدۇ،
ئۇ كىشىگە كەمبەغەللىكنىڭ يولىنى ئاچىدۇ.

1336. تەجرىبىلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تەجرىبىلىك كىشىلەر ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ:

1337. "مەي ئىچمە، زىناغا يېقىنلاشما، ھەزەر قىل،
بۇ ئىككىسى يوقسۇللۇق تونىنى كىيگۈزىدۇ.

1338. مەي تۆپەيلىدىن مىڭ تۈرلۈك گۇناھقا جۈرئەت قىلسەن،
زىنادىن بەخت قاچىدۇ، يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ."

1339. ئايتولدى سۆزىنى (بىردەم) توختاتتى، يەنە دېدىكى، ئوغلۇم،
ئۇنتۇما، بۇ ساڭا كېرەكلىك سۆزلەردۇر.

1340. ئىشەنسەڭ، مەن ھەممىنى تولۇق سۆزلىدىم،
سۆزۈمنى ئېسىڭدە تۇتساڭ دائىم خۇشال بولسەن.

1341. ساڭا سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ئىسمى ۋەسىيەتتۇر،
بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇما، كۆڭلۈڭگە پۈتكىن.

## 23

# ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگە ۋەسىيەت خېتى يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ

1342. زىرەك (ئايتولدى) قەغەز، قەلەم سورىدى،
خۇدا نامى بىلەن خېتىنى يازدى.

1343. خۇدا نامى بىلەن سۆزىنى باشلاپ (دېدى):
ياراتقان، يېتىشتۈرگەن، كەچۈرگەن ئىگەم.

1344. تۈمەنمىڭلىغان، سانسىز جانلىقلارنى ياراتتى،
ئۇلارغا رىزىق بېرىپ، بىرسىنىمۇ ئاچ قويمىدى.

1345. ئۇ ئىستىگەن تىلىكىنى ھەممىگە يۈرگۈزىدۇكى،
ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئارقا يۆلەك ھاجەت ئەمەس.

1346. خالىسا يارىتىدۇ، ئۇنىڭ تىلىگىنى بولىدۇ،
ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى تىلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى.

1347. بۇ سانسىزلىغان مەخلۇقاتنى ئۇ ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتتى،
بارچە تىرىك ئۆلگۈسىدۇر، (بىراق) ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق.

1348. تەڭرىم، سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە مەندىن
داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي مىڭلارچە سالام يەتكۈزگەي.

1349. ئۆڭدىن باشقا، بارلىق ساھابىلەرگىمۇ،
ئېگەم، ئۈزلۈكسىز سالامىمنى يەتكۈزگەي.

1350. ئەي، بەختىيار ئەلىك، ئۇزۇن ياشا،
بۇ بەگلىك سەلتەنىتىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل.

1351. ئىسمىم ئايتولدى ئىدى، مىجەز ـ خۇلقۇم تولۇن (ئايدەك) ئىدى،
بۇ تولۇنلۇق كېمەيدى، ئۆزۈم ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بولدۇم.

1352. ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، مېنى مەھكەم ئىلكىگە ئالدى،
قۇتۇلغۇدەك يېرىم يوق، لەززىتىمنى كەتكۈزدى.

1353. مېنى ئەزىزلىدىڭ، كۆپ مېھرىبانلىق قىلدىڭ،
مانا مەن ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭدىن كېتىدىغان بولدۇم.

1354. بۇ ياخشىلىققا جاۋابەن ۋەسىيەت خېتى
يېزىپ قويدۇم، ئەي زەكىي.

1355. بۇ دۇنيالىق ئىشلىرىدا ساڭا ھەمراھ ئىدىم،
بىلسەڭ، ئىشىڭنى توغرىلىق بىلەن يۈرگۈزدۈم.

1356. مانا ئەمدى ناھايىتى سادىقلىق بىلەن
مەسلىھەت سۆزۈمنى يېزىپ قويدۇم، (بۇ) ۋەسىيەتنى ئۇتۇغىن.

1357. سادىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
سادىقلىق — كىشىلىكنىڭ باشلىنىشى (دېمەكتۇر):

1358. سادىق كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى (ئېسىڭدە) تۇت،
بۇ گەپ ـ سۆزلەر سەن ئۈچۈن دۆلەت ـ سائادەتنى تورغا چۈشۈرىدۇ.

1359. سادىق كىشى كىشىلەرنىڭ راستچىلىدۇر،
سادىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇ سىنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

1360. ئەي ئەلىك، مانا مەن ساڭا سادىق (ئادەممەن)،
ئەي جەسۇر قەھرىمان، مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىل.

1361. ئۆلۈم ماڭا يۈزلەندى، ئۆزۈممۇ ئۆكۈندۈم،
لېكىن بۇ ئۆكۈنچىم ۋە سۆزلىرىم پايدا بەرمىدى.

1362. ئەمدى ماڭا قىلغان ئىبادەتلىرىم لازىم بولدى،
قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىم بىر ئۆكۈنچ بولدى.

1363. يىغقان ئالتۇن – كۈمۈشلەر شۇ پېتىچە قالدى،
ئۇنىڭدىن ماڭا تەگكەن ئۈلۈش – ھېساب بېرىشلا بولدى.

1364. ئۆكۈنۈپ نالە قىلىمەن، بىراق ئۆكۈنچتىن پايدا يوق،
ئىگەم رەھمىتىنى تىلەشتىن باشقا ئۈمىد يوق.

1365. مانا، بۈگۈن نائىلاج كېتىۋاتىمەن،
ئەتە سەنمۇ، شۈبھىسىز، ئىزىمدىن كېلىسەن.

1366. ئەي ئەلىك، ئۆلۈم تېخى سىنى تۇتمىغان ئىكەن، ئويغانغىن،
ئىلمىڭنى ئىشقا سېلىپ، ئىشىڭغا تەييارلان.

1367. بالا كەلتۈرۈش، زورلۇق قىلىش ئورنىغا سەن ياخشىلىق قىلغىن،
سۆز ۋە ئىشىڭ بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈرگىن.

1368. ساغلام كۆنلىرىڭدە ياخشىلىق يەتكۈز،
تاۋار ـ مېلىڭ بارىدا ئۇنى ئۈلەشتۈر ۋە يېگۈز.

* 1369. كىچىككىدىلا (غەپلەتتىن) ئويغانغان، ئۆتكۈر كۆزلۈك،
توغرا سۆزلۈك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1370. ”ئۆلۈم كەلمىگەن ئىكەن، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ قوي،
هايات ۋاقتىڭدا تائەت ـ ئىبادەت قىل، (ئاللاغا) سىغىن.

1371. ئۆلۈم كېلىپ تۇتقاندا، ئۆكۈنگەنىڭنىڭ پايدىسى يوق،
قارا يەر ئاستىدا قانچە نالە قىلساڭمۇ (بەربىر).“

1372. ئەي ئەلىگ، مەندىن كېيىن تىرىشقىن،
ۋاقتىڭنى ئىبادەتتىن باشقىغا زايە قىلما.

1373. سېنى دۇنيا دۆلەت بىلەن ئازدۇرمىسۇن،
بارلىق ئىشلىرىڭدا توغرىلىق ئىستە.

1374. خەلققە توغرا، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن،
ئاندىن ئادالەت كۈنىدە (قىيامەتتە) كۈنۈڭ ياخشى بولىدۇ.

1375. بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما،
ۋۇجۇدۇڭغا ئۆچ بول، هاۋايى ـ هەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس.

1376. سەن دۇنيانىڭ بېگى، ئۇنىڭغا قۇل بولما،
(دۇنيا) سېنى تاشلىمىسا، ئۇنى تۇل (قىلىپ) تاشلاپ كەت.

1377. ئارتۇقچە مەغرۇرلانما، تەكەببۇرلۇق قىلما،
بۇ دۇنياغا ئىشەنمىگۈلۈك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىن.

1378. ياخشى كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت،
ياماندىن يىراق بول، زىيىنى تېگىدۇ.

1379. ئاچ كۆز كىشىلەرگە ئىشىگىنى تاپشۇرما،
ۋاپاسىز كىشىگە ئاش ـ نان بەرمىگىن.

1380. ئىبادەتتە غەيرەتلىك بول، گۇناھدىن ساقلان،
ساڭا تائەت ـ ئىبادەتتىن باشقىسىدىن (پايدا) تەگمەيدۇ.

1381. ئۆلۈمگىنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورال يوق،
ئۆلۈم (خۇددى) پىستىرمىدىن چىققاندەك چىقىپ كېلىدۇ.

1382. قانچە قاچساڭمۇ ئاخىر ئۆلۈم تۇتقۇسىدۇر،
قانچىلىك (تىرىك) قالساڭمۇ، ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسىدۇر.

1383. ئۆلۈمگە غاپىللىق قىلما، كۆڭلۈڭنى سەگەك تۇت،
قانچە ئۇزۇن ياشساڭمۇ، (ئاخىر) يەرنى تۆشەك قىلىسەن،

1384. قېنى كىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىدى؟
قېنى كىم (ئەجەل) ۋاقتىدىن ئارتۇقچە ياشىدى؟

* 1385. ئالىم بۇ زامان ۋە تىرىكلىككە تەقلىد قىلىپ،
ئوخشىتىش بىلەن ناھايىتى ياخشى سۆزلىگەن:

1386. ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ،
قونالغۇدا (ئۇزۇن) تۇرالماس، ئۇنىڭ مەنزىلى قېنى؟

1387. ئاتا پۇشتىدىن بالا تۆرەلسە،
ئانىنىڭ قارنى بىرنەچچە ئايلىق تىنچ ماكان بولىدۇ.

1388. ئاندىن تۇغۇلۇپ، ئات قويۇلسا،
مۇساپىر بولۇپ زامان ئىچىنى مىندۇ.

1389. ئۇ كۈندۈزى بىر قەدەم، كېچىسى بىر قەدەم (مېڭىپ)
ئۆلۈمگە ئىلىپ بارىدۇ، مەگزىنى سۇلدۇرىدۇ.

1390. بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، گۆرۈڭ بىر قونالغۇدۇر،
بۇ قونالغۇدىن قوزغالساڭ، ئۇ دۇنيا قونالغۇ بولىدۇ.

1391. ئۇ دۇنيادا سىنى ئىككى يول كۈتىدۇ،
بۇ ئىككى يولدىن قايسىسى سېنىڭ بولىدۇ؟

1392. (ئەگەر) يولۇڭ ئوڭدىن كەلسە، ئىشىڭ ئوڭۇشلىدۇ،
مۇبادا سولدىن كەلسە، نالە قىلىپ بېشىڭغا ئۇر.

1393. ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، دۇنيا تىرىلغۇ يەردۇر،
ئۇنى تېرىسا، كىشى ھايات ئوزۇقى ئورۇيدۇ.

1394. يەرگە نېمە تېرىساڭ، يەنە شۇ ئۈنىدۇ،
نېمە بەرگەن بولساڭ، قايتا شۇنىلا ئالسەن.

1395. باشقا كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئالما (ۋە) قان تۆكمە،
بۇ ئىككى گۇناھ ئۈچۈن كىشى جان چىقاردا نالە قىلىدۇ.

1396. ھايات چۈشكە ئوخشاش ئىزسىزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
مەيلى بەگ بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن كەلمەسكە كېتىدۇ.

1397. ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭ چۈش كەبى بولدى، قېنى ئۇ؟
قالغان كۈنلىرىڭدە ئۆكۈنچتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

* 1398. ئويغانغان ۋە ئويغانغاندىن كېيىن ئۆكۈنگەن
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1399. ”ئويغاق تۇرۇپ هاياتنى چۈشتەك ئۆتكۈزدۈك،
ئۇنىڭ پايدىسى قېنى؟ ماڭا بىر نىشان كۆرسەت،

1400. ھەۋەس ۋە ئارزۇ يولىدا ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزدۈك،
ھاياتىڭ تۈگىدى، ئۆكۈنچ ئەمدى پايدىسىز.“

1401. تىرىكلىكىڭگە ئارتۇقچە غاپىل بولما، ئويلان،
تىرىكلىك ئۆلۈمگە ناھايىتى يېقىن.

1402. ئەي ئەلىك، بېخىل بولما، سېخىي بولغىن،
سېخىيلىق نامى ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ.

1403. ئەسكەر، قوشۇن ۋە مال ـ دۇنياغا كۆپ مەغرۇرلانما،
بۇ قوشۇن، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

1404. باشقىلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلما،
ئۆزۈڭنى ئايا، زورمۇزور كۆيمە.

1405. سېنىڭدىن بۇرۇنقى دۇنيا بەگلىرى
دۇنيانى تاشلاپ كەتتى، قارا گۆردە ياتىدۇ.

1406. بۇ ئۆلۈم ساڭىمۇ تەييارلاندى،
ئەي يورۇق كۈنۈم، (ئۆلۈم) ۋاقتى سېنى كۈتمەكتە.

* 1407. دۇنيانىڭ ئەيىبىنى بىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراك (بابىدىن)
سۆزلىگۈچى

ساڭا نېمە دەيدۇ ئاڭلا:

1408. بۇ دۇنيا مېلى گويا تۇزلۇق سۇغا ئوخشاشتۇر،
قانچە ئىچسىمۇ (كىشى) قانمايدۇ، تەلىمۇ نەم بولمايدۇ.

1409. ئەي قەھرىمان، سەپسال، بۇ دۇنيا كۆلەڭگىدەك نەرسە،
قوغلىساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ يېپىشىدۇ.

1410. بىلسەڭ، بۇ دۇنيا ئىشلىرى بىر ئېزىتقۇ،
تۇتاي دەپ (قول) سۇنسا، كىشى ئۇنى يوقىتىپ قويىدۇ.

1411. ئەي ئەلىگ، تىرىشقىن، ئۆزۈڭ ياخشى بول،
خەلقىڭ بېگى ياخشى بولسا، خەلقىمۇ ياخشى بولىدۇ.

1412. خەلق قويغا ئوخشايدۇ، بەگ ئۇنىڭ قويچىسى،
قوي باققۇچى قويغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك.

1413. كۆپ ئاچ بۆرە ئىشىككە يىغىلدى،
ئەي ئەلىگ، قويلارنى ئوبدان كۆزەت قىلىپ يۈر.

1414. ئىش قىلىشتا غەزەپلەنمە، ئاچچىقىڭنى يىغ،
بەگلەر غەزەپلەنسە، بەگلىكىنى بۇزىدۇ.

1415. كىشىگە تىلىڭدىن قوپال سۆزلەرنى چىقارما،
قوپال سۆز يېلىنجاپ كۆيگەن ئوتقا ئوخشايدۇ.

1416. ياۋاش، مۇلايىم بول، ئېغىر ـ بېسىق، خوش پېئىل بول،
بارلىق ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈز.

1417. ئالدىڭدا بىر ئۇزۇن يول، سەپەر تۇرۇپتۇ،
ئەقىل ـ ئىدراكلىق (كىشى) بۇ يولغا مول ئوزۇق تەييارلايدۇ.

1418. ئەي بەختىيار ئەلىك، ساراي، تەسىر قۇرما،
ساڭا قارا يەر ئاستىدىن ئۆي تەييارلاندى.

1419. ئېگىز، كەڭ، ياسداق سارىيىڭ قالدۇ،
قاراڭغۇ يەر تېگىدىكى ئۆيدە نالە قىلىپ ياتىسەن.

1420. نېمە ئۈچۈن بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن خەزىنە توپلايسەن؟
ساڭا تېگىدىغان ئۈلۈشۈڭ ئىككى پارچە بۆز.

1421. بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىر بىر سۆز ئېيتتىكى،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى سۆزنىڭ يولىنى ئاچىدۇ:

1422. "غاپىل ئىنسان كۆپ نەرسە توپلايدۇ،
يېيىش نېسىپ بولامدۇ، يوق، (بۇنى) ھېچ ئويلىمايدۇ.

1423. كىشى بېيىسا، ئارزۇسىغا تولۇق ئېرىشسە،
ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، جېنى ئۇچۇپ كېتىدۇ."

1424. ئەي بەگ، راھەت ـ پاراغەتكە ئاۋۇنما، مەغرۇرلانما،
ئاۋۇنچۇق، مەغرۇرلۇقۇڭ (غەپلەت) ئويقۇسىغا پاتۇرىدۇ.

1425. دۇنيا ئۈچۈن ھاياتىڭنى زايە قىلما،
(دۇنيا) ئۆتۈپ كېتىدۇ، مۇشەققەت چېكىشكە مەجبۇر بولىسەن.

1426. يېپەك ـ دۇردۇنغا ئورالغان سىنىڭ ئېسىل ۋۇجۇدۇڭ،
ئەي دانا، قارا يەرنى تۆشەك قىلغۇسىدۇر.

1427. كېنزەك ۋە مەھبۇبلار بلەن ئاۋۇنغان ۋۇجۇدۇڭ،
قارا يەر تېگگە يوشۇرۇنۇپ، سوزۇلۇپ ياتقۇسدۇر.

1428. تەۋرەنمەس يورغا ـ يۇگۇرۇك ئاتتن چۈشۈپ،
مۇڭگلنپ ئېگەرسز ياغاچ (ئاتقا) منسەن.

1429. بۇلارنى ئويلاپ، ئۆلۈمگە تەييارلان،
كېيىن قارا يەر قېتدا ئۆكۈنگۈچى بولما.

1430. ھەممە ئىشقا خۇدادن ياردەم تلە،
بلگنكى، خۇدا ساڭا چەكسز كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگۈسى.

1431. ياخشلقمۇ، يامانلقمۇ (بېشڭغا) نېمە كەلسە، رازى بول،
قازاغا تەن بەرگن، توغرا سۆزلە.

1432. ھەر ئككى دۇنيا بەگلكنى تەلەپ قلساڭ،
ياخشسى، بۇ بەش ئىشقا يېقنلاشما:

1433. ھارامغا ئارلاشما ۋە زوراۋانلق قلما،
كشى قېننى تۆكمە، دۈشمەنلك قلما ۋە قساس ئالما.

1434. مەي ئىچمە، پتنە ـ پاساتتن قېچپ، يراق تۇر،
بۇ برقانچە نەرسە داۋاملق بەگلكنى بۇزۇپ كېلۋاتدۇ.

1435. سەن داۋاملق، مەڭگۈ بەگ بولۇشنى خالساڭ،
قانۇن تۇرغۇز، خەلق ئۈستدن زۇلۇمنى كۆتەر.

1436. ئەي ئەلگ، بۈگۈن سەن خەلققە باشچسەن،
خەلقنى ئاسرا، ئەقلڭ بلەن ئويغاق تۇر.

1437. ئەلىگ بويىنىغا ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن،
ئەي خۇش پېئىل، بىخۇد بولما، ئېھتىيات قىل.

1438. ۋۇجۇدىنىڭ ئارزۇسىغا بېرىلگەن ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەسىر بولىدۇ.
(سەن) ئەسىر بولما، بولغان بولساڭ ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر.

1439. كەچۈرگەن ھاياتىڭ بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى،
قالغان تىرىكلىكىڭ قانچىلىك سەلتەنەت بېرەلەيدۇ؟

1440. ئەمدى بۇ قالغان كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆزۈڭنى گۇناھ ۋە قۇسۇرلاردىن ئېرىغدا.

1441. بىلگىن، بۇ دۇنيا ۋاپا قىلمايدۇ،
بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا ئۆز ئۇزۇقۇڭنى ئال.

1442. تەقۋادار كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
تەقۋادار كىشى جاھاننىڭ سەرخىلىدۇر.

1443. بۇ دۇنيا قونالغۇ، سەن كارۋان ھېسابلىنىسەن،
كارۋاننىڭ قونالغۇدا تۇرىدىغان ۋاقتى قانچىلىك بولاتتى؟

1444. بۇ دۇنيا مال ـ مۈلۈك يىغىدىغان بىر ساراي،
بۇ يەردە نېمىگە ئېرىشكەن بولساڭ، ئۇ ياققا ئېلىپ كەت.

1445. ئۆزۈڭ بۇ يەردىن كۆچسەن، كۆچۈڭنى ئاۋۋال ئەۋەت،
كېرەكلىكىنى ئالغىن، كېرەكسىزىنى تاشلا.

1446. مانا مەن كېتىۋاتىمەن، مېنى كۆرۈپ ئويغان،
تىرىشقىن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى نام قالدۇر.

* 1447. ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن، ئۆلەر ۋاقتىدا نەسىھەت قىلىپ كەتكەن
كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1448. "ئۆلىدىغان (كىشى) تىرىككە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ،
سەن ئۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭدە ساقلا.

1449. دەيدۇكى، تىرىك ئىكەنسەن، بىخۇدلۇق قىلما، ئويغان،
مەن غاپىللىق قىلىپ، يىللار بويى ئۆكۈنۈپ ياتماقتىمەن."

1450. ئەي ئەلىگ، بۇ بەگلىكنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئىستىسەڭ،
قىلالىساڭ، بىرقانچە ئىشنى قىل، بىرقانچە ئىشنى قوي:

1451. ئادىل ئىش قىل، (بۇنىڭغا) تىرىش، زۇلۇم ـ زورلۇق قىلما،
خۇداغا سىغىن، ئۇنىڭ ئىشكىنى قۇچاقلا.

1452. ئىككىنچى، بىخۇد بولما، ئېھتىياتچان، ھوشيار تۇر،
ساڭا تاسادىپەن بىر پالاكەت تەگمىسۇن.

1453. بۇ ئىككى ۋاقىتتا ھەرقانداق ئىشنى قىلما:
ھەۋەس ۋە غەزىپىڭ كەلگەندە سەۋر قىلىپ، چىشىڭنى چىشلە.

1454. بۇ بىرقانچە نەرسىدىن ساقلانساڭ ئەل (ئامان) ساقلىنىدۇ،
بەگلىكىڭ ئۇزۇن تۇرىدۇ، (بۇ) ساڭا سەلتەنەت بېرىدۇ.

1455. بارلىق ياخشى كىشىلەرنى قەدىرلە، يۈكسەلدۈر،
يامانلارنى (يېنىڭدا) تۇتما، ئېلىڭدىن قوغلا.

1456. يامان نىزام يۈرگۈزمە، ياخشى قانۇن يۈرگۈز،
كۈنۈڭ ياخشى بولىدۇ، بەخت كەمىرى يار بولىدۇ.

1457. ئەي دانا، مەشھۇر (كىشىنىڭ) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ۋە بۇ سۆزدىن ئۆز ئۈلۈشۈڭنى ئال:

1458. ئەي قانۇن تۈزگۈچى، ياخشى قانۇن تۈز،
يامان قانۇن تۈزگۈچى ئۆرە يۈرسىمۇ ئۆلگەنگە ھېساب.

1459. ئەي ئەلنىڭ بېشى، دانا، يامان نىزام تۈزمە،
(ئۇ) يامان بولىدىكەن، جاھاننى ئىگەللىيەلمەيدۇ.

1460. (بىرەرسى) ئۆز زامانىسىدا يامان قانۇن تۈزسە،
ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ.

1461. كىم بولمىسۇن ياخشى بىر قانۇن تۈزۈپ قويسا،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلەيدۇ.

1462. ئەي ئەلىگ، دىققەت قىل، ئۆزۈڭنى يېڭىلدۇرما،
ئەسلىڭنى ئۇنتۇما، ئەسلەپ تۇر، ئويلان.

1463. ئەي قولى ئۇزۇن (زات)، يامانلار قىلىقىنى ئۆزلەشتۈرمە،
يامان قىلىق ئىككى دۇنيادا نالە قىلدۇرىدۇ.

1464. قولۇڭ ئۇزۇن بولدى، خەلققە يېقىن بولدۇڭ،
دىققەت قىل، بۇ ئۆمۈر ئەپسۇس بىلەن ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

1465. دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆتتى دەپ ھېسابلا،
ئۆلۈم كېلىدىغان نەرسىكى، ماڭا قارشى كەلدى دەپ ئويلا.

1466. مېنى كۆرگىنىكى، مېنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئال،
بۈگۈن تىرىك ئىكەنسەن، ئەتە ئۆكۈنۈپ يۈرمە.

1467. كىشى ئۆلسە، ئۇنىڭدىن ۋەسىيەت قالدۇ،
ئەي بىلگۈچى، مانا بۇ مېنىڭ ساڭا ۋەسىيىتىم.

1468. ئەي ئەلىك، مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئىدىڭ،
ساڭا پايدىلىق بىر ۋەسىيەت — مىراس قالدۇردۇم.

1469. ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق مىراس — سۆزدۇر،
مىراس سۆزگە ئەمەل قىلىشنىڭ يۈزلەرچە پايدىسى بولىدۇ.

1470. ئەمدى، بۇ چىن سۆزلەرنى يېزىپ قالدۇردۇم،
بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇما، مېنىمۇ ئۇنتۇما.

1471. سەن قانچە ئۇزۇن ياشاپ، تىرىك تۇرساڭمۇ،
سەپسالساڭ ئاخىر كېلىدىغىنى ئۆلۈم بولىدۇ.

1472. شۈبھىسىزكى، بىر كۈنى ئاخىر ئۆلۈم كېلىدۇ،
ياشاۋاتقان جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

1473. چاقىرغۇچى (ئەزرائىل)نىڭ كېلىشىگە ھازىرلىنىش كېرەك،
ئۇزۇن يول يۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش لازىم.

1474. بىلگىنكى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا يار – يۆلەك بولىدىغان نەرسە يوق.
ئۆلۈمگە تەييارلان، كېرەكلىكىڭنى ئال.

* 1475. ئەقلى يەتكەن ۋە ئۆلۈمنىڭ كېلىشىنى
ئاۋۋال بىلگەن ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1476. "ئۆلۈم پەيتى ساڭا نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ،
ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە چىندىن ھازىرلاپ يۈر.

1477. كۈمۈش كەمەر باغلىغانلار مانا مەن دەيدۇيۇ،
ئۆلۈم تۇتقاندا، (ئۇنىڭ) كەمرىمۇ ئۈزۈلىدۇ.”

1478. ئەي ئەلىك، مانا مەن سېنىڭ ھەققىڭنى ئۆتىدىم،
مېھرىبانلىقىڭغا جاۋابەن (بۇرچۇمنى) ئادا قىلدىم.

1479. خۇدا ساڭا كۆپ ياخشىلىقلار (قىلىش) ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن،
بۇ ياخشىلىقلار مەئىشەتلىرىڭدە سېنى بەختلىك قىلسۇن.

1480. ئامان ـ ئېسەن ھايات كەچۈر، كۆپ يىللار ياشا،
خۇشاللىق، ھالاۋەت بىلەن كۆپ ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل.

1481. مېنىڭ بۇ سۆزۈم ساڭا سادىقلىقىمدۇر،
ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم، ئامان ـ ئېسەن قال.

1482. ئەي دۆلەتمەن ئەلىك، مانا مەن كېتىپ بارىمەن،
باغرىمنىڭ ئوتى — ئوغلۇم قېلىۋاتىدۇ.

1483. بۇنى خۇداغا يالۋۇرۇپ تاپشۇردۇم،
خالىسا، كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە ساقلىغاي.

1484. ساڭا ھاجىتىم شۇكى، ئوغلۇمغا قاراپ تۇر،
(بۇنى) تاشلىۋەتمە، (بولمىسا) يارىماسلار قاتارىدا بولۇپ قالىدۇ.

1485. تەگرى بارلىق نەرسىلەرگە سەۋەب يارىتىدۇ،
ھەممە ياخشى ۋە يامانلىق شۇنىڭغا باغلىنىدۇ.

1486. ئوغۇل ـ قىزنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى *
تۈزىلىشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ۋە ئانىدۇر.

1487. مانا مەن (ئۆنىڭ) ئاتىسى، بۆگۈن ئۆلۈۋاتىمەن،
ئوغلۇم كىچىك، ئۆكسۈز - يېتىم قالدى.

1488. ئەگەر خىزمەتچىنىڭ سەندە ھەققى بولسا،
سەۋەب بولۇپ، ئوغلۇمنى ياخشى يولغا دەۋەت قىل.

1489. نەزىرىڭدىن يىراقلاشتۇرما، پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگەت،
بىلىم ۋە پەزىلەت بىلەن ئەلدە ئىناۋەتكە ئېرىشسۇن.

1490. مىجەز - خۇلقى ياخشى بولۇپ، ئادىتى تۈزەلسۇن،
خىزمەتكە يارامىلىق بولسۇن، ياخشى مىجەز ئۆزلەشتۈرسۇن.

1491. بىكار، بوش قويۇۋەتمە، يىغىپ مەھكەم تۇت،
ئوغلاننى چىڭ تۇتسا، بەختكە ئېرىشىدۇ.

* 1492. سىناپ كۆرگەن، ئوقۇپ ۋە بىلىپ سۆزلەيدىغان،
ياشانغان مويسىپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1493. ئوغۇل كىچىك ئىكەن، ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەت،
كىچىكلىكىدە بىلىم بىلسە، قولى ئۈستۈن بولىدۇ.

1494. ئايىما، ئوغۇل - قىزغا قامچا تەگكۈز،
قامچا ئوغۇل - قىزغا بىلىم ئۆگىتىدۇ.

1495. ئوغۇل - قىز كىچىكلىكىدە نېمىنى بىلسە،
قېرىپ ئۆلگۈچە ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ.

*          *          *

1496. ئايتولدى خەتنى تۈگەتتى، تۇرۇپ باغلىدى،
ئېلىپ، قول ئۇزىتىپ ئوغلىغا بەردى.

1497. ئېيتتىكى، ئوغلۇم، بۇ خەتنى ئال، يىتتۇرمە،
ئەلىگكە يەتكۈزگىن، بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم.

1498. خېتىمنى ئوقۇسۇن، سۆزۈمنى (ئېسىدە) تۇتسۇن،
ئۆلۈمگە هازىرلانسۇن، ئىشىنى ئوڭشىسۇن.

*          *          *

1499. (ئۇ) ئۇلۇغ – كىچىك تىندى، كېيىن ئوغلىغا قاراپ
ئېيتتى: سەن (دېگەنلىرىمنى) چۈشەن، توغرىلىققا يېقىنلاش.

1500. يەنە ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى،
سۆيۈپ تۇرۇپ ياش تۆكۈپ يىغلىدى.

*          *          *

1501. ئايتولدى دېدى: ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مانا مېنى كۆردۈڭ،
نېمە هالدا كېتىۋاتىمەن، بۇنى ئۇنتۇما.

1502. شۈبهىسىز، ساڭىمۇ بۇنداق پەيت كەلگۈسىدۇر،
غاپىل بولما، ئاخىر سەنمۇ ئۆلىسەن.

1503. مەن ساڭا كېرەكلىك سۆزلەرنى ئېيتتىم،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ماڭا دۇئا قىل.

1504. ئەگەر ئەلىگ ۋاقىت يېتىپ، سېنى خالىسا،
مىجەز ـ خۇلقۇڭنى تۈزەپ خىزمەت قىل، ئۇنى كەمسىتمە.

1505. بىكارچى بولما، ئۆزۈڭچە بىھۇدە يۈگۈرمە،
سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە توغرا ۋە مۇلايىم بول.

1506. كېچىسى كەچ يات ۋە يەنە ئەتىگەن تۇر،
(كەچ) يېتىپ ئەتىگەن قوپۇش بەختنى ئاشۇرىدۇ.

1507. تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەكمۇ قەدىرلە،
ئەلىگكە خىزمەت قىل، (بۇنىڭ بىلەن) قەلبىڭنى ئىسسىت.

1508. يامانغا يېقىنلاشما، قېچىپ يىراق تۇر،
دائىم ياخشىلىق قىل، مىجەز ۋە يولۇڭنى تۈزە.

1509. بايقاپ سۆزلە، ئامان ياشىغىن،
ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ساغلام قېرىغىن.

* * *

1510. (ئايتولدى) سۆزىنى توختاتتى، ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى،
يەنە نالە قىلىپ، پۇشايمان يېدى.

* * *

1511. ئېيتتى: ئەي ئىشەنچسىز، بىۋاپا دۇنيا،
ئەمدى نېمىشقا ماڭا جاپا قىلدىڭ؟!

1512. كۆپ نېمەتلەر بىلەن يېتىشتۈرگەن ۋۇجۇدۇم

ۋە كۆركەم يۈزۈم قارا يەرگە كىرىدۇ.

1513. ئانىدىن قانداق تۇغۇلغان بولسام، بۈگۈن
يەنە شۇنداق يالىڭاچ، مۇڭلۇق كېتىۋاتىمەن.

* 1514. ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ۋە ئۆلۈمگە ئۇكۇنۇپ،
نالە قىلغان قۇۋۋەتلىك ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1515. "قېرىندىن چىققان (ۋۇجۇد) قېرىنغا كىرىسەن،
شېكەر بىلەن يېتىشتۈرگەن (ۋۇجۇدنى) ئۇلانغا بېرىسەن.

1516. ئۈستى يىگىتلىك، ئۈستى تىرىكلىك،
ئۇكۇنچ بىلەن يىغلاپ گۆرگە كىرىسەن".

* * *

1517. ئايتولدى ئەقلىنى توپلاپ، يىغلاشنى قويدى،
مال - دۇنياسىنى باشقىلارغا مىراس قىلىپ تارقاتتى.

1518. ئۇ بارلىق تۇغقانلىرى بىلەن خەيرلەشتى،
جېنى يېشىل كۆككە يول ئېلىشنى تىلىدى.

1519. كۆزىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۈردى،
شاھادەت بىلەن تىلى ھەرىكەتتىن توختىدى.

1520. يورۇق جېنى ئايرىلدى، كۆڭلى قاراڭغۇلاشتى،
خۇدا نامى بىلەن تىنىقى كېسىلدى.

1521. ساپ - پاكىز جېنى ئېگىزلىكتىن ئورۇن ئىستىدى،

جېنى ئۇچۇپ كەتتى، قۇرۇق ۋۇجۇدى قالدى.

1522. جان يارالمىغان ۋە مەۋجۇت بولمىغاندەك يوقىلىپ
كەتتى، جاھاندا بەلگە ــ نىشان بولۇپ ناملا قالدى.

* 1523. ئەمدى، كۆڭلى توغرا (كىشىنىڭ) غەپلەت ئۇيقۇسىدىن
ئويغانغان كۆنى نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1524. بېزەكلىك ئۆيۈڭ ۋۇجۇدىڭنىڭ ئۆيىدۇر،
سۈرەتتەك تېنىڭ بولسا، تازا جانىڭ ئۆيىدۇر.

1525. جان ئۇچۇپ كەتسە ۋۇجۇد بوش قالدۇ،
جانىڭ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى خۇدالا بىلدۇ.

1526. ئەي قۇتلۇق، (ئۇنىڭ) ئورنى ئېگىز بولسا، بۇ بەختتۇر،
تۆۋەنگە چۈشسە، جۇت ــ پالاكەت بولدۇ.

1527. شەكسىزكى، بۇ ئىككىدىن بىرسى نېسىپ بولدۇ،
(جان) ئۇزۇن، مەڭگۇ، ئۆلۈمسىز ياشايدۇ.

1528. سەپسالساڭ، ئىنسان نېمىدېگەن ئاجىز ــ ھە؟
ياشىسىمۇ نامى يوقىلىدۇ ۋە سۆزى كېسىلىدۇ.

1529. قەيەردىن كېلىدۇيۇ، قەيەرگە بارىدۇ،
قەيەردە تۇرىدۇيۇ، قەيەردە يۈرىدۇ؟!

1530. (بۇنى) بىلمىلىك بىلەمدۇ، نېمىمۇ دېيەلەيدۇ،
ئەقىللىق ئۇقامدۇ، دانا نېمە دېيەلەيدۇ؟

1531. بىلىدىغان خۇدادۇركى، ئۇ بۇ ئىشنى بىلىدۇ،
ئۇققۇچى تەگرى بۇ ئىشنى ئۇقىدۇ.

1532. بەزەن بىردىن يوشۇرۇنۇپ بەلگىسىز يۈرىدۇ،
بەزەن كۆز ئۆڭۈگىدىن نام ـ نىشانسىز يوقىلىدۇ.

1533. بۇ ئىنسان ئۆزى ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كەچۈرسىمۇ،
قايغۇسى ئۇزۇن، تىل ـ سۆزى يۈكسەكتۇر.

1534. سەپسالساڭ، ئىنسان بۇنداق ئەركسىز تۇرۇپ،
نېمە ئۈچۈن بۇنچە يارىماس ھالدا غادىيىدۇ؟

1535. ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى دۇنياغا ئېرىشىپلا،
نېمىشقا قىيادەك كۆكسىنى كېرىدۇ؟!

* 1536. ئويغانغان ۋە ئۆلۈمنى چۈشىنىپ،
توغرا يولغا كىرگەن كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1537. ئەي يارىماس ئۆلۈم، نېمىدېگەن تەڭداشسىز ئۆلۈم،
ساڭا قارشى مىڭلىغان قورال تەييارلىسىمۇ پايدىسى يوق.

1538. ھەممىگە تېگىسەن، بىرىمۇ قۇتۇلمايدۇ،
ياخشى، يامان نەرسىلەرگە سەنلا تور ـ تۇزاق بولىسەن.

1539. ئالىملار بەختىيار ھالدا ياشىشى كېرەك ئىدى،
بىلىمسىز جاھىللار تامام ئۆلمىكى لازىم ئىدى.

1540. ياخشىمۇ، يامانمۇ قالمايدۇ، ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىدۇ،
ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولىدۇ.

1541. ئۆلۈمگە كېچىك يوق، تىرىك ياشىغۇچىلار
قانچىلىك ئۇزۇن ھايات كەچۈرسىمۇ، ئۆلۈم كەلگۈسىدۇر.

* 1542. بىلىم ۋە پاراسەت بىلەن ئىشنى بېجىرىپ،
خەلقنى باشلايدىغان ئەر نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان:

1543. ئۆلۈم بولمىسا قانداق ياخشى ئىش بولاتتى،
كىشى ئۆلمىسە، قانچىلىك چىرايلىق ئىش بولاتتى!

1544. بۇ ئۆلۈم مېنى راھەتكە يەتكۈزدىكى،
ئۆلۈم (مېنىڭ) ئۆلۈم ۋە ئاساسىمنى بۇزدى.

1545. ئۆلۈمگە تاڭ قالمىغۇلۇق، تۇغۇلغان ئۆلىدۇ،
تۇغۇلغان ئۆلىدۇ ھەم قارا يەر بولىدۇ.

1546. كىشىگە ئىست دېمەيمەن، كىشىلىككە ئىست دەيمەن،
مەردكە ئىست دېمەيمەن، توغرىلىققا ئىست دەيمەن.

1547. بۇ قېرى (دۇنيا)نىڭ خۇيى ـ پەيلى، ئادىتى شۇدۇر،
خالىساڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، خالىساڭ بېقىنما.

## 24

## كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى
## چاقىرتقانلىقى ئېيتىلىدۇ

1548. ئەلىگ ئايتولدىنىڭ ماتەمىنى ئۆتكۈزدى،
ئوغلىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلدى.

1549. ئېيتتى: ئەي ئوغۇل، ئارتۇق غەم قىلما،
غەم - قايغۇ كەتسە، ئاخىردا شاد - خۇراملىق كېلىدۇ.

1550. بۇ قايغۇ يالغۇز ساڭىلا كەلمىدى،
ماڭىمۇ چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت كەلدى.

1551. روھىڭنى چۈشۈرمە، ئۆزۈڭنى ئاۋۇت،
ماڭا يېقىن بول ۋە خىزمىتىمنى قىل.

1552. ئاتاڭ ئۆلگەن بولسا، مەن ساڭا ئاتا،
مەن ئاتىدارچىلىق قىلاي، ماڭا ئوغۇل بول.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1553. ئۆگدۈلمىش يەر ئۆپتى ۋە ئېيتتى: ئەلىگ،
ئەل باشقۇرۇپ ئۇزۇن يىل ياشىغىن.

1554. مەن يېتىشتۈرگەن قۇلۇڭ ۋە سېنىڭ خىزمەتكارىڭ،
ئەلىگ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا بولسۇن.

1555. ئاتامنىڭ جېنىمۇ ئەلىگ ئۈچۈن پىدا بولدى،
تەڭرى بۇ قۇلنىمۇ ساڭا پىدا قىلسۇن.

* * *

1556. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ خېتىنى چىقاردى،
ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئەلىگكە تەقدىم قىلدى.

1557. ئەلىگ خەتنى ئالدى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى،
سۆزلىرىنى چۈشەندى ۋە ئەي ئۇستا زېرەك، دېدى.

1558. ئېيتتىكى، ئەي مېھرىبان، كىشىلەرنىڭ ئالدى،
ئىشىكىمنى قۇرۇق، ئورنۇنى بوش قويدۇڭ.

1559. تىرىكلىكىڭدە خىزمەت قىلىپ ھەققىمنى ئادا قىلدىڭ،
ئۆلەردىمۇ تەشۋىش قىلىپ، غېمىمنى يېدىڭ.

1560. مەن سېنىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلالمىدىم،
سېنىڭ ھەقلىرىڭنى خۇدالا ئادا قىلغاي.

1561. مەن سەندىن بۇگۈن قانچىلىك سۆيۈنگەن بولسام،
ساڭىمۇ خۇدا مىڭلارچە سۆيۈنچ ـ بەخت ئاتا قىلسۇن.

* * *

1562. ئەلىگ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ سۆزىنى توختاتتى،

(ئوغۇل) ئۇ يەردىن قايغۇ ـ ئەلەم قوچۇپ (يىنىپ) چىقتى.

1563. روھى چۈشكەن ھالدا كىلىپ ئۆيگە كىردى،
ئىشكىنى تاقاپ، نادامەت بىلەن بىرقانچە كۈننى غەمكىن
ئۆتكۈزدى.

*　　　*　　　*

1564. ئايتولدىنىڭ ئوغلى نەزىر بەردى،
كەمبەغەللەرگە كۈمۈش ۋە تاۋار ـ دۇردۇن ئۈلەشتۈردى.

1565. ئاتىسىنىڭ قايغۇسىنى شۇنداق كەچۈردى،
ياخشى ئادەملەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

1566. ئاتىسىنىڭ پەندىنى تۇتتى، توغرا يولدا يۈردى،
بەختى كۈندىن ـ كۈنگە زىيادە بولۇپ، كۈنى پارلىدى.

* 1567. ئەقىللىق، بىشىدىن ئىش ئۆتكەن، ئەل ئىشىنى بىلىدىغان
كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1568. " ئاتا پەندىنى سەن بەكمۇ چىڭ تۇت،
كۈنۈڭ قۇتلۇق بولغاي ۋە كۈنلىرىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتكەي.

1569. ئاتا ـ ئاناڭنى خۇش قىلىپ، (ئۇلارغا) خىزمەت قىل،
بۇ خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە تۈمەنمىڭ پايدا كەلگەي."

*　　　*　　　*

1570. ئەلىگمۇ شۇندىن بىرى غەيرەتكە كەلدى،

كۆندىن - كۆڭگە توغرا قانۇنلارنى تۈزۈپ باردى.

1571. خەلق بېيىدى ھەم ئەل ئىشى يۈرۈشتى،
ئەلگكە خەلقى دۇئا قىلدى.

* * *

1572. ئەلىگ بىر كۈنى يالغۇز ئۆزى ئولتۇراتتى،
قولىدىكى كىتابنى قويدى ۋە كۆزىنى ئۇزاققا تىكتى.

1573. ئەقلى چىگىلدى، كۆڭلى (ھېچنېمىنى) چۈشەنمىدى،
سورىماقچى بولدى، (لېكىن) ھېچكىم تېپىلمىدى.

1574. قارا، ئايتولدىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلىدى،
دەرىخا، ئۇ ئەرلەرنىڭ ئەرى ئىدى، دېدى.

1575. ئۇ ئىشىكىمنىڭ كۆركى، ماڭا ياخشى ھەمراھ ئىدى،
ئۇ بېجىرگەن ئىش خەلققە پايدىلىق ئىدى.

1576. ھەمراھىم يوقالدى، ئورنى بوش قالدى،
بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالايدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟

1577. يەنە ئويلىنىپ، ئۆگدۈلمىشنى (ئېسىگە) ئالدى
ۋە دېدىكى: مەن بىر ياخشى ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

1578. ئۇ ئايتولدى ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلىنى ماڭا
تاپشۇرغانىدى، مەن ئۇنى نېمىشقا ئۇنتۇدۇمكىن - تاڭ!

1579. ئاتىسى ئۆلگەن بولسا، ئوغلى ھايات بار،

بىرىنى يوقاتتىم، (ئەمدى) بىرىنى تۇتاي.

* * *

1580. دەرھال ئادەم ئەۋەتتى، ئۇگدۇلمىشنى
ئالدىغا چاقىرتتى ـ دە، ئىشنى ھەل قىلدى.

## 25

### ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

1581. ئۆگدۈلمىش كىرىپ كەلدى، يۈزمۇيۈز تۇرۇپ
خۇشال ھالدا ئەلىككە كۆرۈندى.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1582. ئەلىگ كۆرۈپ دەرھال ئۇنى چاقىردى،
زامان سېنى نېمە قىلدى؟ دەپ سورىدى.

1583. كەچۈرمىش كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ،
توغرا يۈرۈۋاتامسەن ياكى ئەگرى يولدىمۇ؟

1584. ئاتاڭدىن كېيىن زامان ساڭا نېمىلەرنى قىلدى،
خۇشاللىق بەخش قىلدىمۇ ياكى غەم - قايغۇمۇ؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1585. ئۆگدۈلمىش ئۆتۈنۈپ (دېدى): دۆلەتلىك ئەلىگ،
ئۇزۇن ياشا، نامىڭ يېيىلسۇن.

1586. ئەلىگدىن يىراقلىشىپ، خىزمىتىدىن سىرتتا قالدىم،

زامان (مەندىن) يۈز ئۆرۈپ، قوشۇمسىنى تۇردى.

1587. ئۆزۈن بولدى ئەلىگ يۈزىنى كۆرمىدىم،
غەم - قايغۇ بىلەن يۈرۈپ كۈلمىدىم.

1588. بۈگۈن ئەلىگ مېنى ئەسلەپ، (ئالدىغا) چاقىردى،
ماڭا ئۈمىد ۋە دۆلەت كەمىرى باغلاندى.

1589. مەن ئەلىگنىڭ يارلىقىنى ئاڭلىدىم،
كۆڭلۈم ياخشى بولدى، كۆزۈم نۇرلاندى.

* * *

1590. ئەلىگ ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى سورىدى،
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ سۆز ئاچتى.

## 26

## ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

1591. ئەلىگ ئېيتتى، ئەي ئوغۇل، بۇندىن كېيىن
ماڭا خىزمەت قىلىپ تۇر، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما.

1592. ئاتاڭنىڭ كۆرسەتكەن كۆپ خىزمەتلىرى بار ئىدى،
(ھەققىنى) ئۆتىيەلمىدىم، ئۇ كەتتى، مېنىڭ قەرزىم قالدى.

1593. بۇ ھەقلەرنى ساڭا ئۆتىشىم كېرەك،
بولمىسا كىشىلەر سۆز - چۆچەك قىلىدۇ.

* 1594. بىلىپ، سۆزگە ئەقىل يەتكۈزۈپ سۆزلىگۈچى
ئۈچ ئوردۇ[1] بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1595. بىرەرسى ساڭا مەلۇم ئەمگەك سىڭدۈرسە،
ئەمگىكىنى ئۇنۇتما، ئۆلۈكتەك بولۇپ (جاۋابسىز قالدۇرما).

1596. كىشىلىكنى تاشلىما، ئەي ئېسىل كىشى،
كىشىگە دائىم كىشىلىك قىلىپ تۇر.

---

① ئۈچ ئوردۇ — قارلۇق قەبىلىلىرىگە تەۋە بولغان بىر شەھەرنىڭ نامى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پىكرىچە، بۇ شەھەر سەمەرقەنت بىلەن ئەنجان ئوتتۇرىسىدا بولغان («دىۋان» 1 - تومدىن)

1597. ساڭا كىمنىڭ بىرئاز ئەمگىكى سىڭگەن بولسا،
كېيىن سەن ئۇنىڭغا كۆپرەك جاۋاب قايتۇر.

1598. كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمىگەن كىشى
بەئەينى ئۆيغا ئوخشايدۇ، ئەي ئەلنىڭ بېشى.

1599. ئۇي ئاتىلىپ قالما، يۈر، كىشىلىك قىل،
ئادەمگە كىشىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بولغىن.

1600. كىشىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئادەمگە) كىشى دېگەن نام بېرىلگەن،
كىشىلەر كىشىلىك بىلەن نامىنى يۈكسەلدۈرگەن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1601. ئۆگدۈلمىش يەر ئۆپتى ۋە دېدى: ئەي ئەلىگ،
ئەلىگ نەزەر – ئېتىبارىنى بەرسە، ماڭا ياخشىلىق بولىدۇ.

1602. مەن خىزمەتكار قۇلۇڭ، سەن ئۇلۇغ بېگىم،
ئۇلۇغ بەگلەر خىزمەتكار قۇلىنى قەدىرلەيدۇ.

1603. خالىساڭ قەدىرلە، خالىساڭ خار قىل،
مەن ساڭا ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم.

* * *

1604. (ئۆگدۈلمىش) ئاستا تۇرۇپ، ئىشىككە كەلدى ۋە (سىرتقا) چىقتى،
خېلى يۈرۈپ، ئۆيىگە يېتىپ باردى.

1605. شۇندىن بېرى ئۆگدۈلمىش بېلىنى باغلىدى،

بوسۇغىدىن ئايرىلماي دادىل خىزمەت قىلدى.

1606. سەھەردىن ئاخشامغىچە خىزمەت قىلدى، تەۋرەنمىدى،
كېچىسى كۆزەتتە تۇرۇپ، شۇ يەردە ئاش يېدى.

1607. خىزمەت ئەلگىنىڭ كۆڭلىگە ياققان ئىكەن،
(ئۇنىڭغا) دۆلەت قول بەردى، (بەخت) ئىشىكى ئېچىلدى.

* 1608. خىزمەت قىلغۇچى ۋە خىزمىتى بىلەن دۆلەت
ئېتىغا مىنگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1609. ئەي بەگلەرنىڭ شادلىقىنى تىلىگۈچى كىشى،
ھەممە ئىشنى بەگلەرنىڭ خاھىشى بويىچە قىل.

1610. بېگى ماقۇل كۆرمىگەن ئىشنى قىلغان قۇل،
ئەگەر پالاكەتكە ئۇچرىسا ئۆزىگىلا تاپا قىلسۇن.

1611. ئەگەر ئۇ بەگلەرنىڭ خاھىشىسىز خىزمەت قىلسا،
خىزمەت قىلغان پۈتۈن ھاياتى زايە بولىدۇ.

* * *

1612. ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى،
بارلىق ئىشلارنى قائىدىسى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

* * *

1613. ئەلىگ يەنە بىر كۈنى ئولتۇرۇپ قايغۇردى،
دېدىكى، ۋادەرىخا، (يارامىلىق) ئەرنى يىتتۈردۇم.

1614. ئىشككە بىر توپ كىشلەر توپلاندى،
ئىشمغا يارىغۇدەك بىرەر خىل كىشى قېنى؟

1615. بارچە ئىشىم بۇزۇلدى، ئىش بىلگۈچى يوق،
ئىشىمنى قىلغۇچى بىرەر مېھرىبان قېنى؟

* 1616. (تەجرىبىلىك) ۋە ياخشى – يامانىنى
سىناپ بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1617. كىشى ئىستىسە بارچە ئارزۇسىغا ئېرىشىدۇ،
خالىغىنىدەك ياخشىلىقنىڭ باشلامچىسى بولغۇچى كىشىنى
تاپالمايدۇ.

1618. بوي – قەددىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىزمەتكارلار توپى كۆپ،
بىلگىنكى، (ئۇلار ئىچىدە) ئىنسان دەپ ئىشەنگۈدەك كىشى يوق.

1619. ئېھتىياجلىق كىشلەر – (كىشلەرنىڭ) يارامىلىقى،
(ئىشقا) ياراپ، پايدا يەتكۈزۈپ يۈرگۈچىلەردۇر.

* 1620. شېئىر يازغۇچى ۋە مەنىلىك سۆزنى
تىزىپ قالدۇرغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1621. "(ئەتراپىمدا) يۈرگەنلەرنى كۆزىتىمەنكى، يارامىلىقى يوق،
يارامىلىققا ئېرىشسەڭ، (يېنىڭدا) داۋاملىق تۇرمايدۇ.

1622. خىزمەتكارلار توپىدا يۈرگەن (ئادەم) نۇرغۇن،
بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىزدىسەڭ، ئەسقاتىدىغىنى يوق."

1623. ئەلىگ يەنە ئېيتتى: مەسىلىدە كەلگىنىدەك،

ئۆرۈقلۇق كىشى ئۆلسە، ئۇرۇقى قالىدۇ.

1624. يەرگە نىمە تېرىساڭ، قايتا شۇ نەرسە ئۈنىدۇ،
ئوغۇل تۇغۇلسا، (ئۈنىڭ) مىجەزى ئاتىغا تارتىدۇ.

1625. بۇ ئايتولدىنىڭ ئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ پۇشتى،
ئاتا ئۆلسە، ئورنى ئوغۇلنىڭ بولىدۇ.

1626. ئاتىسى كەتتى، ئورنى قۇرۇق ۋە بوش قالدى،
بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئوغلىنى بەك باب كۆردۇم.

1627. مەن ئۇنى تەربىيلەي، ئۇ ئادەم بولسۇن،
ئادەم بولغانىنىڭ داۋاملىق پايدىسى تېگىدۇ.

1628. ئۇنى يارامىلىق بولىدۇ دەپ مۆلچەرلەيمەن،
كىچىكلىكتىن باشقا ئۇنىڭ قۇسۇرى يوق.

* 1629. خەلقنىڭ ئۇلۇغى، كىشىلەرنىڭ قۇتلۇقى بولغان
ئېلىنىڭ داڭدار ئادەمى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

1630. بەگلەر قول سىلىپ، كىمنى تەربىيلىسە،
(ئۇ بەگكە) يېقىنلىشىدۇ، بەگدىن كېيىن باشلىق بولىدۇ.

1631. بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
ئۇنىڭ تىلىكى، ئېھتىياجى يېقىنلىشىدۇ (دەپ) قارا.

1632. بەگلەر بىرسىگە كۆلۈپ باقىدىكەن،
باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

1633. ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى ماڭا باشقا چارە يوق،
بۇنى تەربىيىلىسەم، ئۇ يارامىلىق ئادەم بولىدۇ.

1634. ئاتىسىنىڭ ھەققىنى ئۆتىگۈچى بولاي،
مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا كىشىلىك قىلاي.

1635. بۇ ئايتولدىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى كۆپ ئىدى،
ئۇنىڭغا جاۋابەن مەردلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك قىلاي.

1636. ئادەمگەرچىلىك دېگىنىم — ياخشىلىق دېگەنلىك بولىدۇ،
بۇ ياخشىلىق يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك (بەرگەنلىك) بولىدۇ.

1637. كىشىنىڭ ئېسىلى ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ،
(ياخشى) ئۇرۇقلۇق ئادەم ئالا كۆڭۈل بولمايدۇ.

1638. قېرىلار سۆزىنى ئاڭلا، نېمە دەيدۇ،
قېرىلار سۆزىنى (ئېسىڭدە) تۇت، ئۇنتۇما، قوزام:

1639. ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر،
ياخشىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك.

1640. ياخشىلىق قېرىمايدۇ ھەم ئۇپرىمايدۇ،
يېشى بەكمۇ ئۇزۇن، نامى بۇزۇلماستۇر.

* * *

1641. قارا، ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلىدى،
ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى ئېيتتى.

1642. ئەلىك ئۆنىڭغا غەمخورلۇق قلىپ، يۆقرى كۆتۆردى،
بەختى ئۆگدىن كىلىپ، قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن تونۇشتى.

1643. قانۇن ـ نىزام، ئىچكى ئىشلارنى تۆزەتتى،
بۇ خىزمىتى يۆزىسىدىن تىلىگەن ئىشكىلەر ئىچىلدى.

1644. قۇسۇرى پەزىلەت بولدى، سۆزى سۆز بولدى،
ئەلىك ئويغىنىشى بىلەنلا ئۇ، كۆز ئۆگدا بولاتتى.

*　　　*　　　*

1645. ئەلىك ئېيتتى: ئارزۇ قىلغان ئىشىم
ماھىيەت ۋە قىياپەت جەھەتتىن يولغا قويۇلۇپ باردۇ.

1646. بۇنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار ئىدى،
شۇڭا (ئۇنى) تەربىيىلىدىم، غەمخورلۇق قىلدىم.

1647. مانا ئەمدى مەن ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئادەم بولدى،
پىشى يېتىلسە، يەنىمۇ كامال تاپىدۇ.

1648. مەرد ـ جەسۇر بولۇپ يېتىشىدىغان ئوغلاننىڭ
كىچىك ۋاقتىدىلا بەلگە نىشانى بولىدۇ.

1649. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان بۇ بېيىتنى ئوقۇ،
چوڭقۇر چۈشەنسەڭ، مەنىسى ئېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

1650. "بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ (ئۆزىگە) يارىشا بەلگىسى بولىدۇ،
(بۇ بەلگە) كىچىكىدىن چوڭايغۇچە بىر ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ.

1651. مېۋە – چېۋىنىڭ بولۇشىنى چېچەكدىن كۆرۈش لازىم،
ھەممە نەرسە بۇنىڭغا ئوخشاش، دەپ بىلىش لازىم."

* * *

1652. بۇ ئۆگدۈلمىش (ئەلىگنىڭ) ئالدىدا خىزمەت قىلدى،
تاڭ سەھەردىمۇ، كەچكى ۋاقىتلاردىمۇ (خىزمەتتىن) باش
تارتمىدى.

1653. ئۆزىنى بولمىغۇر، يارامسىز ھەرىكەتلەردىن خالاس قىلدى،
ھەرقانداق ئىشقا تامامەن يارامىلىق بولدى.

1654. ئەلىگنىڭ مۇشەققەتلىرى كېتىپ، قۇتۇلدى،
خەلقنىڭ يۈكى يەڭگىللەپ، پايدىسى كۆپەيدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1655. بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى،
ئوقۇغان – بىلگەنلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلىدى.

1656. ئەلىگ دېدى: ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئاڭلا،
ساڭا سۆزۈمنى ئېيتاي، ماڭا كۆڭۈل قوي.

1657. ئېيتىپ بەر، كىشىگە پايدىلىق نەرسىلەر نېمىلەر؟
ئۇنىڭ پايدىسى نېمە؟ ماڭا بىر – بىرلەپ بايان قىل.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1658. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەي بەگ،

ئەي بىلىمنىڭ ئوردىسى، كىشلەرنىڭ ياخشىسى،

1659. ئىككى جاھاندا كىشىگە پايدىلىق نەرسە—
ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتتۇر، ئەي خوش پېئىل (كىشى).

1660. ئىككىنچى — ئۇيات، ئۈچىنچى — توغرىلىق،
ئۈچ نەرسە بىلەن كىشى قۇتلۇق كۆڭگە ئېرىشىدۇ.

1661. ئىش ـ ھەرىكىتى ياخشى بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ،
مىجەزى توغرا بولسا، تۆرگە چىقىدۇ.

1662. ھايا ـ ئۇيات بارلىق يارىماسلىقلارنى تىيگۈچىدۇر،
ئۇياتسىزلىق كىشى ئۈچۈن تەگداشسىز بىر كېسەل.

1663. يەنە بىرسى مۆلايىم، توغرا مىجەزلىك (بولۇش)،
(بۇنداق كىشىنىڭ) ھەر ئىككى دۇنيادا كۆڭلى سائادەتلىك بولىدۇ.

1664. توغرىلىق، ھايا ۋە ياخشى ئىش ھەرىكەت—
بۇ ئۈچى (كىمدە) بىرلەشسە، ئۇ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1665. ئەلىگ يەنە ئېيتتىكى، بۇ سۆزنى ئاڭلىدىم،
كىشى ئۈچۈن يامان ۋە پايدىسىز ئىشلار قايسى؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1666. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەلىگ،
دانالىق بىلەن بۇ سۆزنىڭ (مەنىسىگە) يەتسۇن.

1667. کىشى ئۇچۇن پايدىسىز، زىيان كەلتۈرگۈچى—
مۇنۇ ئۈچ نەرسىدۇر، ئەي قۇدرەتلىك ھاكىم:

1668. بىرى — جاھىللىق، يامان مىجەز بولسا،
يەنە بىرى — يالغاندىن سۆز توقۇش؛

1669. يەنە بىرى - كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى بېخىللىقتۇر،
بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس.

1670. كىمنىڭ مىجەزى ئەسكى، جاھىل بولسا،
ھەرقاچان ئۇنىڭ ئىشى تەتۈر بولىدۇ.

1671. كىمكى يالغانچىلىق بىلەن نام چىقارسا،
بىلگىنكى، خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى كېتىدۇ.

1672. بېخىللىقتىن پەس يەنە نېمە بولسۇن،
(بېخىل) دۇنيا توپلايدۇ، يېمەيدۇ، كېيىن دۇنياسى قالىدۇ.

1673. بىلىم بېخىللىق ھەققىدە نېمە دەيدۇ ئاڭلا:
ئەي بىچارە، ئەي ھەسەتخور، ئەي قولى يۇمۇق،

1674. ئالتۇن يىغىشنى بىلدىڭىز، يېيىشنى بىلمىدىڭ،
بۇ ئالتۇنلارنى يىغىپ، نېمىشقا بىرەر (كىشىگە) بەرمىدىڭ؟

1675. ئەي دۇنيانى يىغىپ يېيەلمىگۈچى ئىنسان،
يېگۈچىلەر تەييارلاندى، ئەمدى ئاش - تاماق تەييارلا.

1676. ئۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەختى كېلىدۇ،
بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا نامى يوقىلىدۇ.

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1677. ئەلىگ يەنە ئېيتتىكى، بۇنى ئاڭلىدىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر،

1678. ئادەم ئانىدىن بىلىملىك تۇغۇلامدۇ،
ياكى ياش يەتكەندە ئۆگىنەمدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1679. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بەردى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
پەزىلەتنىڭ نامى — بىلىم ۋە پاراسەتتۇر.

1680. (ئادەم) بىلىمسىز هالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ،
بىلىم بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

1681. ئانىدىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ،
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

1682. ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىنسانلار ئۆگەنمىگەن،
(ئۇنى) خۇدا ئەسلى تەبىئەتكە قوشۇپ يارىتىدۇ.

1683. ئەقىل ـ ئىدراكتىن باشقا بارلىق پەزىلەتلەرنى
ئىنسان ئۆگىنىدۇ، ئاندىن بىلىمى يېتىلىدۇ.

* * *

1684. ئەلىگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۆيۈندى،
دېدىكى: مەن (ئەمدى) ئۆز تىلىكىمگە ئېرىشتىم.

1685. ئاتىسىنى يوقاتتىم، (ئەمما) بۇ ئوغۇل
توغرا يولدا يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىنى باستى.

1686. ئەمدى خۇداغا كۆپلەپ شۈكۈر قىلغۇلۇق،
خەلققە ياخشىلىق يەتكۈزۈپ، قانۇن يۈرگۈزگۈلۈك.

1687. بۇ ئۆگدۈلمىشنى ماڭا سادىق ھېسابلايمەن،
(ئۇ) ھەممە ئىشنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىدى.

1688. ئۇنىڭغىمۇ بۈگۈن ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش لازىم،
ئۇ، ياخشىلىقلارنىڭ جاۋابىغا ھازىر ئېرىشسۇن.

* 1689. خەلق ئىچىدىن تاللىنىپ چىققان
خىل كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1690. "كىشىلىك قىلغانغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب بەر،
كىشىلىككە لايىق ئادىل جاۋاب ياندۇر.

1691. ۋاپاغا ۋاپا قىلىش كىشىلىكنىڭ بۇرچى،
ۋاپا قىلىپ ئادەم بول، نامىڭنى ئۆلغايت."

* * *

1692. ئەلىگ ئۇنى كۈندىن - كۈنگە قەدىرلىدى،
ئۇنىڭ نامى ۋە داڭقى پۈتۈن ئەلگە تارالدى.

1693. نام - نىشانى خەلق ئىچىدە يۇقىرى بولدى،
ياخشى دۇئالار بىلەن جاھانغا داڭقى كەتتى.

1694. دوست - بۇرادەرلىرى ئارىسىدا ئۇلۇغ بولدى،
بەگلەر ئارىسىدىمۇ شۆھرىتى كۆتۈرۈلدى.

1695. سۆز - ھەرىكەتتە كەمتەر، مىجەزى مۇلايىم بولدى،
ھەممە بىلەن ئەپ بولۇپ، كۈن ۋە ئايلار ئۆتتى.

1696. ئۆزىنى كىچىك پېئىل تۇتتى، سۆزى شېرىن بولدى،
خەلقىنىڭ ئىچ - تېشىنى ئىسسىتتى.

1697. كۆپ دوست - بۇرادەر، ئاغىنە تۇتتى،
بىلگىنكى، دوست - بۇرادەر ئادەم ئۈچۈن يۆلەنچۈكتۇر.

1698. كىمنىڭ دوست - بۇرادىرى، قولدىشى كۆپ بولسا،
ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى مۇستەھكەم، تىنىك قىيا(دەك) بولىدۇ.

1699. كىمنىڭ ئارقا تىرىكى بولسا، ئۇ كۈچلۈك بولىدۇ،
كۈچلۈك كىشى بەختىگە ئاساس سالالايدۇ.

1700. مۇلايىم، كەمتەر بولۇش بەخت ئۈچۈن قانداق ياخشى
(نەرسە - ھە)،
ئالىم مۇلايىم بولسا، نېمىدېگەن كۆركەم ئىش بولىدۇ!

1701. ئەقىللىق كىشى بەكمۇ ياخشى ئېيتقان،
كىم ئەقىللىقنىڭ سۆزىنى (ئەستە) تۇتسا، ئىشى يورۇشىدۇ.

1702. دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا،
كىچىك پېئىللىق بىلەن كۆڭلىنى كەمتەر تۇتسۇن.

1703. دۆلەت كېلىپ كىشىگە كۈلۈپ باقسا،

(ئۇنى) كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇستەھكەملەش لازىم.

1704. بەخت ئەسلى ئېگى ـ تەكتىدىن كۆچمەننىڭ ئېتىدەك نەرسە،
ئۇنى (تۇتۇپ تۇرغۇچى) يىلتىز كەمتەرلىكتۇر.

1705. كىچىك پېئىل، كەمتەر كىشى ئېمىدېكەن ياخشى،
ئېمىدېكەن گۈزەل بولىدۇ ـ ھە! دائىم ئىشى يۈرۈشىدۇ.

1706. تەكەببۇر، مەغرۇرلىنىدىغان، ماختانچاق كىشى ئېتىقسىز بولىدۇ،
تەكەببۇر كىشىنىڭ ئېتىبارى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەيدۇ.

1707. بەخت يۈزلەنسە، ھەممىگە يارىشىدۇ،
(ئەمما) ئەقىللىق كىشىگە بەكمۇ چىرايلىق يارىشىدۇ.

1708. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بۇ بىر بېيىتنى ئوقۇ،
ئەي قولى ئۇچۇق سېخىي، ئوقۇپ ياخشى چۈشەن:

1709. "دۆلەت بىلىمسىزگە كېلىپ ياراشقان ئىكەن،
بىلىملىكنى ئېخىمۇ ئوبدان كۆرۈپ بەكمۇ يارىشىدۇ.

1710. دۆلەت بىلىمسىز بىلەن بىللە تۇرغان ئىكەن،
بىلىملىككە ئېخىمۇ مۇستەھكەم باغلىنىپ تۇرىدۇ."

1711. بىلىمسىز دۆلەت بىلەن يۈكسەلگەن يەردە،
بىلىملىك نام ـ شۆھرىتى بىلەن ئېخىمۇ يۈكسەكرەك بولىدۇ.

1712. بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسىمۇ،
ئىشەنكى، بۇ دۆلەت ئۇنىڭ بىلەن تۇرالمايدۇ.

1713. مانا بۇ سۆزگە شاھىت بولۇپ بۇ سۆز كەلدى،
ئەي تۈز كۆڭۈل، بۇنى ئوقۇغىن:

1714. "كىشىگە بەخت كېلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ،
توغرا ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا، بۇ قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭغا سىڭىدۇ.

1715. بولۇمسىزغا دۆلەت، بەخت كەلگەن بولسىمۇ،
ئۇ دۆلەتنى ئىتتىرىپ، بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ."

* * *

1716. ئەلىگ بۇ ئۆگدۈلمىشنى سىنىدى،
بارلىق ئىشنى توغرىلىق بىلەن بېجىرگىنىنى كۆردى.

1717. (بەزىدە) قەدىرلىدى، يۇقىرى كۆتۈردى،
بەزىدە يامان مۇئامىلە بىلەن خورلىدى.

1718. قەدىرلەنگەن ۋاقتىدا، كىشىلەرنى رەنجىتمىدى،
خورلۇق كۆرگىنىدە، خىزمەتنى توختاتمىدى.

1719. ئەلىگكە چىن كۆڭلىدىن باغلىنىپ، قالقان بولدى،
ئۇنىڭ خەزىنە ـ دۇنياسىنى ياخشى باشقۇردى.

1720. بوينىغا ئېغىر بىر ئامانەت يۈكلىدى،
ئامانەتنى زىممىسىگە ئالغان كىشىگە جېنىم پىدا.

1721. ئۆگدۈلمىش ناھايىتى توغرىلىق بىلەن ئىش يۈرگۈزدى،
ئەلىگ ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە (ئۆزىگە) يېقىن تۇتتى.

1722. ھەممە ئىشنى ئايرىم ـ ئۇچۇق ئۆز ئورنىدا قىلدى،
بارلىقنىڭ ھېسابىنى قىلىپ يېزىپ باردى.

1723. مال ـ دۇنياسىنى كۆزەتتى، ئۆزىنى ھىمايە قىلدى،
خىزمەت قىلدى، (خىزمەتتىن) قىلچىلىك باش تارتمىدى.

* 1724. يېشى ئۇلغايغان، ھاياتتا كەم ئۇچرايدىغان،
توغرا، چىن ئىنساننىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:

1725. كىشىلەر ئۇچۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدىرلىك نەرسە،
ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم كۈمۈشتىن ئەزىز.

1726. كۈمۈشكە بېرىلمىگەن توغرا ئىنسان
بەختلىك ھالدا چىن، ھەقىقىي دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

1727. بىلىملىك ئۆز بىلىمى بىلەن (بۇنداق) تەلىم بېرىدۇ:
توغرا، چىن كىشى بولسا، (ئۇنى) كۆزۈڭگە سۈرتكىن.

1728. قارىغىن، ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتىدۇ:
سادىق كىشى ئۇچۇن جان بەرسەڭ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

1729. توغرىلىق دەپ ئېيتىشىدۇ، ئۇ توغرىلىق قايسى؟
(ئۇ) ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچىدۇر.

1730. كىشىلەر ئىچىدە كامىل ئەركەك كىم؟
مىجەزى توغرا بولسا، ئۇنى (كامىل) ئەر دېسە بولىدۇ.

1731. كىشىلەر ئىچىدە ماختاشقا لايىقلار كىم؟
مەرد ـ سېخىي ماختىلىدۇ، بېخىل سۆكۈلىدۇ.

1732. ئادەم بالىسىنى بىچارە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ،
كۆن بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە ئېسىپ بولمايدۇ.

1733. بەزىسى تىنماي يۈگۈرۈپ دۇنيا كېزىدۇ،
بەزىسى جېنىنى تىكىپ دېڭىزغا كىرىدۇ.

1734. بەزىسى تاغ قېزىپ، قىيالار تۈۋىگە بارىدۇ،
بەزىلىرى يەر غۇلاچلاپ، يالاڭ ئاياغ يۈگۈرىدۇ.

1735. بەزىسى داۋان ئېشىپ، دەريالار كېچىدۇ،
يەنە بەزىلىرى يەر قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ.

1736. بەزىسى جەڭلەردە قىلىچ، پالتا يەپ (ھالاك بولىدۇ)،
بەزىسى قەلئە - تۇرا(لار)دا ئىشلەپ قېرىيدۇ.

1737. بەزىسى ئوغرى، ئالدامچى، قاراقچى، ھىيلىگەر،
بەزىسى باسمىچى، قاتىل، قىرغىنچى بولىدۇ.

1738. بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى، كىيىم - كېچەكنى ئۈچۈندۇر،
مال - دۇنيا توپلايدۇيۇ، يېمەيدۇ، ئۆلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ.

1739. بۇلار ھەممىسى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر،
بىلىمسىز كىشىلەر تامامەن ھايۋان (غا ئوخشايدۇ).

1740. خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشى
ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى يەپ - ئىچىدۇ (يىغمايدۇ).

* 1741. ھايات ۋە جانلىقلارنى كۆزەتكەن
ئەقىللىق، ۋەزمىن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1742. مەيلى يات، مەيلى دۇنيا كېزىپ يۈگۈر،
قىسمىتىڭدە نېمە بولسا، ساڭا شۇ تېگىدۇ.

1743. ئەي ئالىم، دانا، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت،
سېنىڭ يېمەك - ئىچمىكىڭ ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

1744. بايلىق ۋە دۇنيانىڭ ياخشى (نېمەتلىرىنى) تىلىسەڭ،
ئۇنىڭغا توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن.

1745. يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،
(ئۇنى) چىن ۋە توغرىلىق بىلەن قولغا كەلتۈر.

* 1746. توغرىلىق بىلەن جاھان تۇتقان ۋە
ئەقلى يېتىلگەن كىشى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

1747. "بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە بايلىق تىلىمەكچى بولساڭ،
توغرا (ئادەم) بول، توغرا سۆز قىل.

1748. يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،
ئۆزۈڭنى، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت."

1749. ئەي ئەلىگ، سەپسال، كىشىلەر توغرا ھەرىكەت قىلسا،
(ئۇلارنىڭ) كۈنى قانداق گۈزەل ئۆتىدۇ - ھە!

1750. توغرىلىق ۋە چىنلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل،
ھەرقانداق ئىشنى ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئىشلە.

* * *

1751. بەخت ئۆگدۈلمىشنى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈردى،
خەلققە نەسىھەت قىلدى ۋە كىشىلەرنىڭ (سۆزىنىمۇ) ئاڭلىدى.

1752. ئەلىكمۇ ئۇنى ھەر تۈرلۈك (ئىشلاردا) سىنىدى،
پاراسەت بىلەن كۆزەتتى ۋە توغرا - دۇرۇس دەپ تونۇدى.

1753. ئەلىك ئۆگدۈلمىشنى سادىق - سەممىي دەپ تونۇدى،
(ئۇنىڭ) بارلىق ئىشلىرىنى شۈبھىسىز توغرا دەپ بىلدى.

1754. ئەمدى، ئالىم - دانانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئەي بىلىمسىز بۇنى ئوقۇپ، ئەمدى بويۇن ئەگ:

1755. بەگلەر قۇللىرىنى كۆزىتىپ بېرىشى لازىم،
قۇلنىڭ تېگى - تەكتىنى سىناپ خىزمەتكە سېلىش كېرەك.

1756. (ئەگەر) قۇلى بەگكە يارامىلىق بولۇپ كۆرۈنسە،
ئاندىن ئۇنىڭغا قەدىر - قىممەت يولىنى ئېچىش كېرەك.

1757. ئىشى دېگەندەك بولسا، خىزمەتچى يۈكسىلىدۇ،
خىزمەتچى يۈكسەلسە، بەگنىڭ نامى ئۇلۇغ بولىدۇ.

* 1758. بارلىق ئىشقا بىلىمى ۋە ئەقلى يېتىدىغان
ياغما بېگى بەكمۇ ياخشى ئېيتىدۇ:

1759. ئەي بەگ، ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغانغا بەر،
يارامىلىق، توغرا، دۇرۇس يۈرەكلىككە بەر.

1760. قايسى بەگ يارامسزغا ئىش تۇتقۇزسا،
بۇ يارىماسلىقنى باشقىسى ئەمەس، ئۆزى قىلغان بولىدۇ.

1761. خۇدا كىمگە بەخت بېرىپ يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولسا،
ئۇنىڭغا يارامىلىق، ئىشەنچلىك خىزمەتچى ئاتا قىلىدۇ.

1762. (ئەگەر) كۆتۈرگەننى يەنە چۈشۈرمەكچى بولسا،
ئۇنىڭغا (بىكار) كۈن ئۆتكۈزىدىغان خىزمەتچى بېرىدۇ.

1763. ئۇ بىلىمسىز (ئىش) يۈرگۈزسە، قوپاللىق بىلەن يۈرگۈزىدۇ،
ھەممە ئىشلار بۇزۇلۇپ، ئاسماننى تۈتۈن قاپلايدۇ.

* * *

1764. ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلىدى،
ۋە ئۇنىڭغا ئىشەندى، بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

1765. ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە ھاكىم قىلدى،
ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن، سۆزى ئۆتىدىغان بولدى.

1766. (ئۇنىڭغا) ئۇنۋان بەردى، تامغا تۇتقۇزدى، ئات، (ياسداق)
ئېگەر — توقۇم، تون بەردى،
ئۇنى بەكمۇ قەدىرلىدى، زور بەختكە ئېرىشتى.

1767. ئۇرغۇن ياخشى يوليورۇق ۋە ئوبدان سۆزلەر بىلەن،
ئەلىگ (ئۇنىڭغا) مەرھەمەت كۆرسەتتى، ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.

1768. ئوردىدىكى لەشكەر — مۇلازىملارنىڭ چوڭى — كىچىكى بولسۇن،
جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇردى.

1769. خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى (ئۇنىڭغا) كۆرۈنۈپ تۇردى،
خىزمەت كۆرسەتتى ۋە ھەدىيىلەر تەقدىم قىلدى.

1770. ئۆگدۈلمىش ياخشى قانۇنلارنى تۇرغۇزدى،
بارلىق ئادەملىرىنى ئۆزىگە يارىشا قەدىرلىدى.

1771. خەلق ئۈستىدىن بارلىق زۇلۇم – زورلۇقنى ئېلىپ تاشلىدى،
بولمىغۇر ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى خالىي قىلدى.

1772. قانۇنلار تۈزۈلدى، مەملىكەت ئوڭشالدى،
ئەلنىڭ ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، ئەلىگ پاراغەتكە يېتىشتى.

1773. (ئۇنى) سۆيگۈچىلەر كۆپەيدى، ئۇنى سۆيمىگۈچى دۈشمەنلەر
ئەلنى تاشلاپ قاچتى، (ئۇلارنىڭ) توزىگى بېسىلدى.

1774. ئەلىگ (تەشۋىشتىن) قۇتۇلدى، ئارام ۋە خۇشاللىققا يېتىشتى،
تۇرمۇشتا راھەتلىنىپ، لەززەتكە ئېرىشتى.

1775. بۇنداق پايدىلىق (ئىشلار) بىلىمدىن كېلىدۇ.
پاراسەت ۋە بىلىم – ياخشى خۇلقلۇقلاردىن كېلىدۇ.

1776. پاراسەتلىك كىشىنى ماختىماي بولامدۇ؟
پاراسەتسىزنىڭ ئىشىنى سۆكمەي بولامدۇ؟

1777. پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئۆلگىلىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر ھەممە ئىشنى كەلسە – كەلمەس قىلىدۇ.

1778. ئەقىل – پاراسەتلىك (كىشىگە) بەخت خوپ يارىشىدۇ،
ئەي ياخشى خۇلقلۇق، بىلىملىككە ئىشەن!

1779. ئىلى بېكى نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سۆزۈڭگە ئاساس بولىدۇ:

1780. ”بىلىمسىزگە دۆلەت، بەخت كېلىدىغان بولسا،
بارچە خەلق بۇزۇلىدۇ، ئەلگە جۇت – ئاپەت كېلىدۇ.

1781. (ئەگەر) بەگلىك ئەقىل – پاراسەتلىك بىر كىشىگە تەگسە،
ئەل راھەت – پاراغەتكە يېتىشىدۇ، بۇ سۆزگە ئىشەن.“

* * *

1782. ئەلىگ ھۇزۇر تاپتى، كۆڭلى پارلىدى،
خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

1783. كۆزىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۈردى،
ۋە دېدى: ئەي ئىگەم، بىلىم بەرگۈچىسەن!

1784. بىلىم بەردىڭ ۋە ئەلگە ھاكىم قىلدىڭ،
ئادالەتتىن ئايرىما، كۆڭلۈمگە قۇۋۋەت بەر.

1785. يۇقىرىلىرىمنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈش
ھەممە ياخشىلىقلارنى قىلىش ئۈچۈن سەنلا مەدەت بېرەلەيسەن.

* * *

1786. (ئەلىگ) كەمبەغەللەرگە كۆپ مال – دۇنيا تارقاتتى،
ھەممە ئىشتا دىلىنى خۇداغا باغلىدى.

1787. كۈنلەر، ئايلار مۇشۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتتى،

ئەلدىكى بارلىق ئاۋام (خەلق) تۈگەل باي بولدى.

1788. قارا، سەرخىل كىشىلەر مۇشۇنداق بولىدۇ،
ئىسىت، بۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلىدۇ.

1789. ئادىل - توغرا بەگكە ئىگە بولغان خەلق بەختلىكتۇر،
خەلقى بەختلىك بولغان بەگمۇ سائادەتلىكتۇر.

1790. يامانلارمۇ، ياخشىلارمۇ ئۆلسە، تۇپراققا ئايلىنىدۇ،
(گەرچە) تۇپراققا ئايلانسىمۇ نامى قالىدۇ.

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1791. ئەلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى (ۋە) مۇنۇ سۆزلەرنى دېدى:

1792. ئېيتقىنە، ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەمدى ماڭا قارا،
ئاتاڭنىڭ ئەجرىنى سەن تېخى چۈشەنمىدىڭ.

1793. ئاتاڭ ئۆلگەندە سەن كىچىك ئوغۇل ئىدىڭ،
كىچىكلەرگە ماڭار يولنى چوڭلار كۆرسىتىدۇ.

1794. ئاتاڭ (ساڭا) بىلىم، پەزىلەت ئۆگىتەلمىدى،
مەندىنمۇ ھېچ ياردەم تەگمىدى.

1795. بۇ پەزىلەتلەر ساڭا قانداق توپلاندى؟
قېنى سەن بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1796. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئەلىگ ئۇزاق ياشىغاي،
قۇدرەت تېپىپ (ھۆكۈم سۈرگەي).

1797. خۇدا كىمگە ئىنايەت ئاتا قىلسا،
(ئۇ) تىلىكىگە يېتىپ، نام - شۆھرەتلىك بولىدۇ.

* 1798. بۇرۇندىن (كۆپ ئىشلار) كەچۈرگەن ئاقساقال
بۇنىڭغا تەقلىدتەن تۈركچە بىر مەسەل ئېيتقان:

1799. كىشى خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن يۈكسىلىدۇ،
تىلىكىگە يېتىپ، كۆڭلى - كۆزى يۇرۇشىدۇ.

* 1800. خۇدا بەرگەننى يەر بىلەن ئاسمان بىرلىشىپ ئۆچەكەشسىمۇ،
خەلق كۈچ چىقارسىمۇ تارتىۋالالمايدۇ.

1801. ھەممە ئىشقا خۇدا يار - يۆلەك بولسىلا،
كىشى ئاندىن ئۆز تىلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ.

1802. ئەي ئەلىگ، يەنە ئاتىنىڭ ئالقىشى
ئوغۇلغا تەگسە، ئۇنىڭغا شادلىق ھەمراھ بولىدۇ.

1803. ئاتام ياخشى دۇئا قىلغانىدى،
شۇ دۇئا بىلەن ئۆرلەپ، بۇ يەرگە يېتىشتىم.

1804. قۇدرەتلىك ئىگەم ئەلىگنى سەۋەب قىلدى،
شۇڭا بىلىم - پەزىلەتتىن خالىي قالمىدىم.

1805. ئەلىك قول سېلىپ مېنى تەربىيىلىدى،
پەلەك ئوڭدىن كېلىپ، مېنى ئۆرلەتتى.

1806. بەگلەر كۆلۈپ قاراپ، كىمگە ئېتىبار بەرسە،
ئۇ تىلىگەن ئارزۇلىرىنىڭ ھەممىسى ھەل بولىدۇ.

1807. كىشىنىڭ كۆڭلى باغ، ئۇنى ياشارتقۇچى سۇ —
بەگلەرنىڭ سۆزى بىلەن ياخشى نەسىھىتىدۇر.

1808. قايسى باغقا ئۆكسۈمەي سۇ كىرىپ تۇرسا،
ئۇنىڭدا تۈمەنمىڭ خۇش پۇراقلىق گۈل - چېچەك ئېچىلىدۇ.

1809. بەگنىڭ يارلىقى ۋە ياخشى سۆزلىرى بولسا،
قۇلنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ، چىرايى ئېچىلىدۇ.

1810. ئەگەر ياخشى سۆزى ۋە يارلىقى بولمىسا،
بىلگىنكى، ياشارغان چېچەكلەرمۇ تېزلا قۇرۇيدۇ.

1811. قۇل دائىم خۇدانىڭ رەھمىتىنى تىلىشى كېرەك،
خۇدانىڭ رەھمىتى بولسىلا، ئۇنىڭغا (دۆلەت) ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

1812. بۇنىڭغا تەقلىدەن شائىر بۇ سۆزنى ئېيتتىكى،
ئەي ياخشى كىشى بۇنى چۈشەنگىن:

1813. "خۇدا رەھمىتى بىلەن قۇلنى قەدىرلەيدۇ،
بىلىمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يولىنى ئوڭشايدۇ.

1814. بىلىم بىلسە كۆندىن - كۈنگە كۈنى قۇتلۇق بولىدۇ،
قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئۇلۇغلۇق (مەرتىۋىسىگە) ئېرىشىدۇ."

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1815. ئەلىگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
بىلىم بىلگۈچىلەر (ئۇنىڭغا) قانداق ئېرىشىدۇ؟

1816. كىشى ئۆگىنىپ دانا بولامدۇ (ياكى)
تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ يارىلامدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1817. ئۆگدۈلمىش سۆز ئېچىپ جاۋاب بەردى،
دېدىكى، مەن بۇ سۆزگە ئاساس تاپاي.

1818. خۇدا يارىتىشتا (ئۇنىڭغا) ئەقىل ۋە قەلب بەرگەن بولسا،
ئوغلان بىلىم (ئۈچۈن) دەسمايىگە ئىگە بولىدۇ.

1819. كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ ئەقلى توشىدۇ،
نېمىنى خالىسا، ئۆگىنىپ بىلىدۇ.

1820. بىلىمگە يېتىشىپ كېيىن دانا بولىدۇ،
بۇ بىلىمى بىلەن ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.

1821. ياراتقان ۋاقتىدا ئىدراك (پاراسەت) بەرمىسە،
كېيىنمۇ (ئۇنداق كىشى) تىلەككە يېتەلمەيدۇ.

1822. يەنە بىر سەۋەب (شۇكى)، ئوغلان بىلىم تەلەپ قىلسا،
كىچىكىدىنلا بىلىمگە قول ئۇزىتىشى كېرەك.

1823. ئوغلان كىچىك ۋاقتىدىلا بىلىم ئۆگەنسە،

چوڭ بولغاندىن كېيىن تىلىكگە يېتەلەيدۇ.

1824. بىلىم، پەزىلەت، ياخشى خۇلق ۋە قىلىقنى
كىشى ئۆگىنىپ، ئاندىن يۈرۈش - تۇرۇشى تۈزىلىدۇ.

1825. بىلىم ياكى ھۈنەر - پەزىلەتنى كىشى ئۆگىنىدۇ،
ئىدراك بولسا، ئەسلى تەبىئەتتىدىن بولىدۇ.

1826. بۇنىڭغا تەقلىدتەن تۈركچە بىر مەسەل بار،
ئۇنى سەن ئوقۇ، ئۆزۈڭگە پايدا ئال:

1827. "كىشى ئۆگەنسە بىلىمى كۆپلەپ ئاشىدۇ،
قانچە ئۆگىنىپ چۈشەنگىنى بىلەن ئۇ ئىدراكلىق بولالمايدۇ.

1828. ئەقىل - ئىدراكنى خۇدا (يارىتىشتىن) بېرىدۇ،
تەبىئەتتىدىن كىرگەننىڭ (ئۆزىگە يارىشا) بەلگىسى بولىدۇ."

1829. ئېنىقكى، ئىدراك خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان،
ئىدراك بىلەن كىشى مىڭلارچە ياخشى نېسۋىگە ئىگە بولىدۇ.

1830. ئىدراكلىق كىشى (ھەممە) كىشىدىن ئۇلۇغدۇر،
ئىدراك كىشى ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

1831. ئىدراكسىز كىشىنى ئادەم دېمەسلىك كېرەك،
(ئۇ) قانچىلىك سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1832. يەنە ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم،
سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار:

1833. ئىدراك بىلەن بىلىمنى باشقا ـ باشقا ئايرىدىڭ،
سۆزۈڭنىڭ مەنىسى قانداق، بۇنى ئېيتقىن.

1834. ئىدراك نېمە، ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە،
ئۇ قەيەردىن چىقىپ، قەيەرگە بارىدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1835. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، دېدى:
ئىدراك كىشى ئۈچۈن ئەزىز (ۋە) قىممەتلىك نەرسىدۇر.

1836. ئىدراكنىڭ ئورنى ئۈستۈنكى مېڭىدە بولىدۇ،
(ئۇ) قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورنى باشتا بولىدۇ.

1837. ئىدراك كىشى ئۈچۈن بىر كىشەندۇركى،
ئادالەت ۋە توغرا ئىشتىن نېرى كەتكۈزمەيدۇ.

1838. بىلگىنكى، مېھرىبان خۇدا (ئۆزى) تاللىغان بەندىسىنىڭ
قىلىقى بىلەن تىلىنى ئىدراك ئارقىلىق كىشەنلىدى.

1839. ئىدراكسىز ئۆلۈكتۇر، ئىدراكلىق تىرىك،
ئىدراك ئەرنى ئەنە شۇنداق مۇۋاپىق ئايرىيدۇ.

1840. ئادەم گويا تۈندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا،
ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

1841. بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ،
بىلىم بىلەن ئەر يۈكسىلىپ مەشھۇر بولىدۇ.

1842. بۇ ئىككىسى بىلەن ئىنسان ئۇلۇغ بولىدۇ،

بۇ ئىككىسى ئادالەت يولنى ئاچىدۇ.

1843. كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ،
بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نىمە بار؟

1844. قارا، ئەقىل بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ سۆزلىدىكى،
ئىدراكنى ئىشلەتسە، پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر:

1845. "ئادەم بىلەن ھايۋاننى بىلىم ئايرىدى،
بىلىم بىلەن ئىنساننىڭ قولى ئۇزۇن بولدى.

1846. يۈر، ھايۋان بولما، بىلىم بىل،
بىلىم (ۋە) ئىدراك بىلەن سۆزۈڭنى راۋان قىل."

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1847. ئەلىگ يەنە دېدى: يەنە بىر سۆزۈم شۇكى،
(بۇنى ساڭا) ئېيتاي، ئەي خۇش چىراي.

1848. ماڭا ئەمدى ئىدراكنىڭ سۈرىتىنى تەسۋىرلەپ بەر،
ئۇنىڭ مەنىسى ۋە نامى قانداق بولىدۇ؟

1849. يۈزى، كۆركى، خۇي - پەيلى قانداق،
يېشى، دەرىجىسى، بوي - تۇرقى، شادلىقى نىمە؟

## 27

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ تەرىپىنى ئېيتىدۇ

1850. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئىدراكنىڭ
قىلمىشى توغرا، شادلىقى كۆپتۇر.

1851. ھۆسنى ـ چىرايى كۆركەم ۋە يېشى كىچىك،
ئۇ بارلىق ياخشىلىقتا ئۆتكەلدۇر.

1852. ئۇ تەمكىن، خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم
جىمى جانلىقلارغا رەھىمدىلدۇر.

1853. (ئۇ) قاياقتا قول ئۇزارتسا (ئىش) راۋاج تاپىدۇ،
سۆزى قەيەرگە يەتسە ئېتىبارلىق بولىدۇ.

1854. قارا، ئۇنىڭ چىرايى ئىللىق، ھەممىگە يېقىملىق،
كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن پايدا تېگىدۇ.

1855. كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدۇ،
ھەرقانداق ئىشنى پۇختا قەدەم بىلەن قىلىدۇ.

1856. ھەرقانداق بۇزۇلغان ئىشنى ئوڭشايدۇ،
ھەرقانداق چىگىش تۈگۈننىمۇ يېشىدۇ.

1857. (ھەر ئىشنى) سولدىن، ئوڭدىن، ئالدىدىن ۋە ئارقىدىن كۆزىتىدۇ،
ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتىنى (ۋە) چارىسىنى بىلىدۇ.

1858. قاچقانغا يېتىشىدۇ، ئۇچقاننى تۇتىدۇ،
سۇنغاننى ئۇلايدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزەيدۇ.

1859. ئەقىل — ئىدراكسىزلار ئۆكۈنۈپ دەيدۇكى: ئەي ئەقىل،
سەن بولمىساڭ ھەسرەت چېكمەن، ئۆكۈنىمەن.

1860. سەندىن ماڭا بىر ئۆلۈش تەگمىدى،
سېنىڭسىز كىشىنىڭ كۆڭلى (گويا) ئۆلۈكتۇر.

1861. قارا، ئەقىل — ئىدراك بىر مەشئەل، قارىغۇغا كۆز،
ئۇ، ئۆلۈك تەنگە جان، كېكەچ تىلغا سۆزدۇر.

1862. ئەقىللىق ئەقىلگە دەيدۇكى، ئەي دوستۇم،
ئىشىمنى ئوڭشايدىغان بەك ياخشى دوست سەن.

1863. ئىدراك (دائىم) ئوڭ ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭ سولى يوق،
ئۇ چىن ۋە ئىشەنچلىك، ھېچبىر ھىيلىسى يوق.

1864. كىمدە ئىدراك بارلىقىنىڭ بەلگىسى ئەنە شۇ،
بۇ بەلگە بىلەن ئەقىل — ئىدراكنى بىلگىلى بولىدۇ.

1865. ھەممىدىن ئاۋۋال، ئىدراكنىڭ ھەرىكىتى مۇۋاپىق بولىدۇ،
ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا يولدىن تايمايدۇ.

1866. ئىدراكلىق توغرا، سۆزدە مۇلايىم بولىدۇ،

(ئۇنىڭ) ئىش ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىكتۇر.

1867. ئۇ تەمكىن، مۇلايىم (ۋە) ناھايىتى سەۋرچاندۇر،
ئىشنىڭ تېگى ــ تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدۇ.

1868. قىلغان ئىشىغا قارىساڭ قېرى، يېشىغا قارىساڭ يىگىت،
دانىشمەنمۇ، بەگزادىمۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

1869. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مۇنۇ سۆزنى ئوقۇغىن،
چۈشەنگەنسېرى مەنىسى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

1870. "ئەقلىنىڭ ھەرىكىتى قېرىدەك، ئۆزى ياش ئوغلاندەك،
ئەقىل ــ ئىدراك قەيەردە بولسا، بېرىپ ئۇنىڭغا يېپىشقىن.

1871. ئۇنىڭ كىچىكلىكى — ئۇماق، قېرىلىقى — تەمكىن،
ئۆزى كەمتەر، سالماق، (بېرىدىغان) پايدىسى كۆپ."

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1872. ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سۆيۈندى،
ئېيتتىكى: ئەي سەگەك، سۆزۈڭ بىلىم ۋە ئەقىلدۇر.

1873. خۇدا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى بەردى،
ئېنىقكى، سەنمۇ ماڭا خۇدانىڭ ئاتا قىلغىنى.

1874. (مېنىڭ ئىشىم) مۇشەققەتلىك ــ ئېغىر بىر يۈكتۇر،
(كىشى) بۇ يۈكنى كۆتۈرگەندىلا ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

1875. كىمكى ياخشىلىق تىلىسە، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدۇ،
ئېغىر يۈك كۆتۈرگەنلەر تىلىكىگە يېتىدۇ.

1876. يۈكۈمنى يۈدۈگەن ئىكەنسەن، تىلىكىم (ھەل بولىدۇ)، ئىشىم يۈرۈشىدۇ،
ماڭا ئارام بېرىسەنۇ، ئۆزۈڭگە ئېغىرچىلىق كېلىدۇ.

1877. خۇدا ماڭا ئەمدى ياردەم ۋە كۈچ بەرسۇن،
ھەققىڭنى بىرگە ئۈچ (ھەسسە) قىلىپ ياندۇراي.

1878. سېنىڭ ئەنە شۇنداق خىزمەت قىلىدىغىنىڭنى بىلمەن،
مېنى ئارزۇ قىلغىنىڭ بۇ مېھرىبانلىقىڭدۇر.

1879. مېھرىبان ـ سادىق خىزمەتچى تامامەن شۇنداق بولىدۇكى،
ئۇ ئۆز پايدىسىنى قويۇپ، بېگىنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ.

1880. خىزمەتچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
خىزمەتكە بېرىلگەن قۇل بېگىگە ئارام بېرىدۇ؛

1881. ئۇنىڭ سادىق قۇلى بولسا (ۋە) ئىشلىرىنى قىلسا،
بەگ شادلىققا ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ.

1882. بەگ خىزمەتكارى بىلەن قەددىنى رۇسلايدۇ،
بەگنىڭ خالىغىنىدەك خىزمەت قىلسا، بېگىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

1883. (بەگنىڭ) قۇلى (بېگىنىڭ) باش ئاغرىقىنى، يۈك ـ مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈرۈشى،
بېگىگە ئارزۇ قىلغان يولىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك.

1884. قايسى بەگ ئەنە شۇنداق قۇلغا ئېرشسە،
بۇ ئۇنڭغا خۇدانڭ بەرگەن بۈيۈك ئېھساندۇر.

1885. بزدن (خېلى) بۇرۇن ئۆتكەن دۇنيا بەگلرننڭ كۆپى
شۇ ئارزۇ بلەن ئۆلۈپ كېتشتى.

* * *

1886. دۇنيا خەلقى شادلق ۋە بەخت (بلەن) ئەمن تاپتى،
پۈتۈن خەلقى ئەلگكە دۇئا قلدى.

1887. باشقا ئەل كشلرى بۇنى ئاڭلدى،
ئۇنڭ يۈزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قلشتى.

1888. بۇ ئارزۇ بلەن يل، ئاي، كۈنلەر ئۆتتى،
(ئەلگ) ياخشى قانۇن تۈزۈپ ئېلنى باشقۇردى.

## ئەلگنڭ ئۆگدۈلمشكە سوئالى

1889. ئەلگ بر كۈنى ئۆگدۈلمشنى چاقرتتى،
سەندن بر سۆز سوراي، بلگنڭنى ئېيتپ بەر، دېدى.

1890. كشى ۋۇجۇدننڭ يەتتە ئەزاسغا قارسا،
ھەرقايسسى تېگشلك ئشنى بېجرگەنلكدن لەززەتلندۇ.

1891. كۆڭۈلنڭ لەززتى نېمەيۇ، كۆزنڭ لەززتى نېمە؟
بۇ ئككى لەززەتتن ئۆزۈم قانداق بەھرمەن بولمەن؟

## ئۆگدۈلمشنڭ ئەلگكە جاۋابى

1892. ئۆگدۈلمش جاۋاب بېرپ دېدى:
كۆڭۈل ئارزۇ قلغان، قاتتق بېرلگەن (نەرسە) لەززەتتۇر.

1893. كۆزنڭ لەززتى — سۆيۈندۈرگۈچى يۈزنى كۆرۈش،
جاننڭ لەززتى — كۆڭۈل ئارزۇسغا ئېرشش.

## ئەلگنڭ ئۆگدۈلمشكە سوئالى

1894. ئەلگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمش، ئېيتقنچۇ،
سۆيۈملۈك (بولۇشنڭ) نشانسى نېمدۇر؟

1895. ھەركم سۆيمەن، دەپ دەۋا قلدۇ،
بۇ دەۋانڭ مەنسى قانداق بولدۇ؟

## ئۆگدۈلمشنڭ ئەلگكە جاۋابى

1896. ئۆگدۈلمش جاۋاب بېرپ دېدى: خوپ، (ئېيتاي)،
(كشى) سۆيۈملۈك يۈزگە قارسا، سۆيگۈنڭ نېملكنى بلدۇ.

1897. كۆز ئۈچۈن ھەممە نەرسنى كۆرۈش توسالغۇسز بولمايدۇ،
شۇنى بلگنكى، كۆڭۈل ئۈچۈن توسالغۇ يوقتۇر.

1898. (كشى) سۆيگەن ياكى سۆيمگەنلكنى بلەي دېسە،
كۆڭلنڭ رايغا باقسۇن، ئاندن چۈشنندۇ.

1899. سۆيۈملۈكلەر يۈزدە نشان بولدۇ،

كۆزنى كۆزنگە تىكسە، بىر ـ بىرىنى بىلىدۇ.

1900. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، شائىر (شۇنداق) سۆز ئېيتقان،
بۇنى ئۇقۇپ، قۇلاقتا تۇت، ئەي جەسۇر كىشى:

1901. "سۆيگەنلەرنىڭ (سۆيگۈسى) يۈزىدىن مەلۇم بولىدۇ،
ئەگەر سۆزلىسە، سۆزىنىڭ مەنىسى بەلگە بېرىدۇ.

1902. (بىرسىنىڭ) سۆيگەن ـ سۆيمىگەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ،
ساڭا تىكىلىپ باققاندا كۆزى بەلگە بېرىدۇ."

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1903. ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، بۇنىمۇ ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ.

1904. ئەمدى سەندىن مۇھىم بىر سۆزنى سورايمەن،
ئوبدان ئويلىنىپ، ماڭا سۆزلەپ بەر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1905. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بەردى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
بەگلەر ئۆز نامىنى بىلىم بىلەن ئۇلۇغلىدى.

1906. بەگلەرنىڭ ئۆزى بىلىم ئوردىسىدۇر،
قۇل بىلىمسىزدۇر، قۇل سۆزىنىڭ نېمە (ئەھمىيىتى) بولسۇن؟

1907. سوراش ئوڭاي، قايتۇرۇپ جاۋاب بەرمەك قىيىندۇر،

بېرىدىغان جاۋابمىنى ئەلىگىنىڭ بىلمى توغرىلىغاي.

1908. ئاسىننى ئەلىگ ئالدى، قىيىننى ماڭا
ئىتتىرىپ قويما، ئەي مەرد قەھرىمان.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1909. ئەلىگ ئېيتتى: سورىغۇچى ھاجەتمەندۇر،
ئۆزى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنى باشقىدىن سورايدۇ.

1910. ئەگەر شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭدىن شادلىنىش كېرەك،
سورىغان سۆزۈمگە جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1911. (ئۆگدۈلمىش) جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ياخشى قانۇن،
ئاڭلىماق سۆزلىمەكتىن ياخشىراقتۇر.

1912. سۆزنى سۆزلىگۈچى جېنىنى ئۇپرىتىدۇ،
ئاڭلىغۇچى ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە ۋۇجۇدىنى سەمرىتىدۇ.

1913. تەجرىبىلىك دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆزنى (كۆپ) سۆزلىمەسلىك، ئاڭلاش (ۋە) ئويلاش كېرەك.

1914. كىشى ئاڭلاش بىلەن ئالىم بولىدۇ،
كۆپ سۆزلەش بىلەن كىشىنىڭ بېشى كېتىدۇ.

1915. ئاڭلاش قۇلاق ئۈچۈن بىر لەززەتتۇر،

كۆپ سۆزلىگەن سۆزدە مەنپەئەت يوقتۇر.

1916. سۆزلەنمىگەن سۆز ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ،
ئۇنى ئېغىزدىن چىقارساڭ، مىسقا ئايلىنىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1917. ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى توغرا سۆزلىدىڭ،
(بۇنىڭ بىلەن) ئۆزۈڭگە دۆلەت كەمرىنى باغلىدىڭ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1918. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
ماڭا لايىق بولغىنى قۇللۇق نامىدۇر.

1919. ئەگەر قۇلنىڭ ئەقلى يەتسە،
بېگىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ئايىماسلىقى كېرەك.

1920. (ئەلىگ) ئاڭلىسۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمنى ئېيتاي،
ئەلىگمۇ خاتا يەرلىرىنى كەچۈرسۇن.

## 28

## بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ

1921. ئەلىگ ئېيتتى: سورىماقچى بولغان سۆزۈم
مۇنۇ ئىدى، ئەمدى شۇلارنى سورايمەن:

1922. ئادەم بالىسىنى بىرلا خۇدا ياراتتى،
(ئۇلارنىڭ) ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ بار، ياخشى ناملىقمۇ،
يامان ناملىقمۇ بار،

1923. بىلىملىكى، بىلىمسىزى، كەمبەغەل ۋە بايلىرى بار،
ئەقىللىق، ئەقىلسىز، جاھىل (مۇ) بار، توغرىسىنى ئېيت،

1924. بەگ قانداق بولۇشى كېرەككى، (ئەلنى توغرا يولغا) باشلىسا،
(تېگىشلىك) ئىشنى ئادا قىلىپ، نام ـ شۆھرەت قازانسا؛

1925. ئېلى تۈزەلسە، خەلقى بېيىسا،
ئۇ، (دۇنيادىن) ئۆتەر ۋاقتىدىمۇ، ياخشى نام قالدۇرسا؛

1926. كۈمۈش ۋە مال ـ دۇنيادىن خەزىنە توپلىسا،
ياۋ بويىنىنى ئەگدۈرۈپ، نىزانى تۈگەتسە؛

1927. قوشۇن توپلىسا، (ھاكىمىيىتى) قۇدرەتلىك بولسا،

توغرا قانۇن يۈرگۈزسە، بىلىمنى يېتىلدۈرسە؛

1928. دۇنيادا شۆھرەت قازىنىپ، نامى يېيىلسا،
كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىپ، بەخت - دۆلىتى ئاشسا،

1929. راھەت - پاراغەتتە شادلىنىپ، ئەلنى ئۇزۇن (يىل) باشقۇرسا،
بارلىق جانلار ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئۇ جاھان سۈرسا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1930. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
مەندىن ناھايىتى قىيىن بىلىمنى سورىدى.

1931. بارچە بەگلىك ئىشىنى بەگلەر بىلىدۇ،
قانۇن - نىزام، ئۆرپ - ئادەت ئۇلاردىن كېلىدۇ.

1932. ئاندىن تۇغۇلغاندا، بەگ (بولۇش ئۈچۈن) تۇغۇلىدۇ،
ياخشى ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ، بىلىدۇ.

1933. بۇ بەگلىك ئىشىنى خۇدا كىمگە بەرسە،
ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەقىل - ئىدراكمۇ بېرىدۇ.

1934. خۇدا كىمنى بەگ قىلىپ يارىتىشنى خالىسا،
ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يارىشا خۇلق - مىجەز، ئەقىل - پاراسەت
ۋە قول - قانات بېرىدۇ.

1935. بەگلىك ئىشى بەگلەرگىلا خاس ئىشتۇر،
بەگلەرنىڭ ئىشىنى بەگ بولغۇچى كىشى بىلىدۇ.

1936. بۇ ئىشنى ئەلىك مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ،
ئاتىسى بەگ ئىدى، ئۆزىمۇ بەگ بولدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1937. ئەلىك ئېيتتى: ئۇقتۇم، بۇ سۆزنىڭ ھەممىسى راست،
توغرا سۆز قىلدىڭ، سۆزۈڭدىن ئىپار ھىدى كېلىدۇ.

1938. ئىش قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ،
(ئىشنىڭ) ياخشى ياكى يامانلىقىنى كۆزەتكەن كىشى بىلىدۇ.

1939. مەن ئىش قىلغۇچىمەن، سەن بولساڭ ئۇنى كۆرگۈچى،
ئىش قىلغۇچى (ئىشنىڭ قانداقلىقىنى) كۆرگۈچىدىن بىلىدۇ.

1940. خۇدا ئەمدى ساڭا ئەقىل ۋە ئىدراك بەردى،
ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن خاتىرجەم (ئىشلەشكە) ئېرىشتىڭ.

1941. كىچىكىڭدىن تارتىپ ماڭىلا خىزمەت قىلدىڭ،
كۆرۈپ ـ ئۆگىنىپ ياخشى قانۇنلارنى بىلدىڭ.

1942. ھەممە ئىشلارنى ئۇقتۇڭ ۋە ماھىيىتىگە يەتتىڭ،
ھەرىكىتىڭ ۋە سۆزۈڭدە ماڭا كۆيۈمچان ـ سادىقسەن.

1943. كىشى ئۆز سۆزىنى سادىق (كىشىلەر)گە ئېيتىدۇ،
كۆيۈمچانلار كىشىگە ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

1944. سەن سادىق بولغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىشىنىمەن،
سۆزلىرىمگە سەممىي ـ ساداقەت بىلەن جاۋاب بەر.

1945. كۆيۈمچان ـ سادىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كۆيۈمچانلىق ـ ساداقەت كىشلىكنىڭ بېشىدۇر:

1946. " كۆيۈمچان ـ سادىق كىشىنى ئەقىللىقلار كۆپ ماختىدى،
سادىق كىشلەر ئىنسان ئۈچۈن ئەزىزدۇر،

1947. سادىق كىشىگە ئېرىشسەڭ، باغرىڭغا باس،
بىلىم ۋە ئەقىل ماڭا شۇنداق دېدى. "

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1948. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
ئېسەن ـ ئامان، ھالاۋەتتە ياشىغىن، قولۇڭ ئۈستۈن بولسۇن.

1949. بەگلىك ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تېگى ئېسىل كىشى كېرەك،
بەگ باتۇر، قورقماس، جەسۇر ۋە قاتتىق قول بولۇشى كېرەك.

1950. ئاتىسى بەگ بولسا، ئوغلىمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ،
ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بەگ بولىدۇ.

1951. ئەقىللىق ھەم بىلىملىك بولۇشى كېرەك،
مەرد ـ سېخىي ھەم خۇش پېئىل بولۇشى لازىم.

1952. بەگلەر بىلىم بىلەن خەلققە (يول) باشلاپ كەلدى،
خەلقنىڭ ئىشىنى ئەقىل بىلەن بېجىردى.

1953. "بەگ" دېگەن نام "بىلىگ" سۆزى بىلەن باغلىقتۇر،

”بىلىگ“دىن ”لام“نى ئېلىۋەتسە، ”بەگ“ نامى قالىدۇ.①

1954. (بەگ) ناھايىتى پاراسەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشى كېرەك،
بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ.

* 1955. بىلىملىك، بېشىدىن (ئىش) ئۆتكەن
ۋە كۆپ (يەرلەرنى) كەزگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

1956. ”بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
ئۇنىڭغا كۆتۈلمىگەن پالاكەت تەگمىسۇن.

1957. ياخشى خۇلق ـ مىجەز، مىڭ تۈرلۈك پەزىلەت بولۇشى كېرەككى،
(بۇنىڭ بىلەن) نامى ياخشى بولسۇن، داغ چۈشۈرمىسۇن.“

1958. ئىنسان بالىسىنىڭ ھەممىسى ئەسلى بۇيۇكتۇر،
قارا، پەقەت بىلىم بىلەنلا خىللىرى ئاللىنىدۇ.

1959. ئۇرۇقى ياخشى بولسا، كىشى ياخشى بولۇپ تۇغۇلىدۇ،
كىشى ياخشى بولغاندىن كېيىن تۆرگە چىقىدۇ.

1960. بۇ بەگلىك ـــ مۇقەددەس، ئۇ پاكلىقنى تىلەيدۇ،
ئەلدىنمۇ پاكلىق ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

1961. خەلقنى باشلاش ئۈچۈن (بەگ) سەرخىل، قەھرىمان بولۇشى
كېرەك،
(شۇنداق بولغاندىلا) بۇيۇك ئىشنى ئىشلەشكە يارايدۇ.

① بۇ يەردە ئەرەب يېزىقىدىكى ”بگ“ (بەگ) سۆزى بىلەن ”بلگ“ (بىلىگ) سۆزىنىڭ يېزىلىشى بىرلا ”لام“ (ل) ئارقىلىق پەرقلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

1962. ئۆتۈكەن[1] بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇ سۆزنى زېھىن قويۇپ، سىناپ سۆزلىگەن:

1963. خەلقنىڭ بېگى ناھايىتى سەرخىل بولۇشى،
دىلى ۋە تىلى توغرا، خۇلق ـ مىجەزى ئېسىل بولۇشى لازىم.

1964. بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى،
سېخىي ھەم كۆزى توق، ئالىيجاناب بولۇشى لازىم.

1965. قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كېلىدىغان،
ھايالىق، خۇش پېئىل ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى توغرا بولۇشى لازىم.

1966. مۇشۇنداق بەگ خەلق ئۈچۈن ئۇلۇغ بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى ئەۋلاد قالىدۇ.

1967. كىشى ئىشنىڭ بېشىنى بىلىم بىلەن باشلاپ،
ئىدراك قىلىپ چۈشەنسە، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

1968. بەگلەر خەلقنى بىلىم بىلەن ئىگىلەيدۇ،
بىلىم بولمىسا، ئەقىل ئىشقا يارىمايدۇ.

1969. ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، بەگلەر (ئىشلىرىدا) يېڭىلسا،
بۇ بەگلىك كېسەل (بولغان) بولىدۇ، ئۇنى داۋالاش كېرەك.

1970. بەگلىكنىڭ كېسىلىگە ئەقىل ۋە بىلىم داۋادۇر،

---

[1] ئۆتۈكەن — قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ياشىغان بىر ماكاننىڭ ئىسمى، شىمالىي موڭغۇل دالىلىرى دائىرىسىدە.

ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن داۋالا، ئەي خۇش پېئىل كىشى!

1971. بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە زېرەك بولۇشى كېرەك،
ئاندىن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

1972. بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ھۆكۈمدار (نىڭ)
ھەر ئىككى دۇنيادا ئورنى ياخشى بولىدۇ.

1973. ئىككىلا دۇنيالىقىغا ئېرىشەلىگەن كىشى
ناھايىتى قۇتلۇق، سائادەتمەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

1974. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شائىر مۇنداق بىر سۆز دېگەن،
سەپسالساڭ مەنىسى بىلىمسىزگە كۆز بولىدۇ:

1975. "سائادەت نېمىدۇر، قېنى ماڭا تەرىپلىگىنچۇ،
كىشىلەر ئىچىدىكى قۇتلۇق كىشى كىم؟

1976. مال ـ دۇنيادىن بەھرىمەن بولسا، (باشقىلارغا) بەرسە، بەختىيار ياشىسا،

يەنە بىر دۇنيادا ئۇ تۆرگە ئېرىشىدۇ."

1977. قىلمىشى، خۇلقى مۇلايىم، قىلىقى توغرا بولسا،
ئۇ بەگنىڭ كۆڭلىرى شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

1978. خۇدا كىمگە ياخشى خۇلقنى بەرگەن بولسا،
بۇ ياخشى خۇلق بىلەن ياخشى ئەمەل ئاتا قىلسا،

1979. بۇ دۇنيا جىمى نېمەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ بولىدۇ،

خالساڭ ئۆزۈڭ يېگىن، خالساڭ باشقىلارغا ئۈلەشتۈر.

1980. خۇدا رەھمەت قىلىپ قولىغا بەخت بەرسە،
ئۇنىڭ قىلىقلىرى ياخشى، ھەرىكەتلىرى دۇرۇس بولىدۇ.

1981. بەگدە ياخشى خۇلق ۋە مىڭ خىل ھۈنەر – پەزىلەت بولغاندىلا،
ئاندىن ئەل – يۇرتنى باشقۇرۇپ، تۇمانىنى تارقىتالايدۇ.

1982. بۇ ياخشى خۇي – پېئىل نېمىدېگەن گۈزەل!
ياخشى خۇي – پېئىل ئەر ئۈچۈن (تۈگىمەس) نېمەتتۇر.

1983. خۇدا كىمگە جاھىل خۇي بەرگەن بولسا،
زامان ئۇقى ئۇنى رەنجىتىدۇ.

1984. قايسى بەگدە بۇنداق جاھىل خۇي بولسا،
بارچە ئىشى تەتۈرىگە ماڭىدۇ، شادلىقى غەمگە ئايلىنىدۇ.

1985. بەگ ساپ دىل، مىجەزى ئالىيجاناب بولۇشى كېرەك،
ئۇرۇقى تازا بولغانلار دائىم پاكلىقنى خالايدۇ.

1986. ساپ دىل – تەقۋادار كىشىنىڭ كۆڭلى قورققاق بولىدۇ،
كۆڭۈل قورقسا، بەگلەر ئىشنى توغرا قىلىدۇ.

1987. ئەگەر بەگ ساپ دىل – تەقۋادار، سەمىمي بولمىسا،
بارچە قىلمىشلىرى ناپاك، (ئىشلىرى) چالا بولىدۇ.

1988. سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بەگ ئۈچۈن زىننەتتۇر،
بۇ بەگلىك ئىشىنىڭ تىزگىنى (ۋە) يۈگىنى بولىدۇ.

1989. بەگ ئىشنى ئوڭشاش ئۇچۇن ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشى كېرەك،
يەنە ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلىشى كېرەك.

1990. ئەقىللىق كىشىلەر ئىشنى ئوڭشىيالايدۇ،
ئەقىلسىز كىشىلەرنى ئىشتىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم.

1991. كىشىنىڭ كۆڭلى بولمىسا، كۆزىنىڭ پايدىسى يوق،
ئەقلى بولمىسا، كىشى كۆڭلى تەدبىرسىز قالىدۇ.

* 1992. ئەي ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى، ئاڭلا، سەۋرچان،
يۈكسەك كۆڭۈللۈك، تەجرىبىلىك كىشى نېمە دەيدۇ:

1993. "كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا،
ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا، قانچە ماختىساڭ، ماختا.

1994. كىمدە ئەقىل ــ ئىدراك، بىلىم.جەم بولىدىكەن،
ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا ئۇلۇغ، دەپ بىل."

1995. كىشى ئۇچۇن ئەقىل ــ ئىدراك نېمىدېگەن ياخشى،
ئەقىل ــ پاراستى بولغاندىلا ئاندىن دانا دەپ ئاتاش كېرەك.

1996. ئالدىراقسانلىق، ۋەھىمە ھەممە ئۇچۇن يامان،
بۇ ئادەت ئەگەر بەگدە بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنى سارغايتىدۇ.

1997. ئالدىراقسان، يەڭگىل كىشىنىڭ خۇي ــ پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ،
بۇ ئادەت بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

1998. ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار خام بولىدۇ،

ئاش ـ تاماقنمۇ ئالدىراپ يېسە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ.

1999. ھەرقانداق ئىشتا تەمكىنلىكنى تاللا،
پەقەت تائەت ـ ئىبادەتكىلا ئالدىراپ يۈگۈر.

2000. (بەگ) كۆزى توق، ھايالىق، دۇرۇس بولۇشى،
سۆزى ۋە ھەرىكىتىدە ئۇچۇق ـ يورۇق بولۇشى لازىم.

2001. كۆزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ،
كۆزى ئاچقا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

2002. ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ داۋا يوق،
ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ قاملىرىمۇ * داۋالىيالمايدۇ.

2003. ھەرقانداق ئاچ (كىشى) يېسە، ئىچسە ئاخىر تويىدۇ،
كۆزى ئاچ كىشى ئۆلگەندىلا ئاچلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

2004. كۆزى ئاچ كىشى مال ـ دۇنياغا (تويۇپ) باي بولمايدۇ،
نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ، ئاچ، كەمبەغەل ئۆتىدۇ.

2005. بەگ ھايالىق، ئېسىل كىشى بولۇشى كېرەك،
ھايالىق (كىشىنىڭ) ئىشلىرى بۇزۇلمايدۇ، مۇكەممەل بولىدۇ.

2006. كىمدە ھايا بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ،
ھەر خىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەگكۈزمەيدۇ.

2007. خۇدا كىمگە نومۇس، ھايا بەرگەن بولسا،
ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە چوڭ ئىناۋەت بەرگەن بولىدۇ.

2008. بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى ھايادۇر،
بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىمۇ ھايادۇر.

2009. ھايا نېمدېگەن ياخشى نەرسە، ئۇ — ئەرنىڭ كۆركى!
ھايا كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىققا(يېتەكلىگۈچى)چۇلۇۋۇردۇر.

2010. (بەگنىڭ) سۆزى چىن، (دىلى) توغرا بولسۇنكى،
بۇنىڭ بىلەن خەلققە پايدا كەلتۈرىدۇ، كۈنى تۇغىدۇ.

2011. ئەگەر بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە خىيانەت بولسا،
خەلققە پايدىسى تەگمەس، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

2012. (بەگنىڭ) كۆڭلى، تىلى ۋە قىلىقلىرى چىن – ئىشەنچلىك بولمىسا،
ئۇ ئەلدىن (بەخت) قاچىدۇ، (ئۇ يەردە) بەختكە ئورۇن بولمايدۇ.

2013. سۆزىدە تۇرمايدىغان بەگكە ئۈمىد باغلىما،
ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ ۋە ئۆكۈنسەن.

2014. بەگ ناھايىتى ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
بەگ بىخۇد بولسا، پالاكەت باسىدۇ.

2015. ئەلنىڭ نوختىسى ۋە قۇلۇپى ئىككى نەرسىدۇر،
بىرى — ھوشيارلىق، يەنە بىرى — مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇن.

2016. قايسى بەگ ھوشيار بولسا، ئېلىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ،
دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرۈپ، ئۇنى يۈگەنلىيەلەيدۇ.

2017. قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا،
ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ.

2018. قارا، بەگلىكنىڭ نوختىسى بۇ ئىككى (نەرسە) دۇر،
بۇ ئىككىسى تولۇق بولسا، بەگ بەگلىك قىلالايدۇ.

* 2019. هوشيارلىق بىلەن ئۆز دۈشمىنىنى يەڭگەن،
جەڭگىۋار، جەسۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2020. ئەي ئەل باشقۇرغۇچى بەگ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ،
ئېلىڭنىڭ ھەممە تەرىپىنى هوشيارلىق بىلەن كۈزەتكىن.

2021. هوشيارلىق بىلەن بەگنىڭ ئېلى كۆچىيىدۇ،
بىخۇدلۇق — بەگلىكنىڭ ئۇلىنى بۇزىدۇ.

2022. سەن هوشيارلىق بىلەن دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈر،
خەلققە قانۇن يۈرگۈزۈپ، ھالاۋەتتە (ئازادە) ياشا.

2023. ئىككى نەرسە بىلەن ئەل باشقۇرغۇچى بەگلىكنى بۇزىدۇ،
ئەگرى يولغا كىرىپ، توغرىلىقتىن ئازىدۇ؛

2024. بىرى — زۇلۇم، يەنە بىرى — بىخۇدلۇق قىلىش،
بۇ ئىككىسى بىلەن بەگ ئېلىنى خاراب قىلىدۇ.

2025. سەن دۈشمەننى بويۇن ئەگدۈرمەن دېسەڭ،
قۇلاق ۋە كۆزۈڭنى هوشيار تۇتۇشۇڭ كېرەك.

2026. بەگلەر هوشيارلىق بىلەن دۈشمىنىنى مەغلۇب قىلغان،

بىخۇدلۇق بىلەن بەگلىكنىڭ بىغىنى ئۈزگەن.

2027. بەگلەر بىخۇد بولسا، ئىشلىرىنى پۈتتۈرەلمەيدۇ،
ئىشىنىش، بىلىش كېرەككى، بىخۇد بەگ بەگلىك قىلالمايدۇ.

2028. ھوشيار ئەر دائىم تەييار تۇرۇپ، بىخۇدلارنى قاپقانغا چۈشۈرىدۇ،
(ئەگەر) دۈشمەن بىخۇد بولمىسا، ئۇنى كىم يېڭەلەيدۇ؟

2029. بەگ ھوشيار بولسا، ئەلگە (ھېچكىم) قول تەگكۈزەلمەيدۇ،
قول تەگكۈزسە، ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم (بىلەن تەدبىر كۆرىدۇ).

2030. زوراۋان ـ زالىم كىشى ئۆزىمۇ ئۇزۇن بەگلىك قىلالمايدۇ،
(چۈنكى) زالىمنىڭ زۇلمىنى خەلق كۆتۈرەلمەيدۇ.

2031. بىلىملىك (كىشى) نېمە دەيدۇ، سۆزىنى ئاڭلا:
زالىم ئۆز ئېلىنى ئۇزۇن مۇددەت سورىيالمايدۇ.

2032. زۇلۇم ـ زورلۇق كۆيەر ئوتتۇركى، يېقىنلاشسا، (ئادەم) كۆيىدۇ،
قانۇن — بىر سۇدۇركى، ئۇ ئاقسا نېمەت ئۈنىدۇ.

2033. ئەي دانا، ئۇزۇنراق ئەل سوراش ئۈچۈن
توغرا قانۇن يۈرگۈزۈش، خەلقنى قوغداش كېرەك.

2034. قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ،
زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

2035. زالىملار زۇلۇم بىلەن تالاي ئوردىلارنى بۇزدى،
ۋە ئاخىر بۇ زالىملار ئاچلىقتىن ئۆلدى.

2036. بەگلەر كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتۇپ، قانۇننى يولغا قويسا،
بۇ بەگلىك بۇزۇلمايدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئۆرە تۇرىدۇ.

2037. ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ، ھەممىدىن يامىنى
بەگلەرنىڭ يالغانچى دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدۇر.

2038. بەگنىڭ سۆزى توغرا، قىلىقلىرى ئىشەنچلىك بولسۇنكى،
خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە بەختىيار ياشىسۇن.

2039. يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ،
ۋاپاسىز كىشى خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

2040. ۋاپادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ۋاپا كىشى ئۈچۈن ئادەمىيلىكنىڭ بېشىدۇر.

2041. "سۆزى يالغاننىڭ قىلمىشى جاپادۇر،
كىم (بىراۋغا) جاپا قىلسا ئۇ ھايۋاندۇر.

2042. يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە،
بۇ، كۆپ يىللار مابەينىدە سىنالغان سۆزدۇر."

2043. بەگ يۈرەكلىك ھەمدە قورقماس، باتۇر بولسۇن،
يۈرەك بىلەن دۈشمەنگە تېتىغلى بولىدۇ.

2044. ئەسكەر قوماندانى جەسۇر، يۈرەكلىك بولۇشى كېرەككى،
يۈرەكسىز ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن (جاسارەت) ئۆگەنسۇن.

2045. يۈرەكلىك كىشى يۈرەكسىزلەرگە باشلىق بولسا،

ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ.

2046. بۇ سۆزگە شاھىت بولغان شۇ بېيىتنى ئوقۇ،
بۇ سۆزنى دىلىڭ، ئەقلىڭ بىلەن (چۈشىنىشكە) تەييارلان:

2047. "قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا،
بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ،

2048. ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا،
بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ."

2049. بەگ ئۈچۈن سېخىيلىق ۋە كەمتەرلىك كېرەك،
كەمتەرلىك بىلەن مىجەزى مۇلايىم (بولىدۇ).

2050. بەگلەر سېخىي بولسا، نامى مەشھۇر بولىدۇ،
نام ــ شۆھرىتى بىلەن دۇنيانى ئىگىلەيدۇ.

2051. تۈركۈملەپ ئەسكەر يىغىلىپ، قوشۇن تەشكىل بولىدۇ،
ئەسكەر ۋە قوشۇن بىلەن كىشى تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2052. يىغىپ ــ توپلاپ يېگۈچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي قەھرىمان، يىغىپ ــ توپلا (ھەم) يىگىتلىرىڭگە بەر.

2053. سېخىي بول، ئىنئام قىل، يېگۈز ھەم ئىچكۈز،
ئەگەر (مېلىڭ) ئۈكسۈپ قالسا، يەنە يىغىپ ــ توپلا، يېگۈز.

2054. جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال ئۈكسۈمەيدۇ،
ئالغۇر ئاق قۇش ئۈچۈن يەم ئۈكسۈمەيدۇ.

2055. قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۆچ ـ جاسارەت ۋە يۈرەك بولىدىكەن،
يىگىت كىشى مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك.

2056. جاھاننى ئىگىلىگەن دانا بەگ خەزىنىنى قانداق توپلىدى؟
قوشۇن قەيەرگە بارسا (شۇ يەردىن) تەييار خەزىنە ئالدى.

2057. مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك،
قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال ـ دۇنيا كېرەك.

2058. مال ـ دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك،
خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلسۇن.

2059. بۇلاردىن بىرسىلا بولمىسا، (قالغان) تۆتىمۇ بولمايدۇ،
بۇ تۆتىلىسى بولمىسا، بەگلىك بەربات بولىدۇ.

2060. ئۇندىن باشقا، بەگ بۇ بەش نەرسىدىن يىراق بولسۇن،
(نەتىجىدە) بەگ نامى ياخشى بولۇپ، شۆھرىتىمۇ يېيىلىدۇ:

2061. بىرسى — ئالدىراڭغۇلۇق، بىرسى — بېخىللىق،
ئۈچىنچىسى — قەھرلىنىش؛ سەۋرلىك بول، ئۆزۈڭنى تۇت،

2062. تۆتىنچىسى — جاھىللىق بەگ ئۈچۈن يامان ئادەتتۇر،
بەشىنچىسى — ئەلۋەتتە، يالغانچىلىق ياراشمايدۇ.

2063. بۇ بىرقانچە نەرسىدىن بەگلەر ئۆزىنى يىراق تۇتسۇنكى،
نامى بۇلغانمىسۇن، سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولسۇن.

2064. بۇلاردىن ئەڭ پەسكەش قىلىق جاھىللىقتۇر،

جاھىل مىجەز كىشى نېمىدېگەن بىچارە ۋە يىرگىنچلىك بولىدۇ ـ ھە.

2065. شائىر بۇنىڭغا تەقلىدتەن بىر سۆز ئېيتقانىكى، (كىشى)
شائىرنىڭ بۇ سۆزىنى (ئېسىدە) تۇتسا، سۆزگە باي بولىدۇ:

2066. "جاھىللىق كىشى ئۈچۈن ئېغىر بىر يۈكتۇر،
جاھىل قىلىقىغا ئەسىر بولغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئوق ئات.

2067. دۈشمەن قىلمىغاننى (ئۆزىنىڭ) خۇي ـ پەيلى قىلىدۇ،
ئۇ دۈشمەننىڭ بۇ دۈشمەندىن نېمە پەرقى بار؟"

2068. ئەي، ئەلىگ، كۆپ ئەللەرنى باشقۇراي دېسەڭ،
قولۇڭدىن كەلسە، مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىلغىن:

2069. ئوڭ قولۇڭدا قىلىچ تۇتۇپ، شىلتىپ ئۇرساڭ،
سول قولۇڭ بىلەن مال ـ دۇنيا ئۈلەشتۈر.

2070. ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلەر شېكەردىنمۇ شېرىن بولسا،
بەگ، قۇل، ئۇلۇغ ۋە كىچىكنىڭ ھەممىسى ساڭا بويسۇنىدۇ.

2071. ئەي ئەلىگ، قارا، بەگكە بۇ بىرقانچە نەرسە كېرەككى،
(شۇ ئارقىلىق ئۇ) خەلققە سۆيۈملۈك بولۇپ، تۆردىن ئورۇن
ئالسۇن:

2072. (ئۇ) خۇش چىراي، سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولۇشى،
ئىش ـ ھەرىكىتىمۇ تامامەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك.

2073. كۆڭلىنى كەمتەر (تۇتسا)، قولى ئوچۇق ـ سېخىي بولسا،

بۇلارغا يارىشا، سادىق - كۆيۈمچان بولسا،

2074. ھەر خىل پەزىلەتلەرنى تۈگەل بىلسە،
يارىماس ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرسا،

2075. (بۇنداق كىشى)، خەلق ئىچىدىن تاللانغان سەر خىل كىشىدۇر،
تاللانغان سەر خىل كىشى - كەمتۈكسىز تولۇن بولىدۇ.

2076. ئۇنىڭغا جاھان خەلقىنىڭ ھەممىسى قول قويىدۇ،
بۇنداق بەگلەر جاھاننى سوراپ، تىلىكىگە يېتىدۇ.

2077. قاپىقى يامان، سۆزى قوپال، تەكەببۇر مىجەزلىك ئادەم
كىشىنى ئەزدۇرىدۇ، يۇرۇش - تۇرۇشنى تۈزىتەلمەيدۇ.

2078. قوپاللىق، ئالدىراڭغۇلۇق، يېنىكلىك ۋە شاللاقلىق
ئاۋامنىڭ قىلىقىدۇر، بۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

2079. ئاۋامنىڭ قىلىقى بەگكە يېقىنلاشمىسۇن،
يېقىنلىشىدىكەن، بەگ قەدىرسىز بولىدۇ.

2080. قارا - قۇلنىڭ رەڭگىدۇر، بەگ بولسا ئاق،
بىلگىنكى، (خۇدا) قارا بىلەن ئاقنى پەرقلەندۈرگەن.

2081. ئىسىل بىر بەگ بولاي دېسەڭ، ئىنىقكى،
ئەي شۆھرەتلىك زات، پەزىلىتىڭمۇ ئىسىل بولسۇن.

2082. نامدا بەگ بولۇپ، قىلىقى ئاۋامدەك بولسا،
ئۇ خەلق ئارىسىدا ئاۋامدىنمۇ پەس بولىدۇ.

2083. بەگ ھۆسنى ـ جامالى كۆركەم، چاچ ـ ساقىلى ياسالغان،
ئۇتتۇرا بويلۇق ۋە نام ـ شۆھرەت قازانغان بولۇشى كېرەك.

2084. يۈزىگە باققانلار كۆرۈپلا ياقتۇرسا،
خەلقى ئۇنىڭغا قاراپ، مەغرۇرلانسا؛

2085. (ئۇ) جەسۇرلۇقتا ياۋغا (نىسبەتەن) قاتتىق (قول) بولسا،
ھۆسنى كۆرەر كۆزگە ھۇزۇر بەرسە.

2086. بويىنىڭ ئېگىز بولۇشىنى بىلىم خوپ كۆرمەيدۇ،
بەك پاكار بولسىمۇ، چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

2087. ۋاھالەنكى شۇنداق ئىكەن، ئوتتۇرا بوي بولۇشى كېرەك،
بويى ئوتتۇرا بولسا، ئەڭ ياخشى بولغىنى.

* 2088. بېشىدىن (كۆپ ئىشلارنى) كەچۈرگەن، (ئۇزۇن) ياشىغان،
(ھەممىنى) سىنىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2089. "بويى پاكارنىڭ تېنى ئاجىز، قىلىقى غەزەپلىك بولىدۇ،
قەيەردە غەزەپ بولسا، شۇ يەردە جاڭجال چىقىدۇ.

2090. بوي (ئۆزىگە) يارىشىملىق، ئوتتۇرا بولغىنى ياخشى،
ئەي بىلىملىك كىشى، (ھەر) ئىشتا ئوتتۇرا ھال بول."

2091. بەگ مەي ئىچمەسلىكى، پىتنە ـ پاسات قىلماسلىقى كېرەك،
بۇ ئىككى قىلىقتىن ئاقىۋەت بەخت قاچىدۇ.

2092. دۇنيا بەگلىرى شاراب تەمگە بېرىلىپ كەتسە،

ئەل ۋە خەلقىنىڭ دەرد - ئازابى (تېخىمۇ) ئاچچىق بولىدۇ.

2093. دۇنيا سورىغۇچى (بەگ) ئويۇنغا بېرىلسە،
ئېلىنى بۇزىدۇ (ۋە) ئۆزى موھتاجلىققا چۈشىدۇ.

2094. بەگلىك ئىشىنى ۋاقتىدا بېجىرمىسە،
قۇش سىلىپ قوغلىسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ.

* 2095. بىلىم بەرگۈچى، بىلىمسىزنى مەيدىن تىيىپ
تەنبىھ بەرگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2096. ئەي بوغۇزىنىڭ قۇلى مەيخور، مەي ئىچمە!
مەي ئىچسەڭ، كەمبەغەللىك يولى ئېچىلىدۇ.

2097. ئاۋام مەيخور بولسا، مال - دۇنياسى شامالدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ،
بەگ مەيخور بولسا، ئېلىنى قانداق تۇتۇپ تۇرالايدۇ؟

2098. بۇ مەي ۋە مەي ساتقۇچى دۈشمەندۇر، كۆمۈش ئالىدۇ،
مىجەز - خۇلقى ئورۇشقاق، جاڭجالچى بولىدۇ.

2099. كىشى مەست بولسا، گالۋاڭ ۋە تەلۋە بولىدۇ،
تەلۋە كىشىلەر قاچانمۇ تۈزۈلىدۇ؟

2100. ساپ دىل كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي گېلىنىڭ قۇلى، بۇ سۆزگە ئەمەل قىل:

2101. قىلىشقا تېگىشلىك نى - نى ئىشلار مەي ئىچسە (قىلىنماي) قالىدۇ،
قىلىشقا بولمايدىغان قانچىلىغان ئىشلار مەستلىكتىن كېلىدۇ.

2102. قانچىلىغان نالايىق ئىشلار مەي ئىچكەندە بولىدۇ،
كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار مەستلىكتىن قىلىنماي قالىدۇ.

2103. بەگ مەي ئىچىپ ئويۇن بىلەن ئاۋۇنسا،
خەلق ئىشىنى ئويلاشقا قانداقمۇ ۋاقتى يېتىدۇ؟

2104. قەيەردە پىتنە – پاسات بولسا، (ئۇ يەردىن) بەخت تېزىپ كېتىدۇ،
پىتنە – پاسات ھەقىقەتەن، دائىم بەگلىكنى خاراب قىلىدۇ.

2105. بەخت – ئىقبال پاك (نەرسە)، پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ،
دۆلەت — ساپ، تازا (نەرسە)، ئۇ ساپ – تازىلارنى يۆلەيدۇ.

2106. بەگ ئىچەرمەن، جېدەلچى، تەرسا بولسا،
پۈتۈن خەلقمۇ تامامەن ئىچەرمەن بولىدۇ.

2107. ئاۋامنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ،
بېگى نالايىق (ئىشنى) قىلسا، ئۇنى كىم يېتەكلەيدۇ؟

2108. تازا بولمىغان (نەرسىنى) ئىنسان سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلايدۇ،
ئەگەر سۇ بۇلغانسا، نېمە بىلەن يۇيۇپ تازىلايدۇ؟

2109. كىشى ئاغرىسا تېۋىپ دورا بېرىدۇ،
تېۋىپنىڭ ئاغرىقىغا كىممۇ داۋا تاپىدۇ؟

2110. بەگلەرنىڭ مىجەزى توغرا، ئىش – ھەرىكىتى پاك بولۇشى كېرەككى،
خەلق بەگ(نىڭ) يولىغا قاراپ، يۈرۈش – تۇرۇشىنى تۈزىسۇن.

2111. بەگلەرنىڭ قائىدە – يوسۇنى قانداق بولسا،

خەلقمۇ بۇ يوسۇننى كۆرۈپ، شۇنداق قىلىدۇ.

2112. بۇ گەپلەرنىڭ شاھىتى مانا بۇ سۆزكى،
بۇ سۆزگە سەپسالساڭ، مەنىسى توغرا:

2113. ئەگەر بۇ بەگلەر قانداق يولغا ماڭسا،
شۇ يول قۇلىنىڭمۇ ماڭغان يولى بولىدۇ،

2114. بەگ ياخشى، ئىش - ھەرىكىتى ئادىل بولسا،
(ئۇنىڭ) قۇلى تېخىمۇ ياخشى ئىش - ھەرىكەت قىلىدۇ.

2115. مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق بەگكە لايىق ئەمەس،
مەغرۇرلۇق (كىشىنى) توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

2116. ئېنىقكى، بەگلەر دۆلەت بىلەن ئۇلۇغ بولدى،
تېگىشلىكىنى ئېلىش ئۈچۈن كىچىك كۆڭۈل بولۇشى كېرەك.

* 2117. خەلقتىن تاللانغان، بىلىملىك، ئەقىللىق
ياخشى بەگ نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2118. بەگلەر ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسىتىپ چوڭچىلىق قىلسا،
ئەي ئوغۇل، شۈبھىسىزكى (ئۇ) خارلىق كۆرىدۇ.

2119. تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆككە ئۆرلىگىلى بولمايدۇ،
ئەگەر كەمتەر بولسا، ئىشى بۇزۇلمايدۇ.

2120. تەكەببۇرلۇق پايدىسىز، كۆڭۈلنى سوۋۇتىدۇ،
كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ.

2121. بەگ كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى كېرەك،
ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

2122. بەگ كەمتەر (ۋە) قورسىقى كەڭ بولۇپ،
خاتا قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرسە،

2123. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن تېزلا مەمنۇن بولۇپ ساداقەت كۆرسىتىدۇ،
سادىق ـ سەممىي كىشىلەر ئەستايىدىل خىزمەت قىلىدۇ.

2124. خەلقنى باشلىغۇچى بەگ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كېرەك،
تىرىشچانلىق بىلەن بىللە مەردلىكمۇ كېرەك.

2125. بۇنداق تىرىشچانلىق (ۋە) مەردلىك بىلەن داڭ چىقارسا،
تىلىككە يېتىدۇ (ۋە) ئۈلجىسى ئالدىدا بولىدۇ.

2126. كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر،
ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆز ئۈلۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

2127. تىرىشچانلىق بىلەن بىللە سىياسەتمۇ كېرەك،
سىياسەتكە بەگ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

2128. بەگ سىياسەت بىلەن قانۇن (ۋە) ئەلنى تۈزەيدۇ.
خەلق (ئۆز) قىلىقىنى سىياسەتكە قاراپ ئوڭشايدۇ.

2129. بۇ سۆزگە مۇنۇ بېيىت جاۋاب ۋە شاھىتدۇركى،
قەيەردە شاھىت بولسا، ئۇ ئېنىق ھۆججەتتۇر:

2130. "بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بېزەيدۇ،
بەگ سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەيدۇ.

2131. ياماندلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك،
خەلقنىڭ مالىمانىنى سىياسەت باسىدۇ."

2132. ئەلنىڭ تىرىكى، ئۈلى (ۋە) مۇستەھكەملىكى،
ئاساسى، نېگىز - يىلتىزى ئىككى نەرسىدۇر:

2133. بىرسى — خەلقنىڭ ئۈلۈشى بولغان قانۇن،
(يەنە) بىرسى — ئەسكەر - خىزمەتچىلەرگە كۆمۈش تارقىتىش.

2134. قانۇن بىلەن خەلقى خۇشال ياشىسا،
كۆمۈشنى كۆرۈپ، ئەسكەر - خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايى ئېچىلىدۇ.

2135. بۇ ئىككى قاتلام بەگدىن سۆيۈنسە،
ئېلى، ئوردىسى تۈزىلىدۇ، بەگ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ.

2136. قايسىبىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە،
خەلقنى قوغدىمىسا، تالان - تاراج قىلسا،

2137. (ئۇ) خەلقنى ئوتقا تىققانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ،
بەگلىكىنىڭ ئۈلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ.

2138. قايسىبىر بەگ ئەسكەر - خىزمەتچىلىرىنى سۆيۈندۈرمىسە،
شۇنىڭ بىلەن قىلىچلار قىنىدىن چىقمايدۇ.

2139. بەگلەر قىلىچ بىلەنلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ،

قىلىچسىز بىخۇد بەگ ئېلىنى باشقۇرالمايدۇ.

2140. قىلىچ، پالتا — ئەلنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر،
خەلق باشچىسى قىلىچ بىلەن ئەل ئالىدۇ.

* 2141. قىلىچ، پالتا بىلەن دۈشمەننى يېڭىپ،
دۇنيانى سورىغان ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا.

2142. ئەي، ئەل سورىغۇچى، ئەلنى قوغداش كېرەك،
ئوغا يېگەنلەرمۇ بىخۇدلۇقتىن يەيدۇ.

2143. ئەي قۇدرەتلىك، قىلىچ (ۋە) پالتىنى ئۆزۈڭگە ساقچى قىل،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگ ئامانلىق تاپىدۇ.

2144. قىلىچ تەۋرەيدىكەن، دۈشمەن تەۋرىمەيدۇ،
قىلىچ قىنىغا كىرىدىكەن، بەگكە ئامانلىق بولمايدۇ.

2145. ئەي بەگ، قىلىچ تۇتقۇچىلارنى سۆيۈندۈرگىن،
دائىم خۇشال — خۇرام ياشا، زەخمەت چەكمە.

* * *

2146. ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) دۆلەتمەن ئەلىك،
بۇ ئەل ئىشلىرى قىيىن، (ئەمما) نامى ئۇلۇغدۇر.

2147. خەلقنى باشلىماق — بۈيۈك (ۋە) ئېغىر ئىشتۇر،
دائىم باش ئاغرىقى، مۇشەققەت كەلتۈرىدۇ.

2148. نەزەر سالساڭ، خۇشاللىقى ئاز، قايغۇسى كۆپ،
ماختىنغۇچى — ئاز، سۆككۈچىلەر — كۆپ.

2149. قاياقىلا قارىساڭ قورقۇنچ باسىدۇ،
(بۇنىڭ) شادلىقىنى سورىساڭ، تېخىمۇ ئاز.

2150. ئۇنى سۆيىمگۈچىلەر كۆپ، سۆيىدىغانلار ئاز،
غوۋغاسى كۆپرەك، راھىتى ئاز.

2151. ھەممە يەردە كۆڭۈل خاتىرجەم بولمايدۇ،
كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىكى چوڭ ئازابتۇر.

2152. نەزەر سالساڭ، ھەممە ئىشىدا بىر خەتەر بار،
خەتەرلىك ئىش (كىشىنىڭ) لەززىتىنى قاچۇرىدۇ.

2153. ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
ئەقىل-ئىدراكلىق كىشىنىڭ سۆزى تامامەن ئۇنچىگە (ئوخشايدۇ):

2154. „ئەلىگىنىڭ بويىنى (گويا) قىلدەك، بېشى گۇمبەزدەك،
ئەقىللىق كىشى ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

2155. بەگلىك مىسالى قىلىچ ئاستىدىكى باشتۇركى،
كۈندە ئۇنىڭغا مىڭلارچە خەتەر كېلىدۇ.“

2156. بارچە بەگلەرنىڭ ئىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
بەزىسى ھالاۋەت كۆرىدۇ، بەزىسى بېشىنى يەيدۇ.

2157. (بۇ) دۇنياغىمۇ، ئاخىرەتكىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ،

(مۇنۇ) بىرقانچە ئىشنى تاشلىما، ئىمكانقەدەر تىرىشقىن:

2158. دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، خۇداغا سىغىن،
ئىگەم يارلىقىنى قەدىرلە، (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىل.

2159. رەببىمدىن بېشىڭغا نىمە كەلسە تامامەن رازى بول،
قانائەت (قىلغىنىڭ) ۋە رازى (بولغىنىڭ) قۇللۇق قىلغىنىڭدۇر.

2160. پۈتۈن خەلققە (چىن) دىلىڭدىن كۆيۈمچان بول،
دائىم ياخشىلىق قىل، ئۆزۈڭمۇ ياخشىلىققا ئېرىش.

2161. خەلققە ياردەم بېرىپ، پايدا كەلتۈر، زىيان سالما،
ئىش ـ ھەرىكىتىڭ ياخشى بولسۇن، يامانلارنىڭ زىيىنىنى يوقات.

2162. تىرىكلىك (ۋە) مال ـ دۇنيا سېنىڭ بولدى،
تىرىكلىككە ئېرىشكەن ئىكەنسەن، كۆلۈپ تۇرۇپ مەشئەل ياق،

2163. جېنىڭ چىقسىمۇ چوڭ ئۈمىدتە بول، ئىشەنگىنكى،
خۇدا ياخشىغا ياخشى يول نېسىپ قىلىدۇ.

* * *

2164 بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئەلىگ ئاڭلىدى،
بەگ ئۈچۈن مۇشۇنداق پەزىلەت، بىلىملەر كېرەك.

2165. پەزىلەت، قائىدە ـ يوسۇن قانداق كىشىدە بولسا،
ئۇنى بەگ دەپ ئاتاپ، ئەلدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

2166. بۇنداقلار مۇكەممەل بەگ بولۇپ، خەلقنى باشلايدۇ،
كىشى ئۇنىڭدىن ھەممە ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ.

2167. بىلىملىك، زېرەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىك، زېرەكنىڭ بىلىمى ئەل ئۈچۈن زىننەتتۇر.

2168. بەگ — بىلىملىك، ئىدراكلىق، توغرا بولۇشى،
يۈرەكلىك ۋە ئەقىللىق بولۇپ، شۆھرىتىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك.

2169. سېخىي ھەم دۇرۇس، ھايالىق ۋە سىلىق،
كۆيۈمچان بولۇپ، ئېلىنى پۇختا قوغدىشى لازىم.

2170. كۆزى توق، سەۋرچان ۋە كەمتەر،
شەپقەتلىك، ئەپۇچان ۋە مۇلايىم (بولۇشى) كېرەك.

2171. پۈتۈن پەزىلەتلەردە ھەركىمدىن ئۈستۈن تۇرۇشى،
خەلققە ياخشى قانۇن يۈرگۈزۈشى كېرەك.

2172. قايسىبىر ئەلنىڭ مۇشۇندلق بېگى بولسا،
ئۇ ئەل خەلقى نىجات تاپىدۇ، دەردتىن خالاس بولىدۇ.

2173. ئەلدە بەخت قۇياشى تۇغىدۇ، ئاسايىشلىق بولىدۇ،
كۆپ ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلىدۇ.

* * *

2174. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم مۇشۇ،
مانا، ئەقلىم يەتكەننى ساڭا تەۋسىيە قىلدىم.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2175. ئەلىگ دېدى: چۈشەندىم، توغرا سۆزلىدىڭ،
ماڭا كېرەكمۇ شۇ ئىدى، بىلىمدە يېگىلمىدىڭ.

2176. سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئۇنىمۇ ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەر.

2177. بېگى پەزىلەتتە ئەنە شۇنداق تولۇق بولسا،
ئەي كامىل، (ئۇنىڭ) ۋەزىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

2178. (ۋەزىر) ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن خەزىنىنى توشقۇزسا،
ئەل تۈزىلىپ شەھەر ـ كەنتلەر كۆپەيسە،

2179. توغرا قانۇن تۈزۈپ، ئەلنى ئوڭشاپ باشقۇرسا،
ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر ياخشىلىقنا ئېرىشىپ مەمنۇن بولسا،

2180. خەلق ئاسايىشلىققا ئېرىشسە (ئۇنىڭغا يات) قول تەگمىسە،
شۇنىڭ بىلەن بېگىنىڭ ياخشى نامى يېيىلسا.

## 29

## ئۆگدۈلمىش بەگلەرگە ۋەزىر بولغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2181. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىك،
ۋەزىر — بەگلەرنىڭ ئۆزىتار قولىدۇر.

2182. شۈبھىسىزكى، بەگكە ۋەزىر كېرەك بولىدۇ،
ۋەزىرى ياخشى بولسا، بەگ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ.

2183. ۋەزىر بەگلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرگۈچىدۇر،
ۋەزىر بەگلىكنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىگۈچىدۇر.

2184. (ۋەزىرلىككە) بەكمۇ تاللانغان، ناھايىتى خىل ئەر كېرەككى،
ئۇ ئەقلى كامىل، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن بولسۇن.

2185. پاراستى ئۈستۈن، بىلىمى دېڭىزدەك بولۇپ،
بارلىق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن، (بەگنىڭ) يۈزىنى يورۇت
قىلسۇن.

2186. ئۇرۇقى تازا، ساپ دىل، توغرا بولۇشى كېرەككى،
توغرىلىق بىلەن كۈنى ئۆتسۇن.

2187. بۇ ئۇلۇغ ئىش، بۇنىڭغا تاللانغان ئەر كېرەك،

راستچىل ۋە خۇلقى ئېسىل بولۇشى كېرەك.

2188. (ئۇ) ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشى،
زېرەك ھەم مۇلايىم بولۇشى كېرەك.

2189. ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىنىڭ ئورۇقى ياخشى بولىدۇ،
ئۇ قەيەردە بولسا يۈكسىلىدۇ، (شۆھرەتتىن) مەھرۇم قالمايدۇ.

2190. ئىمانلىق، پاك ۋە تەقۋادار بولسۇنكى،
خەلق ھەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئەمىنلىك تاپسۇن.

2191. سەممىي تەقۋادار كىشى - كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ،
بارچە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە داۋا بولىدۇ.

2192. سەممىي تەقۋادار كىشى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ،
يارامسىزلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ.

* 2193. بەگدىن قالسا، ئەلىگ ئۇچۇن سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن
ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان (كىشى) ۋەزىردۇر.

2194. ئورۇقى ساپ بولمىغان كىشى پاك بولمايدۇ،
ناپاك كىشى ۋەزىرلىككە يارىمايدۇ.

2195. ئورۇقى ساپ كىشىلەر ۋاپادار بولىدۇ،
ناپاك كىشىلەرنىڭ ئىشى جاپا كەلتۈرۈشتۇر.

2196. قانۇن يۈرگۈزگۈچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئەلدە تۆرىنىڭ بېشى بولىدۇ.

2197. ”ئۆرۈقى ساپ كىشلەر ئىش – ھەرىكەتتە مۇلايىم بولىدۇ،
ۋاپا بىلەن خەلققە قۇچاق – قويىنىنى ئاچىدۇ.

* 2198. ناپاك كىشلەرگە دائىم شېكەر ۋە ئىلىك يېگۈزسەڭمۇ،
(ئۇنىڭ) قىلمىشى (يەنىلا) ۋاپاسىزلىق، جاپا (بولىدۇ).“

2199. (ۋەزىر) ھايالىق ھەم كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
ھاياسىز كىشى كىشلەرنىڭ يامىنىدۇر.

2200. كۆزى توق بولۇشى، مال – دۇنياغا ھېرىس بولماسلىقى كېرەك،
ئاچكۆزلەر پۈتۈن دۇنيا مېلىغا ئىگە بولسىمۇ تويمايدۇ.

2201. كىشلەرنىڭ ئېسىلى ھايالىق كىشىدۇر،
ھايالىق كىشى كىشلەرنىڭ بېشىدۇر.

2202. كىم ھايالىق بولسا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇر،
ئىنسان ھايا بىلەن يامانلىقنىڭ ئىشكىنى ئېتىدۇ.

2203. ھاياسىز كىشى كىشلەرنىڭ پەسكەشىدۇر،
ھاياسىزنىڭ ئېغىزىدىن توغرا سۆز چىقمايدۇ.

2204. ھايالىق، مۇلايىم كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) ساڭا سەممىي سۆزلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ:

2205. ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق!
ھاياسىزلىق تەقىپ قىلىنغان كۆز دېمەكتۇر.

2206. ھاياسىزنىڭ يۈزىگە قارىساڭ، ئەتىسىز سۆڭەكتۇر،

ھاياسىزنىڭ ئۆزى پومەس تۆشۈكتۇر.

2207. ھايا بىلەن ئىنسان ئابرۇيلۇق بولىدۇ،
ھايا بولغاندىلا (كىشىنىڭ) يۈزى يورۇق بولىدۇ.

2208. (ۋەزىرنىڭ) ھۆسنى – چىرايى كۆركەم، چاچ – ساقىلى ياسالغان،
ئىش – ھەرىكىتى توغرا بولۇپ، خەلققە مەنپەئەت بەرسۇن.

2209. ئىش – ھەرىكىتى توغرا، مىجەزى مۇلايىم بولسا،
ئۇنىڭدىن خەلققە دائىم ياخشىلىق كېلىدۇ.

2210. ئىش باشلىغۇچى ئىشتا ئادىل بولمىسا،
بەگلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئەگرى بولىدۇ.

2211. ئىش بېجىرگۈچى ئۈچۈن توغرىلىق، چىنلىق كېرەك،
ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرۇشقا ئىشەنچ قىلىدۇ.

2212. چىرايلىقنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ،
ئىش – ھەرىكىتى چىرايلىق بولسا، ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ.

2213. كىمنىڭ يۈزى ۋە تاشقى (قىياپىتى) چىرايلىق بولسا،
ئىچىغا ئوخشاش، ئىچىمۇ چىرايلىق بولىدۇ.

* 2214. سىنالغان ۋە ياخشى – يامانىنى سىناپ بىلگەن
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2215. "كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچكى مىجەزى ھەمراھدۇر،
چىراي كۆركەملىكىگە ئىش – ھەرىكىتى ماس بولىدۇ.

2216. ئىشنى كۆرۈپ ئىچىگە كۈۋاھلىق تاپساڭ، بەس،
ئىشى ئىچىدەك، ئىچى ئىشىدەك بولىدۇ.»

2217. چاچ ـ ساقلى ياسالغان ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولىدۇ،
ۋەزىر ھەيۋەتلىك بولسا، ئىشى ئوبدان يۈرۈشىدۇ.

2218. (ۋەزىر) ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، زىرەك بولۇشى كېرەك،
بىلىم بىلەن تۈرلۈك خەت ـ يېزىقلارنى بىلىشى كېرەك.

2219. ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ،
ھېساب بىلمىسە، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشى ئوڭۇندالمايدۇ.

2220. كىشى ئىش ـ كۈشلىرىنى ھېساب بىلەن بېجىرىدۇ،
يىل، ئاي، ۋاقىتنى ھېساب بىلەن ئايرىيدۇ.

2221. ھېساب ساق بولغانلىقتىن «ساقىش[1]» دەپ ئاتالغان،
سەپسالساڭ، ھېساب بەك ساق ئىشتۇر.

2222. كىشى زىرەك بولمىسا، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ،
ئىنسان ئۆز ئىشىنى زىرەكلىك بىلەن ئىشلەيدۇ.

2223. ئىنسان بىلگەنلىرىنى يېزىق بىلەن پۈتىدۇ،
پۈتۈپ قويسا نېمە قىلغانلىقىنى بىلىدۇ.

2224. يېزىق زىرەكلىكنىڭ نىشانىسىدۇر،
يېزىق بىلگەن كىشى بەك زىرەك بولىدۇ.

---

[1] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھېساب» سۆزى «ساقىش» دېيىلەتتى، بۇ سۆز «ساق» ۋە «ئىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان.

2225. ئىنسان بالىسى يېزىق بىلمىگەن بولسا،
يىل، ئاي، كۈن سانىنى قانداق بىلگەن بولاتتى؟

2226. دانالار كىتاب پۈتۈپ قويمىغان بولسا،
ھېسابلاشنىڭ قانداقمۇ ئامال ـ چارىسى بولاتتى؟

2227. خۇدا بۇ ئالەمنى يارىتىشتىن ئاۋۋال،
لەۋھۇ ـ قەلەمنى[1] يارىتىپ ئىشلەتتى.

2228. قولنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى پەرىشتە يازىدۇ،
خۇدا قىيامەتتە ئۇ ئىشنى سورايدۇ.

2229. (ۋەزىر) كەمتەر، تىلى يۇمشاق بولۇشى كېرەككى،
كىشىنى سۆيۈندۈرۈشنىڭ يولى مانا شۇ.

2230. دىلى كەمتەر بولسا، كىشىنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ،
سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشى دوستلىرىنى خۇشال قىلىدۇ.

2231. مۇلايىم، كەمتەر (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دىلى كەمتەرلىك — كىشى ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى!

2232. كەمتەر كىشى خەلق ئىچىدە سۆيۈملۈك بولىدۇ،
كۆڭلى قاتتىق كىشى سۆيگۈگە سازاۋەر بولالمايدۇ.

---

① لەۋھۇ ـ قەلەم — ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ئاللا ھەممىدىن ئاۋۋال تاختا بىلەن قەلەمنى يارىتىپ، بۇ تاختىغا ھەربىر بەندىنىڭ تەقدىرىنى يېزىپ قويغان، دېيىلىدۇ. بۇ تاختا لەۋھى مەھفۇز دەپ ئاتىلىدۇ.

2233. كەمتەر كىشى ئۇزۇن مۇددەت ئېتىبارلىق بولىدۇ،
تەكەببۇر كىشى بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ.

2234. ۋەزىرلىككە ناھايىتى ئىشەنچلىك ئەر كېرەك،
(ئۇ) ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، بەكمۇ ئەقىللىق بولۇشى لازىم.

2235. دىلى بىلەن تىلى بىر، ئىش ـ ھەرىكىتى دۇرۇس،
ھايالىق، ساپ دىل، خەلق ئىچىدىكى توغرىلار بولۇشى كېرەك.

2236. كۆزى توق، سەگەك، ھوشيار، ئىشنى بىلىدىغان،
يارامىلىق ۋە يارامسىز كىشىلەرنى ئايرىيدىغان.

2237. خىزمەتكە بېرىلگەن، سادىق (ۋە يامانلىقتىن) ئەيمىنىدىغان،
ئامانەتكە (خىيانەت قىلمايدىغان)، دىلى پاك بولۇشى كېرەك.

2238. بۇ پەزىلەت ۋە بىلىملەر كىمدە تولۇق بولسا،
ۋەزىرلىكنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ بولىدۇ، ئەي ئەلىگ.

2239. مۇشۇنداق كىشى بەگكە ۋەزىر بولسا،
بېگى ھەم خەلقى تەڭلا خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

2240. ئەلىگنىڭ ئىشلىرى خالىغىنىدەك تولۇق ئورۇنلىنىدۇ،
ئېلى تۈزۈلىدۇ ھەم خەلقىمۇ باي بولىدۇ.

2241. يارامسىز، يامان كىشى ئەلگە ۋەزىر بولسا،
ئۇ ئەلنىڭ خەلقى ـ بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ بىردەك خاراب بولىدۇ.

2242. ۋەزىر ياخشى بولسا، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق،
خەلققە پايدىلىق بولغىنى ئەلگىكمۇ لەززەت بېرىدۇ.

* 2243. بىلىمى دەريا(دەك چوڭقۇر)، بىلىم بىلەن كۆڭلى —
كۆكسىنى يورۇتقان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2244. بەگنىڭ كۆڭلى ۋە تىلى ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ توغرا يول تۇتىدۇ.

2245. ئەگەر بەگلەر زالىم، يامان بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ياخشى يولدىن تايىدۇ.

2246. بېگى ياخشى بولسا، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ
قىلىقى ياخشى بولىدۇ، زىيان سالمايدۇ.

2247. بىلگىنكى، بەگلەر (ئۆزى) يامان بولمىسا،
يامانلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ.

2248. يامان قەيەردە بولسا، يامانلار بىلەن بىللە (بولىدۇ)،
ئەي ياخشى، يۆر، ياخشى دوست ئىزدە!

2249. يامان ياخشى بىلەن يارىشالمايدۇ،
تۆز (نەرسە) ئەگرى بىلەن ماسلىشالمايدۇ.

2250. قارا تۈن يورۇق كۈندۈزگە يېقىن كېلەلمەيدۇ،
پېشىل سۇ قىزىل ئوتقا مېھمان بولالمايدۇ.

2251. بىلمەيدىغان كىشىنى سەن بىلەي دېسەڭ،

تونۇشلىرىنى سورا، ئاندىن بىلىندۇ.

2252. ھەرقانداق نەرسە ئۆز توپىغا قوشۇلىدۇ،
سەن ئۆز تۇرغۇنكى، ئەگرى بىلەن قوشۇلما.

2253. بۇ سۆزگە شاھىت بولغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، (مەنىسىنى) دىلىڭغا پۈك:

2254. "قارا، يۇرىدىغان، ئۇچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۆز تەڭتۇشىنى ئۆزىگە دوست - ھەمراھ تۇتىدۇ.

2255. يامان ياخشىغا قوشۇلمايدۇ، قاچىدۇ،
ھەممە نەرسىگە ماس كېلىدىغان بۇ قائىدىگە دىققەت قىل."

2256. ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولىدۇ،
كېڭەشچى كىشىلەر ھەر ئىشنى دەڭسەپ قىلىدۇ.

2257. ئەي ئاۋامنىڭ ياخشىسى، يامانغا قېتىلما،
(يامانىنىڭ) قىلىقى يامان، يۈكى ئېغىردۇر.

2258. بەگلەر ياخشى كىشىنى يېقىن تۇتسا،
ياخشى نامى قالىدۇ، خەلق ئىشىمۇ ياخشى بولىدۇ.

2259. ئەگەر بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
(ئۆزىنىڭ) نامىمۇ، خەلق ئىشىمۇ يامان بولىدۇ.

2260. ئەي ئەلىگ، ۋەزىر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا،
بېگىگە ئارام بېرىدۇ، خەلقى (خاتىرجەم) ئۇخلايدۇ.

2261. ئۇنىڭ بىلەن بەگ تىلىكى تامامەن ئورۇندىلىدۇ،
ھەرقانداق ئەھۋالدا بارچە ئىشى روناق تاپىدۇ.

2262. ئاندىن خەلقى بېيىيدۇ ھەم ئېلى تەرتىپكە چۈشىدۇ،
خەزىنىسى كۆپىيىدۇ (ۋە) ئۆمرى دۆلەتتە ئۆتىدۇ.

2263. قېرىماي، نامى مەڭگۈ قالىدۇ،
قېرىپ قاقشال بولغاندىمۇ، ئورنى ياخشى بولىدۇ.

2264. بۇ دۇنيالىقمۇ، ئۇ دۇنيالىقمۇ بولىدۇ،
دائىم سائادەتتە، مەڭگۈ - ئۇزۇن ياشايدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2265. ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى زېھىن بىلەن چۈشەندىم،
بۈگۈن بەك ياخشى سۆزلەر قىلىندى.

2266. ئەمدى ماڭا ئېيتقىنچۇ، قوشۇن قوماندانى
بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشتا قانداق بولۇشى كېرەك؟

2267. (ئۇ) قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالايدىغان ھەم جەڭ ئىشىنى بېجىرەلەيدىغان،
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان، خاتا قىلمايدىغان بولسۇن.

2268. ماڭا ئېيتىپ بەرگىن (بۇ ئىشقا) كىم يارايدۇ؟
(ئۇ دۈشمەن) ئەسكىرىنى پارچىلاپ، ياۋنى تار - مار قىلالايدىغان بولسۇن.

تونۇشلىرىنى سورا، ئاندىن بىلىندۇ.

2252. ھەرقانداق نەرسە ئۆز تۈپىغا قوشۇلىدۇ،
سەن تۈز تۇرغۇنكى، ئەگرى بىلەن قوشۇلما.

2253. بۇ سۆزگە شاھىت بولغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، (مەنىسىنى) دىلىڭغا پۈك:

2254. "قارا، يۈرىدىغان، ئۇچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۆز تەڭتۇشىنى ئۆزىگە دوست ــ ھەمراھ تۇتىدۇ.

2255. يامان ياخشىغا قوشۇلمايدۇ، قاچىدۇ،
ھەممە نەرسىگە ماس كېلىدىغان بۇ قائىدىگە دىققەت قىل."

2256. ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولىدۇ،
كېڭەشچى كىشىلەر ھەر ئىشنى دەڭسەپ قىلىدۇ.

2257. ئەي ئاۋامنىڭ ياخشىسى، يامانغا قېتىلما،
(يامانىنىڭ) قىلىقى يامان، يۈكى ئېغىردۇر.

2258. بەگلەر ياخشى كىشىنى يېقىن تۇتسا،
ياخشى نامى قالىدۇ، خەلق ئىشمۇ ياخشى بولىدۇ.

2259. ئەگەر بەگ يامان كىشىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا،
(ئۆزىنىڭ) نامىمۇ، خەلق ئىشمۇ يامان بولىدۇ.

2260. ئەي ئەلىگ، ۋەزىر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا،
بېگىگە ئارام بېرىدۇ، خەلقى (خاتىرجەم) ئۇخلايدۇ.

2261. ئۇنىڭ بىلەن بەگ تىلىكى تامامەن ئورۇندىلىدۇ،
ھەرقانداق ئەھۋالدا پارچە ئىشى روناق تاپىدۇ.

2262. ئاندىن خەلقى بېيىدۇ ھەم ئېلى تەرتىپكە چۈشىدۇ،
خەزىنىسى كۆپىيىدۇ (ۋە) ئۆمرى دۆلەتتە ئۆتىدۇ.

2263. قېرىماي، نامى مەڭگۈ قالىدۇ،
قېرىپ قاقشال بولغاندىمۇ، ئورنى ياخشى بولىدۇ.

2264. بۇ دۇنيالىقمۇ، ئۇ دۇنيالىقمۇ بولىدۇ،
دائىم سائادەتتە، مەڭگۈ - ئۇزۇن ياشايدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2265. ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى زېھن بىلەن چۈشەندىم،
بۇگۈن بەك ياخشى سۆزلەر قىلىندى.

2266. ئەمدى ماڭا ئېيتقىنچۇ، قوشۇن قوماندانى
بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشتا قانداق بولۇشى كېرەك؟

2267. (ئۇ) قوشۇنغا قوماندانلىق قىلالايدىغان ھەم جەڭ ئىشىنى بېجىرەلەيدىغان،
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان، خاتا قىلمايدىغان بولسۇن.

2268. ماڭا ئېيتىپ بەرگىن (بۇ ئىشقا) كىم يارايدۇ؟
(ئۇ دۈشمەن) ئەسكىرىنى پارچىلاپ، ياۋنى تار - مار قىلالايدىغان بولسۇن.

30

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە قوشۇن قوماندانىنىڭ
## قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2269. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:
دۈشمەنگە نىسبەتەن ھەرقاچان ئەلىگنىڭ قولى ئۈستۈن بولسۇن.

2270. شۈبھىسىز بەگكە (شۇنداق) بىر قوماندان كېرەككى،
(ئۇ) ياراشقىلى بولمايدىغان دۈشمەنىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچسۇن.

2271. بۇ ئىشقا بەك مۇستەھكەم - جەسۇر،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، قاتتىق قول ئەر كېرەك.

2272. قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، ئەسكەر سېپىنى تۈزۈش،
دۈشمەننى قىرىش ناھايىتى چوڭ ئىشتۇر.

2273. بۇ ئىش ئۈچۈن تاللانغان، ئېھتىياتچان، سەگەك ئادەم كېرەككى،
ئۇنىڭغا بىخۇدلۇقتىن بىر پالاكەت كەلمىسۇن.

2274. (قوماندان) سېخىي، باتۇر - قەھرىمان، كەمتەر،
داستىخىنى كەڭ ۋە مۇلايىم بولۇشى كېرەك.

2275. قوشۇن قوماندانى ناھايىتى سېخىي بولغاندىلا،
ئەتراپىغا ئەل خىللانغان كىشىلەرنى توپلىيالايدۇ.

2276. ئۇ بارلىق مال — دۇنياسىنى ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان،
كۆپ دوست — بۇرادەر، ئەل — ئاغىنە تۇتىدىغان بولسۇن.

2277. ئۆزىگە بىر ئات، تون ۋە قورال ئايرىپ قويسىلا كۇپايە،
(شۇنىڭ بىلەن) داڭ چىقىرىپ، شۆھرىتىنى جاھانغا يايالايدۇ.

2278. ئۇ ئوغۇل — قىز ۋە خوتۇنۇم دەپ مال — دۇنيا توپلىماسلىقى،
ياكى يەر — سۇ، باغ — ۋاران دەپ كۈمۈش يىغماسلىقى كېرەك.

2279. ئۇ پۈتۈن ئارزۇسىغا قىلىچى بىلەن يەتمىكى،
جەڭ بىلەن ئېلىشى، (ئۈلەشتۈرۈپ) بېرىشى، شۆھرىتىنى
يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

2280. (سەپداشلىرىغا) يېگۈزۈشى، ئىچكۈزۈشى ۋە (ئۇلارنى) كىيىندۈرۈشى،
(ئۇلارغا) كۆپلەپ ئات، قورال — جابدۇق، قىز — كېنىزەكلەرنى
ھەدىيە قىلىشى كېرەك.

2281. (شۇندىلا) ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەسۇر يىگىتلەر توپلىنىپ،
سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىپ، (كەينىدىن) تاغ، قىيالاردا ياتىدۇ.

2282. (ئۇ) يۈرەكلىك، ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشى،
باتۇر (ۋە) قىزغىن بولۇشى كېرەك.

2283. ئۇرۇشتا يۈرەكسىزنىڭ لازىمى يوق،
يۈرەكسىزلىك ئاياللارغا خاس ئىشتۇر.

2284. يۈرەكسىز كىشلەر قوشۇننى بۇزىدۇ،

قوشۇن بۇزۇلسا، ئەسكەرلەر تېزىپ كېتىدۇ.

2285. جەڭدە يۈرەكلىك بولۇش ۋە چىدام (كۆرسىتىش) كېرەك،
دۈشمەن ئات سالسا، زىچ توپلىنىش كېرەك.

2286. ئېنىقكى، ئۆلۈم مۇقەررەر (نەرسە)دۇر،
(لېكىن) ۋاقتى كەلمىگۈچە ئەر يىگىتلەر ئۆلمەيدۇ.

2287. جەسۇر ۋە باتۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(كىشى) ئۆلۈمنى ئۇنتۇسا دۈشمەننى يېڭىدۇ:

2288. "ئاندىن تۇغۇلغان ئادەم ئەجەلسىز ئۆلمەيدۇ،
دۈشمەننى كۆرۈپلا نېمىشقا قورقىسەن؟

2289. دۈشمەنگە يالقۇندەك بول، (ئۇنىڭ بىلەن) ئەرلەرچە ئۇرۇش،
هايات ئادەمگە ئەجەلسىز ئۆلۈم كەلمەيدۇ."

2290. ئەر نومۇسلۇق بولۇشى كېرەك، ئار - نومۇس ئۈچۈن
(ئۇ)، ئىنتىقام ئالماي ئارقىغا قايتمايدۇ.

2291. ئار - نومۇس بىلەن ئىنسان دۈشمەننى بىتچىت قىلىدۇ،
جەڭدە ئەڭ ئاۋۋال نومۇسسىزلار قاچىدۇ.

2292. قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسنى دەپ باتۇرلۇق قىلىدۇ،
ماختالماق ئۈچۈن كىشى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ.

2293. يۈرەكلىك دېگىنىمىز — ئار - نومۇسلۇق ئەردۇر
نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە، ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.

2294. (قوماندان) مۇلايىم ۋە كەمتەر بولسا،
خەلققە ئۆزىنى سۆيۈملۈك قىلالايدۇ.

2295. مۇلايىم كىشى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىستەيدۇ،
تىلى قوپال، قەھرلىك كىشى ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

2296. قوشۇن قوماندانى ئۆزىنى تەكەببۇر تۇتسا،
شۈبھىسىزكى، بۇ ئەر دۈشمەندىن قامچا يەيدۇ.

2297. ئۆزىنى چوڭ تۇتقان كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ،
بىخۇد كىشى نابۇت بولىدۇ ياكى ۋاقىتسىز ئۆلىدۇ.

2298. (قوماندان) جەسۇر ـ مەرد، ھەيۋەتلىك، چاچ ـ ساقىلى ياسالغان بولسا،
نامى يېيىلىپ، داڭقى چىقىدۇ.

2299. يامانلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھەيۋە قىلىش،
ياۋاشلارنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش كېرەك.

2300. قوشۇن قوماندانى سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەك،
(چۈنكى) قوشۇن ئىشى سىياسەتكە ئېھتىياجلىق.

2301. سىياسەت يۈرگۈزسە قوشۇندا باش بولىدۇ،
قوشۇندا باشلىق بولسا، ئەسكەرلەر ياخشى تەمىن قىلىنىدۇ.

2302. قايسى قوشۇن باشسىز، بوشاڭ بولسا،
قوشۇن بۇزۇلىدۇ، ئەي ئەلىگ، ئۇزۇن ياشا.

2303. يامانلارغا ھەيۋە، سىياسەت كېرەك،
ياخشىلارغا بولسا، دائىم ھۆرمەت كېرەك.

2304. ياخشىلارغا تامامەن ياخشىلىق يەتكۈز،
ئۇلارنىڭ شادلىقىنى تىلە، مۇشەققەتكە قويما.

2305. پۈتۈن ئىنسان ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ،
كىشى ياخشىلىقنى كۆرگەن ئادەمگە قول بولىدۇ.

2306. مىجەزى مۇلايىم كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ، ئۆزۈڭگە تەسەللىي تاپ:

2307. "ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر،
سەن ياخشىلىق قىلىپ، توغرىلىقنىڭ يولىنى ئاچ.

2308. ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئادەمىي بولۇش كېرەك،
كىشى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئۇلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇپ چىققان."

* 2309. دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىش ۋە (لەشكەرنىڭ) ھەرىكىتىنى ئىدارە
قىلىش ئۈچۈن،
قوشۇن قوماندانىدا مۇنۇ بىرقانچە سۈپەت (بولۇشى) كېرەك:

2310. جەڭ قىلغانىدا ئارسلان (يۈرىكىدەك) يۈرەك كېرەك،
ئېلىشقاندا، قاپلان (بىلىكىدەك) بىلەك كېرەك.

2311. (قوماندان) توڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك،
ئېيىقتەك قايتماس، قوتازدەك ئادەمۋەتخور،

2312. يەنە، قىزىل تۇلكىدەك ھىيلىگەر،
بۇغرا تۆگىدەك قىساسچى بولۇشى لازىم.

2313. ئۆزىنى سېغىزخاندىنمۇ ھوشيارراق تۇتۇشى،
قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆرۈشى كېرەك.

2314. ئارسلاندەك يۈكسەك چىدام كۆرسىتىشى،
تۈنلەرنى ھۇۋقۇشتەك ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

2315. ئاشۇ سۈپەتلىرى بىلەن كىشى جەڭگىۋار بولالايدۇ،
جەڭگىۋار بولۇش بىلەن (ئىشقا) ياراملىق بولىدۇ.

2316. جەڭگىۋار، ياراملىق (كىشى) دائىم
دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، غەلىبە قازىنىدۇ.

2317. (ئۇنىڭ) نان ـ تۇزى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى كەڭرى بولۇشى،
شۇنىڭغا مۇناسىپ ئات، كىيىم ـ كېچەكى ۋە قورالىمۇ بولۇشى
لازىم.

2318. ئاش ـ تاماق، نان ـ تۇز كىشىنىڭ نامىنى يايىدۇ،
تىرىكلىكنىڭ داۋاسى يېمەك ـ ئىچمەكتۇر.

2319. ئېلىنىڭ مەشھۇر (ئادەمى) * نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي قۇتلۇق كىشى، نان ـ تۇزۇڭنى كەڭرى قىل.

2320. داڭ ـ شۆھرەت خالىساڭ (باشقىلارغا) نان ـ تۇز بەر،
ياشاشنى خالىساڭ ئەنە شۇنى قىل.

2321. ئادەمگەرچىلىكى بار، سادىق، سېخىي (كىشى)
نان - تۇز ھەققى، دەپ ئەسكەر ھەققىنى ئۆتەيدۇ.

2322. ئۇلۇغ بولۇشنى تىلىسەڭ، يېمەك - ئىچمەك ئۇلەشتۇر،
ئۇزۇن ياشاشنى تىلىسەڭ، (ئۇنىڭغا) ئاش - تائام بىلەن ئېرىشىسەن.

2323. ئەسكەر باشلىقى ئۇچۇن بۇ بىرقانچە خىسلەت زۆرۈر،
(ئۇنىڭ بىلەن) ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، ئىش - ھەرىكىتى توغرا بولىدۇ.

2324. گەپ - سۆزلىرى چىن، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
ئۇلۇغ (كىشى) يالغانچى بولسا، خەلق ئىشەنمەيدۇ.

2325. ئىككىنچى، سېخىي بولۇشى، نەرسە - كېرەك (ئېھسان) بېرىشى لازىم،
ئېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى بېخىلنىڭ يېنىغا توپلانمايدۇ.

2326. ئۈچىنچىدىن، يۈرەكلىك، جەسۇر بولۇشى كېرەك،
يۈرەكسىزلەر دۈشمەننى كۆرگەندە، ئاغرىپ يېتىۋالىدۇ.

2327. تۆتىنچىسى شۇكى: قۇۋ، ھىيلە بىلىدىغان بولۇشى كېرەك،
ھىيلە بىلگەن كىشىگە ئارسلانمۇ باش ئېگىدۇ.

2328. قوشۇن سېپىنى بۇسۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك كېرەك،
(دۈشمەن) قوشۇننى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن چاققانلىق كېرەك.

2329. قوشۇن قوماندانى بۇ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولسا،
دۈشمەننى يېڭىدۇ، دۈشمەننىڭ شۆھرىتىنى سۇندۇرىدۇ.

2330. مۇشۇنداق قوماندان قوشۇنغا باشچىلىق قىلسا،
دۈشمەن بىلەن ئېلىشسا، قولى ئۈستۈن بولىدۇ.

2331. قوشۇن قوماندانى دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىدىكەن،
ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئويغاق تۇرۇشى كېرەك.

2332. ئەسكەرنىڭ كۆپ بولۇشى ھاجەت ئەمەس، خىل بولۇشى كېرەك،
ئەسكەر خىل بولغىنىدەك، قورالىمۇ تولۇق بولۇشى كېرەك.

2333. قوشۇن، ئەسكەر كۆپ بولغاندا، باشقۇرۇشسىز قالىدۇ،
باشقۇرۇلمىغان قوشۇن يۈرەكسىز بولىدۇ.

2334. تەجرىبىلىك، جەڭگىۋار (كىشى) سىنىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ،
ئۇن ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن كۆپلۈك قىلىدۇ دېگەن.

2335. لەشكەرلەرنى مەغلۇب قىلغان باتۇر ئەر:
مەن ئۇچۇن تۆت مىڭ ئەسكەر يېتەرلىك قوشۇندۇر، دېگەن.

2336. كۆپ قوشۇن يىپىلسا، ئىچى قالايمىقانلىشىدۇ،
ئۇنى تۈزىگىلى بولمايدۇ، يامان ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ.

2337. داڭلىق، باتۇر، جەسۇر ئەر يەنە: ئەسكەرلەر خىل،
قوشۇن (تولۇق) قوراللانغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى.

2338. نام چىقارغان، جەڭگىۋار (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنى ئاڭلا ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىل:

2339. "كۆپ قوشۇن تەلەپ قىلما، خىل ئەسكەر تەلەپ قىل،

ئەسكەرنىڭ خىللانغان، قورالىنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ قىل.

2340. كۆپ (ئەسكەر)گە قارىغاندا، تەرتىپلىك، ئاز (ئەسكەر) ياخشىراق،
نۇرغۇن (ئادەم) كۆپ قوشۇن بىلەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.»

2341. ئەگەر قوماندان دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتسە،
دۈشمەنگە زەربە بەرگۈچىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇشى كېرەك.

2342. كۆزەتكۈچى (ۋە) چارلىغۇچىلارنى ئايرىپ تاللاپ چىقىش،
كۆز ـ قۇلاقنى سەگەك تۇتۇپ، يىراقنى كۆزىتىش كېرەك.

2343. چارلىغۇچىلار بېرىپ كۆپ جىسەكچىگە دۇچ كەلسە،
دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئايلىنىپ ھۇجۇم
قىلىش كېرەك.

2344. ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، قوغدىغۇچى (ئەترەت) تۇرغۇزۇش
كېرەك،
ھېچبىر ئەسكەر ئارقىدا قالمىسۇن، يا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

2345. قارارگاھنى بىلىشى، قوغدىغۇچى (ئەترەت)نى ياخشى تۇرغۇزۇشى
كېرەك،
قوشۇندا نۆۋەتچى تۇتۇپ، بەك ھوشيار تۇرۇش كېرەك.

2346. ئەلەمدار (جەڭ) ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشى كېرەك،
زەربىدار ئەسكەرلەردىن ھېچكىم سىرتتا قالماسلىقى كېرەك.

2347. (قوشۇننى) چۈشۈرگەندە قارارگاھ (ئۈچۈن) پۇختا جاي تاللاش
كېرەك،

ئەسكەرلەرنى توپلاپ، كۆزىتىپ، يىراقتا ئەۋەتمەسلىك كېرەك.

2348. (قوماندان) بىخۇد بولماسلىقى، ناھايىتى سەگەك تۇرۇشى كېرەك،
بىخۇد بولسا، دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن تالاپەت كۆرىدۇ.

2349. چارلىغۇچىلارنى ئېلىپ، دۈشمەنگە يېقىنلىشىش كېرەك،
قارارگاھ قۇرۇشتا ئوت، سۇنى تاللاش كېرەك.

2350. قوشۇننى ياخشى كۆزىتىشى، "تىل" بېرىپ قويماسلىقى كېرەك،
قوشۇننىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى دۈشمەن بىلمىسۇن.

2351. ئالدى بىلەن تېرىشىپ "تىل" تۇتۇش، *
بۇ "تىل" ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

2352. شۇ (مەلۇماتقا) قاراپ، كېيىنكى ئىشنى بەلگىلەش كېرەككى،
دۈشمەننىڭ بوينى كېسىلسۇن ۋە بېشى يانچىلسۇن.

2353. مانا بۇ ھوشيارلىق (ۋە) سەگەكلىك بولىدۇ،
جەڭدە كىم سەگەك بولسا، شۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ.

* 2354. سەگەك بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلا: (ئۇ) ئارسلان مىنىپ
قىلىچىنى قامچە قىلغان ئەجدىھادەك يول باشلىسۇن.

2355. دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىككى قورال بولۇشى كېرەك،
بۇ ئىككى قورالدىن دۈشمەنگە ئۆلۈم يېتىدۇ؛

2356. ھەممىدىن ئاۋۋال دۈشمەنگە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش كېرەك،
بۇ ھىيلە بىلەن دۈشمەننىڭ يۈزىنى سارغايتىش كېرەك.

.2357 ئىككىنچىسى، هوشيارلىق ۋە سەگەكلىكتۇركى،
كىم هوشيار بولسا، شۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

.2358 جەڭدە كىم هوشيار ۋە سەگەك بولسا،
شۈبهىسىزكى، ئۇ دۈشمەنگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

.2359 دۈشمەننىڭ قوشۇنى كۆپ، سېنىڭ ئازراق بولسا،
ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىما، ئۇنىڭ تەدبىرىنى كۆر.

.2360 يارىشىش ئىمكانىيىتى بولسا (ئۇنىڭ بىلەن) ياراش،
بولمىسا ساۋۇت كىيىپ، جەڭ قىلىش لازىم، دەپ بىل.

.2361 غەيرەت قىل، غەپلەتتە قوي، كېچىسى ئۇخلىغاندا هۇجۇم قىل،
كېچىدە (ئەسكىرىڭنىڭ) ئاز ـ كۆپلۈكىنى قانداق بىلەلىسۇن؟

.2362 ئەگەر يېڭىشكە ئىمكانىيىتىڭ يار بەرمىسە،
ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلهى تۈز، (ئەپ بولۇپ) يۈر.

.2363 سۆزۈڭ بىلەن ئالداپ ئەل بول، ئۆزۈڭنى قوغدا،
ئۇرۇشقا ئالدىرىماي، سۆزۈڭنى تاماملا.

.2364 بۇنىڭ بىلەنمۇ بولمىسا، دۈشمەن ئەدەپ كەتسە،
ئۇرۇشۇشنى ئىستەپ، (سۈلهىغىمۇ) كۆنمىسە،

.2365 سەن ئىشنى ئۇزارتماي، ئەسكەر توپلاپ سوقۇش،
مال ئۈلەشتۈر، ئەرلەرنى ماختا، نامىنى ئاتاپ ئۇرۇشقا چاقىر.

.2366 ئۇرۇشنى ئۇزارتسا، دۈشمەن ئەقىل تېپىۋالىدۇ،

كۆپنى كۆرگەنسېرى، كىشىنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ.

* 2367. دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغان، بېشىدىن ئىش كەچۈرگەن،
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2368. "ئۇچراشمىغان دۈشمەننىڭ داڭقى يىراقتىن بىلىنىدۇ،
ئۇچرىشىپ كۆز كۆرگەندە داڭقى كىچىكلەپ كېتىدۇ.

2369. دۈشمەنگە يېقىنلىق ھۇجۇم قىل، مېلىڭنى ئالمىسۇن،
(ئۇرۇشنى) ئۇزارتساڭ مەغلۇپ بولسەن، ئايىغىڭنى ئىتتىك
قىل."

2370. ئەسكەرنىڭ بىر قىسمىنى پىستىرمىغا قوي،
پىيادە ئوقچىلارنى باشلاپ ئالدىدا يۈگۈر.

2371. مويسىپىت، جەڭگىۋار باتۇرلارنى تاللاپ چىقىپ،
سەپنىڭ ئالدىغا قوي، ئەسكەرلەرنى باشلاپ ماڭسۇن.

2372. يېشى چوڭ، مويسىپىتلار ناھايىتى جەڭگىۋار بولىدۇ،
جەڭنى بىلىدۇ ھەم يارامىلىق بولىدۇ.

2373. ياش ۋە ئاددىي يىگىتلەر ئىتتىكلىك قىلىدۇ،
ئەگەر يۈز ئۆرۈسە، قىزغىنلىقى ئۆچىدۇ.

2374. ئالدى ـ ئارقاڭغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قوي،
بىر قىسمىنى بولسا ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتۇر.

2375. ئەسكەرلەر يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلەشكەندە،

ئۆچرىغىنىنى تۇتۇپ، چۇقان سېلىش كېرەك.

2376. ئالدى بىلەن يىراقتا تۇرۇپ، ئوق بىلەن سوقۇشۇش كېرەك،
يېقىنلاشقاندا، نەيزە بىلەن تېگىپ، بويسۇندۇرۇش كېرەك.

2377. ئارىلىشىپ كەتكەندە قىلىچ - پالتا بىلەن ئۇرۇشقىن،
چىشلەك بىلەن (چىشلە)، تىرنىقىڭ بىلەن تاتىلا، ياقىلاش.

2378. تىركىشىپ، دۈشمەنگە ئارقا تەرىپىڭنى بېرىپ قويما،
دۈشمەننى يوقات، يا بولمىسا، ئۇرۇشۇپ ئۆل.

2379. (دۈشمەن بىلەن) ئېلىشقان، جەسۇر ئەر نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
چىدامىلىق بولسا، چىدامىلىق بولغان (ئەر) دۈشمىنىنى يېڭەلەيدۇ.

2380. "كېلىن - قىزنىڭ شادلىقى توي تۈنىدە،
جەسۇر ئەرنىڭ شادلىقى جەڭ كۈنىدە بولىدۇ.

2381. مەغرۇر، قەھرىمان قوشۇننى تېز (ئالغا) سۈرىدۇ،
لاچىن قۇشنى قوغلىغاندەك (دۈشمەن) قېنىنى تۆكىدۇ."

2382. باتۇر جەڭچى دۈشمەننى كۆرۈش بىلەن چاڭ - توزان كۆتۈرىدۇ،
ئۇ (ئۇزى) ئۇرۇشۇپ، باشقىلارغا نۆۋەت بەرمەيدۇ.

2383. باتۇر ئەر جەڭ كۆرسە، ئارسلاندەك بولىدۇ،
(ئات) ئوينىتىپ دۈشمەننى ئۆلتۈرىدۇ يا ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ.

2384. باتۇر ئەر دۈشمەننى كۆرسە، چىرايى ئېچىلىدۇ،
تۇتۇشقاندا توپىغا مىلىنىپ، قىزىل قانغا بويىلىدۇ.

2385. ئات، ئېكەر – جابدۇقلار، ساۋۇتلار قىپقىزىل بولۇپ كېتىدۇ،
(قىپقىزىل) قىزارغان يۈزلەر كۆكىرىپ كېتىدۇ.

2386. دۈشمەن ئات چاپتۇرۇپ، ئۈستۈڭگە بېسىپ كەلسە،
چىدام كۆرسەت، چېكىنمە، كېيىن (ئۆزلىرى) تارقاپ كېتىدۇ.

2387. دۈشمەن ھەرىكەت قىلسا، ئىزىدىن سەنمۇ ھەرىكەت قىل،
تەييارلىنىپ، ئىزىدىن قوغلا، (قاراپ) تۇرما.

2388. ئەگەر دۈشمەن (قارشى) تۇرماي سەندىن قاچسا،
قوغلاپ بېرىپ (ئەسىر) تۇت، (ئەسىر) تۇتالمىساڭ،

2389. دۈشمەننى يەڭگەن جەسۇر جەڭچىلەر (نىڭ سېپى) قالايمىقان بولغاندا،
دۈشمەن قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇب قىلىدۇ.

2390. دۈشمەن قاچسا، بەس قىل، يىراققا قوغلاپ بارما،
ئەگەر دۈشمەن ئارقىغا يانسا، قاچالماي قالىسەن.

2391. دۈشمەن ئۈمىدسىزلەنسە، ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ،
ئۆلۈمگە جان تىكىپ قويغانغا كىم قارشى تۇرالىسۇن؟

2392. ئەي ئوغۇل، بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى قوغدا،
قوغدىيالمىساڭ، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ.

2393. قارا، كىشى بىخۇد بولسا، كېتىۋېتىپمۇ ئۆلىدۇ،
كىشى بىخۇد بولمىسا، تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2394. سىنىغان كىشى ماڭا مۇنداق دېدى،
سىنىغان كىشىلەرنىڭ سۆزى سۆزنىڭ بېشىدۇر:

2395. دۇشمەن قاچسا، بەس قىل، ئىزىدىن قوغلىما،
بىلسەڭ، قوغلىغۇچى تويغۇچە قامچە يەيدۇ.

2396. دۇشمەن بىر تارقىتىۋېتىلسە، قايتا توپلىنالمايدۇ،
ئۇتنى سۇ ئۆچۈرسە، قايتا يانالمايدۇ.

2397. ئۇمىدسىزلەنگەن كىشىلەر ئۆلۈشنى خالايدۇ،
ئۆلۈمنى خالىغان كىشى، (ئاۋۋال) ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆلىدۇ.

2398. كىم (ئەرزىگۇدەك) ئىش قىلسا، دەرھال ئۇنىڭغا مال بېرىش،
(مۇكاپاتلاش) كېرەك، شۇ مۇكاپات بىلەن ئۇ خۇشاللانسۇن.

2399. كىم ئەسىر ئالسا، ئۇنى ماختاش، ئىنئام بېرىش كېرەككى،
شۇ ئىنئام نەتىجىسىدە ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلسۇن.

2400. يامان ماختاشقا ئېرىشسە، ياخشى بولىدۇ،
ياخشىنى ماختىساڭ ئۇنىڭدىن كېيىن قالامدۇ؟

2401. ئەرنى ماختىساڭ (قۇرۇق) قول بىلەنلا ئارسلان تۇتىدۇ،
ئاتنى ماختىساڭ يۈگۈرۈپ، ئۇچار قاناتلارغا يېتىدۇ.

2402. يارىلانغانلار بولسا، داۋالات، قارا،
ئەسىر چۈشكەنلەر بولسا، قۇتۇلدۇر، قايتۇرۇپ كەل.

2403. ئەگەر ئۆلگەنلەر بولسا، قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈر،

ئۇغۇل ـ قىزلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرگىن.

2404. ئەسكەرلەر بۇنى كۆرسە، سۆيۈنىدۇ،
جەڭ پەيتىدە سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ.

2405. شېرىن سۆز، خۇش چىراي بىلەن (ئۇلارغا) مال بېرىش كېرەك،
بۇ ئۈچ نەرسە كىشى ئۈچۈن ياخشى ئادەتتۇر.

2406. ئەركىن ـ ئازاد كىشىلەر(مۇ) بۇنىڭغا قۇل بولىدۇ،
ئۇ جېنىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سېنى خۇشال قىلىدۇ.

2407. ئەي دانا، مانا بۇ سۆز شۇنىڭغا ئوخشىتىلغانكى،
ياخشى دىققەت قىلساڭ، (ئۇنى) توغرا ئېيتىلغان دەيسەن.

2408. "خۇش چىراي، شېرىن سۆز (بولسا)، مال ـ دۇنيا بېرىلسە،
ئۇ ئۈچ نەرسە ئەتراپىغا ئەركىن كىشىلەرمۇ توپلىنىدۇ.

2409. ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قۇل (سېتىپ) ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق،
بۇ ئۈچ نەرسىنى قۇربان قىلساڭ، ھەممىنى جەلپ قىلىسەن."

2410. قوشۇن قوماندانى (ئەنە) شۇنداق بولۇشى كېرەك،
ئاندىن، قوشۇنغا باشچىلىق قىلسا، بەك ياخشى بولىدۇ.

2411. سەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى، ماللىرىڭنى ئۈلەشتۈر،
ئالتۇنلىرىڭنىڭ بەدىلىگە، (ھەركىم) جېنىنى قۇربان قىلىدۇ.

2412. خىزمەتچى بۇ ئۈچ نەرسىگە قۇل بولىدۇ،
بەگلەر (شۇنداق يول) تۇتسا، ھەممە مال ـ دۇنيانىڭ ئۈلى بولىدۇ.

2413. بەگ مۇشۇنداق قوشۇن قوماندانىغا ئىگە بولسا،
مەغرۇر ھالدا، ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ.

2414. قوشۇن قوماندانى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا،
(بەگنىڭ) ئىشى روناق تېپىپ، شادلىققا يېتىدۇ.

2415. يارامىلىق بىر ۋەزىرنى تەلەپ قىلساڭ، ئەنە شۇندىقى كېرەك،
قوشۇن قوماندانىنى خالىساڭ، مانا بۇندىقى كېرەك.

2416. شۇنداق بولغاندىلا بەگلەر ئۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ،
ئاندىن بەگ تىلىگەن تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

* * *

2417. ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: ئەي دۆلەتمەن ئەلىگ،
(بۇ) ئىككى ئىش بۈيۈك ئىشتۇر ۋە نامىمۇ ئۇلۇغدۇر.

2418. بىرى — ۋەزىر، ئىككىنچىسى — قوشۇن قوماندانى،
بىرى قىلىچ تۇتسا، بىرسى قەلەم تۇتىدۇ.

2419. ئەلنىڭ تىزگىنىنى بۇ ئىككىسى تۇتىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، ئۇنى كىم بۇزالايدۇ.

2420. بۇلار بەك خىللانغان كىشىلەر بولۇشى كېرەك،
ئەگەر بەگكە بويۇن تولغىسا، بېشى كېتىدۇ.

2421. مەنپەئەت يەتكۈزسە، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ،
ئەگەر بويۇن تولغىسا، ئەل - يۇرتقا زىيىنى تېگىدۇ.

2422. بەگ ياخشى، خىللانغان كىشى بولسا،
ئىككى خىزمەتكارىمۇ خەلقنىڭ سەرخىلى بولسا.

2423. شۈندىلا بۇلاردىن ئەلگە پايدا تېگىدۇ،
بۇ پايدا بىلەن ئاندىن بەگكىمۇ ھۇزۇر — ھالاۋەت كېلىدۇ.

2424. ئەل باشقۇرغان دانىشمەن نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دانىشمەن سۆزلىرىگە ئېرىشسەڭ، ئۇنى ئاش — تاماق دەپ بىل.

2425. ئەلنى ئالغۇچىلار ئۇنى قىلىچ بىلەن ئالدى،
ئەلنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۇنى قەلەم بىلەن تۇتۇپ تۇردى.

2426. قىلىچ بىلەن ئەلنى تېز ئالغىلى بولىدۇ،
قەلەم بولمىسا، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

2427. ھەرقانداق بىر ئەل قىلىچ ۋە كۈچ بىلەن ئېلىنسىمۇ،
ئۇنى زورلۇق بىلەن ئۇزۇن يىل سورىغىلى بولمايدۇ.

2428. قايسىبىر شەھەر — كەنت قەلەم بىلەن باشقۇرۇلسا،
ئۇ يەردە ھەركىم تىلىگەن ئۇلۇشىنى تاپىدۇ.

* * *

2429. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
سورىغىنىڭغا يارىشا ئېيتىپ بەردىم.

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2430. ئەلىگ دېدى: بۇنى ئېنىق چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن، ئەي شۆھرەتلىك.

2431. ئەمدى ماڭا ياخشىراق (ئويلاپ)، سۆزلەپ بەرگىن:
ئۇلۇغ ھاجىپ قانداق ئادەم بولۇشى كېرەك؟

2432. ئۇ ھاجىپلارنىڭ ئۇلۇغى بولسۇن،
ساداقەت بىلەن (بەگكە) جېنىنى پىدا قىلىدىغان بولسۇن.

2433. بېگىمۇ، ئېلىمۇ ھەم ئۆزىمۇ مەمنۇن بولسۇن،
ئۇلارغا خەلق دۇئا قىلىدىغان بولسۇن.

* * *

2434. ئەلىگ ئېيتتى: بۇلارنىمۇ سۆزلىگىن،
بۇنىمۇ ئېيتىپ بەر، كۆزۈمنى روشەن قىل.

## 31

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق ئادەم كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2435. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز ئاچتى:
ئەلىگ ئۇزۇن يىل ھالاۋەتتە ياشىسۇن، دېدى.

2436. ئۇلۇغ ھاجىپ ئىنتايىن ئىشەنچلىك، چىن بولۇشى كېرەك،
چىنلىق بىلەن يەنە دىنى كامىل بولۇشى كېرەك.

2437. ئەسلى نەسىبى ياخشى ۋە مىجەزى مۇلايىم بولۇشى لازىمكى،
ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزۈپ، يورۇقلۇققا چىقارسۇن.

2438. تېگى ـ تەكتى ياخشى بولسا، كىشى ياخشى بولىدۇ،
ياخشى ئادەم خەلققىمۇ ياخشىلىق تىلەيدۇ.

2439. ياخشى كىشىدىن ياخشىلىق،
يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئات ـ ئۇلاغ كېلىدۇ.

2440. مىجەزى مۇلايىم بولسا، دەڭسەپ سۆزلەيدۇ،
دەڭسەپ سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ ئىشلىرى قۇسۇرسىز بولىدۇ.

2441. (خاس ھاجىپ) كۆزى توق، ھايالىق ۋە خۇش پېئىل بولۇشى،
زېرەك ھەم ھەر خىل بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2442. كۆزى توق كىشى ئىشتا پارا ئالمايدۇ،
ھاجىپ پارا ئالسا، بەگ كۈلكىگە قالىدۇ.

2443. پارا — ئوڭۇشلۇق ئىشنى بۇزىدۇ،
پارا — پىشقان ئىشنى خېمىغا ياندۇرىدۇ.

2444. ۋايالىق، خۇش پېئىل ۋە مىجەزى توغرا بولسا،
ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۆزىدىن ياخشىلىقلار كېلىدۇ.

2445. ھايالىق كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ،
يارىماسلارغا يېقىنلاشمايدۇ، كىشىگە قوپاللىق قىلمايدۇ.

2446. سىلىق – خۇش پېئىل كىشىگە دۆلەت يارىشىدۇ،
سىلىق بولسا، بەختكە لايىق بولىدۇ.

2447. زېرەك بولسا، مالغا موھتاج (ھېرىس) بولمايدۇ،
بىلىم بىلسە، ئىشتا يېڭىلمەيدىغان بولىدۇ.

2448. بىلىملىك، بۈيۈك (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان:
بىلىملىك (كىشى) ئۆز نېسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالايدۇ.

2449. بەگلەرنىڭ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك،
بىلىمسىز كىشى ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدۇ.

2450. كىمكى بىلىمدىن ئۈلۈش تەگمىگەن بولسا،
ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا.

2451. ئىنسان بىلىم بىلەن يۈكسىلىپ، شۆھرەت تاپىدۇ،
ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئورۇندىيالايدۇ.

2452. بىلىمسىز كىشى قۇرۇق سۆلەت — رەسىمدۇر،
بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆكتىنمۇ ئېگىزدۇر.

2453. (ھاجىپ) ئىشتا ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك،
(كىشى) سەگەكلىك بىلەن ئىشقا رەڭ بېرەلەيدۇ.

2454. ئەقىلنىڭ پايدىسى بەكمۇ كۆپ،
كۆپ ياخشىلىقلاردا ئەقىلنىڭ ئۈلۈشى بار.

2455. ئەقىلسىز كىشى ئۇ مېۋىسىز دەرەختۇر،
ئاچ ئادەم مېۋىسىز دەرەخنى نېمە قىلسۇن؟

2456. ئەقىللىق كىشى ئېرىشمەن دېسە، ئىككىلا دۇنياغا ئېرىشەلەيدۇ،
ئېسىل ئاتالسا، ئەقىللىق ئادەم ئاتىلىدۇ.

2457. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشى شۇنداق كىشىكى،
ئۇ كىشىلەرنىڭ خىلى، خەلقنىڭ ئالدىدۇر.

2458. (ھاجىپنىڭ) ھۆسنى - چىرايى كۆركەم، چاچ - ساقىلى رەتلىك،
ئاۋازى يېقىملىق ۋە جاراڭلىق، سۆزلىرى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

2459. چىراي - شەكلىنىڭ كۆركەملىكى (كىشىلەرنى) سۆيۈندۈرىدۇ،
كىرىپ - چىقىسا مەردانىلىقى ئۆزىگە يارىشىدۇ.

2460. چاچ - ساقىلى ياسالغان، مەردانە كىشىنىڭ سالاپىتى بولىدۇ،

بۇ سالاپەت كىشى ئۈچۈن ھۆرمەتتۇر.

2461. (ھاجىپ) تەقۋادار، دىندار، پاك بولۇشى كېرەك،
تەبىئىتى پاك بولسا، ھەرىكىتىمۇ پاك بولىدۇ.

2462. تەقۋادار، پاك ۋە دىندار كىشى،
كىشىلەرنىڭ بارچە ئىشىنى ئېرىنمەي قىلىدۇ.

2463. تەقۋادار كىشى باشقىلارنىڭ قايغۇسىنى قىلىدۇ،
تەقۋادار كىشى كىشىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.

2464. ھاجىپ دائىم (باشقىلارنىڭ) كۆز ئالدىدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن
ئۇنىڭ يۈزى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى كېرەك.

2465. بۇ كۆركەم يۈزنى كۆرسە، چىرايلار سۆيۈنىدۇ،
كۆڭۈل ئېچىلىدۇ، جان ئوزۇقلىنىدۇ.

2466. بۇنىڭغا تەقلىدتەن، بىلىملىك (كىشى) شۇنداق دەيدۇ،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى تۇت، ئەي خۇش پېئىل:

2467. "كىشى چىرايىنىڭ كۆركەم بولۇشى بەك ياخشى بىر ھالدۇر،
چىرايىنىڭ كۆركەملىكىدىن ئىككى كۆز سۇ ئىچىدۇ.

2468. بۇغدايئۆڭ گۈزەلگە باق ۋە ئۇنى تەلەي دەپ بىل،
ئىشىڭ ياخشى بولىدۇ، كۆپ سۆزنى قوي."

2469. (ھاجىپ) ئەس ــ ھوشلۇق، بەك ئەقىللىق بولۇشى كېرەك،
مىجەزى ئېغىر ــ بېسىق بولسا، تېخىمۇ ياخشى.

2470. ئەس ـ هوشلۇق كىشى سۆزنى ئۇنتۇمايدۇ،
ئەس ـ هوشى بولمىسا، سۆزدە تۇرالمايدۇ.

2471. ئەس ـ هوشى بولمىسا، كىشى دوست تاللىيالمايدۇ،
ئەقلى بولمىسا، كىشى ئىشنى روناق تاپقۇزالمايدۇ.

2472. ئەس ـ هوشى يوق كىشلەر قۇرۇق جازىغا ئۇخشايدۇ،
كۆڭۈل قويسا، ئىنسان كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

2473. (هاجىپ) بەك ئەقىللىق، كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى،
كەمبەغەل، تۇل، يېتىملارغا مېهرىبان بولۇشى كېرەك.

2474. زېرەك بولۇشى ۋە قانۇننى پۇختا بىلىشى كېرەك،
دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى زېرەكلىكتىن كېلىدۇ.

2475. دىلى كەمتەر بولسۇن، هەممىگە كىچىك پېئىل بولسۇن،
تىلى يۇمشاق، شېكەردىن شېرىن بولسۇن.

2476. كىشلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ مۇئامىلە قىلسۇن،
ياخشى ئىش ـ هەرىكىتى بىلەن ئادەمگەرچىلىكنى ئادا قىلسۇن.

2477. كەمتەر ئادەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەي بەختسىز، كۆڭلۈڭنى، تىلىڭنى كىچىك تۇت:

2478. كۆڭۈلنى كەمتەر تۇتسا، كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ،
كۈلگەن چىراي، شېرىن سۆز — هەممە كىشىنى (ئەتراپىغا) توپلايدۇ.

2479. خۇش چىراي، شېرىن سۆز بىلەن ئىنسان قەلبى ئىسسىيدۇ،

(ھەرقانداق) كىشى قەلبى ئىسسىنسا، ئىسسىتقۇچىغا ئەسىر بولىدۇ.

2480. (ھاجىپ) سەۋرچان ۋە ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولسۇن،
كۆزىگە ئېھتىيات بولۇپ، تىل ۋە سۆزىنى تىيسۇن.

2481. قۇلىقى سەگەك، ئەقلى ۋە بىلىمى كەڭ،
قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرى توغرا، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولسۇن.

2482. بارلىق ھۈنەر — پەزىلەتلەرنى تولۇق بىلىشى، خەت يازالىشى،
ھەممە ئىشقا بىلىمىنى ئىشلىتىشى لازىم.

2483. قارا، بۇ بىلىم، پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشى كېرەككى،
(بۇنىڭ بىلەن) ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ يۈزى يورۇق بولسۇن.

2484. دىققەت قىلساڭ، خىزمەتلەر ئىچىدە
ئەڭ ئىنچىكە خىزمەت ھاجىپلىق خىزمىتىدۇر.

2485. ھاجىپ مەرتىۋىسىنى ئالىدىغان كىشىدە مۇنداق بىرنەچچە شەرت بولۇشى كېرەك،
(شۇنىڭ بىلەن ئۇ) ئالدىغا ئۆتۈپ، كىشىلەرگە يول كۆرسىتەلەيدۇ.

2486. بىر شائىرنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ،
شائىرنىڭ بۇ سۆزى بىلىمسىز ئۈچۈن كۆزدۇر:

2487. «ھاجىپلىققا ئالدى بىلەن مۇنۇ ئۈن نەرسە كېرەك:
ئۆتكۈر كۆز، سەگەك قۇلاق، كەڭ قورساق،

2488. ھۆسن — چىراي، قەددى — قامەت، تىل، ئىدراك، ئەقىل ۋە بىلىم،

بۇلارغا يارىشا (ياخشى) خۇي – پېئىلمۇ بولۇشى كېرەك»

2489. ئەلىك قانچە ئۇزۇن يىل ياشىسۇن،
ئۇلۇغ ھاجىپ بەگنىڭ كۆرەر كۆزىدۇر.

2490. قانۇن، نىزام – قائىدىلەر ئىنچىكە خىزمەتتۇر،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئادا قىلسا، يول ۋە ئىشكىلەر ئېچىلىدۇ.

2491. بۇنىڭغا تەقلىدتەن بىر ئالىمنىڭ سۆزى ئېسىمگە كەلدى،
ئاڭلىغانلار كۆڭۈل قويسۇن ۋە ئۆزلەشتۈرسۇن:

2492. بۇ ھاجىپلىق ئىشى ئۇلۇغ ئىشتۇر،
بۇنى كۈچلۈك كىشى بولمىسا، باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

2493. ھاجىپلىق قىلساڭمۇ، يا بەگلىك قىلساڭمۇ،
ھال ئېيتقۇچى چوڭ – كىچىكلەرنى (قوبۇل) قىلىشىڭ كېرەك.

2494. (ھاجىپ) خەزىنىچى، پۈتۈكچى ياكى ئىش بېجىرگۈچى،
ماشىنىچى، موزدۇز، ھۈنەرۋەن بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

2495. يەنە يات ئەلچىلەرنىڭ كېلىش – كېتىشلىرى،
ئۇلارغا تېگىشلىك سوۋغا – ئىنئام بېرىشمۇ (ھاجىپنىڭ ئىشى).

2496. ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى، ئوزۇق – تۈلۈكىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى،
ئېھتىياجى بار ياكى يوقلىرىغا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

2497. يول ئېغىزىدا تۇرغان كىشىگە باشلامچىلىق قىلىشى،
قائىدە – يوسۇندا خاتا قىلماسلىقى كېرەك.

2498. كەمبەغەل، تۇل، يېتىملار هال ـ ئەھۋال ئېيتسا،
ئۇنىڭ بارىنى ئاڭلاپ، (بەگكە) ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

2499. زۇلۇم كۆرۈپ، هال ـ ئەھۋال ئېيتقۇچىلارنى
قارشى ئېلىش (ۋە) يول كۆرسىتىشكە جۇرئەتلىك بولۇشى كېرەك.

2500. يەنە ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى كۆرگەندە،
تەنبىھ بېرىشى، توسۇشى ۋە تولۇق تۈگىتىشى كېرەك.

2501. ئەنە شۇنداق نۇرغۇن رەسمىي ئىشلار باركى،
بۇ، ئۇلۇغ هاجىپنىڭ قولى بىلەن هەل بولىدۇ.

2502. بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىگە ئۇنىڭدىن ياردەم كېلىدۇ،
ئەگەر (ئىشلار) بۇزۇلسا (قىلىنماي قالسا)، هاجىپتىن بولىدۇ.

2503. ئەي ئەلىگ، هاجىپلار ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك،
ئۇ بىرىنەچچە يەردە كۆپ غەيرەت قىلىشى كېرەك:

2504. بىرى، بەگنىڭ سۆزىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى،
ئىككىنچىسى، ئەقىل بىلەن هاۋايى ـ هەۋەسنى يۇگەنلىشى كېرەك.

2505. ئۈچىنچىسى، قوبۇل ۋاقتىدا ئۆزىنى هوشيار تۇتۇشى،
هەممىلا سۆزىنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك.

2506. بارچە ئىشلارنى پارا ئالماستىن قىلىشى،
يىراقلاشقان كىشىلەرنى بەگكە يېقىنلاشتۇرۇشى كېرەك.

2507. ئەي ئەلىگ، بىر ئادەمدە (بۇ) ئىككى ئادەت بولسا،

ئۇنىڭغا ئىش بەرمە، قولىنى ئۇزارتما:

2508. بىرى، يالغان سۆزنى (كۆپ) قىلسا،
(يەنە) بىرى، ئەگرىلىك قىلىپ، ئۆزىنى ھەر كويغا سالسا،

2509. بۇ ئىككى ئادەت كىمدە تەڭ دەرىجىدە بولسا،
ئەي ئەلىگ، ئۇنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرما.

2510. يەنە خىزمەتچىگە يولۇقىدىغان ئۈچ ئىش باركى،
ئۇنىڭدىن ساقلانمىسا، ئۆز بېشىنى يەيدۇ؛

2511. بىرى، ئاڭلىغان سۆزنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشى،
يەنە بىرى، ناچار (ئىشنى) كۆرگەندە، دەرھال كۆزىنى يۇمۇشى كېرەك.

2512. ئۈچىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە توغرا بولۇشى لازىم،
(شۇنداق قىلغاندىلا) كۆڭلىنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

2513. بىلىملىك ۋە دانا بەگ نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلساڭ، سەن ئۈچۈن بەك ياخشى بولىدۇ:

2514. بېشىڭنى دېسەڭ، بەگلەر سۆزىنى سۆزلىمە
ۋە ئەلگە گۇناھكار بولۇپ، ئۆز بېشىڭنى يېمە.

2515. ئاۋاملار ئەلگە گۇناھ قىلسا، بېشىنى يوقىتىدۇ،
گەپ ـ سۆزدە خاتالاشسا، چىشىنى سۇندۇرىدۇ.

2516. لاياقەتسىز ئادەملەرنى كۆپ كۆرگەن ئىدىم،

ئەلگە (قارشى) گۇناھ قىلىپ، بېشى كېسىلدى.

2517. كۆپ ئاڭلىدىمكى، تولا سۆزلىگەنلەرنىڭ
كۆڭۈل سىرى ئېچىلىپ، لېۋىنى (چىشلەپ) يارىلاندۇرغانىدى.

2518. يەنە ئالىم، دانالار بۇنداق ئېيتقانىدىكى،
ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشى بېشىنى يەيدۇ.

2519. ھاجىپلار ئۆزىنى ئالاھىدە كۆزىتىشى لازىم،
قوبۇل ۋاقتىدا كۆزىگە، ئىلتىماس قىلغاندا سۆزىگە (ئېھتىيات
قىلىشى كېرەك).

2520. ۋاقتى بولمىغۇچە (بەگ ئالدىغا) ئۆزى كىرمەسلىكى،
سورىماستىن ئاۋۋال (ئۆتۈنۈش) قىلماسلىقى كېرەك.

2521. ئەقىللىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەقىللىقنىڭ سۆزى مەنە يولىنى ئاچىدۇ:

2522. "ۋاقتى بولغاندا پادىشاھلارغا يۈز كۆرسەت،
سورىغاندا، بىر سۆزگە بىر سۆز بىلەن جاۋاب بەر.

2523. ھەر نەرسىنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى ۋە پەيتى بولىدۇ،
پەيتى كەلگەندە بولسا بۇنى ئىككى كۆز كۆرىدۇ."

2524. ھاجىپنىڭ بارلىق پەزىلەت ۋە بىلىملىرى ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم،
(ئاندىن) ئۇلۇغ ھاجىپلار (ئىشقا) قول ئۇزارتسا بولىدۇ.

*　　　*　　　*

2525. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇلار ئىدى،
سورالغانىنا يارىشا ئۇنى ئېيتىپ بەردىم.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2526. ئەلىگ ئېيتتى: بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، چۈشەندىم،
ئەمدى سەندىن يەنە بىر سۆز سورايمەن.

2527. ئىشىك ئاغىسى قانداق بولۇشى كېرەك،
بۇ ئىشنى قانداق ئادەم ئىشلىسە بولىدۇ؟

## 32

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2528. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ئېسەن ياشا، ئەي خۇش پېئىل.

2529. ئىشىك ئاغىسى ناھايىتى سادىق بولۇشى،
جان ـ تېنى بىلەن خىزمەتكە بېرىلىشى كېرەك.

2530. قاراڭغۇ تۈننى ئىشىكتە يورۇتۇشى،
يورۇق كۈننىمۇ ئىشىكتە پاتۇرۇشى كېرەك.

2531. قانۇن ـ قائىدىلەرنى بىلىپ خىزمەت قىلىشى،
پۈتۈن قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى مۇلايىم بولۇشى لازىم.

2532. نان ـ تۇزنى كەڭرى تۇتۇشى، ئۆزى بەك سېخىي بولۇشى،
كۈمۈش ۋە ئالتۇن بېرىپ، خىزمەتچىلەرنى توپلىشى لازىم.

2533. كىچىلىك قاراۋۇللۇق ۋاقتىدا، ئۆزى يېتىشتىن بۇرۇن
ھەممە كىشىنىڭ (نۆۋەتچىلىك) ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك.

2534. ناتونۇش، ياتلار بولسا، سوراش كېرەك،
كىم ھوشيارراق بولسا، يېنىغا تارتىشى كېرەك.

2535. ئۇردا ئىشكىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن،
شۇ كۈننىڭ بارلىق ئىشلىرى تۈگىگەن بولىدۇ.

2536. يەنە، ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇردا (ئىشىنى) باشلىشى،
كېچىدىمۇ، ئەتىگەندىمۇ نۆۋەتچىلەرنى تەۋرەتمەسلىكى كېرەك.

2537. قوبۇل ۋاقتى بولغاندا، (خىزمەتچىلەرنى) خىلى بويىچە تويلاپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۆزى ئەلىگ) ھوزۇرىغا كىرىشى كېرەك.

2538. ئۆزى كۆرۈنۈپلا چىقىشى، كۆپ تۇرماسلىقى،
ئىشكتە ئۆز ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى قويۇشى لازىم.

2539. خىزمەتچىلەر ئۆز خىلى بويىچە كىرىپ، كۆرۈنۈش بەرگەندە،
يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش لازىم.

2540. ئەگەر (ھوزۇرغا كىرىشنىڭ) يولى ئېتىلسە، ئىشىك ئاغىسى
خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىرىشى كېرەك.

2541. خىزمەتچىلەر ئىلتىماس قىلسا، تەلەپ قويسا،
ھاجەتمەن كىشىگە يار ـ يۆلەك بولۇشى كېرەك.

2542. ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىشى،
بەزىلىرىگە نام ـ ئۇنۋان، بەزىلىرىگە ۋەزىپە بېرىشى كېرەك.

2543. تىرىشىپ، سۆيۈپ خىزمەت قىلىدىغان، سادىق ئەر كىم،
خىزمەت قىلماي، بىكار يۈرىدىغان كىم،

2544. يارايدىغىنى قايسى، پايدىلىقى قايسى
بولىدىغىنى قايسى، قابىلىيەتلىكى كىم،

2545. ھەممىسىنى بېگىگە بىر - بىرلەپ خەۋەر قىلىشى،
ئېنىق ئايرىپ بېرىشى (ۋە ئۇلارنى) ئۈستۈرۈشى كېرەك.

2546. (ھۆزۈردىن) چىققاندا، ياخشى يارلىق يەتكۈزۈشى،
خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق ئۆستۈرۈشى كېرەك.

2547. سارايدا ئولتۇرىدىغان، تۇرىدىغان يەرلەرنى تەييارلىشى،
(ھەممىگە) ئورۇن راسلىشى، بىرەرسىمۇ سىرتتا قالماسلىقى
كېرەك.

2548. چەتتىن كەلگەن يات كىشىلەرنى قارشى ئېلىشى،
يولداش، دوست تۇتۇلغانلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك.

2549. داستىخان راسلىنىپ، ئاش - تاماق كىرسە، ئۇنى كۆزدىن
كۆچۈرۈشى،
لايىق بولمىغانلىرىنى چەكلىشى كېرەك.

2550. شىرنە چىقارغاندا، تەكشۈرۈپ - نازارەت قىلىشى،
يول بويى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەسلىكى كېرەك.

2551. سارايدىن ئاش - تائام ئېشىپ چىققاندا،
بەگنىڭ نەزىرى چۈشكەن (تائامنى) تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى
لازىم.

2552. تائاملارنى نەچچە (كىشىگە) بېرىش كېرەكلىكىنى (مۆلچەرلىشى)،

ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكىلەرنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماسلىقى كېرەك.

2553. بەگلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە يۈقىرى كۆتۈرىدۇ:
ئىشكىدە — تۇغى، تۆرىدە — داستىخىنى.

2554. (يەنە شۇ) ئىككى نەرسە سارايىنىڭ كۆركىدۇركى،
بۇلار بەگنىڭ نامىنى يۈكسەلدۈرۈپ، بەختكە يول ئاچىدۇ:

2555. (بىرى) ئەركىن كىشى بولغان ئۇلۇغ ھاجىپ بولسا،
يەنە بىرى — يارامىلىق ئىشىك ئاغىسى.

2556. بۇ ئىككى كىشى بىلەن ساراي روناق تاپىدۇ،
(بەگنىڭ) نامى ۋە ئۇلۇغلۇقى ئەتراپقا يېيىلىدۇ.

2557. (ئىشىك ئاغىسى) ساقىي، تۆشەكچى، ئاشپەزگە
ۋە تۇغچىلارغا كۆز - قۇلاق بولۇشى لازىم.

2558. يەنە قۇشچى، ئوۋچى ۋە ئوقياچىنى
ھەر كۈنى سارايدا تەييار تۇتۇشى كېرەك.

2559. ئۇ ئۆيىگە ماڭغاندا، چەۋەنداز - ياردەمچىلىرىنى
ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، ئاش بېرىشى كېرەك.

2560. يىگىرىپ، ئىچكۈزۈپ قورسىقىنى تويغۇزۇشى،
قۇرۇق قايتۇرماسلىقى، ئۆزىدە بارنى بېرىشى كېرەك.

2561. ئۆزىگە بىر ئات، بىر تون ۋە قورال بولسا كۇپايە (دەپ بىلسە)،
قالغىنىنى ئۈلەشتۈرۈپ، (ئۆزى) ئازراق ئالسا، بەس.

2562. يات، مۇساپىر كىشى خىزمەتكە كەلگەن بولسا،
ئۇلارنى قارشى ئېلىشى، ياتاق ۋە ئىش بېرىشى كېرەك.

2563. ھۇزۇرغا كۆرۈنگۈچە، (ئاۋۋال) ئۇنىڭغا قارىشى، يېمەك ـ ئىچمىكى،
ئورنى، ئېتى ھەم توندىن (خەۋەر ئېلىشى) كېرەك.

2564. يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ ھالىنى سوراپ تۇرۇشى،
ئاچ ـ توقلۇقى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە (كۆڭۈل بۆلۈشى
كېرەك.)

2565. قولى قىسقىلىقتىن موھتاج بولغانلار بولسا،
ئېھتىياجىنى قامداپ، ھەققىنى بېرىش كېرەك.

2566. كىم بولمىسۇن بىرەرسى سارايغا كەلمىسە،
(نېمە بولغانلىقىنى) سوراپ، سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

2567. ئەگەر ئاغرىق بولسا، ھال سوراش كېرەك،
بىكار تەلەپلىك قىلغان بولسا، تەنبىھ بېرىش كېرەك.

2568. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەگكە سادىقلىقتۇر،
(بەگنىڭ) سۆيۈنچىنى تىلەپ قىلىنىدىغان ئىشچانلىقتۇر.

* 2569. خىزمەت قىلغان ھەم خىزمىتى بىلەن بەگ (ئالدىدا)
قەدىرلىك بولغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2570. خىزمەتچى بېگىگە سادىق بولۇشى كېرەك،
سادىق دېيىلگۈچى ئىشچان بولۇشى كېرەك.

2571. ئىشچان، مېھرىبان، سادىق قۇلنىڭ
خىزمىتى بەگلىكنىڭ ئاساسىنى كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملەيدۇ.

2572. (ئۇ) سادىق بولۇپ، ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدۇ؛
ياخشىلىق تىلەپ ھەر كۈنى بەگ مەنپەئەتىنى ئىستەيدۇ.

2573. ئازغان پايدا يەتكۈزسە، مەن ئۇنىڭ قۇلىمەن،
گۈل ـ چېچەك زىيانلىق بولىدىكەن، يىلتىزىنى كېسىمەن.

2574. كۆيۈمسىز، ئەسقاتماس، ئوغۇلدىن كۆرە،
سادىق ـ كۆيۈمچان خىزمەتچىنىڭ پايدىسى ئەۋزەل.

2575. پايدىسىز، نەپ بەرمەس قېرىنداشىڭ بولسا، ئۇنى تاشلا،
پايدىلىق ئاداش تۇت، پايدىسىنى (كۆرۈپ) تويى.

2576. تىلنى يۇمشاق تۇتۇش، سۆزنى شېرىن (قىلىش) كېرەك،
ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇشى، ئوچۇق چىراي بولۇشى لازىم.

2577. سۆرۈن چىراي، ئاچچىق سۆز كىشىنى سوۋۇتىدۇ،
(بۇنىڭ تەسىرى) ئۆمۈر بويى كەتمەيدۇ، كۆڭۈلدە قالىدۇ.

2578. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
سۆزى بىلەن مەنىسى چۈشىنىشلىك بولىدۇ:

2579. "ئىنسان سۆزى بىلەن سۆكۈپ، تىلى بىلەن ئازار بەرسە،
بۇ سۆكەككە ئاغرىق، كۆڭۈلگە ئوت بولىدۇ.

2580. ئۆرۈلگەن قامچىنىڭ يارىسى ساقىيىدۇ، تېزلا پۈتۈپ كېتىدۇ،

تىل بىلەن سۆكسە، ئاغرىقى يىللار بويى قالىدۇ.»

2581. ئەگەر بەگلەر جەڭگە ياكى قوش (ئوۋ)غا،
چەۋگەن ئويناشقا ياكى ئەلنى كۆرۈشكە ئاتلانغان بولسا،

2582. بۇ يەردە بەگنى بەكمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىش كېرەككى،
بارغان يېرىدە بىشىغا بىھۇدە پالاكەت كەلمىسۇن.

2583. ئەگەر بەگلەر پالاكەتكە، پىشكەللىككە ئۇچرايدۇ، دېيىلسە،
ئوۋدا، قوش سېلىشتا، سەپەر ئۈستىدە ئۇچرايدۇ.

2584. ئىشەنچسىزلەر بار بولسا، ئۇلارنى يىراقلاشتۇرۇش كېرەك،
گۇمانلىقلار بار بولسا، ئۇلاردىن ھوشيار بولۇش لازىم.

2585. ئىشەنچلىك توغرا، مېھرىبان ۋە سادىق كىشىلەر
بەگكە يېقىن يۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى قوغدىشى لازىم.

2586. قوشۇن قوماندانى مۇھاپىزەتچى سەپلىرىنى تۈزىدىكەن،
ئەپچىللەرنى توپلاپ، ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشى لازىم.

2587. كىچىك مەنسەپتىكىلەر چوڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرمەسلىكى،
يىراقتا، سىرتتا يۈرگۈچىلەر يېقىن يولىماسلىقى لازىم.

2588. (ھەركىمنىڭ) سارايدىكى ئورنى قانداق بولسا،
سەپەردىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي ئۇلۇغ.

2589. ئىشىك ئاغىسىنىڭ سادىقلىقى
مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي سېخىي ھۆكۈمدار.

2590. بىگىنىڭ نېنىنى يەپ، ئىشىنى ئىشلەيدىغان
ئىشىڭ ئاغىسى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

* * *

2591. بۇلارنى مەن سۆزلىدىم، ئەلىگ ئاڭلىدى،
ئەگەر كامىل كىشىنى تاللىساڭ، بىلىمنى ئىشقا سال.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2592. ئەلىگ ئېيتتى: بۇنى ئېنىق ئۇقتۇم،
ماڭا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر سۆزنى ئېيتىپ بەر.

2593. شۈبھىسىز بىلىسەنكى، جاھان بەگلىرى
ئەلدىن – ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ.

2594. ماڭا بىر مۇھىم سۆزنى ئېيتىپ، يەنە بىر بىلىم بەر،
(بەگ) بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىدىكەن،

2595. بەگلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەۋەتىش ئۈچۈن،
ئەلچى بولغۇچىنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟

## 33

### ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىش ئۈچۈن قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2596. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) ئەلىگ،
بۇ ئىشقا ناھايىتى (كۆپ) بىلىم ئىشلىتىش كېرەك.

2597. ئەلچى ھەممە كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇشى كېرەك،
بىلىملىك، ئىدراكلىق، ناھايىتى يۈرەكلىك بولۇشى كېرەك.

2598. خۇدانىڭ قۇللىرى ئىچىدە ئەڭ تاللانغىنى،
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى (ئۇنىڭ) ئەلچىلىرى ئىدى.

2599. ھەر تۈرلۈك ئىشلار ئەلچى بىلەن پۈتىدۇ،
كۆركەم ئىشلار ئەلچىلەر ۋاسىتىسى (بىلەن قولغا) كېلىدۇ.

2600. ئەلچى بەك ئىدراكلىق، ئېغىر - بېسىق بولۇشى،
بىلىملىك بولۇشى، سۆزگە تەبىر بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2601. يەنە سۆزنىڭ ئىچى، تېشىنى بىلىشى كېرەككى،
بۇنىڭ بىلەن زىممىسىگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇندىيالىسۇن.

* 2602. جاھان سورىغان، خەلققە باشچىلىق قىلغان بەگ
بىلىملىك ۋە ياخشى ئادەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2603. (ئەي) كۆپنىڭ ئىچىدىن تاللانغان كىشى، ئەقىللىقنى بىل،
بىلىملىكلەرنى خەلقنىڭ چوڭى قىل.

2604. قايسى ئىشتا ئىدراكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا،
شۇ ئىش بىر باشقا چىقىدۇ، (بۇنى) كۆپ سىنىدىم.

2605. دانا قايسى ئىشقا بىلىم ئىشلەتسە،
شۇ ئىشقا ئېرىشىدۇ، (نەتىجىنى) قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

2606. ئىدراك ئىشقا سېلىنسا، بىلىم باشچىلىق قىلسا،
كىشى قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئۆگۈشلۈك بولىدۇ.

2607. (ئەلچى) كۆزى ـ كۆڭلى توق، سادىق بولۇشى،
ئىش ـ ھەرىكىتى ئىشەنچلىك، دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشى لازىم.

2608. سادىق خىزمەتچى بەگنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ،
بەگنىڭ پايدىسىنى تىلىگۈچى بېگىنى چىن (كۆڭۈلدىن) سۆيىدۇ.

2609. بېگىگە نەپ بېرىدىغان، سادىق (كىشىنى) بىل،
سادىق (كىشىگە) ئېرىشسەڭ، ئۇنى ئۆز باغرىڭ دەپ ھېسابلا.

2610. سادىق خىزمەتچى جان ـ جىگەرگە ئوخشايدۇ، (بەلكى)
جان ـ جىگەردىنمۇ يېقىنراق، يۈرەك قېنىغا ئوخشايدۇ.

2611. ئاچ كۆز ئادەم ئۆزىگە ھاكىم بولالمايدۇ،
ئاچ كۆز كىشىلەر ئەلچىلىككە يارىمايدۇ.

2612. كۆزى توق ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، باي ھېسابلىنىدۇ،
چىداملىق (قانائەتچان) كىشى ھەممە ئىشقا قادىر بولىدۇ.

2613. ئاچ كۆز ئادەم تەمەخور كېلىدۇ، تەمەخورلۇق— يامان (ئادەت)،
تەمەخور ئادەملەرنىڭ نامى — تىلەمچى.

2614. كۆزى توق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
كۆزى توق كىشىلەر ئەڭ باي كىشىلەردۇر.

2615. ئاچ كۆزلۈك كىمنى كەمبەغەل قىلغان بولسا،
بۇ دۇنيانىڭ بارلىق نېمىتى ئۇنى بېيىتالمايدۇ.

2616. كىمنى تەمەخورلۇق قۇل قىلىۋالغان بولسا،
ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئازاد بولىدۇ.

* 2617. ئاچ كۆزلەرگە پەند — نەسىھەت قىلغۇچى ۋە
بىلىم بەرگۈچى (كىشى) تېخىمۇ ياخشى ئېيتقان:

2618. ئېنىقكى، تولۇق باي بولاي دېسەڭ،
ئەي مەرد، شەۋكەتلىك، كۆڭۈل بايلىقىنى تىلىگىن.

2619. كۆزى توق قانچىلىك قۇل بولغان ھالەتتىمۇ بەگدۇر،
ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر.

2620. قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا، ئۇ گاداي — كەمبەغەلدۇر،
قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا، ئۇ بەگدۇر، كۆڭلى بايدۇر.

2621. (ئەلپى) ھايالىق، ئېغىر — بېسىق ھەم خۇش پېئىل بولۇشى كېرەك،

خۇش پېئىللىق بىلەن تۇرلۇك بىلىملەرنى بىلىشى كېرەك.

2622. هايا بولمىسا، ئادەم قوپال، پەس بولىدۇ،
كىشىلەر هايا بىلەن ئىشەنچلىك (هەرىكەت) قىلالايدۇ.

2623. ئېغىر – بېسىق ئادەم مۇلايىم دەپ ئاتىلىدۇ،
خۇش پېئىل، سىلىق بولسا، سۆيگۈگە سازاۋەر بولىدۇ.

2624. ئادەمدە زېرەكلىك بىلەن بىلىممۇ بولسا،
شۇ بىلىم (بىلەن) ھەممە ئىشقا قول ئۇزىتالايدۇ.

2625. بۇ بېيىتنى ئۇقۇغىن (ۋە) نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا:
(ئىشنى) بىلىم بىلەن باشلا، (بىلىمنى) ئۆزۈڭگە ھەمراھ
قىل.

2626. "(ھەر) ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل،
كۆڭۈلۈڭ قۇتلۇق، يىللىرىڭ سائادەتلىك بولسۇن.

2627. زېرەكلىك بىلەن كىشى تىلىكىگە يېتىدۇ،
(ئالدى بىلەن) بىلىم ئۆگەن، ئەقىل تاپ، ئاندىن ئىشقا
كىرىشكىن."

2628. (ئەلچى) زېرەكلىك بىلەن تۈرلۈك يېزىقلارنى بىلسۇن،
يېزىق بىلسە كىشى ئاندىن چېچەن بولىدۇ.

2629. يازالىسا، ئوقۇيالىسا، سۆزنى چۈشەنسە،
كىشى ئاندىن ئۆزىنى ئالىم قىلالايدۇ.

.2630 (ئەلچى) ھەر خىل ھۈنەر ــ پەزىلەتلەرنى تولۇق بىلسە،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن كىشى يۈزىنى يورۇق قىلالايدۇ.

.2631 (ئەلچى) كىتابلارنى ئوقۇپ، سۆزلەرنى چۈشىنەلىسۇن،
شېئىرلارنى ئوقۇسۇن ۋە ئۆزىمۇ شېئىر يازسۇن.

.2632 نۇجۇم ئىلمىنى[1]، تىب ئىلمىنى بىلسۇن، چۈش ئۆرۈيەلىسۇن،
چۈش ئۇنىڭ ئۆرۈگىنىدەك بولسۇن.

.2633 ھېساب ۋە ھەندەسەنىمۇ[2] بىلسۇن،
ئەدەد جەززەنى[3] ۋە مەيدان ئۆلچەشنى بىلسۇن.

.2634 يەنە دامكا ــ شاھمات ئويناشنى ياخشى بىلسۇن،
رەقىبلىرى ئۇنىڭدىن راسا مات بولسۇن.

.2635 چەۋگەن ئويۇنىدا ماھىر بولسۇن، ئوقمۇ ئاتالىسۇن،
قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا بولسۇن.

.2636 ھەر خىل تىللارنى بىلسۇن، سۆزلىيەلىسۇن،
ھەر خىل خەتلەرنى بىلىپ، يازالىسۇن.

.2637 ئەنە شۇ بارچە بىلىم ــ پەزىلەتلەرنى بىلگەندىلا،
بۇنداق ئەلچى تىلەككە لايىق بولىدۇ.

.2638 ئەلچى زىرەك، دانا ۋە ھوشيار بولسا،

---

① نۇجۇم ئىلمى ــ ئاسترونومىيە.
② ھەندەسە ــ گېئومېتىرىيە.
③ ئەدەد جەززە ــ يىلتىز تېپىش (ئالگېبرادا).

ھەممە يەردە بەگكە پايدىلىق بولىدۇ، رەك، زىننەت بېرەلەيدۇ.

2639. ئەلچى يامان، يارىماس، بوش بىر ئادەم بولسا،
شۇبھىسىزكى، ئۇ (بارغان) يەردە بەگنىڭ ئېتىبارى قالمايدۇ.

2640. ئەلچى (بولۇپ) بارغۇچى كىشى بەك ياخشى بولۇشى،
ھەر تۈرلۈك ئىشتا يۈرەكلىك ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

2641. ئۇنىڭغا نەچچە تۈرلۈك ھۈنەر ئىشلەتسىمۇ،
(رەقىبلىرىنى) ئۇتۇپ، ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2642. قانداقلا بىر كىشى (ئۇنىڭغا) سۆزلىسە،
چۈشىنىپ بىلىشى، (لېكىن) مەخپىي تۇتۇشى لازىم.

2643. ئەلچى ھەر خىل ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى بىلسە،
بېگىنىڭ نامى يۈكسىلىدۇ، ئەلدە ئۇلۇغ (بولىدۇ)،

2644. بۇ ئىشلارنى بىلىدىغان مويسىپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ ئەقلى يوق.

2645. كىمنىڭ ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولسا، ئۇنىڭ نامى چىقىدۇ،
ئەگەر ھۈنەر ـ پەزىلىتى بولمىسا، نامسىز قېرىيدۇ.

2646. كىشى پەزىلىتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ،
ھۈنەر ـ پەزىلىتى كۆپ بولسا، كىشى ئۇچقاندەك يۈكسىلىدۇ.

2647. كىشى پەزىلىتى بىلەن قولىنى ئۇزارتسا،
ئېگىز تاغنىڭ بېشىنى ئېگىپ، يەرگە ئېگىشتۇرىدۇ.

2648. (ئەلچى) سۆز چۈشىنىدىغان، ھازىر جاۋاب بولۇشى كېرەككى،
سورالغان سۆزگە توغرا جاۋاب بېرەلىسۇن.

2649. (ئەلچى) مەي ئىچمەسلىكى، ئۆزىنى ئوبدان تۇتالىشى كېرەك،
ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ.

2650. بىلىملىك مەي ئىچسە بىلىمسىز بولىدۇ،
بىلىمسىز مەست بولسا، ئۇنىڭ نېمىسى قالىدۇ؟

2651. مەي بىلىمگە، ئەقىلگە دۈشمەندۇر،
مەينىڭ نامى، ھەقىقەتەن، جاڭجال - غوۋغادۇر.

2652. قانچىلىك بىلىملىك، ئىدراكلىق ئادەم بولمىسۇن،
ئىچىملىككە بېرىلىدىكەن، ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ.

2653. قانچىلىك ھايالىق، سىلىق، قىلىقلىرى ئۆز كىشى بولمىسۇن،
مەي ئىچىدىكەن، بارلىق قوپاللىقلارنى قىلىدۇ.

2654. ئەپسۇسكى، (كىشىلەر) ھايا، ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىمنى
ئاشۇ ناپاك ئىچىملىككە بېرىۋېتىدۇ، ئەي گۈزەل.

2655. مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كىشىنىڭ بەختى كېتىدۇ،
مەي ئىچكۈچىنىڭ نامى ساراڭ - تەلۋە بولىدۇ.

2656. قېرىنىغا ئىچىملىك كىرسە، سۆزنى (سىرتقا) چىقىرىدۇ،
چىققان سۆز يېنىپ كېلىپ، ئۆزۈڭنى ئۆرتەيدۇ.

2657. بۇ بېيىت ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،

ئۇقۇغىن، ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشى ئېچىلىدۇ:

2658. "ئەگەر مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى ئىچىدىكەنسەن،
كۆڭۈل سىرىڭنى ئاچىتىڭ ۋە ئىچىڭدىكىنى (سىرتقا) چىقاردىڭ.

2659. بىلىملىك مەي ئىچسە بىلىمسىز بولىدۇ،
بىلىمسىز مەي ئىچسە گۆدەك بالىغا ئايلىنىدۇ."

2660. (ئەلچى) تىلى ئۈز، دىلى ئۇچۇق بولۇشى كېرەك،
سۆزى ئۈز ھەم بەك ئەقىللىق بولۇشى كېرەك.

2661. تىلى ئۈز كىشى سىڭىشلىق بولىدۇ،
سۆزى ئۈز كىشىنىڭ ئىشمۇ يارامىلىق بولىدۇ.

2662. ئۇ، ئەس ـ ھوشلۇق بولۇشى، سۆزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى،
قانداق سۆزنى ئاڭلىسا، ئۇنى چىڭ ساقلىشى كېرەك.

2663. ھۆسن ـ چىرايى كۆركەم، قامەتلىك بولۇشى،
چاچ ـ ساقىلى ياسالغان، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇشى
كېرەك.

2664. ئۈزى مەردانە (ۋە) غەيرىتى چوڭ بولۇشى كېرەك،
كىشىنىڭ قىممىتى شۇ ئىككى نەرسە بىلەن بولىدۇ.

2665. سۆزى يۇمشاق، شېكەردەك شېرىن بولسا،
شېرىن سۆزگە چوڭمۇ، كىچىكمۇ يۇمشايدۇ.

2666. قارا، ئەلچىنىڭ ھەممە ئىشى سۆز بىلەن بولىدۇ،

سۆزى ياخشى بولسا تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

2667. دۆلەتمەن ئەلىگ مۇشۇنداق بىر ئادەمگە ئېرىشسە،
ئۇنىڭغا ئەلچى دېگەن نامنى بەرسە بولىدۇ.

2668. يىراق ـ يات، چەت (يەرلەر)گىمۇ، ياكى ئۆز ئىچىگىمۇ
ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتسە بولىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2669. ئەلىگ ئېيتتى، بۇنى ئاڭلىدىم ۋە چۈشەندىم،
يەنە بىر سوئالىم بار، ئۇنى ئېيتىپ بەرگىن.

2670. سەن مەندىن يەنە بىر سۆزنى ئايىما،
مەن ساڭا سۆزۈڭنىڭ ھەققىنى ئۆتەي.

2671. ئەي زىرەك، بەگ ئىشىنىپ، خەتلىرىنى يازدۇرۇش ئۈچۈن،
پۈتۈكچى ـ كاتىپ قانداق بولۇشى كېرەك؟

## 34

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2672. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە چۈشىنىپ يەتكەي!

2673. ئۆگدۈلمىش مۇراجىئەت قىلىپ دېدى: ئەي بەگ،
بۇ سۆزنى كۆڭۈلدىكىدەك يېشىپ بېرەي.

2674. بەگلەرنىڭ ئۆزى قانچىلىك بىلىملەرنى بىلمىسۇن،
سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن يەنىلا پۈتۈكچى كېرەك.

2675. پۈتۈكچىگە كۆڭۈلدىكى سۆزنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ،
پۈتۈكچى مەيلى ئاز، ياكى كۆپ بولسۇن بۇ سۆزلەرنى مەخپىي
تۇتۇشى لازىم.

2676. بۇ سىرلارنى مەخپىي تۇتقۇچى ئىشەنچلىك، دۇرۇس بولۇشى لازىم،
ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن دىنى كامىل بولۇشى كېرەك.

2677. ئەگەر پۈتۈكچى سۆزنى (مەخپىي) تۇتمىسا،
بەگنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ، ئۆزىنى ئۆرتەيدۇ.

2678. بەگلەر سۆزلىرىنى قانچىلىك يوشۇرسىمۇ،

مۇنۇ ئىككى كىشىگە ھامان سۆزلىشى كېرەك:

2679. بىرى پۈتۈكچى، بىرى ۋەزىر،
ئۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئېچىشقا تېگىشلىكتۇر.

2680. بۇ ئىككى كىشىگە سۆز ئېچىش كېرەك،
سۆز ئاچقاندا (ئۇلارنىڭ) نېزىقاشلىرىنى كۆتۈرۈش كېرەك.

2681. بارچە (مەخپىي) سۆز شۇ ئىككى كىشىدە بولىدۇ،
(ئۇلار) سۆزنى (مەخپىي) تۇتمىسا، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بۇزغان بولىدۇ.

2682. ئۆتۈكەن بېگى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
ئۇ تىلى ئارقىلىق سۆزنىڭ ياخشىسىنى ساڭا قالدۇرغان:

2683. ئەي بەگلەرنىڭ ئىشەنچى، سۆزۈڭنى ناھايىتى مەخپىي تۇت،
سۆزۈڭنى مەخپىي تۇتمىساڭ، تېزلا بېشىڭ كېتىدۇ.

2684. بۇ ئاغزىڭ مىسالى ئۆڭكۈرگە ئوخشاشتۇر،
سۆزۈڭ ئۇنىڭدىن چىقسا، سەھەر شاملىدەك (تېز) تارايدۇ.

2685. (سۆز) دۇنياغا تارالسا، يىغىۋالغىلى بولمايدۇ،
ئۇنى ھەممە خەلق ئاڭلايدۇ، توسىۋالغىلى بولمايدۇ.

2686. ئېغىزدىن بەزىدە ئوت، بەزىدە سۇ چىقىدۇ،
(بۇلارنىڭ) بىرى تۈزەيدۇ، بىرى بۇزىدۇ.

2687. كېرەكسىز سۆزۈڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ،

ئۇنى ئېغىزدىن ھەرگىز چىقارما، ئۆزۈڭ كۆيسەن.

2688. ئېغىزدىن چىققان ياخشى سۆز ئاقار سۇغا ئوخشايدۇ،
ئۇ قاياققا ئاقسا، شۇ يەردىن گۈل - چېچەك ئېچىلىدۇ.

2689. ئەي مەرد ئاتالغان بىلىملىك دانا،
كۆڭۈل سىرىنى ناھايىتى چىڭ ساقلا!

2690. بۇ بېيىتنى ئوقۇ ۋە نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي كۆڭلۈمنىڭ توقى، كۆڭۈل سىرىڭنى يوشۇرۇن تۇت:

2691. "كۆڭۈل سىرىڭنى چىڭ تۇت، ئۇنى سۆزلىمە،
ئەگەر سۆزلىسەڭ، يىللار بويى پۇشايمەن يەيسەن.

2692. قىزىل تىل قارا باشنىڭ يامان دۈشمىنى،
بۇ يامان دۈشمەننى باغلا، ھۇزۇر ئىچىدە ياشا."

2693. پۈتۈكچى ئىدراكلىق، بىلىملىك بولۇشى كېرەك،
خېتى ئۈز، سۆز ماھارىتى ئېخىمۇ ياخشىراق بولۇشى كېرەك.

2694. پۈتۈكتە خەت ئۈز بولسا، كۆڭۈل ئېچىلىدۇ،
ئۇنىڭغا قاراپ كىشىنىڭ ئوقۇغۇسى كېلىدۇ، كۆڭۈل ئاۋۇنىدۇ.

2695. ئەگەر خەت سۆز ماھارىتى بىلەن بىرلەشسە،
بۇ — خەت ۋە تىلنىڭ ياخشى ئىپادىسى بولىدۇ.

2696. ئېلىنىڭ ھېكمەتلىك (پۈتۈكچىسى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆز پۈتۈش قائىدىسى بەك ياخشى قائىدىدۇر.

2697. كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە يېزىلىدۇ،
پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلەر ئۇنتۇلمايدۇ.

2698. پۈتۈكچىلەر پۈتۈك يازمىغان بولسا ئىدى،
بۇ ھېكمەت، بىلىملەرنى قانداق بىلگەن بولاتتىڭ؟

2699. ئالىم ۋە دانالار پۈتۈك يېزىپ قويمىغان بولسا ئىدى،
بىزگە ئۆتكەن (ئىشلار)نى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى؟

2700. كىشىلەر ئارىسىدا يېزىق بولمىغان بولسا،
ئېغىزدا سۆزلىگەنگە كىممۇ ئىشىنەتتى؟

2701. كىشىلەر ئەلدىن – ئەلگە سۆز – خەۋەر ئەۋەتىدۇ،
يېزىق بولمىسا، سۆزنى قانداق ئۇقتۇراتتى؟

2702. يېزىق ناھايىتى كېرەكلىك بىرنەرسىدۇر،
بەگلەر ئەل ئىشىنى يېزىق بىلەن بېجىرىدۇ.

2703. بەگلەرنىڭ ئىشىغا پايدىسى تېگىدىغان كىشى
ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئەي ھۆكۈمدار:

2704. بىرى – بىلىملىك ۋە ئىدراكلىق دانالار،
يەنە بىرى – سۆزلىگەننى (يازغۇچى) پۈتۈكچى.

2705. ئۈچىنچىسى – جەسۇر، مەرد ۋە يۈرەكلىك يىگىتلەركى،
دۈشمەنگە ۋە بۆرىگە بۇنداق باتۇرلار لازىم بولىدۇ.

2706. ئىدراكلىق، بىلىملىك ۋە ئەقىللىق دانالار

كىچىككىنە پايدىلىق بولىدۇ، بۇنىڭدا سۆز يوق.

2707. ئەل ئىشىنىڭ ھەممىسىنى تۈزىگەن پۈتۈكتۇر،
زېرەك كىشىلەر ئەل دارامىتىنى يېزىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

2708. مەرد باتۇرلار قىلىچ ئېلىپ ئۇنى ئىشقا سالسا،
دۈشمەننىڭ بويىنىنى يانجىپ، چەيلەيدۇ.

2709. بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى قەيەردە جەم بولسا،
كىشى تىلىكىگە ئېرىشىدۇ (ۋە) ھەممە ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

2710. بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن گۇرۇھ ــ قاتلاملارنىڭ ھەممىسى
بۇ ئۈچىگە ئەگىشىپ بارغۇچى بوتىلاقتۇر.

2711. ئەگەر ئەل ئېلىنسا، قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ،
ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

2712. (كىشى) بىلىمى ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئەلنى تۈزەيدۇ،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن كىشى دۇنيانى تىنچلاندۇرىدۇ.

2713. بەگ بىلىم بىلەن ئەلنى باشلاپ، قانۇن يۈرگۈزىدۇ،
بارلىق ئىشلارنى ئىدراك بىلەن ئىشلەيدۇ.

2714. قىلىچ ئەل تۇتىدۇ ھەم خەلقنى قولغا كەلتۈرىدۇ،
قەلەم ئەل تۈزەيدۇ ھەم خەزىنە توپلايدۇ.

2715. قىلىچ قان تامغۇزسا، بەگ ئەل ئالىدۇ،
قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن كېلىدۇ.

* 2716. مەيلى ئۆتكەن ئىشلاردا بولسۇن، ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن،
بۇ دۇنيانىڭ تاياnچىسى مۇشۇ ئىككى نەرسىدۇر.

2717. ئەي بەگ، بۇ ئىككى (نەرسە) چوڭ پەزىلەتتۇر،
ئەل سورىغۇچى دانا بەگلەر بۇ يولنى تۇتۇشى كېرەك.

2718. بۇنىڭغا تەقلىدەن بۇ سۆز كەلدىكى،
ئەي ياخشى كىشى، بۇنى سەن ئاڭلىغىن:

2719. "كىشىنىڭ بىلىم بىلىشى بەك ياخشى پەزىلەتتۇر،
ئۇ قىلىچ ئۇرالىسا، بۇ تېخىمۇ ئارتۇق خىسلەتتۇر.

2720. كۆپلىگەن ياخشى ئەللەر قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ،
قەلەم بىلەن تۈزۈلۈپ تىلەك - ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ."

2721. (پۇتۇكچى) كۆزى توق بولۇشى، تەمەخور بولماسلىقى،
سەممىي - سادىق، توغرا، موھتاجسىز بولۇشى كېرەك.

2722. كۆزى توق كىشى مال - دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ،
كىشى مال - دۇنيا بىلەن (ئالدىماقچى) بولسا ئالدانمايدۇ.

2723. ئادەم تەمەخور بولسا، (نەپسىگە) قۇل بولىدۇ،
سەن ئۇنى كەچۈرگىن، ئەي تولۇن يۈزلۈكۈم.

2724. تەمەخور ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ، ئۇ قۇلدۇر،
تەمەخور دائىم كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر.

2725. پۈتۈكچى ئاچ كۆز بولسا بىلىمنى بۇزىدۇ،

ئەمە بىلەن (كىتاب) يېزىپ، پۈتۈكنى بۈزىدۇ.

2726. ئالتۇن – كۈمۈش كۆرسە ئۇنىڭغا ئالدىنىدۇ،
يا ئىككىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ياكى (ئۆز) بېشىنى يوقىتىدۇ.

2727. سادىق خىزمەتچى بوسۇغىنى ياستۇق قىلىپ ياتىدۇ،
خالىغان چاغدا، دائىم ئىشىكتە تۇرىدۇ.

2728. سادىق خىزمەتچى بەگنىڭ پايدىسىنى تىلەيدۇ،
تېنى، جېنى ۋە ماللىرىنى بەگكە بېغىشلايدۇ.

2729. (پۈتۈكچى) ئىچىملىك ئىچمەسلىكى، قىلىقلىرى پاك بولۇشى،
يارىماس قىلىقلاردىن ئۆزىنى تامامەن يىراق تۇتۇشى لازىم.

2730. پۈتۈكچى مەي ئىچسە بىلىمدىن تازىدۇ،
بىلىمدىن تېزىپ كەتسە، خەتتىن ئازىدۇ.

2731. پۈتۈكچى ئەتىدىن – كەچكىچە ئىشىكتە تۇرۇشى كېرەك،
قاچان كېرەك بولسا، شۇ چاغدا (تەييار بولۇشى) لازىم.

2732. كىشىلەر ئىچىدىن بۇ ئىككى كىشىنى تاللاپ ئال،
ئاندىن ئۇلارغا شۇ ئىككى ئىشنى تاپشۇر:

2733. بىرى – خېتى ئېنىق بولغان پۈتۈكچى،
يەنە بىرى – مىزانلىق سۆزلەيدىغان ئەلچى.

2734. يېقىن دوستلار ياكى يىراق ياتلار ئارىسىدا
خاپىلىق يۈز بەرسە، بۇلاردىن كۆرگىن.

2735. ئىش چىقسا بۇ ئىككى كىشىدىن چىقىدۇ،
ئىشنى ئۇگشىسمۇ بۇ ئىككى كىشى ئۇگشايدۇ.

2636. بىرسى پۈتكە:دە سۆز خاتا بولسا،
بىرسى تىل بىلەن بۇ سۆزنى تۈزەتسۇن.

2737. ئەي ئەلىگ، پۈتۈكچى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك،
(ئاندىن) ئۇنىڭغا ئىشەنسە، قول بەرسە بولىدۇ.

2738. مۇشۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولىدۇ،
كىشىلىك تىلىسەڭ، شۇلاردىن كېلىدۇ.

* * *

2739. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇلار ئىدى،
بۇنى ئەلىگكە بايان قىلدىم، ئىشىم تۈگىدى.

## ئەلىگنىڭ ئۈگدۈلمىشكە سوئالى

2740. ئەلىگ ئېيتتى: بۇنىمۇ زېھىن بىلەن چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، بۈگۈن ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەر.

2741. ماڭا ئېيتقىن، خەزىنىچى قانداق بولۇشى كېرەك،
(قانداق خەزىنىچىگە) بەگلەر ئىشىنىپ ماللىرىنى تاپشۇرسا بولىدۇ؟

2742. (چۈنكى ئۇ) خەزىنىدىكى ئالتۇن — كۈمۈشلەرنى ساقلىشى،
ئېيتىلغان ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقىشى لازىم — دە.

# 35

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خەزىنىچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2743. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش سۆيۈملۈك نەرسە، جاننىڭ دەرماندۇر.

*2744. كۆڭۈلنى توختىتىپ، ئاندىن ئۇنى (ئىشقا) قويۇش ئۈچۈن
ناھايىتى چىن، ئىشەنچلىك، بەك توغرا بولۇشى كېرەك.

*2745. دۇنيانى كېزىپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان
سودىگەرلەر باشلىقى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2746. جان سۆيۈملۈك نەرسە، جاندىنمۇ ياخشىراقى
ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇ جاندىنمۇ بەكراق سۆيۈملۈكتۇر.

2747. كۈمۈش ئېچىلماس كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ،
كۈمۈش ئېگىلمەس كىشىنى (بوي) ئەگدۈرىدۇ.

2748. ئىنسان كۈمۈشنى كۆرۈپ (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل بەرمىسە،
ئۇنى چىن پەرىشتە دېسىمۇ بولىدۇ.

2749. ئالتۇننى كۆرۈش بىلەن جەسۇر ئەرمۇ بوشايدۇ،
قوپال سۆزلۈك كىشىنىڭ سۆزىمۇ يۇمشايدۇ.

* 2750. كۆندىن ـ كۆنگە دۆلىتى ئېشىش (ئۆچۈن)،
كۆزى توق، ئىش ـ ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.

2751. كۆپ مال ـ دۇنيانى كۆرۈپ كۆزى تويغان بولۇشى،
يەنە ئۆزى خۇدادىن قورقىدىغان بولۇشى كېرەك.

2752. ھالال بىلەن ھارامنى ئۇچۇق ئايرىيالىشى،
يارامسىز بىلەن يارامسىزنى پەرقلەندۈرۈپ بىلىشى كېرەك.

2753. كۆزى توق كىشىلەر مېلىگە نەزەر سالمايدۇ،
ئادىل ۋە توغرا ئادەملەر ئۆزىنىلا كۆزلىمەيدۇ.

2754. كىچىكىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش كۆرۈپ چوڭ بولسا،
ئۇنىڭ (مال ـ دۇنياغا) ئاچكۆزلۈكى كۆپ بولمايدۇ.

2755. ئەگەر ئۆزى خۇدادىن قورقسا،
بۇنداق كىشى، شۈبھىسىز، توغرىلىق يولىنى تۇتىدۇ.

2756. توغرىلىق بىر سەرمايە، بارچە ياخشىلىق پايدىدۇر،
بۇ پايدا بىلەن مەڭگۈ لەززەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2757. ئىنسان توغرا بولسا، كۆنى ياخشى ئۆتىدۇ،
كۆنى ياخشى ئۆتسە، بەخت ـ دۆلىتىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ.

2758. سادىق ـ سەممىي كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي جاھان ئېسىلى، بۇ سۆزگە ئەمەل قىل!

2759. "دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، ئىش ـ ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسۇن،
ئىشەنكى، مال ـ دۇنيا، دۆلەت ساڭا كېلىدۇ.

2760. توغرا بولساڭ، كۆڭلىرىڭ سائادەتلىك بولىدۇ،
خۇشاللىق ۋە بەخت بىلەن سالامەت ياشا."

2761. (خىزمەتچى) سادىق، سەگەك، ھوشيار، زېرەك بولۇشى كېرەك،
زېرەكلىك بىلەن كىشى مىڭ (خىل ئىشلارنى) قىلالايدۇ.

2762. ھايالىق ھەم ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇش كېرەك،
ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر، (ئۇنىڭدىن) ۋاز كەچكىن.

2763. ھايا يارىماس ئىشلارنى چەكلىگۈچىدۇر،
قىلىقى بۇزۇق كىشىنى تۈزەيدىغانمۇ ھايادۇر.

2764. (خەزىنىچى) مەي ئىچمەسلىكى ھەم ئۆزىنى تۇتقان بولۇشى كېرەك،
ئۆزىنى تۇتقۇچى ئەر بەخت تاپقۇچى بولىدۇ.

2765. مەي ئىچسە مال ـ دۇنياغا سېخىيلىق قىلىدۇ،
كىشىلەرگە مالنى ئۆلەشتۈرىدۇ، ھەققىنى ئالالمايدۇ.

2766. بۇ ئىشتا خەزىنىچى بېخىلراق (بولغىنى) ياخشى،
مال ـ دۇنيانى بېخىللىق بىلەن ساقلاش كېرەك.

2767. قارا، سادىق خىزمەتچى ۋاپادار بولىدۇ،
ۋاپادار خىزمەتچى بېگىنى باي قىلىدۇ.

2768. سادىق خىزمەتچى كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر،
سادىق خىزمەتچىنى چىڭ تۇت، ئەي ئېسىل كىشى.

2769. خەزىنىچى ھوشيار بولسا، ئىشلار بۇزۇلمايدۇ،
مالنى ھېسابلىق تۇتىدۇ ھەم ئۆزىنىمۇ ئۆرتىمەيدۇ.

2770. ئەقلى بولسا ئىنسان ئۇنتۇماس بولىدۇ،
ساناپ، ھېسابلىق ئىشلەيدۇ، يېگىلىشمايدۇ.

2771. دىققەت قىلساڭ، ئەقىلسىز كىشىلەر ئۇنتۇغاق كېلىدۇ،
ئەقىلسىز خەزىنىچى ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ.

2772. تۇرلۇك ھېسابنى قىلىشتا زېرەكلىك لازىم،
زېرەك بولمىسا ئىشنى قانداق ئېدىتلىق قىلالايدۇ؟

2773. تۇرلۇك خەتنى بىلىدىغان بىر (ئۆز) پۈتۈكچىمۇ كېرەك.
ھېسابنى خەت بىلەن خاتىرىلىسە، (ئەستە) قالىدۇ.

2774. پۈتۈكچى كىرىم ھەم چىقىمنى كۆزىتىشى لازىم،
ھەر تۇرلۇك ئىشنى يېزىپ ساقلىشى لازىم.

2775. يىل، ئاي، زامان خاتىرىلەنسە، كۆڭۈلەر بەلگىلىك،
ئوچۇق، ئېدىتلىق، سانلار ئېنىق بولىدۇ.

2776. ھېسابنىڭ ساقلىقى، ھەققەتەن يېزىق بىلەندۇر،
پۈتۈپ قويسا، ھېساب(نىڭ) ئىشكى، يولى ئېچىلىدۇ.

2777. سادىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

خىزمەتچىلەر ئىشنى ھېساب بىلەن چاڭ تۇتۇشى كېرەك.

2778. يېزىلمىغان ئىشنى كۆڭلىدە چاڭ ساقلىغىلى بولمايدۇ،
كۆڭۈلگە ئىشەنمە، ئەي ئوغۇل، يېزىپ قوي.

2779. يېزىپ قويسا، سۆز ساقلىنىدۇ، بىخۇد بولسا يوقىلىدۇ.
خىزمەتچى بىخۇد بولسا، ھېساب (بېرىشتە) زارلايدۇ.

2780. (خەزىنىچى) ھەر تۇرلۇك خەت، (ھېسابلارنى) بىلىدىغان بولسا،
ئۇنى ساق تۇتۇپ، ئاندىن ئىشلىرىنى قىلالايدۇ.

2781. قايسىبىر خىزمەتچى ھېسابتا بىخۇدلۇق قىلسا،
ھېساب بېرىشتە زارلاپ، بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

2782. (خەزىنىچى) قول ھېسابىنى تولۇق، يېتەرلىك بىلىشى،
ئەقلى ۋە ھوشىنى ھېسابتا پىشۇرۇشى لازىم.

2783. قول ھېسابىدا يېتىشكەن بولساڭ،
يەنە ھەندەسە ھېسابىنىمۇ ئىگىلىشىڭ كېرەك.

2784. دىققەت قىلىنسا، ھەندەسە ئىنچىكە ھېسابتۇر،
بۇنىڭ بىلەن يەر ـ ئاسماننىڭ ھېسابىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

2785. دانا ھەكىم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى غىزا دەپ يېيىش كېرەك.

2786. "ھەندەسە بەكمۇ چوڭقۇر ھېسابتۇر،
ئۇ (ھەتتا) ھەكىملەرنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ.

2787. ئۇ يەتتە قات ئاسماننى دانە ـ دانە قىلىپ ياردۇ،
يەر ۋە تۆپىلىكلەرنى تىلىمدەك ئايرىيدۇ.“

2788. (خەزىنىچى) ئىدراكلىق، خۇلق ـ مىجەزى توغرا بولۇشى لازىم.
ئىدراكلىق كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشى ئۈز بولىدۇ.

2789. بىلىملىك كىشىلەر دۇرۇس ۋە توغرا كېلىدۇ،
توغرا ئادەم قەيەردە بولسا كۆنى يورۇق بولىدۇ.

2790. ئىدراك بولمىسا، ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ،
بىلىم بولمىسا، ئادەم ئىشىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ.

2791. خەزىنىچىنىڭ ئىشى ساراي ئىچىدە بولىدۇ،
بۇ خىل كىشى ئۆزىنى بەك كۆزىتىشى كېرەك.

2792. دىلى بىلەن تىلىنى توغرا تۇتۇشى، ھەرىكەتلىرى ئىشەنچلىك
بولۇشى لازىمكى،
ئۇنىڭغا ئوت يالقۇنى ۋە تۈتۈنى تەگمىسۇن.

2793. كۆزىگە بەك ئېھتىيات قىلسۇن، تىلىنى چىڭ تۇتسۇن،
ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئىدراك بىلەن يۈگەنلىسۇن.

2794. كۆز كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ،
كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا ئۇنى كىم يىغالايدۇ؟

2795. يەتتە ئەزا ئىچىدە كۆڭۈل بەگدۇر،
بېگى باشلىسا خەلقى تامامەن (ئەگىشىپ) يۈگۈرىدۇ.

2796. بىلىملىك (كىشى) بۇ سۆزنى بەك ياخشى ئېيتقان،
ئەي يىگىت، كۆڭۈل ۋە كۆزۈڭگە ئېھتىيات بول:

2797. "ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە ئەگىشىدۇ،
ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئېغىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ.

2798. كۆڭۈل – تۈپىغۇسىز كىشى تامامەن بىر سۈرەت – بىزەكتۇر،
كۆڭۈل – تۈپىغۇسىز كىشى دانا دېگەن نامنى يوقىتىدۇ."

2799. (بۇ ئىشقا) قاتتىق قوللۇق، ساقلىق كېرەك، سېخىيلىقنىڭ هاجىتى يوق.
شۇندىلا، خەزىنە، مال – دۇنيا چېچىلىپ كەتمەيدۇ.

2800. سېخىيلىق بەك ياخشى، ئۇنى تاشلىماسلىق كېرەك،
(لېكىن) بىراۋنىڭ مېلى بىلەن سېخىي بولماسلىق كېرەك.

2801. تۇرلۇك سودىنى بىلىدىغان سودىگەر بولۇشى كېرەك،
سودىنى بىلمىسە، كىشى پايدا كەلتۇرەلمەيدۇ.

2802. هەر خىل مال – تاۋارلارنى تونۇيدىغان،
قىممىتى ۋە ئەرزىنىنى بىلەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

2803. (مالنىڭ) باها – قىممىتىنى بىلىشى ۋە ئالدانماسلىقى،
ئېلىپ – سېتىشتا مالنى ئوغرىلاتماسلىقى كېرەك.

2804. ئېلىم – بېرىمدە مۇلايىم بولۇشى،
چوڭ – كىچىككە شېرىن سۆز قىلىشى كېرەك.

2805. ئىمىنى ئۆتنە ئالسا، (ئۇنى) ۋاقتىدا قايتۇرسا،
ئۇنىڭمۇ سورىغان نەرسىسىنى دەرھال بېرىشىدۇ.

2806. سۆزىدە مۇلايىم، قىلىقلىرى توغرا بولسا،
زۆرۈر بولغان كۈنى ئۇنىڭغا مال ئۆكسىمەيدۇ.

2807. ئەگەر بەگلەر ئەسكەر - خىزمەتچىلەرگە ئىنئام قىلىدىغان بولسا،
ئۇنى چىرايىنى تۇرمەستىن بېرىشى كېرەك.

2808. ئىنئامنى تۇتۇپ قالسا، خىزمەتچى، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى سۇنىدۇ،
ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى سۇنسا، بەگ نامىغا داغ چۈشىدۇ.

2809. سېخىيلەر بېشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي پىقىر ئادەم، بۇنى ئېسىڭدە تۇت:

2810. كىم ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ئۆزىگە ئۆچ قىلىمەن دېسە،
ۋەدە قىلغان نەرسىسىنى بەرمىسىلا كۇپايە.

2811. ۋەدە قىلىپ بەرمەيدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلمىغۇلۇق،
ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئۇنى تۇتۇپ قالمىغۇلۇق.

2812. بەگلەر سۆزىدە تۇرمىسا، ئىشەنچ كۆتۈرۈلىدۇ،
ئىشەنچ يوقالسا، مالمۇ قولدىن كېتىدۇ.

2813. (خەزىنىچى) بەك ھوشيار، ئازمايدىغان بولۇشى كېرەك،
خىزمەتچى ئازغاق بولسا، ئىش سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

2814. بەگلەرگە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق خىزمەتچىلەر

مۇھتاجلىقتىن (بەگ) ئىشىكىگە كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ.

2815. خىزمەتچى قولى قىسقىلىقتىن ھاجەتمەن بولسا،
بېگى ئاڭلاپ ئېھسان قىلىش ھەققىدە يارلىق بېرىشى كېرەك.

2816. (خەزىنىچى) ئىشىنى ئۇزارتىپ (ئېھسان قىلىنغان) نەرسىنى بەرمىسە،
(نەتىجىدە) ھاجەتمەن خىزمەتچى يۈز ئۆرۈيدۇ.

2817. كېرەك پەيتىدە كىشى ئۆزى ھاجەت بولغان نەرسىگە ئېرىشسە،
ئۇ خەس بولسىمۇ، پىلگە تەڭ بىلىنىدۇ.

2818. مۇيسىپىت ساڭا نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىگە يارا، ئەي قەھرىمان:

2819. "(كىشى) ئىستىگەندە، تىلىگەن نەرسىگە ئېرىشسە،
ئۇنىڭ بەدىلىگە جېنىنىمۇ پىدا قىلىدۇ.

2820. كېرەك ۋاقتىدا بىر تال خەسمۇ پىلدەك بىلىنىدۇ،
بۇ تەقلىدنى ھەممە نەرسىگە ئوخشىتىش مۇمكىن."

2821. ئەلىك مۇشۇنداق بىر ئەقىللىق،
بىلىملىك، ھايالىق ۋە مۇلايىم كىشىگە ئېرىشسە،

2822. خەزىنىنى ۋە بايلىقنى شۇنىڭغا بەرسە بولىدۇ،
ئۇ ئىشەنچكە (ۋە) ھەق تۆلەشكە يارايدۇ.

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2823. ئەلىگ ئېيتتى: چۈشەندىم، كۆڭلۈمنى يورۇتتۇڭ،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن.

2824. ئېيتقىنچۇ، يېمەك ــ ئىچمەك، داستىخان باشقۇرىدىغان ئاشپەز
خادىملار ۋە ئاشپەز باشلىقى قانداق بولۇشى كېرەك؟

2825. (تاكى) بەگ ئۇنىڭ قولىدىن شۈبھىلەنمەي غىزا يېسۇن،
ئىشەنسۇن ۋە بېشىنى (ئامان) ساقلىسۇن.

* 2826. ئەي دانا، ئەگەر غىزا شۈبھىلىك ئادەم قولىدىن يېيىلسە
غىزالىنىش بەك خەۋپلىك بىر ئىشتۇر.

2827. ئەمدى ماڭا بۇنىمۇ سۆزلەپ بەرگىن،
بۇنىمۇ بىلىۋالاي، چۈشىنەي، ئەي مەرد قەھرىمان.

## 36

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگىگە ئاشپەز باشلىقى — داستىخان سالغۇچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2828. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بەردى ۋە شۇنداق دېدى:
ئەلىگ، بۇ ئىشقا ئىشەنچلىك، خۇش پېئىل كىشى كېرەك.

2829. كىشىلەرنىڭ سەرخىلى — چىن، توغرا كىشىنى تاللاپ ئېلىپ،
ئاش ـ سۇ ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش كېرەك.

2830. بۇ ئىشقا ناھايىتى چىن، ئىشەنچلىك كىشىنى تاپ،
(ئۇ) سەممىي، ئىشچان، ئۇيانتى بىلىدىغان بولسۇن.

2831. سادىق خىزمەتچى، ئىشەنچلىك، چىن كىشى
بېگىگە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، جان ـ تېنىنى بېغىشلايدۇ.

2832. بەگكە بارچە خەتەر گالدىن كېلىدۇ،
ئاشپەز قىلىدىغىنىنى قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا كىم ئارا تۇرالايدۇ؟

2833. بەگلەر ھەرقانداق يەردە ئۆزىنى كۆزىتىشى كېرەك،
(بولۇپمۇ) يېمەك ـ ئىچمەكتە ئېھتىيات كۆزىنى ئېچىشى لازىم.

2834. خەلقنى باشلىغۇچى كىشىنىڭ مىڭلاپ دۈشمىنى بولىدۇ،
كىمنىڭ دۈشمىنى بولسا، (ئۇنىڭغا) تۇزاق قۇرۇلغاندۇر.

2835. بۇ كىشى (ئاشپەز) ئىشەنچلىك، چىن ـ ھەققانىي بولمىسا،
يېمەك ـ ئىچمەكتە بەگلەرنىڭ ئىشى خەتەرلىك بولىدۇ.

2836. بۇنىڭغا پىشقەدەم، كونا بىر خىزمەتچى كېرەك،
(بەگكە) كۆيۈنۈپ، تامىقىنى لەززەتلىك قىلىپ، ۋاقتىدا بەرسۇن.

2837. (كۆرسەتكەن) خىزمەتلىرى، (سىڭدۈرگەن) ئەمگىكى كۆپ بولسا،
بەگ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، كۆيۈنسە بولىدۇ.

* 2838. كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ۋە (ئۆزىگە) مۇناسىپ
ئەقىل ئالامىتى بولغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2839. قايسى نەرسىگە كۆپرەك ئەمگەك سىڭدۈرگەن بولسا،
شۇ نەرسە ھەممىدىن ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ.

2840. ئادەم ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغان بولسا،
شۇ نەرسە ئەزىز جاندىن قەدىرلىك بولىدۇ.

2841. ئەمگەككە بېرىلمىگەن ئۆمۈرگە ئىست (دە)!
ھايات ئۈچۈن ئەپسۇسلانما، ئەمگەك ئۈچۈن ئەپسۇسلان.

2842. ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ، كىشى ئېچىنىپ ئېغىز ئاچمايدۇ،
(لېكىن) ئەمگەك زايە بولۇپ كەتسە، بۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئېچىنىدۇ.

2843. (ئاشپەز) ناھايىتى كۆزى توق، كۆڭلى باي بولۇشى لازىم.
پاكىز ۋە ھۆسن ـ چىرايى ئايدەك (كۆركەم) بولۇشى كېرەك.

2844. دىن، شەرىئەتنى بىلىدىغان، تەقۋادار بولۇشى كېرەك،
ئاشۇنداق كىشىدىن توغرىلىق كېلىدۇ.

2845. بەگلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۆزى تازا بولىدۇ،
يېمەك پاكىز بولمىسا، قانداق يېگىلى بولىدۇ، قوزام؟

2846. ئاشپەز پاكىز بولسا، پاكىز تاماق بېرىدۇ،
غىزا — تاماق پاكىز بولسا، (كىشى) سۆيۈنۈپ يەيدۇ.

2847. كۆزى ئاچ كىشى تاماققا ئاچلىق قىلىدۇ،
ئاشقا قول تەگكۈزۈپ، ئاشنى بۇلغايدۇ.

2848. كۆزى ئاچ كىشىنىڭ قىلىقلىرى سەت بولىدۇ،
قىلىق سەتلىكى — كىشى ئۈچۈن تەگدىشى يوق كېسەلدۇر.

2849. قانچىلىك ئىشەنچلىك، چىن ۋە توغرا ئادەم بولسۇن،
ئۇنىڭدىنمۇ چىن، ئىشەنچلىكى — ئۆزۈڭ، بۇنى بىل.

2850. چىن، پۇختا كىشىلەرگە ئىشەنچ قىلغۇلۇق،
بىراق (كىشى) ئۆزىگە ئېھتىياتتا بولۇپ، بېشىنى كۆزەتكۈلۈك.

2851. بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئۇنتۇما، ئەي ياخشى كىشى:

2852. "ھەممىگە ئىشەنگىن، (لېكىن) ئۆزۈڭنى كۆزەتكىن،
ئۆز كۆزۈڭلا ئۆزۈڭگە سادىق بولالايدۇ.

2853. ھەممە ئەزىزلەردىن ئەزىزراقى سېنىڭ جېنىڭدۇر،

ئەزىز جېنىڭنى ئاسرىغىن، سۆزۈڭنى ئوزارتما.»

2854. ئاشپەزنىڭ چىراي ـ شەكلى كۆركەم، قىلىقلىرى ئوز بولۇشى، چاچ ـ ساقىلى قىرىلغان، قامەتلىك، دىلى بىلەن تىلى بىردەك بولۇشى كېرەك.

2855. كۆركەم كىشىلەر كۆزگە پاكىز كۆرۈنىدۇ،
غىزا ـ تاماق پاكىز بولمىسا، بوغۇزغا تۇرۇپ قالىدۇ.

2856. بىر خۇدا پاك ـ پاكىزلىقنى سۆيىدۇ،
پاكىزلىق بىلەن كىشى ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ.

2857. پاكىزلىقنى ھەممە كىشى ئارزۇ قىلىدۇ،
ئاش پاكىز بولسا كىشى ئۇنى ئارزۇلاپ يەيدۇ.

2858. ناپاك كىشىنى تاماقتىن يىراق تۇتقۇلۇق،
ناپاك كىشىنىڭ ئىشىمۇ ناپاك بولىدۇ.

2859. (ئاشپەز) توغرا، دۇرۇس، قىلىقى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك،
توغرا بولمىغان كىشى خۇي ـ پەيلىنى تۈزىتەلمەيدۇ.

2860. ئەگەر ئاشپەز باشلىقى ئەگرى بولسا،
ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ھەممىسى ئەگرى بولىدۇ.

2861. بوشاڭ ئادەملەر، يېمەك ئوغرىلىرى ئاشخانىغا توپلانسا،
بەگ داستىخىنىنىڭ قانداقمۇ كۆركى بولسۇن؟!

2862. كىشى توغرىلىق (بىلەن) ياخشى ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

شۇنداق بولغاندىلا، ئارزۇ قىلغان سۆيۈنچىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2863. قىلىقى توغرا كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
قىلىقى توغرا بولسا، دۇنيا (نېمەتلىرىگە) ئىگە بولالايدۇ.

2864. توغرا (ئادەم) قەيەردە بولسا، كۆڭلى قۇتلۇق بولىدۇ،
كىشى توغرا ھەرىكەت قىلسا، كۆڭلى قاراڭغۇلاشمايدۇ.

2865. خىيانەتچى قەيەرگە قەدەم قويسا،
پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىراققا قاچىدۇ.

2866. خىيانەتچى كىشى قەيەرگە قول ئۇزارتسا،
دېڭىز بولسىمۇ سوغۇلىدۇ، يەرلەر قۇرۇيدۇ.

2867. (ئاشپەز باشلىقى) بەگنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان،
سادىق بولۇشى، ھايالىق، (ئۆزىنى) يىغالايدىغان بولۇشى كېرەك.

2868. ئىدراكلىق ھەم بىلىملىك بولۇشى،
تاماق ۋاقتى بولغاندا چەبدەس بولۇشى كېرەك.

2869. قائىدە - يوسۇن بويىچە ھەرىكەت ۋە خىزمەت قىلىشى،
كىرىش - چىقىشتا ئۆزىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

2870. ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى كۆزىتىشى،
بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، كۆزىنى تىيىشى كېرەك.

2871. بەگنىڭ ياخشى نامىنى تىلەپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى كېرەككى،
بۇ ياخشى نام بىلەن ئۇنىڭ نامىمۇ مەڭگۈ بولۇپ قالسۇن.

2872. ئىدراكلىق كىشلەر ياخشى نام تىلەيدۇ،
بىلىملىك كىشلەر ئىشەنچلىك بولىدۇ.

2873. ئىدراكلىق كىشلەردىن كىشىلىك كېلىدۇ،
بىلىملىك كىشلەر ئادەمنىڭ ئادەمىدۇر.

2874. ئىدراكلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىدراكلىق كىشى ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدۇر.

2875. "ئەقىل ـ ئىدراكلىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلىدۇر،
ئۇ باشقىلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

2876. ناپاك، بىۋاپا، قىلىقلىرى پەس (ئادەم)
ۋەدە قىلسىمۇ، سۆزىدە تۇرمايدۇ."

* * *

2877. ئەي ئەلىگ، مانا ھەممىنى سۆزلىدىم،
ئاشپەز باشلىقى ئەنە شۇنداق بولسا بولىدۇ.

2878. داستىخانغا چۇشۇپ، تاۋاقلارنى قويغاندا،
بەگ ئۇنىڭدىن شۇبھىلەنمەي غىزالىنالايدۇ.

* * *

2879. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
كۆڭلۈمدە بارىنى ئەمدى ئېيتىپ بەردىم.

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2880. ئەلىگ ئېيتتى: بۇنى ئاڭلىدىم ۋە چۈشەندىم،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگىن.

2881. ماڭا ئەمدى باش ئىدىشچىنى چۈشەندۈرگىن،
شاراب ئىشلىرىنى قانداق قىلىشى كېرەككىن.

2882. بەگ ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە كۆڭلى پۈتۈپ،
ئۇنى توغرا دەپ بىلىپ، قولىدىن شاراب ئىچسۇن.

37

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

2883. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
بۇنىڭغىمۇ بەك ياخشى بىلىم ئىشلىتىش كېرەك.

2884. (باش ئىدىشچى) ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن، ياكى ئۇزۇن يىل ياخشى سىنالغان،
كۆڭلىنى توختاتقان ۋە توغرا يول تۇتقانلاردىن تاللىنىشى كېرەك.

2885. ئىشەنچلىك، سەممىي - سادىق، كۆزى - كۆڭلى توق،
قىلىقى مىسالى ئاتقان ئوقتەك توغرا بولۇشى كېرەك.

2886. شۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئىدىش تۇتقۇچى بولۇپ،
بۇ ئىشقا يارايدۇ ۋە كۈچى يېتىدۇ.

2887. ئىدىشچى ھەر تۈرلۈك دورىلارنى ساقلايدۇ،
(ئۇ) ئاشقا ھەزىم قىلدۇرغۇچى، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى، ياكى ئاجىزلاتقۇچى دورىلارنى قوشىدۇ.

* 2888. يەيدىغان، ئىچىدىغان، يالايدىغان دورىلارنى تەلەپ قىلساڭ،
تۈرلۈك - تۈرلۈك دورىلار ئۇنىڭدا بولىدۇ.

2889. قۇرۇق، ھۆل يېمىش، ياكى ئىچىملىك شاراب

ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بوغۇزغا كىرىدۇ.

2890. بەگلەرگە بارچە خەتەر بوغۇزدىن كېلىدۇ،
بوغۇزنىڭ لەززىتى ئاشپەز ۋە ئىدىشچىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

2891. ئاشپەز بىلەن ئىدىشچى ئىشەنچلىك بولمىسا،
بەگنىڭ (خاتىرجەم) يەپ ـ ئىچىشى بەكمۇ قىيىن بولىدۇ.

2892. بىلىملىك دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
گالنى بەك كۈزەتكۈلۈك، تاماقنى ئېھتىيات بىلەن يېگۈلۈك.

2893. گېلىڭنى كۈزەتسەڭ، بېشىڭغا پايدىلىق،
ئاشنى ئاز يېسە، ئېغىزغا لەززەت بېرىدۇ.

2894. بېشنى بىھۇدە نابۇت قىلغان كىشىلەرنى كۆپ كۆردۈمكى،
(ئۇلار) گېلىنى كۈزەتمەي، ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلدى.

2895. ئادەمگە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق گالدىن كېلىدۇ،
ئۇنىڭ دورىسى ـ داۋاسىمۇ گالدىن بولىدۇ.

2896. ئۇ ئىدراكلىق بولۇشى ۋە كۆپ بىلىم بىلىشى لازىم،
ئىدراكلىق كىشىدىن كىشىلىك كېلىدۇ.

2897. ئىدراكلىق ئادەم يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ،
بىلىملىكنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

2898. باشسىز ئۇق تۈز بولمىسا، ئۇ ئوتۇن بولىدۇ،
قارا، ئادەم توغرا بولمىسا، ئەسىر بولىدۇ.

2899. ئەي قەھرىمان بېگىم، سەن توغرىلىق بىلەن ئىش قىل،
(مېنىڭچە) توغرىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ياخشى نەرسە يوق.

2900. باش ئىدىشچى ناھايىتى پۇختا ئادەم بولۇشى كېرەك،
ھەمدە نىيەت ـ ئەقلىنى ۋە دىلىنى توغرا تۇتۇشى كېرەك.

2901. باش ئىدىشچى بارلىق ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىسۇن،
يارىماس، پەسكەش كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىسۇن.

2902. ئىچىملىكنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، كۆزەتسۇن،
تامغا ئۇرۇپ، ئۆزى ساقلىسۇن.

2903. يېمەك ـ ئىچمەككە قوشۇلىدىغان بارلىق دورىلارنى
ئۆز قولى بىلەن ئارىلاشتۇرسۇن ۋە پاكىز تۇتسۇن.

2904. قۇرۇق، ھۆل يېمىش، ياكى شەربەت، گۈلابنى
(ۋە) ھەر خىل شارابلارنى ئۆزى ھازىرلاپ، ئۆزى ساقلىسۇن.

2905. سادىقلىق بىلەن كۆيۈپ ـ پىشىپ،
ئىچىملىكلەرنى كۆزەتسۇن ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن.

2906. (شۇنداق قىلغاندىلا) ئاندىن بەگ خىزمىتىگە ئەمگىكى سىڭىدۇ،
بۇنداق ئەمگەك قۇل مەنپەئەتكە پايدىلىق بولىدۇ.

2907. قايسى نەرسىگە كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭسە،
چېنىنىڭ يىلتىزى شۇ نەرسىدە بولىدۇ.

2908. خۇش پېئىل (كىشى) بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شۇ سۆزنى دېگەن،

خوش پېئىللار سۆزى، دىققەت قىلساڭ، تامامەن بىلىمدۇر.

2909. "قايسى نەرسىگە كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭسە،
شۇ نەرسە سۆيۈملۈك، ئەزىز جانىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ.

2910. كىشى ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئەمگەك سىڭدۈرسە،
ئۇنى سۆيۈشى، ئېغىر چۈشسىمۇ يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك."

2911. باش ئىدىشچى ئەنە شۇنداق بولسا،
ئىدىشچىلىق ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسا بولىدۇ.

2912. بۇ ئىشقا ئەنە شۇنداق سىلىق – خۇش پېئىل كىشى كېرەككى،
ئۇنىڭ خىزمىتى، كۆركى دىلنى يورۇتسۇن.

2913. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى — شاگىرتلار بولۇپ،
(ئۇلار) ساقالسىز، رەڭگىرويى كۆركەم بولۇشى كېرەك.

2914. ساقال – بۇرۇتسىز، يۈزى تولۇن (ئاي)دەك،
بويى تالدەك، قارا چاچ، ئۆزى سۈرەتتەك بولسۇن.

2915. بەللىرى ئىنچىكە ھەم يەلكىسى كەڭ،
بەدىنى ئاق، مەڭزى قىزىل بولسۇن.

2916. يېشىل، كۆك، سېرىق، ھال يىپەك تون كىيىپ،
غىزا – تاماق كۆتۈرۈپ يۈرسە يارىشىدۇ.

2917. ئىدىشچىلار پاكىز، ساقالسىز بولۇشى،
ئىچىملىككە قىل، تۈك، خەس چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

2918. قەدەھتە تولۇق بولسا، (ئىچىملىك) بۇلغىنىدۇ،
غىزا، سۇغا قىل چۈشسە، لەززىتى كېتىدۇ.

2919. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەلىم بەرگۈچى: قەدەھ
سۇنغۇچىلار ساقالسىز بولۇشى كېرەك، دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

2920. ئىدىشچى پاكىز ۋە يۈزى كۆركەم بولسا،
ئۇنىڭ (قولى)دىن ئىچىملىك ئىچسە ئۇ سىڭىدۇ، قوزام.

2921. چىرايلىق، خۇلقى ئۆز كىشى قانداقلا نېمىنى تۇتسا
يارىشىدۇ، جان (لەززەتلىنىدۇ)، كۆز (نۇر) ئۇلۇشىنى ئالىدۇ.

2922. بۇ بېيىتنى ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ،
ئەي ھەممىنى بىلگۈچى، بۇنى سەن ئاڭلا:

2923. "ھۆسن - چىرايى كۆركەم، قىلىقلىرى ئۆز بولۇشى كېرەككى،
ئۇ نېمىنى تۇتسا، ئۇنىڭدىن ھەممە (لەززەت) تامىدۇ.

2924. قورسىقى ئاچ كىشىگە ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئۇزۇقتۇر،
ئۇسساپ تەشنا بولغانلار ئۇنىڭغا قارىسىمۇ، تەشنالىقى قانمايدۇ."

2925. قارا، باش ئىدىشچى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك،
قەدەھ تۇتقۇچىلارمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

2926. ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا چىن پۈتۈپ ئىشەنسە ۋە
توغرا - چىن ئادەم ھېسابلاپ (ئۆزىگە) يېقىن تۇتسا بولىدۇ.

* * *

2927. ئەي ئەلىگ، (بۇ) بىرقانچە ئىشقا خىل كىشلەرنى تاللا،
(ئۇلار) سادىق، كۆزى توق ۋە ھايانى بىلىدىغان (بولسۇن).

2928. (بۇلارنىڭ) بىرى: ئەلچى، بىرى — پۈتۈكچى،
يەنە بىرى — ئىدىشچى، بىرى بولسا — ئاشپەز.

2929. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ياخشى تاللا،
ئەگەر نامۇۋاپىق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، كېيىن ئۆكۈنمە.

2930. ئەلچى، پۈتۈكچى ئەگەر يارىماس — خام ئادەم بولسا،
بۇنىڭ زىيىنى ئەلگە يېتىدۇ، ئەي زېرەك.

2931. ئەگەر ئىدىشچى ياكى ئاشپەز يارىماس — خام بولسا،
ئۇنىڭ زىيىنى تىرىكلىكنىڭ ئۈلى بولغان جانغا تېگىدۇ.

2932. ئەي ئەلىگ، بۇ بىرقانچە كىشىنى تاللاشقا تىرىشقىن،
خىللاپ ـ تاللىغاندىن كېيىن ئىشىڭنى ئۇلارغا تۇتقۇز.

* * *

2933. ئۆگدۈلمىش يەنە ئېيتتى: ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ،
بەگلەرنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىشىغا ئوخشاش ئۇلۇغدۇر.

2934. ئۇلۇغ ئىشلاردا كۆپ باش ئاغرىقى بولىدۇ،
باش ئاغرىقى ھەل قىلىنمىسا، بەگلىك (قولدىن) كېتىدۇ.

* 2935. كېڭەشتە بەگكە ئۇنچە تۆكۈپ بېرىدىغان
كېڭەشچى دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2936. ئەي بەگ، راھەت ئىزدىمە، مۇشەققەت چەككىن،
راھەت بىلەن مۇشەققەت بىللە تۇرىدۇ.

2937. بەگ مۇشەققەت چېكىپ ئەل باشقۇرسا، خەلق تىنچ ـ ئامان بېيىيدۇ.
خەلق بېيىسا بەگ تىلىكىگە يېتىدۇ.

2938. ئەي راھەتلىك كىشى، بەكمۇ ئارتۇق سۆيۈنۈپ كەتمە،
راھەتكە يارىشا ئاخىر مۇشەققەتمۇ كېلىدۇ.

2939. ئەي مەرد باتۇر، ئاشپەز ۋە ئىدىشچى ساڭا
قانچىلىك ئىشەنچلىك بولسا بولسۇن،

2940. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئۇلاردىنمۇ سادىقراقسەن،
ئۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ، سۆزۈڭنى قىسقارت.

2941. ئاقىل نېمە دەپ خىتاب قىلىدۇ، ئاڭلا،
بۇنى سەن ئۇنتۇما، يازغىن ھەم ئوقۇ:

2942. "سۆيۈملۈك جان ئۇچۇن ئۆزۈمدىن باشقا
ئەڭ ئىشەنچلىك بىرەرسىنى تاپالمىدىم.

2943. غەيرەت قىل، كۆزەتكىن، ئۇنى چىڭ تۇت،
ئەگەر ئۇ كېتىپ قالسا، ئىزدىمە."

* * *

2944. ئەي دۆلەتلىك ئەلىگ، سورىغانلارنى ئېيتتىم،
قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئىلاجىسىنى ۋە داۋاسىنى سۆزلىدىم.

2945. ئەنە شۇنداق كىشىلەر بىلەن بەگلەر يۈكسىلىدۇ،
دۈشمەنىنىڭ بويىنىنى يانجىپ، نام ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

2946. بۆلارنىڭ (تەرپىنى) مەن ساڭا ئېنىق سۆزلىدىم،
ئۆنىڭدىنمۇ ئۆلگىلىكرەك يەنە بىر سۆزۈم بار.

2947. ئەلىگ ئاڭلايمەن دېسە، ئۇنىمۇ سۆزلەي،
ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزنى ئۆزۈمدە يوشۇرۇپ قالاي.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2948. ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دانا،
ئېيتماقچى بولغان سۆزۈڭ نېمە ئىدى، ماڭا ئېيتقىن.

2949. بارچە سۆزنى سەندىن ئاڭلاش كېرەك،
(چۈنكى) بىلىمگە دېڭىزسەن، ئىدراكقا دەريا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

2950. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى، ئەي ئەلىگ،
ئەلىگدىن ئەلگە تۈرلۈك بىلىم كېلىدۇ.

2951. خىزمەتكارنىڭ يولىنى ۋە قولىنىڭ بېگىگە
قانداق خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەلىككە سۆزلەپ بەردىم.

2952. بەگلەرمۇ خىزمەتچى قۇللىرىنى بىلىشى،
ئۇزاق يىل خىزمەت قىلغانلارغا ئېھسان قىلىشى لازىم.

2953. بەگلەرنىڭ قۇللاردا قانچىلىك ھەققى بولسا،
قۇلنىڭ بەگلەردە ھەققى يوقمۇ؟

2954. (خىزمەتتە) تۇرۇپ بەگنىڭ ھەققىنى ئۆتىسە،
(بەگلەرمۇ) خىزمىتىگە كۆرە قۇلنىڭ ھەققىنى بېرىشى كېرەك.

2955. خىزمەتچى دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن،
ئەگەر دۇنياغا ئېرىشمىسە، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلغان بولىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2956. ئەلىگ ئېيتتى: (سۆزۈڭنى) كەلتۈر، ماڭا ئوچۇق ئېيت،
خىزمەتچىنىڭ ھەققى نېمىلەردىن ئىبارەت، بۇنى چۈشەندۈر.

## 38

# ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ

2957. ئۆگدۈلمىش ئېيتتىكى، بەگلەر زىممىسىدە
خىزمەتچىنىڭ (قىلغان) خىزمىتىگە يارىشا ھەققى بولىدۇ.

2958. ئەڭ ئاۋۋال يېمەك - ئىچمىكىنى بېرىش كېرەك،
خىزمەت قىلىشتا لازىملىق ئەسۋابلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

2959. خىزمەت قىلىش مۇشەققەتلىك، ئېغىر بىر ئىشتۇر،
بەگلەر بۇنى بىلسە، (خىزمەتچى) خىزمەتتە غەيرەت قىلىدۇ.

2960. خىزمەت قىلغۇچى ۋۇجۇدىنى، جېنىنى پىدا قىلىدۇ،
قۇل بولغۇچى بەگنىڭ سۆيۈنچىنى تىلەيدۇ.

2961. ئىسسىق - سوغۇق، ئاچ - توق، ياياق ھەم يېلىڭ (ھالدا)
قىلىچ، پالتا ۋە ئوق يەيدۇ، ئەي ئەلىگ، بۇنى بىل.

2962. ئالدىغا، ئارقىغا، ئوڭ - سولغا بارىدۇ،
(ئۆزى) مۇشەققەت چېكىپ بەگنى راھەتكە يەتكۈزىدۇ.

2963. ھەممىدىن ئاۋۋال دۈشمەنگە (قارشى) قورال بولىدۇ،
بېگىگە ھاياتلىقنى، ئۆزىگە ئۆلۈمنى تىلەيدۇ.

2964. مانا شۇ خىلدا بېگىنىڭ شادلىقىنى تىلەپ،
ئۇننى كۆنگە ئۇلاپ ئۆزى جاپا ـ مۇشەققەت چېكىدۇ.

2965. بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن بەگ ھەققىنى تۆلىشى كېرەك،
مېھرىبانلىق بىلەن (ئۇنىڭغا) ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

* 2966. خەلق ئىچىدىن تاللانغان (ۋە) كىشىلەرنىڭ چىنى بولغان
ئۈچ ئۇردۇ خانى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

2967. ئەي خەلقىنىڭ ئۇلۇغى بولغان بەگ،
خىزمەتكار، قۇللىرىڭنى ئۆستۈر، ياخشى مۇئامىلە قىل!

2968. خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق بەگنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
خىزمەتكارلىرى بىلەن قۇدرەتلىك (بولۇپ)، ئېلىنى تۈزەيدۇ.

2969. بەگ قانچىكى بۈيۈك، ئەسلى ئۇلۇغ بولغان بولسا،
ئۇنىڭ نامى (پەقەت) خىزمەتكارلىرى (بىلەنلا) بۈيۈك بولغان.

2970. ئەي ئەلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت قىلىش (دېمەكتۇر)،
مۇرۇۋۋەت كىشى ئۈچۈن تەرىقەتتۇر.

2971. مۇرۇۋۋەت ـ تەرىقەت، روشەنكى،
كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلىش، ئۇلۇش بېرىش دېمەكتۇر.

2972. خىزمەتكار بوسۇغىدا ئۈمىد بىلەن تۇرىدۇ،
بەگ (ئۇنىڭغا) ئۈمىد بېغىشلىمىسا مۇرۇۋۋىتى يوقايدۇ.

2973. خىزمەتچى قانچە ئىكەنلىكىنى بەگ كۆزىتىپ بېرىشى،
ئەپ بېرىدىغىنى قانچە، بەرمەيدىغىنى قانچە (بىلىشى كېرەك).

2974. ئەپ بېرىشكە قاراپ ئېھسان قىلىشى،
خىزمىتىگە قاراپ ھەققىنى تۆلىشى كېرەك.

2975. ئەي بەگ، كىشى ھايۋاندىن تۆۋەن ئەمەس،
بۇنىڭ پەرقىغە يەتسە، ھەر ئىش ئۆز ئۆلچىمىدە بولىدۇ.

2976. ئادەم ئالدى بىلەن ھايۋاننىڭ قورسىقىنى تويدۇرىدۇ،
ئاندىن ئۇنىڭ (كۈچى)دىن پايدىلىنىدۇ.

2977. بەگلەر ئېھسان بەرسە ۋە شېرىن سۆزلىسە،
خىزمەتكار ئۆز بېگىگە ۋۇجۇدىنى پىدا قىلىدۇ.

2978. خىزمەتكار (بەگكە) مېھىر قويىدۇ، سادىق بولىدۇ،
بەگنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ئۆزى جاپا — مۇشەققەت چېكىدۇ.

2979. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىر زېرەك مۇنداق دېگەن،
ئىنسان بىلىمى بىلەن (ھەممىگە) قول ئۇزىتالايدۇ:

2980. كىشى ياخشىلىق ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى بېرىدۇ،
بىر ياخشىلىققا جاۋابەن ئون ياخشىلىق قىلىدۇ.

2981. پايدا بولسا، ئىنسان ئۆزىنى قۇل قىلىدۇ،
ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ، ئۆزى مۇشەققەت چېكىدۇ.

2982. خىزمەتكە قاراپ ياخشى ئېھسان بېرىش كېرەك،

يالاڭ – يوپۇننى كيىندۇرۇش، ئاچنى تويغۇزۇش كېرەك.

* 2983. (بەگ) ئەگەر قۇلنىڭ كەمبەغەللىك نامىنى ئېلىپ تاشلىيالمىسا،
ئۇ قانداق بەگ بولىدۇ، دۆلەتمەن ئەلىگ؟

2984. قېرى – مويسىپىت نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
قېرىلارنىڭ سۆزى يىگىتلەرگە كۆزدۇر:

2985. كىشى بىرەر كىشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا،
ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلىك بىلەن جاۋاب ياندۇر،

2986. كىشىنىڭ ئەمگىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنى
كىشى دەپ ھېسابلىما، (ئۇ) ھايۋانغا باراۋەردۇر.

2987. خىزمەت قىلغۇچى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:
بىرى ئەركىن كىشى، يەنە بىرى – ئۈمىد كۈتكۈچى قۇلدۇر.

2988. بۇ قۇل – ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتكاردۇر،
خىزمەت قىلمىسا بەگدىن قامچا يەيدۇ.

2989. ئەركىن (ئادەمگە) قارا، ئۆزىنى قۇل قىلىپ خىزمەت قىلىدۇ،
ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرۈپ، ئەمگىكىنى تەقدىرلەش كېرەك.

2990. ئەركىن – ئازاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر،
بۇلارغا ياخشىلىق يوللىرىنى ئېچىپ بېرىش كېرەك.

2991. ئەركىن (ئادەم) بىلەن قۇلنى تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ،
ئەركىن (ئادەمنى) ئەركىنلىكچە، قۇلنى قۇلچە تۇتۇش كېرەك.

2992. بەگلەرنىڭ ئىشكى راھەت ئىشكىدۇر،
راھەت ئىشكىگە ئىگە بولۇش ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىدۇر.

2993. خىزمەتچى بېيىسا، بەگ نامى چىقىدۇ،
بۇ نامى دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

2994. ئەي ئەلىگ، خىزمەتچى بىلەن بەگ مىسالى
بەئەينى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىغا ئوخشايدۇ.

2995. ساتقۇچى مال بېرىدۇ، ئۇ سەرمايە بولىدۇ،
ئالغۇچى (ئۇنى) ئېلىپ ئەل ئىچىدە ئايلاندۇرىدۇ.

2996. يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن پايدا توپلىنىدۇ،
يۈزمۇيۈز تەقسىملەپ، ئۆز پايدىسىنى ئالىدۇ.

2997. دېمەك، خىزمەتچى كىشى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى،
(ئۇ) بېگى بىلەن ئورتاق، ئىشلىرى ھېسابلىقتۇر.

2998. بېگى قۇلغا ياخشى سۆز بىلەن مال بېرىدۇ،
خىزمەتچى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت ئۆتەيدۇ.

2999. خىزمەتچى جېنىنى پىدا قىلىپ، قىلىچ ئۇرىدۇ،
ئۇنىڭ پايدىسى ئەل، كەنت، قىشلاقلار بولىدۇ.

3000. دۈشمەننىڭ بويىنىنى يانجىپ، خەزىنە توپلايدۇ،
ئارزۇ ـ تىلەكلەر (ئەمەلگە ئېشىپ) ئۈزلۈكسىز نېمەت كېلىدۇ.

3001. بۇلارنىڭ ھەممىسى پايدا ھېسابىدا قولغا تېگىدۇ،

ئەي بېگىم، پايدا كەلتۈرگۈچىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

* 3002. ئۆز پايدىسىنى دەپ دۇنيا كەزگەن
سودىگەرلەر باشلىقى نېمە دېگەن، ئاڭلا:

3003. پايدىلىق قۇل ئوغۇلدىنمۇ يېقىندۇر،
پايدىسىز ئوغۇلنى دۈشمەن دەپ بىل، (ئۇنىڭدىن) ساقلان!

3004. بارلىق ھەرىكەت قىلغۇچىلار پايدىغا ماڭىدۇ،
پايدا بولمىغان بولسا ئۇۋچى ئۆيىدە قېرىغان بولاتتى.

3005. ئەسكەر - خىزمەتچى بەگلەرنىڭ قانات - قۇيرۇقىدۇر،
قاناتسىز قۇش ئۇچالماس، ئەي بەگلەر بېگى.

3006. بەگلەرنىڭ كۈچى ئەسكەر - خىزمەتچى بىلەن نامايان بولىدۇ،
ئەسكەر - خىزمەتچى بىلەن بەگلەر چىگىشلەرنى يېشىدۇ.

3007. قايسى بەگ (ئەتراپىغا) جەسۇر جەڭچىلەر توپلىنسا،
بۇ بەگ دۇنياغا ساھىبقىران بولىدۇ.

3008. قايسى بەگدە ھەممە پەزىلەتلەر جەم بولسا،
ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرى تۈگەل ئەتراپىغا يىغىلىدۇ.

3009. دۇنيا ھاكىمى ئۈچۈن مىڭ تۈمەن پەزىلەت كېرەك،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن دۇنيا ھاكىمى جاھاننى سورىيالايدۇ.

3010. ئەي ئوغۇل، پەزىلەتلەرنى قەدىرسىز ھېسابلىما، ئۆگەن،
بۇ پەزىلەتلەر ئاق قۇشتەك راۋان يۈرىدۇ.

3011. پەزىلەتلەرنىڭ ئىقبالى ئاق قۇشنىڭ ئىقبالىدەكتۇر،
كەل، سەن، پەزىلەتنىڭ نامىنى قۇش دەپ ئاتىغىن.

* 3012. دۇنيانى قېرىتقان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن،
ئاق باشلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3013. ”بىلىم — پەزىلەت ئۆگەن، ئۇنى قەدىرلە،
ئۇ پەزىلەت ئاخىر سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ.

3014. بىلىم بىل، ئەقىل ئۆگەن، بىكار يۈرمىگىن،
گېزى كەلگەندە ئۇ ساڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ.“

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3015. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈنۈپ،
(شۇنداق) دېدى: ئەي ئەقىللىق، ئۇرۇقى تازا.

3016. كىشىلىك ئۇلىنى بەك ياخشى قۇردۇڭ،
بۇ چىن ۋاپالىق كىشىلەر يولىدۇر.

3017. مەن ئۆزۈم خەلق ئۈستىگە ھاكىم بولدۇم،
قولۇم ئۇزۇن، سۆزۈم ئۆتىدىغان بولدى.

3018. ئەمدى بەگلىككە ئېرىشكىنىمگە،
ئۆز راھىتىمگە (ۋە) ھاياتىمغا مەغرۇرلانمايمەن.

3019. تىلىكىم شۇكى، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگۈچىلەر
مېنىڭدىن بايلىق تاپسۇن، كۆچى ئۇلغايسۇن.

3020. بەگلەرنىڭ شادلىقى ئەتىكى پايدىدۇر،
ياخشى نام بەدىلى ئۈچۈن ماڭا دۇئا كۆپايە قىلىدۇ.

3021. بارلىق خەزىنە، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئەسكەر - خىزمەتچىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن توپلىدىم.

3022. بۇلارنى ياخشى نام (قالدۇرۇش) ئۈچۈن كىشىلەرگە بېرىمەن،
دۇئا (قىلغۇچىلار) كۆپەيسۇن، خۇدا نامىمنى يايسۇن.

3023. تىلىكىم شۇ ئىدىكى، ماڭا خىزمەت قىلغۇچىلار،
(مەندىن) كېيىن قالغۇچىلار بېيىسۇن!

3024. مەن (ئالەمدىن) كۆچۈپ كەتسەم، بۇ خەلق قالىدۇ،
شۇ چاغدا ماڭا دۇئا بىلەن خىزمەت قىلسۇن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3025. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
بۇ ئىشلارغا ئەقىل ۋە بىلىمنى يەتكۈزدى.

3026. ئۆلگۈچى كىشىگە ئۆزىدىن كېيىن
ياخشى نام قالدۇرۇشتىن باشقا يەنە نېمە بار؟

3027. بۇ دۇنيانى دېسە كۈمۈش تارقىتىش كېرەك،
ئاخىرەتلىكنى تىلىسىمۇ، بۇ - قۇتۇلۇش يولى.

3028. ئەي ئەلىگ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭنى ئۈلەشتۈر،
قايسى ئەلنى خالىساڭ، (ئۇنىڭغا) قولۇڭ يېتىدۇ.

* 3029. بەگلىك ئىشىغا ئۆل قۇرۇپ بەرگەن
دانا بەگ نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3030. بەگلەر كۆپ ئەسكەر ـ خىزمەتچى تۇتۇپ، مال ئۈلەشتۇرسە،
خالىغان چاغدا دۈشمىنىنىڭ ئىلىنى ئالالايدۇ.

3031. خەزىنىنى نىمە قىلىسەن؟ ئەسكەر ـ خىزمەتچى كۆپ بولۇشى كېرەك،
بەگنىڭ باي بولۇشى هاجەت ئەمەس، خەلقى توق بولۇشى لازىم.

3032. ئەسكەر ـ خىزمەتچى بولسا، بەگلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى كەم بولمايدۇ،
ئەسكەر ـ خىزمەتچى بولمىسا، بەگ ئەلگە ئۇزۇن هۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

3033. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بەگدىن مەمنۇن بولغاندىلا،
بەگ قايسى ئەلنى خالىسا، ئۇنى قولغا كىرگۈزەلەيدۇ.

3034. دۇنيا بەگلىرىنىڭ قولى ئوچۇق بولسا،
هەر ئىككى دۇنيانىڭ تۆرىگە ئىگە بولالايدۇ.

3035. بىلىملىك ئادەم نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:
بەگ خەسىسلىك بىلەن ئەلگە هاكىملىق قىلالمايدۇ.

3036. ئىككى نەرسە قارىمۇقارشى، يېقىنلاشماي قاچىدۇ:
خەسىسكە (هېچكىم) يېقىنلاشمايدۇ، سېخىيگە بەك يېپىشىدۇ.

3037. بارلىق پەزىلەتلىك كىشىلەر خەسىستىن قاچىدۇ،

سىخىينىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

3038. خەسىسلىك بىلەن بەگلىك دۈشمەنلىك بولىدۇ،
خەسىسكە ھەممە يەردە نىزا پەيدا بولىدۇ.

3039. ئاندىن قالسا، ئەلنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىككى نەرسە بار:
بىرى — ساپ ئالتۇن، يەنە بىرى — قىلىچ.

3040. مەملىكەتنى سىخىيلىق بىلەن مۇستەھكەملەش كېرەك،
ئەي ئەلىك، بەگ سىخىيلىق بىلەن يۈكسىلىدۇ.

3041. جەسۇر، باتۇر ئەر چاقماقتەك قىلىچ ئوينىتسا،
ھەيۋەتلىك باتۇرلارنىڭمۇ تومۇرى كېسىلىدۇ.

3042. بەگلەر ساپ ئالتۇن تارقىتىش بىلەن قولنى قاپارتسا،
قىلىچسىزلا، سۆز بىلەن ئەلنى سورايدۇ.

3043. بۇ ئىككى (نەرسە) بىلەن ئۇشبۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش كېرەك،
ئەي ئەلىك، بۇ ئىككى (نەرسە) بىلەن ئەر يۈكسىلىدۇ.

3044. ساپ ئالتۇن تۇرۇلگەن چىرايلارنى ئاچىدۇ،
ساپ ئالتۇن بۇزۇلغان ئىشلارنى تۈزەيدۇ.

3045. قىلىچ نەدە بولسا، كۈمۈشمۇ شۇ يەردە بولىدۇ،
كۈمۈش نەدە بولسا، قىلىچ شۇ ياققا يول تۇتىدۇ.

3046. ئەي ئەلىك، كۈمۈش چاچقىن، يىگىتلەر توپلانسۇن،
كۈمۈشنى يىغساڭ، قىلىچ تۇتقان باتۇرلار تاراپ كېتىدۇ.

3047. قاراپ باق، قىلىچ تۇتقان جەسۇر ئەر كۆمۈشكە تۇتقۇندۇر،
توپلانغان ساپ ئالتۇن قىلىچ ئۈچۈن پىدا قىلىنسۇن.

3048. خەسىس بەگ دۇنيا توپلاپ، خەزىنە يىغىدۇ،
سېخىي بەگ قىلىچ بىلەن تارتىۋالىدۇ.

3049. دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىسى ئەنە شۇنداقتۇر،
خەسىس سۆكۈلىدۇ، سېخىي ماختىلىدۇ.

* * *

3050. ئۆگدۈلمىش سۆزىنى توختىتىپ، يەر ئۆپتى،(ۋە) ئەلىگكە
دۇئا قىلىپ، بىر (ئاللا)نى مەدھىيىلىدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3051. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەلىگ سۆيۈندى،
قوللىرىنى كۆتۈرۈپ رەببىگە دۇئا قىلدى.

3052. دېدىكى، ئەي مېهرىبان، ئىشەنگەن ئىگەم،
ئەي مۈشكۈللۈكۈمدە سېغىنىدىغان ئىگەم.

3053. سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق،
غۇرۇرۇم سەن ئۆزۈڭ، ئۈمىدىم سەندە.

3054. ماڭا قىلمىغان قايسى ياخشىلىقىڭ قالدى،
مېنى ئېرىشتۈرمىگەن (يەنە) قانداق ئارزۇلار قالدى؟

3055. چىن سۆزۈم شۇكى، ساڭا قانداق ئىبادەت قىلىمەن؟
ئەي مەڭگۈ موھتاجسىز (ئىگەم)، ئۆزۈم ساڭا موھتاجمەن.

3056. سەندىن مەدەت، كۈچ - قۇۋۋەت تىلەيمەن،
مېنى سەنلا يۆلەپ، توغرا يولغا سالغىن!

3057. ھەممە ياخشىلىقلاردىنمۇ ئارتۇقى -
كۆڭلۈمنى توق قىلغان - مانا بۇ ئۆگدۈلمىشتۇر.

3058. بۇنى سەن ماڭا ئاتا قىلىپ بەردىڭ،
بۇنىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ قېتىم شۈكۈر قىلىمەن!

3059. (ئۇ) مېنىڭ ئىشىمغا جېنى (ۋە) ۋۇجۇدىنى بېغىشلىدى،
ئۆتۈۋاتقان ئۆمرۈمدە ماڭا دوئا ئاشۇردى.

3060. ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگىن، (ئۇنىڭ) ھەققىنى ئادا قىلاي،
سۆيۈنسۈن، ماڭا كۆڭلى يېقىن بولسۇن.

* * *

3061. ئەلىگ يەنە شۇنداق دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئەقىللىق، بىلىملىكلەر سېنى ماختىغاندى.

3062. ئەقىللىقنى تىلىگەندە، سەن - تامامەن ئەقىلسەن،
بىلىملىكنى تىلىگەندە، كامىل بىلىمسەن.

3063. ئىشەنچلىك، مېھرىبان، سەممىي، توغرا ۋە مۇلايىمسەن،
(ھەر ئىشقا) توغرىلىق بىلەن قول ئۇزارتتىڭ.

3064. خىزمەت قىلدىڭ، خىزمەتلىرىڭ ئېھسانلىرىمدىن ئېشىپ چۈشتى،
سەن ئورۇندىيالمىغان ھېچقانداق خىزمەت قالمىدى.

3065. ئەمدى مەندىن ياخشى بىر جاۋاب (ئېلىشىڭ) كېرەك،
ھەققىڭنى تۆلەي، شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرگىن.

3066. كۆڭلۈم سەندىن قانداق سۆيۈنگەن بولسا،
خۇدا ساڭىمۇ شۇنداق سۆيۈنچە بەرسۇن، ئەي ئوغۇل!

* * *

3067. ئەلىگ سۆزىنى توختاتتى (ۋە) بىردەم جىم تۇردى،
خىزمەتچىسى يەر ئۆپۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

3068. ئۇ يەردىن مەمنۇن بولۇپ (قايتىپ) چىقتى،
ئېتىنى مىنىپ، ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

3069. كېچە ۋە كۈندۈز ئېغىشماي خىزمەت قىلدى،
خىزمىتى ياردى، بەخت ئىشىكى ئېچىلدى.

3070. ئەقلى ياشىندى ھەم بىلىمى چوڭقۇرلاشتى،
پەلەك (يار) بولدى، قولى ئۇزاردى.

* 3071. دۆلىتى بىلەن ئەلدە داڭ چىقارغان
(ۋە) بەخت ئالامىتى (بولغان) مەشھۇر كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3072. دۆلەت كېلىپ كىم بىلەن ياراشسا،
ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى كۆككە يەتكۈزىدۇ.

3073. دۆلەت كېلىپ، مال ـ دۇنيا يىغىلسا،
كىشىنىڭ كۆڭلى ياشنايدۇ، مەگزى قىزىرىدۇ.

3074. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، ئاقىباش كىشى ساڭا بىر سۆز دېدى،
بۇ سۆزنى ياخشى ئاڭلا، ئەي باتۇر يىگىت:

3075. «كىمنىڭ دۆلىتى بولسا، قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
بارلىق تەتۈر (ئىشى) ئوڭ، سۆزى — ئەقىل، بىلىم بولىدۇ.

3076. جاھان پەيلاسوپىنىڭ مال ـ دۇنياسى بولمىسا،
قانچىلىك سۆزمەن بولسىمۇ، تىلى كىشەنلىنىدۇ.»

3077. بۇ دۇنيانىڭ قانۇنى ئەنە شۇنداقتۇر،
بىۋاپا دۇنيا، دۆلەتنىڭ داڭقى (شۇنداق) شۆھرەت قازىنىدۇ.

3078. (ئۇ) يامانغا يۈزلەنسە، يۈز (ئابرۇي) تاپىدۇ،
كىچىككە كۆز تىكسە، يۈكسەكلىككە ئېرىشىدۇ.

3079. بۇ دۆلەت كېلىپ كىمگە نېسىپ بولسا،
(ئۇنىڭ) ئىچى ـ تېشىنى كۆزىتىپ، پۈتۈنلەي بېزەيدۇ.

3080. ئەگەر دۆلەت كەلسە، ھەممە ئارزۇلار (بىللە) كېلىدۇ،
دۇنياغا داڭ چىقىرىپ، نامى مەشھۇر بولىدۇ.

3081. ئەگەر (ئامەت) كەتسە، كەلتۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ
كېتىدۇ،
كۆتۈرۈلگەن بېشىنى قوغۇر يەرگە ئەگدۈرىدۇ.

3082. ئەي ئەقىللىق، ئەس ـ ھوشلۇق، سەگەك (كىشى)،
بۇ دۇنيانى بەك سۆيمىگىن، پالاكىتى تېگىدۇ.

3083. بۇ قاراڭغۇ، زۇلمەت (دۇنيا) نېمىگە كېرەك؟
سۈزۈك، مەڭگۈلۈك ئەلگە بۇرۇنراق تەييارلان.

3084. بۇ دۇنيا بىر قونالغۇدۇر، كۆڭلۈڭنى ئۈز،
يۈكسەك ئۇردا، ئەل تىلە، تىنچ، ئاسايىش بول.

3085. ھەممە ئىشتا كۆڭلى تۈزۈك (كىشى)
نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي دىلى پاك:

3086. ئەي ھىممەت ئىگىسى، تاللانغان (ھەقىقىي) دۇنيانى ئىزدە،
تاللانغان (دۇنيانى) ئىزدىگۈچىنىڭ بەختى تولۇق بولىدۇ.

3087. ئۆتكۈنچى دۇنيانى قوي، ئاخىرەتنى تىلە،
(بۇ) دۇنيانى (سەن) تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى تاشلايدۇ.

3088. بۇ دۇنيا جاپا قىلغۇچىدۇر، (سەنمۇ) ئۇنىڭغا جاپا قىل،
جاپا قىلساڭ ئاندىن سەن بىلەن يارىشىدۇ.

3089. ئەي يولدىن ئازغان، بېشى قايمۇققان (كىشى)،
بۇ دۇنياغا زادى ھېرىس بولما، ئۇنىڭ تۈۋى پاتقاقتۇر.

3090. پاتقاقتا كىرگەن ئادەم تۆۋەن چۆكىدۇ،
(ئۇ يەردىن) چىقالمايدۇ، شادلىق تاپالمايدۇ.

3091. ئۆزۈڭنى يۇقىرى(غا) تارت، پاتقاقتىن قۇتۇل،

ئۆز قوللۇقۇڭنى ئىبادەت بىلەن ئادا قىل!

3092. ئەمدى (ئۇ تەرەپكە) يانغىن، تىلەكلىرىڭنى ئۇ بېرىدۇ،
تىلىگىنى ئارقىغا بۇرا، سۆز تۈگىدى.

* * *

3093. قارا، شۇندىن كېيىن ئەلىگ كۆڭلىنى تۈزەتتى،
خەلققە ياخشى قانۇن يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

3094. خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشتى، ئورۇق سەمرىدى،
ئۇنى سۆيگەنلەر ئۇلغايدى، دۈشمەنلىرى زەئىپلەشتى.

3095. قۇۋانچ ۋە شادلىق بىلەن كۈن كەچۈردى،
نامى، داڭقى ۋە شۆھرىتى ئالەمگە يېيىلدى.

3096. (ئەلىگ) شۇ يوسۇندا خېلى ۋاقىت ياشىدى،
بۆرە بىلەن قوزا ئىناق ئۆتتى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3097. ئەلىگ بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆگدۈلمىشنى
يېنىغا چاقىرتتى، ئۆتۈۋاتقان كۈننى، ئىشنى سورىدى:

3098. ئەي ئۆگدۈلمىش، ئېيتقىنا، كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟
ئەلدە كەمبەغەللەر كۆپمۇ، ياكى بايلارمۇ؟

3099. ئەل ئىچىدە قانداق يارىماس، يامانلىقلار بار؟

خەلق ئەھۋالىنى ماڭا چۈشەندۈر، ھېچ سۆزنى يوشۇرما.

3100. خەلق ئېغىزىدا قانداق سۆزلەر يۈرۈۋاتىدۇ،
سۆكۈش كۆپرەكمۇ، ياكى ماختاشمۇ؟

3101. قۇسۇرۇم كۆپرەكمۇ، ياكى پەزىلەتلىرىممۇ،
بۇنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، تەدبىرىنى كۆرەي.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3102. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
(ئەلدە ھەممە ئادەم) تىلىگەن نەرسىلىرىگە ئېرىشتى.

3103. ئەلىگنىڭ دۆلىتىدىن دۇنيا تۈزەلدى،
قايغۇ قىسقا، خۇشاللىق ئۇزۇن بولدى.

3104. خەلق بېيىپ، ھالاۋەتتە تىنچ ياشاۋاتىدۇ،
شەھەر، كەنتلەر بېزەلدى، كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا سالىدۇ.

3105. خەلقنىڭ كۈنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە ئۆتمەكتە،
تۈنلىرىمۇ شادلىق بىلەن كەچمەكتە.

3106. ھەممە كىشى ئېغىزىدا مەدھىيە ئېيتماقتا،
نەپەس ئالغۇچىلار ساڭا تىنماي دۇئا قىلماقتا.

3107. قارا، قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ، زۇلۇم ئوتقا ئوخشايدۇ،
سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. سۇزۇك سۇ ئېقىتتىڭ، ئۇ ئوتنى ئۆچۈردى.

3108. ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈك، دۇنيا تۈزەلدى،
ئەلدە ئەمدى ھېچكىم زورلۇققا ئۇچرىمايدۇ.

3109. ئەي ئەلىك، ئۈچ ئىشتىن زۇلۇم - زورلۇق يۈز بېرىدۇ:
بىرى — بەختسىزلىك يۈز بەرگەندە، بەگ غاپىل بولسا،

3110. ئىككىنچى — خەلقنى باشلىغۇچى بوشاڭ بولسا،
ئۈچىنچى - ئاچكۆزلۈك، (بۇلار) خەلقنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ.

3111. سەندە بۇ ئۈچىنىڭ بىرىمۇ يوق،
(ئەمدى) ئەلگە زوراۋان كىشلەر قەيەردىن كېلىدۇ؟

3112. ئەي، ياخشى قانۇنلۇق، پاك، مۇلايىم بەگ،
خۇدا ساڭا پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم بەردى،

3113. ھەرقانداق ياخشىلىقلار ئۈچۈن تەۋپىقكە ئىگە بولدۇڭ،
خەلق يېمەك - ئىچمەككە تويدى، كىيىم - كېچەكى پۈتۈن بولدى.

3114. خۇداغا شۈكۈر قىلىپ ئىبادەت قىل، سۆيۈن،
بىرقانچە (ۋاقىت) ھالاۋەت ئىچىدە، شاد - خۇرام ياشا.

3115. سىرتتا قانداق خاتالىق، ئەيىب سادىر بولسا،
مانا مەن، يۈكۈر - يېتىمىگىنى قىلغۇچى قۇلۇڭ تەييار!

* * *

3116. ئەلىگ شۈكۈر قىلىپ، كۆپ سۆيۈندى،

رەببىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، قولىنى كۆتۈردى:

3117. دېدىكى، ئەي مېھرىبان ئىگەم، سەن ئۇلۇغ،
بۇ ئاجىز قۇلۇڭنى ئەلدە قەدىرلىك قىلدىڭ.

3118. سەن ماڭا ھەر خىل ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدىڭ،
بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش — بويىنۇمدىكى قەرزدۇر!

3119. مەن قانداقمۇ يېتەرلىك شۈكۈر قىلالايمەن؟
بۇنىڭ شۈكۈرسىنى مەن ئۈچۈن ئۆزۈڭ ئۆتىگىن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3120. ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ساڭا ئېرىشكەنلىكىم ئاللانىڭ رەھمىتى ئىدى،

3121. زۇلۇمنى توسۇشقا، ئادالەت ئورنىتىشقا
ۋە ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشقا سەن سەۋەب بولدۇڭ.

3122. خۇدا (ماڭا) كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى،
بۇلاردىنمۇ ئۇن ھەسسە ئارتۇق قىلىپ سېنى بەردى.

3123. بەگ ئۆزى يالغۇز قانچىلىك غەيرەت قىلمىسۇن،
قۇلىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئىشى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

3124. بەگ ئىچكىرىنى كۆزىتىدۇ، سىرتتىكى كۆزى —
سادىق قۇلىدۇر، ئۇ (بەگنىڭ) سۆزى ھەم كۆزىدۇر.

3125. سەن ماڭا ھەم كۆز، ھەم تىل ھەم قول بولدۇڭ،
شۇڭا نامىم ياخشى بولدى، ئەي قەھرىمان.

* 3126. دۇنيانى باشقۇرۇپ، ئەللەرنى ئىدارە قىلغان
خاقان نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3127. بەگلەر سادىق بىر قۇلنى ئىزدەپ تاپسا،
ئۇنى ئالتۇن - كۇمۇشكە ئوراپ تۇتۇشى كېرەك.

3128. بەگلەر سەممىي، توغرا ۋە ئىشەنچلىك كىشىگە ئىگە بولسا،
ئۆزى راھەت - ھالاۋەتكە يېتىشىدۇ، بەختلىك ياشايدۇ.

3129. خىزمەتچىنىڭ ئەڭ سەرخىلى سادىق بولىدۇ،
سادىق خىزمەتچىنى كىم ئىزدەپ تاپالايدۇ؟

3130. دۇنيادا سەرخىل، سادىقلار بولمىغان بولسا،
كىشىلىك قانداقمۇ كامالەتكە يېتەتتى؟

3131. ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەمدى ئەپسۇسلىنىمەنكى،
ماڭا داداڭدىن بىرلا سەن قالدىڭ!

3132. سېنىڭدەك ئادەمدىن يەنە بىرى بولسا ئىدى،
ئىلگىرى - كېيىن (بولسىمۇ) ئىز باسقان بولاتتى.

3133. ئەي توغرا خۇلقلۇق، ئالدىمدا بىرلا سەن بار،
سېنىڭدىن ئايرىلسام، باشقا بىرسى قېنى؟

3134. سېنىڭ يالغۇزلۇقۇڭدىن ئەنسىرەيمەن،

ئەي قۇدرەتلىك، يەنە بىر ھەمراھىڭ بولسا ئىدى،

3135. سەن كۆپ مۇشەققەت تارتمىغان بولاتتىڭ،
دۇئادىن ماڭمىغ ئۈلۈش تەگكەن بولاتتى.

3136. ئىزدەپ باق، قېرىنداشلىرىڭ ئىچىدە
ساڭا ئەگەشكۈدەك بىرسى بارمۇ، سوراپ كۆر!

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3137. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
ئىسەن بولسا، (بۇ) ئىشقا قولى يېتىدۇ.

3138. ئەلىگ خاتىرجەم بولۇپ، ھۇزۇرلانسۇن،
تىنچلىنىپ بارلىق ئارزۇ - تىلەكلىرىگە يەتسۇن.

3139. مېنىڭ مۇشەققەتلىرىمنى ئەلىگ ئالىيلىرى
قەدىرلەپ كەتمىسۇن، كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتسۇن.

3140. مەن مۇشەققەت چەكسەم، راھەتمۇ كۆرىمەن،
راھەت بىلەن مۇشەققەت ياندىشىپ ماڭىدۇ.

3141. ئەگەر ئەلىگ ئەل ئىشلىرىغا پايدىلىق،
خەلتە باش بولالىغۇدەك بىر كىشى ئىزدىسە،

3142. ئەي دانا ھاكىم، شۇنى ئاڭلىغىنكى، ھەر كۈنى
دانالىق بىلەن تەدبىر قىلىدىغان ھاكىم نېمە دەيدۇ:

3143. كۆپ بولسمۇ ئەلگە ياردەمچى ئىزدە، (شۇنداق قىلساڭ)
ئەل راۋاج تاپىدۇ، ئۇلۇغ بەگ شاد - خۇرام يېتىپ يەيدۇ.

3144. ئەلدە پايدىلىق، زېرەكلەر كۆپ بولسا،
بەگنى راھەتكە يەتكۈزىدۇ، (ئىشنى) ئۇلار ھەل قىلىدۇ.

3145. بۇنداق بىلىمى كۆپ كىشىلەر
مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا يوق ئەمەس، بار.

3146. ھەر خىل پەزىلىتى بار، تەقۋادار، ھوشيار،
ۋاندالىق ئىشقا كىرىشسە، زىننەت (بېرىدىغان)،

3147. ھەرىكىتى توغرا (بىر كىشى بار) ئىسمى — ئۇدغۇرمىش،
ئۇنىڭ قولىدىن ھەر خىل ياخشىلىقلار كېلىدۇ.

3148. ۋە لېكىن، (ئۇ) بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن،
تاغقا چىقىپ كېتىپ، (دۇنيانى) كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن.

3149. خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، مۇشەققەت چەكمەكتە،
گۇناھكارلىق كېسىلىنى ئىبادەت بىلەن داۋالىماقتا.

3150. ئۇنىڭ پەزىلىتى مەندىن يۈز (ھەسسە) ئۈستۈن،
ئۇ خەلقنىڭ ئالدى، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى.

3151. مېنىڭ ئۇ قېرىندىشىم مەن بىلەن (بىللە) بولسا،
ئۇنىڭ بىلىمى ھەممە ئىشقا باش بولىدۇ.

3152. ئەلىگ ئالىيلىرى ئىشىنىپ كۆڭلى تىنىدۇ،

دۇنيانى باشقۇرۇپ، شادلىقتا ياشايدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3153. ئەلىگ ئېيتتى: ئارزۇ ـ تىلىكىم شۇ ئىدى،
ئۇنىڭغا ئېرىشسەم، ئاندىن كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى.

3154. بۇ ئىشقا قانداق ئىلاج قىلسەن؟
ئۇنى ماڭا يېقىنلاشتۇر، ئەي زېرەك.

3155. ئېيتقىن، ئۇنى بۇ يەرگە قانداق چاقىرىمىز،
ئۇنى چاقىرتىش ئۈچۈن كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟

3156. خەت يېزىش كېرەكمۇ، ياكى سۆزۈمنى يەتكۈزۈش كېرەكمۇ؟
قانداق قىلىش لايىق بولسا، شۇنداق قىل.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3157. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
(سوراققا) ئەلىگ ئۆزى جاۋاب بەردى.

3158. قېرىنداشىم بارلىقىنى ئۆزۈم ئېيتتىم،
(لېكىن) كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بىرنەرسە دېيەلمەيمەن.

3159. ئەگەر كەلسە ياخشى، سۆزنى قەدىرلىگەن بولىدۇ،
ئەگەر كەلمىسە، يارلىقىڭىز قەدىرسىزلىنىدۇ.

3160. ئەلىگ ئالىيلىرى رەنجىپ قالارمىكىن،

ئۇ توغرا ئادەم مېنى ئەيىبلەرمىكىن؟

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3161. ئەلىگ ئېيتتى: مەن سەندىن سۆز سورىدىم،
سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ بىلگەنلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەردىڭ.

3162. چاقىرغىن، كەلسە كېلەر، ئەگەر كەلمىسە،
سۆزۈمنى ئالمىسا، نېمىشقا ئەيىبلەيمەن؟

3163. سەن ئۇنىڭ تۈرلۈك پەزىلەتلىرىنى ماختىدىڭ،
بۇ پەزىلەتلىرى ئۈچۈن مەن ئۇنى خالىدىم.

3164. بىلىملىك، ئىدراكلىق دېگەنلىكىڭ ۋە
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئارزۇ قىلدىم.

3165. بىلىملىك، ئىدراكلىق كىشى ــ (ھەقىقىي) كىشىدۇر،
ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا باراۋەر!

3166. ئىش بىلسە بىلىملىك، ئىدراكلىق بىلىدۇ،
ئىش قىلسىمۇ بىلىملىك، ئىدراكلىق قىلالايدۇ.

3167. مۇنۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغانكى،
بۇنى سەن ئاڭلا، ئەي مەرد قەھرىمان:

3168. ”بارلىق چىگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ،
بىلىم ئىگىلە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا.

3169. بىلىم بىلەن ئىش قىل، يەنە تىلىڭنى توغرا تۇت!
يەنىمۇ ئۇگەن، كۆڭلۈڭ بىخۇد ئۇتمىسۇن.»

3170. ئۇنىڭ پايدىسى يالغۇز ماڭىلا بولمايدۇ،
قېرىنداشىڭدىن ساڭىمۇ پايدا – مەنپەئەت تېگىدۇ.

3171. قېرىنداشلىق بولۇشقا قېرىنداش كېرەك،
قېرىنداش بولمىسا، كىشىلەردىن دوست تۇتۇش كېرەك.

3172. ئەل باشچىلىرى ياخشى ئېيتقانىدى:
قېرىنداشلىق كىشى ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

3173. قېرىنداشلىق كىشىنىڭ داڭقى، شۆھرىتى بۈيۈكتۈر،
دوستلىرى بار كىشىنىڭ نامى، سۆزى بۈيۈكتۈر.

3174. قېرىندىشىڭ بولمىسا، يۈر، دوست تۇت،
دوستۇڭ ياخشى بولسا، شۇ قېرىنداشتۇر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3175. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ (دېدى): بەختلىك ئەلىگ
ھەقىقەتەن ئۇنى خالىسا، ئامالىنى قىلاي.

3176. ئەلىگ يارلىق قىلسا، ئۆزۈم باراي،
ئۇنى چاقىراي، سۆزۈمنى ئاچاي.

* 3177. بىلىمدىن، ئىدراكتىن ئەقىل بىلەن سۆز تاللاپ
تۈرلۈك – تۈمەن سۆزلەرنى (ئۇنىڭغا) ئېيتاي.

3178. ئەلىگمۇ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ بەرسۇن،

ئۇ زېرەك ئەلنىڭ يارلىقىنى ئۇقسۇن.

3179. ماڭا ئىشەنسۇن، بۇ (ئىشلار)نى مەندىن كۆرمىسۇن،
يەنە، يارلىقنى ئاڭلاپلا كېتىپ قالمىسۇن.

3180. مەن ئۆز تىلىم بىلەن قانچىلىك سۆز قىلاي،
ئەلنىڭ يارلىقى بولغان خەت ـ سۆزى باشقا (گەپ).

3181. ئەي تېگى ئېسىل، (بۇ ھەقتە) نېمە دېيىلگەن، ئاڭلا:
بەگنىڭ يارلىقى ئاۋامنىڭ دىلىنى يېرىۋېتىدۇ.

3182. بىلىملىك كىشى يەنە ياخشى ئېيتقان:
بەگنىڭ سۆزى چىگىش كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ.

3183. بەگلەر قۇللىرىغا ئىللىق سۆزلىسە،
قۇللار ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ.

3184. ئەگەر بەگنىڭ تىلى يۇمشاق، شېرىن بولسا،
ئۇنى ئۇلۇغ، كىچىك — ھەممە خەلق ياخشى كۆرىدۇ.

## ئەلنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3185. ئەلىگ دېدى: ئەمدى ئەلچىسى شۇ بولسا،
خەت يېزىپ بېرەي، خېتىم ئۇنىڭغا تور ـ تۇزاق بولسۇن.

3186. سېنىڭ بېرىشىڭ زۆرۈر بولسا، تەييارلانغىن،
يەنە مەن ئۆز نامىمدىن خەت يېزىپ بېرەي.

39

## كۈنتۇغدى ئەلىگىنىڭ ئۇدغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3187. (ئەلىگ) دۇۋەت، قەغەز سورىدى، خەت يازدى،
خەت بىلەن ئۆز ئىشىنىڭ ھازىرلىقىنى كۆردى.

* 3188. ياراتقان، تەربىيە قىلغان، كەچۈرگەن ئىگەم،
دەپ، خۇدا نامى بىلەن سۆز باشلىدى.

3189. (ۋە) دېدى: مەن خۇدانىڭ نامىنى يازدىم،
بۇ نام ھەر تۈرلۈك كېسەلگە داۋادۇر.

3190. (خۇداغا) مىڭلارچە كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىمەنكى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن پەنالىق يوقتۇر.

3191. ئۇ بارلىق جانلىقلارنى خالىغىنىچە ياراتتى،
ئۇ ھاياتلىق (ئۈچۈن) رىزىق بېرىدۇ ۋە تىرىك تۇتىدۇ.

3192. ئۇ ھەممىگە قادىر، ھەقىقەتنى (ۋە) قانۇننى ياراتقۇچىدۇر،
ياراتقان (ئىگەمنىڭ) ھەممە خەلققە كۈچى يېتىدۇ.

3193. (ئۇ) كۆك ئاسماننى ياراتتى، كۈن ۋە ئاينى يورۇتتى،
قاراڭغۇ تۈن، يورۇق كۈن ۋە ساناقلىق يىل، ئايلارنى (ياراتتى).

3194. بۇ پەلەكنى ياراتتى، تىنماي چۆرگىلەيدۇ،
خۇدانىڭ ھۆكمى، تەقدىرى بىلەن ئايلىنىدۇ.

3195. يارىتىشتىن ئاۋۋال تەقدىر – قازانى بەلگىلىدى،
قازاغا رازى بول، بويۇن ئەگ، (ئۇنىڭغا) ئەگەش.

3196. نېمىنى خالىسا قىلدى، نېمىنى خالىسا قىلىدۇ،
نېمە دېسە بولدى، نېمە دېسە بولىدۇ.

3197. (ئەمدى) ئەلىگدىن (ساڭا) سالام، كۆڭۈلدىكىنى ئېيتىپ،
ئېسەنلىك ھەققىدە خەت يازدىم، ئەي زېرەك!

3198. تېنىڭ ئامان – ئېسەنمۇ، تىنچلىقمۇ؟
زامان يۈكىنى قانداق كۆتۈرۈۋاتىسەن؟

3199. سېنىڭ ياخشى قىلىق – ئادەتلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
بۇ زاماندا سېنىڭ تەڭتۇشۇڭ يوقلۇقىنى (بىلدىم).

3200. خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىپتۇ،
بىلىم، پەزىلەت، ئىدراك ۋە ئەقىل ئۇلۇش قىلىپتۇ.

3201. ئاشۇنداق خۇلق – مىجەزىڭنى مەن ئاڭلىدىم،
ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم، سېنى ئارزۇ قىلدىم.

3202. قېرىنداشلىق تۈگدۈلمىشنى ئەۋەتتىم،
سۆزۈمنى (ۋە) چۈشىنىپ بىلگەنلىرىنى يەتكۈزىدۇ.

3203. سەن يېقىن تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىڭنى تەرك قىلىپسەن،
شەھەر، كەنت، خەلقتىن يۈز ئۆرۈپسەن.

3204. ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭ يالغۇز تاغقا چىقىپ كېتىپسەن،
تائەت ـ ئىبادىتىڭ بەك ئۆزۈڭغا سوزۇلۇپتۇ.

3205. قېرىنداشلار ساڭا نىمە قىلغانىدى،
نىمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈدۈڭ؟ ماڭا ئېچىپ ئېيت!

3206. ئەگەر ساڭا زۇلۇم ـ زەخمەت يەتكەن بولسا،
بۇ يەرگە كەل، بۇ قايغۇ ـ ئەلەملىرىڭنى ماڭا ئېيتقىن.

3207. مەن ساڭا كۈچ بىلەن ئادالەت بېرەي،
بۇ يەردە شاد ـ خۇرام كۈلۈپ ياشا!

3208. قېرىنداشتىن قېرىنداشقا مەنپەئەت يۇقىدۇ،
مەنپەئەت بىلەن ئىنسان لەززەت ئالىدۇ.

3209. قوۋم ـ قېرىنداشلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش كېرەك،
دوست ـ ئاداشلار بىلەن ئارىلىشىش كېرەك.

3210. قەيەردە ئىناقلىق ـ يېقىنلىق بولسا،
شۇ ئىشتا مەنپەئەت بولىدۇ، (بۇنىڭغا) كۆڭۈل قوي.

3211. شېئىر تۈزگۈچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىككى كىشى ياراشسا، هامان پايدا كۆرىدۇ.

3212. ”قوڭۇر يەر يېشىل سۇ بىلەن ياراشقانلىقتىن،

ئارىسىدىن مىڭ خىل گۇل - چېچەكلەر كۆلۈپ ئېچىلدى.

3213. قېرىنداش، ياكى دوستلار يارىشىپ - ئىناق يۇرسە،
بىلگىنكى، ئۇلاردىن (يەنە) قوۋم - قېرىنداشلار پەيدا
بولىدۇ.»

3214. ئەگەر ئىبادەت قىلىش ئۇچۇنلا (ئۇ يەرگە) بارغان بولساڭ،
ئىبادەتنى شەھەردە قىل، بۇ - دىنىنىڭ يولى.

3215. شەھەر - كەنتلەردە مۇقەددەس ئىبادەت يولى ناھايىتى كۆپتۇر،
نەزەر سالساڭ، بۇنچىلىك (پۇرسەت) ئۇ يەردە يوق.

3216. ئىبادەت ئۇچۇن، ئاۋۋال كۆپ بىلىم ئۆگەن،
بىلىمسىز (تۇرۇپ) قىلغان ئىبادەتتىن پايدا بولمايدۇ.

3217. ئىككى تۈرلۈك كىشى ئاتىلىدۇ:
بىرى - ئۆگەنگۇچى، بىرى - ئۆگەنگۇچى.

3218. بۇ ئىككىسىدىن باشقىسى ھايۋان قاتارىدۇر،
خالىساڭ ئۇنىڭغا تۇر، خالىساڭ بۇنىڭغا.

## ئەلىگىنىڭ ئودغۇرمىشقا نەسىھىتى

3219. سەن ئەمدى قايسىنىغا تۇرسەن، ماڭا ئېچىپ ئېيت،
ئىككىنىڭ بىرى بول، ئۇچىنچىسىدىن قاچ.

3220. ئۆگىنىپ تامامەن بىلىملىك بولغان بولساڭ،
ئەمگەك سىڭدۇرۇپ ئەمدى ئۇنى ئىشلەت.

3221. ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ، بىلىم ئۆگەن،
ئاندىن ئىبادەتكە قول ئۇزات.

* 3222. بىلىم بەرگۈچى، بىلىم بىلەن تائەت — ئىبادەت
قىلغۇچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3223. خۇداغا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە بىلىم بىلەن يېقىنلاشقىن،
بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى (پىچەتلەيدىغان) تامغا بولىدۇ.

3224. بىلىم بىلەن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ،
بىلىمسىز ئىبادەت قىلسا، ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

3225. بىلىمسىزنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە قارىغاندا،
بىلىملىكنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ ساۋابى يۇقىرىدۇر.

3226. شەھەر — كەنتلەردە قىلىدىغان ئىبادەت كۆپتۇر،
ئۇ يەردە قىلغىنىڭ (بۇ يەردىكىنىڭ) پىرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ.

3227. سېنىڭ ئۇ يەردىكى ئىبادىتىڭنىڭ بىرى — نامازدۇر،
يەنە بىرى — روزا تۇتارسەن، ئەي ئوغۇل.

3228. ئۇ يەردە بۇنىڭدىن باشقا (نېمە) ئىبادەت بار؟
تىلىڭ بىلەن سۆزلەپ ماڭا كۆرسىتىپ بەر.

3229. سەن ئەمدى زاھىت دەپ ئاتالدىڭ،
بۇ ئاتاق ساڭا بىر ئىبادەت بالاسى بولدى.

3230. بۇنىڭغا سەن ئالدانغان بولساڭ،

بۇ تائەتلىرىڭ بىكار بولدى، (باشقا) سۆزنى قوي!

3231. ئىبادەت قىلغۇلۇق، ئۇنى خەلقتىن يوشۇرغۇلۇق،
تائەت كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىلگۈلۈك.

3232. كىشىلەرنىڭ ياخشىسى تائەت .. ئىبادەت قىلسا،
ئۇنى خەلقتىن يوشۇرىدۇ، ئىشىكنى ئېتىپ قىلىدۇ.

3233. ئەمدى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نىمە ئىكەنلىكىنى ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي ياخشى كىشى:

3234. "مەرد ئەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ،
يۈز يىل ئىبادەت قىلسىمۇ، ئۇنى ئاز دەپ بىلىدۇ.

3235. ئىبادەتنى يوشۇرۇن قىل، كىشى كۆرمىسۇن،
بۇ سۆز — سىرىم ئىدى، ئىچىپ سۆزلىدىم."

3236. بۇ ياقىا كەل، شەھەر، كەنتتە ئىبادەت قىل،
ھەر خىل ياخشىلىققا ئىشىك ئېچىلسۇن.

3237. خەلققە پايدىلىق بول، ھاجىتىگە يارا،
قېرىنداشلارغا باغرىڭنى ئاچقىن، يېقىنلىق قىل.

3238. كۆپلىگەن يېتىم، ياكى تۇللارغا،
يا كۆزسىز، پالەچ، ئاقساق ـ چولاقلارغا نەزەر سال.

3239. پەرھىز نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتە،
كەمبەغەللەرنىڭ ھەجى — جۈمە نامىزىنى ئوقۇ.

3240. ھالال دۇنيا تاپقىن، كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈر،
كىشلەرنىڭ قولىنى تۇتقىن، ھازىر جاۋاب، يۈلەنچۈك بول.

3241. بۇ سانالغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى — تائەتتۈر،
بۇ تائەت بىلەن ھەممە راھەتلىك بولىدۇ.

3242. بۇلارنىڭ ھەممىسنى تاشلاپ، ئۆزۈڭ يالغۇز
ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتتۇڭ، ئەي خۇش پېئىل.

3243. ناماز، روزا — ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىدۇر،
ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى مېھرىسىز بولىدۇ.

3244. كىشلەرنىڭ سەرخىلى، كىشىگە مېھرىبان،
كىشلەرنىڭ تاللانغىنى ياخشى دېگەنىدى:

3245. كىشلەرنىڭ ياخشىسى ئۆز پايدىسىدىن كېچىپ،
مۇشەققەت چېكىپ باشقىلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ.

3246. كىشى كۆيۈمچان بولۇشى، مېھرى بىلەن
يامانلارغا ئېچىنىپ، (ئۇلارغا) ياخشى يول كۆرسىتىشى كېرەك.

3247. تىرىك ئىنسان ئوغلى پايدا يەتكۈزىدىغان بولۇشى كېرەك،
پايدا يەتكۈزمەيدىغان كىشى تۇغۇلۇپلا ئۆلگىنى ياخشى.

3248. كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ،
بۇنداق ياخشى كىشى — خەلقنىڭ نېمىتىدۇر.

3249. قايسى بەندە ئىبادەتكىلا ئىشەنگەن بولسا،

تەگرىنى رازى قىلىش يولىغا ئىرىشەلمىدى.

3250. سەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى تىلىسەڭ،
مۇسۇلمانلارنىڭ رازىلىقىنى تىلە، سۆزنى ئۇزارتما.

3251. خۇدا سېنىڭ ئىبادىتىڭگە موھتاج ئەمەس،
ئۆز قۇللۇقۇڭنى ئادا قىل، نامىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلە.

3252. كىمنىڭ نامى قۇل بولسا، ئۇنىڭ قىلمىشى ئىبادەتتۇر،
ئىبادەت قىلمايدىغان قۇلنىڭ نامى تەقلىددىنلا ئىبارەت.

3253. ئىبادەت قىل، ئىبادەتنى توختاتما، مانا بۇ — قۇللۇقتۇر،
تائەت – ئىبادەتكە كۆڭۈل قوي ۋە بۇ يولنى مەھكەم تۇت.

3254. بىلىمى كەڭ دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئەي قولى ئۇچۇق:

3255. "تائەت – ئىبادەت (قىلدىم) دەپ كۆپ مەغرۇرلانما،
خۇداغا ئىبادەت قىل، ئىبادەتلىك (كىشى) ئەزىزدۇر.

3256. خۇداغا ئىبادەت قىل، بۇ — سېنىڭ قۇللۇق قىلغىنىڭدۇر،
(لېكىن) ئىبادەت قىلدىم، دەپ ھوشۇڭنى يوقاتما!"

3257. ئەي ئۇدغۇرمىش، ئەمدى سېنى چاقىرتسام،
مېنى ئۆز پايدىسىنى كۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما.

3258. ئەگەر كەلسەڭ، پايدىسى – مەنپەئەتى ساڭا بولىدۇ،
ئەگەر كەلمىسەڭ، ماڭا (ھېچقانداق) زىيىنى يوق.

3259. سېنى خەلققە ياخشىلىق (قىلىش) ئۈچۈن چاقىرىۋاتىمەن،
بۇ ياخشىلىق — خەلقنىڭ پايدىسى (ئۈچۈندۇر) بۇنى رەت قىلما.

3260. مەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرگە دىققەت قىل،
توغرا بولسا، ئۇ يەردىن قوپۇپ، بۇ يەرگە كەل.

3261. مېنىڭ بىلەن تۇرغىن، ماڭا ياردەم قىل،
كەمبەغەللەرنى مال — دۇنيا بىلەن يۆلەپ، ياخشىلىق قىل.

3262. بۇ — سەن ئۈچۈن ساۋابلىق، مەن ئۈچۈن ياخشى نامدۇر،
قادىر خۇدا ئىككىلا دۇنيالىقىڭنى بەرگۈسىدۇر.

3263. مېنى ياخشىلىققا يېتەكلە، ئۆزۈڭمۇ ياخشى بول،
كىشى ياخشى ئەردىن ياخشى يول تاپىدۇ.

3264. مېنىڭ ياخشىلىق (قىلىشىم ئۈچۈن) سەۋەب بول،
خۇدا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، ئەي پالۋان.

3265. تاجىك دانىشمىنى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تاجىك ئالىملىرىنىڭ شۆھرىتى يېيىلغاندۇر:

3266. بېگى خەلققە ئىشەنچلىك، ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ پايدىسىدىن بارچە خەلق بەخت تاپىدۇ.

3267. ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدىمە، بېگىڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
بېگى ياخشى بولسا، بۇ — خەلق ئۈچۈن پايدىلىق.

3268. ئاۋام ياخشى بولسا، بىر ئۆزىگىلا بولىدۇ،

بېگى ياخشى بولسا، خەلق (ياخشى) كۈن كۆرىدۇ.

3269. "كىشى" دېيىشىدۇ، كىشى دېگەن كىم؟
(كىشى) ئۆز ئىشى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت بەرگەنلەردۇر.

3270. بارچە ئىنسان ئوغلى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ،
قايسى (نەرسە) ياخشىلىق بولسا، شۇ ماختىلىدۇ.

3271. ياخشىلىق — خەلققە پايدا يەتكۈزۈش،
بۇ پايدا بىلەن خەلقنى ھالاۋەتلىك قىلىش دېمەكتۇر.

3272. ياخشى كىشى خەلققە مېھرىبان بولىدۇ،
مېھرىبان بول، ياخشى ئادەم بولغىنىڭ شۇ.

*　　*　　*

3273. خېتىم ئارقىلىق مانا بۇ سۆزلەرنى سۆزلىدىم،
سۆزۈمنى تۈگەتتىم ۋە قەلەمنى قۇرۇتتۇم.

3274. (بۇنىڭدىن باشقا) يەنە قانداق سۆزۈم بولسا،
قېرىنداشىڭ ئۆز تىلى بىلەن يەتكۈزىدۇ، ئەي ئاي يۈزلۈكۈم.

*　　*　　*

3275. خەتنى تۈرۈپ باغلىدى ۋە ئۈستىگە تامغا بېسىپ،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش دەرھال (قولىغا) ئالدى.

* * *

3276. ئەلىگ ئېيتتى: بارغىن، يەنە قانداق
كېرەكلىك سۆز بولىدىكەن، (ئۇنىڭغا) يەتكۈز، ئەي دانا.

3277. تىرىشقىن، ئۇنى مېنىڭ (ئالدىمغا) كەلتۈر،
ئۇنىڭسىز ئالدىمغا قۇرۇق كەلمە، ئەي باتۇر.

3278. بىلىملىك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
زېرەك ئەلچىنى ئەۋەت، سۆزۈڭنىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇر.

3279. ئەمدى ساڭا يەنە نېمە سۆز تاپشۇراي،
ھەممە سۆز ئۆزۈڭدە، ئەي كۆڭلى تۈز.

3280. نېمە دېيىش كېرەك بولسا، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزلە،
چارىسى نېمە بولسا، سەن شۇنى قىلغىن.

* * *

3281. خوپ، دەپ ئۆگدۈلمىش تۇرۇپ چىقتى،
ئۇ شۇنداق ياخشى خۇلق بىلەن تەربىيىلەنگەنىدى.

3282. ئېتىنى مىندى (ۋە) قوزغىلىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى،
كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشتى، (ئۆيىگە) كىردى، بەلبېغىنى يەشتى.

3283. قۇياش قايرىلىپ يەرگە بېشىنى ئەگدى،
يورۇق دۇنيانىڭ مەڭزى گىرىمسەن بولۇپ قىزاردى.

3284. (ئاسمان) كاكىلىنى تۆۋەن سېلىپ، يورۇق يۈزىنى ياپتى،
چىرايلىق زۇلپى يۇقىرى – تۆۋەنگە يېيىلدى.

3285. تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى،
تۆشەك سالدى، ياتتى ۋە بىرئاز ئۇخلىدى.

3286. چۆچۈپ ئويغاندى ۋە بېشىنى كۆتۈردى،
تۇمان ئاسمان يۈزىنى قارا رەڭگى (تۇسكە) كىرگۈزدى.

3287. ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئالدى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى،
دۇئا، تەسبىھ قىلىپ، بىرئاز كۈتتى.

3288. (ئاق) يىپەكتەك دۈگىلەك (قۇياش)، يەلكىسىنى كۆتۈردى،
جاھان كۆلۈمسىرىگەن ئوچۇق يۈزدەك يورۇدى.

## 40

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ

3289. ئۇ دەرھال ئېتىنى تۇتۇپ ئېگەرلىدى،
ئۆيدىن چىقىپ قېرىنداشى تەرەپكە ماڭدى.

3290. قېرىنداشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە،
ئېتىدىن چۈشۈپ، (پىيادە) يېتىپ باردى.

3291. كېلىپ قولى بىلەن ئاستا ئىشىكنى قاقتى،
ئودغۇرمىش ئىبادىتىنى توختىتىپ، (ئورنىدىن) تۇردى،

3292. ئىشىكنى ئېچىپ (تالاغا) چىقتى، قېرىنداشىنى كۆردى،
قۇچاقلىشىپ، يۈز - كۆزىنى سۆيۈپ، ئېسەنلەشتى.

3293. قولىدىن تۇتۇپ شۇئان ئۆيگە باشلىدى،
ئورۇن كۆرسەتتى، قولىدىن تۇتۇپ يېنىدا ئولتۇردى.

3294. ئۆزى قېرىنداشىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈندى،
كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىپ، خۇداغا شۈكۈر قىلدى.

3295. كىشى ئايرىلىپ، ئىستەپ كېلىپ، (يەنە) سالامەت كۆرۈشسە،
ئىمىدىكەن ئاجايىپ شادلىق بۇ - ھە!

3296. قېرىندىشىدىن يىراقلىشىپ، يەنە قايتىدىن
يېقىنلىشىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە!

3297. قارا، مېھرىبان قېرىنداش (ئۆز) قېرىندىشىغا
يېقىنلىق كۆرسەتسە، نېمىدېگەن چىرايلىق بولىدۇ ـ ھە، ئاداش!

3298. قېرىنداشقا قېرىندىشىنىڭ كۆڭلى مېھرىبانلىق بىلەن
يېقىن بولسا نېمىدېگەن گۈزەل!

* 3299. چىن كۆڭلىدىن يېقىنلىق قىلغۇچى
مېھرىبان قېرىنداش نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3300. "جۇدا بولغان كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشسە،
قايغۇسى قىسقا، خۇشاللىقى ئۇزۇن بولىدۇ،

3301. كىشى ئايرىلىپ، يەنە بىر ـ بىرى بىلەن
سالامەت كۆرۈشسە، نېمىدېگەن ياخشى."

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3302. ئۇدغۇرمىش قېرىنداشلىرىنى سورىدى،
ئۆگدۈلمىش (ئۇلارنىڭ) ئىسەن ـ ئامانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

3303. ئۇدغۇرمىش يەنە سورىدى: ماڭا ئېيتقىن،
قانداقلارچە كەلدىڭ، ساڭا نېمە بولدى؟

3304. مەن سېنى ئەلىگ بىلەن بىللە (ئىكەن)،

بىلىم بىلەن خەلققە پايدا يەتكۈزۈۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

3305. ئۇلارنى قويۇپ، خەلق يۈكىنى بويىنۇڭغا يۈدۈپ
بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3306. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
ئەي خۇش چىراي، مەن سېنى (كۆرۈشنى) ئارزۇ قىلدىم.

3307. سېنى كۆرەي، غەم ـ قايغۇ
تۈگۈنىنى يېشەي، دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

3308. سېنى كۆرۈشكە بەك ئىنتىزار ئىدىم،
بۈگۈن ئالدىڭغا كېلىشكە پۇرسەت تاپتىم.

3309. ئۇزاق زاماندىن بۇيان سېنى كۆرمىدىم،
(كۆرۈشۈشنى) ئارزۇلاپ تىلەيتتىم، پەيتكە ئېرىشەلمىدىم.

3310. ئەمدى ۋاقتى كەلدى، مانا ئۆزۈم كېلىپ
سەن بىلەن ئۇچراشتىم، (بۇنىڭغا) شۈكۈر دەيمەن.

3311. ئىنسان ئۆزى ئىسەن ـ ئامان بولسىلا،
تىلىكىگە يېتىدىكەن، ئەي مېھرىبان قوزام.

* 3312. ئايرىلىش پەيتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن،
سېغىنىشنى (ھېس) قىلغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3313. ئىنسان تىرىك بولسا، تىلىكىگە يېتىدۇ،
تىلەككە يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق بىر سەرمايىدۇر.

3314. ئىنسان ھايات بولسىلا، تېپىشىدۇ،
ئېسەن بولسىلا، ئايرىلغانلار قوۋۇشالايدۇ.

3315. ھاياتلىقنى تىلە، ئارزۇنى تىلىمە،
ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق يۆلەكتۇر.

3316. خۇدا ئاخىر ماڭا تىلىكىمنى بەردى،
ئېسەن ـ ئامان ساڭا قوۋۇشتۇم.

3317. بۇ سۆزدىن كېيىن يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئاڭلاشنى خالىساڭ، بۇنىمۇ ئېيتاي.

## 41

## ئۇدغۇرمشنىڭ ئۆگدۈلمش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

3318. ئۇدغۇرمش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
سەنمۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن.

3319. يېقىنلىقىنى داۋاملاشتۇرغىنىڭ ئۈچۈن، بىر خۇدا
(ساڭا) مىڭلارچە ساۋاب، تۈمەنلىگەن ياخشى نام ئاتا قىلسۇن.

3320. يەنە بىر سۆزۈڭ نېمە ئىدى، ئۇنىمۇ ئېيت،
ئۇنىمۇ ماڭا سۆزلە، كېيىنگە قالدۇرما.

3321. ئۆگدۈلمش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
سېنى كۆرۈش بىلەن كۆزۈم روشەنلەشتى.

3322. كىشى ئۆز تىلىكى بىلەن يول ماڭسا،
ئۇنىڭغا مۇشەققەت تەگمەيدۇ، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ.

3323. سىنىغان (تەجرىبىلىك) كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلى كەڭ:

3324. „قايسى ئىشقا ئارزۇ“ — تىلەك (بىلەن) ماڭسا،

ئاياغ باسقاندىلا ئارزۇسى يار ـ يۆلەك بولىدۇ.

3325. تىلەك بىلەن ماڭسا، يىراق يەر يېقىنلىشىدۇ،
(ئارزۇ قىلغاننىڭ) يۈزىنى كۆرگەندە، جان ئىگىسىنى تاپىدۇ.»

3326. ئۆگدۈلمىش يەنە شۇنداق دېدى: مانا مەن
ساڭا قايغۇرۇپ، (سېنى دائىم) تىلىمدىن چۈشۈرمەيمەن.

3327. شەھەر ـ كەنتنى، يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلارنى تاشلاپ كەتتىڭ،
كىشىلەردىن يىراقلاشتىڭ، (بۇ يەردە) دوست، بىلىشلەر يوق.

3328. ئۆزۈڭ يالغۇزلۇقتا ئېغىر يۈك يۈدۈپ،
يېلىن ـ ئاچ يۈرۈپسەن، ئاجىزلاپ كېتىپسەن.

3329. قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى دىلىدا ساڭا قايغۇرىدۇ،
كۆرۈشنى خالىغاندا (سېنى) تاپالمايدۇ، كۆڭلى بىئارام بولىدۇ.

3330. ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسى يالغۇز ئۆتەلمەيدۇ،
سەن بۇ يەردە يالغۇز، ئاغرىپمۇ قالارسەن.

3331. بۇ قايغۇ مېنى ئۆيدە ياتقۇزمىدى،
ئەلەم ـ قايغۇ بىلەن بىئارام بولدۇم.

3332. تەڭرى دوزاخنى سەن ئۈچۈنلا ياراتمىغان،
بارلىق ئازابنى پەقەت ساڭىلا ئاتىمىغان.

3333. ئۆزۈڭنى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قىينايسەن؟
ماڭا ئېنىق ئېيت، سۆزلىرىڭنى بىلەي.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3334. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
(سۆزلىرىڭنى) ئاڭلىدىم، مەنمۇ جاۋاب بېرەي، ئاڭلا،

3335. سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر — مېھرىبانلىقتۇر،
بۇ — قېرىنداشلىق ھەمدە يېقىنلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

3336. قېرىنداش غېمىنى قېرىنداش يېمىسە،
قېرىنداش بولمىغان ياتلار يەمدۇ؟

3337. مەنمۇ قوۋم - قېرىنداشلاردىن ئايرىلىپ
قانداقمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرالايتتىم؟

3338. نەزەر سېلىپ، دىنىمنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردۈم،
بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى كۆرۈندى.

3339. شۇڭا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كېلىپ،
ئۆزۈم يالغۇز خۇداغا ئىبادەت قىلاي (دېدىم).

3340. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغا ئارىلاشقان كىشى
ئىبادەت بىلەن ئاخىرەت ئىشىنى قىلالمايدۇ.

3341. خەلققە پۈتۈنلەي ئىشىك ياپمىغۇچە،
يارانقۇچى رەببىگە ئىبادەت قىلغىلى بولمايدۇ.

3342. ھاۋايى - ھەۋەس، نەپسىنىڭ بوينىنى قاتتىق سىقىش كېرەك،
ئاندىن ئۆزۈڭ تائەت - ئىبادەت لەززىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

3343. تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
دىن ئىشى ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن (بىللە) بولالمايدۇ.

3344. قارا، ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن نەپس چوڭ دۈشمەندۇر،
بۇ ئىككىسى ئىبادەت قىلغۇچى قۇلنى (يولدىن) ئازدۇرىدۇ.

3345. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە يول قويسا، كىشى تۇتقۇن بولىدۇ،
ۋۇجۇدۇم ئارزۇسىغا يەتسە، ئۇ مېنى قۇل قىلىدۇ.

3346. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمە، (ئۇنى) ئەقىل بىلەن رەت قىل،
ۋۇجۇدۇڭ باش كۆتۈرۈپ چىقسا، بىلىم بىلەن باس.

3347. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مەن شەھەر ـ كەنتنى تاشلاپ،
ئېغىر مۇشەققەت چەكسەممۇ بۇ يەرگە جايلاشتىم.

3348. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدىن چەتلەشكەن بولسام،
قۇرۇق سۆزلەۋاتقىنىم، ياكى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق.

3349. ئەي قېرىنداش، نېمىشقا يالغۇز تۇرىسەن، دېدىڭ،
ئەي دوستۇم، خۇدانىڭ يادى — مەن ئۈچۈن ھەمراھ.

3350. يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمدىن يىراق بولغىنىمنىڭ (سەۋەبى)
ئۇلارغا ئاچ ـ توقۇمنى يۈكلىمەسلىك (ئىدى).

3351. خەلقنىڭ كۆڭلى نازۇك، (ئۇنى) ئاسراش قىيىن،
كۆڭلى سۇنسا، ئۇنىڭغا قارشى خۇدانىڭ ئەدلى كۇپايە.

3352. مەندىن خەلققە ھېچ پايدا يەتمىگەن بولسىمۇ،

مەندىن زىيانمۇ كۆرمەيدۇ.

3353. پايدا ـ زىيان، ياخشىلىق ۋە يامانلىق — ھەممىسى
خۇدادىن بولىدۇ، بۇ (ئاللانىڭ) تەقدىرىدۇر.

3354. قارا، ئەرشتىن تارتىپ، تۆۋەن تەھتىساراغىچە
ھەممىسى بىردەك خۇداغا موھتاجدۇر.

3355. ئەي مەشھۇر، كىشىلەر ئارىسىدا نىمىلەر بار؟
پايدىمۇ، زىيان ـ زەرەرمۇ، ھەممىسى ماڭا ئايان.

3356. ئىبادەتنىڭ نىمە پايدىسى بار، دەپ سورايسەن،
ئىبادەت — قۇللۇق قىلماقتۇر. ئۇ قۇلغا ئىشىك ئاچىدۇ.

3357. قۇل دېگەن ئات شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇلغا ئاتاق بولىدىكى،
ئۇ كېچە ـ كۈندۈز تاغلارغا چىقىپ ئىبادەت قىلىدۇ.

3358. قادىر خۇدا خۇش كۆرسىمۇ، خۇش كۆرمىسىمۇ،
ئىبادەت دېگەن سۆز تىلدىن چۈشمەسلىكى كېرەك.

3359. بۇ يالغۇزلۇقۇمنىڭ ماڭا زىيىنى يوق،
ۋۇجۇدۇم ۋە دىنىمنىڭ ئىسەنلىكىنى شۇ يەردىلا تاپتىم.

3360. بۇ بېيىت ئېيتقۇچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
سىرتىغا قارىماي، ئىچىدىكى مەنىسىگە نەزەر سال:

3361. "ئەي ماھىر ئىنسان، يالغۇز، يولداشسىز يۈرگىن،
ئۇتىمۇ يالغۇز (يۈرۈپ)، تىل ۋە سۆزنى ئۆگەندى.

3362. ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزى يالغۇز ئىبادەت قىلسا،
يالغۇز ئۆزى (خەلققە) قانداقمۇ زىيان كەلتۈرسۇن؟“

3363. قېرىنداش، كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى ماختىدىڭ،
قانداق ئارىلىشىش، دوست تۇتۇش كېرەك؟

3364. مانا، بۈگۈن سەن كەلگەندىن بۇيان
تائەت - ئىبادەتتىن قالدىم، ئەقلىڭ بىلەن نەزەر سال.

3365. پەقەت يالغۇز سەن بىلەنلا ئارىلاشقىنىم ئۈچۈن،
زىيىنى شۇنچىلىك بولدى، (ئەمدى) ئارتۇق زورلىما.

3366. مەن ئەمدى كىشىلەر ئارىسىغا كىرسەم،
تائەت - ئىبادەتكە قاچان قولۇم تېگىدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3367. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سۆزۈڭنى
ئاڭلىدىم، سەنمۇ (مېنىڭ سۆزۈمنى) ئاڭلا، يۈز ئۆرۈمە.

3368. سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق،
(لېكىن) ھەقىقەتلەپ قارىسا، بۇ - بىر باھانىدۇر.

3369. تىرىك (كىشى) كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرۈشى كېرەك،
تىرىك (دېگەن) نامغا (يارىشا) كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش كېرەك.

3370. تىرىكلىكنىڭ نىشانى، ئۇنىڭ بەلگىسى نېمە،
كىشىلەر ئۇنىڭ (بىرەر) ياخشىلىقىنى كۆرمىسە؟

3371. خوتۇن ئېلىش كېرەك، كۆپ ئوغۇل، قىز تۇغۇلۇشى لازىم،
ئوغلى يوق دېسە، بۇ — ئەرگە سەت، ھاقارەتتۇر.

3372. ئادەملەرنىڭ سەرخىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇرۇقنىڭ ئۆزۈلۈپ قالماسلىقنىڭ چارىسى — خوتۇن (ئېلىش) دۇر.

3373. ئوغۇلسىز ئادەم ئۆلەر ۋاقتىدا ئۆكۈنۈپ:
"ئەي كېيىنكىلەر، ئوغۇل - قىزلىق بولۇڭلار" دېگەن.

3374. ئاتىدىن كېيىن كىمنىڭ ئوغلى قالغان بولسا،
بۇ ئاتىنى "تىرىك" دېگەندىن باشقا نام بىلەن ئاتىما.

3375. ئوغۇلسىز كىشى ئۆلسە، ئۇرۇقى ئۈزۈلىدۇ،
دۇنيادا نامى ئۆچىدۇ، ئورنى بوش قالىدۇ.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3376. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى: بۇ راست،
بۇنىڭدىن باشقىچىرەك يەنە بىر خىلى بار.

3377. ئەگەر ئوغۇل - قىز ياخشى ۋە ئەدەبلىك بولسا،
ئۇ خۇددى سەن تەرىپلىگەندەك بولىدۇ.

3378. ئەگەر يامان بولسا سېنى زارلىتىدۇ،
سەن ئۆلسەڭ، تېزلا سېنى ئۇنتۇيدۇ.

3379. نامىڭنى قارغىش بىلەن يامان قىلىدۇ،

ياتلار سېنى سۆكىدۇ، ئۆچمەنلىكى ئۆلغىيدۇ.

3380. ئوغۇل ـ قىز دۇشمەندۇر، دۇشمەننىڭ نېمە كېرىكى بار؟
دۇشمەنسىز ياشاش ـــ تېخىمۇ ياخشىراقتۇر.

3381. دۇشمەندىن قانداقمۇ يوروقلۇق (كۆتكىلى) بولىدۇ؟
دۇشمەننىڭ نامى زەرەردىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

3382. بىلىمى مول (ئالىملار) نەقەدەر ياخشى بىلىم بەرگەن:
بالا ـ چاقىنىڭ نامى ئەر ئۈچۈن يوقالماس كۆلەڭگىدۇر.

3383. بىلىملىكنىڭ سۆزى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېلىدۇ،
نەزەر سالساڭ، ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن توغرا سۆزلەپتۇ.

3384. "ئوغۇل ـ قىز دەپ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرسەن،
بۇ ئەمگەكلىرىڭنى بىلىدىغان ئوغۇل ـ قىز نەدە بار؟

3385. هارام (دۇنيا)نى توپلايسەن، (ئۆزۈڭ) كېتىسەن، (ئۇلار) قالىدۇ،
سەن مۇشەققەت چېكىپ ئۆتىسەن، ئۇ ئارزۇغا يېتىدۇ."

3386. خوتۇن ئالغۇچىنى كېمىگە چۈشتى دەپ پەرەز قىل،
كېمىگە چۈشكۈچى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىدۇ.

3387. ئوغۇل ـ قىز تۆرەلسە، كېمىسى سۇنىدۇ،
كېمە سۇنسا، كىم سۇدا تىرىك قالىدۇ؟

3388. ئوغۇل ـ قىزغا ئاتا بولغۇچىغا رەھىم قىلىش كېرەك،
(چۈنكى) ئوغۇل ـ قىزغا ئاتا بولغاننىڭ يىگىنى ئوغا بولىدۇ.

3389. ئوغۇل ـ قىزنىڭ يامىنى ئاتىسىدىن كېيىن
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قويمايدۇ.

3390. بۇنىڭغا ئوخشاش بالا ـ چاقىدىن ۋاپا كېلەمدۇ،
قىلىقلىرى ياۋۇز، قىلمىشى جاپا (تۇرسا)؟

3391. ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئاتىسى ھەر خىل جاپا چېكىدۇ،
بالا ـ قازا، مۇشەققەتلەرنى پىلدەك ئۈستىگە ئارتىدۇ.

3392. دوست، يولداش، ئۇلپەت تۇتۇش كېرەك، دېدىڭ،
بۇغۇ ياخشى، (لېكىن) يۈكنى كۆتەرمىكىڭ تەس.

3393. بىلىمىلىك، پۇختا دانىشمەن يەنە ياخشى ئېيتقان:
كىشىنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇنى ئاسراش قىيىن.

3394. كۆڭۈل (گويا) شىشە دەپ سانىلىدۇ،
ئەي ئوغلان، ئۇنى بەك ئاسرا، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

3395. كۆڭۈل نازۇك بولىدۇ، بۇ — سىنالغان،
(ئۇ) ئىسسىقتا تېز ئېرىيدۇ، سوغۇقتا توڭلايدۇ.

3396. دوستنىڭ كۆڭلى سۇنسا، (ئۇ) ئەشەددىي دۈشمەن بولىدۇ،
دۈشمەن بار يەردە مىڭ (خىل) ئاداۋەت ساقلىنىدۇ.

3397. دۈشمەندىن ھاياتقا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلىدۇ،
دۈشمەن قەيەردە بولسا، يارىماس ئىشلار بولىدۇ.

3398. سېنىڭ دۈشمىنىڭ قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ،

ئۇنى سەن چوڭ دەپ بىل، ئەي مەرد باتۇر.

3399. چۈن پىلگە چوڭ دۈشمەن بولدى،
بىرلا چاقسا، پىلنى تىپىرلىتىدۇ.

* 3400. ئۆمرى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆتكەن،
دۈشمەنلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3401. "دۈشمىنىم كىچىك دەپ بىخۇد بولما،
ئۇنىڭدىن نېمىشقا قورقمەن، دەپ چوڭ سۆزلىمە.

3402. دۈشمىنىڭ بولىدىغان بولسا، بىخۇد بولما،
دۈشمەنگە دۈشمەن بول، ياخشىغا ياخشى."

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3403. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى:
ئېيتقان سۆزۈمنى ئاڭلا، كۆڭلۈڭدە تۇت.

3404. خۇدا بۇ دۇنيانى بىلىپ ياراتتى،
ھالال يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئاتا قىلدى.

3405. ياخشى دوست تۇتۇپ، ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۇرۇش كېرەك،
دوستلىرى ياخشى بولسا، ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ.

3406. بىراۋنىڭ پايدىسى بولسا، ئۇنىڭغا ئارىلاش،
كىشىلەرگە نەپ كەلتۈرۈش — كىشىنىڭ پايدىسى دەپ بىل.

3407. يالغۇز يۈرگۈچى كىشى بىر ناداندۇركى،
(ئۇنىڭ) باشقىلارغا پايدىسى تەگمەيدۇ، ئەي سىپخىي.

3408. كىشىگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەم ئۆلۈكتۇر.
(سەن) پايدىلىق بول، ئۆلۈك بولما، ئەي مەرد يىگىت.

3409. كىشىنىڭ دوست - يولداشلىرى كۆپ بولسا،
نامى ئەلگە يېيىلىدۇ، ئىشى يۈرۈشىدۇ.

3410. بۇ دۇنيادا ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
ئەگەر ئاخىرەتلىكىنى ئىزدىسىمۇ، ئاشۇ مەدەت بولىدۇ.

3411. ئەلەم، قايغۇغا (يولۇققاندا) ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.
شادلىققا شادلىنىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ.

3412. پەزىلەتلىرىنى يېيىپ، بارچە خەلققە سۆزلەيدۇ،
نۇقسانلىرىنى كۆرسە يوشۇرىدۇ، ھەرگىز ئېغىز ئاچمايدۇ.

3413. دۈشمەن (ئۇخلاپ ياتقان) باتۇرنى ئويغاتقۇچىدۇر،
نۇقسان ۋە پەزىلەتلىرىنى ئەلگە مەلۇم قىلغۇچىدۇر.

3414. دۈشمىنى بولمىغۇچە ئەرنىڭ مەردلىكى،
نامى ۋە جاسارىتى ئايان بولاتتىمۇ؟

3415. كىمنىڭ ئاشۇنداق پەزىلىتى كۆپ بولسا،
ئۇنىڭ دۈشمىنىمۇ ھېسابسىز كۆپ بولىدۇ.

3416. كىمنىڭ پەزىلىتى ئېسىل، پاك بولسا،

پۈتۈن ئەل كىشىلىرى ئۇنىڭغا دۈشمەن (بولىدۇ).

3417. قارا، ياخشى كىشىنىڭ دۈشمەنلىك بولۇشى ئېنىق،
يامانغا — دۈشمەن يوق، (چۈنكى) ياۋۇز كىشى — ئۆلۈكتۇر.

3418. قايسى ئەرگە (قارشى) كۆپ دۈشمەن يىغىلسا،
ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتىنى باشقىلاردىن ئارتۇق بىل.

3419. دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان ئەرنىڭ نامى بۈيۈك بولىدۇ،
دۈشمەنسىز كىشىنىڭ نامى چىقمايدۇ، (يەردە) ياتىدۇ.

3420. پەزىلەتلىك كىشى نېمىدېگەن، ئاڭلا،
بۇ پەزىلەتلەر بىلەن ئەر تىلەك - ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

* 3421. ”ئەرنىڭ مىڭلارچە دۈشمىنى بولمىسا، كۆڭگە مىڭ قېتىم،
ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسا، ئۇ قانداق ئەر بولىدۇ.

* 3422. قارا، مىڭ ئىتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ
قىچىپ كەتكەن بۆرە بۆرە بولامدۇ؟“

3423. يالغۇزلۇقتا كىشىلەرنىڭ پېيىغا چۈشمەيمەن، دېدىڭ،
ئېغىزىمدىن كېرەكسىز سۆز چىقارمايمەن، دېدىڭ.

3424. ئۆزۈڭ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرمىساڭ،
(ئەتراپىڭدا) كىشى بولمىسا، كىمگە سۆزلەيسەن؟

* 3425. قارا، كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، تىلىنى كۆزىتەلىگەن،
تۆردىن ئورۇن ئالغان ئەر (ھەقىقىي) ئەردۇر.

3426. (ھەقىقىي ئادەم) يىرىك سۆزلەرگە يۇمشاق جاۋاب بېرىشى،
ئاچچىق سۆزلەرگە شېرىن سۆز قايتۇرۇشى كېرەك.

3427. باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى، باشقىلارغا يۈك بولماسلىقى،
(باشقىلار) جاپا قىلسىمۇ، ئۆندىمەي، ۋاپا قىلىشى كېرەك.

3428. ئۆچ - ئادەۋەتلەرنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىشى،
دىلىدا بارىنى تىلى بىلەن ئىزھار قىلىشى لازىم.

* 3429. ياخشىلىق بىلەن نام، شۆھرەت قازانغان
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3430. كىشىلەرگە (ھەرگىز) قوپاللىق قىلما،
قوپال سۆز ئۇزۇن يىل دىلنى رەنجىتىدۇ.

3431. سېنى كىم سۆكسە، سەن ئۇنى ماختا،
(شۇنداق قىلساڭ) ئۇ ئوسال بولۇپ، سەن ئېسىل
سانىلىسەن.

3432. جاپا قىلغۇچىغا ۋاپا قىلىۋەرگىن،
مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا (قىلىدۇ).

3433. يېقىن قوۋم - قېرىنداشلار سەندىن (ئالاقىنى) ئۈزسە،
سەن ئۇلارغا يېقىنلىق قىلغىن، ئەي دوستۇم.

3434. ئەگەر ساڭا زالىم زۇلۇم قىلسا،
سەن ئۇنى كەچۈرگىن، بۇ — دىن يولىدۇر.

3435. قۇل، چۆرىلەر گۇناھ قىلسا، گۇناھىنى كەچۈرگىن،
گۇناھىنى كەچۈرگىنىڭ ساۋابتۇر، ئۇنى ئۇزۇق قىل.

3436. مەرد شۇنىڭ ئۈچۈن مەردكى، ئۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ،
ئۆلۈمنى يوشۇرۇپ سەۋر بىلەن يۈرىدۇ.

3437. بۈگۈن سەن يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ،
نېمە ياخشىلىققا ئېرىشەلەيسەن، ئەي خوش پېئىل؟

3438. راھەت، ئارزۇ، نېمەتلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىدىڭ،
كۈمۈش، گۆھەر، ئالتۇن، مىسقا ئېرىشەلمىدىڭ.

3439. ساراي، قەسىر، يەر ـ سۇ سېنىڭدە يوق،
ئات ـ ئۇلاغ، ئوغۇل ـ قىز (لىرىڭ) قېنى؟ ئۇلارمۇ سېنىڭدە
يوق.

3440. كىشىلەرگە ئۇزىتالايدىغان ئەركىن قول يوق،
ئۆزۈڭنى تۇتۇپ، ياخشى نامىڭ چىقسىلا (بولامدۇ)؟

3441. قانداق نەرسىلەرگە ئېرىشەلىدىڭ؟
مانا، بەزىلەر سېنى تەلۋە زاھىت، دەپ ئاتاشماقتا.

3442. كىشى كۆپ (نەرسىدىن) ۋاز كېچىپ، ئاز (نەرسە)گە ئىنتىلسە،
بۇنداق كىشى بېلىنى باغلاپ، ئاخىر زاھىت بولىدۇ.

3443. تىلىكىگە ئېرىشەلمىسە، ھەركىم زاھىت بولىدۇ،
سەۋر (قىلىشتىن) باشقا ھىيلىنى تاپالمايدۇ.

3444. قارا، شۇنداق كىشى ئەر بولىدۇكى، ملك (خىل) ئارزۇغا ئېرىشىپ،
ئۇنىڭدىن يەنە مەردلەرچە يۈز ئۆرۈيەلىسە.

3445. كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ، يېدۇرسە، ئىچكۈزسە،
(ئاندىن) خاتىرجەم بولۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلسا.

3446. (ئالدىغا) كەلگەن مال — دۇنياغا كۆڭۈل بەرمىسە،
قولدىن كەتكەنگىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ، يۈزىنى پۈرۈشتۈرمىسە؛

3447. ئەگەر، ئارزۇلىرى قولىغا كەلگەندىمۇ،
دىلىنى ۋە تىلىنى تۈزەپ، ئۆزىنى تۇتالىسا.

* 3448. دىققەت قىلساڭ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى (يۇقىرىقى سۆزلەرگە)
يېقىن كېلىدۇ، (بۇنى) ئاڭلا، ئەمەل قىل، ئەي خۇش پېئىل.

3449. "ئەرنىڭ مەردى شۇكى، ھەممە نەرسىگە قۇدرىتى يېتىپ،
ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئۆزىنى مەھكەم تۇتالىسۇن!

3450. يەنە ئەرنىڭ ئەڭ مەردى شۇكى،
ملك (خىل) ئارزۇغا يەتكەندىمۇ، ئۆزىنى تېز تىيالىسۇن!"

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3451. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: راستىنى ئېيت،
تىلىڭنىڭ نېمە ئىدى، ئەي ئاي يۈزلۈكۈم؟

3452. (مەن) نېمىنى سۆزلىسەم، سۆزۈمنى يېرىپ،
مېنى چەكلەپ، جاۋاب قايتۇرۇۋاتىسەن.

3453. تىلىكنىڭ نېمە، ماڭا ئۇچۇق ئېيتقىن،
نېمىنى سورىماقچى بولساڭ، ئۇچۇق سۆزلە، سورا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3454. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: مەن
(بىر) تىلەك بىلەن كەلدىم، ئۇچۇق سۆزلەي.

3455. كۈنتۇغدى ئەلىگ سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاڭلىدى،
قارا، ساڭا ئېھتىياجى چۈشۈپ، مېنى ئەۋەتتى.

3456. سېنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلدى،
سېنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

3457. قانچىلىك ئېغىر كەلسىمۇ بېرىش كېرەك،
ئەلىگ (ھۇزۇرىغا) بېرىپ، بىر كۆرۈنۈش كېرەك.

3458. ئەلىگمۇ ناھايىتى ياخشى بىر سۇلتاندۇر،
خەلققە مېھرىبان، جان كۆيەردۇر.

3459. كىم ئەلىگنىڭ يۈزىنى كۆرسە قۇتلۇق بولىدۇ،
ھەر ئىككى دۇنيادا بەختكە ئېرىشىدۇ.

* 3460. خەلققە باشچىلىق قىلىپ، پاراسەت بىلەن ئەل باشقۇرغۇچى
بۇ ئەل - يۇرت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3461. ئادالەتلىك، توغرا بەگ — ئېنىق سائادەتتۇر،
سائادىتى ئارقىلىق ھەممىگە (ئۆز) ئۇلۇشىنى بېرەلەيدۇ.

3462. توغرا بەگنىڭ نامى قەيەردە شۆھرەت تاپسا،
ئۇنىڭ (ئالدىغا) بارغۇلۇق، ئۇنىڭدىن كىشى بەختكە ئېرىشىدۇ.

3463. ئادالەت ۋە قانۇن — ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر،
تۈۋرۈك قىڭغايسا ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

3464. ئادالەتلىك (قانۇنلۇق) بەگلەر تىرىك بولمىغاندا ئىدى،
خۇدا يەتتە قات يەرنى بۇزغان بولاتتى.

3465. ئادالەتلىك بەگنىڭ يۈزىنى كۆرسە قۇتلۇق بولىدۇ،
ساۋاب تاپىدۇ ۋە گۇناھدىن خالاس بولىدۇ.

3466. ساڭا مەلۇم، بۈگۈن مېنىڭ ئادەم بولۇشۇمدا،
ئەلگىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى سەۋەب بولدى.

3467. خۇدا ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم بەرگەنىدى،
بارچە ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈزەلىدىم.

3468. خۇدا كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا،
خەلقنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىشكە تەۋپىق بەردى.

3469. قولغا - قول تۇتۇشۇپ، بەگلىك تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن
بۈگۈن ئەلىگ سېنىمۇ ئارزۇ قىلدى.

3470. چاقىرغۇچى سۈپىتىدە مېنى ئەۋەتتى،
مېنى يالغۇز قايتۇرۇۋەتمە، ئەي مەرد يىگىت.

3471. ئەلىگ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتتى،

(خەتتە) نېمە دېدى، ئۆزۈڭ ئوقۇپ كۆرگىن.

*　　*　　*

3472. (خەتنى) چىقىرىپ، قولىغا ئېلىپ (ئۇنىڭغا) سۇندى،
ئودغۇرمىش خەتنى ئېلىپ، سولغۇن (ھالدا) ئۇنى ئاچتى.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3473. مەكتۇپنى ئوقۇدى، ئۇزاق ئويلاندى،
(ۋە) دېدى: ئەلىگ سۆزى (ئارقىلىق) كۆپ بىلىم بېرىپتۇ.

3474. ئەلىگ (مېنى) كەلگىن، دەپ چاقىرىپتۇ،
ھەممە ياخشىلىقلارنى ئىزھار قىلىپتۇ.

3475. قارا، بۇ ئىشلار مەن (ئۈچۈن) بۈيۈك ئىشلاردۇر،
نېمە قىلىشىم كېرەك، ئېيت، ماڭا كېڭەش بەرگىن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3476. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ سېنى
سۆزلەيدۇ، بىردەممۇ تىلىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

3477. ئېغىزى ئېچىلسىلا نامىڭنى تىلغا ئالىدۇ،
ئۇ سېنى كۆرۈشكە ئىنتىزار، نەزىرى سەندە.

3478. كىمنى ياخشى كۆرسە، كۆڭۈل شۇنى ئارزۇ قىلىپ،
تىلى (شۇنىلا) سۆزلەيدۇ، نامى ئېغىزدىن چۈشمەيدۇ.

3479. سۆيگۈچى (ئاشىق) نېمىدېگەن، بۇ بېيىتنى ئۇقۇ:
سۆيۈملۈكنىڭ يۈزى كۆڭۈلنىڭ ئۇزۇقىدۇر.

3480. "كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، شۇ كۆز ئالدىدا بولىدۇ،
كۆز قەيەرگە تىكىلسە، شۇ يەردە (ئۇنىڭ قىياپىتى) ئۇچۇپ
يۈرىدۇ.

3481. كۆڭۈلدىكى ئارزۇ ـ تىلىكى نېمە بولسا،
ئېغىز ئېچىش بىلەنلا شۇ ھەقتە سۆزلەيدۇ."

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3482. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ماڭا
كېڭەش بەرگىن (بۇنىڭ) ئامالى نېمە، ئەي يىگىت.

3483. سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن، مېھرىبان قېرىندىشىمسەن،
كېڭەش بەرگىن، قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىل.

3484. بۇ ئىشقا (پەقەت) سېنىڭدىن كېڭەش سورايمەن،
بىلىمىڭ بىلەن سەن كېڭەش بېرىشكە لايىقسەن.

3485. خالىسام قېرىندىشىمسەن، خالىسام دوستۇمسەن،
قېرىنداشلىق بىلەن دوستلۇق ئىككىسى ئوخشاشتۇر.

3486. بۈگۈن سەن ماڭا چىن مېھرىبانسەن،
نېمە قىلىشىمنى ئېيتقىن، ساڭا ئىشىنىمەن.

# ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3487. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، دېدى: بۇ سۆزلەرنى
مەندىن سورىما، ئەي قۇتلۇق چىراي.

3488. ئەلىگ مېنى چاقىرغۇچى (سۈپىتىدە) ساڭا ئەۋەتتى،
ئەمدى مەندىن نېمە دەپ كېچىكىش سورايسەن؟

3489. "بارايلى" دېمەكتىن باشقا سۆزۈم يوق،
مەن قانداقمۇ "بارما" دېيەلەيمەن؟

3490. سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇش كۆپ پايدىلىقتۇر،
ئۆز پايدىسىنى تىلىگۈچى بىلەن ئەقىل كېچىكىشمەيدۇ.

3491. بىلىملىك چىگىل① نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئەي) بىلىمسىز، بۇنى ئاڭلا ۋە بويۇنۇڭنى ئەگ:

3492. ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچىلەردىن كېچىكىش سورىما،
(چۈنكى) ساڭا پايدىسى بولمايدۇ، ئەي قۇتلۇق چىراي.

3493. ئەي قېرىنداش، كېچىكىشنى شۇنداق كىشى بىلەن كېچىكىشكىنكى،
ئۇ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان كىشى بولسۇن.

3494. ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگۈچى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن،
لايىق كۆرۈلگەن (نەرسە)نىمۇ نالايىق دەپ تۇرىۋالىدۇ.

---

① بۇ يەردە "چىگىل" سۆزى چىگىل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. چىگىل قەبىلىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

3495. ھەرقانداق ئىشتا كىشىلەر بىلەن كېڭىشىش كېرەك،
(لېكىن) كۆڭۈل تارتقان ئىشنى قىلىۋېرىش كېرەك.

3496. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئەڭ سادىقسەن،
(باشقا) كىشىگە ئىشەنمە، سۆز تامام.

3497. پەقەت شۇنى بىلگىنكى، نېمە قىلىش كېرەك بولسا، كېڭەشنى
ئۆزۈڭگە سال، بۇ ئىشقا مېنىڭدىن كېڭەش سورىما.

3498. ئۇ يەردىن بۇ يەرگە سېنى ئالغىلى كەلدىم،
كېڭەش شۇكى، يۈر، ئەمدى (ئۇ يەرگە) بارغىن.

3499. كىشىلەر ئارىسىدىكى ساۋاب، ياخشىلىقلارغا
بۇ يەردە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك.

3500. شەھەر، كەنتلەردىكى ھەر خىل ياخشىلىقلارنى
ساڭا بىرمۇبىر ئايرىپ ئېنىق سۆزلەپ بەردىم.

3501. بىلسەن، بۇ سۆزلەرنى توغرا سۆزلىدىم،
ساڭا ياخشىلىق تىلىگەنلىكىمنى بىر ئىگەم (ئۆزى) بىلىدۇ.

3502. كىشىلەردىن قاچسەن، كىشىلەر (ساڭا) نېمە قىلدى؟
كىشىلەرگە ئارىلاشقىن، كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىل.

3503. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى قىل، ھاجىتىگە يارا،
خۇدا جەننەت ئاتا قىلىپ، تۆردىن ئورۇن بەرسۇن.

3504. دىلىڭ ۋە تىلىڭ توغرا، ھەرىكىتىڭ ئىشەنچلىك بولسا،

قەيەرنى خالىساڭ، شۇ يەردە بەختلىك ياشايسەن.

3505. كىشلەرسىز ياشىما، كىشلەرگە ئارىلاشقىن،
باشقىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمە، ئۆزۈڭنىڭكىگە قارا.

3506. بۇ بېيىت بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان، ئەي دانا،
بۇنى ئوقۇغىن، ئاندىن ئىشقا تەتبىقلىغىن:

3507. "قەيەرنى خالىساڭ (شۇ يەردە) يۈر، ياخشى بول،
ئېسىل نەسەبنى ئىزدىمە، ئۆزۈڭنىڭ ياخشى بولۇشنى تىلە.

3508. قارا، ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ،
قەيەردە يۈرسە، ياخشى يولدا يۈرۈشنى خالايدۇ."

3509. ئادەم ياخشى بولۇشى، ياخشى خۇلقلۇق بولۇشى كېرەك،
قەيەرنى خالىسا، شۇ يەردە مىڭ (خىل) شادلىققا ئېرىشىدۇ.

3510. ياخشى (كىشى) ھەرقانداق يەردە ياخشى بولىدۇ،
ياخشىلىقىنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىق يانىدۇ.

3511. سەن ياخشى ھەرىكەت قىل، يامانلىق قىلما،
قەيەرنى خالىساڭ شۇ يەردە قورقماي يۈرەلەيسەن.

## 42

## ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى سۆزلەيدۇ

3512. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: مەن
سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا.

3513. بۇ دۇنيا ئۆزىنى ساڭا بەكمۇ يېقىملىق كۆرسىتىپتۇ،
ھەممە ئەيىبلىرى ساڭا پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

3514. ساڭا ھەيران بولمايمەن، مەسىلە باركى،
قايسى نەرسە سۆيۈملۈك بولسا، ئەيىبى كۆرۈنمەيدۇ.

3515. (دۇنيا) ئۆزىنى سۆيدۈرگىنى ئۈچۈن (ئۇنىڭ) كۆپ ئەيىبلىرى
ساڭا پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنگەن، ئەي ئەلنىڭ چوڭى.

3516. سۆيگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
سۆيگۈچىگە سۆيگىنىنىڭ ئەيىبلىرى چوڭ پەزىلەتتۇر.

3517. سۆيگەنلىكنىڭ نىشانىسى شۇكى،
سۆيگىنىنىڭ ئەيىبى پەزىلەت بولىدۇ ، ئەي شۆھرەتلىك.

3518. سېنىڭ دۇنيانى سۆيگەنلىكىڭنىڭ ئالامىتى ئەنە شۇدۇر،

(ئۇنىڭ) نۇرغۇن ئەيىبلىرىنى كۆڭلۈك پەزىلەت دەپ قوبۇل قىلدى.

3519. ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمىسىنى ماختايسەن؟
ئۇنىڭ ئەيىبىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي.

3520. ئادەم[①] گۇناھ قىلغاندا، خۇدا (ئۇنى) ئازابلىدى،
قادىر ئىگەم بۇ دۇنيانى ئۇنىڭغا زىندان قىلدى.

3521. زىنداندا نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن، نېمىنى تىلەيسەن؟
تىلەك، بەخت، نىجات جەننەت ئىچىدە بولىدۇ.

3522. قارا، ئادەم جەننەتتە بۇغداي يېۋىدى،
بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تازىلىنىش ئۆيى قىلىندى.

3523. خۇدانىڭ يامان كۆرگىنى شەيتاننىڭ ياخشى كۆرگىنىدۇر،
خۇدا قوغلىغاننى شەيتان ئېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

3524. خۇدا خالىغان بىر بەندىسىنى تاللىسا،
ئۇنىڭغا دۇنيا بەرمەيدۇ، يولىنى پاك قىلىدۇ.

3525. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ بەختى ياخشى ئەمەس،
(ئۇ) خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدىغان دىن ئاپەتتۇر.

3526. "خۇدا مەن" دەپ مەغرۇرلانغۇچى كىشى[②]

---

① ئادەم — ئادەم ئاتا.
② بۇ يەردە نەمرۇت كۆزدە تۇتۇلغان. ئىسلام مىفلىرىدا نەمرۇت خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، ئاسمانغا چىققان، دېيىلىدۇ.

دۇنياغا ھاكىم بولۇشنى خالىدى (ۋە) ئىت قاتاردا سانالدى.

3527. (كىشى) بېيىسا، خەلقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدۇ،
كەمبەغەل ياشىسا، كەمتەر، مۇلايىم بولىدۇ.

3528. قارا، ئادەم يالىڭاچ تۇغۇلغان، ئۇ يالىڭاچ كېتىدۇ،
دۇنيا توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇ يەنە قالىدۇ.

3529. نېمىگە ئالدىنىسەن، ئەي ئۆلگۈچى،
سەن ئىككى كۈنلۈك قونغۇچى ئەمەسمۇ؟

3530. بىلىسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە ئۇتىشىدۇ،
تەييار تۇرغان ئۆلۈم ۋاقىت — سائەتنىلا كۈتىدۇ.

3531. دۇنيا ئىشىك ئاچتى، يەنە بىر ئىشىك —
ئۆلۈم ئىشىكى (ئېچىلىدۇ)، ھەممە خەلق ئۇنىڭغا كىرىدۇ.

3532. سەن ئىككى كۈنلۈك خۇشاللىقنىڭ ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتقا تاشلىما.

3533. بىۋاپا دۇنيا تۇراقسىزدۇر، بەخت چۆرگىلەپ تۇرىدۇ،
نېمە بەرگەن بولسا، ئۇنى يەنە قايتۇرۇۋالىدۇ.

3534. كىشىلەرنى قۇل ياكى بەگ دەپ ئايرىمايدۇ،
ياخشى — يامانىنى، ياۋۇزنى تاللىمايدۇ.

3535. قارا، بىرىنى بەگ قىلىدۇيۇ، يەنە بىر بەگنى
چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كويىدا بولىدۇ.

3536. دىققەت قىلساڭ، دۇنيا كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ،
ئىزىدىن ماڭساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ ئىزىڭگە چۈشىدۇ.

3537. قاراپ باق، بۇ سۆز شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ (ئېيتىلغان)،
بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلى تۈز:

3538. „كىم (دۇنيانىڭ) ئىزىغا چۈشسە، بۇ دۇنيا قاچىدۇ،
ئەگەر ئۇنىڭدىن قاچساڭ، سېنى قوغلايدۇ.

3539. بۇ دۇنيانىڭ مېلى دىنىغا ئۆچمەنلىك (قىلىدۇ)،
نەزەر سالساڭ، مال ـ دۇنيا يەنە دىنىنى يالماپ يۇتىدۇ.“

3540. بۇ دۇنيا ياسىنىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ،
ياسانچۇق (نازىنىن) كېلىندەك كۆڭۈلنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

3541. (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل بەرسەڭ، خۇنۇك بىر قېرىغا ئايلىنىدۇ،
ھەر كۈنى ياقاڭدىن تۇتىدۇ، سېنى دائىم ئاۋارە قىلىدۇ.

3542. يەنە قىلىقلىرى — تۇراقسىز، قىلمىشى — بىۋاپا،
بېگى بىلەن تولۇق ئۈچ ئايمۇ تۇرمايدۇ.

3543. كىمدەكىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىسا،
ھاياتىنى بىھۇدە سەرپ قىلغان بولىدۇ.

3544. تىرىكلىكنىڭ ھەربىر كۈنى بەكمۇ قىممەتلىكتۇر،
بۇنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلسا بولمايدۇ.

3545. قارا، تىرىكلىك كۆپ ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايىدۇر،

ئۇنى سەن بىھۇدە (ئىسراپ) قىلما، ئەي دانا!

3546. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىسى ئۈچ (نەرسىدىن) باشقا ئەمەس:
ئۇ، يا ھالال، يا مەكرۇ، ياكى ھارامدۇر.

3547. ھالالغا — ھېساب، ھارام ئۈچۈن ئازاب بار،
ئەگەر شۈبھىلىك (مەكرۇ) بولسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم ساقلان.

3548. دۇنيا كىمنى سۆيدۈرسە، (ئۇنى) ئاخىر قوغلايدۇ،
ھالاۋەت بىلەن خۇشال قىلسا، (يەنە) تېز يۈز ئۆرۈيدۇ.

3549. شادلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ، راسا سەمرىتىدۇ،
غەم — قايغۇ بىلەن يەنە جۇدىتىدۇ.

3550. شادلىققىغا نەزەر سالساڭ، ئاخىرى غەم — قايغۇدۇر،
غەم بىلەن ياشىسا، ئاخىرى شادلىق بولىدۇ.

3551. (بۇ دۇنيانىڭ) ئۈستى نېمەت بولسا، تېگى مۇشەققەتتۇر،
بېشى مۇشەققەت بولسا، ئاخىرى نېمەت، مەئىشەتتۇر.

3552. تەقۋادار، سەگەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
يىراق تۇر، بۇ دۇنيا كۆلپەت يەتكۈزىدۇ.

3553. قارا، سېنىڭ بايلىقىڭ — گادايلىقتۇر،
ساڭا (قارىغاندا) كىم گاداي بولسا، (شۇ) بايدۇر.

3554. سېنى كىم يىگەن بولسا، (سىنمۇ) ئاخىر ئۇنىڭ گۆشىنى يەيسەن،
قارا يەر قېتىغا (كىرگەندە) ئۈچۈڭنى ئالسەن.

3555. بۇ ياسىغانلىرىنىڭ بۇزۇلغۇسى،
توپلىغان (مال ـ دۇنيا)لىرىنىڭ چېچىلغۇسى.

3556. بۇ دۇنيا تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر پەيتتۇر،
ئۇ دۇنيا تېز كېلىدۇ، بەك سەگەك بول.

3557. كېتىدىغىنى كېتىۋېرىدۇ، ھەر كۈنى سەندىن يىراقلىشىدۇ،
كېلىدىغىنى كېلىۋېرىدۇ، ھامان ساڭا يېقىنلىشىدۇ.

3558. كېتىدىغانلارغا بىلىملىك (كىشى) كۆڭۈل بەرمەيدۇ،
ئىدراكلىق، ئېغىر ـ بېسىق (كىشى) كېلىدىغانغا تەييارلىنىدۇ.

3559. ئۆلۈمنى بىلىدىغان (كىشى) ئۆزگە تەمەننا قويمايدۇ،
ئۆلۈمنى كۆرگەن (كىشى) ئۆزىنى ئۇزۇن (ۋاقىت) ئالدىمايدۇ.

3560. يولۇچى كىشى يولدا ئۆي ياسىمايدۇ،
كۆچىدىغان كىشى نەرسىلىرىنى ئۆيدە قالدۇرمايدۇ.

3561. مېھمانسەن، بۇ دۇنيا ساڭا بىر قونالغۇدۇر،
قونالغۇدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرىمەن دەپ ئويلىما.

3562. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى زادى ياخشى ئەمەس،
ئۇ كىمدە بولسا، خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

3563. دەرۋىشلەر مال ـ مۈلكىنى بەدەل قىلدى.
زاھىتلار بۇ دۇنيانىڭ تۈپ ـ ئاساسىنى بىلىپ، تاشلاپ كەتتى.

3564. بۇ (دۇنيا) ساڭا كۆرۈنمەيدىغان تۇزاقتۇر،

بۇ دۇنيانىڭ ماللىرى مىڭ (يەرگە) چېچىلغان.

3565. ئادەم غاپىل (ۋە) ناھايىتى ئاچ كۆز كېلىدۇ،
مۇنداقتا، ئادەم تورغا چۈشمەي قالامدۇ؟

* 3566. بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن ئېھتىيات (قىلىپ) ئۆتكەن
تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3567. "تۇزاقچى (ئۆزى) كۆرۈنمەي، يېمىنى كۆرسىتىدۇ،
ياسانچۇق كېلىنىدەك (جىلۋە قىلىپ) كۆڭۈلنى تارتىدۇ.

3568. ئاچ كۆز، تاقەتسىز (ۋە) غاپىل بولساڭ،
(يەمنى) تېتىپ باقسەن (دە)، ئايىغىڭدىن ئىلىنىسەن."

3569. پۈتۈن دۇنيا (نازۇ - نېمەتلىرى) بىللە جەملەنسە،
ھالاۋەت بىلەن مىڭ يىل بەختلىك ياشسا.

3570. نېمە پايدىسى بار؟ ئاخىر قارا يەر قوينىغا (كىرىدۇ)،
ئۇنىڭ ھۇجرىسى قارا يەرنىڭ تېگى (بولىدۇ).

3571. ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭ ساڭا بىر چۈش بولۇپ (قالىدۇ)،
نېمە قىلغان بولساڭ، شۇنىڭغا (يارىشا) جاۋاب ئالىسەن.

3572. ئۇ چاغدا ئۆكۈنسەڭ، ئۆكۈنۈشۈڭدىن پايدا يوق،
نېمە قىلغان بولساڭ يىل، ئاي، (كۈنلەر) گۇۋاھ.

3573. دۇنيانىڭ لەززىتى مۇنۇ ئۈچ نەرسىدۇركى،
ئۈچلىسىنىڭ لەززىتى (بىر - بىرىگە) باراۋەر:

3574. قارا، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى يېمەك – ئىچمەكتۇر،
يەنە بىرى ئېرىنى خۇشال قىلىدىغان خوتۇندۇر.

3575. ئۈچىنچىسى – سالامەت ياشاش.
ئۇ ئۈچىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مۇشۇدۇر.

3576. بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ شادلىقى، لەززىتى كۆپتۇر،
(بۇنىڭدىن) باشقىلىرى ئۈچ (نەرسىگە) يەتمەيدۇ، ئەي ئەل
چوڭى،

3577. ئەي قېرىنداش، لەززەتنىڭ بىرى يېمەك – ئىچمەكتۇر،
بۇنىڭغا جاۋابەن، ياندۇرۇش يامانلىقدۇر، ئەي ئاداش.

3578. ئۇنىڭ لەززىتى (پەقەت) ئۈچ ئىلىك گالدىلا (بىلىنىدۇ)،
ئۇنىڭدىن نېرى بارسا قارىنىڭنى تولدۇرىدۇ.

3579. ئەگەر ئاش سىڭمىسە، مىجەز – تەبىئەتنى بۇزىدۇ،
تەبىئەت بۇزۇلسا، كىشى ئاغرىپ قالىدۇ.

3580. كېسەل ئالدى بىلەن كىشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچىدۇر،
ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئەي سالامەت كىشى!

3581. يەنە بىر لەززەت خوتۇن لەززىتىدۇر،
ئۇنىڭغا جاۋابەن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنماقىقا توغرا كېلىدۇ.

3582. ئۇنىڭدىن قالسا، قارا، ئوغۇل – قىز (لەززىتى) بولۇپ،
ئوغۇل – قىزنىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەك مۇشەققەتتۇر.

3583. بۇ بېيىتنى ئېيتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
خوتۇن ۋە ئۇغۇل .. قىز كىشىنىڭ كۆچىنى يوقىتىدۇ.

3584. "ئايال بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق بەك لەززەتلىك ئىشتۇر،
(لېكىن) بۇنىڭغا جاۋابەن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش قىيىن.

3585. لەززەت بار يەردە، تەمسىزلىكمۇ بولىدۇ،
تاتلىق بار يەرنىڭ ئاخىرىدا ئاچچىقمۇ بولىدۇ."

3586. ئەگەر ياشاشنىڭ لەززىتى شۇ بولىدىغان بولسا،
(بۇ) دۇنيا لەززەتسىزدۇر (ۋە) مۇشەققەت (چېكىش) يولىدۇر.

3587. بۇ لەززەتلىك ۋە تاتلىق تىرىكلىك كۈنۈمنى
ئاچچىق ئۆلۈم ئاخىر لەززەتسىز قىلىدۇ.

3588. دۇنيانىڭ پۈتۈن لەززىتى ئاشۇ ئۈچ نەرسىدۇركى،
بۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىدىڭ، ئەي خۇش پېئىل.

3589. بۇ دۇنيا بىر دۈشمەن، جانۋتەنمۇ بىر دۈشمەن،
بۇ ئىككى دۈشمەنىنىڭ تۈزىقى (ھامان) قۇرۇغلۇق.

3590. ئۈچۈنچى دۈشمەن — دىن ئوغرىسى شەيتاندۇر،
تەڭرىم بۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن.

3591. بۇلارنىڭ (ئىچىدە) ئەڭ ياۋۇز دۈشمەن
جانۋتەن (بولۇپ)، ئۇنىڭدىن كۆپ ماجىرا پەيدا بولىدۇ.

3592. خۇدانىڭ نامى ئاتالسا، شەيتان قاچىدۇ،

دۇنيانى تاشلىۋەتسەڭ، (ئۇ) سەندىن يىراقلىشىدۇ.

3593. (لېكىن) جانۇتەنىنى قانداقمۇ قاچۇرغىلى بولىدۇ؟
ئەگەر كىم ئۆلسە، ئۇ قۇتۇلالايدۇ.

3594. بىلىملىك دانا ياخشى ئېيتقاندى،
بىلىملىك دانالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك:

3595. جانۇتەن مېنى موھتاجلىق، قىيىنچىلىققا سالىدۇ،
بەزىدە كۈلدۈرىدۇيۇ، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

3596. (ئۇنىڭ) تەلپىگە ئەگىشىپ دۇنيانى كېزىمەن،
بەزىدە ئاچ قالىمەن، بەزىدە توق (يۈرىمەن).

3597. بىر ئارزۇسىنى قاندۇرسا، يەنە بىرىنى خالايدۇ،
يەنە بىرىگىمۇ يەتكەندە، (كىشىگە) تامامەن ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ.

3598. كىشى بۇ جانۇتەنىنى يېڭىپ، ئۇنى باسالمايدۇ،
ئەي مېھرىبان ئىگەم، ئۇنى ئۆزۈڭ باسقايسەن.

3599. بۇ جانۇتەن ياۋۇز ھىيلىگەردۇركى،
سېمىز ئۇتساڭ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىدۇ.

3600. قارا، توسۇن ئات سەمرىسە قۇترايدۇ، شاش بولىدۇ،
ئىگىسىنى يەرگە ئېتىپ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

3601. نەزەر سالساڭ، جانۇتەن ئۇۋچى ئىتقا ئوخشايدۇ،
سەمرىسە ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇيدۇ.

3602. قارنى تويسا ئۇۋغا يۈگۈرمەيدىغان بولىدۇ،
ئىگىسىنىڭ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلمايدۇ.

3603. جانۇتەننى كىچىك بالىغا تەقلىد قىلغۇلۇق،
قورسىقى تويسا يۈگۈرۈپ، تەگتۈشلىرىنى ئىزدەيدۇ.

3604. قورساق تويسا جانۇتەن ھۇرۇنلىشىدۇ،
(ئۇنىڭ) تىلىگەن تىلىكىنى بەرمەسلىك كېرەك.

3605. تىرىكلىكنىڭ بار — يوقى ئۈچ كۈنلۈكتۇر،
ئۇنىڭ نېرىسى بىرنەچچە كېچىلىك (شېرىن) چۈشتۇر.

3606. (بۇ ئۈچ كۈننىڭ) بىرى — ئەتە، بىرى — ئۆتكەن كۈن،
بۈگۈنكى تىرىكلىك ئەتىگە ئۇلىشالارمۇ؟

3607. ئۇنىڭدىن نېرىقى تىرىكلىكنى ھەرقانچە بولسىمۇ
تىرىكلىك ھېسابلىما، سۆزنى ئېچىپ ئېيتتىم.

3608. خوتۇن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئەرنىڭ
(ھەۋەس) ئوتىنى بىرەر سائەت ئۆچۈرۈش ئۈچۈندۇر.

3609. بۇ ئوتنى قانداق ئۆچۈرسە ئۆچىدۇ،
كېرەك بولسا چىرايلىق، ياكى سەتنى قۇچاقلىسا بولىدۇ.

3610. گال لەززىتىنىڭ ھەممىسى قورساق تويغۇزۇش (ئۈچۈندۇر)
قورساق تويسلا، ئارتۇق پايدىنى تاشلاش كېرەك.

3611. قورساق تويغاندا ئارپا بىلەن ھالۋا بەرىبىر،

ھەممىسى ئېشىپ قالىدۇ، كىرىدىغان يولىمۇ توشۇپ قالىدۇ.

3612. شېكەر، ھالۋا يېگەن، ياكى ئارپا يېگەنمۇ
توپۇپ ياتسا، ئەتىسى يەنە ئاچ قوپىدۇ.

* 3613. كەمبەغەل بولسىمۇ، مال – دۇنياغا كۆز – كۆڭلى باي،
تەقۋادار كەمبەغەل نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3614. "سەن دۇنيانىڭ شېكەرلىك نىمەتلىرىنى يېدىڭ،
مەن كېپەك، ئېرىق يېدىم، ئۆزۈم قانائەت قىلدىم،

3615. ئىككىمىز تەڭ توپۇپ كېچىسى ياتتۇق،
شۇ كەلمىش كۈنىنىڭ سائىتى ئۆتتۈۋەردى."

3616. دۇنيانى قانچە توپلىساڭمۇ ئۆزۈڭ ئۆلسەڭ،
ساڭا ئىككىلا بۆز تېگىشلىك بولىدۇ، خالاس.

3617. كەمبەغەلمۇ، بايمۇ ھەر ئىككىسى ئۆلگەندىن كېيىن،
قارا يەر قېتىدا يەنە باراۋەر بولىدۇ.

3618. ئىككى كۈنلا داۋاملىشىدىغان ھالاۋەتنى دەپ
ھاياتقا ئېرىشمەككە نىمانچە ئىنتىلىسەن؟

3619. سەن دۇنيا توپلاشقا زوقلىنىسەن،
ئۆلۈم بولسا سېنى تۇتقىلى زوقلىنىدۇ.

3620. ھاياتلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەر كۈنى سەندىن يىراقلىشىدۇ،
قارا، بۇ ياۋۇز ئۆلۈم ئۆلۈكنى كولايدۇ.

3621. قارا، هايات ياشىغانلار شۇبھىسىز ئۆلىدۇ،
قايسى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار يوق.

3622. (ئادەم) كىچىك (ۋاقتىدا) ساقال، چىقىشىنى كۈتىدۇ،
ساقال چىقسا ئاقىرىشىنى كۈتىدۇ.

3623. ساقىلىڭ ئاقارسا، ئۆلۈم كەلگىنى شۇ،
ئۆلۈمگە ئۇقمۇ، قورالمۇ ئارا تۇرالمايدۇ.

3624. قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئوتتا كۆيدۈرمە،
بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما.

3625. قارا، بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى شور سۇغا ئوخشايدۇ،
قانچە ئىچسىمۇ قانمايدۇ، تامىقى نەم بولمايدۇ.

3626. ئىنسان ئۆزى قۇرۇق قۇمغا ئوخشاشتۇر،
دەريا كىرسىمۇ ئۇنىڭ ئاچ كۆزى تويمايدۇ.

3627. بۇ دۇنيا (خۇددى) سەراپتەك كۆز ئالدىڭدا كۆرۈنىدۇ،
(ئۇنىڭغا) قانچە ئەگەشسەڭ، شۇنچە قاچىدۇ.

3628. جان — تەننىڭ ئارزۇسىنى ھەيدىگەن (كىشى) ئىبادەتكە بېرىلىدۇ،
كۆرۈنمەيدىغان دۈشمەنگە پۇرسەت بەرمەيدۇ.

3629. جان — تەنگە يول قويما، بويۇن ئەگمە،
(ئۇنىڭ) شادلىقى — قايغۇ، ئارزۇلىرى — ئۇيۇندۇر.

3630. ئۆتكەن ھايات قايتىپ كەلمەس بولۇپ كېتىدۇ،

ئۇنىڭ قالغىنى قانچىلىك؟ ئۇمۇ نامەلۇم.

3631. ئېرىشكەن كۈنلىرىڭنىڭ بارىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆلۈمگە تەييارلان، ئالدىراپ ئىبادەت قىل.

* 3632. ئويغانغان ۋە بارلىق ناپاكلىقتىن تازىلانغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3633. "ئۆتىدىغان بۈگۈنكى تۈنۈگۈنى ئۆتكۈزدۈڭ،
كەلگۈسى كۈنۈڭ (مۇشۇنداق) ئۆتۈرمۇ، بۇ شۈبھىلىك.

3634. ئۆتكەن كۈنۈڭ بىلەن كەلگۈسى كۈنۈڭنىڭ ئارىلىقى بىر
قونالغۇدۇر.
(شۇنچىلىك) تىرىكلىك ئۈچۈن ئارتۇق داۋراڭ قىلما."

3635. خېلى بولدى، بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلدىم،
زامانلارنى ئۆتكۈزۈپ نەپسىمنىڭ پۈتىنى سۇندۇردۇم.

3636. بۈگۈن مېنى شەھەر - كەنتكە چاقىر، ۋاتسەن،
نەپسىم (مېنى) ئىگىلىسە، قۇتۇلدۇرغۇچى كىمنى؟

3637. جانۇتەن دۈشمەن بولغاندىمۇ، تازا دۈشمەندۇر،
ھەممە يەرگە تۇزاق - قاپقانلىرى كەڭ يېيىلغان.

3638. ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرمە، چىڭ تۇر، (ئۆزۈڭنى) تۇتۇۋال،
ئەقىللىق كىشى جان - تېنىگە نېسۋە بەرمەيدۇ.

* 3639. ئۆزىنى تۇتقان، ھاۋايى - ھەۋەس بويىنىنى يانجىپ

ئۆزىنى باسالىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3640. جان - تېنىگە قۇل بولما، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ،
جان - تەنگە قۇل بولساڭ، دىنىڭنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3641. ھەممە ئىشنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگىشىپ قىلغان
كىشىنى بىلىملىك دېيىشكە بولمايدۇ.

3642. ئەي يۈرەكلىك كىشى، جان - تەنىنىڭ قۇلى
بولۇپ قالغان ئەرنى ئەقىللىق دېيىشكە بولمايدۇ.

3643. جان - تېنىگە دائىم نەپسۇھ بېرىۋېرىدىغان بولسا،
ئۇ ئېنىق بىلىمسىز كىشى بولىدۇ.

3644. ئەي قېرىنداش، ئىدراكسىز كىشىلەر شۇنداق كىشىلەركى،
(ئۇلار) ھاۋايى - ھەۋەسكە باش قويىدۇ.

* * *

3645. بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ھەممە نۇقسانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئۆزۈڭ ئويلاپ، چۈشىنىۋال.

## 43

## ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا (بۇ) دۇنيا (ئىشلىرى) بىلەن ئاخىرەتلىكنى تېپىشنى ئېيتىدۇ

3646. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
ئېيتقانلىرىڭنى ئاڭلىدىم، ئەي قۇتلۇق كىشى.

3647. يەنە شۇنىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىغىنىكى،
بۇ سۆز بىلىم ۋە ئەقىلگە ئۇلىگىدۇر.

3648. بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالى ئاشۇنداق بولسىمۇ،
تىرىكلىك يولىنى ئۆزۈڭگە ئاچچىق قىلما.

3649. بۇ كەڭ دۇنيانى زورمۇزور ئۆزۈڭگە تارلاشتۇرما،
گۇناھكار قۇلىغا خۇدانىڭ ياخشىلىقىمۇ بار.

3650. ئازابى كۆپ بولسا، رەھمىتىمۇ كۆپ،
گۇناھكار ئۈچۈن (بۇ) رەھمەت ئەزىزدۇر.

3651. ئازابتىن قاتتىق قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈت،
ئىبادەت قىلىپ، بەندىلىك نامىڭنى ئادا قىل.

3652. دۇنيا خەلقى ھەممىسى شەھەر ـ كەنتنى تاشلاپ،

رىيازەت چېكىپ تاڭغا چىقىپ كەتسە،

3653. دۇنيا بۇزۇلۇپ، ھەممە (يەر) قۇرۇق قېلىپ،
ئىنسان بالىسىنىڭ نەسلى تۈگىگەن بولاتتى.

3654. (خۇدا) ھەممە خەلقى ئۈچۈن ئىككى ئۆي ياراتتى،
بىرىنىڭ نامى — جەننەت، يەنە بىرىنىڭ — دوزاخ.

3655. شۇنداقتىمۇ ھەممە ئىنسان دۇنيا ئۈچۈن
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۈگۈرۈپ يۈرسە،

3656. ئىبادەتنى تاشلاپ، مال - دۇنيا تىلەپ، دوزاخقا كىرسە،
يەنە جەننەتمۇ قۇرۇق قالمايدۇ.

3657. خۇدا بەندىسگە ئىككى كۆز، قۇلاق بەردى،
بىرى بىلەن دۇنياغا باقساڭ، بىرى بىلەن ئاخىرەتكە باق.

3658. ئۆزىتىپ تۇتۇش ئۈچۈن ئىككى قول بەردى،
بىرى بىلەن (بۇ) دۇنيانى تۇت، يەنە بىرى بىلەن ئاخىرەتنى.

3659. مېڭىش ئۈچۈن ئىككى ئاياغ بەردى،
بىرىنى (بۇ ياققا) چامدىسا، بىرى (ئۇ دۇنيا ئۈچۈن) چامدىشى كېرەك.

* 3660. دۇنياغا مەشھۇر، قولى كەڭ سېخىي،
بىلىمى چوڭقۇر دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقان ئىدى:

3661. ئەي ئەقىللىق، ھوشيار بەندە بولغۇچى،

بىخۇد بولما، سەگەك تۇر، بالا كەلمىسۇن.

3662. خۇدا بۇ ئىككى دۇنيانى ياراتتى،
بۇ (دۇنيا نېمىتىگە) ئېرىشسەڭ، دەرھال ئۇ (دۇنيا)لىقنىمۇ ئىزدە.

3663. قادىر ئىگەم ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسىنى (قورسىقى) ئاچىدىغان ۋە تويىدىغان قىلىپ ياراتتى (ۋە شۇنداق) نام بەردى.

3664. ئەگىنگە كىيىم ۋە قورسىقىغا تاماق كېرەك،
ئەي قېرىنداش، بۇ تىرىكلىكنىڭ ئامالىدۇر.

3665. ئەي قېرىنداش، تىرىكلىكتە بۇ نەرسىلەردىن كەچكىلى بولمايدۇ،
بەدەننى يېپىشقا ئىگىن، قارنىنى تويغۇزۇشقا ئاش كېرەك.

3666. ھالال دۇنيا تېپىپ، يەپ بەھرىمەن بولسا،
ئۇنىڭدىن مەلۇم قىسمىنى كەمبەغەللەرگە ئۇلەشتۇرۇش كېرەك.

3667. كىشىلەرنىڭ گال غېمى بولمىسا ئىدى كاشكى،
(لېكىن) گال غېمى ئىنسان ۋاز كېچەلمەيدىغان نەرسىدۇر.

3668. دائىم خۇدانىڭ ئەدلىدىن قورق،
مەرھەمىتىگە ئۈمىد باغلا، دائىم ئۇنىڭغا يېتىشكىن.

3669. بىلگىنكى، بەندىلىك بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ،
يول شۇدۇر، بۇ بەندىلىك يولىدىن ئاداشما.

* 3670. بىلىمسىزگە بىلىم، پەند ـ نەسىھەت بەرگۈچى،

(كىشى) ناھايىتى ياخشى ئېيتقان:

3671. " مەقسەت بىلەن ۋەھىمە (ئىككى) قانتىنىڭ بولسۇن،
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۇت.

3672. خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى (ئىجرا) قىل، ئۆز بەندىلىكىڭنى (ئۆتە)،
سارايغا ئۇچۇپ كىرىپ، راھەتنى كۆر."

3673. مەقسەت بىلەن ژەھىمە ئىككى قانات ھېسابلىنىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىلەن ئۇچقان كۆككە يول تاپىدۇ.

3674. گۇناھىم كۆپ دەپ ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك،
تائەت ـ ئىبادەتكە ئىشىنىپ، خىزمەت قىلماي يۈرمەسلىك كېرەك.

3675. تائەت ـ ئىبادەت قىل، تائەت ـ ئىبادەت پۈتۈنلەي قۇللۇق قىلماقتۇر،
كىمنىڭ نامى قۇل بولسا، قىلمىشى ئىبادەت بولىدۇ.

3676. يارلىقنى ئەزىز تۇتۇپ، ئۆزىنى پەس تۇتۇش كېرەك،
ئۆزىنى پەس تۇتسا، ئاندىن ئۆزى ئەزىز بولىدۇ.

3677. ئىبادەتتە ئۆزۈڭنى كەمبەغەل ـ گاداي دەپ بىل،
ئىبادەت قىلىشتا كەمبەغەل، گۇنادا باي دەپ بىل.

3678. گەرچە ھەم ئۆزۈڭ، ھەم سۆزۈڭ ياخشى بولسىمۇ،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى كىشىلەرنىڭ يامىنى دەپ بىل.

3679. مانا، بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتتىم،

سۆزۈمگە ئەمەل قىلغىن، بەدىلى كېلىدۇ.

3680. ئەگەر بۇ ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل قىلمىساڭ،
جاۋاب بەرگىن، يېنىپ كېتەي، ئەي مەرد يىگىت.

3681. ئۇزۇن قىلىنغان سۆزلەرنىڭ پايدىسى يوق،
(سۆز) تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتسە، ئۇنىڭ تەمى قالمايدۇ.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3682. ئودغۇرمىش قولى (بىلەن) بېشىنى تۇتۇپ،
ئۇزۇن ئويلاندى، كېيىن بېشىنى كۆتۈردى.

3683. (ۋە) دېدى: ئەي قېرىنداش، سەن جاپا چەكتىڭ،
سەن ماڭا قېرىنداشلىق قىلىپ بۇ سۆزلەرنى قىلدىڭ.

3684. ماڭا ياخشىلىق تىلەپ بۇ سۆزلەرنى سۆزلىدىڭ،
غېمىمنى يېدىڭ، تەڭرى ساڭا ساۋاب ئاتا قىلسۇن.

3685. قاراپ كۆردۈم، ئەمدى بۇ ئىشلار (ئۈچۈن)
مەندە سالاھىيەت كۆرۈنمەيدۇ، ئەي مەرد يىگىت.

3686. كۆڭۈل خالىمىدى، بۇ ئىشتىن قېچىۋاتىدۇ،
كۆڭۈل خالىمىغان ئىشنى قىلىش خەتەرلىك.

* 3687. سۆيگەن ۋە سۆيگەنلەرگە دىلى پاك (بولغان)
بىلىمى يۇقىرى (كىشى) ئاجايىپ ياخشى بىلىم بەرگەن:

3688. ئۆزۈڭ قايسى ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ،
ئاۋۋال كۆڭلۈڭ بىلەن كېڭەش قىلغىن.

3689. ھەممە سۆزۈڭنى ئېيتىپ كىشىلەر بىلەن كېڭەشكىن،
كۆڭلۈڭ خالىمىسا، ئۆزۈڭنى يىراق تۇت.

3690. ھەممىدىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سادىقسەن،
كۆڭۈل خالىمىغان ئىشنى قوي، سۆزۈڭنى تۈگەت.

3691. قايسى ئىشنى كۆڭۈل خالىمىسا،
ئۇنىڭدىن پايدا بولمايدۇ، ئەي دىلى روشەن.

3692. بۇ ئىشنى كۆڭلۈم سۆيۈپ خالىمىدى،
ئەمدى بۇ سۆزدىن دەرھال يانىمەن.

3693. سېنىڭدىن مۇنۇ ئۆزرەمنى سورايمەن،
مېنى يالغۇز قويغىن، ئەي كىشىلەر سەرخىلى.

3694. ئەلىككە پايدا يەتكۈزگۈدەك پەزىلەتلىرىم يوق،
قىلىقلىرىممۇ، مىجەزىممۇ، سۆز ـ نەسىھەتلىرىممۇ (بىھۇدە).

3695. مەن دۇنيادىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن،
يەنە نېمە دەپ ئۇ يەرگە بارىمەن؟

3696. مەن خۇدانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە باغلاندىم،
(ئەمدى) كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يارىشامدۇ، كۆڭلى تۈز.

3697. ئەمدى مېنى ئەگرى (ئىختىيارى)غا قويۇۋەت،

سىنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن دۇئاگۇي بولاي.

3698. ئىككىمىز سىغىنىشىپ، كۆرۈشۈشنى خالىساق،
سەن مېنىڭ قېشىمغا كەلمە، مەن (سېنى) ئىزدەپ باراي.

3699. جاپانى مەنلا تارتاي، سەن راھەتتە ياشا،
ئەلىگىنىڭ خىزمىتى بىلەن خەلققە پايدىلىق (ئىش) قىل.

* 3700. يېقىنلىق كۆرسەتكۈچى، سادىق خىزمەت قىلغۇچى
مېھرىبان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3701. كۆڭۈل ھاياجانلىنىپ، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرسە،
تىلىگەن ئىشى يېقىن بولىدۇ دەپ ھېسابلا.

3702. كىشى ئارزۇ - تىلەك بىلەن ماڭسا،
ھېرىپ يولدا قالمايدۇ، تىلىكىگە يېتىدۇ.

3703. ئىنسان تىلىكى بويىچە يولغا چىقسا،
ئۇ تىلىكىگە ئېرىشىدۇ، (يېرىم يولدا) ھېرىپ قالمايدۇ.

3704. ۋاپا بىلەن داڭ چىقارغان، سۆيۈندۈرگەن،
ئاشقىلار بېشى بەك ياخشى ئېيتقان ئىدى:

3705. "كۆڭۈل يېقىن بولسا، يىراق يەرمۇ يېقىن (بولىدۇ)،
يېقىنلىق ۋاپاسىنى (كۆرۈش ئۈچۈن) كۆڭۈلگە قارا.

* 3706. ئەگەر يېقىنلىق بەدىلىگە ۋاپا بىلەن قارالسا،
شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىق بىرلا داۋاندۇر."

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3707. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
سۆزۈمنى ئاڭلا، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنىمۇ ئاڭلىدىم.

3708. ئەي قېرىنداش، سېنىڭ تىلىكىڭ شۇ بولسا،
ئەمدى كۆچمەيمەن، كۆڭلۈڭنى زىدە قىلما.

3709. سۆزۈم تۈگىدى، ئېسەن – ياخشى قال،
(لېكىن) ئەلىگكە خەت يېزىپ بەر، يۈزۈمنى قىزارتما.

3710. ئەلىگ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ ئەۋەتتى،
سەن ئۆزۈڭ بارمىساڭمۇ، خەت يېزىپ ئەۋەت.

3711. ئەمدى ماڭا جاۋاب بەر، (ئۇنى ئەستە) تۇتاي،
ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۆلچەپ، قىلىدىغان سۆزۈڭنى قىل.

3712. ئېغىزىڭدىمۇ سۆزلە، خەتتىمۇ يازغىن،
ئەلىگ قېشىغا باراي، ئەي چېچەن ئالىم.

## 44

## ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە خەت يېزىپ
## ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3713. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: مەكتۇپنى
يېزىپ بېرەي، بىرئاز كۈتۈپ تۇر، ئەي زېرەك ئالىم.

3714. دۇۋەت، قەغەز سورىدى، قەلەمنى (قولىغا) ئالدى،
سۆزلىرىنى تىزىپ، ئەلىگكە خەت يېزىشقا كىرىشتى.

3715. خۇدا نامى بىلەن سۆزىنى باشلىدى،
(ئەي) يارانقان، پەرۋىش قىلغان، كەچۈرگۈچى ئىگەم، دېدى.

3716. ئايلار، يىللار، توختىماستىن
خۇداغا كۆپ ۋە سانسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

3717. (خۇدا) قارا تۇپراقنى، كۆك ئاسماننى، ئاي ۋە كۈننى،
قاراڭغۇنى، يورۇقلۇقنى ھەممە كەمبەغەل، بايلارنى ياراتتى.

3718. توققۇز مەۋجۇداتلارنى؛ سانسىز جانلىقلارنى ياراتتى،
ھېچ بىرىنى ئاچ قويمىدى، رىزىق بەردى.

3719. ئۇ يەككە – يېگانە بىر ئىگەمدۇر، ئىككى (ئالەم)نى ياراتتى،

ئۇنىڭ بىرلىكى ھېسابقا قېتىلمايدۇ.

3720. ئۇ شۇبھىسىز يەككىدۇر ۋە باردۇر، قانداق، قانچە دېيىشكە بولمايدۇ.
ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەقلىدنى كۆڭۈلدىن يىراق تۇتۇش كېرەك.

3721. ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭغا (خاستۇر)، بۈيۈكلۈكمۇ ئۇنىڭغا (خاس).
ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىگە ھاكىمدۇر.

3722. ئۇ بارچە كەڭ ۋە سانسىز قۇللارنى ياراتتى،
تىلىگەنلەرگە ھەممە قەدىر ــ قىممەتنى ئاتا قىلدى.

3723. بۇ قاراڭغۇ ۋە زەي گۈمبەز ئۆي ئىچىنى
قۇدرىتى ئارقىلىق قۇياش بىلەن يورۇتتى.

3724. كۆك ئاسمانىنى ياراتتى، (ئۇنى ھەممىدىن) ئېگىز كۆتۈردى،
كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار بىلەن ئۇنى بېزىدى.

3725. تېگى بوز يەر، يېشىل سۇدىن ئىبارەت بولسا،
يۇقىرىسى ساپ ھاۋا بىلەن ئوتتىن ئىبارەت.

3726. ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى، قۇرۇق بىلەن ھۆلنى،
ماسلاشتۇرۇپ، خەلققە تېگىشلىك بەھر ئاتا قىلدى.

3727. تىلىگەنلىرىنى خالىغىنىدەك ياراتتى،
ئۇنىڭغا ئارقا يۆلەك كېرەك بولمىدى.

3728. خالىسا، ئىبادەت قىلمىغان بەندىسىنى ئەزىزلەيدۇ،
خالىسا، پايدىسىز ئىبادەتنى خار قىلىدۇ.

3729. بول، دېسە خالىغان تىلىكى بولىدۇ،
ھەرنېمىگە كەسكىن (ھالدا) ئۆز قازاسىنى يۈرگۈزىدۇ.

3730. سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە تۈمەنمىڭ سالام (بولسۇن)،
ئۇ ياخشى يول كۆرسەتكۈچى، توغرا رەھبەردۇر.

3731. ئەلىگكە دۇئاگۇيى بولۇپ مەكتۇپ يازدىم،
ئېسەنلىكىم بىلەن سالامىمنى بايان قىلدىم، ئەي زېرەك.

3732. ئەلىگە مەكتۇپ بىلەن سۆز ئارقىلىق يارلىق بېرىپتۇ.
مەكتۇپىنى ئوقۇپ، كۆزۈم روشەن بولدى.

3733. كۆپ ياخشى يارلىقلار، نۇرغۇن نەسىھەتلەر
(ۋە) بارچە سۆزلەر بىلەن ماڭا مەرھەمەت قىلىپتۇ.

3734. يەنە، كۆپ ياخشىلىقلارنى، قەدىر ـ قىممەت،
ئېھسان، يېمەك (ئىچمەك)، كىيىم ـ كېچەكنى ۋەدە قىپتۇ.

3735. ھايات ئىنسانلار بۇ (نەرسىلەرنى) ئارزۇ قىلىپ،
جاھاننى كېزىپ يۈرمەكتە.

3736. مەن خىزمەت قىلماي تۇرۇپ، ياخشى ئىززەتكە ئىگە بولدۇم،
(شۇنداق ئىكەن) بۇ دۆلەت قۇياشىنى قانداقمۇ قەدىرلىمەي
(تۇرالايمەن)؟

3737. ۋە لېكىن بۇنىڭدىن باشقا بىرنەچچە نۇقسانىمۇ بار،
مەن بارسام زىيانىمۇ ئەگىشىپ بارىدۇ.

3718. بۇلاردىن بىرى، مەن خىزمەت قىلىشنى بىلمەيمەن،
بىرىپ خىزمەت قىلالمسام، يۈزۈم يورۇق بولمايدۇ.

3739. (مېنىڭدە) قائىدە ـ يوسۇن ھەمدە (ياخشى) خۇي ـ پېئىل يوق،
بىلگىنكى، قائىدە ـ يوسۇنسىز خىزمەتچى (ھېچ ئىشقا) يارىمايدۇ.

3740. ئىككىنچى، بۇ جاپاكەش دۇنيانى چۈشىنىپ،
جاپا قىلدۇ، دەپ مەنمۇ خاپا قىلدىم.

3741. خۇداغا سىغىندىم، ئۆزۈمنى يوشۇردۇم،
دىنىم ۋە ئىمانىمنى ئىگەم (ئۆزى) ساقلىسۇن.

3742. كېلىمغا، ئەگىنىمگە بار (نەرسىلىرىم) يېتىدۇ،
ئۇنىڭدىن باشقىسى نېمە كېرەك؟ ئۇ ماڭا يۈكتۇر.

3743. كېلىمغا يەيدىغىنىمنى ۋە ئەگنىمگە كىيىدىغىنىمنى
ياراتقان ئىگەم (مەن ئۈچۈن) كەم قىلمايدۇ.

3744. (مېنى) ياراتتى، ھازىرغا قەدەر رىزقىمنى بېرىپ كەلدى،
بۇندىن كېيىنمۇ رىزقىمنى بېرىدۇ، ئەي دۇنيا بېگى.

3745. ساڭا دۇنيا بەردى، ئايىمىدى،
سېخىي ئىگەم ماڭىمۇ (دۇنيا) بەرمەسمۇ؟

3746. بارلىق ياخشى ـ ياماNlıقىم، كەمبەغەل ـ بايلىقىمنى
خۇدادىن كۆرىمەن، ئەي مەرد باتۇر.

3747. خۇدانىڭ دەرگاھىنى تۇتتۇم، ئىبادەت قىلىمەن،

ھەممە خەلق جەم بولىدىغان ھەقىقىي دەرگاھ ئەنە شۇدۇر.

3748. مەن ساڭا ياكى سېنىڭ دەرگاھىڭغا بېرىپ،
تىرىكچىلىك قىلسام، نېمىلەرنى تىلىشىم مۇمكىن.

3749. ھەر ئىككىمىز پەقەت خۇدانىڭ قۇللىرى،
قۇللۇق جەھەتتە (ھەر ئىككىمىز) تەڭ ـ باراۋەر.

3750. قۇلغا قۇللۇق قىلىش يارىماس ئىشتۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قىلىش قەدىرسىزلىكتۇر.

3751. كىشىنىڭ ھىممىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى،
كۆڭۈل قويۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلسۇن!

* 3752. دىلى سۆزۈك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئالىم
بەك ياخشى ئېيتقان، بۇنى ئاڭلا، ئەي دانا:

3753. (قورسىقى) ئاچىدىغان ۋە تويىدىغان (كىشىگە) خىزمەت قىلما،
نېمىشقا تىۋىنىماقىقا بىر بۇت ياسايسەن؟

3754. بىردەممۇ تىنماي، بىر خۇداغا سىغىن،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇچۇق بۇ ئىشىكنى تىلە.

3755. ئەي ئەلىك، مۇنۇ تۆت ھاجىتىمنى راۋا قىلغىن،
مەنمۇ قولۇڭ ـ يۈزۈڭنى سۆيۈپ ساڭا خىزمەت قىلاي:

3756. مەن ئۆلمەي ياشاشنى خالايمەن،
قېرىماس يىگىتلىكنى تىلەيمەن.

3757. سەن مېنى دائىم كېسەلسىز ئېسەن تۇت،
بېيىتقىن، مالسىز كەمبەغەل قىلىپ قويما.

3758. بۇ تۆت نەرسىنى ماڭا بەرسەڭ، ساڭا خىزمەت قىلاي،
سۆيۈملۈك جېنىمنى پىدا قىلىپ، ئۆزۈمنى بېغىشلاي.

3759. ئەي ئەلىگ، بۇ نەرسىلەرنى ماڭا بېرەلىسەڭ،
مەنمۇ (ساڭا) قول بېرىپ، ئۆزۈمنى قۇل قىلاي.

3760. بۇلارنى بېرىشكە كۆچۈڭ يەتمىسە،
مەندىن قانداق ئارتۇقچىلىقىڭ بار، كېسىپ ئېيت!

3761. يېمەك، كىيىمەك (كېرەك) بولسا، يېمىكىم، كىيىمىم بار،
يەنە كېرەك بولسا، ئىگەم (ئۆزى) بېرىدۇ.

3762. قەدىر - قىممەت، خارلىق خۇدادىن بولىدۇ،
ئۆلۈش ۋە تىرىلىشمۇ ئۇنىڭ (ئەمرى) بىلەندۇر.

3763. بۇنى ھەقىقىي بىلىدىغان ئىدراكلىق كىشى
باشقىچە (ھەرىكەتتە) بولامدۇ، ئەي ھاكىم؟

3764. مېنى بىر خۇدايىم ئاسرىغىنىدەك
سەن ئاسرىيالمايسەن، ئەي ئېسىل بەگ!

3765. مەن (داۋاملىق) سېنى ئاسرىشىم كېرەك،
مېنى (بولسا) ئۇ (خۇدا) ئاسرايدۇ، ئۇچۇق سۆزۈم شۇ.

3766. ئۆزۈڭ تويمىغۇچە ماڭا ئاش تەگمەيدۇ،

خۇدا بولسا، ئاۋۋال مېنى تويغۇزىدۇ، ئۆزى ئاش يېمەيدۇ.

3767. موھتاجلىقتا قالسام، تەسەللى بەرگۈچى ھاجەت ئەمەس،
تىلىمنى تەۋرەتمەستىلا، سۆزۈمنى ئاڭلايدۇ.

3768. دەرۋازىڭمەن، ياكى يول كۆرسەتكۈچى توسۇۋالالمايدۇ،
بىرەر مەنمەنچى ـ تەكەببۇر (ماڭا) زورلۇق قىلالمايدۇ.

3769. ساڭا گۇناھ قىلسام مېنى كەچۈرمەيسەن،
مىڭ گۇناھ قىلساممۇ، ئىگەم مېنى كەچۈرىدۇ.

3770. گۇناھكار قۇل نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
قارىغىنا، كۆڭۈل سىرىنى ئېچىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى:

3771. ئەي چىن ۋاپادار، مېھرىبان ئىگەم،
سەندىن ۋاپالىقراق باشقىسىنى تاپالمىدىم.

3772. ھاجەتمەن بولۇپ قالغىنىمدا تىلىكىمنى بېرىسەن،
ھېچقانداق يۆلەكچىسى يوقلارغا ئارقا تىرەكسەن.

3773. دەردىمگە شىپاسەن، غەملىرىمگە سۆيۈنچ،
مۇڭلۇمغا تايانچسەن، زېرىكىشىمگە ئەرمەك.

3774. شادلىقىم، ئاۋۇنچۇم، سۆيۈنچۇم ـــ
ھەممىسى (سېنىڭ) سۆيۈنچۈك ئىچىدە بولىدۇ، ئەي ئۇلۇغ.

3775. مەن ساڭا كۆپ گۇناھ قىلدىم،
سېنىڭ رەھمىتىڭ (بولغاچقا) بۇ گۇناھلىرىم ئاز ھېسابلىنىدۇ.

3776. گۇناھلىرىم كەچۈرگىن، ساڭا بۇنىڭ زىيىنى يوق،
مېنى قىينىما، (قىيناشنىڭ ) ساڭا پايدىسى يوق.

3777. گۇناھىم كۆپ بولسا، رەھمىتىڭمۇ بار،
شۇ (رەھمىتىڭ)نى ماڭا ھەمراھ قىل، بۇ ساڭا يارىشىدۇ.

3778. ئەگەر قىينايمەن دېسەڭ، (بۇنىڭغىمۇ) لايىقمەن،
كەچۈرىدىغان بولساڭ، كەچۈر، كەچۈرۈشكە لاياقەتلىكسەن.

3779. سېنى بىر ئىگەم دەپ بىلىدىغانلىقىمنى بىلسەن،
سېنى (پەقەت) بىرلا، دەيدىغىنىمنى بىلسەن.

3780. مەن ئەدەپسىزمەن، ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن نالە قىلىمەن،
سەن مۇلايىمسەن، مۇلايىملىق سەندىن كېلىدۇ.

3781. بۇ سۆيۈملۈك جان راۋان (بولۇش ئۈچۈن) ئامانەتتۇر،
(بۇ ئامانەت جاننى) يەنە (باشقىغا) ئامانەت بېرىشكە بولمايدۇ.

3782. ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر،
ياشىغان كۈنلىرىڭ (ئاستا ـ ئاستا) ئۇپراپ تۈگەيدۇ.

3783. نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇزاق سېغىنىسەن؟
نېمىشقا ئۇنىڭغا شادلىنىپ ئۆزۈڭنى ئالدايسەن؟

3784. ئاتاڭ، يار ـ بۇرادەرلىرىڭ، ئاكا ـ ئىنىلىرىڭ كەتتى،
ئاناڭ كەتتى، قارىغىنا، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ قېنى؟

3785. ئۆلگەنلەرنىلا كۆرسەن، ئۆلۈم (ئۈچۈنلا) تىرىكسەن،

شۇبھە قىلمىغىنكى، بىر كۈن يېرىڭگە كۆمۈلىسەن.

3786. ئەي ئەلىگ، بىخۇد بولما، ئويقۇدىن ئويغان!
ئۆزۈڭدىن كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇپ كەت.

3787. ئۆتكەن كۈنلىرىڭنى بىھۇدە (ئۆتكۈزگەن) بولساڭ،
ئەمدى كەلگۈسى تۈنلىرىڭنى زايە قىلما.

3788. ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىڭنىڭ ئىچىدىن كېرەكلىكىنى ئال،
(سېنى) ئېلىپ كېتىدىغان، كەلگۈسى (كۈنلەر ئۈچۈن) ھازىرلىق
قىلىپ قوي.

3789. مەن بۇ ھالىڭنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتسام،
يەنە سېنىڭ ئالدىڭغا نىمە دەپ بارىمەن؟

3790. (بۇ) جاپاكەش دۇنيادىن كۆڭلۈمنى ئۈزدۈم،
ۋاپادار ئىگەمگە ياۋاشلىق بىلەن سېغىندىم.

3791. ئەي ئەلىگ، مېنى ئۆز (ئەھۋالىمغا) قويۇپ بەر،
بۇ يەردە (تۇرۇپ) ساڭا دۇئاگوي بولاي.

3792. مەن ساڭا قانداق نەپ كەلتۈرەلەيمەن؟
ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭلا پايدا يەتكۈز، سۆزۈمنى ئال.

3793. مەن كىشىلەردىن ۋاز كەچكەن، سەنمۇ ۋاز كەچكىن،
كىشىلەردىن ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدا يوق.

3794. مەن ئەمدى قالغان تىرىكچىلىكىمنى سەرپ قىلىپ

ئىبادەت بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى تىلەيمەن.

3795. بارى كۆپايە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ھاجەت ئەمەس،
بۇ دۇنيا تۇۋى يوق پاتقاقلىقتۇر، ئەي ئەمەگەر.

3796. تىرىكلىك شامالدەك ئۇتۇپ كەتكەندە
مەن ئەمدى ئويغاندىم، (شۇڭا) ئىچىنىپ ئۆرتىنىمەن.

3797. ئەگىنىم پۈتۈن ھەمدە گېلىم توق بولدى،
(ئەمدى) دۇنيا ئۆتكۈزۈلسمۇ، باشقا پايدىسى يوق.

3798. گېلى (توق)، ئەگنى پۈتۈن (كىشى) نېمەدېگەن، ئاڭلا:
"بارى — كۆپايە" دېگەن ئادەم بەختلىك بەگ بولالايدۇ.

3799. (بارىغا) قانائەت قىلغان، قانائەتلىك بىلەن
بەختكە ئېرىشكەن كىشى بەك ياخشى ئېيتقانىكەن:

3800. "دۇنيادا گېلىمغا يېگۈدەك رىزىق بولغىنى،
ئەگنىمگە كىيگۈدەك كىيىم بولغىنى كۆپايە.

3801. تىرىكچىلىك قىلالىغۇدەك يېمەككە ئېرىشەلەيمەن،
كېرەك بولسا بېرىدىغان ئىگەمنىڭ بولغىنى كۆپايە."

3802. ئەلىگ (مېنى) پايدىلىنىش ئۈچۈن چاقىرغان بولسا،
مەندە پايدىلانغۇدەك ئەقىل ۋە بىلىم يوق.

3803. ئەگەر ئەل ئىشىغا پايدىلىق بولسۇن دېسە،
پايدىلىق بولغۇدەك يېرىم يوق، سۆزۈمنى كېسىپ ئېيتتىم.

3804. ئەگەر ئىشىغا كۈچ قوشىدۇ دېسە،
قېرىندىشىم ساڭا مىڭ ئەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەلەيدۇ.

3805. ئەگەر ئەلىگ مېنى ياخشى ئادەم دېگەن بولسا،
ۋاقتىڭ ياخشى ئۆتسۇن، (بۇ ياخشىلىق) سېنى خۇشال قىلىدۇ.

3806. سەن مىڭ ياخشىنىڭ ئايىغىنى تۇتقاندىن كۆرە،
ئېسەن(لىكىڭدە) ئۆزۈڭنىڭ ياقاڭنىلا تۇت.

3807. دۇنياغا مەشھۇر بولغان ھەر خىل كىشىلەر
مىڭلاپ ــ تۈمەنلەپ ئەلىگ ئەتراپىغا توپلانغان.

3808. مەندىن ئەلىككە نېمە پايدا تېگىدۇ؟
پايدىسىز ئىشنى قىلسا تاتلىقى بولمايدۇ.

3809. مانا مەن ساڭا ئۆز ئۆزرەمنى قويدۇم،
مېنى (ئۆز مەيلىمگە) قويۇۋەت، ماڭا ئىشەنمە.

3810. يەنە قانداق سۆزلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى
قېرىندىشىم ئاڭلىدى، (ئۆز) تىلى بىلەن يەتكۈزىدۇ.

* * *

3811. (ئودغۇرمىش) سۆزىنى تۈگەتتى، خەتنى تۈرۈپ باغلىدى،
(ئۇنىڭغا) ئۈزاتتى، قېرىندىشى دەرھال (خەتنى) ئالدى.

* * *

3812. (ئۇ) دېدى: مەن تىلىكىمنى، سۆزۈمنى يازدىم،
ئېغىزىم بىلەن ئېيتقانلىرىمنى ئۆزۈڭ ئاڭلىدىڭ.

3813. (ئۆز) تىلىڭ بىلەنمۇ يەتكۈزگىن، ئەلىگ ئاڭلىسۇن،
مېنى قويۇۋەتسۇن، مەندىن قولىنى ئۈزسۇن.

3814. ئەلچى سۆزنى يەتكۈزىدۇ ۋە جاۋابىنى سورايدۇ،
جاۋاب سۆزنى ئاڭلىدىڭ، بۇنى يەتكۈز، ئەي قۇدرەتلىك.

3815. ئۆچ ئوردۇ خانى نېمە دېگەن ئاڭلا،
(ئۇ) پۈتۈن ئەلگە تەقلىد قىلىپ، توغرا سۆزلىگەن:

3816. "سۆزگە خىلاپلىق قىلمسا، تاپشۇرۇلغان سۆزنى
توغرا، تولۇق يەتكۈزسە، ئەلچىگە ئەيىب يوق."

3817. تۈرك خانى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (سۆز) ئېيتقان:
"ئەلچى توغرا سۆزنى ئېيتسا، ئۇنى قىينىما.

3818. ئاڭلىغان سۆزىنى تىلى بىلەن توغرا يەتكۈزسە،
ئەلچىگە ئۆلۈم ياكى ئازاب بولمايدۇ."

3819. ئەلچى دېگىنىم سۆز يەتكۈزگۈچىدۇر،
ئەلچى سۆزنى يەتكۈزسە ئۆلمەيدۇ.

3820. ئەلچى ئامانەت سۆزنى سۆزلىسە،
ئىنئام بەر، ئۇنى ماختا، سۆزۈم كېسىلدى.

## ئۆگدۈلمشنىڭ ئودغۇرمشقا جاۋابى

3821. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ (شۇنداق) دېدى:
سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

3822. خەتكە جاۋابەن خەت يازدىڭ،
ماڭا بەر، (يەتكۈزۈپ) بېرەي، ئەي زېرەك!

3823. ۋە لېكىن مېنىڭ شۇبھەم شۇكى، ئەي قېرىنداش،
ئەلىگ سېنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرالمايدۇ.

3824. ھاكىمدار ئەلىگ مېنى يەنە ئەۋەتىپ،
سېنى قايتا چاقىرتىشى (مۇمكىن)، ئەي خۇش پېئىل،

3825. ئۇزۇن ئۆتمەي مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىدۇ،
ئەگەر بارمىساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى قالىدۇ.

## ئودغۇرمشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3826. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) قېرىنداش،
بۇنداق سۆزنى قىلما، كۆڭۈل زېدە بولىدۇ.

3827. مەن بۇ يەردىن نېرى كەتمەكچى ئەمەسمەن،
ئۆزۈمنى قىيناپ بۇ يەرگە يەنە كېلىپ يۈرمە.

3828. تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى تىلەش — يامان،
ئۆتمەيدىغان سۆزنى قىلىش — قەدىرسىزلىكتۇر.

3829. ياخشى، يامانىنى كۆپ سىناپ بىلگەن، *
بىلىمى تولۇق (كىشى) نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

3830. "ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور ئىزدىمە.
تىلەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى زورمۇزور تىلىمە.

3831. مېڭىپ يەتكىلى بولمايدىغان يەرگە پىيادە بارما،
ئەگەر بارساڭ، ئۆزۈڭنى بەك قىيناپ قويىسەن."

3832. ئۇدغۇرمىش يەنە دېدى: ئەمدى كەت،
يەنە قايتىپ كەلمە، ئەي مەرد پالۋان.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

3833. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن قوپتى (ۋە) دېدى:
ساڭا دەيدىغان سۆزۈم تۈگىدى، ئەمدى مەن كېتەي.

*  *  *

3834. (شۇنداق قىلىپ) قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشنى ئۇزىتىپ قويدى،
چۈشەنگەن، بىلگەن سۆزلىرىنىمۇ ئامانەت قىلدى.

3835. ئۆگدۈلمىش ئېتىنى مىندى، ئارقىسىغا ياندى،
ئۆيىگە كېلىپ (ئاتتىن) چۈشتى، يېتىپ دەم ئالدى.

3836. قۇياش (ئۆز) يېرىگە قايتتى، يۈزىنى يوشۇردى،
ئاسمان يۈزىنى قامدەك (قاراڭغۇلۇق) باستى.

3837. دۇنيا يۈزىگە كۆمۈردەك قارا رەڭ سۈرتتى،
كۆرەر كۆزلەر يۇمۇلدى، ئويغاقلار ئۇخلىدى.

3838. ئۆگدۈلمىش ئورنۇن سالدۇرۇپ ياتتى،
بىرئاز ئۇخلىدى، (يەنە) بېشىنى كۆتۈردى.

3839. شەرقتىن ئوتتەك يالقۇن چاقنىدى،
(يەر) يۈزىنى ئاچقان يىگى كېلىندەك يورۇدى.

3840. (نۇر) نەيزىسى بىلەن (قۇياش) قالقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى،
دۇنيا يۈزى ئاق مەرۋايىتتەك (يورۇپ) كەتتى.

* * *

3841. (ئۆگدۈلمىش) ئۆيدىن چىقىپ سارايغا ماڭدى،
رۇخسەت سوراپ، ئەلىگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3842. ئەلىگ ئاۋۋال ئودغۇرمىشنى سورىدى،
ئېيتتى: سۆزلە، سۆزلىرىڭنى بايان قىل، ئەي پۇختا.

3843. نېمە سۆزلەر ئېيتىلدى، ئىشىڭ قانداق بولدى،
نېمىنى تىلىدىڭ، دوستۇڭ كېلەمدۇ؟

* * *

3844. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال مەكتۇپنى بەردى،
ئەلىگ (مەكتۇپنى) ئالدى، (ئۇنى) ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

3845. يۈزى قىزاردى، (رەڭگى) ئۆڭدى، كۆڭلۈمسىرىدى،
بىرئاز ئويلاندى (ۋە) خىيالغا چۆمدى.

*　　　　*　　　　*

3846. (ئاندىن شۇنداق) دېدى: قېرىندىشىڭ قوپال سۆزلەپتۇ،
ئۇنىڭغا (يىپەك) تاۋار ئەۋەتكەنىدىم، تىكەن چېكىپتۇ.

3847. بۇ سۆزنىڭ زىيىنى يوق، توغرا سۆزلەپتۇ،
توغرا سۆز قوپال بولىدۇ، (ئۇمۇ) قوپال خىتاب قىلىپتۇ.

3848. ئېغىزى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى قانداق ئىدى؟
ئاڭلىغان، چۈشەنگەنلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3849. (ئۆگدۈلمىش) ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئەلىگكە يەتكۈزدى،
قانداق سۆزلەر بولغانلىقىنى توپتوغرا سۆزلىدى.

3850. دېدىكى، ھەر خىل سۆزلەر بولدى،
ئۇمۇ ئەقىل - ئىدراك بىلەن سۆزلىدى، مەنمۇ سۆزلىدىم.

3851. مېنىڭ سۆزۈمگە (قاراپ)، ھەممىسىگە جاۋاب بەردى،
(سۆزىدىن) تۇتۇۋالسام، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

3852. شۇنچە قلسامۇ، بۇ يەرگە كەلمدى،
سۆزنى كېسپ ئېيتپ، كۆڭلى ئۈنمدى.

* * *

3853. مانا، ئەلگ ئۈنىڭ سۆزلرىنى ئاڭلدى،
سۆزلرىنىڭ ھەممسى ئەقل، پاراسەت ۋە بلم ئدى.

3854. (ئۈنى) تېخمۇ ئارزۇ قلدى، كۆڭلى ھاياجانلاندى،
كۆڭلى ھاياجانلانسا، كشگە دەرد بولدۇ.

3855. قاراپ باقسا، مويسپىت ياخشى ئېيتقان:
(ئادەم)، كۆڭۈلگە بېرلسە، (ئۈنىڭ) قۇلى بولۇپ قالدۇ.

3856. قارا، كۆڭۈل بر بەگ، باشقلار ئۈنىڭ قۇلدۇر،
بەگ نەگە باشلسا، قۇل ئۈنىڭغا ئەگشپ ماڭدۇ.

3857. كۆڭۈل ھاياجانلنپ برەر ئارزۇنى تلسە،
تلككە يەتمگۈچە نجاتلق تاپالمايدۇ.

## ئەلگنىڭ ئۆگدۈلمشكە جاۋابى

3858. ئەلگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئۆگدۈلمش،
قېرندشىڭ تولۇق (يېتلگەن) كشى ئكەن.

3859. ئۈنىڭ سۆزلرىنى ئاڭلمغان بولسام،
مجەز - خۇلقى ۋە بلمنى تولۇق (بلمگەن) بولسام ئدىم،
كاشكى.

3860. (لېكىن) ئاڭلىدىم، ئۇنى كۆڭلۈمگە سىغدۇردۇم،
غەيرەت قىلىپ، مېنى (بۇ) تىلىكىمگە يەتكۈزگىن.

3861. مەن ئۆز ئىلىمدە (بىرنەرسىنى) ئارزۇ قىلىپ،
ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسەم، ياراشمىغان ئىش بولىدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3862. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ئەلىگ،
دۇنيادا تاللانغان بەگسەن، ئەي مۆلايىم.

3863. يانار ۋاقتىمدا قېرىنداشىمغا: ئەلىگ يەنە ئەۋەتىدۇ،
مەن سېنىڭ ئالدىڭغا يەنە كېلىمەن، دېگەنىدىم.

3864. سېنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئاخىر سېنى ئاپىرىدۇ،
ئۇنى قەدىرلەپ، بۇگۈنلا بارغىن، دېدىم.

3865. (مېنى ئۇ) سوۋۇتۇپ: يەنە كەلمە،
مەن بارماقچى ئەمەسمەن، زورلىما، دېدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3866. ئەلىگ ئېيتتى: سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، چۈشەندىم،
بۇ سۆز ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئالدىما.

3867. ئۇ قانداق بەگ بولىدۇكى، ئارزۇسىنى تىلەپ،
ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسە، ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشمىسە!

3868. ئۇ قانداقمۇ خەلققە باش بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ،
ئۇنىڭ ئەممە يارلىقى ئەل ئىچىدە ئاقمىسا؟

3869. بۇيۇكلۇكنىڭ نىشانىسى شۇبھىسىز شۇكى،
تىلىگەن ئارزۇسىغا ئېرىشىپ (ئۇنىڭدىن) بەھرىمەن بولۇش.

3870. كۆڭۈل ھەرقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلسا،
بۇنىڭ داۋاسى ئۇنى ئارزۇ قىلغىنىغا يەتكۈزۈشتۇر.

3871. يەنە، بۇ ئارزۇ ماڭا بىر دەرد بولدى،
بۇنى داۋالىمىسا، ئۆزۈمنىڭ بارغىنى ياخشى.

3872. بۇ بېيىتنى ئوقۇ، نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي كۆڭلۈمنىڭ توقى:

3873. "ھەر قانداق كېسەلنىڭ داۋاسى ۋە شىپاسى ئېنىق،
ئۇ دەردنى داۋالىغۇچى ھۆكۈمامۇ باردۇر.

3874. ئەگەر كۆڭۈل بىر ئارزۇ (سەۋەبىدىن) ئاغرىسا،
تىلىكىگە ئېرىشسە ئوڭشىلىدۇ، شىپاسى شۇ."

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3875. ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) دۆلەتلىك ئەلىگ،
دۇنيادا داۋاسى بولمايدىغان نېمە بار؟

3876. ئەلىگ تىنچ، ئامان – ئېسەن، ئۆزۈن ياشىسۇن،

مەن ساڭا ئۆزۈمنى پىدا قىلاي!

3877. بۇ سۆزلەرنى مەن ئۆز تىلىم بىلەن ئەلىككە بايان قىلغانىدىم،
(ئەمدى) بۈگۈن كۆپ پۇشايمان قىلىشىنىڭ پايدىسى يوق.

3878. ئىدراكلىق (كىشى) ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
سۆزنى ئويلاپ قىل، ئەي مەرد يىگىت:

3879. تىل بىلەن سۆزلىمىسە، سۆزنىڭ پايدىسى كۆپ،
سۆزلەپ (قويۇۋىدىم)، تىلىم مېنى پۇشايمان قىلدۇردى.

3880. سۆزنى سۆزلىمىسەڭ، (ئۇ) ساڭا قۇل بولىدۇ،
ئەگەر سۆزلەپ قويساڭ، (ئۇ) سېنى قۇل قىلىدۇ.

3881. سۆزنى ھېسابىدا سۆزلە، ئالدىراپ - ھودۇقۇپ كەتمە،
ئالدىراپ قىلىنغان سۆز كېيىن پۇشايمان بولىدۇ.

3882. ئۇدغۇرمىش يېتىلگەن كىشى ئىدى،
چاقىرسام كەلمەيدىغانلىقىغا شۈبھىلەنمىگەنىدىم.

3883. ئەلىگ بىر ئارزۇ قىلسا، مەن مىڭ ئارزۇ قىلاتتىم،
ئۇ يېتىلگەن (كىشى) ماڭا ھەر كۈنى پايدىلىق بولاتتى.

3884. تىلىكىم شۇ ئىدىكى، ئۇ مەن بىللە بولسا،
قولمۇقول تۇتۇشۇپ ئەلىككە خىزمەت قىلساق.

3885. مەن ئۇنى شۇنچە قاتتىق زورلىسامۇ،

ئۇ ئىرەجەپ تۇرۇۋالدى، تاۋىمنى قاچۇردى.

3886. يەنە بېرىش (كېرەك) بولسا، ئۆزۈم باراي،
نېمە دېيىش (كېرەك) بولسا، ئۆزۈم ئېيتاي.

3887. ئەلىگ يەنە بىر خەت يېزىپ بەرسۇن،
ئۇ خەتنى ئوقۇپ، ماڭا ئىشەنسۇن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3888. ئەلىگ ئېيتتى: بىر قېتىم خەت ئەۋەتتىم،
خېتىمگە تاشتەك قاتتىق جاۋاب بەردى.

3889. (شۇنداق ئىكەن) يەنە نېمە دەپ (ئۇنىڭغا) خەت يازىمەن؟
خەت ئورنىغا سەن ئۆزۈڭ خەتسەن، ئەي زېرەك.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3890. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەختلىك ئەلىگ،
شۇنداق بولسىمۇ خەت يېزىپ بەرگىن.

3891. ئەلچى قانچىلىك پۇختا ۋە ماھىر بولسىمۇ،
مەكتۇپ بولمىسا، سۆزىگە كۆڭۈل ئىشەنمەيدۇ.

3892. تونۇش كىشى ئۈچۈن مەكتۇپ بىر گۇۋاھچىدۇر،
گۇۋاھچى بولسا، ھىيلە ئىشلىتىش (ھاجەت بولمايدۇ).

## ئەلگىنلىڭ ئۆگدۈلمشكە جاۋابى

3893. ئەلىگ ئېيتتى: ئەگەر ئارزۇيۇڭ شۇ بولسا،
مەكتۇپ يېزىپ، سۆزۈڭگە يول ئېچىپ بېرەي.

3894. مەكتۇپىنمۇ يازاي، (ئەما) سۆزۈم شۇكى،
مەكتۇپقا ئىشىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭ چىك تۇر.

3895. نېمە دېيىش كېرەك بولسا، (ئۆز) ئاغزىڭ بىلەن سۆزلە،
پۈتۈن چارىلەر بىلەن ئۇنى ئالدىمغا كېلىشكە ئۈندىگىن.

## 45

## كۈنتۇغدى ئەلىگىنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3896. ئەلىگ يەنە دىۋەت، قەغەز بېرىشنى سورىدى،
قولىغا قەلەم ئېلىپ، مەكتۇپ يازدى.

3897. خۇدانىڭ نامى بىلەن سۆزىنى باشلاپ،
ئەي يارانقان، پەرۋىش قىلغان، كەچۈرگەن (ئىگەم) دېدى.

3898. ئۇ قادىر تەڭرىگە مىڭ ھەمدۇسانا ئېيتتى،
ئۇ توغرىغىمۇ، ئەگرىگىمۇ ئۆز ھۆكۈمى ئەزەلىنى يەتكۈزىدۇ.

3899. (خۇدا) يەككە ـ يېگانە، ساپ ۋە پاكتۇر،
ئۇ يوقنى بار قىلالايدۇ (ۋە) بارنى يوق قىلالايدۇ.

3900. ئۇنى بىرلا دەپ بىل، تىلىڭ بىلەن ماختا، دىلىڭ بىلەن ئىشەن،
ئىبادەت قىل، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت.

3901. نېمىنى خالىسا (شۇنى) قىلىدۇ، تىلىكىگە ئېرىشىدۇ،
نېمىنى بول دېسە، ئۇ خالىغىنىدەك بولىدۇ.

3902. پۈتۈن قىمىرلىغۇچىلارغا رىزىق بېرىدۇ،
تىرىكلىك بىلەن بىر قاتاردا ئۆلۈمنىمۇ ئەۋەتىدۇ.

3903. قەدىرلىك، يا خار (بولۇش) ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن (بولىدۇ)،
يەنە ئۇلۇغلىقمۇ، كىچىككىنىمۇ يول ئاچىدۇ.

3904. ئۇنىڭ خالىغىنىنى بىلگۈچى يوقتۇر،
ئەۋەتكەن قازاسىنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر.

3905. سۆيۈملۈك پەيغەمبەرگە تۈمەنمىڭ سالام بولغاي،
(بۇ سالامىنى) خۇدا ئادىل يول باشلىغۇچىغا يەتكۈزگەي.

3906. (پەيغەمبەرنىڭ) پۈتۈن ساھابىلىرىغىمۇ سالام،
خۇدايىم (بۇ سالامىنى) داۋاملىق يەتكۈزگەي.

3907. ئەلىگدىن (ساڭا) كۆپ مەدھىيە ۋە سالام،
(ھالىڭنى سورايمەن) ئەي يېتىلگەن، ئەقىللىق.

3908. كۆڭۈل سوراپ مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتىم،
ئەھۋالىڭ قانداق، ئەي زېرەك دانىشمەن؟

3909. ساڭا قېرىنداشىڭنى ئەۋەتكەنىدىم،
تىلىكىم شۇ ئىدىكى، سەن مېنىڭ (قېشىمغا) كەلسەڭ!

3910. بۇ ياققا كېلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا بولۇشنى
(ۋە) دىدار كۆرۈشۈشنى سەن خالىماپسەن.

3911. مەكتۇپىمغا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپسەن،
سۆزلىرىڭنىمۇ قېرىنداشىڭ ئېغىزى بىلەن يەتكۈزدى.

3912. مەكتۇپىڭنى ئوقۇدۇم، سۆزۈڭ چۈشىنىلدى،

سۆزۈمنى ئاڭلا، ئۆزۈڭنى قاچۇرما.

3913. ساڭا شېكەردىن تاتلىقراق سۆزلەرنى ئەۋەتكەنىدىم،
ماڭا يېنىپ كەلگىنى ئوغادىنمۇ ئاچچىق بولدى.

3914. يەنە، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن،
كۆڭلۈڭدە تۇتقىن، ئەي مېھرىبان دوستۇم.

3915. ئۆزۈڭگە زاھىت نامىنى راۋا كۆرۈپسەن،
ئېتىڭ زاھىت بوپتۇ، تاغ ئىچىدە (ياشاپسەن).

3916. بۇ نامىڭ بىلەن داڭق - شۆھرىتىڭ چىقتى،
كىشىلەر ئارىسىدا بۈيۈك، مەشھۇر بولدۇڭ.

3917. تائەت - ئىبادىتىڭنىڭ ھەممىسى نامىڭ ئۈچۈندۇر،
ئۆز ئۇلۇشۇڭنى زورمۇزور نابۇت قىلما.

3918. ئەگەر تائەت - ئىبادىتىڭگە خەلقنىڭ كۆزى چۈشسە،
ئىبادىتىڭ بۇزۇلىدۇ، ئاساسى يىقىلىدۇ.

3919. خۇداغا (قىلىنغان) ئىبادەت ھەممىسى مەخپىي بولۇشى كېرەك،
بۇ مەخپىيەت بۇگۈن خەلققە ئېچىلماسلىقى كېرەك.

3920. قارا، خۇدا سۆيۈملۈك بەندىسىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ،
بۇنداق بەندىلەرنى خەلق تىلغا ئالمايدۇ، تونۇمايدۇ.

3921* . (ئۇ) خۇداغا دۇشمەنمۇ، ياكى يېقىنمۇ،
بىلگىنكى، ئۇ بەندە ئۆزىنى ئۆزى بىلمەيدۇ.

3922. بۇ ياققا كەل، شەھەر ـ كەنت ئىچىدە ياشا،
(كۆپكە) قېتىلغىن ـ ئارىلاشقىن، خەلق سىنىنىڭ تەكتىگىنى
بىلمىسۇن.

3923. ھالال دۇنياغا ئىگە بول، ئۆزۈڭنى تەمنلە،
ئاچ ـ يالىڭاچنى تويغۇز، يېرتىلغاننى پۈتۈنلە.

3924. كىشىنىڭ ياخشىسى ھالال دۇنياغا ئىگە بولسا،
ئىككى دۇنيالىقتا يېمەك ـ ئىچمەككە ئېرىشىدۇ.

3925. ئەي ماڭا كەلمىگۈچى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلا،
ئەسلى ئۇلۇغ، پاك دانىشمەن نېمە دەيدۇ:

3926. "ئەگەر مال ـ دۇنيا ياخشى ئادەمگە چۈشسە،
ئىككى ئالەم يەپ ـ ئىچىشكە يارايدۇ.

3927. مال ـ دۇنياغا ئېرىشىپ، مەئىشەت قىلىشنى بىلمىسە،
ئۇنىڭ ھېسابى كېلىدۇ، ئېغىر يۈك بولىدۇ."

3928. ئەي دانا، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە پايدىلىق بول،
مەرد ئەر دېگەن كىشىلەرگە نەپ بېرىشى كېرەك.

3929. سېنى مەن مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن
بۇ يەرگە چاقىرتۋاتىمەن، ئەي زاھىت!

3930. بۇ ياققا كەل، كىشىلەرگە پايدىلىق بول (ھاجىتىگە) يارا،
پايدىلىق بولمىغان (كىشى) تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈكتۇر.

3931. ئۆز پايدىسىنى تىلەيدىغانلار ئادەم بولامدۇ؟
ئەل پايدىسىنى كۆزلىگەنلەر (ھەقىقىي) ئادەمدۇر.

3932. ماللىرىنى ئۆلەشتۈرسىلا سېخىيلىق بولمايدۇ،
جان ـ تېنىنى (خەلققە) پىدا قىلغانلىق (ھەقىقىي) سېخىيلىقتۇر.

3933. ئۆزىنى قوغدىغانلىق مېھرىبانلىق ئەمەس،
كىشىلەرنى ئىزدىگەنلىك (ھەقىقىي) مېھرىبانلىقتۇر.

3934. كىشىلەر ياخشىلىق، دېيىشىدۇ، بۇ ياخشىلىق قانداق،
ماڭا ئېيتىپ باققىنا، ئەي بىلىملىك دانا؟

3935. كىشىلەر، ياخشى دېيىشىدۇ، بۇ ياخشى كىم؟
كىشىنىڭ دەردىگە داۋا بولسا، مانا بۇ ياخشى كىشىدۇر.

3936. ئەي دىلى روشەن، بىلىمى چەكسىز (كىشى)،
بۇ سۆزلەرگە قاراپباق، ئەقلىڭنى يەتكۈز.

3937. نەزەر سال، بۇ سۆزلىرىم چىن سۆزلەرمۇ؟
چىن بولسا، ھەۋەسىنى قوي، تۇر، بۇ ياققا كەل.

3938. ئۇزۇن سۆزلىگەن سۆز زېرىكەرلىك بولىدۇ،
ئەقىللىق كىشىلەر سۆزنى ئاز قىلىدۇ.

3939. شۇ سۆزلەر بىلەن بەس قىل، ئارتۇق سۆزلىمە،
ئەقىل ۋە بىلىمگە قارشى تىلىڭنى ئۇزارتما.

3940. بۇنىڭدىن باشقا قېپقالغان سۆزۈم بولسا،

قىرىندىشىڭ يەتكۈزگەي، ئۇنىڭغا ئامانەت قىلدىم.

* * *

3941. (ئەلىگ) مەكتۇپنى تۇگەتتى، تۇرۇپ قاتتىق باغلىدى،
ئۇللىق شامال چىقىپ، خەتنى قۇرۇتتى.

3942. ئۈستىگە مۆھۈرنى بېسىپ خەتنى قولىغا ئالدى،
ئۆگدۈلمىشكە سۇندى، (ئۇ) دەرھال (قولىغا) ئالدى.

* * *

3943. ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
مەكتۇپنى بەرگىن، يەنە بىلگەنلىرىڭنى ئېغىزىڭ بىلەن ئېيت.

3944. نېمە (دېيىش) زۆرۈر بولسا (دېگىن)، يەنە قاتتىق تۇر،
ئۇنى (قايىل) قىل، شەھەر ـ كەنتكە چاقىر.

3945. تىلىكى نېمە بولسا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن
ئۇنى مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن.

* * *

3946. ئۆگدۈلمىش خوپ دەپ ئورنىدىن قوپتى ۋە (تاشقىرىغا) چىقتى،
بۇ ياخشى دوست ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

3947. ئۆيىگە كېلىپ ئىچكىرىگە كىردى،
يەپ ـ ئىچىپ، بىرئاز ئارام ئالدى.

3948. رۇمى قىزى (قۇياش) يۈزىنى يەرگە يوشۇردى،
ئالەم تۈسى زەڭگىنىڭ يۈزىدەك بولدى.

3949. ئاسمان پۈتۈنلەي قاراقۇش تۈسىگە كىردى،
دۇنيا پۈتۈنلەي قاراقۇش پېيىنى يېپىندى.

3950. ئورۇن سېلىپ ياتتى، ئۇزۇن خىيال سۈردى؛
قېرىندىشى بىلەن يۈزتۇرانە نېمە دەپ سۆزلىششى كېرەك؟

3951. ئازراق ئۇخلاپ، يەنە ئويغاندى،
تۈن (كۆيۈپ) ئۆچكەن كۆمۈردەك قاراڭغۇ ئىدى.

3952. ئۇيقۇسى قاچتى، (قوپۇپ) ئۆرە تۇردى،
قاراڭغۇ تۈن ئېتىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

3953. قۇياش يەردىن قوپۇپ، بېشىنى كۆتۈردى،
يورۇق يۈزى تەبەسسۇم قىلغاندەك چىشىنى كۆرسەتتى.

3954. قوپۇپ تاھارەت ئالدى (ۋە) بامدات نامىزىنى ئوقۇدى،
كېيىن بىرئاز ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى.

3955. ئاندىن بىر ئوغۇلنىڭ ياردىمى بىلەن ئېتىنى تۇتتى،
خۇشاللىق (ئىچىدە) كۈلۈمسىرەپ ئۆيدىن چىقتى.

3956. قېرىندىشىغا يېقىنلاشقاندا، (قېرىنداشلىق) ھەققىنى قوغداپ،
(خېلى) يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشتى.

* * *

3957. ئاستا بېرىپ، ئىشكنى قاقتى،
قېرىندىشى ئىبادىتىنى قويۇپ، ئورنىدىن قوپتى.

3958. دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئىشكنى ئاچتى،
سالام قىلدى ـ دە، قولىنى تۇتتى.

3959. ئودغۇرمىش قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە (باشلاپ) كىردى،
(ئۇنى) ھۆرمەتلەپ، سۆيۈپ، تۆرگە باشلىدى.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3960. دېدى: ئەي قېرىندىشىم، نېمىگە جاپا چېكىپ (يۈرسەن)؟
بۇ قېتىممۇ سەن ئالدىمغا بىكارغا كەلمىدىڭ!

3961. سۆزنى كېسىپ ئېيتقانىدىم، ئۇنى (ئاڭلىغان) ئىدىڭ،
مېنى زورلاپ نېمىشقىمۇ جاپا تارتىدىغانسەن؟

* 3962. بىلىم بەرگۈچى، ياخشى، يامان كىشىنى سىناپ بىلگۈچى
نېمە دېگەن، ئاڭلا:

3963. «كىشىنى سىناشتا بىر قاراشلا كۇپايە،
تىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلا كۇپايە.

3964. كىشى ئالتۇن بىلەن مىسنى پەرق ئېتەلمىسە،
بىر تاشقا ئازراقلا سۈرۈپ كۆرسە كۇپايە.»

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3965. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي قېرىنداش،
سەن ماڭا ئاچچىقلانما، دىلىڭنى بىئارام قىلما.

3966. خىزمەتچى كۆزنى ئاچسا بېگىنى كۆرىدۇ،
بەگلەر نېمىنى بۇيرۇسا، شۇنىلا قىلىدۇ.

3967. ئەلىككە مەكتۇپىڭ بىلەن سۆزۈڭنى يەتكۈزدۈم،
ئېغىزىڭ بىلەن نېمە دېگەن بولساڭ، شۇنى (دېدىم).

3968. سۆزۈڭگە جاۋاب بېرىپ، مەكتۇپ ئەۋەتتى، (دەپ)
خەتنى ئېلىپ، (ئۇنىڭ) قولىغا ئۇزاتتى.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3969. ئودغۇرمىش مەكتۇپنى ئالدى ۋە ئاچتى،
خەتنى ئوقۇدى ۋە خىيالغا چۆكتى.

3970. (ۋە) دېدى: ئەي قېرىندىشىم، سېنىڭ نېمە دەردىڭ باركى،
بېگىڭ مېنى شۇنچىۋالا زورلاپ چاقىرىپتۇ؟

## 46

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئېيتىلىدۇ

3971. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز ئاچتى:
ئەي قېرىنداشىم، سۆزۈمنى ئاڭلا، چۈشەن، دېدى.

3972. ئەلىگىنىڭ ساڭا (نىسبەتەن) تىلىكى ياخشى،
ياخشى تىلىكى بىلەن ساڭا ياخشى يول ئېچىپ بېرىدۇ.

3973. بىلسەن، بۇ يەردە قىلغان تائەت – ئىبادەتلىرىڭ
(ساڭا) كۆپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگۈسى.

3974. يەنە مېنىڭ دېگىنىمدەك، شەھەر – كەنتلەردىمۇ
كۆپ ياخشىلىقلار بار، ئەي يىگىت.

3975. بۇ دۇنيانىڭ بەخت – سائادىتىگە ئېرىشىپ،
ياشاشنى بىلىش، نام چىقىرىش يامان (ئىش) ئەمەس.

3976. ئەي، زاھىتلىقتا ئېرىشكۈچى، سەن ئاخىرەتلىكنى ئىزدىسەڭ،
ساۋابلىق، ياخشىلىقنى بۇ (دۇنيا)دىن ئېلىپ كېتىشىڭ كېرەك.

3977. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى يامان دېيىشكە بولمايدۇ،

يەپ ـ ئىچسە، خەلققە بېرىپ، يۈزىنى يورۇق قىلسا (بولىدۇ).

3978. سېخىيلەر باشلىقى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇنى ئاڭلىغىن، ئەي ياخشى كىشى:

3979. كۆپ ياخشىلىقلارغا يول ئاچقۇچى نەرسە — بايلىقتۇر،
ھەر خىل كېسەللەرنىڭ داۋاسى (مۇ) بايلىقتۇر.

3980. كىشىنىڭ دۇنياسى بولسا، بىلىم ئەقلىگە ئىگە بولىدۇ،
ھەر خىل ياخشىلىقلارغا قول ئۇزىتالايدۇ.

3981. مال ـ دۇنيا بىلەن ئىنسان (خالىغان) ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ،
كۆك ئاسمانغا چىقىمەن دېسە، مال ـ دۇنيا يۆلەك بولىدۇ.

3982. تىلىكىڭ ھەج قىلىش بولسا، (بۇنىڭغىمۇ) مال ـ تاۋار كېرەك،
غازىلىق نامىنى تىلىسەڭ، بۇنىڭغىمۇ يارايدۇ.

3983. كىشىنىڭ ئېلىپ ـ بېرىدىغان مال ـ دۇنياسى بولمىسا،
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى (قىلىشتا) قولى قىسقا بولىدۇ.

3984. بۇ ياخشىلىقلارنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋېتىسەن؟
بۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىمنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمايسەن؟

3985. ئىبادەتكە قانداق ئىشەنسە بولىدۇ،
”ئىبادەت قىلدىمغۇ“ دەپ بىلسە، (ھەممىدىن مەھرۇم)
بولىدۇ.

3986. بەندە خۇدانى ئىبادەت بىلەنلا تاپالمايدۇ،

تائەت ـ ئىبادەت يولى بەك نازۇك يولدۇر.

3987. نەچچە مىڭلىغان ئىبادەتچىلەر يىل بويى ئىبادەت قىلدى،
جان چىقار ۋاقتىدا يولدىن ئاداشتى.

3988. نەچچە مىڭلىغان گۇناھكار، ئىبادەت قىلمىغان بەندىلەر،
ئاخىر نەپەس ئۈزۈلگەن ( پەيتتە) يولنى تاپتى.

3989. بىلمەن، خۇدايىمنىڭ ھەممە رازىلىقى
تائەت ـ ئىبادەت ئارقىلىق بولىدۇ، ئەي ئۇلۇغ.

3990. ھەققىي تائەت ـ ئىبادەتنى بىلمىسە،
قايسى تائەت ـ ئىبادەت بولىدۇ، بۇنى بىلەلمەيدۇ.

3991. ئەگەر شۇنداق ئىكەن، ھەممە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى
تەلتۆكۈس قىلىشقا ئۈرۈنسە، بۇنى لەززەت دېيىش كېرەك.

3992. قاراپ باق، ساڭا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىم
شۇنداق بولامدۇ، ماڭا جاۋاب بەر.

3993. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمگە
ئېغىزىڭ بىلەن كۆنگىن، سۆزۈمنى ئاڭلا، ئەي كۆڭلى تۈز.

3994. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە مەپتۇن بولما، دىلىڭنى توغرىلا،
كىشىلەرگە قېتىلغىن، خاتىرجەم يۈرگىن.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3995. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: قېرىنداش،
(مېنى) غەمگە سالدىڭ، ئېشىمنى زەھەر قىلدىڭ.

3996. سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئېتىبارغا ئالغانمۇ بولاي،
ئەلىگكە بېرىپ خىزمەتمۇ قىلاي.

3997. خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىلىشى،
قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

3998. كىرىپ ـ چىقىشنى، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشنى بىلىش كېرەك،
كىشى خىزمەت قىلىشنى بىلمىسە، بىكاردىن ـ بىكار جاپا چېكىدۇ.

3999. خىزمەت (قىلىشنى) بىلگۈچى نېمە دەيدۇ ئاڭلا،
(ئۇ)، سىناپ بىلگەن ئۈچ (نەرسىنى) ئازراق سۆزلىگەن:

4000. "سەن بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنى خالىساڭ،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا تۇت، سۆزۈڭگە بايقا.

4001. قائىدە ـ يوسۇنلار بويىچە خىزمەت قىلىشنى ئۆگەن،
خىزمەت (قىلىشنى) بىلسەڭ، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ."

4002. مەن كىشىلەردىن يىراق تۇردۇم،
سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمدە ئەدەپ ـ قائىدە يوق.

4003. بېگىڭگە قانداقمۇ خىزمەت قىلالايمەن،
قارا، مەن ئۈچۈن بۇ ئىشىك يېپىلغان.

4004. مېنى چىڭ تۇتۇپ نېمانچە زورلايسەن،
ئەلىككە خىزمەت قىل، دەپ سۆزۈمنى رەت قىلسەن؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4005. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
بۇ سۆزۈڭ ياخشى ئەمەس، ئەي كۆڭلى تۈز.

4006. ئەلىگ سېنىڭدىن ئەدەپ ـ قائىدىگە (بويسۇنۇش)نى تەلەپ قىلمايدۇ،
خالىساڭ ئولتۇرسەن، خالىساڭ ئۆرە تۇرسەن.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4007. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
بۇ سۆزۈڭ تازا جايىدا بولمىدى، ئەي خۇش پېئىل.

4008. ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ يۈرۈش
سەن بىلەن ماڭا قانداق يارىشىدۇ؟

4009. بەگلەر ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش، باشقۇرۇش، خەلقنى تۈزەش،
دۇنيانى تازا تۇتۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن.

4010. ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش بەگلەرنىڭ ئىشىدۇر،
كىشى ئۇنى قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

4011. شۇنىڭغا يارىشا، بەگلەر قول ئۇزىتىپ،
ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سالدى، ئەمىر ـ پەرمان يۈرگۈزدى.

* 4012. بىلىملىك، ئەقىللىق خەلق باشچىسى،
دۇنيا ھاكىمى ناھايىتى ياخشى ئېيتقاندى:

4013. دۇنيانى تۇتقۇچى كىشى ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك،
خەلقنى ئىدارە قىلغۇچى ئۈچۈن يۈرەك كېرەك.

4014. بۇ ئىككىسى بولغاندىن باشقا، خىزمەتچى
قائىدە ـ يوسۇنلۇق، قانۇننى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

4015. شۇنداق بولغاندا، بەگلەر كۈچىنى يۈكسەلدۈرۈپ،
دۈشمەن بوينىنى يانجىپ ئۆچىنى ئالالايدۇ.

4016. بىز قانۇن، ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ تەرەپدارى تۇرساق،
بۇ قانۇنلارنى بۇزۇش بىزگە قانداق يارىشىدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4017. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: قېرىندىشىم،
بۇ بەك قىيىن ئىش ئەمەس، ئاش پىيىلسە ھەزىم بولىدۇ.

4018. مانا مەن بۇ ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بىلىمەن،
(ساڭا) سۆزلەپ بېرەي، كۆرۈپ ئۆگىنىۋال.

4019. قارا، كىشى بىلمىسە، كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ،
بىلگەندىن كېيىن ئادەم تىلىكىگە يېتىدۇ.

4020. بۇنىڭغا تەقلىدتەن دانىشمەن ئۇچۇق ئېيتقان (ئىدىكى)،
بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ بىلىمى يېرىم ـ يارتا.

4021. "كىشى تۇغۇلۇشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ،
تىلمۇ تۇغۇلۇپلا سۆزلىمەيدۇ، كېيىن سۆزلەيدۇ.

4022. كىشى ئۆگىنىپ، ئاندىن دانا بولىدۇ،
بىلىمنى بىلسە، ئاندىن ھەممە ئىش ئۇنۇملۇك بولىدۇ."

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4023. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سېنىڭ
تىلىكىڭ شۇ بولسا، مەندە (باشقا) تەلەپ يوق.

4024. بۈگۈن سەن مېنى بەك قىستاۋاتسەن،
قېنى ئېيتقىنچۇ، بۇ خىزمەت قانداق بولىدۇ؟

4025. سۆزۈڭ كۆڭلۈمگە سىغامدۇ، بىر ئاڭلاپ باقاي،
ئۆزۈم ئۆگىنەلەيمەنمۇ، بۇنىمۇ ئۇقاي.

4026. قانۇن ـ قائىدىلەر نەچچە، ئەدەپ ـ يوسۇنلار
قايسى، نامىنى ئاتاپ ماڭا بىرئاز سۆزلەپ بەر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4027. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي ياخشى دانىشمەن،
سۆزنى تامامەن توغرا سۆزلىدىڭ.

4028. بۇرۇن تۇتقان يولۇڭ ئەقىلدىن يىراق ئىدى،
ئەمدى ئۆز ئاساسىڭنى توغرىلىق (ئۇستىگە) قۇردۇڭ.

4029. ئەمدى مەن سۆزلەي، سەن ئاڭلىغىن، چۈشەنگىن،
ئۆگەنگىن، سەن ئۈچۈن بۇ توگۈن يېشىلسۇن.

4030. ئەگەر سەن ئۆگىنىدىغان بولساڭ،
گەپنى ئەگىتمە، سۆزۈڭنى توختات.

## 47

## ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى توغرىسىدا ئېيتىدۇ

4031. خىزمەت قىلغۇچى كىشى ئىككى خىل بولىدۇ،
خىزمەت قىلسا ئىشلىرى ھەر كۈنى يۈرۈشىدۇ.

4032. بىرى — ياش ۋاقتىدىلا خىزمەتكە كىرىدۇ،
يەنە بىرى — چوڭ بولغاندىن كېيىن (خىزمەت) قىلىدۇ.

4033. بۇ ئىككىسىدىن تېخىمۇ ياخشىراقى شۇكى،
كىچىكىدىنلا خىزمەت قىلسۇن، كۆڭلىنى توختاتسۇن.

4034. بۈگۈن (مەن) ساڭا قانچىلىك سۆز قىلسامۇ،
بۇ سۆزۈمنى كىچىكلەردىن باشلاپ سۆزلەي:

4035. سۆزنى ياپتا قىلسا، ئاخىر خام بولىدۇ،
قايسى نەرسە خام بولسا، تېگى دەرد بولىدۇ.

4036. پىششىق (بولۇشنى) خالىسا، سۆزنى پىشۇرۇش كېرەك،
ئىشەنچلىك بولۇشنى خالىسا، ئۆزنى ئىشەنچلىك (تۇتۇش) كېرەك.

4037. كىشى خىزمەتكە ئىشىك ئاچاي دېسە،
كىچىك ۋاقتىدىلا خىزمەت قىلىشى كېرەك.

4038. قانۇن، قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىلسۇن، يول تاپسۇن،
كىرىپ ـ چىقىش (يوسۇنلىرىنى) ئۆگەنسۇن، ھەرىكىتىنى
تۈزىسۇن.

4039. ئەتىگەن تۇرۇپ، خىزمەتكە چەبدەس بولسۇن،
كەمتەر بولۇپ، كۆڭلىنى، تىلىنى كىچىك تۇتسۇن.

4040. ئىشقا تىرىشچان، ئايىغى چاققان بولسۇن،
ئاڭلاشتا، كۆرۈشتە قۇلاق ـ كۆزنى ئىتتىك تۇتسۇن.

4041. ئۆزىدىن چوڭغا خىزمەت قىلغاندا،
تىلىنى مەھكەم تۇتۇپ، سۆزنى چىك ساقلىسۇن!

4042. بۇنداق كىچىكلەر خىزمىتىنى ئۇگشاپ كېتەلىسە،
بېگكە يېقىنلىشىپ، (خىزمەت) يولىنى ئۇگشايدۇ.

4043. ئۇنىڭدىن باشقا، كىرىپ ـ چىقىشتا،
تىلەك ـ مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتا قائىدە بويىچە قىلىشى
كېرەك.

4044. كىچىك ئەمەلدارلار بۇ (دەرىجىگە) يېتەلىسە،
بەگ ئاندىن نېمىگە يارايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

4045. خىزمەتچى زېرەك، ھەرىكىتى ئىشەنچلىك بولسا،
تەلەپكە يارايدۇ ۋە ئۆسىدۇ، دۆلەتلىك بولىدۇ.

4046. ئىتتشتا مەرگەن بولسا، ئوقياچى بولىدۇ،
قىلىقلىرى توغرا بولسا، تامغىچى (مۆھۈردار) بولىدۇ.

4047. تەبىئىتى پاك، چىراي - شەكلى كۆركەم بولسا،
(ئۇنى) بەگ ئىدىشچى قىلىدۇ، ئەي دىلى ئۇچۇق.

4048. خەت، ھېساب بىلسە خەزىنىچى بولىدۇ،
ئەقىل - ئىدراكى ياخشى بولسا، كاتىپ بولىدۇ.

4049. بۇلارنىڭ قايسىسىغا مۇيەسسەر بولسا،
ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئەيمىنىپ چىرايلىق خىزمەت قىلىش كېرەك.

* 4050. خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاندىن تىلىكىگە ئېرىشكەن،
خىزمەت قىلغۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4051. "يۈزۈڭ بەگكە يۈزمۇ يۈز تۇرىدىغان بولسا،
بەك قورقۇپ تۇرغىن، كۆزۈڭگە بايقا.

4052. خۇلقىڭنى توغرىلا، يۇرۇش - تۇرۇشۇڭنى تۈزەت، ئۆزۈڭنى كۆزەت.
دىلىڭنى ۋە تىلىڭنى توغرا تۇت، سۆزۈڭنى قىسقارت."

4053. ھەر تۈرلۈك ئىشلار خىزمەت ئارقىلىق يۇرۇشىدۇ،
خىزمەت ئارقىلىق ياخشى دوستلارغىمۇ يېتىشىسەن.

4054. ئۆزۈڭ ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى خالىساڭ،
خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

4055. ئەگەر بەگكە يۈزمۇيۈز تۇرىدىغان بولساڭ،
كۆزۈڭنى يەرگە تىك، قۇلىقىڭنى تۆرگە توغرىلا.

4056. قولۇڭنى قوۋۇشتۇرۇپ ئايىغىڭنى تۈزەپ (تۇر)،
ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قوي.

4057. ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ (ئايىغىڭنى) ئالدىن بېسىپ ماڭ،
ئىچكىرىگە يارلىق بەرگەندە ئەقىل بىلەن ئاڭلا.

4058. ئۆتۈنۈش قىلغىنىڭدا قولۇڭنى تۈز تۇت،
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەدەپلىك ۋە سىلىق بول.

4059. بۇنداق چاغدا ئوڭ - سولۇڭغا قىيا قارىما،
ئۆزۈڭ ئەيمىنىپ تۇرۇپ، سۆز - نەسىھەتنى ئاڭلا.

4060. سەندىن سۆز سورىسا، توغرا جاۋاب بەر،
جاۋابەن يارلىق بەرسە، توغرا ئىجرا قىل.

4061. ئىچىملىك ئىچمە، بىكار لاغايلاپ يۈرمە،
يارىماس، يامان ئىشلاردىن نېرى قاچ.

4062. ئاڭلىغان سۆزلىرىڭنى ئاڭلىماسقا سال،
كۆزۈڭ كۆرگەن (ئىشلارنى) كۆرمەسكە سال.

4063. كىشى مۇشۇنداق خىزمىتى بىلەن ياراپ قالسا،
بەخت كۈنسايىن ئاشىدۇ، ئىشى روناق تاپىدۇ.

4064. (بۇنداقلارنىڭ) بەزىسى خىللىنىپ، قوشۇن باشلىقى بولىدۇ،

بەزىسى ئات، ئايغىر مىنىپ، ئەل بېشى بولدۇ

4065. بەزىسى قوماندان، بەزىسى ھاجىپ بولدۇ،
بەزىسى سۆز (مەنىسىنى) ئېچىپ (بېرىدىغان) كاتىپ بولدۇ.

4066. كىشى بۇ دەرىجىگە يېتىپ، چىرايلىق خىزمەت قىلسا،
ئۇلۇغلۇق (مەرتىۋىسىگە) ئېرىشىپ، پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

4067. بەزىلىرىگە دانىشمەنلىك تېگىپ، ئەقىلدار بولدۇ،
بەزىلىرى ئاقساقال دېگەن نامغا ئىگە بولدۇ.

4068. بەزىسى ئىنانچ بەگ① بولسا، بەزىسى چاغرى بەگ② بولدۇ،
بەزىسى تېگىن بەگ③ بولسا، بەزىسى چاۋلى بەگ④ بولدۇ.

4069. بەزىسى يابغۇ⑤، يۇغرۇش⑥، ياكى ئەلبەگ⑦ بولسا،
بەزىلىرىنىڭ نامى تەڭداشسىز بولۇپ، پاراسەتلىك كىشى
بولدۇ.

4070. خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى شۇ يەرگىچە بولدۇ،
بۇنىڭدىن باشقا ھۆرمەت دەرىجىسى يوق.

4071. بەگ خىزمەتكارنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزسە،
خىزمەتچى ھەققىنى ماختىنغۇدەك ئادا قىلدۇ.

4072. كىشى بۇ دەرىجىگە يېتىپ بىرەر خىزمەت قىلسا،
ناھايىتى پايدىلىق بولدۇ، بېگى (ئۇنىڭ) ئارزۇسىنى قىلدۇ.

---

①②③④⑤⑥⑦ قاراخانىيلار دۆلىتىدە قوللىنىلغان ۋەزىپە ئۇنۋانلىرى. يابغۇ — غەربىي قارلۇقلارنىڭ يۇقىرى ھۆكۈمدارى. يۇغرۇش — ۋەزىرگە تەڭ كېلىدىغان ۋەزىپە.

4073. ئەگەر بۇ (ئورۇنغا) يامان كىشى ئورۇنلاشسا،
بۇنداق قۇل (بەگكە) چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ.

4074. ئەقىللىق دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقانىدى:
لاياقەتسىز كىشىگە بۇ دەرىجىنى بەرمەسلىك كېرەك.

4075. بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتىدۇكى،
ئەي بەگ، بىلىمسىزگە قول بەرمە.

4076. ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزىدۇ،
بىلىمسىز كىشىلەر خەلقنى قاقشىتىدۇ.

4077. بەگ بىلىمسىزگە ئورۇن، دەرىجە بەرسە،
بەگكە زىيانلىق بولىدۇ، بۇنى بۇرۇنراق بىلىپ قوي.

4078. ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشى ئۇلۇغ(مەرتىۋىگە)يەتسە،
خوجىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ئەي ئەلبېشى.

4079. (دېمەك) بەگلەر خىزمەتچى قۇلىنىڭ ئورنىنى
بىلىمى ـ دەرىجىسىگە قاراپ ئۈستۈرۈشى لازىم.

4080. (خىزمەتچى) قۇلىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى سىناش كېرەك،
ئەقىل، ئىدراكىغا يارىشا ئورۇن بېرىش كېرەك.

4081. قۇل بېگىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشى كېرەك،
ئاندىن بەگلەر ئۇنىڭغا ئېھسان قىلسا ئەرزىيدۇ.

---

* 4082. قانۇن ئۆگەتكۈچى، بەگلىكنىڭ ئىشىنى قانۇن بىلەن

يۈركۈزگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4083. قانچىلىك يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتسىمۇ، قۇلىنىڭ نامى قۇلدۇر،
ئۇ يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتكۈزگەن بېگىگە خىزمەتكار (خالاس).

4084. بەگ قانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى بەگدۇر،
خىزمەتكار نامىدىن بەگنىڭ نامى ئەۋزەلدۇر.

4085. ئەي، بەگلەر قەدىرلەپ، يۈكسەك (مەرتىۋىگە) يەتكەن كىشى،
بېگىڭگە قارشى تۇرما، ئۇنى بۈيۈك دەپ ھۆرمەت قىل.

4086. سەن بەگلەر بىلەن زادى ئۆچەكەشمە،
(ئۇششاق) سۆزنى قىلما، ياخشى كۆرگەن (سۆزنى قىل).

4087. ئۇلار بەختتۇر، بەختنىڭ قولى ئۇزۇن بولىدۇ،
(ئۇلار) يانغان ئوتتۇر، سېنى كۆيدۈرىدۇ.

4088. ئۇلار زاماندۇر، كىشى شادلىنىپ، كۆڭلىنى ئۇچۇن
زامان بىلەن ماسلىشىشى كېرەك.

* 4089. تەجرىبىلىك، بىلىملىك ۋە خىزمەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ
ھەممىگە ئېرىشكەن كىشى ئېخمۇ ياخشى ئېيتقانىدى:

4090. "ساڭا بەگلەر كۆلۈپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن قارىسا،
ئۇنىڭغا خۇشال بولۇپ، مەغرۇرلانما،

4091. خىزمىتىڭگە تايىنىپ، كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما،

يېڭىلساڭ (خاتالاشساڭ)، بەگلەر ساڭا قاپىقىنى تۈرىدۇ.»

4092. مەيلى كىچىك بول، چوڭ بول، ياكى مەشھۇر باتۇر بول،
خىزمەتچى هامان خىزمەتچىدۇر، بۇ ئېنىق.

4093. بەگكە خاتا خىزمەت قىلماسلىقتا غەيرەت قىلىش كېرەك،
خىزمەت داۋامىدا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىك كېرەك.

4094. بەگلەر سېنى قانچىلىك يېقىن تۇتسىمۇ،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇماي، توغرا (يولدا) يۈرگىن.

4095. قانچىلىك ياخشى (مۇئامىلە) قىلسىمۇ، ئەيمىنىپ تۇرغىن،
دوستلاشمىغىن، بىر چەتتە قاراپ تۇر.

4096. قارا، (بەگلەر) بەزىدە ئوت بولىدۇ، بەزىدە سۇ بولىدۇ،
بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

4097. مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە يېقىن ـ قوشنا بولما:
كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بەگلەر شۆھرىتى.

4098. سىنچىلاپ قارىساڭ، بەگلەر جەسۇر ئارسلانغا ئوخشايدۇ،
ماختاپ يېقىنلاشساڭ، يۇمشاپ، يېپەكتەك بولىدۇ.

4099. ئەگەر قوپاللىق بىلەن يېقىنلاشساڭ، غەزەپلىنىپ، باش كېسىدۇ،
تومۇرۇڭنى كېسىپ، قېنىڭنى سۇمۇرۇپ ئىچىدۇ.

4100. غەزەپلەنگەن پەيتىدە بەگكە يېقىن بارما،
ئەگەر (يېقىن) بارساڭ، خورلىنىشىڭ مۇقەررەر.

4101. سورىغاندا جاۋاب بەر، چاقىرغاندا كىر،
سالامەت ياشىغىن، دائىم قەدىرلىك بول.

4102. ھەر خىل سۆزلەرنى ئاڭلىساڭمۇ، ئاڭلىماسلىققا سال،
كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنلىرىڭنى ئىچىڭگە يوشۇرغىن.

* 4103. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئۆز پەيتىدە كىرىپ،
ئەرز بايان قىلغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4104. "كىر، دېسە، بۇ چوڭ قەدىر - قىممەتتۇر،
چىق، دېسە، بۇ يۈزۈڭگە ھاقارەتتۇر.

4105. كۆزۈڭگە بايقا، ئۆزۈڭنى تۇت،
ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى دۇنيادا ئەزىز بولىدۇ."

4106. غەيرەت قىلىپ تىرىشىپ ئۇچ ئىشتىن يىراق تۇر:
بىرى، بەگلىك قىلما، بۇ سۆزنى كېسىپ ئېيتتىم.

4107. يەنە بىرى، يالغانچىلىق، بىرى، ئاچ كۆزلۈك،
بۇ ئۇچ ئىشنىڭ ھەر ئۇچىلىسىنىڭ تۈۋى يوقلۇقتۇر.

4108. كىشىلەردىن يامانلىما، ئۇششاق سۆزلىمە،
توغرا سۆزلىگىن، بار (سۆزنى) يوشۇرما.

4109. ھەر جەھەتتە ئۆزۈڭنى پاك تۇت،
(چۈنكى) بەگلەر پاكتۇر، پاك نەرسىنى سۆيىدۇ.

4110. ئوردىغا كىرسەڭ دىققەت بىلەن ماڭ،

سېنى كىم قەدىرلىسە، (سەنمۇ) ئۇنى قەدىرلە.

4111. كۆرەڭلىمە، قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ كىرمە،
قول ئېلىپ سالاملاش، (نامۇۋاپىق) ھەرىكەت قىلمىغىن.

4112. ئولتۇرماقچى بولساڭ، ئورنۇڭنى بىلىپ (ئولتۇر)،
كىشىلەرنى رەنجىتمە، مۇلايىم بول.

4113. ئۇ يەردە كىكىردەك قىرما، تۈكۈرمە،
بۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، (كىشىنىڭ) تاۋىنى بۇزىدۇ.

4114. يەنە چازا قۇرۇپ ئولتۇرما، يانپاشلاپ ياتما،
ئۈنلۈك قاقاقلاپ، قاتتىق كۈلمە.

4115. ۋە تىرناق ئالما، پۇتۇڭنى ئالماپ (ئولتۇرما) —
بۇ كىشىگە خارلىق كەلتۈرىدۇ، بەختىنى قاچۇرىدۇ.

4116. سەندىن چوڭراقلار سۆز قىلسا،
سەن ھەممە سۆزۈڭنى قويۇپ، ئۇنى ئاڭلا.

4117. سۆزنى ر را سۆزلىگىن، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ،
ئۆزۈڭگە لايىق بولمىغان سۆزنى سۆزلىمىگىن.

4118. ئورۇندىغا ئېچىپ مەست ھالەتتە كىرمە، ئۆزۈڭنى تۇت،
مەست ئادەم يارىماس، ئەدەپسىز بولىدۇ.

4119. ئادەم ئۆزىنى بايقىمىسا، بۇ ئۈچ نەرسە
ھامان بېشىنى يەيدۇ، بۇ سۆزنى ئوبدان ئاڭلا:

4120. بىرى — بەگلەر سۆزىنى بەكمۇ چىڭ تۇتۇش،
ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك چىنىدەك ساقلاش كېرەك.

4121. ئىككىنچىسى — ئەلگە سادىق بولۇش، توغرا (مەيداندا) تۇرۇش؛
قالايمىقان كۈنلەردە ئۆزىنى بەكمۇ كۆزىتىش.

4122. ئۈچىنچىسى — ئوردىدا ئۆزىنى توغرا تۇتۇش؛
لاياقەتسىز، يارىماس (نەرسىلەر)دىن كۆزىنى يىراق قىلىش.

4123. بۇ ئۈچىنىڭ بىرىنى قىلغان كىشى
قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، بېشى كېسىلىدۇ.

4124. (سارايدا) يۈرگۈچى ئەي خۇش پېئىل،
ۋاقتى كەلمىگۈچە، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمە!

4125. ئەگەر ئۆز تەڭتۇشلىرىڭ بىلەن ئولتۇرغان بولساڭ،
چاقىرغان ھامان ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئالدىغا كىرگىن.

4126. بەگلەر سەندىن قاچان سۆز سورىسا،
سۆزۈڭنى ئۇزارتماي (جاۋاب بەر)، ئەي مەرد باتۇر.

4127. سورىسا، ئۆزۈڭ بىلىدىغانىنى ئېيتىپ بەر،
سۆزىنى تۈگەتسە، توختا، سۆزۈڭنى ئۇزارتما.

4128. ئەگەر بەگلەر سېنى زىياپەتكە چاقىرسا،
ئەدەپ بىلەن تاماق يە، بۇنى ياخشى ئۆگەن.

4129. يېمەكنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئال،

بىسمىللا دەپ (يېگىن)، ئەي دانا.

4130. كىشىلەرنىڭ ئۈدۈلىدىكى تائامغا قول سوزما،
ئۆزۈڭنىڭ ئۈدۈلىدىكى ئاشنى يېگىن، ئەي مۆلايىم.

4131. ئۇ يەردە پىچاق ئىشلەتمە، سۆڭەك غاجىلىما،
ئاشنى ئۈزاتما، باشقىلارنى ئۈندىمە.

4132. ئاچ كۆزدەك يېمىگىن ھەمدە ئالدىراپ كەتمىگىن،
ئاياللارغا ئوخشاش نازلىنىپ - تارتىنىپ ئولتۇرمىغىن.

4133. قانچە توق بولغاندىمۇ بەگنىڭ تائامىنى يېيىش كېرەك،
بەگلەرنىڭ تائامى قەدىر - قىممەتنىڭ باشلىنىشىدۇر.

4134. سەن ھەرقانداق بىر ئىشقا بۇيرۇلساڭ،
ئۇنى سەممىي ئادا قىل، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ.

4135. بىلىملىك كىشى بەك ياخشى ئېيتقاندى،
بۇ سۆزنى تۇتسا، ساپ ئالتۇندەك پايدىلىقتۇر:

4136. ئەگەر ساڭا ھەقىقەتەن بەگلىك نېسىپ بولسا،
ئىشىڭنى بىلىم بىلەن ئىشلىگىن، ئەي مەشھۇر زات.

4137. ئەگەر سەن تەڭداشسىز يابغۇ بولساڭ،
ھەرقانچە كۆچكە ئىگە بولساڭمۇ، ۋاپادار بول.

4138. ئەگەر ساڭا قوشۇن ھۆكۈمرانى بولۇش نېسىپ بولسا،
سېخىي بول، ھوشيار تۇر، ئەي مەرد باتۇر.

4139. ئەگەر ساڭا چەۋەندازلىق، ئۇن ئوتاغ[1] (مەنسىپى) تېگىپ قالسا،
مال ـ دۇنيا تارقىتىپ، قىلىچ ـ ئوقيانى قولغا ئېلىشىڭ كېرەك.

4140. ۋەزىرلىك تېگىپ، قولۇڭ ئۇزۇن بولسا،
يامان قانۇن ـ نىزام تۈزمە، سىلىق، مۇلايىم بول.

4141. مەسلىھەتچىلىك تېگىپ قالسا، مەسلىھەت بېرىش كېرەك،
بەگ يېڭىلىپ قالسا، يول كۆرسىتىش كېرەك.

4142. ئەگەر ئاقساقاللىق (مەنسىپى) تېگىپ قالسا،
ئۆزىڭگە بەك ئېھتىيات بولغۇلۇق، بۇ بەخت كەمىرىنى باغلىغانلىقتۇر.

4143. قوماندان ياكى ئەل ھاكىمى بولۇپ قالساڭ،
توغرا بول، كۆز ـ قۇلىقىڭنى ئىتتىك قىل.

4144. ئەگەر ھاجىپ بولۇپ قالساڭ، پارا ئالماسلىقىڭ كېرەك،
كەمبەغەل، تۇل ـ يېتىملارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك.

4145. سېنى خەزىنىگە خەزىنىچى قىلىپ تەيىنلىسە،
ئىشەنچلىك ـ دۇرۇس بولۇپ، توغرا ماڭغىن.

4146. پۈتۈكچىلىك ئىلمىگە ئېرىشسەڭ،
كۆڭۈل سىرىنى چىڭ تۇت، سۆزنى (سىرتقا) چىقارما.

4147. خىزمەتچىلەرنىڭ نام ـ ئۇنۋانى ئەنە شۇلاردۇر،
بۇلاردىن باشقىسى شۇلارغا ئەگىشىدۇ.

---

① ئوتاغ ـ تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ۋەزىپە.

4148. يەنە بەزى ئىشچىلارمۇ بار،
(بۇلار) تۆشەكچى، قۇشچى ۋە ئاشپەزلەردۇر.

4149. بۇ خىل خىزمەتلەردىن سەن يىراق تۇر،
بۇ ئىشلارنىڭ راھىتى بىر بولسا، مۇشەققىتى مىڭدۇر.

4150. ئۆزۈڭ دائىم قەدىر - قىممەتلىك بولۇشنى تىلىسەڭ،
باشقىلارغا ھۆرمەت قىل، ئەي يۈكسەلگۈچى.

4151. ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمىتىنى قوغدا،
ساڭا دۆلەت ۋە ئۇلۇغلۇق بەختى كېلىدۇ.

4152. قېرى بوۋايلار نېمە دېگەن، ئاڭلا،
بوۋايلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، كۆز ئېچىلىدۇ:

4153. "دۇنيادا ئۇلۇغلۇققا ھۆرمەت قىلىش يوسۇنى بار،
ئۇلۇغ كەلسە، ئورنۇڭدىن ئۆرە قوپ.

4154. ئۇلۇغقا كىچىكنىڭ ھۆرمىتى بەك يارىشىدۇ،
ئۇلۇغمۇ (بۇنى كۆرۈپ) كىچىككە ھۆرمەت قىلىدۇ."

* * *

4155. ئۆگدۈلمىش سۆزىنى ئۈزدى، (يەنە) مۇنداق دېدى:
بەگ خىزمىتىنىڭ ئورۇندىلىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

4156. مەن ئېيتتىم، سەن ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۆگەندىڭ،
قانداق خىزمەت قىلىشنى توگەل بىلدىڭ.

4157. بەگكە خىزمەت قىلىش ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
خىزمەت سىڭدۈرگەندىن كېيىن، بەخت ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

4158. پايدىلىق خىزمەت ئەنە شۇ، بۇنى بىلسەڭلا كۇپايە،
ئەگەر بىلگەنلا بولساڭ، سەن بەگكە يارايسەن.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4159. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي خۇش چىراي، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

4160. سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئەمدى ئۇنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.

4161. ئەلىگكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە بارسام،
كۆندە ئۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تۇرۇشۇم كېرەك.

4162. ئەي قېرىنداش، قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىشىم كېرەك،
(چۈنكى) تىرىكچىلىك شۇلار بىلەن ئۆتىدۇ.

4163. خىزمەتچىلەر بىلەن شەكسىز ئارىلىشىش كېرەك،
ئۇلارغا يارىشا ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

4164. سەن بۇگۈن بۇ توغرىدىمۇ ماڭا سۆزلەپ بەر،
قانداق ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى زېھىن بىلەن چۈشىنەي.

## 48

## ئۆگدۈلمىش ئوردىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

4165. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي قېرىنداش، بۇمۇ زۆرۈر (ئىش)، ئېيتسام ئېيتاي.

4166. ئەمدى بۇنىمۇ ساڭا ئۆگىتىپ قوياي،
قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىش كېرەك.

4167. ئەي قېرىنداش، تىرىكچىلىك شۇلار بىلەن ئۆتىدۇ،
بەزىلىرىنى بۇرادەر، بەزىلىرىنى دوست تۇتۇشۇڭ كېرەك.

4168. ئوردىدىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشۇڭ كېرەك،
ئارىلىشىپ، كېلىشىپ، بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

4169. ئوردىدىكىلەر بىلەن چىرايلىق يارىشىپ ئۆتمىسەڭ،
تىرىكلىكىنىڭ لەززىتى بولمايدۇ، ئەي خۇش چىراي.

* 4170. قانۇن ـ قائىدە بويىچە ئىش تۇتۇپ خىزمەت قىلغۇچى،
ئوردىنى رەتكە سالغۇچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4171. بەگ بىلەن يېقىن بولۇشنى خالىساڭ،

ئوردىدىكىلەر بىلەن يېقىن (مۇناسىۋەتتە) بول.

4172. ئۇلۇغلارىق (مەرتىۋە) تاپاي دېسەڭ،
خىزمەتچىلەر بىلەن ياخشى ـ خوپ بولۇپ يۈر، ئەي خۇش پېئىل.

4173. بەگلەر سېنى قانچىلىك يېقىن تۇتسىمۇ،
خىزمەتچىلەر بىلەن ئىناق ئۆت، توغرا (مەيداندا) تۇر.

4174. ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچ تەبىقىدۇر،
تىرىكچىلىك ئىشلىرى شۇلار بىلەن ماڭىدۇ.

4175. بۇلارنىڭ بىرى ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلاردۇر،
ئۇلۇغلارغا خىزمەت قىلساڭ، بەختكە ئېرىشىسەن.

4176. ئۇلارنى ئۇلۇغلا، سۆزلىرىنى قىممەتلىك بىل،
ئۇلارمۇ سېنى ياخشى تۇتىدۇ، ئوچۇق چىراي كۆرسىتىدۇ.

4177. بىلىملىك دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
دانالار سۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىق كېرەك:

4178. "كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كېلىدۇ،
ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا، كىچىكلەر بەخت تاپىدۇ.

4179. يۈر، ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى (زېھنىڭدە) تۇت، يۈگۈرۈپ ئىش قىل،
ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى (زېھنىڭدە) تۇتساڭ، تىلىكىڭگە يېتىسەن."

4180. قارا، ئۇلۇغلار دۆلەتتۇر، دۆلەتنى خالىساڭ،
(ئۇلارغا) خىزمەت قىل، خىزمىتىڭ بەخت ئۈچۈن گۆرۈ بولىدۇ.

4181. ئەي قېرىنداش، يەنە بىرى — ساڭا تەگتۇشلەر بولۇپ،
يىراقلاشسا دۇشمەن، يېقىنلاشسا دوست بولىدۇ.

4182. سەن قېتىلغان بۇ كىشلەر دوستلىرىڭ ھەم تەگتۇشلىرىڭدۇر،
دوستلىرىڭغا جاۋابقا لايىق جاۋاب قىل.

4183. يەنە بىرى، سىڭدىن كېيىنكى كىچىكلەر (بولۇپ)،
(ھاياتىڭ) ئاچچىق — چۇچۇكى شۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

4184. كىچىككە بىسىنچۇق بولما، قاتتىق تۇر،
ئۇلارغا چاقچاق قىلما، تىلىڭنى يىغقىن.

4185. خىزمەت قىلسا نەرسە بەر، گۇناھ قىلسا ئۇر،
بىكار، بوش تۇتما، ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇر.

4186. دوست، يولداش، يارى — بۇرادەرنى كۆپ تۇت، (ئۇلارغا) قوشۇلغىن،
يارى — بۇرادەرلىرىڭ كۆپ بولسا، ھەممە كىشى ماختايدۇ.

4187. كىشىنى چۈشەنمەي، ئۆزۈڭگە دۇشمەن قىلما،
دۇشمىنى بولغان كىشلەر شادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

4188. دۇشمەن ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، زىيىنى كۆپ،
دۇشمەندىن پايدا كېلىدۇ، دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ.

* 4189. ئەي دىلى سەگەك، دۇشمىنىدىن زىيان كۆرۈپ،
مۇشەققەت چەككەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4190. "دۈشمەن بىر بولسىمۇ، زىيىنى مىڭدۇر،
مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى كەمدۇر.

4191. كىشى دۈشمىنىدىن پايدا كۆرمىدى،
ئەگەر كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئەپچىللىكىدىن (كۆردى)."

4192. يولدىشىڭ ساڭا قانداق (مۇئامىلە) قىلغان بولسا،
سەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق (مۇئامىلە) قىل، دوستۇڭ سۆيۈنسۇن.

4193. ئۆزۈڭگە تەڭتۇشلەرنى ئاداش تۇت،
(كىشى) ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەنلا ھەمنەپەس بولالايدۇ.

4194. يامان بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭدىن (ئۆزۈڭنى) يىراق تۇت،
يامان دوست سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ.

4195. ئۆزۈڭ ياخشى نام ئالاي دېسەڭ،
يامانغا قېتىلما، تىرىش، سەگەك بول!

4196. كۆپ نەرسىلەرنى كۆردۈمكى، (ئۇلار) ئۆز خىلى بىلەن يۈرىدۇ،
ئادەم، ھايۋان، قۇش – قۇرتلارمۇ ئۆز خىلىنى بىلىدۇ.

* 4197. ياخشى – ياماننى سىناپ، كۆپ ياشىغان
پىشقەدەم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي ھاكىم:

4198. غازلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قاراغۇجىلارنى كۆردۈم،
جۈپتىغا قارىسام، ھەر ئىككىلىسى قاپقارا ئىكەن.

4199. قارىغىنا، ئاق قۇ ياۋا ئۆردەككە قوشۇلمايدۇ،

قارا قۇش بىلەن ئاق قۇش بىر ـ بىرىدىن بەك يىراق ياشايدۇ.

4200. ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆز ھەمراھىنى بىلىدۇ، توپىنى تاپىدۇ،
سەن — ئادەم، ئايرىلىشدىغان كىشىگىنى تاللا.

4201. يىقىنلىق ئىشلىرى ئىككى خىل بولىدۇ،
كىشى ئاشۇ ئىككى (ئىش) ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ.

4202. بىرى، خۇدا يولىدا كىشىنى دوست تۇتۇش،
بۇنداق دوستلۇق ئارىسىدا ئەگرىلىك بولمايدۇ.

4203. يەنە بىرى، (بەزىلەر) ئۆز پايدىسى ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ،
بۇنداق دوستلۇق پۇختا بولمايدۇ، غەرەزلىك بولىدۇ.

4204. ئەگەر سەن خۇدا يولىدا دوست تۇتماقچى بولساڭ،
ئىغىرىنى كۆتۈر، ئاچچىق قىلما، قاپىقىڭنى تۈرمە.

4205. بۇ (دوستلۇق)نىڭ پايدىسىنى بۇ (دۇنيا)دىن ئىزدىمە،
خۇدا ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۇ (دۇنيا)دا بېرىدۇ.

4206. ئەگەر دوست دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بولسا،
بۇنداق دوستقا قىلتىلما، قىتىلساڭ ئايرىلىپ كەت.

* 4207. دوست ـ ئاداش تۇتقان، دوستىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى
سىناپ بىلگەن كىشى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4208. دوستۇڭنى پايدا ـ زىيان ئىچىدە سىنا،
مۇشۇ ساھەدە چىڭ تۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يىپىش.

4209. دوستىنىڭ كۆڭلىنى بىلىشنى خالىساڭ،
سۆز بىلەن غەزىپىنى كەلتۈرگىن، قاپىقىڭنى تۈرۈپ باق.

4210. ياخشى كۆرىدىغان، كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەي دېسەڭ،
ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى سوراپ باق، ئاندىن مەلۇم بولىدۇ.

4211. بۇ ئىككى يىرىكلىكىڭگە قاپىقىنى تۈرمىسە،
بۇ ئادەمنى جېنىڭغا ئوخشاش (دوست) تۇت.

4212. غەيۋەتخور كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر،
غەيۋەتخورنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ.

4213. دۇنيانىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى غەيۋەتخوردىن چىقىدۇ،
غەيۋەتخورنىڭ بېشىنى كەس، ئەي مەرد سېخىي.

4214. يەنە تەمەخورلارغا يېقىن يولىما،
شۈبھىسىزكى، ئۇ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ.

4215. ئەگەر ئۇ تەمەخور تەمە قىلغىنىغا ئېرىشسە،
ئۇ سېنى ئاكام ۋە ئۇكام دەپ ئاتايدۇ.

4216. ئەگەر ئېرىشەلمىسە، يۈزىنى ئۆرۈيدۇ،
تۇغۇلۇپ (سېنى) كۆرمىگەندەك ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

4217. تەمەسىز يار ـ بۇرادەر ۋە دوست تۇتقىن،
ئۇلارغا ئىشەنگىن ۋە قايغۇسىز ياشا.

4218. دوست، يار ـ بۇرادەر خۇشاللىق ۋە قايغۇدا،

ياخشىلىق ـ يامانلىقتا كىشىگە ھەمدەم بولىدۇ.

4219. كۆپ خۇشاللىقنى خالايدىغان بولساڭ،
نان ـ تۇز يېگۈزگىن، ئوچۇق چىراي بول.

4220. بۇ ئىككى ئادەت كىشىلەرنى ئىللىتىدۇ،
ياخشى ـ يامان (كۈنلەر)دە ئۆز ئىشىنى كۆرسىتىدۇ.

4221. بىلىمدە بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سۆز ئېيتىلغان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي خۇش پېئىل:

4222. "كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن نان ـ تۇز بەرگىن،
شېرىن سۆزلەر بىلەن يۈزۈڭنى يورۇق تۇت.

4223. كىشىلەرنى قول قىلىدىغان مۇشۇ ئىككى ئادەتتۇر،
بۇنىڭدىن باشقىسىنى تاپالمىدىم، تاپالىساڭ، شۇنى قىل."

4224. قارا، دۈشمەنمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، (كىشىنىڭ)
دۈشمىنى بولسا، (ئۇنىڭغا) تۇزاق قۇرۇلدى، دېگەن سۆز.

4225. دۈشمەن بولغۇچىنىڭ بىرى — تەڭرىگە دۈشمەن بولۇپ،
بۇلار كاپىر دۈشمەنلەردۇر، بۇ ھامان دۈشمەندۇر.

4226. دۈشمەنلىكنىڭ يەنە بىرى — پايدا ـ زىيان ئۈچۈن
دۈشمەن بولۇپ، كىشىدىن ئۆچ ئېلىشقا ئورۇنىدۇ.

4227. كاپىر دۈشمەنگە قارشى قاتتىق جەڭ قىلىش كېرەك،
بۇ ئىشقا پىدائىي بولۇپ، جان ـ تەننى سەدىقە قىلىش لازىم.

4228. دۈشمەن پايدا ـ زىيان ئۈچۈنلا بولغان بولسا،
پايداڭنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياراشقىن،
ئەي سېخىي.

4229. دۈشمەنگە پايدا يەتكۈزسەڭ، ئۇ، يېقىنلىشىدۇ،
دۈشمەنلىك زىيىنى ئورنىغا، پايدىسى تېگىدۇ، بۇ ئېنىق.

4230. تىرىشىپ، دۈشمىنىڭنى يېقىن قىل، ياراشقىن،
(شۇنداق قىلساڭ) سالامەت ياشايسەن، بېشىڭ ئامان بولىدۇ.

4231. دۈشمەنلىكتىن پايدا يوق، بۇنى ياخشى بىل،
پايدىسى يوق ئىشقا قول تەگكۈزمە.

4232. ئۆز خىزمىتىڭنى (ياخشى) ئۆتە، ئۆزۈڭگە دۈشمەن تېپىۋالما،
دۈشمەنلىك ـــ كىشىنى مىڭ خىل دەردكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

4233. كىشلەرنىڭ سەرخىلىنى تاللاپ دوست تۇت،
دوست ـ بۇرادىرىڭ ياۋۇز بولسا، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن.

4234. يېقىنلىشىش ئۈچۈن سەرخىل كىشىنى تاللىساڭ،
بۇ تىلىكىڭگە ئىككى خىل ئادەم بىلەن يېتىسەن.

4235. بىرى، ئەسلى (تەبىئىتى) ياخشى، سەرخىل كىشى بولسا،
مۇشۇنداقلارنى دوست تۇت، ئەي تاللانغان (كىشى).

4236. يەنە بىرى، تەقۋادار، خۇدانى بىلىدىغان ئادەمدۇر،
بۇنداقلار (ھەقىقىي) كىشى بولۇپ، ئادەمگەرچىلىك قىلىدۇ.

4237. ئەنە شۇ ئىككى (خىل) كىشى بىلەن يېقىنلىق قىل،
بۇلاردىن ساڭا ياخشى جاۋاب قايتىدۇ.

4238. يامانلىق بىلەن داغىق چىقارغان كىشىدىن يىراق تۇر،
بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلى نادان كېلىدۇ.

4239. نادانغا يېقىنلاشما، ئەي ئاق كۆڭۈل،
دىققەت قىلغىنكى، ئاق (نەرسىگە) قارا تېز يۇقىدۇ.

4240. ئالىم دانا ناھايىتى ياخشى تەلىم بەرگەن،
بىلىملىك (بۇنى) ئوقۇسا چۈشىنىدۇ ۋە ئاڭ - پىكرى (ئېچىلىدۇ):

4241. ئەي ياخشى كىشى، يامانغا قېتىلما،
قىلىقىڭ ئاشۇ يامانغا ئوخشاش يامان بولۇپ قالىدۇ.

4242. ئەي يېتىلگەن، سەرخىل (كىشى)، ياۋۇزغا يېقىنلاشما،
نامىڭ ياۋۇز بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈنلۈكۈڭ بۇزۇلىدۇ.

4243. يارىماس كىشىگە يېقىن يولىما،
يارىماسلىق ساڭا چاپلىشىپ، ياقاڭدىن ئالىدۇ.

4244. ياخشى دەپ ئاتالغان كىشىلەرنى كۆپ كۆردۈم،
يامانغا ئارىلاشتى، ئىشلىرى بۇزۇلدى.

4245. كۆپلىگەن ياخشىلارنى كۆردۈم، (ئۇلار) يامان دوست ئۈچۈن
تۆھمەتكە يولۇقۇپ، (ئۆزىنى) زورمۇزور يوقاتتى.

4246. بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ نامى "قارشى①"دەپ ئاتىلىدۇ،
(چۈنكى) قارشىنىڭ ئىچىدىكىلەر بىر - بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر.

4247. ئوردىدا كۆرەلمەسلىكلەر كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ،
قەيەردە كۆرەلمەسلىك بولسا، شۇ يەردە ئورۇش — (غوۋغا) قوزغىلىدۇ.

4248. سېنىڭدىن ئۇلۇغلار سېنى كۆرەلمەيدۇ، (كەمسىتىدۇ)،
سەن ئېتىباردىن چۈشۈپ پۇشايمان يەيسەن.

4249. قارا، تەگتۇشلىرىڭمۇ سېنى كۆرەلمەيدۇ،
ياخشى (تەرەپلىرىڭ) كۆرۈنمەيدۇ، كۈندۈزۈڭ كېچە (بولۇپ) كۆرۈنىدۇ.

4250. سەندىن كىچىك (بولغانلار) ساڭا ھەسەت قىلىدۇ،
كۆرەلمەسلىك بىلەن ياخشىلىقىڭنى تىلىمەيدۇ.

4251. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردا "قارشى" دەپ ئاتىلىدۇ،
ئىككىسى قارشىلاشسا، بىرى ئۆلىدۇ.

4252. ئەي دىلىمنىڭ قۇياشى، سەن ئەمدى غەيرەت قىل،
كىشىلەرگە ھەسەت قىلما، توغرا يۈرگىن.

4253. ھەسەتخورلۇق بىر كېسەلدۇركى، ئۇنى داۋالاشقا ئۇزۇن (ۋاقىت كېتىدۇ)،
ئۇ ئۆزىنى يەيدۇ، ۋۇجۇدىڭنى خورۇتىدۇ.

---

① "قارشى" — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "ئوردا" "قارشى" دەپ ئاتىلاتتى.

4254. ياخشى ـ يامانلىقنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ھۆكمىدۇر،
خۇدا بەرگەننى ھەسەتخور ھەسەت قىلىپ تىيالماس.

4255. كىشىنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟
كىشىنى كۆرەلمىگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى كېسەل قىلىشتۇر.

4256. ھەممە كىشىگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل،
ساڭمۇ ياخشىلىق كېلىدۇ، شۈبھىلەنمە!

4257. بىراۋغا خۇشاللىق بولسا، سەنمۇ خۇشال بول،
قايغۇ ـ ئەلەمگە يولۇقسا، سەنمۇ قايغۇرغىن.

4258. (شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نامىڭ چىقىدۇ، سېنى ياخشى كۆرۈشىدۇ،
ھەممە (كىشى) سەن بىلەن ئارىلىششقا ئالدىرايدۇ.

4259. قېرىنداش، ئۆزۈڭگە دۈشمەننى كۆپەيتمەسلىككە تىرىشقىن،
قېرىنداش ـ دوستلارنى كۆپرەك تۇت.

4260. ئەگەر ساڭا (بىرى) دۈشمەن بولسا،
بىخۇد بولما، تۆزىقىڭنى تەييار تۇت.

* 4261. دۈشمەنلىك بولۇپ، دۈشمىنى ئۈستىدىن
غالىب كەلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4262. "دۈشمەنگە بىخۇد بولما، (ئۇنىڭغا) يېقىنلاشما، نېرى تۇر،
دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇنى تورغا چۈشۈر.

4263. دۈشمەننى سىناپ كۆرىمەن دېمە، (ئۇنى) زور، ھەيۋەتلىك بىل،
تاياق تۇتقان دۈشمەنگە تۆمۈر قالقان ئىشلەت.»

4264. دوست – بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈر، كۆڭلىنى ئايا،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، بۇنى دائىم كۆز ئالدىڭدا تۇت.

4265. دوستۇڭ دۈشمەن بولۇپ قالسا، جېنىڭغا قەست قىلىدۇ،
ياكى تېرىپ – توپلىغان مال – دۇنيالىرىڭغا (قەست قىلىدۇ).

4266. (چۈنكى) دوستۇڭ ئىچ – تېشىڭنى بىلىدۇ،
ئىچ – تېشىڭنى بىلگەن كىشى نەرسەڭنى ئالىدۇ.

4267. خالىسا، مال – دۇنيالىرىڭغا قول تەگكۈزىدۇ،
خالىسا، جېنىڭغا (خەۋپ) يەتكۈزىدۇ، يىلىكىڭنى (شورايدۇ).

4268. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانچىلىك قوغدىساڭ،
دوستۇڭ(نىمۇ) شۇنداق قوغدا، سۆز تامام.

4269. دوست تۇتۇش ئاسان، قوغداش قىيىن،
دوست بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

4270. دۈشمىنىڭ بار ئىكەن، تەن – جېنىڭنى قوغدا،
دۈشمەنلىك كىشىلەرنىڭ قۇتۇلمىقى ئازدۇر.

4271. ئىككى تۈرلۈك كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر،
قېتىلدىڭمۇ، قاراپ تۇرۇپ ماجىرا تۇغدۇرىدۇ.

4272. بىرى تۆھمەتخور، چېقىمچىلىق قىلغۇچى،

يەنە بىرى ئىككى يۈزلىمىچى، تەمەخور.

4273. يەنە، مەيخورنى دوست تۇتما،
ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ، كۆڭلۈڭنى زېدە قىلىدۇ.

4274. ئۆز پايدىسىنىلا تىلەيدىغان دوستقا كۆڭۈل بەرمە،
پايدالىق تەگمىسە دۈشمەن بولىدۇ، (ئۇنىڭدىن) ۋاز كەچ.

4275. (كىشىلەر) ساڭا يېقىنلىق قىلىپ تۇرسۇن دېسەڭ،
سورالغۇچى بولغىن، (ئۇلاردىن) سورىما، سۆز بىلەن
هاجىتىنى راۋا قىل.

4276. خۇشال هاياتقا ئېرىشەي دېسەڭ،
كىشىگە هەسەت قىلماسلىققا غەيرەت قىل، هوشيار بول.

4277. دۈشمەنلىرىڭنى تامامەن (ئۆزۈڭگە) قۇل قىلىمەن دېسەڭ،
ساپ ئالتۇنلىرىڭنى تۆكۈپ سەرپ قىل، ساقلىدىن تۇت.

4278. يېقىنلىرىڭنى يىراقلاشتۇرۇشنى خالىساڭ،
نېمە سورىسا بەرمە، قوپال سۆزلە.

4279. ئۆزۈنراق ياشاشنى خالايدىغان بولساڭ،
سېخىي بول، (باشقىلاردىن) تۇز - تائامىڭنى ئايىما.

4280. كۆپچىلىككە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسىتىشنى خالىساڭ،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى بىرلەشتۈر، شېرىن سۆز قىل.

4281. ئۆزۈڭ قەدىرلىك بولاي دېسەڭ،

باشقىلارنىمۇ قەدىرلە، ئەي خۇش پېئىل.

4282. تامامەن باي بولاي دېسەڭ، روشەنكى،
بارىغا قانائەتچان بول، (ئۆز) ئۇلۇشۇڭگە ئىگە بولسەن.

4283. دائىم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى خالىساڭ،
ياخشى قىلىقلارنى قىل، يۈزۈڭنى يورۇق تۇت.

4284. ئېسىل كىشىلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئادەمىيلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

4285. كىشىلەرنىڭ ئەسلىنى بىلمەكنى خالىساڭ،
(ئۇنىڭ) ھەرىكىتىگە قارىغىن، شۇ زامان مەلۇم بولىدۇ.

* 4286. سۆزىنى مەنىسى بىلەن شاھىت قىلغۇچى
شائىر بۇ بېيىتنى بەك ياخشى ئېيتقان:

4287. "كىشىنىڭ ئەسلىنى ئۇچۇق بىلمەكچى بولساڭ،
(ئۇنىڭ) دىلى، تىلى ۋە ھەرىكىتى بۇ ئىشقا دەلىل بولىدۇ.

4288. قىلىقلىرى ياخشى بولسا، دىلى (ۋە) تىلى توغرىدۇر،
روشەنكى، بۇ، ئۇنىڭ ئەسلى — زاتىغا گۇۋاھچىدۇر."

4289. ئەي ئەسلى پاك، ئەدەپسىزلەرگە قېتىلما،
يۈز - ئابرۇيۇڭنى پۈتۈنلەي تۆكىدۇ.

* 4290. ئەدەپ - قائىدىلىك، ئەدەپسىزلەردىن يىراق تۇرغان،
ئەقىللىق كىشى نېمە دېگەن، ئاڭلا:

4291. بىئەدەپكە قېتىلما، مۇلايىم، سىلىق بول،
ئەي ئوغلان، بارچە جاڭجال ئەدەپسىزلەردىن كېلىدۇ.

4292. يەنە جاھىل ـ تەرسالار بىلەن بەك يېقىن بولما،
ئەگەر جەھلى تۇتۇپ قالسا، يېقىنلىق ھۆرمىتىنى بۇزىدۇ.

4293. كۆڭۈل سىرىڭنى، سۆزلىرىڭنى ھەركىمگە ئېچىۋەرمە،
ئەگەر ئاچساڭ، ئۆزۈڭ مۇشەققەت چېكىسەن.

4294. يېقىنلىقنىڭ بارغانسېرى ئۈستۈن بولۇشىنى خالىساڭ،
تەمەگەرلىكتىن خالىي بولۇپ ياشا، ئەي دانا.

4295. ئەگەر دائىم يۈزۈڭ يورۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ،
توغرا بول، (ئاندىن) بەختلىك بولۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە
ياشايسەن.

4296. ئۆزۈڭنىڭ ھەم سۆزۈڭنىڭ ئۇزاق (ئىناۋەتنى) خالىساڭ،
قولۇڭنى قىسقا تۇت، (ھەرئىشقا ئارىلاشما)، ئۆزۈڭ
ئامان بولىسەن.

4297. دائىم ئابرويلۇق بولاي دېسەڭ،
ھەرقاچان ئېغىزىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما.

4298. دۆلەت قەيەردە باش كۆتۈرسە،
سەن ئۇنىڭغا ماسلاشقىن، ئەي ياخشى كىشى.

4299. دۆلەت بىلەن ئۆچەكەشمە، يارىشىپ ئۆت،
ياراشمىساڭ، دۆلەت ئىشىڭنى ئوغا قىلىدۇ.

4300. ئەگەر سۆزۈڭنىڭ ئۈتكۈر بولۇشىنى خالىساڭ،
سورىغانىدا جاۋاب بەر، (سۆزۈڭ) توغرا، چىن بولسۇن.

4301. قۇرۇق سۆزنى قىلما، كىشىنى (كىشىگە) چاقما،
ئۇششاق سۆز تاراتما، (ۋە) ئاداۋەت ساقلىما.

4302. سۆز (شىددەتلىك) بورانغا ئوخشايدۇ، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ،
كىشىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

4303. ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلما،
جاۋاب بېرىدىغان يەردە قوپال سۆزلىمە.

4304. ئۇلۇغلارنى قەدىرلە، ھۆرمىتىنى ساقلا،
ساڭمۇ ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولىدۇ، بەخت يۈقىدۇ.

4305. ساڭا تەگتۈش بولغانلار بىلەن ئارىلىشىپ، بېرىش ـ كېلىش قىل،
قېتىلىپ ـ قوشۇلۇپ، ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ تۇر.

4306. باشقىلار سېنى ھەققىي قەدىرلىسە، سەنمۇ قەدىرلە،
خورلىسا، (سەنمۇ) خورلا، يېقىن بارما.

4307. قانداق قىلسا، سەنمۇ شۇنداق قىل،
(ساڭا) شېرىن سۆزلىسە، شېرىن سۆزلە.

4308. ھەممە ياخشىلىقلارغا (نىسبەتەن) سەنمۇ ياخشى ئادەم بول،
يامانغا يامان بول، يامانىنىڭ خىلى ـ يامانلىقتۇر.

4309. قانۇن ـ قائىدىلەرنى بىلگەن، قانۇن ـ قائىدىلەر بىلەن

خەلقنى ئىدارە قىلغان كىشى بەك ياخشى ئىپتقان:

4310. "سېنى 'سىز' دېسە، (سەنمۇ) ئۇنى 'سىز' دېگىن،
جاۋاب بەرگەندە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلە.

4311. تاغ چوققىسىنىڭ ئەكس سادادىسىدىن قېلىشمىغىن،
سېنى 'سەن' دېسە، ئۇنى 'سەن' لىگىن."

*　　*　　*

4312. قارا، ئەسكەر ـ خادىملار بىلەن بولىدىغان سۆھبەت شۇنداق بولىدۇ،
ئارىلىششنى خالىساڭ، ئامال ـ چارىسى شۇدۇر.

4313. مانا مەن سۆزلەپ بەردىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
(بۇنى) كۆڭلۈڭدە تۇت، سۆزۈڭنى ئۇزارتما.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4314. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
(ئېيتقانلىرىڭنى) مەن ئاڭلىدىم، ئەي كۆڭلى تۈز.

4315. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سۆزۈم بار،
ئۇنىمۇ ئېيتىپ بەر، ئەي كۆركەم چىراي.

4316. بۈگۈن مەن شەھەر ـ كەنتكە كىرىپ،
خەلققە ئارىلىشىپ، قېتىلىپ يۈرۈشۈم كېرەك.

4317. ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك،
سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇنىمۇ سۆزلەپ بەر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4318. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
بۇ — ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر، ئەي خۇلقى گۈزەل.

4319. مەندىن زۆرۈر سۆزنى سورىدىڭ،
بۇنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلا.

49

## ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ

4320. ئاۋام خەلقىنىڭ خۇيى ـ پەيلى تامامەن باشقىچە بولىدۇ،
بىلىمى، ئەقىل ـ پاراستى خۇيى ـ پەيلىگە يارىشا بولىدۇ.

4321. ئاۋام خەلق ئۆرپ ـ ئادەتكە رىئايە قىلمايدۇ،
مۇناسىۋەتتە ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدۇ.

4322. ۋە لېكىن بۇلارسىز ھېچقانداق ئىش پۈتمەيدۇ،
تىلىڭ بىلەن ياخشى سۆز قىلغىن، لېكىن (ئۇلار بىلەن) دوست بولما.

4323. ئاۋامنىڭ قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى قاپقارا بولىدۇ،
سەن ئۆزۈڭنى قارا قىلما، (ئۆزۈڭنى) ئايا.

4324. ئاۋام خەلق باشباشتاق، ھەرىكىتى ئۆركۆگەك بولىدۇ،
(قىلغان) ھەممە ئىشىمۇ ھەرىكىتىدەك بولىدۇ.

4325. يېيىشنىلا بىلىدۇ، قورسىقى تويسىلا بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ گالدىن باشقا قايغۇسى يوق.

* 4326. ئاۋام خەلقىنىڭ خۇيى ـ پەيلىنى سىناپ سۆزلىگەن،

يولۇچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4327. ئاۋامنىڭ ھەممە قايغۇسى قورساق ئۈچۈندۇر،
خەلقنىڭ ھەممە ئاۋارىچىلىقى گال ئۈچۈندۇر.

4328. گال ئۈچۈن نۇرغۇن خەلق ئۆلگەن،
(ئۇلار) قارا يەر تېگىدە ئۆچمەنلىك ئوتى (ئىچىدە) كۆيۈپ ياتماقتا.

4329. ئاۋامنىڭ قورسىقى تويسا، تىلى ئۇزۇرايدۇ،
بېسىپ، قاتتىق باشقۇرمىسا، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ.

4330. ئەي قېرىنداش، ئۇلارغىمۇ ئارىلاشقىن،
ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك، ئاش - تائام بېرىپ تۇر.

4331. تىلىڭ بىلەن يۇمشاق سۆزلە، نېمە سورىسا بەر،
بەرگەن ئالىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

4332. كۆپ سۆزلىمە سەۋرچان بول، تىلىڭنى باغلا،
كۆپ سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئىناۋىتى ئاز بولىدۇ.

* 4333. تىلىنى چىڭ تۇتقان، ئۆزىنى بېسىۋالغان
بىلىملىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4334. ”ھەممە سۆزنى سۆز دەپ تىلىڭدىن چىقارما،
كېرەكلىكنى بىلىپ، ئويلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن سۆزلە.

4335. ئەقىل - پاراسەتلىكلەرنى كۆردۇمكى، (ئۇلار) ئاز سۆزلىدى،
(شۇنداقتىمۇ) كۆپ سۆزلىدىم، دەپ يىللار بويى پۇشايمان قىلدى.“

## 50

### ئەلى ئەۋلادى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4336. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەردىن باشقا ۋە بەگ خادىملىرىدىن تاشقىرى
مۇناسىۋەت قىلىدىغان كىشىلەر مۇنۇلاردۇر، ئەي قېرىنداش:

4337. بۇلاردىن بىرى — پەيغەمبەر ئەۋلادى بولۇپ،
بۇلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، بەخت ـ سائادەت تاپىسەن.

4338. بۇلارنى چىن كۆڭلۈڭدىن بىرلىپ، تازا ياخشى كۆرگىن،
ئۇلارغا (ماددىي) نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، يوقلاپ تۇر.

4339. بۇلار ئەھلى بەيت[1]، پەيغەمبەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر،
ئەي قېرىنداش، ئۇنى پەيغەمبەر ھەققى ئۈچۈن ياخشى
كۆرگىن.

* 4340. ئېغىزىدىن قاملاشمىغان سۆز چىقمىسىلا،
ئۇلارنىڭ ئىچى ـ تېشى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى سۈرۈشتۈرمە.

---

① بەيت — بەيتۇللادىن كەلگەنلەر ئەۋلادى، دېگەن مەنىدە.

## 51

## دانا، ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4341. يەنە بىر تەبىقە ـ دانالار (ۋە) ئالىملاردۇر،
ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ.

4342. ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلە،
ئاز ـ كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن.

4343. ئۇلار ياراتىدىغان ۋە يارىمايدىغان (ئىشلار)نى ئايرىپ،
چۈشىنىپ، توغرا يول تۇتىدىغان پاك كىشىلەردۇر.

4344. زېھىن قويۇپ ئىلىملىرىنى ئۆگەن، بىلگەنلىرىنى بىلىۋال،
(ماددىي) نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، قوغدا، تىل تەگكۈزمە.

4345. بۇلار ھەقىقەت، دىنىنىڭ تايانچىدۇر،
ئۇلارنىڭ بىلىمى چىن شەرىئەتنىڭ ئاساسىدۇر.

4346. دۇنيادا ئالىم ـ دانالار بولمىغان بولسا،
يەردە مېۋە تىكىلىپ، زىرائەت ئۈنمىگەن بولار ئىدى.

4347. ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلققە مەشئەل بولدى،
كېچىدە مەشئەل يورۇسا، يولۇچى ئازمايدۇ.

4348. مالىرىڭدىن بەھرىمەن قىل، شېرىن سۆزلە،

ئاش - تائام يېگۈزگىن، كۆلۈپ خىزمىتىنى قىل.

4349. قوپال سۆز قىلما، كايىما، ئەيىبلەپ (مۇئامىلە قىل)،
(قوپال سۆز) ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى زەھەرلىگۈچى ئوغىدۇر.

4350. تىلىڭ (بىلەن) قوپاللىق قىلما، كايىما، ئاش - تائام يېگۈز،
ئۇلارنى قەدىرلە، ئىززەت قىل، كۆتۈر.

4351. ئىلىملىرىنى ئاڭلا، (ئەمەلدە) ئىشلەت، غەيۋەت قىلما،
مىجەز - خۇلقىنى، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يامان دېمە.

4352. ئۇلاردىن ساڭا كېرەك بولىدىغىنى ئىلىمدۇر،
(ئۇلار) ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

4353. بۇلارنى (گويا) قوي پادىسىنىڭ سەركىسى، دەپ ھېسابلا،
(سەركە) قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يول بىلەن ماڭىدۇ.

4354. بۇلار بىلەن ئارىلاشقىن، ياخشى ئۆت،
ئىككى دۇنيالىقتا ساڭا بەخت يار بولىدۇ.

52

## تېۋپلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4355. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە تەبىقە بار،
دىققەت قىلىنسا، بىلىمدە (بىر ـ بىرىدىن) پەرق قىلىدۇ.

4356. ئۇلاردىن بىرى تېۋپلاردۇر،
بارلىق ئاغرىق ـ سىلاقلارغا ئۇ شىپاگەردۇر.

4357. بۇ كىشىلەرمۇ ساڭا بەك كېرەكلىك (كىشىلەر)،
ئۇلارسىز ھايات ئۇگۇشلۇق بولمايدۇ.

4358. ئادەم ياشايدىكەن، ئاغرىپمۇ قالىدۇ،
كېسەلنى تېۋىپ كۆرسە دورا بىلەن داۋالايدۇ.

4359. قارا، كېسەللىك ئادەم ئۇچۇن ئۆلۈمنىڭ قولدىشىدۇر،
ئۆلۈم كىشىگە ھاياتلىققا ئۇخشاشلا خاستۇر.

4360. بۇلارنىمۇ (ئۆززىڭگە) يېقىن تۇت، ياخشى (كۆر)،
بۇلار كېرەكلىك كىشىلەردۇر، ھەققىنى قوغدا.

## 53

## ئەپسۇنچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4361. بۇلاردىن كېيىن ئەپسۇنچىلار تۇرىدۇ،
شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەرنى ئۇلار داۋالايدۇ.

4362. بۇلارغىمۇ ئارىلىشىش كېرەك،
شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەر ئۈچۈن (ئۇلارنى)
چاقىرىش كېرەك.

4363. ئەگەر ساڭا (ئۇلارنىڭ) پايدىسى تەگسۇن دېسەڭ،
ئۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل، ئەي مەرد يىگىت.

4364. تېۋىپلار ئەپسۇنچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ،
ئەپسۇنچىلار(مۇ) تېۋىپلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

4365. ئۇ (تېۋىپ) دەيدۇ: دورىنى يېسە، كېسەل شىپا تاپىدۇ،
بۇ (ئەپسۇنچى) دەيدۇ: تۇمار ئاسسا، جىنلار قاچىدۇ.

54

## چۈش ئۆرۈگۈچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدە

4366. يەنە بىر بىلىم — چۈش (ئۆرۈش) ئىلمىدۇر،
چۈش كۆرۈلسە ئۆرۈگۈچى ياخشى يول ئاچىدۇ.

4367. ئادەم ئۇخلىسا، چۈش كۆرىدۇ، بۇ چۈشنى
ئۆرۈشنى بىلسە، دېگىنى دەرھال بولىدۇ.

4368. چۈش ئۆرۈگۈچى چۈشنى ياخشىلىققا ئۆرۈسە،
چۈشى ياخشى بولۇپ چىقىدۇ، ئاقىۋىتى خۇشاللىق بولىدۇ.

4369. ئەگەر چۈشى مەنىسىز ۋە بەك يامان بولسا،
كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىپ، جان - تەننى ساقلاش كېرەك.

4370. قارا، چۈش ئىلمى جەھەتتە مېھرىبان خۇدا
بەندىلىرىگە ياخشىلىق كۆزلەپ، ئايەتلەر ئاتا قىلدى.

4371. (كىشىنىڭ) چۈشى ياخشى بولسا، خۇشال بولۇش،
يامان بولسا، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللاغا سىغىنىش كېرەك.

4372. كەمبەغەللەرگە پۇل، نەرسە - كېرەك سەدىقە قىلسا،
خۇدا ئاندىن بالا - قازانى توسايدۇ.

4373. چۈش ئۆرۈگەندەك بولىدۇ، چۈشنى ياخشى ئۆرۈش كېرەك،
ئەي چۈش ئۆرۈگۈچى، چۈشنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىل.

4374. شۇنداق قىلغاندا، چۈش ياخشى ئۆرۈلگەن بولىدۇ،
بىلىملىك، مېھرىبان (كىشىلەرلا) ياخشىلىققا (ئۆرۈيدۇ).

4375. ئەي قېرىنداش، بۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن،
ئۇلارنى خالىساڭ قېرىنداش قىل، خالىساڭ دوست تۇت.

## 55

### مۇنەججىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4376. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى — مۇنەججىملاردۇر،
دىققەت قىلىنسا، بۇ بەك نازۇك يولدۇر.

4377. يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى شۇلار قىلىدۇ،
ئەي قۇدرەتلىك، بۇ ھېساب (ئىشلىرى) بەكمۇ زۆرۈر.

4378. (ئۇنى) بىلەي دېسەڭ، ھەندەسەنى ئۆگەن،
شۇنىڭدىن كېيىن (سانى) ھېساب ئىشكى ئېچىلىدۇ.

4379. كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشنى ئوقۇغىن، كەسرنى پۈتۈن بىل،
بۇ كامالەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھان ھېسابلىنىدۇ.

4380. مەيلى قوشۇش بولسۇن، مەيلى ئېلىش بولسۇن تولۇق بىلسەڭ،
ئاندىن يىلتىزدىن چىقىرىشنى باشلىيالايسەن.

4381. يەنە قوشۇش، ئېلىشنى، مۇساھەتنى[1]ئۆگەن،
يەتتە قەۋەت پەلەكنى بىر تال چۆپتەك ئالقىنىڭدا تۇتالايسەن.

4382. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەلجەبر[2]ئوقۇغىن،

---

① مۇساھەت — ترىگونومېترىيە.
② ئەلجەبر — ئالگېبرا.

ئاندىن ئۇقلىدىس[1] ئىشكىنى چۈشىنىپ قاق.

4383. مەيلى بۇ دۇنيانىڭ ياكى ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى بولسۇن،
دانالار ھېساب بىلەن پەرقلەندۈرۈپ قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەن.

4384. ھېساب بۇزۇلسا، بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشمۇ
ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇزۇلىدۇ، ئەي ياخشى كىشى.

4385. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ،
ياخشى ۋە يامان پەيتىنى سوراش كېرەك.

4386. كۈن، ئاينىڭ قۇتلۇقى ۋە قۇتسىزى بار،
(ئۇنى) سورا، قۇتلۇقىنى تۇت، ئەي ئادەملەر ياخشىسى.

4387. بىلىملىك مويسىپىت بەك ياخشى ئېيتقان،
يۈر، ئىشىڭنى بىلىملىكتىن سوراپ قىل.

4388. ئادەم ئىشنى بىلىم بىلەن باشلىسا،
ھەممە ئىشدا تىلىكىگە يېتىدۇ، دەپ ھېسابلا.

4389. ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن بىلىم پايدا كەلتۈرىدۇ،
بىلىمدە كەينىدە قالسا، ئىشقا قول قىسقىلىق قىلىدۇ.

4390. سۆزنى (مۇنەججىمدىن) سورا، لېكىن دەرھال ئىشىنىپ كەتمە،
بىلگۈچى خۇدادۇر، بۇنى (ئېسىڭدە) چىڭ تۇت.

4391. بۇلار بىلەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل، چىقىشىپ ئۆت،
سۆزىنى رەت قىلما، دىلىنى رەنجىتمە.

---

① ئۇقلىدىس — قەدىمكى يۇنان ماتېماتىكى، ئاسترونوم، پەيلاسوپ. ئەسلى ئىسمى ۋېكلىد.

## 56

## شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4392. ئۇنىڭدىن كېيىن شائىرلار — سۆز تىزغۇچىلارمۇ بار،
(ئۇلار) كىشىلەرنى ماختىغۇچى ۋە سۆككۈچىلەردۇر.

4393. بۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈررەك،
تەپەككۇر قىلىش يولى قىلدىنمۇ نازۇكراقتۇر.

4394. چوڭقۇر ۋە نازۇك (مەنىلىك) سۆزلەرنى چۈشىنەي دېسەڭ،
سۆزنى ئۇلاردىن ئاڭلا، ئاندىن چۈشىنىسەن.

4395. كۆكۈل قويۇپ قارىساڭ، ئۇلار دېڭىزغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
گۆھەر، ئۈنچە — ياقۇت تېرىپ چىققۇچىلارغا ئوخشايدۇ.

4396. ئۇلار ماختىسا، ماختىشى (دەرھال) ئەلگە يېيىلىدۇ،
ئەگەر سۆكسە، كىشىنىڭ نامى يامان بولۇپ قالىدۇ.

4397. ئەي قېرىنداش، بۇلارغا ئېھتىيات بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىل،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنما، دوستۇم!

4398. ئەگەر سەن ياخشى مەدھىيىنى خالىساڭ،
بۇلارنى خۇشال قىل، سۆز تامام.

4399. نېمە سورىسا، ئۇلارغا ھەممىنى بەر،
بۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزۈڭنى سېتىۋال.

## 57

### دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4400. قارا، تېرىقچىلار (دېھقانلار)مۇ بىر تەبىقىدۇر،
بۇلار ئىنتايىن كېرەكلىك كىشىلەردۇر.

4401. بۇلار بىلەنمۇ ئارىلاشقىن، مۇناسىۋەت قىلغىن،
تاماق جەھەتتە غەمسىز ياشا.

4402. ھەربىر قىمىرلىغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ،
ھەممىسگە يېمەك - ئىچمەكتىن ھالاۋەت يېتىدۇ.

4403. بارلىق نەپەس ئالغۇچىلار، ئاچلار ۋە توقلار—
تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسى بۇلارغا موھتاجدۇر.

4404. شۇبھىسىزكى، بۇ كىشىلەر ساخىمۇ كېرەك،
شۇلار ئارقىلىق گال ئىشلىرى ھەل بولىدۇ.

4405. ئەي قېرىنداش، بۇلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىل،
تامىقىڭ پاك، ئىشىڭ ھالال بولسۇن.

* 4406. ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتلىق - تەدبىرلىك بولغان،
تەقۋادار كىشىلەرنىڭ سەرخىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4407. ئەستايىدىل توغرا يول تۇتۇشنى خالساڭ،
كېلىڭنى پاك تۇت، ئەي خۇش پېئىل.

4408. ھەقىقىي بىر تەقۋادار بولاي دېسەڭ،
يېمەك ـ ئىچمىكىڭ ۋە كىيىم ـ كېچەكىڭ ھالالدىن بولسۇن.

4409. كەمبەغەل بولماي، باي بولاي دېسەڭ،
ھەرگىز زىنا قىلما، ئۆزۈڭنى قاتتىق تۇت!

4410. (دائىم) قەدىر ـ قىممەتلىك بولاي دېسەڭ،
پىتنە ـ پاساتلارغا قوشۇلما، ئەي خۇشخۇي.

4411. پىتنە ـ پاسات (ھەر ئىشنىڭ ) نېگىزىنى بۇزىدۇ،
پىتنە ـ پاسات ياخشى (ئىشلارنى) ئىزدىن چىقىرىدۇ.

4412. پىتنە ـ پاسات يېتىشكەن بەختنى قاچۇرىدۇ،
پىتنە ـ پاسات ئۆچكەن ئوتنى تۇتاشتۇرىدۇ.

* 4413. (ھەر) ئىشقا بىلىم بىلەن قول يەتكۈزگەن،
قىلىقلىرى گۈزەل (كىشى) ناھايىتى ياخشى ئېيتىپتۇ:

4414. "پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەتراپىدا يۈرمىگىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما،
پىتنە ـ پاسات قەيەردە بولسا، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ.

4415. پىتنە ـ پاسات (بار يەردە) دۆلەت تۇرمايدۇ، قاچىدۇ،
ئەگەر تۇرسا، ھەيران قالدا، ئۇ بىر كېچىلىك مېھمان (خالاس)".

4416. تېرىقچى كىشلەرنىڭ قولى كەڭ كېلىدۇ،

خۇدا بەرگەنلىكتىن كۆڭلىنى كەڭ تۇتىدۇ.

4417. ھەممە قىمىرلىغۇچىلار يەر يۈزىدىن رىزقىنى تاپىدۇ،
يۇرگۈچىلەرنىڭ ئاش ـ بوغۇز، ئۇچارقاناتلار دان.

4418. سەن بۇلارغا قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ يۈرگىن،
ياخشى سۆز قىل، يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت.

## 58

### سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4419. بۇلاردىن كېيىنكىسى سودىگەرلەردۇر،
(ئۇلار) سودا بىلەن تىنىمايدىغان تاپاۋەتچىلەردۇر.

4420. ئەقلى ۋە دىلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ،
ياشاش ئۈچۈن دۇنيا كېزىپ يۈرىدۇ.

4421. ئۇلارغا ئارىلاشقىن، بېرىش – كېلىش قىلغىن،
نېمە سورىسا بەرگىن، ئېلىم – بېرىم قىلغىن.

4422. دۇنيا(دا) ئارزۇ قىلىدىغان (نەرسىلەر) —
خەلق گۈزەللىكى (زىبۇ – زىننەتلىرى)، تاللانغان ياخشى نەرسىلەر
ئۇلاردا بار.

4423. شەرقتىن غەربكىچە كېزىپ يۈرۈپ،
سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

4424. مىڭ تۈرلۈك تاۋار – دۇردۇن، دۇنيانىڭ قىممەت (نەرسىلىرى)
شۇلاردا بولىدۇ، ئەي بىلىملىك سېخىي.

4425. جاھان كەزگۈچى سودىگەر بولمىغان بولسا،
قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ؟

4426. قىتان كارۋىنى (يوللاردا) كارۋان چېگىنى توزۇتمىغان بولسا،
تۈمەن خىل تاۋارلار قاياقتىن كېلەتتى؟

4427. سودىگەر (جاھان) كېزىپ يۈرمىگەن بولسا،
ئۈنچە - مارجان تىزىقلىرىنى كىممۇ كۆرەلەيتتى؟

4428. ساناۋەرسە، بۇنداق (ئىشلار) بەك كۆپ،
سۆز ئۇزۇن بولمىسۇن، دەپ تىلىمنى يىغدىم.

4429. سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئۇلارغا ئارىلىشىپ، ئىشىكىڭنى ئوچۇق تۇت.

4430. ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن،
ئىشەنگىنكى، ياخشى نامىڭ يىراقلارغا كېتىدۇ.

4431. قارا، دۇنيادا نام تاراتقۇچىلار ئاشۇلاردۇر،
يامان، ياخشىنى دۇنياغا يايغۇچىلار (مۇشۇلاردۇر).

4432. ساڭا ئازدۇر - كۆپتۇر نەرسىلەرنى سوۋغا قىلسا،
جاۋابەن (بەدەل) قايتۇرۇپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىڭ كېرەك.

4433. پايدا - زىيان (مەسىلىسىدە) ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەك ئىنچىكە
بولىدۇ، ئارىلاشقىنىڭدا بۇ (نۇقتىغا) بەكمۇ دىققەت قىل.

* 4434. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن،
جاھان كەزگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4435. دۇنيادا نامىڭنى چىقىراي دېسەڭ،
ئىمكانىقەدەر مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن.

4436. سەن ھەققىي مەشھۇر بولۇشنى خالىساڭ،
سودىگەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ھەققىنى بەر.

4437. ئەي يىگىت، ياخشى نام قازانماقنى خالىساڭ،
يۈر، مۇساپىرلار ۋە كارۋانلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىل.

4438. سودىگەرلەرگە ئەنە شۇنداق ئارىلاشقىن،
خۇشال - خۇرام كۈلۈپ، ياخشى نام بىلەن ياشا.

59

## چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4439. ئۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلار تۇرىدۇ،
ھەر خىل ھايۋانلارنى ئۇلار باشقۇرىدۇ.

4440. (بۇلار) ئىشەنچلىك، چىن (كىشىلەر بولۇپ) يوشۇرۇن تەرەپلىرى يوق،
بۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئېغىرى چۈشمەيدۇ.

4441. يېمەك، كىيىم ـ كېچەك، مىنىدىغان ئات، ئۇردا ئايغىرى
ھەممە يۈك توشۇيدىغان مال ـ كۆلۈكلەرنى بۇلار يېتىشتۈرىدۇ.

4442. قىمىز، سۈت ياكى يۈڭ، ماي ۋە قېتىق، قۇرۇت،
كىگىز ـ كېچەك (قاتارلىق) ئۆي بىساتىغا ئىگە بول.

4443. بۇ تەبىقە پايدىلىق كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ،
بۇلار بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت قىل، ئەي بوتام.

4444. (بۇلارغا) قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ يۈرگىن، يېگۈز، ئىچكۈز،

توغرىلىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگىن.

4445. نېمە سورىسا، بەرگىن، كېرەك بولسا ئال،
بۇ تەبىقىنىڭ توغرىلىقىنى كۆردۈمكى، (ئۇلار) ھىيلە بىلمەيدۇ.

4446. بۇلاردىن قائىدە ــ يوسۇن ياكى بىلىم تىلمە،
ئەي مۆلايىم، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرى ئەركىن بولىدۇ.

4447. بۇلارغا ئارىلاشقاندا، ئۆزۈڭنى تۇت،
(چۈنكى ئۇلار) ئەدەپ ــ قائىدىسىز، قوپال كېلىدۇ.

4448. ياخشى سۆز قىلغىن، (ئەمما) دوستلاشمىغىن،
(چۈنكى) بىلىمسىز، نادانلارساددا بولىدۇ.

* 4449. خەلققە ئارىلىشىپ (ھەممىنى) سىناپ بىلگەن
قانۇن تۈزگۈچىلەر ياخشى ئېيتقاندى:

4450. بىلىمسىزنى ئارتۇق يېقىن تۇتماسلىق كېرەك،
يېقىن تۇتساڭ، شۈبھىسىزكى، قىلمايدىغان (ئىشنى) قىلىدۇ.

4451. قارا، بىلىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (بىر سۆزنى) ئېيتىدۇ،
(ھەرقانداق) ئىشقا بىلىم بىلەن قول سېلىش كېرەك.

4452. بىلىمسىزگە يېقىنلاشما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال،

ئۆزىنى تۇتالىغان كىشى بەختلىك ياشايدۇ.

4453. بىلىمسىز كىشىدىن يىراق تۇر، (ئۇلاردىن) قاچ،
(چۈنكى) بىلىمسىزنىڭ سۆز — ھەرىكەتلىرى تامامەن قوپالدۇر.

4454. مانا، چارۋىچىلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
ئارىلىشىشنى خالىساڭ، سۆزۈم ساڭا يولچى بولىدۇ.

4455. قانداق ياشاش (ۋە) ئۆز ئۇلۇشۇڭنى قانداق ئېلىش
كېرەكلىكىنى ساڭا روشەن سۆزلەپ بەردىم.

## 60

### ھۇنەرۋەنلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدە

4456. يەنە بىر تەبىقە ھۇنەرۋەنلەردۇر،
ئۇزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ھۇنەر قىلىدۇ.

4457. بۇلارمۇ ساڭا كېرەكلىك كىشىلەردۇر،
بۇلارنىمۇ يېقىن تۇت، پايدىسى تېگىدۇ، ئەي باتۇر.

4458. تۆمۈرچى، موزدۇز ۋە نەققاش — ئويمىكار،
ياكى سىرچى، بېزەكچى ۋە ئوقياچى،

4459. بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ،
جاھاندا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ.

4460. بۇ خىل (ھۇنەرۋەنلەر) ناھايىتى كۆپ، (ھەممىنى) سانىسا، سۆز ئۇزىرايدۇ،
قالغانلىرىنى ئۆزۈڭ تەسەۋۋۇر قىل، مەن سۆزۈمنى ئۈزەي.

4461. بۇلار بىلەنمۇ قېتىلىپ، ئارىلىشىپ يۈر،

ئۇلارنى خۇشال قىل، (ئۆزۈڭمۇ) خۇشال ياشا.

4462. ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرگىن،
يېگۈزگىن، ئىچكۈزگىن، ئاش ـ تامىقىنى كەڭ قىل.

4463. خەلق ئارىسىدا سېنى يامان ئاتلىق قىلمىسۇن،
نامىڭنى بۇلغىمىسۇن، بۇنىڭغا بەك دىققەت قىل.

* 4464. بىلىملىك، پاك، خەلققە مېھرىبان،
كۆڭلى تۈز كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

4465. ياشاشنىلا ئارزۇ قىلما، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىل،
ئۆمۈردە ياخشى نام قالدۇرۇش كېرەك، بۇنى بىل.

4466. سەن ئاخىر ئۆلسەن، نامىڭ قالىدۇ،
نامىڭ ياخشى بولسا، ئۆمرۈڭ شېرىن بولىدۇ.

4467. كىمنىڭ نامى يامانلىق بىلەن بۇزۇلسا،
ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك تۇرمىغان ياخشىراق.

4468. تىرىكلىك (سەن ئۈچۈن) سەرمايىدۇر، ياخشى نام (چىقىرىشنى) تىلە،
نامىڭنى يامان قىلما، مەڭگۈ ياخشى قىل.

## 61

## كەمبەغەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە

4469. بۇلاردىن كېيىنكىسى كەمبەغەللەردۇر،
(ئۇلارغا) ماددىي نەرسىلەر بىلەن ياخشىلىق قىل، يېگۈز، ئىچكۈز.

4470. ئەي قېرىنداش، (ئۇلار) ساڭا دۇئا قىلغۇچىلاردۇر،
دۇئا بەك ياخشى نەرسىدۇر، ئەي دوست.

4471. (ياخشىلىقىڭ) بەدىلىگە ئۇلاردىن مال تىلىمە،
ئۇنىڭ بەدىلىگە خۇدا ساڭا ياخشى قونالغۇ — جەننەت ئاتا قىلىدۇ.

* * *

4472. ئەلدە ئايرىلىشىدىغان تۈرلۈك كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر،
ئۇلارنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشىدۇ ياكى سېنىڭ ئۇلارغا.

4473. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئادىل، مېھرىبان بول،
(شۇنداق قىلساڭ) بارچە كىشىلەر ساڭا يېقىن بولىدۇ.

4474. ئۆزۈڭ ئىككىلا دۇنيانىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشسەن،
نامىڭ ياخشى بولىدۇ، شۆھرىتىڭ (ئالەمگە) تارىلىدۇ.

62

## قانداق ئايالغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە

4475. ئەگەر سەن خوتۇن ئېلىشنى خالىساڭ،
(ئەڭ) سەرخىلىنى ئىزدە، كۆزۈڭنى بەك ئېتىتىك تۇت.

4476. تېگى ياخشى، ئۇرۇق - زاتى (پاك) بولسۇن،
ئۇياتلىق، تەقۋادار، پاكىز بولۇشىنى تىلە.

4477. قول تەگمىگەن، ئۆيدىن ئۆي قىزىنى ئال،
سەندىن باشقا ئەرنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەن (بولسۇن).

4478. (بۇنداقلار پەقەت) سېنىلا سۆيىدۇ، سەندىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ،
يارىماس ياكى نامۇۋاپىق قىلىقلارنى قىلمايدۇ.

4479. خوتۇن ئالساڭ، ئۆزۈڭدىن تۆۋەننى ئال،
يۇقىرى تەبىقىگە يېقىنلاشما، تۇتقۇن بولۇپ قالىسەن.

4480. تەجرىبىلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
تەجرىبىلىك كىشىنىڭ ئىشى پىششىق بولىدۇ:

4481. "خوتۇن ئالساڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن، (خۇلقى) توغرىسىنى ئال،
شۇ چاغدا كۆڭلىڭ شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

4482. چىرايىنىڭ كۆركەملىكىنى ئىزدىمە، قىلىقىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
خۇي ـ پەيلى ياخشى بولسا، سېنى روناق تاپقۇزىدۇ.»

4483. خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ بولغىنىنى ئال،
تەقۋادارنى ئال، ئەي ئەرلەرنىڭ مەردى.

4484. چىرايىنىڭ كۆركەملىكىنى ئىزدىمە، قىلىقىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
قىلىقلىرى ياخشى بولسا، توشقان (ئايال) بولىدۇ.

4485. ئەي كۆركەملىكىنى ئىزدىگۈچى، بۇنى ئىزدىمە،
قىزىل مەڭزىڭنى سارغايتمىغىن.

4486. كىم ئۆيلەنمەكچى بولسا، (مۇنۇ) تۆت (خىل)دىن باشقا
ئايالغا ئۆيلەنمەيدۇ، ئەي ئەلبېشى:

4487. بەزىلەر، باي ئايالغا ئۆيلىنىشكە زوقلىنىدۇ،
بەزىلەر چىرايلىقلارغا كۆز تىكىدۇ، (ئۇنى) خالايدۇ.

4488. يەنە بەزىلەر تېگى ئېسىل، ئۇرۇقى (پاك) بولۇشنى خالايدۇ،
بۇ ئۇلۇغلۇق نامى بىلەن پەخىرلەنگۈسى كېلىدۇ.

4489. يەنە بەزىلەر نازۇك، تەقۋادارلارنى خالايدۇ،
ئۇنداقلارغا ئېرىشسە، دەرھال ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

4490. بۇلاردىن ئەڭ ئەۋزىلىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي،
خوتۇن ئېلىش توغرا كەلسە، بۇنى قۇلىقىڭدا تۇت:

4491. ئەي خوتۇن تاللاشتا باينى خالىغۇچى،

سەن ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ قالمىغىن، ئەي بىلىملىك (ئىنسان).

4492. كۆڭلى بايلىقتا (مەپتۇن) بولۇپ، تىلىنى ئۇزارتىدۇ،
(ئۇنىڭ) خالىغان نەرسىسىنى ئېلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

4493. ئەي، چىرايلىقنى خالىغۇچى ياخشى كىشى،
خوتۇنىنىڭ چىرايلىقىنى ئىزدىمە، خەلققە مەسخىرە بولىسەن.

4494. ئايالنىڭ چىرايلىقىنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ،
ئۇنى خۇدانىڭ پەزىلىتىلا قوغداپ قالالايدۇ.

4495. ئەي نەسلى ئۇلۇغ خوتۇننى ئىزدىگۈچى،
ئۇلۇغ نەسىل ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما.

4496. ئەسلى نەسەبى ئۇلۇغلارنىڭ تىلى ئۇزۇنراق بولىدۇ،
(بۇنداق) خوتۇنغا قۇل بولۇپ قالما!

4497. ئەي، نازۇك، تەقۋادار خوتۇننى ئىزدىگۈچى بەگزادە،
بۇنداقلارغا ئېرىشسەڭ ئاشۇ تۆت نەرسىگە تۆگەل ئېرىشكەن
بولىسەن.

4498. ئەگەر ياخشى، تەقۋادار خوتۇنغا ئېرىشسەڭ،
(پەيتىنى) قولدىن بەرمەي (ئۇنى) ئال، ئەي ياخشى كىشى.

4499. باي بولۇشنى خالىساڭ، ئۇ مال - دۇنيانى يىغىپ بېرىدۇ،
سېنى بېيىتىدۇ، يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ.

4500. قىلىقلىرى توغرا بولسا گۈزەل كۆرۈنىدۇ،

ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ قىلىقلىرىدۇر، بۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ.

4501. (ئايال) تەقۋادار، پاك بولسا، ئېسىل بولىدۇ،
ھېلىقى ئۈچ (نەرسە)مۇ ئۇنىڭدا جەم بولغان بولىدۇ، ئەي
قۇدرەتلىك.

4502. ئەي دانا، سەن تەقۋادار ئايالنى ئىزدە،
تەقۋادار بولسا، تۆت نەرسە ئۇنىڭدا جەم بولىدۇ.

4503. سەن ئاشۇنداق بىر خوتۇنغا ئېرىشىش (ئۈچۈن)
غەيرەت قىل، (پۇرسەتنى) بىكار ئۆتكۈزمە، ئەي مەرد يىگىت.

## 63

### ئوغۇل ـ قىز تۇغۇلسا، قانداق تەربىيىلەش ھەققىدە

4504. سېنىڭ ئايدەك ئوغۇل ـ قىزىڭ تۇغۇلسا،
ئۆيۈڭدە تەربىيىلىگىن، باشقىلارغا تاشلاپ قويما.

4505. ئىنىڭ ئانىغا ياخشى ۋە پاك ئايالنى تاپ،
ئوغۇل ـ قىزىڭ پاك ئۆسىدۇ، قېرىنغۇچە ياشايدۇ.

4506. ئوغۇل ـ قىزىڭغا بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەتكىن،
ھەر ئىككى دۇنيا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.

4507. ئوغلۇڭنى ئۆيلە، قىزىڭنى ياتلىق قىل،
ئۆمرۈڭنى غەمسىز ئۆتكۈزگىن، ئەي قۇتلۇق كىشى.

4508. ئوغۇلغا ھەر خىل ھۈنەر ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگەت،
بۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن ئۇ مال ـ دۇنيا يىغالايدۇ.

4509. ئوغلۇڭنى سۇرۇشتە قىلىپ تۇر، بىكار يۈرۈشكە، ئۆز مەيلىگە
قويۇۋەتمە،

بىكار يۈرگەن بالا ئۆز بېشىمچى، ئالدىراڭغۇ بولىدۇ.

4510. قىزىڭنى ئۆيدە ئۇزۇن (ۋاقىت) ئەرسىز ساقلىما،
ئاغرىماي، پۇشايمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىسەن.

4511. ئەي دوست، قېرىنداش، سۆزنى كەسكىن ئېيتتىم،
قىز دېگەن تۇغۇلمىسا، (تۇغۇلسىمۇ) تىرىك تۇرمىسا (ياخشى).

4512. ئەگەر تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا يەر قوينى ياخشىراق،
(ئۇنىڭ) ئۆيى ئۆلۈكلەر جايىغا (قەبرىستانلىققا) قوشنا بولسا
(ياخشىراق).

4513. خوتۇنلارنى دائىم ئۆيدە ساقلىغىن،
(چۈنكى) خوتۇنلارنىڭ ئىچى تېشىدەك بولمايدۇ.

4514. ياتلارنى ئۆيگە يولاتما، خوتۇننى (سىرتقا) چىقارما،
كوچىدا كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، يولدىن ئازدۇرىدۇ.

4515. كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل ئارزۇ قىلمايدۇ،
ئەي ئوغلان، كۆزۈڭ كۆرگەندە كۆڭلۈڭ خالايدۇ.

4516. كۆزۈڭنى باشقۇرغىن، كۆڭلۈڭ خالىمايدۇ،
كۆڭۈل ئارزۇ قىلمىسا، كىشى مەپتۇن بولمايدۇ.

4517. يىمەك ــ ئىچمەكتە ئايالنى ئەرلەرگە قوشما،
ئەگەر قوشۇپ قويساڭ، بولىدىغىنى بولىدۇ.

4518. ئايالنى ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى (ئىشقا) بۇيرۇما،
ئەگەر (سىرتقا) چىقسا، توغرا يولدىن ئازىدۇ.

4519. خوتۇن ئەسلى (بىر) گۆشتۇر، گۆشنى ساقلاش كېرەك،
گۆشنى (ئۇبدان) ساقلىمىسا، پۇراپ قالىدۇ، ئىلاج بولمايدۇ.

4520. خوتۇننى قەدىرلە، نىمە سورىسا بەرگىن،
ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكىنى بېكىتىپ، ئەر كىشىنى يېقىن يولاتما.

4521. ئەزەلدىن بۇلاردا ۋاپا يوق،
كۆزى قاياققا باقسا، كۆڭلى شۇ ياققا كېتىدۇ.

4522. (ئۇ) جاپا بىلەن ئۆستۈرگەن، پەرۋىش قىلىنغان دەرەخ (كە
ئوخشايدۇ)،
(ئۇنىڭ) مېۋىسى ئوغىدۇر، ئۇنىڭغا ھېرىس بولما.

4523. نەچچە مىڭلىغان ئەرلەرنىڭ ئەرى (يولدىن) ئېزىپ،
خوتۇنلار (سەۋەبىدىن) پەيلىرى ئۆزۈلگەن.

4524. قانچىلىغان يۈزى يورۇق، ئابرۇيلۇق كىشىلەر
خوتۇنلار (سەۋەبىدىن) ئاخىر يەر بىلەن (تەڭ) بولدى.

4525. تۆمەنمىڭ مەشھۇر، مەرد باتۇرلارنى
خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمگەن.

4526. ئۇلارنى قانداق تۇتۇش (ۋە قانداق) ساقلاش كېرەك؟
(پەقەت) ساقلىغۇچى تەڭرى ئۆزى ساقلىيالايدۇ.

## 64

# قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە

4527. قول ئاستىڭدىكىلەرنىمۇ ياخشى تۇتقىن،
يېمەك ـ ئىچمەك بەرگىن، يېرتىقىنى ياما.

4528. كۆچىگە يارىشا يۈك ئارتقىن،
قادىر خۇدا سەندىن ھېساب ئالىدۇ.

4529. ئۇلارغا ئارتۇقچە مۇشەققەت يەتكۈزمە،
(شۇنداق قىلغاندا) خۇدا ئۇچۇن ئەجىر قىلغان بولىسەن.

4530. ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ خۇدانىڭ قۇللىرىدۇر،
ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئۆزۈڭگە دوزاخنى ئالما.

4531. سەن ئۇلۇغ (مەرتىۋىلىك)، ئۇلار بولسا، سەندىن كىچىك،
ئۇلۇغلار كىچىككە شەپقەتلىك ۋە خۇش مۇئامىلە بولۇشى كېرەك.

4532. ئۇلۇغ (مەرتىۋىلىك) بولغاندا، كۆڭلۈڭنى كىچىك تۇت،

ئەي ئوغۇل، ئۇلۇغقا كىچىكلىك يارىشىدۇ.

4533. ئەقىل – پاراسەتلىكلەر ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي بىلىمى كەڭ:

4534. "ئەگەر سەن خەلققە ئۇلۇغ بەگ بولساڭ،
- دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت، ئۆزۈڭگە پايدىلىق.

4535. ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، يولۇڭدىن يېڭىلىپ قالما،
بەخت ۋە سالامەتلىك يولىنى ئېتىپ قويما."

4536. ئۆي – جايىڭنى بەك پاكىز، ئازادە تۇت،
(ئەي) قولى كەڭ، سېخىي، ساڭا بەخت – دۆلەت كېلىدۇ.

4537. ئاش – تائام، نان – تۇزۇڭنىمۇ كەڭ قىل،
ياخشى نام قازىنىسەن، بەخت ساڭا يار بولىدۇ.

4538. كىرىمىڭگە يارىشا چىقىم قىل،
چىقىم بولسا، دەرھال كىرىمگە نەزەر سال.

4539. ئېلىم – بېرىمگە ئەپچىل، ياخشى بول،
ھەرقانداق ۋاقىتتا، يولۇڭ ئوچۇق بولىدۇ.

4540. بەزىدە قولۇڭ قىسقىلىق قىلسا،

كىشىگە زارلانما، ئەي مەرد باتۇر!

4541. (سېنى) ياخشى كۆرگۈچىلەر ئاڭلايدۇيۇ، ياردەم قىلالمايدۇ،
(سېنى) ياخشى كۆرمەيدىغانلار تىنماي كۈلىدۇ.

4542. يولداش، دوست، قېرىنداشلار ئالدىدا ئېتىبارىڭ قالمايدۇ،
بۇنىڭ ئەلىمىدىن كۆڭلۈڭ زېدە بولىدۇ.

4543. ئادەملەرنىڭ ياخشىسىغا ئارىلىشىپ، مۇناسىۋەت قىل،
ئادەم بول ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياشا.

4544. شېرىك (ئىشلار)غا ئارىلاشما، مېلىڭنى قوشما،
پۇشايماندىن قىزىل مەڭزىڭ سارغىيىدۇ.

4545. چوڭ يولغا يېقىن يەرگە ئۆي ـ جاي سالما،
زىيىنى تېگىدۇ، بۇنى ياخشى ھېسابقا ئال.

4546. بەگكە ۋە تاشقىن دەرياغا قوشنا بولما،
ساراي قورغىنىغا يېقىن تۇرما، ئەي كۆڭلى تۈز.

4547. بۇ ئۈچ قوشنىچىلىقتىن ساڭا پايدا تەگمەيدۇ،
ئۇنىڭ زىيىنى تەگسە، ئامال بولمايدۇ.

4548. ئۆي ئالماقچى بولساڭ، قوشنىسىنى سورا،

يەر ئالماقچى بولساڭ، سۈيىنى سورا.

4549. يامانغا قوشۇلما، ساق ـ سالامەت بولسەن،
ئۈزۈي ـ پەيلىڭنى توغرا تۇت، تۇلپاردەك جەۋلان قىل.

4550. بارىڭغا قانائەت قىل، بەگ نامىنى ئال،
(غەم) قايغۇنى قىسقا قىل، شادلىققا يۈزلەن.

4551. ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، سەگەك بولسەن،
ئىگەڭنى ئۇنتۇما، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ.

4552. ئېھتىيات بىلەن سۆزلە، قايغۇ كۆرمەيسەن،
كۆڭلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، پۇشايمان قىلمايسەن.

4553. ئارتۇق تەكەببۇر بولما، تېتىقسىز بولسەن،
ئارتۇقچە پىخسىق بولما، نەپرەتكە قالسەن.

* 4554. ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان،
دىلى كەمتەر كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4555. ياخشى نامغا ئىگە بولاي دېسەڭ،
سېخىي بولۇشقا بەك دىققەت قىل.

4556. ئەركىن (ئادەمنى) قۇل قىلاي دېسەڭ،

روشەنكى، سېخىي بول، مال تارقىتىپ بەر، ئۇلۇشۇڭنى ئادا قىل.

4557. (كۆنلەرنىڭ بىرىدە) يۈكسىلىپ بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ،
ھەممە ئىشنى كۆزنىتىپ، بىلىم بىلەن ئىشلە.

4558. نامىڭنىڭ دۇنياغا تارىلىشىنى خالىساڭ،
مۇساپىرلارغا ياخشى قارا، نامىڭ تارقىلىدۇ.

4559. راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتەي دېسەڭ،
غەپلەتنى تاشلا، ئەي خۇش پېئىل.

4560. خۇداغا ئىبادەت قىلاي دېسەڭ،
ۋۇجۇدۇڭغا بويسۇنما، بۇنىڭ ئىشكىنى ئەت.

4561. جىمى ياخشىلىققا يېتەي دېسەڭ،
ۋۇجۇدۇڭنى قىسىپ تۇت، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باس.

4562. تەقۋادار كىشى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي شاش يىگىت:

4563. "ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى قاندۇرما،
(ۋۇجۇد) ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتسە، ئىگىسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

4564. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ،

ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغاندىلا، ئىلاجسىز بويىنىنى ئېگىدۇ.»

* * *

4565. ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگەتتى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
ئاۋامنىڭ يوسۇنى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

4566. (بۇلارنى) سۆزلەپ بەردىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
بۇنى چۈشەنگەن بولساڭ، ئەمدى سورايدىغىنىڭ قالمىغاندۇ؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4567. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
ئەي تۈز كۆڭۈل، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم.

4568. سەندىن سورايدىغان يەنە بىر سوئالىم بار،
ئۇنىمۇ ماڭا ئېچىپ، ئېيتىپ بەرگىن.

4569. مەن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسام،
(ئۇلار بىلەن) خۇشال ـ خورام بېرىش ـ كېلىش قىلىشىم كېرەك.

4570. شۈبھىسىزكى، مېنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشىدۇ،
مەنمۇ ئۇلارنى تەكلىپ قىلىشىم كېرەك.

4571. زىياپەتكە قانداق بېرىش ۋە قانداق يېيىش كېرەك،
تەكلىپ قىلسا، قانداق چاقىرىش كېرەك، ئەي دوست؟

4572. بۇنىمۇ ماڭا ئۇچۇق ئېيتىپ بەرسەڭ،
بۇ ئىشتىنمۇ بەھرىمەن بولاي.

## 65

## ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە بېرىش
## قائىدىسىنى ئېيتىدۇ

4573. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
ئەي قېرىنداش، بۇمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

4574. تەكلىپ قىلىدىغان كىشىلەر ھەر خىلدۇر،
زىياپەتمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

4575. بۇلاردىن بىرى نىكاھ زىياپىتىدۇر،
(يەنە بىرى) ئوغۇل تۇغۇلسا بېرىلىدىغان سۈننەت زىياپىتىدۇر.

4576. (بەزىدە) دوست، بۇرادەر، ئەل – ئاغىنىلەر چاقىرىلىدۇ،
چوڭ – كىچىك، قوۋم – قېرىنداشلار تەكلىپ قىلىنىدۇ.

4577. ياكى ئۆلۈم نامىغا ئاتالغان ھازا ئېشى بېرىلىدۇ،
ياكى نام – ئاتاققا ئىگە بولغاندا، زىياپەت بېرىلىدۇ.

4578. ئاش – سۇ بېرىلىدىغان (زىياپەت)نىڭ قايسىسى بولمىسۇن،

ئۇنىڭغا بېرىش – بارماسلىقنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

4579. دوست، يولداش، يار – بۇرادەرلەرنىڭ زىياپىتى
بولۇپ قالسا، بېرىپ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش كېرەك.

4580. زىياپەتتە بولۇپ، يات كىشىلەرگە قارىشىش كېرەك،
زىياپەت تائاملىرى يېتەرلىكمۇ، ئازمۇ، بۇنى ئېيتىپ تۇرۇش كېرەك.

4581. يېقىن قوشنا ساڭا زىياپەت بەرسە،
ياكى خۇدايى دوستلار سېنى تەكلىپ قىلسا،

4582. ئۇلار(نىڭ زىياپىتى)گە ئەلۋەتتە بارغىن، كۆڭلىنى ئايا،
ئۇلارنى خۇشال قىل، (سەنمۇ) خۇشال بول، ئەي يىگىت.

4583. ئەگەر ساڭا ئاتاپ ئەتەي زىياپەت بەرسە،
ئۇنداق زىياپەتكە دەرھال بارغىن، تائامنى يەپ، رازى قىل.

4584. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا زىياپەتلەر بولۇپ قالسا،
ئۇنىڭغا بارمىغان ياخشى، كۆڭۈل رەنجىپ قالىدۇ.

4585. ئۇلتۇرۇپ، تۇرۇش يېرىم – يارتا بولىدۇ.
كۆڭۈل يامان بولىدۇ، ئەي ئېسىلزادە.

4586. يا مەسىلەر ئۇرۇشۇپ جاڭجال چىقىرىدۇ،

(يېگەن) ئېشىڭ سىڭمەيدۇ، دىلىڭ رەنجىيدۇ.

4587. پەقەت بىر تويغۇدەك تائام يېيىش ئۈچۈن
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئېتىبارسىز قىلما.

* 4588. نەپسىنى تىيىپ، گېلىغا ھاكىم بولغۇچى
(كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4589. گېلىڭغا دىققەت قىل، پەس ئادەم بولۇپ قالما،
گېلىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا قۇل بولما.

* 4590. قەدىر ـ قىممەتلىك كىشىلەرنىڭ نەپسىنى باسماي
يەر بىلەن تەڭ بولغىنىنى كۆپ كۆردۈم.

4591. ئەلدە يۈكسەلگەن كۆپ كىشىلەرنى كۆردۈمكى،
گېلىغا ئەسىر بولۇپ، تۇپراققا مىلەندى.

4592. نۇرغۇن بايلارنى كۆردۈمكى، گېلىغا قۇل بولۇپ،
(ئاخىر) خانىۋەيران بولدى، كەمبەغەللەشتى.

4593. ئەي نەپسى ئۇلۇغ، گېلىڭغا قۇل بولما،
گالغا قۇل بولسا، قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

4594. ھەرقانداق بىر زىياپەتكە باردىغان بولساڭ،

ئەدەپ بىلەن تائام يېگىن، بۇنى ئۈگەن.

4595. ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان، ئەقىلسىز كىشى
ئەدەپ ـ قائىدىلىك كىشىنى كۆرسە، ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ.

4596. سەندىن چوڭلار تائامغا قول سۇنغاندىلا،
ئاندىن سەن قول ئۇزات، ئادەت شۇ، بۇنى بىل.

4597. ئوك قولۇڭ بىلەن يېگىن، خۇدا نامىنى ئېيت،
تائام بەرىكەتلىك بولىدۇ، سەنمۇ باي بولىسەن.

4598. كىشىلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاماققا قول تەگكۈزمە،
ئۆز ئۇدۇلىڭدا نېمە بولسا، شۇنى ئېلىپ يېگىن.

4599. (داستىخاندا) پىچاق چىقىرىپ، سۆڭەك غاجىلىما،
بەك ئاچ كۆزلۈك قىلما، سوزۇلۇپ ـ سىپايىمۇ ئولتۇرما.

4600. قانچىلىك توق بولغاندىمۇ، كەلگەن ئاشنى يېيىش كېرەك،
ئەي قېرىنداش، تاماقنى ئادەملەرگە قاراپ يېگىن.

4601. يېمەكنى ئېلىپ، چىشلەپ، ئۇششاق چاينا،
ئىسسىق ئاشنى ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىمە.

4602. تاماق يېگەندە، داستىخاندىكى ئاشنى (ئالدىڭغا) تارتما،

كىشىلەرنىڭ پەيزىنى قاچۇرمىغىن، ھەرىكىتىڭگە دىققەت قىل.

4603. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) قائىدىسىزلىكتۇر، قائىدە بويىچە يۈر،
قائىدىسىز كىشىلەر كىشىلەرنىڭ تۆۋىنىدۇر.

4604. تەرتىپ ـ قائىدىلىك كىشى ياخشى ئېيتقاندى،
قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ.

4605. ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىسى بار،
قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

4606. تەرتىپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان قىلىقسىز كىشى
كىشىلەرگە ئارىلاشسا، ئىشى يۈرۈشمەيدۇ.

4607. قولۇڭنى سوزۇپ، تاماقنى لەززەتلىك ئىكەن، دەپ يېگىن،
(بۇنداق قىلغىنىڭنى) كۆرگەن ئۆي ئىگىسى سۆيۈنسۇن.

4608. بىراۋ ئەمگەك قىلىپ، ساڭا ئاش تەييارلىسا،
ئەمگىكىنى زايە قىلىپ، ئۇنى بىئارام قىلما.

4609. قارىغىنا، دىلى سەگەك ئادەم توغرا ئېيتقان،
دىققەت قىلساڭ، ئۇنىڭ سۆزى رەڭمۇرەڭ ۋە مەنىلىكتۇر.

4610. ئادەمنىڭ كۆڭلى نازۇك، ئۇ بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ،

بەك ئېھتىيات قىل، ئۇنى قوزغىما، سۇنۇپ كەتمىسۇن.

4611. كىشىنىڭ كۆڭلى قالسا، ھۇزۇر كېتىدۇ،
يېقىنلىق يىراقلىشىدۇ، پايدا ئۇزۇلىدۇ.

4612. يېقىنلىقنى خالىساڭ، كۆڭۈلنى ئايا،
كۆڭۈل سۇنسا يېقىنلىقمۇ تۈگەيدۇ، ۋاز كېچسەن.

4613. تاماقنى ئۆلچەملىك يېگىن، كۆپ يېمىگىن،
ئەقىللىق قەدىردان (كىشى) ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

4614. كۆپ يېگۈچىلەرنىڭ تامىقى دەرد بولىدۇ،
تامىقى دەرد بولغان كىشى دائىم كېسەلچان بولىدۇ.

4615. كېسەل گالدىن كىرىدۇ، گېلىڭنى ساقلا،
يېمەك ـ ئىچمەكنى لايىقىدا، ئاز يېگىن.

4616. كېسەلگە گىرىپتار بولسا، كىشى دەرھال زەئىپلىشىدۇ،
ئۇنى داۋالىمىسا، ئۆلۈم يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

4617. تېۋىپ ـ ھېكىم بەك ياخشى ئېيتقان،
ھېكىمنىڭ سۆزىنى يامان دەيدىغان كىم بار؟

4618. «كېسەللىك ئۆلۈمنىڭ دەسلەپكى خەۋەرچىسىدۇر،

كىشى كېسەل بولدىمۇ ئۆلۈم قوشنىسى بولىدۇ.

4619. كېسەل، بالا ۋە جەبىر ـ چاپادۇر، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىدۇر.
ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئۇنىڭ بولمىغىنى ياخشى.»

4620. مەن ئىنسان دېگەن ئادەم بالىسى،
ئىسسىق ـ سوغۇقنى بىلىشى، ئاجرىتالىشى كېرەك.

4621. مىزاجنى بىلىپ، ئاندىن لايىقىنى يېيىش كېرەك،
مىزاجگە ياراشمايدىغاننى يېمەي قويۇش كېرەك.

4622. ئىسسىقنىڭ ئاشسا، دەرھال سوغۇقلۇق يېگىن،
سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتسە، ئىسسىقلىق قىل.

4623. يىگىت يېشىدا بولساڭ، پەسىل باھار بولسا،
سوغۇقلۇق قىل، قېنىڭنى ئىسسىتىدۇ.

4624. يېشىڭ قىرىققا يېتىپ، كۈز ۋاقتى بولسا،
ئىسسىقلىق نەرسىلەر بىلەن تاۋىڭنى تۈزەت.

4625. يېشىڭ ئاتمىش بولۇپ، قىش ۋاقتى بولسا،
ئىسسىقلىق بىلەنلا شۇغۇللانغىن، سوغۇقلۇقنى ھەمراھ قىلما.

4626. قۇرۇق سوغۇقنىڭ ئاشقان بولسا، ئىسسىق ۋە ھۆل (نەرسىلەرنىلا)
ھازىرلا،

بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا جاۋاب بولىدۇ.

4627. ھۆل، سوغۇقلۇق ئېشىپ ساڭا زىيان كەلتۈرسە،
ئۇنى ئىسسىق قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن ياندۇر.

4628. مىزاجىڭ سوغۇق بولسا، ئىسسىقلىقنى كۆچەيتكىن،
ئىسسىق بولسا، سوغۇق (نەرسىلەرنى) يەپ - ئىچىپ تۇر.

4629. ئەگەر مىزاجىڭ بىر خىل (مۆتىدىل) بولسا،
ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ (ئىستېمال قىل).

4630. مىزاجىڭنى ئەنە شۇ ئۇسۇلدا توغرا بايقىغىن،
ھاياتىڭ ئېسەن ۋە خاتىرجەم ئۆتىدۇ.

4631. تېۋىپلەر نېمە دەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا،
بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ياشا، ئەي قوزام:

4632. "مەن سېنىڭ مىزاجىڭنى ئىزاھلاپ بېرەي،
بۇ قىزىل، سېرىق، ئاق ياكى قارا بولىدۇ.

4633. بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە دۈشمەن،
دۈشمەن دۈشمەنگە يېقىنلاشسا (بۇ رەڭ) بىلەن ئايرىلىدۇ."

4634. مىزاجىنى تەگشەش ئۈچۈن كىشى ئەقىللىق بولۇش كېرەك،
(مىزاجنى) نېمە لايىق كەلسە، شۇنىلا يېيىش كېرەك.

4635. ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىيدىغان پەرق شۇكى،
مىزاجقا يارىشا يېيىش كېرەك، ئەي ئوغۇل.

4636. مويسىپىت (ئاقساقاللار) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇنى چۈشىنىپ، ھاڭۋېقىپ قالما:

4637. كىشى قىرىق (يىل) ياشاپ ئۆز مىزاجىنى بىلمىسە،
نېمە دېسە دېسۇن، ئۇ تامامەن ھايۋاندۇر.

4638. سىناپ كۆرۈپ بىلىم ئۆگەنمىگەن كىشىنى
ئادەم قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ، ئەي مۆلايىم!

4639. بېشىدىن (كۆپ ئىش) كەچۈرۈپ، يۇرۇش - تۇرۇشنى تۈزەتمىسە،
(ئۇنداق كىشىنى) ھايۋان دېسە، توغرا سۆزلىگەن بولىدۇ.

4640. دەۋرى - دەۋرانلارنى كېچىپ، كىشى دانا بولمىسا،
(ئۇنى) ئادەم دەپ ئاتىماي، ھايۋان دېيىش كېرەك.

4641. قاراپ باقسا، تېۋىپلار ياخشى ئېيتقان،
كىشى تاماقنى قانچە ئاز يېسە، ساغلام ۋە خۇشال ياشايدۇ.

4642. كىسەلسىز ئىسەنلىكنى تىلىسەڭ،
”ئاز“ ناملىق دورىنى يېگىن، ساق ياشىغىن، ئەي بەگزادە.

4643. ھالاۋىتى ئۇزۇن خاتىرجەملىكنى تىلىسەڭ،
”تىل“ نامىلىق گۆشنى يېگىن، ساق ياشا، ئەي زات.

## 66

## ئۆگدۈلمشنىڭ ئودغۇرمشقا زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش قائىدىسىنى ئېيتدۇ

4644. ئەگەر سەن كىشلەرنى تەكلىپ قىلماقچى بولساڭ،
تەكلىپ قىلغىن، لېكىن ئىشىڭنى پۇختا تەييارلىغىن.

4645. قاچا ـ قومۇچ، داستىخان، ئۆي ـ مۈلۈك (ۋە) تۆشەكلەرنى پاكىز تۇت،
تۆشەك سال، يېمەك ـ ئىچمەك (ۋە باشقا) كېرەكلىكلەرنى (تەييارلا).

4646. يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى پاكىز تەييارلا، لەززەتلىك بولسۇن،
(مېھمانلار) قول ئۇزىتىپ، ئارزۇلاپ يېسۇن.

4647. (مېھمان) تەكلىپ قىلمىغاندا ئاش ـ تائامنىڭ قوسۇرى بىر بولسىمۇ (بىلىنمەيدۇ)
(مېھمان) تەكلىپ قىلغاندا (تائامنىڭ) قوسۇرى بىر بولسا،
(يېگەنلەر) يۈز قىلىدۇ.

4648. يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىمكانىقەدەر پاكىز (ۋە) ياخشى تەييارلىغىنكى،
كەلگەن (مېھمانلارنىڭ) ھەممىسى تويۇپ قوپسۇن.

4649. دوست، قېرىنداش، يىراق ـ يېقىنلارنى
بىردەك زىياپەتكە تەكلىپ قىل، ھەققىنى ئادا قىل.

4650. كېلىدىغانلىرى كېلىدۇ، ئەگەر كەلمىسە،
كېيىنچە كۆڭلى قالمايدۇ.

4651. نەپسىنىڭ خاپىلىقى يامان بولىدۇ،
ئۆچەكىشىپ ئاداۋەت ساقلايدۇ، (بۇ ئاداۋەت) ئۆلگەندىلا قالىدۇ.

4652. دىققەت قىلىپ، ھەممىگە ئاش ـ تائامنى يەتكۈزۈپ بەر،
كېچىكىپ كەلگەنلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ تائام يېگۈز.

4653. كىشىلەر ئاش يېسە كېيىن ئىچكۈ تۇتقىن،
ئۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تولۇقلاپ قوي.

4654. يېمەك بار يەردە، ئىچىملىكمۇ بولۇشى كېرەك،
يېمەكنى ئىچىملىك بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

4655. يېمەكنىڭ يېنىدا ئىچىملىك تەييار بولمىسا،
ئۇ تاماق يېگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇغا بولىدۇ.

4656. خالىسا شەربەت بەر، خالىسا مەيزاپ (بەر)،
خالىسا گۈل شارابى، خالىسا جۇلاپ (بەر).

4657. بۇنىڭدىن باشقا (يەنە) نېمە بېرىشىڭنى
مەندىن سورىما، باشقا (مېھمانلاردىن) سورا.

4658. ئۇلۇغلار تائام يەپ تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن،
كىچىكلەرگە يېمەك ـ ئىچمەك تارتىش كېرەك.

4659. ھەممىگە تاماقنى تەلتۆكۈس يەتكۈزۈپ بەرگىن، چالا قويما،
ئاچ قايتۇرما، (سېنى) سۆكۈپ قايتمىسۇن.

4660. ئاش ـ تائام يېيىلىپ بولغاندا، يەل ـ يېمىش قوي،
قۇرۇق ـ ھۆل يېمىشلەردىن ۋە ئاز ـ تولا سىمىشكا قوي.

4661. كۆچۈك يەتسە، يىرتىش قىل، يېپەك (رەختلەر) تارقات،
چىش ھەققىنى بەرگىن، گەپ ـ سۆزلەر بېسىلسۇن.

4662. (شۇنىڭ بىلەن) زىياپەت ئىشلىرى تامام بولىدۇ،
دەرۋازىنى ئېچىۋەت، قايتقۇچىلارنى تۇتۇپ قالما.

4663. زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنىدىغانلار تۆت تەبىقە بولىدۇ،
كېلىدىغانلارمۇ تۆت تەبىقە بولىدۇ، ئەي بوتام.

4664. بىرى، تەكلىپ قىلسا، زىياپەتكە بارىدۇ،
ئىمە بەرسە، شۇنى يەپ ـ ئىچىدۇ.

4665. (لېكىن) ئۆز ئۆيىگە ئادەم تەكلىپ قىلمايدۇ،
ئۆيىدە ئاش ـ تامىقىنى ئۆزى يالغۇز يەيدۇ.

4666. يەنە بىر (خىل) كىشلەر زىياپەتكە بارىدۇ،
قارنساك، ئاشنى يەيدۇ، جاۋابەن ئاشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

4667. يەنە بەزى كىشلەر زىياپەتكە بارمايدۇ،
كىشلەرنىمۇ ئۆيىگە چاقىرمايدۇ.

4668. بۇنداقلار ئۆلۈكتۇر، تىرىك ھېسابلىما،
بۇنداقلارغا قوشۇلما، (بىللە) تىرىكچىلىك قىلما.

4669. يەنە بىر خىل تەبىقە تەكلىپ قىلىنسىمۇ زىياپەتكە بارمايدۇ،
مال سويۇپ، باشقىلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ.

4670. بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يوسۇندۇر
دانا بىلىمدانلار ماختىغان قىلىق ئەنە شۇدۇر.

4671. مەيلى زىياپەتكە بارغىن ياكى بارمىغىن،
گېلىڭنى تىيىپ، تاماقنى ئاز يېگىن، سالامەت ياشىغىن.

4672. نەزەر سال، كۆپ يېگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ،
چىرايى سېرىق، ماغدۇرسىز، ئېتىبارى يوق بولىدۇ.

* 4673. كۆڭلى، بىلىمى كەڭ، (كىشىنىڭ) مىزاجىنى بىلگۈچى
تېۋىپلارنىڭ سۆزى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان:

4674. "كىشىگە كېسەل گالدىن تاماق بىلەن كىرىدۇ،
كېسەل كىشىنى قىرىتىدۇ، تولۇق ياشىيالمايدۇ.

4675. گېلىڭنى تىيىپ، دائىم كېسەلسىز ياشا،
كېسەل — كىشىنىڭ يۈزىنى سولدۇرىدۇ."

4676. قارا، زىيابەت ئىشلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ،
تەكلىپ قىلغانىڭىزدا بارساڭمۇ ۋە تەكلىپ قىلساڭمۇ
(شۇنداق) .

* * *

4677. بۇلارنى مەن سۆزلىدىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، سۆزنى ئۇزارتما.

4678. ئەگەر كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىساڭ،
دۇنيانىڭ ئەھۋالى، قائىدە - يوسۇنلىرى ئەنە شۇنداق.

4679. ئەي دىلىمنىڭ روشىنى، ھەقىقىي يېقىن (دوستۇم) ،
سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ياخشىراق ئويلان.

## 67

## ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ بارىغا قانائەت قىلماقنى ئېيتىدۇ

4680. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
(سۆزلىرىڭنى) ئاڭلىدىم، ئەمدى جاۋابىنى ئاڭلا،

4681. سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى كىمدەكىم ئۆگەنسە،
بۇ دۇنيادا ئارزۇ - تىلىكىگە ئېرىشىدۇ.

4682. ۋە لېكىن، تىرىكچىلىك يەپ - ئىچىشتىنلا ئىبارەتمۇ؟
ئەي دانا ئالىم، ئالدى بىلەن بۇنى بىلىش كېرەك.

4683. كىشى شۇنچە مۇشەققەت بىلەن (مال - دۇنيا) يىغىپ،
ئۇزۇن ياشىيالمىسا، مال - دۇنيا يىغىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

4684. ئادەم بۇ دۇنيا (مېلىنى) تىلەپ يۈگۈرۈپ (يۈرسە)،
تائەت - ئىبادەت ئىشى توختاپ قالىدۇ.

4685. بۈگۈن سەن مېنىڭكىگە كەلگىنىڭدىن بېرى،
ئىبادەتلىرىمنىڭ ھەممىسى قېپقالدى، قارا.

4686. پەقەت بىر ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىش ئۈچۈن،
شۇنچىلىك زىيان بولغانىكەن. قوي، زورلىما.

4687. مەن ئۆزۈم شەھەر - كەنتكە كىرسەم،
بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىم كىشىلەر بىلەن بولىدۇ.

4688. تائەت - ئىبادەتلىرىمنى قانداق ئادا قىلىمەن،
بۇ جەھەتتىن ماڭا ئىشىك يېپىلغان بولىدۇ.

4689. ياشلىقىمدىن ئۆتۈپ كەتتىم، بۈگۈن قېرىدىم،
(ئەمدى) خۇداغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ياشىشىم كېرەك.

4690. بەھۇدىلىك تەرەپكە قايتا يېنىش
ماڭا يارىشارمۇ، ئەي مېھرىبان كىشى؟

4691. بىلىمى دەرىيادەك (كەڭ) دانىشمەن قانداق ياخشى تەلىم بەرگەن،
بۇنى چۈشەنگىن، ئەي كۆڭلى تۈز.

4692. يىگىتلىكتە قېرىلىق (ئۈچۈن) ئىشلە،
قېرىغاندا كۈچتىن قالىدۇ، كىشى (ئۇنىڭغا) ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

4693. يىگىتلىكتە خۇدانىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن ئالدىرا،
قېرىلىقتا بۇنى يېتەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ، (بۇنى) بىل.

4694. كىچىك ئوغۇل (ۋاقتىڭدىلا) ئىش - ھەرىكىتىڭنى ياخشى قىل،
قېرىلىق يەتكەندە بۇ ئوت ئۆچىدۇ.

* 4695. قارا، يىگىتلىك مەزگىلىدە ھەممە ياخشىلىقلاردىن
ئۆز ھەسسىسىنى ئالسا، قانداق ياخشى بولىدۇ.

4696. قارا، كىشى قېرىغاندا، يىگىتلەرچە ئىش قىلىپ،
بىمەنە بولسا، نېمىدېگەن ياراشمايدۇ (ھە)!

4697. دۇنيانىڭ نەرسلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر،
تىرىكلىك تۈگىسە، مال ـ دۇنياغىمۇ ئېھتىياج تۈگەيدۇ.

4698. مال ـ دۇنيا توپلايمەن، دەپ (بۇ) تىرىكلىك تۈگەيدۇ،
نەپەس ئۈزۈلسە، بۇنىڭ كىمگە قالىدىغانلىقى ئېنىق.

4699. سەن ئېيتقان ئەلىگ خىزمىتىنىمۇ قىلاي،
دوست ـ بۇرادەر ۋە خەلق خۇلقىنى ئۆگىنەي.

4700. ئاخىر ئۆلۈپ كەتسەم، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟
ساڭا ئىككى بۆزدىن (باشقا) تېگىدىغان (نەرسە) يوق!

4701. شۇنچۇۋالا كۆيۈپ ـ پىشىش، مۇزلاپ تىترەشنىڭ
ئىككىلا مۇددىئاسى بار، ئەي مەرد مۇسۇلمان.

4702. بىرى، (بۇ) دۇنيا مېلى بىلەن ئۆزۈڭنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
يەنە بىرى، ئەلدە سۆزۈڭ ئۆتىدىغان بولۇش.

4703. بۇ ئىككى نەرسىگە ئېرىشىپ،
ئۆلمەيدىغان، مەڭگۈ ياشايدىغان (ئىش) بولسا، بەك ياخشى
ئىدى!

4704. ئۆلۈم مەندىن بۇ ئىككى ھالاۋەتنى تارتىۋالىدۇ،
(شۇنداق ئىكەن) بۇ دۇنيانى نېمە قىلىمەن، ئەي بىلىمدان!

4705. ياخشىلىقى ھەر كۆڭنى ئارتىپ بارسا،
بۇ ـ بەختلىك كىشىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

4706. كىشى ئەگەر بەختسىز بولسا، كىشىنى سوۋۇتىدۇ،

قېرىلىق مەزگىلىدە قىلىقى بۇزۇلىدۇ.

4707. بىلىمى كەڭ دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقان،
ئەي خۇش چىراي، بۇنى سەن ئاڭلا:

* 4708. "قانچە يۈكسەلگەنسېرى يامانلىقنى قويۇپ، بارغانسېرى ياخشى بولسا،
بۇ كىشىنىڭ بەختلىك بولغىنىدۇر.

4709. قېرىغاندىمۇ ھەۋەس كەينىدىن يۈگۈرسە،
بىلگىنكى، بۇ تامامەن بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسىدۇر."

4710. بۇ دۇنيا ئارزۇلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن،
ئۆزىگە تۆمۈر قەلئە ــ تۇرا ياساتقان (كىشى) قېنى؟[1]

4711. بۇ دۇنيانى ئېگىلەپ، قارا قۇشقا مىنىپ،
كۆك ئاسمانغا چىققان ئاشۇ يامان ئىت قېنى؟[2]

4712. "خۇدامەن" دەپ دەۋا قىلغان،
خۇدا تەرىپىدىن دېڭىز تېگىگە غەرق قىلىنغان مەلئۇن قېنى؟[3]

4713. بۇ دۇنيا ماللىرىنى توپلىغان ۋە
ماللىرى بىلەن (بىللە) يەر قەھرىگە كىرىپ كەتكەن (كىشى) قېنى؟[4]

① شەددات كۆزدە تۇتۇلغان، ئۇ ئەپسانىۋى شاھ بولۇپ، ئۆزىگە "باغى ئېرەم" ناملىق بىر جەننەت ياساتقان.
② نەمرۇد كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ فىرئەۋن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ، خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن دېڭىزغا غەرق قىلىنغان، دېيىلىدۇ.
④ ئەپسانىۋى باي قارۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

4714. شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ،
ئەللەرنى ئىگىلىگەن دۇنيا بېگى قېنى؟①

4715. تايىقى (ھاسىسى) يىلان بولغان،
دېڭىز يېرىلىپ، ئوتتۇرىسىدىن كېچىپ ئۆتكەن (كىشى) قېنى؟②

4716. پەرى، قۇشلارغا ۋە ئادەمزاتقا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇ ئادىل (شاھ) قېنى؟③

4717. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن كىشى قېنى؟④
ئاخىر ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە دۇچار بولدى.

4718. ئادەملەرنىڭ سەرۋەرى، (تاللانغىنى) قېنى؟⑤
دۇنيا ئۇنىڭسىز بوش قالدى، يېتىمسىرىدى.

4719. بۇ سانغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى،
قارا، سېنى تاشلاپ قوياتتىمۇ، ئەي خۇلقى پاك؟!

4720. بۇ دۇنيانىڭ قانۇنى ئەنە شۇنداقتۇر،
خالىساڭ قانۇننى تۇت، خالىساڭ (ئۇنىڭ) ئەكسىنى (تۇت).

4721. قارىغىنا، قوڭغۇر يەر قوينىغا
نى - نى ئادەملەر كىرىپ كەتتى، (ئېكىن) قوينى تولمىدى.

4722. قارا يەر قېتىنى ئېچىپ كۆرسەڭ ئىدىڭ،

---

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 356 — 323 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② مۇسا پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
③ سۇلايمان پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
④ ئەيسا پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.
⑤ مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆزدە تۇتۇلغان.

نى ـ نى سەرخىل، ئېسىللارنىڭ ھەسرەتتە ياتقىنىنى كۆرەتتىڭ!

4723 نى ـ نى بەگلەر قارا تۇپراق بولۇپ ياتماقتا،
نى ـ نى بىلىملىك ئالىملار ئۆلۈپ تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتتى.

4724. مەن بەگ بىلەن قۇلنى ئايرىيالمايمەن،
كۆزۈم كەمبەغەلنى بايدىن پەرق ئېتەلمەيدۇ.

4725. ئاغرىپ، كېسەل بولمىغان نى ـ نى جەسۇر، مەغرۇر ئادەملەر
قارا يەر تېگىگە كىرىپ، قىمىرلىماي ياتىدۇ.

4726. ئاشۇنداق ئادەملەر قارا يەر تېگىدىن ئورۇن ئالدى،
ئەمدى سەن بىلەن مەن تىرىك قالاتتۇقمۇ؟

4727. كىشلەر كارۋاندۇر، ئۇ (ھامان) يۈرۈپ تۇرىدۇ،
چوڭ يولدا ئۆي ياساپ مەنزىل تۇتمايدۇ.

4728. ھەممە ئارزۇ ـ تىلەكلەرنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلدىم،
قويۇۋەت، پەقەت بىر خۇدا ماڭا يار ـ يۆلەكتۇر.

4729. كىشىنى قۇل قىلىدىغان ھەۋەستۇر،
بۇ ھەۋەسنى تاشلىدىم، كۆزۈم توق يۈرىمەن.

* 4730. دۇنيادىن ۋاز كەچكەن، بىۋاپا دۇنيادىن
كۆڭلى قايتقان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4731. "مەن دۇنيادا تىلەگەنلىرىمگە ئېرىشتىم،
ھېرسلىق كۆڭۈلدىن كۆزۈم يىراق.

4732. مەن دۇنيانىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى تاشلىدىم،
تىلەكلىرىم تۈگىدى، سۆزۈم كېسىلدى.»

4733. بۇ دۇنيا دېگەن بىر ئېتىزدۇر،
ئۇنىڭغا نېمە تېرىساڭ، كېيىن شۇ ئۈنىدۇ.

4734. ياخشى ئۇرۇقنى چاچساڭ، ياخشىلىق ئۈنىدۇ،
بۇ ياخشىلىق (ساڭا) يېمەك، كىيىم ـ كېچەك بولىدۇ.

4735. يامانلىق ئۇرۇقى چېچىلسا، يامانلىق ئۈنىدۇ،
بۇ يامانلىق ئاقىۋەتتە بوينۇڭغا يۈك بولىدۇ.

4736. بۈگۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى تاشلىمىغۇچە،
ئەتىكى ياخشىلىققا ئېگە بولۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس.

4737. (دۇنيا) سېنى تاشلىماستىلا، سەن دۇنيانى تاشلا،
سەندىن زېرىكمەستىلا، سەن ئۇنىڭدىن زېرىك، كۆزۈڭدىن يوقات.

4738. سەن ئۇنى تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى تاشلايدۇ،
ئۇنىڭدىن زېرىكمىسەڭ، ئۇ سەندىن زېرىكىدۇ.

4739. ئېرىشىپ (يەنە) تاشلاپ كەتسە، جاھاننىڭ نېمە كېرىكى؟
(ئۇ) سېنى (ھامان) تاشلايدۇ، (شۇڭا) سەن ئۇنى تاشلا!

4740. بۇ دۇنيانى قوي، ئۇ دۇنيانى تىلىگىن،
ئۇ (دۇنيا)دا مەڭگۈ راھەت ئىچىدە ياشا.

4741. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىراقى باركى،
ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ھەر ئىككى دۇنيانى ئىزدىمە.

4742. يۇر، ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسىنى ئىزدە،
دۇنيا ۋە ئاخىرەت — بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

4743. تۆرەلدۇرگۈچكە ئېرىشسەڭ، تۆرەلگەنلەر سېنىڭدۇر،
ياراتقۇچىنى تاپساڭ، يارىتىلغانلار سېنىڭدۇر[1].

4744. يارىتىلغاندىن قورقما، ئۇنىڭدىن تىلەك تىلىمە،
ياراتقاندىن قورق، ئۇنى يۆلەكچى قىل.

4745. ياراتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىشنى كەينىگە قويۇپ،
يارالغانغا خىزمەت قىلماق مۇناسىپ بولامدۇ؟

4746. خىزمەت قىلغۇچى ئىككى نەرسىدىن باشقىغا ئېرىشمەيدۇ،
يا خىزمىتى يارايدۇ، بېشى كۆتۈرۈلىدۇ.

4747. ياكى خىزمىتى — ئەمگەكلىرى يارىمايدۇ،
كۆڭلىرى — ئۆمرى بىھۇدە زايە بولىدۇ.

4748. خىزمىتى يارىسا، بەگ ئۇنى ئۆستۈرسە،
بۇنىڭغا يېتىشكەن كۆڭلى ئۆزى ئەركىسىز بولىدۇ.

4749. بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈگۈرۈش كېرەك،
بېگى ياتسا، ئۇ جاپا چېكىشى كېرەك.

4750. ئەگەر بۇ قىلغان خىزمەتلەر لايىق كۆرۈلمىسە،
ئەپسۇسكى، ئۆمۈر پۈتۈنلەي زايە بولىدۇ.

---

[1] بۇ بېيىتتە خۇداغا سىغىنىپ، خۇدا مەرھەمىتىگە ئېرىشسەڭ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نازۇنېمەتلەر ساڭا خاس بولىدۇ، دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

4751. خىزمەتچىگە مەنپەئەت نېمە، بۇنى ئۇچۇق ئېيت،
بۇ خىزمەتلەردە قانداق لەززەت بار؟

* 4752. خىزمەتچى قائىدىسىنى سۆزلىگەن
ئىلى ھاكىمى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4753. نەزەر سالساڭ، بەگلەرنىڭ ئىشى تەتۈر بولىدۇ،
شۇنچە كۆپ خىزمەت قىلساڭمۇ، كىشى دەرھال يارىماي قالىدۇ.

4754. خىزمىتى ياراپ قالسا، ئۇ ئۆزىگە ئەركىسىز بولىدۇ،
خىزمىتى يارىمىسا، كۆڭلىدىن - كۆڭگە ئېتىباردىن چۈشىدۇ.

4755. ئەي كۆپ خىزمەت قىلغۇچى، خىزمەتكە ئىشەنمە،
(قىلغان) خىزمىتىڭ ئاخىر بېشىڭنى ئېگىدۇ.

4756. "رازى بولدى" دېگەندە، بەربات قىلىپ، سۆكىدۇ،
"چىراي ئېچىلدى" دېگەندە، غەزەپلىنىپ قاپىقىنى تۈرىدۇ.

4757. (ئۇنىڭ) قىلىقلىرىنى تۇگەل بىلىپ بولمايدۇ
ھەمدە ئالدىنغانلىقىمۇ ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

4758. (ئەي) ئوغۇل، نەزەر سال، بۇ دۇنيا بورانلىقتۇر،
ئۇ بىر كۆلەڭگىدۇركى، (تۇرىدىغان) قارارى يوق.

4759. ئۇ (بەئەينى) سەراپتۇر، قارىساڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ،
تۇتاي دېگەندە، غايىب بولىدۇ، يوقاپ كېتىدۇ.

4760. قارا، بۇ دۆلەت دەرىجىسى نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ،
ئۇ قاچقۇن، بىۋاپا ھەم تېز قېرىيدۇ.

4761. ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا كېرەك ئەمەس،
دۆلەتمۇ، ئۇنىڭ كېلىش ئۆۋۈتىمۇ (كېرەك ئەمەس)، ئەي مەرد يىگىت.

4762. ئىگەمنىڭ يادى ماڭا ھەمراھ بەس، (ئۇ) سۆيۈنچمگە سۆيۈنچ،
ئۇنىڭ يارلىقى (مەن ئۈچۈن) كۇپايە، شادلىقىمغا شادلىق.

4763. ئىگەمنىڭ سۆيگىنى كۇپايە قىلمىسا،
دۇشمىنىم شەيتاندۇر، شۇنىڭ بىلەن ئېلىشمەن.

4764. تىلىكىمنى ئۇنىڭدىن (تىلەيمەن)، ئۇنىڭدىن ئۇمىد (كۈتىمەن)،
سىغىنغان ئىگەم شۇ، ئۇنىڭدىن شادلىق كۆرىمەن.

4765. كىيىمىم قوي يۇڭى، يېمىكىم ئارپا ئېشى بولسا كۇپايە،
(دېمەك) دۇنيا ماڭا يېتەرلىك، ئەي قېرىنداش.

* 4766. غارلاردا ياشىغۇچى، تەقۋادار،
مېھرىبان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4767. "دۇنيادىن ئۆزۈمگە تېگىشلىكىنى ئالدىم،
سۆك ـ كېپەك تامىقىم، كىيىمىم قوي يۇڭى، شۇ كۇپايە."

4768. سۆك ـ كېپەك ماڭا شېكەردىن تاتلىقتۇر،
بۇ بۆز ئاق (ماتا) تون، يىپەك (تون)غا تەگدۇر.

4769. ھەرقانداق يېمەك ـ ئىچمەك قورساق تويغۇچە يېيىلىدۇ،
مەيلى ئارپا، تېرىق بولسۇن ئاچلىقىمنى تويغۇزىدۇ.

4770. ئەي قېرىنداش، ئۆلمىگۈدەكلا بىرنەرسە يېگىن،

ئۇيەدەك يەپكەتمىگەن، مىزاجىڭ بۇزۇلىدۇ.

4771. لەززەت قوغلاشما، لەززەتنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدۇ،
لەززەتلىنىش بەدىلىگە يېتىدىغان ئورنۇڭ — چوڭقۇر پاتقاقلىقتۇر.

4772. ئاچچىق ـ چۇچۇك تائام گالنىڭ لەززىتىدۇر،
گال لەززىتىنى قوغلاشقان كىشى ھايۋاندۇر.

4773. يىپەك، زەر كىيىم ـ كېچەكلەر كىشلەر كىيىدىغان (نەرسلەر-
دۇر)،
بەدىنىڭنى ياپالىسلا بەس قىل، ئەي كىشلەرنىڭ ياخشىسى.

4774. قورساق بىر تويسا ئىككى كۈنگە يېتىدۇ،
كىيىم كىيسە، بىر تون ئىككى يىل چىدايدۇ.

4775. بۇ ئىككى (نەرسە) ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى قۇل قىلىپ،
بىلىپ تۇرۇپ، كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلسام يارىشامدۇ؟

4776. ئېگىز ئەرشتىن تەھتىسسارىغىچە،
بارلىق مەۋجۇداتلار بىردەك موھتاجلىقتا ياشايدۇ.

4777. پەقەت بىرلا خۇدا موھتاجسىزدۇر،
ئۇ موھتاجلارنى بىلگۈچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

4778. كۆڭلۈمنى ئىخلاس بىلەن بىر خۇداغا باغلىدىم،
تىلىگۈچى (سۈپىتىدە) ئۇنىڭدىنلا تىلەك تىلەيمەن.

4779. ئۇنىڭ بارلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ماڭا ئايان،
دىلىم بىلەن ئىشىنىمەن، تىلىم بىلەن ئۇنى ماختايمەن.

4780. بارلىقىغا ئىقرارمەن، ئۈيقۇسىز ئۈنى ئىزدەيمەن،
قەيەردىن تېپىشىم ئۈزۈمىكىمۇ بەلگىسىز.

4781. ئۈخلىماي ئىگەمنى ئىزدەيمەن،
نىشانىغا ئېرىشمەنۇ (لېكىن) ئۈزىنى كۆرەلمەيمەن.

4782. تىلىگەن ئۈخلىمايدۇ، تىنماي ئىزدەيدۇ،
ئىزدەپ تاپالمىدىم، دەپ كەينىگە يانمايدۇ.

4783. تىنماي ئىزدىگۈچىلەردىن ئۈنى تاپقانلار يوق،
ئىزدىسەممۇ تاپالمىدىم، دەپ يانپاشلاپ ياتقانلار يوق.

4784. تىلىگۈچى تىنماستىن يۈگۈرۈشى كېرەك،
ئارامخۇدا ياتقانلار تىلىگىنىنى تاپالمايدۇ.

4785. تىنماي ئىزدىگۈچى نېمىلەرگە ئېرىشمەيدۇ،
تىنىپ ياتسا، ئارزۇ - تىلەككە كىم يېتەلەيدۇ؟

4786. ئالدى بىلەن ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ، ئارزۇ قىلدى،
ئەمدى مەن تىرىشىپ ئۈنى ئىزدىمەكچىمەن.

4787. ئاۋۋال ئۇ مېنى خالىدى، ئۇ ئەزەل ئىدى،
ئەمدى مەن پۈتۈنلەي ئۈنىڭغا ئىنتىلدىم.

4788. مۇشۇنداق بىر ئىگەمنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەيمەن،
ئۈنى ئىزدەپ تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئالدىرىمايمەن؟

4789. ئۇ (مېنىڭ) ھاجىتىمغا، يالغۇزلۇقۇمغا يارايدۇ،
بالا - قايغۇ كەلسە، ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرىدۇ.

4790. ئالدى بىلەن ئۇ خالاپ مېنى تاللىدى،
(شۇ سەۋەبتىن) مەن ئۇنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

4791. مېنى ئۇ ياراتتى، بۇ چىن سۆزۈمدۇر،
ئۇ مېنى پەرۋىش قىلدى، ئۆستۇردى.

4792. خەلقتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭغا سىغىندىم،
ئۇ ھەر جەھەتتىن مېنى ئاسرايدۇ.

4793. ئۆزۈم يالغۇز قالغاندا، ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە،
(قىلىدىغان) سۆزلىرىمگە ئىگەمنىڭ نامى كۇپايە.

4794. ئاۋۇنچۇم، پاناھىم، يۆلەنچۇكۇم، ئىشەنچىم،
ئاچلىقىمنى تويغۇزغۇچى ئاشۇ بىر ئىگەمدۇر.

* 4795. (ئۆزىنى) پاك تۇتقان، ئىگىسىگە ھەقىقىي باغلانغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4796. "كۆڭۈلدىكى سىرىمنى ساڭا ئاچىمەن،
تىلەك - ئارزۇيۇم بىلەن ساڭا (قاراپ) ئۇچىمەن.

4797. كۆيۈنگۈچى، ئاۋۇنقۇچى، يۆلەك بولغۇچى ئىگەم،
ھەممە (نەرسە)دىن (قول) ئۈزدۇم، ساڭىلا ئىنتىلىمەن."

4798. ئۇ دۇنيادىكى ئورنۇڭنى بۇ دۇنيا (بەلگىلەيدۇ)،
بۇ (دۇنيا)نى قويمىغۇچە، ئۇ (دۇنيا)نى كىم تاپالايدۇ.

4799. بۇ دۇنيانى تاشلاپ، يۈز ئۆرۈپ كېتىش كېرەك،
شۇنداق قىلغاندىلا، ئاخىرەتلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4800. ۋاپاسىز دۇنياغا بەكرەك ئېسىلىۋالسا،
مەڭگۈلۈك دۇنياغا قانداق ئېرىشكىلى بولسۇن؟!

4801. (بۇ) دۇنيا خەتەرلىكتۇر، ئۇنىڭ شەرۋىتى ئوغىدۇر،
بارلىق يېمەك ــ ئىچمەكنىڭ ساپ ــ پاكىزىنى ئىزدە.

4802. بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ ــ تىلەكلىرىدىن ۋاز كېچىش كېرەك،
ئاندىن ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئورنىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4803. ئەي ئۆگدۈلمىش، بۇ ھەقىقەتنى بىلگىن،
مەن ساڭا ئۆز بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي.

4804. كىشى تۆت نەرسىنى تامامەن تاشلىمىغۇچە،
باشقا تۆت (ئىشنى) ياخشى قىلالمايدۇ:

4805. بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى تولۇق تاشلىمىغۇچە،
ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلالمايدۇ، ئەي ئىشەنچلىك كىشى،

4806. (ئەي) قېرىنداش، كىشىلەردىن يىراقلاشمىغۇچە،
خۇدا ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ، ئاداش.

4807. ھاۋايى ــ ھەۋەس بوينىنى ئۈزمىگۈچە،
ۋۇجۇدۇڭنى توغرا يولغا باشلىيالمايسەن.

4808. دۇنيانىڭ ھەممە (نەرسىلىرىنى) كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك،
ئاندىن خۇدانىڭ سۆيگۈسى (يولىغا) ھەقىقىي ماڭغىلى بولىدۇ.

4809. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىر قونالغۇدۇر،
قونالغۇدا راھەت ــ پاراغەت ئىزدىمە، كۆڭلۈڭنى تۈزەت.

4810. غەيرەت قىل، ۋۇجۇدۇڭغا نىسۋە بەرمە،
شۇنداق قىلغاندىلا (توغرا) يولغا كىرەلەيسەن.

4811. ئۆتۈۋاتقان زامان – كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە،
ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە يەنە ئېرىشەلمەيسەن!

4812. ئۆتكەن كۈنلەر بىھۇدە ئۆتسە، كېيىن پۇشايمان قىلسەن،
ئۆمۈرنى زايە قىلساڭ، (ئۇنىڭغا) يەنە ئېرىشەلمەيسەن!

* 4813. ئەنە بىلىمى دېڭىز، ئۆزى كەمتەر، مۇلايىم،
كۆڭلى يۈكسەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

4814. شەھەردىن شەھەرگە كۆچكەن كىشى
يۈك – تاقلىرىنى ئالدىن ئەۋەتسە، ئىشنى ئۆز – سەرەمجان
قىلغان بولىدۇ.

4815. كۆچمەستىن ئاۋۋال، يۈك – تاقلىرىنى ئالدىن ئەۋەتىۋەتسە،
كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن پايدىسىنى كۆرىدۇ.

4816. يۈك – تاقلىرىڭنى مەيلى ئەۋەت، مەيلى ئەۋەتمىگىن،
ئۆزۈڭ بەربىر كۆچسەن، بىخۇد بولما.

4817. مەيلى بەگ بول، مەيلى قۇل بول،
ئۆزۈڭ تۇرالمايسەن، (چۈنكى) ئۆلۈم يولغا چىققان.

4818. مەيلى مىڭ (يىل) ياشا، مەيلى ئون سەككىز (يىل ياشا)،
(بەربىر) ئۆلسەن، ياخشى نامىڭدىن ئىز قالدۇرغىن!

4819. مەيلى باي بول، مەيلى كەمبەغەل بول،

ئۆتكەن يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆمرۈڭنى يەيدۇ.

4820. (مەيلى) بېشىڭ كۆككە يەتسۇن، (مەيلى) بۈيۈك ئاتالغىن،
كىرىپ ياتىدىغان ئورنۇڭ قارا يەر قوينىدۇر.

4821. هاياتلىقتا ئېرىشكەن كىشى ئۆمۈرنى بىهۇدە ئۆتكۈزسە،
ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان بولىدۇ، ئۇ هايۋاندىن پەرقسىزدۇر.

4822. كىشى ئېسەنلىككە ئېرىشكەندىمۇ ئۆمۈرنى زايە قىلسا،
بۇ، كۆركەمسىز (مەنىسىز) ياشىغانلىقتۇر، ئەي قېرىنداش.

4823. ئەي قېرىندىشىم، سەن مەن ئۈچۈن قايغۇرما،
كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈپ، ئۆز قايغۇڭنى قىل.

4824. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەك تۇزاقچىدۇر،
تۇزاققا ئىلىنمە، سېنى مەھكەم ئىلىندۇرىدۇ.

4825. بۈگۈن (ساڭا) دۆلەت كەلسە، ئارزۇيۇڭچە ئىش قىل،
(لېكىن) ئۇنىڭغا (تولىمۇ) ئىشىنىپ كەتمە، يەنە كېتىدۇ.

4826. ئۆلۈمگە بىخۇد بولما، (ئۇنى) يىراق (دەپ) ئويلىما،
ئۇ كۈتۈلمىگەندە پىستىرمىدىن چىققاندەك پەيدا بولىدۇ.

4827. غەپلەتتە قالغان مىڭلارچە (كىشىنى) ئۆلۈم (بىردىنلا) باستى،
توپلىغان نۇرغۇن (دۇنيالىرىنى) ئۆلۈم چېچىۋەتتى.

4828. كۆڭلى سەگەك (كىشى) نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئۆلۈمگە بىخۇد بولما، بالاسى تېگىدۇ:

4829. "قارا، نۇرغۇن ئۇيۇشقانلارنى ئۆلۈم پارچىلىدى،
ئۆلۈم ئىسمىگە كەلسە، كۆز (يېشىم) بۇلاقتەك ئاقىدۇ.

4830. 'مەنمەن' دەپ كۆكسىگە ئۇرغانلارنىڭ بىرەرسىمۇ قالمىدى،
قوشۇن - ئەسكەر ۋە پۇختا قوراللارمۇ پايدا بەرمىدى."

4831. بىخۇد بولما، تىرىكلىك چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدۇ،
كۈن - زامانلار يېتىپ كەلمەسكە كېتىدۇ.

4832. راھەت - پاراغەتكە ئاۋۇنۇپ كەتمە، كۆڭلىرىڭ زايە بولىدۇ،
بۇ بەختكە ئىشەنمە، ئۇ قەبىھ، ۋاپاسىزدۇر.

4833. "مەن بۈيۈك" دېگۈچىلەرنى ئۆلۈم تۇتتى،
"مەن ئۇلۇغ" دېگۈچىلەرنىمۇ ئۆلۈم ئۇتۇپ چىقتى.

4834. ئۆلۈم ئوردا - سارايلارنى، كۆپلىگەن شەھەر - كەنتلەرنى بۇزدى،
ئۆلۈم قەسىر - ئايۋانلارنى، مىڭلىغان ئۆيلەرنى خانىۋەيران قىلدى.

4835. نەچچە مىڭلىغان تىرىكلەر ئۆلدى، يەر تېگىگە كىرىپ يوقالدى،
(ئۇلار) بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى كۈتۈپ ياتماقتا.

4836. ئۆلارغا قاراپ باق، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ،
بەگ نەدە، قۇل نەدە (ياتىدۇ)، بىلەمسەن؟

4837. ئۇلۇغلۇق ئۆلۈمگە كار قىلمىدى،
ئۆلۈمدىن قاچىدىغان كىچىك تېپىلمىدى.

4838. ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنى ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى،
ئۇنىڭغا (قارشى) كىم دورا - دەرمان، قورال تاپالايدۇ؟

4839. بۇ جاپاكەش دۇنيا ئىشەنچسىزدۇر،
قىلىقلىرى ۋاپاسىز، قىلمىشلىرى قەبىھدۇر.

4840. قانداق ئۆتكۈزسەڭمۇ كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ ۋە ئەگرىسىمۇ، توغرىسىمۇ — (ھەممىسى)
ئۆتۈپ كېتىدۇ.

4841. توقلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاچلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
بەگكە يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ ياكى باي، قۇلنى ئايرىمايدۇ.

4842. (ئۇنىڭ) نە راھەت ـ پاراغىتى ئۇزۇن، نە مۇشەققىتى،
(شۇنداق ئىكەن) مۇنچە شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈشنىڭ نېمە
كېرىكى؟

4843. ھەربىكتى بىلەن دىلى بىردەك بولغان،
بىلىمى كەڭ دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقان:

4844. "ئادەم ئازغىنە ياخشىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ،
ئاسمان ـ پەلەككە يەتكۈدەك سۆزلەيدۇ.

4845. قانچىلىغان مەغرۇر، شۆھرەتلىك ئەرلەرنى
ئۆلۈم كۆكسىنى ئېزىپ، كۆزىنى چىقاردى."

4846. ساڭا چىن ـ مېھرىبانلىقىم ئاشۇ بولغاچقا،
بۇنى ساڭا سۆزلىدىم، ئەي سېخىي.

4047. كىمدەكىم بۇ ئەھۋالنى ھەقىقىي بىلسە،
بۇ دۇنيانى (ھەرگىز) ئۆزىگە يېقىن تۇتمايدۇ.

4848. يىگىتلىكىمنى يوقاتتىم، پېشىم ئۆلغايدى،
بېشىمدىن ئىپار (تۈسى) كېتىپ، كافۇر (تۈسى) قاپلىدى.

4849. ئەي ئادەملەرنىڭ ياخشىسى، بۇندىن كېيىنكى كۈنلەر،
شۈبھىسىز، ئۆلۈمگە ھازىرلىنىش مەزگىلىدۇر.

4850. ئۆلۈم قايغۇسى كەلدى، شادلىق كەتتى،
بىلگىنكى، ئۆلۈمدىن كېيىن ئىشىمىز قانداق بولىدۇ؟

4851. ئۆزۈم بۇ قايغۇ - ئەلەم بىلەن مەشغۇل ئىكەنمەن،
قانداقمۇ ئەلىگ (ئالدىغا) بارالايمەن، ئەي خۇشخۇي!

4852. ئەلىگكە مەندىن پايدا بولمايدۇ،
پايدا يەتكۈزسۇن دېسىمۇ، پايدا يەتكۈزەلمەيمەن.

4853. ئەگەر بۇ دۇنيالىق (ئۈچۈن) مېنى خالىغان بولسا،
مېنى (ئۆز يېنىغا) بارغان ھېسابلاپ، توغرا (يولدا) ماڭسۇن.

4854. قۇدرەتلىك خۇدا ئادەم ئوغلىنى
ئىككى ئىش ئۈچۈن ياراتتى (ۋە) نام بەردى:

4855. (بۇ بولسىمۇ) دوزاخقا ياكى جەننەتكە بەگ قىلىش،
قەدىرلىك قىلىش ياكى تۆۋەن - پەس قىلىش.

4856. قەدىرلىك قىلىشنى خالىسا، يول كۆرسىتىپ بەردى،
خار بولۇش يولىنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ بەردى.

4857. بەندە ئۆز بەندىلىكىنى ئادا قىلىشى
(ۋە) خۇدانىڭ تەۋپىقىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

4858. ئەگەر بەندە خۇدانىڭ تەۋپىقىگە ئىگە بولسا،
جىمى ياخشىلىقلار ئۇچۇن يول ئېچىلىدۇ.

4859. غەيرەت قىلىپ ئىبادەتنى بەجا كەلتۈرگەندىلا،
ئاندىن كۆپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ.

4860. مانا مېنىڭ بىلدىنغانلىرىم مۇشۇلار ئىدى،
(بۇلارنى) ساڭا سۆزلىدىم، ئەي ياخشى دوستۇم.

4861. سىلەرگە مەندىن پايدىلىق سۆزلەر كېرەك،
ئۆزۈمگە قارىغاندا سۆزلىرىم ياخشىراق.

4862. ئەگەر ئاخىرەتلىكنى ئىزدىسەڭ، ئۇنىڭ يولى ئەنە شۇ،
ئەگەر (بۇ) دۇنيالىقنى ئىزدىسەڭ، ئۆزۈڭ تولۇق بىلىسەن.

4863. پەلەك (ساڭا) يۈزلەندى — بەختىڭ كەلدى،
ئارزۇيۇڭ نېمە بولسا، شۇ كېلىۋېرىدۇ، (بۇنىڭغا) ئىشەن.

4864. سىلەرگە پايدا بەرگۈدەك ياخشى ئىشتىن باشقا
مەندە (يەنە) نېمە بار، ئەي ياخشى دوست.

4865. ئەلىگ مېنى تەگرىگە تاپشۇرسۇن،
ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇئاگۇي بولاي!

4866. بىلىممىنى سورىسا، ئەنە بىلگەنلىرىمنى ئاڭلىدىڭ،
نېمە دېگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەر.

4867. سۆزۈمگە ئەمەل قىلىڭلار، ئەگەر ئەمەل قىلمىساڭلار،
بۈگۈن ئىشەنمىگەن (ئىشلارنىڭ) ھەممىسى ئەتىلىككە (بېشىڭ-

لارغا) كېلىدۇ.

4868. ئەي بىلىمى دېڭىز، بۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغانكى،
بۇنىڭغا ئەمەل قىلىنسا، يۈز يورۇق بولىدۇ:

4869. "قارا، بۇ سۆزۈم بۈگۈن ساڭا چۈش(تەك) بىلىنىدۇ،
ئەتىلىككە ئۇ يەردە ساڭا ھەمراھ بولغىنىنى كۆرسەن.

4870. بىخۇد بولما، غەيرەت قىلىپ، سۆزۈمگە ئەمەل قىل،
ئەگەر ئەمەل قىلمىساڭ، دېگىنىمگە دۇچ كېلىسەن."

4871. ئەلىگدىن مېنىڭ ئۆزرەمنى سوراپ قوي،
نېمە لازىم بولسا، ئامال - چارىسىنى قىل.

4872. سەن كېلىپ - بېرىپ مۇشەققەت چەكتىڭ،
ئەجرىنى خۇدا بەرسۇن، كۆڭلەڭ يورۇپ كەتكىن.

4873. مەن ئۈچۈن دىلىڭنى مالال قىلما، ئەي قېرىنداش،
يېقىنلىقىڭدىن مېنى سىرتتا قويما.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4874. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
مەن ئەمدى ھەقىقەت يولىنى چۈشەندىم.

4875. سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، زېھىن بىلەن چۈشەندىم،
سۆزۈم تۈگىدى، ئەمدى سۆزۈڭگە كۆندۈم.

4876. سۆزنى توغرا سۆزلىدىڭ، بۇ ئىشەنچلىك سۆزدۇر،

بۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ (ھەممىسى) ئەگرى يولدۇر.

4877. چىنلىق سەن تەرەپتە بولدى، مېنىڭ (سۆزۈم) ئويۇن،
ئويۇننى قويۇپ، چىنلىققا بويۇن ئېگمەن.

4878. ئەمدى مەن قايتاي، سەن ئامان - ئېسەن قالغىن،
ئەي ئىككى دۇنيالىقى (بار) تاپقۇر (كىشى).

4879. خۇدا ساڭا تەۋپىق، كۈچ - قۇۋۋەت بەرسۇن، قېرىنداش،
دۇئادا ئۇنتۇما، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتمە.

4880. مېنىمۇ خۇدادىن تىلەپ تۇرغىن،
خۇدا دىلىمنى ئويغىتىپ، كۆڭلۈمنى يورۇق قىلسۇن.

* * *

4881. ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگەتتى، ئورنىدىن قوپتى،
خوشلاشتى ۋە ئۆي تەرەپكە يۈزلەندى.

4882. ئېتىنى مىندى، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ (ئۆيگە) كىردى، بىرئاز دەم ئالدى.

4883. يەپ - ئىچتى ۋە بىردەم خىيالغا چۆمۈپ دەم ئالدى،
ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئۈزۈن مۇلاھىزە قىلدى.

4884. قۇياش يۈزىگە قارا پەردە تارتتى،
دۇنيا يۈزى بارا - بارا قارا تۈزانغا پۈركەندى.

4885. رۇمى قىزى چېكە چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۈزىنى ياپتى،

يەر يۈزى پۈتۈنلەي قارا چاچ رەڭگىگە كىردى.

4886. ئاسمان پۈتۈنلەي زەڭگى يۈزىگە ئايلاندى،
ئۈچار (قۇشلار) تىنىدى، ھەرىكەت قىلغۇچىلار توختىدى.

4887. تاھارەت ئېلىپ، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى،
تۆشەك سېلىپ يېتىشقا ھازىرلاندى.

4888. ئازراق ئۇخلىدى ـ دە، يەنە ئويغاندى،
ئەنە، زۆھرە يۇلتۇزى تۆۋەنگە ئېڭىشكەندى.

4889. يەنە قارىدىكى، ئۈكەر بېشى تۆۋەنگە ئېڭىشىپتۇ،
شەرقتىن چايان[1] كۆتۈرۈلۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ.

4890. يەنە بىرئاز كۈتتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى،
قاراۋۇلغا ئوخشاش كۆزىنى يۇممىدى.

4891. بىرئاز ۋاقىت خىيال سۈرۈپ، ئۇيقۇسىز، ئويغاق ياتتى،
ئاسمان قىرغاقلىرى كافۇر رەڭگىگە كىردى.

4892. ئاسمان خۇددى ئەنبەر پۈركىگەندەك قاراڭغۇلاشتى،
يەردىن قىزىل نەيزىدەك (قۇياش نۇرى) كۆتۈرۈلۈپ، پۇتاقلىرىنى
يايدى.

4893. قۇياش ئۆرلىدى، يەر يۈزىدىن چاڭ ـ تۇمان كۆتۈرۈلدى،
توققۇز ھال رەڭ تۇغ يېقىنلىشىشقا باشلىدى[2].

---

① چايان — تارازا يۇلتۇز تۈركۈمى.
② ئەتىگەنكى شەپەق نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

4894. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى،
نامىزىنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

4895. قىزىل نەيزىلىك قالقان يەرنى قىزارتىشقا باشلىغاندا،
(ئۆگدۈلمىش) تۇرۇپ سارايغا ماڭدى، توپتوغرا (ئىچكە) كىردى.

* * *

4896. ئەلىگ (ئۇنىڭ كەلگىنىنى) ئاڭلىدى، كىرىشكە ئىجازەت بەردى،
ئۇ كىرىپ، ئەلىگ (ئالدىدا) قول قوۋۇشتۇرۇپ (تۇردى).

4897. ئەلىگ ئىشارەت قىلىپ، ئولتۇرۇشقا يەر كۆرسەتتى،
(ئۆگدۈلمىش) ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئەدەپ بىلەن كۆرسىتىلگەن يەردە ئولتۇردى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4898. بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن ئەلىگ سۆز باشلاپ
شۇنداق دېدى: ئەي خۇش پېئىل، قېنى سۆزلە.

4899. قېرىندىشىڭ نېمە دېدى، ئىشلىرىڭ قانداق بولدى،
تىلىكىڭ نېمە بولدى، دوستۇڭ كېلەمدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4900. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى،
نېمە دەپ سۆزلەشكەنلىرىنى توپتوغرا سۆزلەپ بەردى.

4901. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى
تەپسىلىي ھالدا ئەلىككە بايان قىلدى.

4902. ئەلىگ بىرئاز ۋاقىت جىم بولۇپ قالدى، ئويلاندى،
كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4903. (ئەلىگ) دېدى: ئۇ قېرىنداشنىڭ توغرا سۆزلەپتۇ،
ئۇ ئېيتقان، دېگەن سۆزلەر (ھەقىقىي) سۆزلەردۇر.

4904. بۈگۈن بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلماقتىمىز،
ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم قىلىپ رەنجىتمەكتىمىز.

4905. بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، ئۇ (ھېچكىمگە) قالمايدۇ،
قالغان ئۆمۈر قانچىلىك، بۇنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

4906. شۈبھىسىز، مەڭگۈلۈك دۇنيا (چوقۇم) كېلىدۇ،
راھەتمۇ، جاپامۇ ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ.

4907. ئۇ، ئۇ يەردە راھەتكە ئېرىشسە، ھۇزۇر شۇ،
ئورنى ياخشى بولۇپ ياخشى ئىز قالدۇرىدۇ.

4908. ئۇ قېرىنداشنىڭ تامامەن سەگەك ئىكەن،
ئۇنى چاقىرىپ، بۇ يەرگە ئەكېلىشىمىز ناتايىن.

4909. بىز ئۆزىمىز ھەۋەسكە تۇتقۇنمىز،
زامانلار ۋە كۈنلەر بىھۇدە ئۆتمەكتە.

4910. كۆڭلى تىرىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
(ئۇ) ساڭا ياخشى سۆز قىلىپ، پەند ـ نەسىھەت بەردى:

4911. ھاۋايى ـ ھەۋەس دۇشمەندۇر، (ئۇ) ئەگەر غالىب كەلسە،
شۇبھىسىز، سېنىڭدىن كونا ئۆچىنى ئالىدۇ.

4912. ھاۋايى ـ ھەۋەس نەپسى تىرىلسە، قەلب ئۆلىدۇ،
قەلب ئۆلسە، تائەت ـ ئىبادەت قېپقالىدۇ، ئەي ئوغۇل.

4913. بۇگۈن بىزنىڭ قەلبىمىز ئۆلگەن ئوخشايدۇ،
ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ، نەپسىنىڭ بوينى يوغىناپ كەتتى.

4914. ئۇلۇغلۇق، ئۇستۇنلۇك (ۋە) بەختلىك كۈنلەر،
ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، ئەي كۆڭلى تۈز.

4915. قارىساڭ ئۇنىڭ راھىتى ئاز، مۇشەققىتى كۆپ،
باش ئاغرىقى، قارغىش، سۆكۈشلىرى خېلىلا كۆپ.

* 4916. دۇنيانى سىناپ، پىشى ئۇلغايغان،
بىلىملىك كىشى بەك ياخشى ئېيتىپتۇ:

4917. "ئۇلۇغلۇققا ئارتۇقچە مەغرۇرلىنىپ كەتمە،
ئۇلۇغ بولساڭ، باش ئاغرىقى (كۆپ بولىدىغانلىقى) نى بىل.

4918. قەيەردە شادلىق بولسا، ئاخىر (بىر) بالا كېلىدۇ،
قەيەردە راھەت بولسا، مىڭ (خىل) جاپامۇ بىللە كېلىدۇ."

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4919. ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئۇنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىم مۇنداق ئىدى:

4920. مېنى ياخشىلىققا (دەۋەت قىلىشقا) سەۋەب بولسا،
دىلىم ياشناپ كېتەر ئىدى، ئەي پالۋان.

4921. (ئۇ) قاتتىق تۇرىۋالدى، بۇ يەرگە كېلىشكە ئۇنىمىدى،
دوست، بۇرادەر، قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە (رازى بولمىدى).

4922. ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قارىسا، ھەممىسى توغرا،
ئەمدى ئۇنى زورلاشقىمۇ بولمايدۇ.

4923. سەن (ئوتتۇرىدا) يۈرۈپ، كۆپ جاپا چەكتىڭ،
كۆپ سۆزلەشتىڭ، جىق يول ماڭدىڭ، ھاردىڭ.

4924. ئەمدى كۈتەيلى، قاراپ باقايلى، ئەي سېخىي،
ئاخىر ئەھۋال، ۋاقىت ـ پۇرسەت قانداق بولىدىكىن.

4925. كەلگۈسىنىڭ ئىشلىرى قاراڭغۇ تۈن ئىچىدە تۇرغان(دەك غۇۋا)،
ئۇنى يورۇق كۈنلا يورۇتالايدۇ، ئەي ياخشى دوست.

4926. زامانىنىڭ ئۇقىياسى بەتلەگىلىك تۇرىدۇ،
بەزىدە پايدا كەلتۈرىدۇ، بەزىدە زىيان سالىدۇ.

4927. ھەرقانداق ئىشنى خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە قويۇش كېرەك،

ئۆز (ۋاقتى) كەلگەندە پۈتىدۇ، (يولى) ئېچىلىدۇ، ئەي سەگەك.

4928. ھەرقانداق (بىر) ئىشنى قىلىپ، لەززەت ئالالمىسا،
(ئۇنى) مەلۇم ۋاقىت تاشلاپ قويۇش كېرەك، ئەي بىلىمى كامىل.

4929. بۇ دۇنيانىڭ خۇيى ـ پەيلى شۇنداقكى، ئەگەشسەڭ قاچىدۇ،
تاشلىۋەتسەڭ، ئۆرۈلۈپ ساڭا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

4930. مەلۇم ۋاقىت كۈتەيلى، ئۇنى سىناپ (كۆرەيلى)،
زامان كۆڭۈللىرىنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى قانداق بولىدىكىن!

4931. ئۇ بەلكىم بىزنى خالىشى مۇمكىن،
ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆزى تېخىمۇ ياخشى (ئىش) قىلار.

* * *

4932. شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەلىگ سۆزىنى تۈگەتتى،
ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن سىرتقا چىقتى.

4933. بۇ سۆزلەردىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى،
ئەلىگ ئويغا چۆمدى، (ئىشنىڭ) ھەممە تەرىپىگە نەزەر سالدى.

## 68

# كۆنتۆغدى ئەلىگىنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

4934. بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى (ۋە)
ساڭا (يەنە) بىر ئىشنى قىلىش لازىم بولدى، دېدى.

4935. چاقىرسام، قېرىندىشىڭ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدى،
مەن بۇ ئارزۇ – تىلىكىمگە ئېرىشەلمىدىم.

4936. مەن بۇ ئارزۇ قىلغان تىلىكىمدىن كەچتىم،
ئەمدى تىلىكىمگە يېتىش ئۈچۈن باشقا بىر يولنى (تاللىدىم).

4937. قارا، مېنىڭ ھازىرقى تىلىكىم مۇنداق،
ئۆزۈم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرەي.

4938. مەن ئۇنىڭ (ئالدىغا) باراي، ياكى ئۇ ماڭا كەلسۇن،
زىيارىتىمنى ئۇ يورۇق يۈزگە ئېيتقىن.

4939. مېنىڭ (ئالدىمغا) كېلىپ، تەربىيە ۋە نەسىھەت بەرسۇن،
ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئىشلىرىنى قىلسۇن.

4940. ماڭا پايدىسى تەگسۇن، ئۇنىڭغا زىيان بولمايدۇ،
قەلبىمدىن ھەممە ناپاكلىقلار تازىلانسۇن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4941. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
(بۇ) ھەقىقەتەنمۇ دەل جايىدا بولغان بولاتتى، ئەي قۇتلۇق زات.

4942. ئەلىگ خالىغان بولسا، بۇ ئىشنى قىلىمەن،
يارلىق بېرىلسە، يەنە ئۇنى تەكلىپ قىلىمەن.

4943. باراي، ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى ئېيتاي،
ئەلىگ بارمىسۇن، مەن ئۇنى كەلتۈرەي.

4944. ئەلىگ يەنە بىر مەكتۇپ يېزىپ بەرسۇن،
ئۇقۇپ ئىشەنسۇن (ۋە ئۇ) مۇلايىم بۇ يەرگە كەلسۇن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4945. ئەلىگ ئېيتتى، ئەمدى مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى،
مەكتۇپقا قارىغاندا سەن ئىشەنچلىكرەك ئەمەسمۇ، ئەي زىرەك؟

4946. خەت ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمگە بېرىلىدۇ،
سەندىنمۇ ئىشەنچلىك يەنە كىم بار؟

* 4947. كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ ئەقلى يېتىلگەن،
ياخشى ياغما بېگى نېمە دېدۇ، ئاڭلا:

4948. "ئەلچىگە ئىشەنسە، مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى،
ئىشەنچىگە ئىگە بولغاندا (ئېھتىيات) چارىلىرىنىڭ نېمە
ھاجىتى."

4949. ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزۈڭنى ئېيت، جاۋابىنى ئاڭلا،
يەنە مەكتۇپ يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى، زېرەك؟“

4950. بۇ ئانچىلىك ئېغىر كەلگۈدەك،
چۆچۈپ، يىراق قاچقۇدەك ئىش ئەمەس.

4951. شۇنچىلىك سۆزگە مەكتۇپنىڭ ياكى چارە - تەدبىرنىڭ نېمە ھاجىتى؟
ئەي زېرەك، سەن مەن ئۈچۈن ھەم مەكتۇپ، ھەم ئىشەنچ!

4952. بۇ يەرگە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، ئاندىن قايتىپ كەتسۇن،
زورلاپ تۇتۇپ قالمايمەن، ئۇنىڭغا ئەرك بېرىمەن.

4953. قارا، سېنى مۇشۇ ھاجەت ئۈچۈن ئەۋەتمەن،
ياخشىلىق بىلەن چاقىرغىن، زورلىما.

4954. (ئۇ) بۇ ياققا كەلمىسە، مەن ئۇ يەرگە باراي،
يۈزىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلەي.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلگىگە جاۋابى

4955. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، (شۇنداق) دېدى:
خۇدا يار - يۆلەكتە بولسا، بۇ تىلەك ئورۇندىلىدۇ.

4956. شەخسەن ئۆزۈم ناھايىتى غەيرەت قىلىپ،
بۇ ئارزۇ - تىلىكىڭنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن تىرىشىمەن.

4957. ئەلىگ ئالىيلىرى ئامان ـ ئىسەن بولسۇن،
خۇدا بارچە تىلەك ـ ئارزۇسىغا يەتكۈزدۇ.

* * *

4958. (ئۆگدۈلمىش) ئورنىدىن تۇرۇپ (سىرتقا) چىقتى، ئاتلاندى،
ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، تونلىرىنى يەشتى.

4959. (قۇياشنىڭ) قىزىل مەڭزى ئۆزگىرىپ، سېرىق تۇسكە كىردى،
دۇنيا ئالتۇن رەڭگىدەك ساپ (قىياپەتكە) كىردى.

4960. قۇياش يۈزىگە سېرىق زەپىرەك سۈرتتى،
دۇنيا ئۆز رەڭگىنى زەڭگەرگە ئۆزگەرتتى.

4961. ئاسمان مەشۇقلار قېشىدەك (قارا) بولدى،
دۇنيا زەڭگى ـ ھەبەشلەر تۇسىگە كىردى.

4962. (ئۆگدۈلمىش) تامىقىنى يەپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى،
ئورۇن سېلىپ ياتتى، ئازراق ئۇخلىدى.

4963. سېرىق بۇلبۇل ئۈنلۈك سايرىدى،
(ئۆگدۈلمىش) چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇيقۇسى كەلمىدى.

4964. (بۇلبۇل ئاۋازىغا) قۇلاق سېلىپ، بىرئاز ئويغاق ياتتى،
بۇ ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ، ئورنىدىن قوپتى.

4965. ئۇيقۇسى قاچتى، كېچە ئۆزۈنغا سوزۇلغاندەك (تۇيۇلدى)،
كۆڭلىنىڭ يورۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئارزۇ قىلدى.

4966. ئاسمان كېيگەن قارا كۆڭلەكنى يىرتتى،
چۆمپەردىسىنى ئاچتى، يورۇق يۈزى كۆرۈندى.

4967. (قۇياش) ئۆرلەپ، گۈزەل قىزدەك كۈلۈپ قارىدى،
دۇنيانىڭ كۆنگەي ھەم تەسكەي تەرىپى يورۇدى.

4968. (كۈن) تۇغۇپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، يۈزىنى كۆرسەتتى،
دۇنيانىڭ بارلىق ۋادىلىرى ھەم دەريالىرىنى يورۇتتى.

4969. (ئۆگدۈلمىش) يەنە قوپۇپ تاھارەت ئالدى، كىيىم - كېچەكىنى كىيدى،
ناماز ئوقۇدى، ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى.

* * *

4970. ئېتىنى تۇتۇپ مىندى، بىر خىزمەتچىسىنى ئېلىپ،
خۇشال - خۇرام ھالدا قېرىندىشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

4971. ئۇ تۇرغان يەرگە يېقىن كەلگەندە، ئاتتىن چۈشۈپ،
دەرۋازىغىچە ئاستا پىيادە باردى.

4972. قولى بىلەن دەرۋازىنى ئاستا قاقتى،
قېرىندىشى ئاڭلاپ، ئورنىدىن قوپۇپ، ئىشىكنى ئاچتى.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4973. كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆگدۈلمىشنى كۆرۈپ،
ئەي قېرىندىشىم، سەن ئىشنى ئۇزارتتۇەتتىڭ، دېدى.

4974. ئېمىشقا زورمۇزور ئۆزۈڭنى قىينايسەن،
ئېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق قەستەن يېپىشۋالسەن؟

4975. يۇر، (ئۆيگە) كىرەيلى، سۆزلىرىڭنى ئېيت،
سەن ئېمە ئۈچۈن يەنە قايتا (بۇ يەرگە) كەلدىڭ؟

* * *

4976. بۇ ئىككى قېرىنداش بىللە ئۆيگە كىردى،
قېرىندىشىغا زاھىت قاپىقىنى تۇردى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4977. كەلگەن قېرىندىشى شۇنداق دېدى: ئەي ئېسىل،
قاپىقىڭنى تۇرمە، ئالدى بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلا.

4978. سەن ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسنى كەم - كۈتىسىز
ئەلىگكە يەتكۈزدۈم، تەپسىلىي بايان قىلدىم.

4979. ئەلىگ سۆزۈمنى چۈشەندى، ھەممىسنى ئاڭلىدى،
سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ كۆپ ھەيران بولدى.

4980. ئەي قېرىنداش، سېنى ئەمدى (ئۆز ئىختىيارىڭغا) قويۇۋەتتى،
بۇنىڭدىن تاشقىرى باشقا بىر تىلىكى بار.

4981. بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى ساڭا ئەلچى (قىلىپ) ئەۋەتتى،
سەن مېنى ئۇيالدۇرما، ئەي باتۇر.

4982. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئېنىق چەك - چېگرىسى بولىدۇ،

ئىشگىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە، ئەي شەۋكەتلىك.

4983. ئەقللىق (بالا) نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزنىڭ ئاساسى ھەممە نەرسىگە ماس كېلىدۇ:

4984. "ھەرقانداق ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمە،
چېكىدىن ئېشىپ كەتسە (ئۇ ئىش) سەندىن قاچىدۇ.

4985. ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇناسىپ چېكى، (ئۆز) پەيتى بولىدۇ.
ھەرقانداق نەرسە ئۆز پەيتى بىلەن ساغلامدۇر."

4986. ئەلىگ ئەمدى ئاۋۋالقى تەلىپىدىن كەچتى،
(سېنى) بىر زىيارەتكە چاقىرىدۇ، (ئۇنىڭغا) يۆلەك بول.

4987. سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن، يا ئۇ سېنىڭ (قېشىڭغا) كەلسۇن،
يۈزۈڭنى بىر كۆرسۇن، ئەي قورسقى كەڭ (كىشى).

4988. ئەي قېرىنداش، بۇنىڭدا ساڭا زىيان يوق،
ماڭا ھەمدەم بول، ئەي باغرى تاش.

4989. ئەلىگ ئۆزىمۇ بىر ياخشى سۇلتاندۇر،
كەمبەغەللەر ــ مىسكىنلەرگە جېنى سۆيۈنىدۇ.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4990. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، شۇنداق دېدى:
(بۇ سۆز) ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر، ئەي كۆڭلى تۈز.

4991. مۇسۇلمان قېرىنداشقا مۇسۇلمان قاياشتۇر،

ئەلۋەتتە (بىر ـ بىرىنى) زىيارەت قىلىشىدۇ، ئەي دىلىمنىڭ يېقىنى.

4992. بۇ سۆزگە تەن بەردىم، بويۇنۇمنى ئېگىمەن،
بۈگۈن مەن ئۇنى زىيارەت قىلاي.

4993. بۇنىڭدىن ئاۋۋال مەن ئۇنىڭ (ئالدىغا) بارمىدىم،
(چۈنكى) ئۇ مەندىن ئۆزگە مەنپەئەت تىلەيتتى.

4994. ئۇنىڭدىن كېچىپ، توغرىلىق يولىنى تۇتتۇپتۇ،
توغرا يولغا مەنمۇ كىرىمەن، كۆندۈم (بۇنى) بىل.

4995. (مەن) ئەلىگ (ئالدىغا) باراي، ئەلىگ (بۇ يەرگە) كەلمىسۇن،
جاپانى مەن چېكەي، ئۇ چەكمىسۇن.

4996. ئەلىگ ئەل بېگى، خەلقىنىڭ ئۇلۇغىدۇر،
ئۇنى كۆپ ھۆرمەت قىلىش ۋە قەدىرلەش كېرەك.

4997. (ئادىل) يول تۇتۇپ، سۆزىنى توغرا قىلسا،
ئەلدە يامانلارنىڭ ئىزىنى يوقىتالايدۇ.

* 4998. ئەقىللىق، ئېغىر ـ بېسىق، كۆڭلى يۈكسەك زات
نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي بىلىمى دېڭىز:

4999. "رەئىيەتكە بېگىنىڭ يارلىقى ۋاجىپتۇر،
چوڭ ـ كىچىك (ھەممىسى) ئۇنى ئاڭلاپ، قەدىرلىشى كېرەك.

* 5000. بەگ كۈمۈشكە سېتىپ ئېلىنغان ھىندۇ (قۇل) بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ، سۆزىنىمۇ قەدىرلەش كېرەك."

5001. مەنمۇ ئەلىك يارلىقىنى قەدىرلەيمەن،
زىيارەت قىلىپ، (ئۆنىڭغا) يېقىن بولمەن.

5002. يۇر، ئەمدى قايتقىن ئەلىككە سۆزۈمنى (يەتكۈز)،
مېنى كېلىدىغان بولدى، دەپ خەۋەر قىل.

5003. يورۇق دۇنيا يۈزىگە پەردە تارتقاندا،
ئاندىن مەن (ئۇ يەرگە) بارىمەن، ئەي كونا قەدىردانىم.

5004. كۈندۈزدە كىشىلەر مېنى كۆرسە، ئەگىشىدۇ،
مېنىڭ (ھەققىمدە) سۆزلەپ، ئۆزىنى ئۇتقا ئاتىدۇ.

5005. يۇر، ئەمدى قايتىپ كېتىپ، مېنى ئۆيدە كۈت،
مەن سېنىڭكىگە بارىمەن، ياتماي بىرئاز كۈتۈپ تۇر.

5006. ئالدى بىلەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي،
نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاندىن مۇھاكىمە قىلايلى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5007. ئۆگدۈلمىش خۇشال بولدى (ۋە مۇنداق) جاۋاب بەردى:

بۇ ناھايىتى چىرايلىق ھەم خەيرلىك (ئىش) بولدى.

5008. ئەمدى مەن قايتىپ، ئەلىك ئالدىغا باراي،
بۇ سۆزلەرنى ئېيتاي، ئۇقۇپ خۇشال بولسۇن.

5009. مەن (كەتكەندىن) كېيىن سەن سۆزلىرىڭنى تەييارلا،
ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا ئۇ يەرگە يېتىپ بار.

* * *

5010. ئىككىلىسى بىر سۆزگە پۈتۈشتى،
(ئۆگدۈلمىشنىڭ) چىرايى ئېچىلىپ، ئۇ يەردىن چىقتى.

* * *

5011. يەنە تەكرار نەسىھەت قىلىپ، دېدى: ئەي قېرىنداش،
ۋەدەڭنى بۇزما، كەلگىن، ئەي دىلىمنىڭ يېقىنى.

5012. قۇياش يەرگە قايتىپ، يۈزىگە پەردە تارتقاندا،
دۇنيا يۈزىنى كۆمۈر رەڭگىگە كىرگۈزگەندە.

5013. سېنى ئۆيدە كۈتىمەن، مېنىڭكىگە كەلگىن،
سەن ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويىمەن.

* * *

5014. ئېتىنى مىنىپ، توپتوغرا ئەلىگ (ئالدىغا) ماڭدى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ، ئىجازەت سوراپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىردى.

5015. ئۇققان سۆزلەرنى ئەلىگكە يەتكۈزدى،
ئەلىگ خۇشال بولۇپ، چىرايى ئېچىلدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5016. ئەلىگ دېدى: بۇ ئىشنىڭ ھەممىسى ياخشى بولدى،
ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى سۆزلىگىنىڭدەك راست بولسا ئىدى.

## 69

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش يېنىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

5031. قارا، ئودغۇرمىش تۇرۇپ، ئاستا كەلدى،
ئۆگدۈلمىش (ئۇنى) كۈتۈپ قارشى ئالدى.

5032. سالاملاشتى، ئاندىن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشتى،
بۇ ئىككى مۇلايىم (كىشى) ئۆيگە كىرىشتى.

5033. (ئالدىغا) ئاش – تائام قويدى، كۆز ئالدىدا يېگۈزدى،
ئەلىگكە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى.

5034. ئەلىگ ئاڭلاپ، دەرھال جاۋاب قايتۇردى،
ئۇلارغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ، (ئالدىغا) چاقىردى.

## 70

## كۈنتۇغدى ئەلگنڭ ئودغۇرمش بلەن
## كۆرۈشكەنلكى ئېيتلدۇ

5035. ئككيلەن (ئورندن) تۇرۇپ، ئەلگ هۇزۇرغا كردى،
ئەلگ كۆرۈپ، (ئورندن) تۇرۇپ (ئالدغا) باردى.

5036. ئالدى بلەن ئەلگ سالام قلدى،
زاهت (ئورندن) تۇرۇپ (سالامنى) ئلك ئالدى.

5037. ئەلگ زاهت بلەن قول ئېلشپ كۆرۈشتى،
خۇشاللق بلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، هال ـ ئەهۋال سوراشتى.

5038. ئۆزگە يېقن يەردن ئورۇن كۆرسەتتى،
ئالاهدە مېهربانلق بلەن ئۇنى هۆرمەتلدى.

5039. دېدى: ئەي ئودغۇرمش، سەن مۇشەققەت چەكتڭ،
بۇ يەرگە ئۆزۈڭ پىيادە كەلدڭ.

## ئودغۇرمشنڭ ئەلگكە جاۋابى

5040. ئودغۇرمش جاۋاب بېرپ دېدى:
سېنى كۆرۈش بلەنلا (چەككەن) جاپالرمنى ئۇنتۇدۇم.

5041. سىنىك (ئالدىڭغا) ئۆز ئارزۇيۇم بىلەن كەلدىم،
(شۇنداق ئىكەن)، مەن قانداقمۇ جاپا چەككەن بولىمەن، ئەي
ئەلىگ؟

5042. كىشى ئۆز تىلىكى بويىچە ماڭسا،
چوقۇم تىلىكىگە يېتىدۇ، ھېرىپ قالمايدۇ.

* 5043. ئەقىل - ئىدراك بىلەن دۇنياغا داڭق چىقارغان
بۆكە يابغۇسى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5044. كۆڭۈل ئارزۇ قىلسا، يىراق يېقىن (بولىدۇ)،
كىشى تىلىكىگە ئەلۋەتتە تېز يېتىدۇ.

5045. كىشى (چىن) كۆڭۈلدىن ئارزۇ قىلىپ، (يول) ماڭسا
ئۇ ئارزۇسىغا يېقىنلىشىپ تېز يېتىدۇ.

5046. كۆڭۈل خالىمىغان ھەرقانداق يەرگە قەدەم باسسا،
ئۇ قانچىلىك يېقىن بولسىمۇ، يىراقلىشىدۇ.

5047. قەدەم تاشلىغان كىشى جاپا چېكىدۇ،
(لېكىن) كۆڭۈل (خالاپ) ماڭسا، جاپا بىلىنمەيدۇ.

5048. ئەي ئەلىگ، ساڭا كۆڭلۈم (خاھىشى) بىلەن كەلدىم،
بىلگىنكى، ماڭا قانداقمۇ جاپاسى تەگكەن بولىدۇ؟

5049. نەزەر سال، كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، خالىسا،
(ئۇ) يەر قانچە يىراق بولسىمۇ، يېقىن تۇيۇلىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا سوئالى

5050. ئەلىگ دېدى: ئالدى بىلەن سەندىن
سورايدىغان سۆزۈم بار، بۇنىڭغا جاۋاب بەر.

5051. مانا، سەن كۆڭلۈڭ خاھىشى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭ،
ۋە لېكىن، بۇ ئىش قانداقلارچە بولدى، باتۇر؟

5052. بىلىسەنكى، سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى ئۇلۇغ،
كىم ئالدى بىلەن سالام بەرسە، (پەزىلەت) يولىنى شۇ ئاچقان بولىدۇ.

5053. (سەن) مېنى كۆرگەندە سالام قىلمىدىڭ،
بۇ پەزىلەتنى ۋە ساۋابنى نېمە ئۈچۈن خالىمىدىڭ؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5054. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
مەن بىلىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن سالام قىلمىدىم.

5055. سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولىدۇر،
سالام قىلسا، سالامەتلىكنىڭ ئۈلى قۇرۇلغان بولىدۇ.

5056. سالام كىشى ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكتۇر،
سالام قىلسا، كېيىن جان ئەمىن تاپىدۇ.

5057. بۇنىڭغا تەقلىدتەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇ سۆزنى ئاڭلا، ئەي تۈز كۆڭۈل:

5058. ”سالام قىلغۇچى كىشىگە ئامانلىق تىلەيدۇ،
سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ.

5059. سالام كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت ساقلايدۇ،
جاۋاب بەرگۈچى سالامەتلىك كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ.“

5060. ئۇلۇغلار كىچىكلەرگە سالام قىلىشى كېرەككى،
ئاندىن بارچە ئىشلار (ئۆز) يولىدا بولىدۇ.

5061. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمەل قىلسا،
سالامەت ياشايدۇ ۋە (بالادىن) قۇتۇلىدۇ.

5062. كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەمىن تاپسا،
ئۇلاردىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ سالامەت ياشايدۇ.

5063. مەندىن ئەلىككە قانداقمۇ يامانلىق تەگسۇن،
مەن كىچىك، كىچىكتىن چوڭغا نېمە زىيان تەگسۇن!

5064. ئەلىگ بارچە خەلققە قولى ئۇزۇن،
قاپىقى تۈرۈلسە، خالىغىنىنى قىلالايدۇ.

5065. قاراپ باق، ئاۋام (پۇقرا) بەگكە (ئالدىن) سالام قىلمايدۇ،
بۇنىڭ مەنىسى يۇقىرىقىلاردەكتۇر، ئەي بىلىمى يېتىلگەن.

5066. سەن مېنى ئاۋۋال خىزمەتكە جەلپ قىلىپ،
كۆپ ئارزۇلار بىلەن ئۆز ئالدىڭغا چاقىردىڭ؛

5067. (باشتا) مەن ئۈنىمىدىم، سۆزۈڭنى تۇتمىدىم،

بۇ ئالدامچى دۇنياغا ئىشەنمىدىم.

5068. ئۇ (تەلپەك)نى قويۇپ، زىيارەت ئۇچۇنلا
مېنى چاقىردىڭ، ئەمدى مانا بۇگۈن كەلدىم.

5069. ھازىرغىچە سەندىن ئەيمىنىپ تۇراتتىم،
مانا، سالىمىڭ بىلەن ماڭا ئامانلىق بەردىڭ.

5070. يەنە ئاۋۋالقى سۆزىگە يانامدىكىن دەپ،
سەندىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ تۇراتتىم.

5071. مانا ئەمدى ساڭا تامامەن ھەقىقىي ئىشەندىم،
سەندىن ماڭا پەقەت ياخشىلىقلا تېگىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5072. ئەلىگ (شۇنداق) دېدى: بەگ ئۈچۈن
دېگەن سۆزىدىن يېنىۋېلىش بەك يامان (ئادەت)دۇر.

* 5073. ئەگەر (بەگ) دېگەن سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان بولسا،
ئۇلۇغلۇقىقا ۋە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولالمايدۇ.

5074. تىلى يالغانچى، خۇي - پەيلى غەزەپلىك بولسا،
ئۇنداق كىشى دۇنياغا ھاكىم بولمىسۇن.

5075. يالغان سۆزلەيدىغان، قولى قۇرۇق بولسا،
ئۇ قانداقمۇ خەلققە بەگ بولالايدۇ؟

5076. تەلىمدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق (بىر) سۆز ئېيتىلغان:
(كەم) سۆزىدىن يانسا، بەختمۇ ئۇنىڭدىن يانىدۇ، قاچىدۇ
دېيىلگەن.

5077. كىشىلەرنىڭ يامىنى يالغان سۆزلەيدۇ،
يامانىنىڭ ئەڭ يامىنى ۋەدىسىدىن يانىدىغانلاردۇر.

5078. توغرا سۆزلۈك كىشى بەك ياخشى ئېيتقان،
توغرا سۆزلۈك كىشىگە خۇدا ئەجىر ئاتا قىلسۇن.

5079. "بەگ چىن سۆزلۈك، ۋەدىسىدىن يانمايدىغان، توغرا بولۇشى كېرەك،
سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان (كىشىنى) ئەر ھېسابلىما.

5080. ئەركەك ئېغىزىدىن چىققان سۆزىدىن يانمايدۇ،
سۆزىدىن يانغانلارنى خوتۇن دەپ ھېسابلا."

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5081. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ (شۇنداق) دېدى:
بۇ ياخشى ئادەتلەرگە ئەلىگ ئىگە بولدى.

5082. خۇدا (قول ئاستىڭدىكى) ئەللەرنى (يەنىمۇ) كۆپەيتسۇن،
بۇ ياخشى قىلىق - ئادەتلىرىڭنى (تېخىمۇ) كۈچەيتسۇن.

5083. بەگلەر خەلق ئىچىدە تاللانغان (كىشىلەر) دۇر،
قىلىق ۋە سۆزلىرىنىمۇ ئۈزىدەك خىل تۇتۇشى كېرەك.

5084. بىلىملىكلەر بىلىم بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ:

بەگ ياخشى ۋە توغرا بولسا، خەلقى بېيىيدۇ.

* 5085. دۇنيا (ئىشلىرىنى باشتىن) كەچۈرگەن، كۆپ ياشىغان
ئاقباش (مويسىپىت) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5086. ئەي دۇنيا ھۆكۈمرانى، قىلىقلىرىڭنى ياخشى قىل،
بەخت كېلىدىغان، يەنە كېتىدىغان (نەرسە).

5087. تىرىشىپ ئۆزۈڭگە ياخشى نام قالدۇر،
بەخت ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ، سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

5088. ئەي قۇدرەت ئىگىسى، يامانلىق قىلما،
سۆز، ھەرىكەتلىرىڭ بىلەن كۆپ ياخشىلىق قىل.

5089. ئۇلۇغلۇق ۋە بەگلىك سەندىن يۈز ئۆرۈگۈسى،
پەقەت ياخشىلىقلا سەندىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، ئەي باتۇر!

5090. بۈگۈن ياخشىلىق قازانغىن، خەلق يۈكىنى كۆتۈر،
زامانلار ئۆتۈپ، كەلگۈسىدە ياخشىلىق كېلىدۇ.

5091. بۇ تىرىكلىك كۈنلىرى شامالغا ئوخشايدۇ،
بەخت ئىشەنچلىك ئەمەس، سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5092. ئەلىگ ئېيتتى: چۈشەن، ئەي بىلىمى ئۇلۇغ،
سەندىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ماڭا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەر.

5093. سېنى بۇنچىۋالا چىڭ تۇرۇپ چاقىرىشىمنىڭ (سەۋەبى)
شۇ ئارزۇ ئىدى، ئەي (كۆڭلۈم) توقى.

5094. ماڭا ئەمدى پەند ـ نەسىھەت بەرگىن،
شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقلارغا قولۇم ئۇزۇن بولسۇن.

5095. (ئەتراپىمدا كۆپ) كىشىلەر باركى، (ئۇلار) گال ئاۋارىچىلىقىدا يۈرىدۇ،
توغرا، چىن مېھرىبانلار يوق، ئەي سېخىي.

5096. بۇ بەگلەر بارچە ئارزۇ ـ تىلىكىگە يېتەلەيدۇ،
(لېكىن) ئۆز كۆڭلىگە سىغقۇدەك يۆلەنچۈككە ئىگە بولالمايدۇ.

5097. ئۇردىغا كۆپلىگەن كىشىلەر توپلانغان،
ماڭا پايدىلىق كىشىلەر يوق، ئەي بىلىمدان.

5098. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، بۇ بېيىتتا ئېيتىلغان، ئەي سېخىي،
چۈشىنەي دېسەڭ، مۇشۇنى ئوقۇغىن:

5099. "ئادەم دەپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى كۆپ،
كىشىلەرگە پايدىلىقنى ئىزدىسەڭ، ئۇ قېنى؟

5100. (شۇنداق كىشى باركى) بىر كىشى مىڭ كىشىنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ،
مىڭلاپ كىشى يىغىلسىمۇ (ئۇنىڭ) ئىشىنى قىلالمايدۇ."

* * *

5101. ئەلىگ يەنە ئېيتتى: ئەي ئۇدغۇرمىش،

سەن خۇدانىڭ بارچە پەزىلىتىگە ئېرىشتىڭ.

5102. نامىڭغا يارىشا ھەرىكىتىڭ كامالەتكە يەتتى،
قۇتلۇق تەڭرىم تىلىكىڭنى تۆگەل بەرسۇن.

5103. خۇدا بەرگەن (ئىنايەتلەر)دىن مېنى بەھرىمەن قىل،
كۆڭلۈم تىرىلسۇن ۋە نەپسىم ئۆلسۇن!

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5104. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
سىرتىمغا قارىساڭ كىشىلەر ماختىنىغۇدەك.

5105. ئەگەر ئىچىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئەي دانا،
بۇگۈن مېنى مىڭ (قېتىم) سۆكۈپ، سۈرگەن بولاتتىڭ.

5106. ماڭا "زاھىت" دېگەن نام بېرىلگەندىن (بۇيان)
بۇ نام ماڭا تائەت ـ ئىبادەت بالاسى بولدى.

5107. قارا، مېنى (ھەممىدىن) مەھرۇم قىلغۇچى ئاشۇ نامدۇر،
بۇ نام ئۈچۈن مېنىڭ نەپسىم بېكىتىلگەن (ھالدا) تۇرىدۇ.

5108. كىشىلەر كۆرگۈدەك قىلىپ دۇكىنىمنى ياخشى بېزىدىم،
(لېكىن) بۇ دۇكاندا پايدا يوق، ئېلىپ ـ ساتىدىغان (نەرسىمۇ) يوق.

5109. ئەي ئەلىگ، سەن كىشىنىڭ سىرتىنىلا كۆرمە،
كىشىنىڭ ئىچىگە — ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا.

5110. قوغۇننىڭ سىرتقى پوستى قانچىلىك كۆركەم بولسىمۇ،
پۇرىقى، شەكلى، رەڭگى (چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ)،

5111. ئىچىنىڭ تەمى بولمىسا، ئۇ قوغۇن (بولمايدۇ)،
ئۇنى سىرتقا چۆرۈپ تاشلاش كېرەك، ئەي سىغۇن.

5112. دىلى ئويغاق، (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئىچىگنى بېزە، سىرتىگنى بوياپ، پارقىراتما.

5113. ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدىن بولىدۇ،
ئىچى (ياخشى) بولمىسا، سىرتى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5114. ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي پاك (ئىنسان)،
ئىچىگمۇ، تېشىگمۇ ھەممىسى تۈزۈك (ئىكەن).

5115. بۇ دۇنيانى تاشلاپ، ئۆز يۈكۈگنى يەڭگىللەتتىڭ،
مەن (ئۇنىڭغا) ئىلىندىم، ئېغىر يۈك يۈدتۈم.

5116. بۇ دۇنيانىڭ ئىشى مېنى مەشغۇل قىلدى،
خۇدا ئىبادىتىگە يېتىشەلمەيۋاتىمەن.

5117. ماڭا پەند ـ نەسىھەت بەرگىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلاي،
سۆزلىرىڭ (ماڭا) قۇتاتسۇن، ھەققىي پاكلىناي.

# ئودغۇرمشنڭ ئەلگكە جاۋابى

5118. ئودغۇرمش جاۋاب بېرپ دېدى: (ئەي) بېگم،
هەر خل ياخشلقلارغا سەن ياخشلق بلەن يېتشكن.

5119. خۇدانڭ قۇللرى (ئچدە) مەندنمۇ يامانراقى يوق،
باشقنى (ئۇنداق) بلمە، ئەي بلمى دەريا.

5120. ئەي ئەلگ، ئەگەر خۇدانڭ قۇللرى (ئچدن) يامانراقنى
ئزدسەڭ، ئۇ پەقەت مەن بولمەن.

5121. مېنڭ سۆزلرمنڭ قانداق پايدسى بولسۇن،
نەسهەتلرم ساڭا پايدا كەلتۈرەلەرمۇ؟

5122. بۇنڭ ئۈستگە، مەن ئگەمدن ئۈمد ئۈزمدم،
گۇناهنى ئەپۇ قلغۇچى ئۇدۇر، ئاشۇ بر ئگەمدۇر.

* 5123. گۇناهنى بلسپ، ئەپۇ قلشنى ئۆتۈنگەن،
گۇناهكار قۇل نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5124. ”(مەن سېنڭ) گۇناهكار، جاپاكەش، يامان قۇلۇڭمەن،
نەزەر سالساڭ، پۈتۈن تۇرغان – پۈتكنم گۇناهدۇر.

5125. سەندن باشقا سغنندغان ئگەم يوق،
گۇناهمنى ئەپۇ قلغن، بەخت بلەن يۆلگن.“

## ئەلىگىنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5126. ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي سەگەك،
مىجەز ـ خۇلقۇڭ ۋۇجۇدۇڭنى (پەزىلەت) بىلەن بېزەپتۇ.

5127. ئۆزۈڭنى يامان دەپ بىلگىنىڭ ئۈچۈن،
خەلق ئىچىدە ئىختىيارسىز ياخشىلىق تاپتىڭ.

5128. دىلىڭنى، تىلىڭنى پاك تۇتتۇڭ، ئۆزۈڭمۇ پاك بولدۇڭ،
ماڭا تەربىيە بەرگىن، سۆزۈڭ پايدىلىق بولسۇن.

5129. ئەي ياخشى خۇلقلۇق، بارلىق ئىشلىرى چىن (كىشى)،
ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن پەند ـ نەسىھەت بەرگىن.

5130. خۇدا بارچە ياخشىلىقنى ساڭا ئاتا قىلدى،
ماڭىمۇ بۇ ياخشىلىق يولىنى ئاچ، ئەي شۆھرەتلىك.

5131. ئەي ياخشى كىشى، ئەمدى ماڭا نەسىھەت قىل،
خۇدا ساڭا ئاخىرەتتە (ياخشى) جاۋاب بەرسۇن.

## 71

## ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5132. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) ئەلىگ،
خۇدا (سېنى) بارلىق تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن.

5133. بۇ مەشئۇم، كاۋاك دۇنيا كونا دۇنيادۇر،
نەچچە بەگنى قېرىتتى، (لېكىن) ئۆزىنى قېرىتمىدى.

5134. (ئۇ) سېنىڭدەك كۆپ بەگلەرنى سۆيۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى،
(ئەمدى) ساڭمۇ ھېرىس بولدى، (لېكىن) سېنىمۇ تاشلايدۇ.

5135. سەن ئۇنىڭغا ھەققىي كۆڭلۈڭنى باغلىمىغىن،
ئۇ ھەققەتەن ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇمىدنى ئۈز.

5136. مېنىڭ پەند – نەسىھەتلىرىمنىڭ كېرىكى نېمە؟
بۇ زامان نەسىھەتنى ساڭا كۆپايە، ئەي تىرىك.

5137. سەندىن بۇرۇن جاھان سورىغانلار قېنى؟
ئۇلارنىڭ قانچىسى كەتتى، كۈچ – قۇدرىتى قېنى؟

5138. ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟ نەزەر سال، ئويلان،
ساڭمۇ ئۇ ياققا بارىدىغان كۈن يېقىن.

5139. ساڭا ئەمدى بەگلىك مەرتىۋىسى نېسىپ بولدى،
(سەنمۇ) ئۈزۈڭ تۇرمايسەن، ھازىرلىق كۆرۈپ يۈر.

5140. ئۇلارغا نېمە پايدا بەرگەن بولسا،
بۈگۈن سەنمۇ شۇنى قىل، كېيىن لەززىتىگە ئېرىشىسەن.

5141. ئۇلار ئۆلۈم (پەيتىدە) نېمىگە پۇشايمان قىلدى؟
سەن شۇنىڭدىن يىراق تۇر، ياخشىلىقنى تىلە.

5142. بىلىملىك دانا ناھايىتى ياخشى ئېيتقان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئۇنچە، ياقۇت دېگۈلۈك.

5143. ئۆلگەننى كۆرگەنلەرمۇ تىرىك قالمايدۇ،
ئۆلۈمگە ھازىرلان، پەيلىڭنى قوپال تۇتما.

5144. ئەي ئۆلۈمنى بىلگۈچى ۋە غەپلەتتە يۈرگۈچى،
بۇ تىرىكچىلىك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆز ھەسسەڭنى ئال.

5145. بىخۇد بولۇپ يۈرگۈچى ئەي ئارزۇنىڭ قۇلى،
ئۆلۈمگە سەل قارىما، بىر كۈن سېنى ئالغىلى كېلىدۇ.

5146. بۈگۈن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭگە قاراپ باق،
ھەممىسى بىر چۈش بولۇپ قالدى، ئەقىل بىلەن ئويلان!

5147. ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلغان بولساڭ،
ئۆزۈڭ (ئۈچۈن) مەڭگۈلۈك ئەجر قىلغان بولىسەن.

5148. ئەگەر ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن بولساڭ،

كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي، پۇشايمان، نادامەت چەك.

5149. ئارزۇ قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ،
يىگىتلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەرگىز يېنىپ كەلمەيدۇ.

5150. (سەن) ئىگە بولغان پۇرسەتنىڭ ھەممىسىنى زايە قىلما،
ئۆلۈمگە تەييارلان، ئىبادەتكە ئالدىرىغىن.

5151. ئەي ئەلىك، نەزەر سال، سەندىن ئاۋۋال
ئاتاڭ ئەلدە تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەگ ئىدى.

5152. خەزىنە، ھەشەمەت ۋە لەشكەر ئىگىسى بولۇپ،
ئارزۇسىغا ئېرىشىپ، بىرنەچچە ۋاقىت ياشىدى.

5153. ئاخىر ئۆلۈم تۇتۇپ، ئۇنى ئېلىپ كەتتى،
ئۇنىڭ يۈكسەك داڭقى پايدا بەرمىدى.

5154. ئاتاڭ ئۆلدى ـ كەتتى، ساڭا پەند ـ نەسىھەت بەردى،
ئاتىنىڭ پەند ـ نەسىھىتىنى تۇتساڭ، ساڭا قەنت ـ شېكەر بولىدۇ.

5155. بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلا،
ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى بولىدۇ ۋە كۆز بولىدۇ:

5156. ”ئاتاڭ مەيلى قايسى ۋاقىتتا ئۆلگەن بولسۇن،
ساڭا ئېيتقىنى شۇكى، ئەي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، ئويغان.

5157. (مېنى) ئۆلۈم تۇتتى، كېتىۋاتىمەن، ساڭىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ،
ئۆزۈڭدىن كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇشقا تىرىشقىن.“

5158. ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ ئۆلۈمى — تامامەن
ئوغۇل ـ قىز ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەتتۇر، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈر.

5159. ئاتاڭنىمۇ، ئاناڭنىمۇ ئۆلۈم قويۇۋەتمىدى،
پەيتى كەلگەندە، سېنىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

5160. دۇنيا ئۆلارغا قارشى جاپا قىلدى،
(بۇ) قىلىقىنى تونۇتۇپ، ساڭا ۋاپا قىلاتتىمۇ؟

5161. تىرىكلىكنى قەدىرلە، زورۇر ئىشلارغا سەرپ قىل،
كىشلەرگە ساخاۋەت قىل (مال بەر)، ساۋابلىق تاپ.

5162. ئۆتۈۋاتقان كۈنىڭدىن كېرەكلىك (نەرسەڭنى) ئال،
زامان سېنى ئېلىپ كېتىدۇ، تەييارلىقىڭنى قىل.

5163. سەن خەلقنىڭ شۇنچىۋالا يۈكىنى كۆتۈردۈڭ،
سەگەك بول، غەپلەتتە قالما، ئويلاپ ئىش قىل.

5164. بىر توپ ئاچ بۆرىلەر ئەتراپىڭغا توپلاندى،
قويلىرىڭنى بەك قوغدا، ئەي باتۇر ھۆكۈمران.

5165. ئېلىڭدە بىرەر (كىشى) بىر كېچە ئاچ قالغان بولسا،
ئۇنى خۇدا سەندىن سورايدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

5166. ئەي ئەلىگ، بۈگۈن مەشئەلدەك يانماقتىسەن،
(لېكىن) يورۇقلۇقى باشقىلارغا (چۈشىدۇ)، ئەي مۇلايىم.

5167. ھاياتىڭ ئاخىرلاشسا، يېشىڭ چوڭايسا،

بۇ كىشىلىرىڭ ساڭا نېمە مەنپەئەت بېرىدۇ؟

5168. كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قويما،
ئۆزۈڭنى زورمۇزور ئۇنتۇپ كۆيدۈرمە.

5169. ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك، بەگلىك — ھەممىسى
ئۆلۈم كېلىپ ئىشىكىڭنى ئاچسا، قېپقالىدۇ.

5170. توغرا بول، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن،
(شۇنداق قىلساڭ) بەگلىك ئۆزۈڭ يۆت تىرەپ تۇرالايدۇ.

5171. ئۇلۇغ دانىشمەنلەر ئاجايىپ ياخشى بىلىم بەرگەن،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، شۇ يول بىلەن ماڭ:

5172. بەگلىكىڭنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ،
قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت.

5173. يەنە بىر دۇنيالىققا ئىگە بولاي دېسەڭ،
ئادالەتنى تۇتقىن، سۆزۈم تامام.

5174. ئەي "مەن بەگ" دېگۈچى، كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما،
دۇنيا ۋە دۆلەت ۋاپاسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ.

5175. بۇ دۇنيانىڭ بەختىگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمىگىن،
(ئۇنىڭ) قىلىقى ۋاپاسىز، ئۆزى ئىشەنچسىزدۇر.

5176. ئەي ئەلىگ، بۇ قەسىر — ساراي، ئوردا ئورنى
ساڭا نېسىپ بولغان بىر قونالغۇدۇر، بۇنى بىل.

5177. سەندىن ئاۋۋالقىلار (بۇ يەردە) قونۇپ ئۆتكەن،
(ئۇلار) بۇ قونالغۇدا يەرلەشمىدى، ئۇدۇل كېتىشتى.

5178. بۇ ئوردا ـ جايلار ئەمدى ساڭا نېسىپ بولدى،
يۈك ـ تاقلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال ئەۋەتىۋەت.

5179. بۈگۈن بۇ يەردە قەسىر ـ سارايلارنى ياسىما،
ئۆتۈۋاتقان يىل، ئاي، كۈنلەر سېنىمۇ قويمايدۇ، (ئېلىپ
كېتىدۇ)!

5180. ئۆزۈڭنىڭ ياتىدىغان ئورنۇڭ ئېنىقتۇر، قارا،
ئاشۇ ئورۇننى ياخشىلىق بىلەن زىننەتلىگىن، ئەي
شۆھرەتلىك!

5181. بۇ ئوردا ـ سارايىنى بۈگۈن "مېنىڭ" دەپ بىلىۋاتىسەن،
ھەقىقىي ئويلاپ قارىساڭ، سېنىڭ ئەمەس.

5182. بۇ ئوردا ـ ساراي ساڭا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دىققەت قىلساڭ، پەقەت چىن سۆزلەيدۇ، ئەي قەھرىمان:

5183. "بۇنى سەن مېنىڭكى، مېنىڭ دەۋاتىسەن،
نېمىشقا (شۇنداق) دەيسەن، نېمىشقا سېنىڭ (بولىدۇ)؟

5184. سەندىن كېيىنكىلەر سېنى چىق، دەيدۇ،
ئۇ يەردە نۆۋەت كۈتۈپ 'مېنىڭ، مېنىڭ' دېيىشىۋاتىدۇ."

5185. ئەي دۇنيا بېگى، بۇ دۇنيا بىر زىنداندۇر،
زىندان ئىچىدە غەم ـ قايغۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

5186. زىندانىدا ئارتۇقچە شادلىق تىلىمە،
شادلىق ۋە ئاراملىق جايى پەقەت جەننەتتۇر.

5187. ئۆتكۈنچى راھەتنى راھەت دەپ ھېسابلىما،
بۇ ۋاقىتلىق شادلىقنى شادلىق دەپ ئاتىما.

5188. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ دۆلەت (ئۆزۈن) تۇرمايدۇ، قاچىدۇ،
توپلىغان مال — دۇنيالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى چېچىۋېتىدۇ.

5189. ئۇ (دۇنيانى) ئەبەدىي ھاياتلىق ئورنى بىل،
بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى تاشلا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىن.

5190. راھەتنى تاشلا، مەڭگۈلۈك ئارزۇلارنى تىلە،
بۇ مەڭگۈلۈك راھەت مۇشەققەت بىلەن كېلىدۇ.

5191. خۇدانىڭ پەزىلىتىگە بىر قارا، ئويلان،
قانچىلىغان ياخشىلىقلارنى قىلدى، ياخشىراق نەزەر سال.

5192. كۆپچىلىك خەلق ئۈستىدىن قولۇڭنى ئۇزۇن قىلدى،
تىلەك — ئارزۇيۇڭنى بەردى، تىل — سۆزۈڭنى راۋان قىلدى.

5193. خۇدا ساڭا ئوخشاش ۋۇجۇدى بار قۇللىرىنى
ساڭا موھتاج قىلدى، ھەممىسىنى كۆرۈۋاتىسەن.

5194. بۇگۈن بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش كېرەك، ئەي ھۆكۈمدار،
خۇدانىڭ بەندىلىرىگە مۇلايىم ۋە ياخشى بول.

5195. تەڭرى سېنى ئادالەت ئۈچۈن تىكلىدى،

ئادىل بول، ئادالەت بىلەن تۇر.

5196. ھەممە ئىشلارنى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئىشلە،
ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمە، كۆڭلۈڭنى تىزىك تۇت.

5197. بارچە خەلقىڭگە مېھرىبان بول،
ئۇلۇغىمۇ، كىچىككىمۇ ئوخشاش ئادالەت قىل.

5198. خەلقىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئايىنىپ بۇزۇلسا،
كۆرۈپ (تۇرۇپ) قويۇۋەتمە، تۈزەت، يول قويما.

5199. بىلىمى دېڭىز(دەك كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ھەر ئىشنى) بىلىم بىلەن قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل:

5200. بۈگۈن ھەممە (نەرسە) ياخشى بولسۇن دېسەڭ،
ئۆزۈڭ ياخشى بول، ئەي ئەلنىڭ ئۇلۇغى.

5201. بارلىق بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ،
(ئالدى بىلەن) ئۆزۈڭنى تازىلا، ئاندىن خەلقىڭ تازىلىنىدۇ.

5202. بۇ بەگلەر باشتۇر، باش نەگە بارسا،
بارچە ئەگەشكەن كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.

5203. خەلق بۇزۇلسا، ئۇنى بەگلەر تۈزەيدۇ،
ئەگەر بەگ بۇزۇلسا، ئۇنى كىم تۈزەيدۇ؟

5204. سەن ئۆز قىلىقلىرىڭنى تۈزەت، ھەرىكىتىڭنى توغرىلا،
(ئاندىن) خەلقىڭ قىلىقلىرى تۈزىلىدۇ، سەن خاتىرجەم بولىسەن.

5205. (سەن) ئۆزۈڭگە يارىشىدىغان (ئىشلارنى) قىلىشنى خالىساڭ،
يارىماسلىقلارغا يېقىنلاشما، سۆز تامام.

5206. يامانغا قوشۇلما، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇر،
بۇ ئىككى قىلىق بىلەن كىشىنىڭ (يۈزى) قارا بولىدۇ.

5207. ئۆزۈڭ يارىماس، يامان نەرسىلەرنى خالىمىساڭ،
يارىماس (ئىشلار)نى قىلما، قەتئىي سۆزۈم شۇ.

5208. راھەتكە بېرىلمە، ئىچىملىك ئىچمە،
بۇ ئىككىسى بىر دېڭىزدۇر، ئۇنىڭ كېچىكى يوق.

5209. خۇي ـ پەيلىڭنى توغرا تۇت، ھەرىكىتىڭ مۇلايىم (بولسۇن)،
ئەقىل يـول بـاشلىغۇچىڭ بـولسۇن، بىلىم كېڭەشچىڭ
(بولسۇن).

5210. دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا قىل، پەزىلىتىڭ ئۇلۇغ بولسۇن،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، يولۇڭدىن ئاداشما.

5211. كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما، تەكەببۇر بولما،
قوشۇن ـ خىزمەتچىلەر كۆپ دەپ كۆكسۈڭنى كەرمە.

5212. قانچىلىغان باتۇر، تەكەببۇر، گىدەيگەن كىشىلەرنى
ئۆلۈم يەرگە كۆمدى، تۇپراق ئۈستىنى ياپتى.

5213. بىلىملىك، يېتىلگەن (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى تۇتساڭ بارچە (ئىش) ياخشى بولىدۇ:

.5214 ”خەزىنەم كۆپ دەپ مال ـ دۇنيالىرىڭغا مەغرۇرلانما،
ھەشەمەتىم، قوشۇنۇم كۆپ، دەپ كۆكسۈڭنى كۆتۈرمە!

* .5215 كۈچىگە مەغرۇرلىنىپ كۆكرەك كەرگۈچى
(ئاخىر) بىر پاشىغا ئامال قىلالمىدى.“

.5216 ئىشتا غەزەپلىك بولما، ئاچچىقىڭنى باس،
ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە، كېكەچ بولۇۋال.

.5217 دىن ئىشلىرىدىن (باشقا) ئىشلارغا ئالدىرىما،
ئالدىراپ (قىلغان) ئىشتا كىشى پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

.5218 ئىنئام بېرىش توغرا كەلسە، ئالدىرا، ۋاقتىدا بەر،
جازا بېرىش ۋە قامچىلاشتا ئېغىر ـ بېسىقلىقنى تاللا.

.5219 سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە ھولۇقما، ئالدىراقسان بولما،
سەۋر قىل، سەۋر قىلغان (كىشى) مۇلايىم دېيىلىدۇ.

.5220 سېخىي بول، خەلققە مال تارقىتىپ بەر، يېگۈزگىن،
خەسىس بولسا بەگلەر، (ئۆز) نامىنى بۇزىدۇ.

.5221 قوپال سۆزلىمەسلىك، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك،
قوپال سۆز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېز سوۋۇتىدۇ.

.5222 بارچە كىشىگە شېرىن تىل بىلەن سۆزلە.
ئوچۇق چىراي، يورۇق ماڭلاي بول.

.5223 سەن خەلقىڭ سەرخىلى، ھەرىكىتىڭمۇ سەرخىل بولسۇن،

دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا تۇت، ئىش ھەرىكىتىڭ توغرا بولسۇن.

5224. ئاۋام ياخشى بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقى
ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ، ئەي خەلقىنىڭ ئۇلۇغى.

5225. ئەگەر بەگلەر ئىش ـ ھەرىكىتىنى ياخشى تۇتسا،
ھەممە ياخشىلىقلىرى بىلەن ئەلگە مىڭ خۇشاللىق يېغىشلايدۇ.

5226. ئەگەر بەگلەرنىڭ خۇي پەيلى يامان بولسا،
يامانلار كۆپىيىدۇ، ياخشىلىقنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ.

5227. يامان بولۇپ، نامىڭنى يامان قىلمىغىن،
يامانلارنى باسقىن، (ئۇلارغا) يول قويمىغىن.

5228. يامانلىق زەھەردۇر، بۇ زەھەرنى يېمە،
زەھەر يېگۈچىنىڭ ھاياتى خاراب بولىدۇ.

5229. كىم ئەقىللىق بولسا، شۇنى يېقىن تۇت،
بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ھەققىنى بەر.

5230. ئىشەنچلىك، چىن، توغرا ۋە ياخشى نام چىقارغان كىشىلەرنى
ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇلارغا ئىشىڭنى تاپشۇر.

5231. بۇ ئالدامچى دۇنيانىڭ قىلىقلىرى ۋاپاسىز، جاپالىق،
بىخۇد بولما، ھوشيار بول، (ئۇنىڭ) يولى بەك تايغاقتۇر.

5232. قارا، ئۇ بېزىنىپ، جىلۋە قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئالىدۇ،
كۆڭلۈڭنى بەرگەندىن كېيىن، يۈز ئۆرۈپ (تاشلاپ) كېتىدۇ.

5233. ئۆلۈمسىزنى ئۇنتۇما، غەم ـ قايغۇنى قىسقا قىل،
ئۆلۈمنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىما، ئەي بەختلىك ھۆكۈمدار.

5234. ئەي ئەلىگ، غەپلەت بىلەن ئۇخلىما،
بۇ بەگلىك بىلەن مەست بولما، ئەي مۆلايىم.

5235. بۈگۈنكى ھالاۋەتكە ئالدانما، ئويلان،
ئاخىرەتلىك ھالاۋەتنى ئىزدە، ياخشى ئويلا.

5236. (بۇ دۇنيانىڭ) شادلىقى ئۇزۇن، ھالاۋىتى كۆپ،
ھالاۋەت بولسا، ئەنە شۇنداق بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

5237. ھالاۋەت، ياخشىلىقنى خالىساڭ، يۈر، ياخشى بول،
كۆپ نازۇنېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ ياشا.

* 5238. بىلىمگە ئىگە بولغان، بىلىم بىلەن ئەلدە ھۆرمەت
قازانغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5239. "خۇدا ئىززەت بەرسە، ئۇنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ،
كۆپ رەھىم ـ شەپقەت ئىچىدە ھالاۋەت كۆرسەن.

5240. ئەگەر سەن مەغرۇرلانساڭ، خورلۇق مۇقەررەردۇر،
خورلىنىش ئازابىغا كىممۇ تاقەت قىلالايدۇ؟"

5241. ئەي ئەلىگ، بۈگۈن ئۆزۈڭنى تېۋىپ دەپ ھېسابلا،
خەلقنىڭ ھەممىسى ئاغرىق، ساڭا موھتاجدۇر.

5242. بەزىسى زۇلۇم ـ مۇشەققەت كۆرگەن،

بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چەككەن.

5243. بەزىسى ئاچ، بەزىلىرى يالىڭاچ،
بەزىلىرى بولسا، قايغۇ بىلەن نادامەت قىلماقتا.

5244. قارا، بۇلارنىڭ داۋاسى سەندە،
دورا - دەرمان بىلەن داۋالا، تېۋىپ بول.

5245. ئەگەر سەن دورا - دەرمان بىلەن داۋالىساڭ،
خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولسەن.

5246. ئاخىرەتتە بىر خۇدا سەندىن سورايدۇ،
جاۋابىنى تەييارلا، ئۆزۈڭنى خالاس قىل!

5247. ھايات تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەگلىكمۇ قالىدۇ،
ساڭا زۇرۇر بولغىنى ياخشى نامىڭدۇر.

5248. ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنيا بىر تېرىلغۇ (ئېتىز) دۇركى،
نېمە تېرىساڭ، قولۇڭغا شۇ تېگىدۇ.

5249. يۇر، ياخشىلىق قىل، ياخشىلىق (ئۇرۇقىنى) تېرىغىن،
بۇنىڭدىن سەن مەڭگۈلۈك ياخشىلىق تاپسەن.

* 5250. ئەل باشقۇرغان دانا ھاكىم، ئەل ئىشلىرىنىڭ
يولىنى بىلىدىغان بەگ نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5251. ئەي بەگ بولغۇچى، (ئەي) خەلقنىڭ ئۇلۇغى،
دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى كىچىك تۇت، ئۆزۈڭگە پايدىلىق.

5252. ئەي (ئەلكە) باش بولغۇچى قولى ئۈستۈن ھۆكۈمدار،
ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن بىلىمنى ئىشقا سال.

5253. ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى بىلىم بىلەن ئىشلىگىن،
ھەممە كۆركەم ئىشلار بىلىمدىن كېلىدۇ.

5254. بۇ دۇنيا كېلىپ ـ كەتكۈچىدۇر، ئۇ (ھەرگىز) تۇرمايدۇ،
سەن يوقالمايدىغان بىر ياخشىلىق قىل.

5255. دۇنيا قالدۇ، تۇغۇلغانلار ئاخىر ئۆلىدۇ،
يامان بولسىمۇ، ياخشى بولسىمۇ، نامى قالىدۇ.

5256. يامانغا قېتىلما، يامان كۆيىدۇرىدۇ،
نامىڭ ياخشى بولسا، ياخشىلىق ئىزى قالىدۇ.

5257. ئەي ئەلىگ، سەگەك ـ ئويغاق تۇرۇشقا تىرىشقىن،
غەپلەتتە قالغان كىشىگە (باشقىلارنىڭ) زىيىنى تېگىدۇ.

5258. بەگلىكنىڭ نېگىزى ئېھتىياتچانلىق، سەگەكلىكتۇر،
يەنە بىر دۇنيانى خالىساڭمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېرىشىسەن!

5259. بىخۇد بولما، بىخۇد بولساڭ، بەگلىك كېتىپ (قالىدۇ)،
بىخۇدلار ھەر ئىككى دۇنيادا نادامەت چېكىدۇ.

5260. ئۆزۈڭگە دۈشمەن تېپىۋالما ۋە قان تۆكمە،
بۇ ئىككى گۇناھ ئۈچۈن جان چىققاندا پەريات چېكىسەن!

5261. ھارامغا ئارىلاشما، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت،

ھارامنى يېگۈچىنىڭ ئورنى جەھەننەمنىڭ تېگىدۇر!

5262. بارچە ئادەملەرگە مېھرىبان بول،
كىشىلەرنىڭ زىيىنىنى كۆزلىمە، يولۇڭدىن ئازما.

5263. مەي ئىچمە، پىتنە - پاساتلارغا قېتىلما، يىراق تۇر،
بۇ ئىككى (ئىش) ساراي - ئوردا، قەلئەلەرنى بۇزىدۇ.

5264. تۇغۇلغان كىشى ئۆلۈم ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ،
ئۆلگۈچى كىشى نامى بىلەن ئىز قالدۇرۇپ (كېتىدۇ).

5265. بۇ بىر تۇتام ھايات تۈگەيدۇ، ئاخىرلىشىدۇ،
يامان بولسىمۇ، ياخشى بولسىمۇ نامى قالىدۇ.

5266. بۇ دۇنيا سېنى بەزلەپ تەۋرىتىدۇ،
بىخۇد بولما، غەپلەت سېنى ئۇخلىتىپ قويمىسۇن.

5267. قارا، كىشىنى ئۇخلىتىدىغان غەپلەتتۇر،
ئۇخلىغان ئادەم ئىش - كۈشلىرىنى تاشلاپ قويىدۇ.

5268. كىشىدە ھەر خىل غەپلەت بولمىغان بولسا ئىدى،
ئۇ پەرىشتە بولۇپ، ئىبادەت قىلغان بولاتتى.

5269. بىلىملىك بۇ سۆزنى بەك ياخشى ئېيتقان،
بۇنى چۈشەنگىن، ئەي باغرى كەڭ:

5270. "خۇشاللىق بىلەن ئەيش - ئىشرەت ھەممىسى غەپلەتتۇر،
ئەپسۇسكى، بۇ غەپلەت بىلەن كىشى ئۆزىنى يوقىتىدۇ!

5271. بىخۇد بولما، غەپلەت ئۇيقۇسى سېنى ئۇخلاتمىسۇن،
يا رەببىم، بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆزۈڭ ساقلا!»

5272. ئۈلىگدە كۆز – قۇلقىڭنى ئىتتىك قىل،
ھەممە كىشىگە شەپقىتىڭنى يەتكۈز.

5273. خۇدا ئاخىر سەندىن سوراق – سوئال سورايدۇ،
خۇدانىڭ سوراق – سوئالى ھەممە يەرگە يېيىلغان تۇزاقتۇر.

5274. نەزەر سال، تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ،
تەقۋادار سۆزىنى تۇتسا، ئىش راۋاج تاپىدۇ:

5275. ئەي ئەركىن يۈرگۈچى، خەلقنىڭ ئۆكتىمى،
خۇدانىڭ سوراق – سوئالى بار، تەدبىرىڭنى تەييارلا.

5276. ئەي ئۆز مەيلىچە يۈرگۈچى گۇناھكار مېيىپ،
خۇدا بىر كۈنى سېنى سوراق – سوئال قىلىدۇ.

5277. ئەي بىھۇدىلىك بىلەن مەئىشەت قىلغۇچى،
ھېساب (بېرىشكە) تەييار بول، چىقىش يولىنى تاپ.

5278. قارا، خۇدا ھەممىسىنى سورايدۇ (ھېساب ئالىدۇ)،
قۇتۇلىدىغان يېرىڭ بارمۇ، قېچىپ باققىنە قېنى؟

5279. ئەي ئەلىگ، قىلىچ، قامچا سېنىڭدە تۇرىدۇ،
بۇ قامچا، جازالار يامانلار ئۈچۈندۇر.

5280. يامانلار يامانلىقلىرىنى تاشلىمىسا،

سەنمۇ جازا بېرشنى تاشلىما، قامچىنى چىك تۇت.

5281. يامانلار قامچا يەپمۇ تۈزەلمىسە،
ئۆزۈڭنى (ئىمكانقەدەر) ئۇلاردىن قوغدا.

5282. ئەلىك يامان بولسا، دۇنيانى بۇزىدۇ،
توسۇپ تۇرغۇچىسى بولمىسا، يولدىن ئازىدۇ.

5283. ياخشىلارنى قەدىرلە، ياخشىلىق يەتكۈز،
(شۇنداق قىلساڭ) خەلق ياخشى بولىدۇ، ئەي شەۋكەتلىك.

5284. ئۇيقۇنغا بېرىلمە، ئۆزۈڭنى ئايا،
راھەت - پاراغەتكە ھېرىس بولما، كۆڭۈلۈڭ ئاز قالدى.

5285. قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنات،
(توغرا) قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

5286. كۆچۈڭنىڭ يېتىشچە غەيرەت قىل،
بەھۇدە (ئىش) قىلساڭ، ئۆزرە سوراپ تۇر.

* 5287. خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، قانۇن بىلەن
ئەلدە داڭق چىقارغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5288. "ئەي بەگ، تاقىتىڭ يەتكۈچە غەيرەت قىل،
خەلققە قانۇن يۈرگۈز، تېگىشلىك ھەسسىنى بەر.

5289. ئەگەر كەمچىلىك يۈز بەرسە، ئۆزرە سورا،
تىلىڭ بىلەن ھەر كۆڭۈلنى توۋا قىل."

5290. خەزىنەڭگە ئالتۇن ـ كۇمۇشنى كۆپ توپلىما،
نېمە بولسا (كىشىلەرگە) بەرگىن، كۆپ ئۆلەشتۇر.

5291. ئۆلۇم تۇتسا، (بايلىقىڭ) سەندىن كېيىنكىلەرگە قالىدۇ،
ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ يامان ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

5292. غەيرەت قىل، تىرىكلىكىڭدە مال ـ دۇنيانى تېز سەرپ قىل،
ھېساب بېرىشتىن قۇتۇلغىن، ئۆزۈڭگە ساۋابلىق تاپ.

* 5293. خەلق ئىچىدە يۈكسەك، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى،
خەلق بېگى بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

5294. "ئەي خەزىنە توپلىغۇچى جاھان بەگلىرى،
خەزىنەڭنى ئۆزۈڭدىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرما.

5295. راھەت ـ پاراغەت باشقىغا كېتىدۇ، ھېسابى ساڭا قالىدۇ،
(ھېساب بېرىش) ساڭا يۈكلەنمىسۇن، ئەي ئېسىل مويسىپىت."

5296. ئەي باي بولغۇچى، خەلقىنىڭ سەرخىلى،
بايلىقىڭنى (كەڭ) تارقىتىپ، كۆپ ساۋاب ئال.

5297. ۋاپاسىز دۇنياغا كۆڭۈل باغلىما،
ئاخىر (ساڭا) جاپا قىلىدۇ، (ئۇنىڭغا) بېرىلمە!

5298. ئەي خەلقىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى بەگ،
بۇ بەگلىكنى بالدۇرراق تاشلاپ، ئۆزۈڭگە ئورۇن ھازىرلا.

5299. ئەي ئاچ كۆز، تەمەخور، خىيالپەرەس كىشى،

ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتماستا بارىڭنى بېرىۋەت.

5300. ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتسا، ئاخىر بۇ مال ـ دۇنيانىڭ پايدىسى يوق،
ماللىرىڭ قالىدۇ، راھىتى ساڭا بولمايدۇ.

5301. ئاز يېگىن، ئەي ئەلىك، كۆپ ئىبادەت قىل،
سۆزنى ئاز قىلىپ، بارلىق پەزىلەتلەرنى ئۆگەن.

5302. كەمبەغەل، تۇل ـ يېتىملارغا نەزەر سال، يوقلاپ تۇر،
بۇلارنى ئاۋايلىساڭ، ھەقىقىي ئادالەت (قىلغان) بولىسەن.

5303. غەيۋەتخورلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما،
چېقىمچىلاردىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، ساقلان.

5304. بۇنداق كىشى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىرىدۇر،
كىشىگە زىيانكەشلىك (قىلىدىغانلار)نى سەن دۈشمەن بىل
دۈشمەن.

5305. ئاچ كۆز كىشىلەرگە ئەلدە ھوقۇق بەرمە،
شۈبھىلەنمىگىنكى، ئۇلار روناق تاپقان ئەلنى بۇزىدۇ.

5306. ئۆزۈڭنى دوزاختىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشقىن،
كۆپ ياخشىلىق قىل، خۇدا (سېنى) قوغدايدۇ.

5307. بۇگۈنكى كۈنۈڭدىن ئاخىرەتتىكى كۈنۈڭ،
ئاخىرەتتىكى تۈنۈڭ، ھەممىسى ياخشى بولسۇن.

5308. بىلىملىك، خۇش پېئىل كىشى ياخشى ئىپتقان،

قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى سۆزمۇسۆز يازغان:

5309. "بۈگۈن ئۈچۈن ئاخىرەتتە سوراق كۈنى بار،
ئاخىرەتنى ئويلىساڭ، توغرا (يولدا) يۈر.

5310. بىخۇد بولما، سەگەك تۇر، ئۇخلىما، ئويغان،
ئۇيقۇلۇق كۆزۈڭنى ئويغاق تۇت، ئۇيقۇنى ئۇنتۇغىن!"

5311. دىنىنىڭ "دالى" (بىلەن) دۇنيانىڭ "دالى" قارىمۇ - قارشىدۇر[1]،
ئىككىسىنىڭ يولى (بىر - بىرىگە) يېقىنلاشمايدۇ، بىر - بىرىگە زىت.

5312. دىنىڭ دۇنيا بىلەن بىرىكىشى قىيىن،
بۇ ئىككىسى قوۋۇشمايدۇ، بۇنى بىلىش كۇپايە.

5313. بىرسى يېقىنلاشسا، يەنە بىرسى قاچىدۇ،
ئىككىلىسىنى بىللە تۇتسا، كىشى يولدىن ئازىدۇ.

5314. دۇنيانى بوران - شامال، يامغۇر (دەپ) ھېسابلا،
كېلىدۇ - دە، ئازراق گۈلدۈرلەيدۇ، (لېكىن) تېزلا جىمىقىدۇ.

5315. بەخت كېلىپ ھەممىنى ئىشىكىڭ ئالدىغا توپلايدۇ،
كۆڭۈل باغلىساڭ، ھەممىسىنى باشقىغا بېرىۋېتىدۇ.

5316. "ئەمدى باي بولدۇم" دېگەندە كەمبەغەل قىلىۋېتىدۇ،

---

① "دال" — "د" ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى. بۇ يەردە "دىن" بىلەن "دۇنيا" دېگەن ئىككى سۆزنىڭ باش ھەرپى ئوخشاش بولسىمۇ، مەنىلىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىغا ئىشارەت بېرىلگەن.

"قەدىرلىك بولدۇم" دېگەندە تۇپراقتەك قەدىرسىز قىلىۋېتىدۇ.

5317. دۇنيا توقلۇقىنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتۇر،
راھىتى، شادلىقى بولسا جاپادۇر، قارا.

5318. ئەي ئەلىگ، نەپسىڭگە (قارشى) قاتتىق جەڭ قىل،
(نەپسىنىڭ) تىلىكىنى ئورۇندىما، ھۇزۇر كۆرسەتمە.

5319. ھەممىدىن يامانراق دۈشمەن شۇدۇر،
ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ يامانلىق قىلىدۇ.

5320. ۋاپا قىلساڭ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىدىغان جاۋابى جاپادۇر،
جاپا قىلساڭ، ئاندىن ساڭا ۋاپا قىلىدۇ.

5321. نەپسىڭنى خورلىساڭ، ئۆزۈڭ ئەزىز بولىسەن،
بىلىمىڭ بەگ، ئەقلىڭ خان بولىدۇ، قارا.

5322. بۇ دۇنيا بىر دۈشمەن، نەپسىڭمۇ دۈشمەن،
بۇ ئىككى دۈشمەنىنىڭ تۇزاقلىرى قۇرۇقلۇق (تۇرىدۇ).

5323. بۇ بەختىڭگە مەغرۇرلىنىپ، كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما،
تىرىكلىكتە تولىمۇ ئىشىنىپ كەتمە، ئۇمىدنى ئۈز.

5324. بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئۆتكۈنچىدۇر،
بۇ دۆلەت ئوتتمۇ (بىر كۈنى) ئۆچىدۇ.

5325. ئېسىل، ئۇلۇغ (كىشى) نېمە دېيدۇ، ئاڭلا،
مېھرىبان (كىشىنىڭ) سۆزىنى تۇتسا، پايدىسى كۆپتۇر:

5326. "بۇ بەگلىك بىلەن سەن كۆكسۈڭنى كۆتۈرمە،
ئارتۇقچە كۆكرەك كېرىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى ساقلا.

5327. بۇ ئەرزىمەس دۇنيانى تاشلاندۇق (نەرسە) ھېسابلا،
خۇدا ئۇ دۇنيادا كۆپ نازۇ ـ نېمەتلەرنى بېرىدۇ."

5328. ئەي ئەلىگ، ئۈچ خىل كىشىنىڭ ناھايىتى تاللانغىنىنى ئىزدە،
ئاندىن كېيىن بۇ ئۈچ (كىشىگە) ئىشىڭنى تاپشۇر:

5329. بۇلارنىڭ بىرى — قازى، ئۇ زېرەك، پاك،
تەقۋادار (بولۇشى)، خەلققە پايدىسى تېگىشى كېرەك.

5330. ئىككىنچىسى — خەلپەت، ئۇ ئىشەنچلىك، چىن بولۇشى كېرەك،
(شۇنداق بولغاندا) خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، بەختلىك ياشايدۇ.

5331. ئۈچىنچىسى — ۋەزىر ئۇ بەك تاللانغان بولۇشى كېرەك،
خەلققە نېمە كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ.

5332. بۇ ئۈچ ئىشنى (قىلىدىغان) كىشىلەر توغرا، (ئادىل) بولسا،
خەلق ھالاۋەتكە يېتىدۇ، كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ.

5333. ئېلىڭ روناق·تاپىدۇ ۋە خەلقىڭ بېيىيدۇ،
شۇ چاغدا ساڭا ياخشى دۇئا قىلىدۇ.

5334. بۇ ئۈچ ئىشتىكى كىشىلەر يارامسىز بولسا،
پۈتۈن ئەلىنىڭ ئىشلىرىمۇ يارامسىز بولىدۇ.

5335. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتەمەن،

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، ئەي خوش چىراي:

5336. "بەگنى تۇتۇپ يېتەكلىگۈچى ۋەزىردۇر،
(بەگنىڭ) ئېلىنى، ئوردىسىنى، نامىنى (مەشھۇر) قىلغۇچىمۇ (ۋەزىردۇر).

5337. ئەگەر ۋەزىر چۇلۋۇرنى تەتۈرگە يېتەكلىسە،
ھەممە ئىش تەتۈر ماڭىدۇ، بۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم."

5338. بۇ دۇنيانى تەييار بىر داستىخان ھېسابلا،
قىمىرلىغان ئىنسان ئۈنىڭدىن ئاز - تولا يەيدۇ.

5339. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلار
قېنىپ تويغۇچە يېدى (ۋە) ئۆلۈپ كەتتى.

5340. قارا، (ئۇلار) ئۇلۇغ تويغا نەزەر تاشلاپ كۆتۈپ ياتماقتا،
شۈبھىسىز بىزنىمۇ كەينىدىن بېرىشقا چاقىرماقتا.

5341. يەنە بىر ئەۋلاد — ئۇلار قورساقتىكىلەر (بولۇپ)،
(ئۇلار) داستىخاندىكىلەرنى بىزدىن كېيىن يېگۈچىلەردۇر.

5342. بۇ ئەۋلاد بىزنىڭ قوپۇپ كېتىشىمىزنى كۈتىدۇ،
يەنە بىرلىرى بولسا يېنىغا كېلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

5343. بۇ داستىخاننىڭ نېمىتى بۇگۈن بىزگە نېسىپ بوپتۇ،
بىزگە قانچىلىك يېمەك، مەئىشەت بېرەلەيدىكىن؟

5344. ئۆلگەنلەر (بىزنى) ئۇ تەرەپكە چاقىرماقتا،

قورساقتىكىلەر بىزنى (ئۇرنۇگەدىن) قوپ، دەپ قوغلىماقتا.

5345. قارا، بىرى قوغلىماقتا، بىرى چاقىرماقتا،
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىممۇ هۇزۇر ئالالايدۇ؟

5346. ئەي ئەلىگ، بىخۇد بولۇپ، كۆپ ئۇيلىما،
(بەگلىكتە) ئۇزۇن تۇرمايسەن، ئەي خۇش پېئىل.

5347. ئەي ئەلىگ، هارامغا قوشۇلما، (ئۇنىڭدىن) ساقلان،
هارام (بىلەن) كۆڭۈل قارىداپ كېتىدۇ، (بۇنى) چوڭقۇر چۈشەن.

5348. ئەي شۆهرەتلىك، تەقۋادار بولاي دېسەڭ،
هالال مەئىشەت قىل، هالالدىن رىزىق تاپ.

* 5349. هالال مەئىشەت قىلغان، تەقۋادارلىقنىڭ بېشى هالاللىق
دەپ بىلگەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5350. هالال مەئىشەت قىلغان (كىشى) خۇدا ئالدىدا گۇناھ قىلمايدۇ،
هالال مەئىشەت قىل، ئەتىلىك ئۆزۈڭنىمۇ هالاللىق بىلەن
تەييارلا!

5351. كىمنىڭ كېلى ۋە ئەگنى پاك بولسا،
ئۇ گۇناهىدىنمۇ پۈتۈنلەي پاك بولىدۇ.

5352. پاك بولۇشنى خالىساڭ، كېلىڭنى تازىلا،
كېلىڭ پاك بولسا، پايداڭ دەريا(دەك) بولىدۇ.

5353. ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئىزدىمە، خەلق پايدىسىنى ئىزدە،

سىنىڭ پايداڭ خەلق پايدىسى ئىچىدە بولىدۇ.

* 5354. ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى، (قىلىپ) ئەقلى يېتىلگەن،
ئۇلۇغ كەنت بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5355. "بەگ سائادەت دېمەكتۇر، خەلققە سائادەت (كەلتۈرۈشى) كېرەك،
سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش
كېرەك.

5356. بەگلەر تۈۋى ئۈنچىگە تولغان دېڭىزدۇر،
دېڭىزغا يېقىنلاشقانلار بېيىشى كېرەك."

5357. بەگلەر ئالتۇن - كۈمۈش كانى (بولغان) تاغدۇر،
كۈمۈش كانىنى قازغانلار كۆپ باي بولىدۇ.

5358. قارا، بەگلەر پايدىلىق، سېخىي بولۇشى كېرەك،
دۇنيا خەلقى ئۇنىڭدىن توقلۇق تېپىشى كېرەك.

5359. ئەي ئەل ھۆكۈمدارى، قۇياشتەك يورۇق بول،
خەلق سېنىڭ (سايەڭدە) يېمەك - ئىچمەككە ئىگە بولسۇن.

5360. خۇدا بويۇنۇڭغا ئامانەت يۈكلىدى،
بۇ ئامانەتنى قوغدا، دەپ (ساڭا) ئېيتتى.

5361. ئەي ئەلىگ، سەن ئۆزۈڭگە (باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن) قاراپ باق،
بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىغان نەرسىلەرنى توپلىدىڭ؟

5362. سەن ئۈچۈن دېڭىزدىكى گۆھەرمۇ تۈگمەيدۇ،

(دېڭىز) تۈۋىدىكى ئۈنچە (مەرۋايىتلارمۇ) يەتمەيدۇ.

5363. بوز يەر تېگىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى،
خەزىنەگە يىغسەن، كۆپلەپ توپلايسەن.

5364. تاغلارنىڭ تېگىدىن چىقىدىغان گۆھەرلەرنى
كولاپ ساڭا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، ئەي پاك.

5365. بوز يەر ئۈستىدە ئۈنىدىغان دانلارنى
يىغىپ، سەن خەزىنە ـ قازناقلارنى تولدۇرىسەن.

5366. ئۇچار (قۇشلار)، ماڭغۇچى (مەخلۇقلار)، سۇدىكى بېلىقلار
سەندىن قۇتۇلالمايدۇ، ئەي پەيلى قاتتىق!

5367. كارۋانلىرىڭ ئەلمۇئەل يۈرۈپ، دۇنيا كېزىدۇ،
تاۋار ـ دۇردۇن، تىيىن، سۆسەرلەرنى توپلايسەن.

5368. ھىندى شايىسى، رۇمنىڭ كىمخابلىرى، دۇنيانىڭ نادىر (نەرسىلىرى)
ساڭا كەلسىمۇ، خەزىنە ـ قازنىقىڭ تولمايدۇ.

5369. ئەرەب ئارغىمىقى، ئېسىل تۇلپارلار بىلەن
ئېغىل، ئوقۇرۇڭ تولدى، كۆز ـ قارنىڭ تويدىمۇ، قېنى؟

5370. تۈمەنمىڭلىغان خىل تۆگىلەرنى توپلىدىڭ،
يايلاقلىرىڭدا سانسىز ئاتلار، ئوقۇرلاردا قېچىرلار تۇرۇپتۇ.

5371. قوي پادىلىرى تاغ ـ ئوتلاقلاردا يامراپ كەتتى،
قۇل، كېنىزەك، خىزمەتچىلەرمۇ (نۇرغۇن)، ئەي ئاق كۆڭۈل.

5372. تەسكەي تەرەپتە سانسىز قوتازلىرىڭ (يايلاپ) يۈرىدۇ،
ۋادىلاردا (بولسا) بۇقا، ئىنەك ئۆكۈزلىرىڭ ئوتلايدۇ.

5373. قىيالاردا يۈرىدىغان تاغ ئۆچكىلىرى، تېكىلەرمۇ
سېنىڭدىن (قېچىپ) قۇتۇلالمايدۇ، ئەي مەرد پالۋان.

5374. ئارقار، جەرەن، بۇغا – ماراللار بولمىسۇن،
(ھەممىسى) ساڭا تۈگىمەس ئوزۇقتۇر، ئەي خوش پېئىل.

5375. قۇلان ۋە ئايغىر ياكى كۆك تېكە بولسۇن،
(ھەممىسىنى) تۇتۇپ ساڭا ئەكېلىدۇ، ئەي باتۇر.

5376. بۆرە، تۈلكە، ئارسلان، ئېيىق ياكى توڭگۇز
سېنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، ھامان ئوۋۇڭدا ئۆلىدۇ.

5377. تۇرنا، قوداي، ئاق قۇ ياكى ئۆردەك،
لەگلەك، كەكلىك، بۆدۈنە ياكى غاز بولسۇن —

5378. ئاسماندا ئۇچىدىغان قارا قۇشلار توپى
سېنىڭدىن قۇتۇلۇپ (ئۇچالمايدۇ)، ئەي كۆك بۆرە.

5379. سېنىڭ (ئوۋ) قۇشلىرىڭ ئۇچار قۇشلارنى ئۇچقۇزمايدۇ،
ئىتلىرىڭ ماڭىدىغانلارنى ماڭغۇزمايدۇ.

5380. ئاتىلىقلار ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالىدۇ،
ئانىلىقلار ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالىدۇ.

5381. شۇنچىۋالا دۇنيانىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ساڭا يېتىشمەيدۇ،

(بۇلار) تۇگمەيدۇ، ئۆزۈك تۇگەپ كېتسەن، ئەي قۇدرەتلىك باتۇر.

5382. پەقەتلا بىر گېلىك، بىر ئەگىنگىنى دەپ،
دۇنيانىڭ بارچە (نەرسىلىرىنى) توپلىدىڭ، ئۆلسەڭ تاشلاپ كېتسەن.

5383. دۇنيا توپلىشىڭنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟
قارا، ئەجەل جېنىڭنى ئالىدۇ، يىلتىزىڭنى قىرقىيدۇ.

5384. نەزەر سالساڭ، بۇنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆزلۈكتۇر،
ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىرقىغان شەخسلەر قاچان تويغان؟

5385. كۆزى توق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
كۆزى توقلۇق بايلىقنىڭ بېشىدۇر:

5386. ئاچ كۆز (كىشى) پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ،
ئۇنىڭ باي بولۇشى ناتايىن.

5387. "كەمبەغەل" دېيىشىدۇ، بۇ كەمبەغەل كىم؟
قانچىلىك باي بولسىمۇ كۆزى ئاچ كەمبەغەلدۇر.

5388. ئاچ كۆز كىشىگە باي بولۇشتىن پايدا يوق،
ئەي كۆڭلى توق، ئاچ كۆزلەرگە ئېچىنغىن.

5389. ئاچ كۆز كىشىگە پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ،
بارىغا قانائەت قىلغۇچى بەخت (ئىچىدە) ياشايدۇ.

* 5390. قارا تۇپراق كۆز (چانقىنى) تولدۇرمىغۇچە،
ئاچ كۆز كىشىنىڭ مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ

* * *

5391. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم شۇ ئىدى،
نېمىنى چۈشەنگەن بولسام شۇنى ساڭا ئېيتتىم.

5392. بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم، سەن ئاڭلىدىڭ،
(تېگىگە) يەتسەڭ كۆڭلۈڭ، كۆزۈڭ ئېچىلغاي.

5393. سۆزۈمنى تۇتساڭ، پەقەت كەلگۈسىدە پايدىسى تېگىدۇ،
ئەگەر تۇتمىساڭ، ساڭا بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ.

5394. ئەقىللىق تىلى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەگەر ئاڭلىساڭ، ساڭا بىر نەسىھەت بولىدۇ:

5395. "نەسىھەت كىشىگە پايدا كەلتۈرىدۇ،
نەسىھەتنى ئۇلەشتۇر، بىلگۈچىلەر ئالسۇن.

5396. ئەگەر بېرىلگەن (نەسىھەتنى) ئاڭلىمىسا،
ئارىلاشما، (ئۆز مەيلىگە) قويۇۋەت، يېنىپ تۇرغان ئوتنى
(تۇتسۇن)."

## ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5397. ئەلىگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى،
دېدىكى، ئەي (غەپلەتتىن) ئويغاق، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى،

5398. ئەي دىلى سەگەك، سەن ئەمدى پاراغەت بىلەن (ياشاۋاتىسەن)،
بۇ بەگلىك مەن ئۈچۈن بىر پالاكەت بولدى.

5399. ئەمدى مەن چۈشەندىم، كۆزۈم ئېچىلدى،
ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۇتقا تاشلاپتىمەن.

5400. مەن توغرا (يولدىن) ئادىشىپتىمەن،
ماڭا توغرىلىق يولىنى ئېيتىپ بەردىڭ.

5401. ئەي ئۇدغۇرمىش، ئەمدى ماڭا دۇئا قىل،
ياخشىلىق يولىدا خۇدا ماڭا تەۋپىق بەرسۇن.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5402. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خۇدا (ساڭا) تەۋپىق بەرسۇن، تىلىكىڭگە يەت.

5403. ئەقىل بىلەن غەيرەت قىلىپ ھاۋايى - ھەۋەسنى باسقىن،
ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلسە، كىشى بىكارچى بولۇپ كېتىدۇ.

5404. سېنى تۆگەشتۈرگۈچى ۋۇجۇدۇڭنىڭ لەززىتىدۇر،
ۋۇجۇدۇڭنىڭ قىلمىشى ساڭا بويسۇنماسلىقتۇر.

5405. بۇ دۇنيا كونا، ناھايىتى قېرىدۇر،
ئاچچىق قىلىقلىرى بىلەن تالاي بەگلەرنى نابۇت قىلدى.

5406. سېنىڭدەك مەرد بەگلەردىن تالايلىرىنى قېرىتتى،

(بۇ دۇنيا) سېنىمۇ ئۇزاق ياشاتمايدۇ.

5407. ئۇلار كېتىپ، بۇ ئورۇن ساڭا قالدى،
ۋاقىت، كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ھازىرلىق قىلىپ قوي.

5408. ئەي ئەلىك، ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، ئويغان،
شۇبھىلەنمە، ساڭىمۇ (ئۆلۈم) پەيتى تېز كېلىدۇ.

5409. ئەي ئەلىك، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، ئويلان،
ئەگەر ئۆزۈڭنى ئۇنتۇساڭ، ئەسلىڭگە نەزەر سال.

5410. ئەگەر بۇ ئىككى نەرسىنى كىم ئۇنتۇسا،
ئۇ توغرا يولدىن يىراقلىشىدۇ.

* 5411. ئۆزىنى چۈشەنگەن، ھەۋەسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5412. "ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، گۆر (سېنىڭ مەڭگۈلۈك) يۇرتۇڭدۇر،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، (دېگەن) نەسىھەت ئېسىڭدە بولسۇن!

5413. سەن مەنىيدىن تۆرەلگەن 'مەن' دەپ (ماختانما)،
ۋۇجۇدۇڭ 'مەن' (دەپ ماختانسا)، 'ئەنە سېنىڭ ئورنۇڭ'
دەپ ئېيت!"

5414. بۇ ئۆلۈم پىستىرمىدا تۇرىدۇ، كۆرۈنمەيدۇ،
(ئالدىڭغا) كەلمەكچى بولسا، ھەرگىز ئادىشىپ قالمايدۇ.

5415. تىرىـك (ئادەم) ئۇچۇن باشقا ھېچقانـداق قىيىنچىلىق

بولمىغاندىمۇ،
پەقەت بۇ ئاچچىق ئۆلۈمگە نەزەر سېلىش كۇپايە ئىدى.

5416. ئۆلگەندىن كېيىن، قارا يەر قېتىدا چىرىپ يېتىشنىڭ
ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

5417. ئۆنىڭدىن باشقا، يەنە بىرنەچچە ئىش باركى،
ئۆلۈمگە يول ئېچىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى كۆرسەن.

5418. بۇ ھالنى بىلىدىغان ئەقىللىق كىشى
قانداقمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ، قانداقمۇ مەئىشەت قىلىدۇ؟

* 5419. بىلىم بەرگۈچى، بىلىم بىلەن
ھەممىنى يۇكسەك تۇتقۇچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5420. ھەممىنىڭنى بۇيۇك قىل، كۆڭلۈڭنى يۇكسەك تۇت،
بۇ دۇنيانى تاشلا، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز.

5421. بۇ دۇنيا زىنداندۇر، ئۇنىڭ ئىچى يىلانغا تولغان،
بۇنى تاشلا، يوروق، ھەقىقىي دۇنياغا يېتىشكىن.

5422. پاك جاننىڭ قېپى قارا يەر باغرىدۇر،
(سەن) قارا يەر قېپىغا كىرگۈچى، ئەي سېخىي.

5423. بۇ دۇنيا قاراڭغۇ قۇدۇققا (ئوخشاش) زىنداندۇركى،
بالا – قازا، جاپا – مۇشەققەت ھەممىسى بۇ يەرگە توپلانغان.

5424. زىنداندا تۇرۇپ قانداقمۇ راھەت كۆرەلەيسەن؟

كۆڭلۈڭنى، ئەقلىڭنى بېرىپ نېمىنى ئارزۇ قىلسەن؟

5425. (بۇ) بىر ئۇچۇم قارا تۇپراقنى تاشلا،
ئۇلۇغ، مەڭگۈ ماكاننى ئىزدە، سەراپىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

5426. بۇ چاڭ ـ توزان، تۇماندىن ئۆزۈڭنى يۇقىرى تۇت،
پاك، مەڭگۈلۈك ماكاننى ئىزدە، كۆزۈڭنى ئاچ!

5427. (سەن) مىڭ يىل ياشساڭمۇ (بەرىبىر) ئۆلسەن،
ئەي كۈنۈم، (ئۆلۈم) بىر كۈنى كېلىپ (ياقاڭدىن) تۇتىدۇ.

5428. مال ـ دۇنيا قانچىلىك كۆپەيسە،
(ئۇنىڭ) باش ئاغرىقىمۇ شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ، ئەي مەرد ئوغلان.

5429. كىشى نەچچە مىڭ (يىل) ياشاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ،
ئارزۇ ۋە ئېھتىياجلىرىغا تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ.

* 5430. بۇ زامان ئوقىدىن كۆڭلى يارىلانغان كىشى
نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئەي ئاق كۆڭۈل:

5431. ”(كىشى) پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىپ، تولۇق مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ،
ئېھتىياجلىق (نەرسىلەرگە) تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ.

5432. ئارزۇ قىلغۇچى (ھەممىنىڭ) تەل بولۇشىنى تىلەيدۇ،
تىلىكى تەل بولغاندا، (ئۆزىمۇ) ھەقىقەتەن تۈگەيدۇ.“

5433. سۆزنىڭ پايدىسى كۆپ سۆزلەشتە ياكى
سۆزنى تېڭىرقاپ، كۆپ ئاڭلاشتا ئەمەس.

سۆزنىڭ پايدىسى شۇكى، ئاڭلىغان سۆزۈڭنى
5434. (كۆڭۈلدە) تۇتۇپ، ئەمەل قىل (ۋە) ئۆزۈڭنى توغرا يولغا سال.

* * *

(مەن) كۆپ سۆزلىدىم، (سەنمۇ) تامامەن ئاڭلىدىڭ،
5435. سۆزۈمگە ئەمەل قىل، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆر.

تىلىم (ئۆزىنى) تۇتالمىدى، كۆپ سۆزلەپ (قويدى)،
5436. سۆزۈم كېمەيمىدى، (لېكىن) ئېتىبارى كېمەيدى.

ئەي ئەلىگ، خۇدا ساڭا تەۋپىق بەرسۇن،
5437. كۆپ ياخشىلىقلارغا قول يەتكۈزگىن.

تەڭرىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، (سېنى) قوغدىسۇن،
5438. ئەي ئەلىگ، مېنىمۇ دۇئادا ئۇنتۇپ قالمىغىن.

* * *

(ئودغۇرمىش) سۆزىنى تۈگەتتى (ۋە) ئۆرە تۇردى،
5439. ئەلىگ (ئۇنى) تۇتۇپ، ئازراق ئولتۇرغىن، دېدى.

يېمەك - ئىچمەك كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك غىزالارنى قويدى،
5440. "ئازغىنە ئېتىپ باق ئەي ياخشى كىشى" دېدى.

ئودغۇرمىش قولىنى ئۇزىتىپ، ئېگىشلىكنى ئالدى،
5441. يېمەك - ئىچمەكتىن ئازراق ئېغىز تەگدى.

5442. ئاندىن، ئاماقتىن قولنى تارتىپ (ئارتۇقچە) يېمىدى،
(ئاللانىڭ) نامىنى ئاتاپ، رەببىگە شۈكۈر قىلدى.

* * *

5443. ئۆدغۇرمىش ئورنىدىن قوپۇپ، سالام قىلدى،
ئەلىگمۇ (سالىمىغا) جاۋاب بېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

5444. ئۆدغۇرمىش ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى،
ئەلىگ كەينىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.

5445. ئەلىگ بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى،
قول ئۈلىشتى، ئەلىگ قايغۇرغان (ھالدا) قالدى.

* * *

5446. ئۇ يەردىن يەنە تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى،
قېرىندىشى (ئۇنىڭ) قولنى سۆيۈپ، خېلىغىچە بىللە ماڭدى.

5447. ئۆدغۇرمىش قېرىندىشىنى قايتۇرۇۋەتتى،
ئۆگدۈلمىشمۇ خوشلىشىپ يېنىپ كەلدى.

5448. كۆڭلى يېرىم (بولغان) ھالدا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى،
غەم ـ قايغۇ بىلەن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

* * *

5449. شەرقتىن قۇياش باش كۆتۈرۈپ ئۆرلىدى،
دۇنيا تولۇق ئاق قۇ رەڭگىگە كىردى.

5450. قۇياش (ئورنىدىن) قوپۇپ، كۆكسىنى ئېگىز كۆتۈردى،
پۈتۈن دۇنيا كافۇر (تۈسى)گە كىردى.

5451. دۇنيا پەرىشتە يۈزىدەك نۇرلاندى،
ئاسمان يۈزى كافۇر چېچىلغاندەك بولدى.

* * *

5452. (ئۆگدۈلمىش) يەنە تۆشەكتىن قوپتى،
تاھارەت ئېلىپ، پاك كۆڭۈل بىلەن ناماز ئوقۇدى.

5453. تونىنى كىيىپ، ئاتلىنىپ ئۆيدىن چىقتى،
ئۇ يەردىن سارايغا قاراپ ماڭدى.

5454. (ئېتىدىن) چۈشۈپ، ساراي ئىچىگە كىردى،
ئەلىگ (ئۇنى) چاقىردى، ئۇ كىرىپ ئەلىگكە كۆرۈندى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5455. ئەلىگ ئاۋۋال ئۇدغۇرمىشنى سورىدى،
قانچىلىك تۇرغىنىنى ۋە قاچان كەتكىنىنى سۈرۈشتە قىلدى.

5456. ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
ئەمدى مېنىڭ يىگەن ئېشىم زەھەر بولدى.

5457. بۇندىن كېيىن قانداق ياشىشىم كېرەك،
قەددىم پۈكۈلدى، ئەمدى دەس تۇرالمايمەن.

5458. ئەمدى بەگ بولۇشـنىڭ، خەلق يۈكـىنى كۆتۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى؟
بۇ قايغۇ ـ ئەندىشلەر دىلىمنى ۋەيران قىلدى.

5459. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بولمىسا، خەلقنى باشلىغىلى بولمايدۇ،
بەگلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەگ ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ.

5460. ئەسكەر ـ خىزمەتچى تۇتسا، شۈبھىسىز، مال ـ دۇنيا كېرەك بولىدۇ،
بۇ نەرسىلەر بولمىسا، ئەل ئەتراپىڭغا يىغىلمايدۇ.

5461. قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ بەگ ئىشى بىلەن
ياشىغان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5462. "خەزىنە، ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بەگلەرنىڭ كۈچىدۇر،
بۇ ئىككىسى بىلەن كىشى (دۈشمەندىن) ئۈچىنى ئالالايدۇ.

5463. بۇ ئىككىسى بىلەن بەگ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ،
بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، بەگنىڭ تاج ـ تەختى ئۇلۇغ بولىدۇ."

5464. ئەسكەر ـ خىزمەتچى توپلاشقا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا كېرەك،
مال توپلاش ئۈچۈن جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ.

5465. مېنىڭ بىرلا ئەگنىم، بىرلا گېلىم بار،
نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا خەلق يۈكىنى بوينۇمغا ئارتىۋالىمەن؟

5466. قانچىلىك كەمبەغەل بولسىمۇ (كىشى) ئاچ قالمايدۇ،
بۇ ئۆلۈم هايات (كىشىدىن) ئۈچىنى ئالىدۇ.

72

## ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېيتىدۇ

ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:

5467. ئەلىگ، ھەممە ئىشقا (توغرا) تەدبىر قوللانسۇن.

5468. تىلىگىدىن يارىماس، يامان سۆزلەرنى چىقارما،
(بۇنى) خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، ئەي بىلىمى دەريا.

5469. بۇ بەگلىكنى سەن ئۆز تىلىكىڭ بويىچە زورلاپ ئالمىدىڭ،
(بۇنى) خۇدا ئۆز پەزىلىتى بىلەن بەلگىلىگەن.

5470. (سېنى) قەدىرلىدى ۋە بۇ بەگلىكنى بەردى،
بۇنىڭغا شۇكۇر قىل، ئەي بىلىمى كەڭ.

5471. دىلىڭنى تۈز، ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىل،
خەلققە ئادىل ۋە مېھرىبان بول.

5472. ھاۋايى – ھەۋەسلىرىڭنى ئەقىل بىلەن باس، (ئۇنى) يەڭگىن،
نەپسىڭنى بىلىم بىلەن يانجىپ تاشلا.

* 5473. بىلىم بىلەن نەپسنى، ھەۋەسلىرىنى باسقان
بىلىم بەرگۈچى نىمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5474. "ۋۇجۇدۇڭنىڭ تۈز بولۇشىنى خالىساڭ، ھەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس،
ھاۋايى – ھەۋەس ئۆلسە، ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئەگرىسى تۈزلىنىدۇ.

5475. ھاۋايى – ھەۋەسكە قۇل بولماسلىققا تىرىشقىن،
ھاۋايى – ھەۋەس بىلەن نەپس ھەر ئىككىلىسىلا دىن
ئوغرىسىدۇر."

5476. ئەي ئەلىگ، سەن نېمىشقا ئاجىز بولۇپ قالدىڭ؟
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشقا كۈچۈڭ بار، قولۇڭ (يېتىدۇ).

5477. نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قاتتىق غەم قىلىسەن؟
نېمە ئۈچۈن ھاياتىڭنى ئاچچىق قىلىسەن؟

5478. يېتەرلىك خەزىنەڭ بار، قوشۇن، ئەسكەر – خىزمەتچىلەر كۆپ،
ھەممە ئىشقا يول كۆرسىتەلەيدىغان بىلىم، ئەقلىڭ بار.

5479. خەزىنەڭنى ئۇلەشتۈرۈپ، ئەسكەر – خىزمەتچىلەرنى خۇشال قىل،
ئۇلار ( ئارقىلىق) ھەممە ئارزۇلىرىڭغا يەت.

* 5480. كۈمۈش، ئالتۇن تارقىتىپ، دۈشمەننى يەڭگەن
جەڭگىۋار، شىجائەتلىك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5481. ئەگەر سەن دائىم ئۈستۈنلۈك قازانماقچى بولساڭ،
ئەسكەر – خىزمەتچىلەرنى خۇشال قىل، باتۇرلارنى ماختا.

5482. ئەسكەر – خىزمەتچىلىرىڭنى خۇشال قىل، (ئاندىن) تىلىكىڭنى
تىلە،
بارچە تىلەكلىرىڭ ئورۇندىلىدۇ، دۈشمەننىڭ بوينى ئېگىلىدۇ.

5483. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى كۆپەيتكىن، ئۇلارنى خۇشال قىل،
(ئۇلارمۇ) بىر كۈنى سەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

5484. قوشۇن ۋە ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر بىلەن كاپىر دۈشمەنلەرنى
يانچىپ تاشلا،
خۇدادىن مەدەت تىلە، سېنىڭ تايانچىڭ پاكتۇر.

5485. بۇ كاپىرلار ئۈچۈن قوشۇن ـ ئەسكەر تويلا، قورال تەييارلا،
كاپىرلار بىلەن (بولغان جەڭدە) ئۆلسە، ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ.

5486. ئۆي ـ ماكانلىرىنى كۆيدۈر، يۇرتلىرىنى سۇندۇر،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت ـ جامە (بىنا) قىل.

5487. ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى چۆرە قىلغىن،
ئۇنىڭدىن (ئولجا) ئالغان نەرسىلەر بىلەن خەزىنە تويلا.

5488. مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي، شەرىئەتنى تەرغىب قىل،
(شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نام قازىنىسەن، ئۇلۇغ بولىسەن.

5489. مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرما، قول تەگكۈزمە،
ئۇلارنىڭ ھامىيسى تەڭرىدۇر، ئەي ئەلىگ.

5490. مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن قېرىنداشتۇر،
قېرىنداشلارغا چېقىلما، دائىم ياخشى ئۆت.

5491. خەلققە ئادالەت قىل، خاتىرجەم ياشىسۇن،
ساڭا ياخشىلىق (تىلەپ) دۇئا قىلسۇن!

5492. ئاندىن خۇدا ساڭا سۆيۈنچ بېغىشلايدۇ،
ئىككىلا دۇنيا سېنىڭ بولىدۇ، ئەي قەھرىمان.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5493. ئەلىگ دېدى: بۇ سۆزلەرنى ياخشى دېدىڭ،
ئۆزۈممۇ خۇددى شۇنداق قىلىشنى خالايمەن.

5494. ئەي يىگىت، مۇشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان دوستۇم قېنى؟
بۇ ئىشلارنى قىلىشتا سەن ماڭا يار ـ يۆلەكتە بول.

5495. ئالدى بىلەن ئەلنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى پاك قىلىش كېرەك،
ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتنىڭ تەدبىرىنى تۈزۈش كېرەك.

5496. ياخشى كۆرگەنلەرگە ئىنئام بېرىپ، خۇشال قىلىش،
سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلارنى تەقىپ قىلىش كېرەك.

5497. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەلنى روناق تاپقۇزۇش كېرەك،
ئىچكى ـ تاشقى مەيخانىلارنى تازىلاش كېرەك.

5498. خەلقنى قانۇن بىلەن تامامەن تۈزىتىش،
ئەلدىكى يارىماس ئەھۋاللارنى تازىلاش كېرەك.

5499. خاتىرجەملىك، ئەل روناقلىقى قېنى؟ مەن (بۇنىڭغا) يېتىشەلمىدىم،
ئىش ئۈستىگە ئىش توپلاندى، كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5500. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
سەن ئىشلارنى سوزما، ھەممە ئىشلار بىلەن شۇغۇللان.

5501. قىلىدىغان ئىشىڭنى نېمىشقا (ئارقىغا) سوزىسەن؟
ئىشلىرىڭنى سوزما، (ۋاقتىدا) قىل، ئۆمۈرۈڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

5502. بۈگۈنكى ئىشنى قىلمىساڭ، ئەتىكى ئىشمۇ (بۈنىڭغا) قوشۇلىدۇ،
ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ قالىدۇ.

5503. بۈگۈنكى ئىشىڭنى قويۇپ، ئەتە قىلىمەن (دېمە)،
ئەتە ئىشىڭ (چىقىپ) قالسا، بۇ قىلىنماي قالىدۇ.

5504. ئەلنى ئىدارە قىلىپ تازىلاپ تۇر،
كەلگۈسىدە خەلقمۇ، ئۆزۈڭمۇ راھەتكە ئېرىشىسەن.

5505. يامان بولما، يامانلارغا يامانلىق ئىشلەت،
يامانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭدىن تازىلا.

5506. ئادىل بول، توغرا (ئىش) قىل، توغرا ھەرىكەت قىل،
(شۇنداق قىلساڭ) يامانلار، ئەگرىلەر قايىل بولىدۇ، ھەرىكىتىنى تۈزەيدۇ.

5507. تەتۈر ھەرىكەت قىلىدىغان تەتۈر كىشىلەر(نىڭ)
يامانلىقى چەكلەنمىگۈچە، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

5508. يامانلارنى (يېقىن) يولاتما، زىيىنى تېگىدۇ،

ياخشىلار بىلەن سەگەك ياشا.

* 5509. ئادىل، كۆڭلى تۈز، تىلى بىلەن دىلى (بىر)، 
خۇلقى چىرايلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5510. "يامانغا قېتىلما، توغرا (يولدا) يۈر،
ئەگرىلەر ئارىسىدا توغرا (كىشىنىڭ) كۈنى تار بولىدۇ.

5511. كىم يامانلىق قىلسا، (ئۆز) يولىدا پالاكەتكە ئۇچرايدۇ،
قىيامەت كۈنى توغرىغا توغرىلىق ھەمدەم بولىدۇ."

5512. ئەي ئەلىگ، ئەسكەر توپلىماي ئامال يوق،
بەگلەر بۆلگىنىشلارنى ئەسكەر بىلەن تازىلايدۇ.

5513. ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرنى توپلاش ۋە ئىنئاملار بېرىش كېرەك،
كەمبەغەللەرنى بېيىتىش، ئاچلارنى تويدۇرۇش كېرەك.

5514. خىزمەت قىلىپ يۈرگەنلەر ئۈمىد بىلەن يۈرىدۇ،
خىزمەتچى ئۈمىدىنى ئۈزسە، تۇرمايدۇ، كېتىدۇ.

5515. ئەي ئەلىگ، خىزمەتچىلەر بىرقانچە خىل بولىدۇ،
پەرقلەندۈرۈپ، ئايرىم (مۇئامىلە قىل)، يولدىن ئاداشمىسۇن.

5516. ئۇلارنىڭ بىر خىلى يۈز ـ ئابرۇيى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ،
ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قىلىش كېرەك، ئارزۇسى قانسۇن.

5517. يەنە بىر تەبىقىسى مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ،
ئۇلارغا مال ـ دۇنيا بەرگىن، جېنىنى پىدا قىلسۇن.

5518. يەنە بىر خىلى مال ـ دۇنيا ھەم ئابرۇي تىلەيدۇ،
شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئات ۋە تون تەلەپ قىلىدۇ.

5519. ئەگەر پالۋان، مەرگەن بولسا، كۈمۈش بەرگىن،
قىلىچ ئۇرۇپ، شەھەر، ئەللەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچسۇن.

5520. بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا كىشى بولسا،
قەدىرلە، مال ـ دۇنيا بەر، (ياردەم) قولۇڭنى ئۇزات.

5521. يامان، زوراۋان بولسا، (ئۇنى) پەقەت ئۆستۈرمە،
ھوقۇق بەرمە، (ئۇ) سېنى نادامەتتە قالدۇرىدۇ.

5522. يامان، ئۆكتەملەرنى ئۆستۈرمە، بېيىتما،
شۈبھىسىز، شىپالىق دوراڭنى زەھەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

5523. باتۇرلار يابغۇسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
ئەڭ زەئىپ خەلقمۇ باي بولۇۋالسا، باش ئەگمەيدۇ.

5524. يامانلارنى بېيىتما، ئەي قۇدرەتلىك،
يامانلار بېيىسا، پەيلىنى بۇزىدۇ.

5525. ياخشىلارنىڭمۇ قولى قىسقا بولسا،
موھتاجلىققا چۈشۈپ، خۇي ـ پەيلى بۇزۇلىدۇ.

5526. ياخشى خۇلقلۇق كىشى موھتاجلىققا چۈشۈپ قالسا،
قىلىقلىرى ۋە ياخشى مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

5527. يامانلارنى خورلىساڭ، يۇرۇش ـ تۇرۇشنى توغرىلايدۇ،

ياخشىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، قىلىقلىرى (تېخىمۇ) ياخشى بولىدۇ.

5528. سەممىي - سادىق كىشلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت،
ئۇياتسىزلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، (ئۇلاردىن) ساقلان.

5529. كىملەر پايدىلىق، كىملەر پايدىسىز،
پەرقلەندۈرۈپ، تاللاپ (مۇئامىلە قىل)، ئەي بىلىملىك دانا.

5530. ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغانلارنىمۇ پەرقلەندۈر،
ياخشى كۆرگەنلەرنى سۆي، دۈشمەنگە ئۆت بول.

5531. شادلىقىڭنى خالىمىغان كىشلەرنى (ئۆزۈڭدىن) يىراق تۇت،
ئۇنى سۆيۈندۈرمە، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا بەرمە.

5532. ساداقەتنى خىيانەت بىلەن ئارىلاشتۇرما،
يارامىلىقنى يارامسىز بىلەن بىللە تۇتما.

5533. بىر ئىشنى (بىرلا ۋاقىتتا) ئىككى كىشىگە تاپشۇرما،
ئىشەنگىنىڭنى، (بىر - بىرىگە دۈڭگىشىپ) ئىش قىلىنماي قالىدۇ.

5534. ئىشىڭنى ئىش بىلىدىغان كىشلەرگە تاپشۇر،
ئىش قىلىشنى بىلمىگەن (كىشى) قىينىلىپ قايغۇغا چۈشىدۇ.

5535. خىزمەت قىلدى، دەپلا (كۆرگەنلا) كىشىگە ئىش تاپشۇرما،
ئىشنى ساڭا پايدا كەلتۈرەلەيدىغان كىشلەرگە بەرگىن.

5536. ئەل مەنپەئەتىنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى تىلىگىن،
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە كۆز تىكمە، ئۇنىڭغا ئىلىنما.

5537. باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە قارىما، (ھەركىم) ئۆز پايدىسىنى كۆزلەيدۇ،
ئەل مەنپەئەتىنى كۆزلىگىن، ئۆزۈڭنى زورمۇزور بۇزما.

5538. ساڭا كىم پايدىلىق بولسا، (سەنمۇ) ئۇنىڭغا پايدىلىق بول،
پايدىسى تەگمەيدىغان كىشىنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر!

5539. پايدىلىق كىشىنى قەدىرلە، ھۆرمەت قىل،
ئەي ئەلىگ، مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇر.

5540. ئەي ئەلىگ، سەن ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلار ئەنە شۇلاردۇر،
بۇلارنى ئىجرا قىلساڭ، ئەل روناق تاپىدۇ.

5541. نامىڭ ياخشى بولىدۇ، ئۆزۈڭ بەخت تاپسەن،
سېنىڭدىن كېيىن نامىڭ، سۆزۈڭ (يادلىنىپ) قالىدۇ.

5542. خەلق بېيىيدۇ، ئەل سەلتەنەت، روناق تاپىدۇ،
خالىغىنىڭچە خەزىنە توپلىيالايسەن.

5543. سەممىي – مېھرىبان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
(ئۇنىڭ) سەممىيلىكى سۆزىگە ماس كېلىدۇ:

5544. "قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى (ۋە) توغرا بولسا،
شۇ ئەلنىڭ خەلقى بېيىيدۇ، كۆنى تۇغىدۇ.

5545. خەلقنىڭ بايلىقى بەگ ئۈچۈنمۇ بايلىقتۇر،
خالىساڭ ئۇنى ئالسەن، خالىساڭ بۇنى."

5546. شەھەر، كەنتلەردىكى ئوغرىلارنى يوقاتقىن،

مۇساپىر، كارۋانلارنى ئامان يۈرىدىغان قىل.

5547. ئەل ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلىدىغانلارنى يوقات،
چەت ـ ياقا جايلاردىكى قاراقچىلارنى تازىلا.

5548. يامانىنىڭ پەيلىنى جازا بىلەن تۈزەت،
يامانغا يامان يارىشىدۇ، سەنمۇ شۇنداق قىل.

5549. ئەي تاش يۈرەك، ياخشىلارنىڭ (ئازادە) يۈرەلىشى ئۈچۈن،
يامانلارنى يا زەنجىردە ياكى زىنداندا تۇتۇش كېرەك!

5550. بۇنىڭدىن باشقا، ئەلدىكى خەلقلەر بىرىنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ،
بۇلارنىمۇ ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ تۇتۇش كېرەك، يولى ئۈچۈق بولسۇن.

5551. ئۇلارنىڭ بىرى بىلىملىك ئالىملاردۇر،
بۇ ئالىملار بىلەن كىشىلەر بەخت، دۆلەتكە ئېرىشىدۇ.

5552. بۇلارنى قەدىرلە، نېمە دېسە شۇنى قىل،
شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، رەت قىلما، ئېگىل.

5553. بۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى، ھەققىنى ئۆكسۈتمە،
تەمىنلەپ تۇر، موھتاجلىققا چۈشمىسۇن، ئەي ھاكىم.

5554. ئۇلار كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن (باشقىلارغا) ئۆگەتسۇن،
بىلىمسىزلەر ئۇلاردىن ئۆگەنسۇن.

5555. بۇلاردىن كېيىن مۇختەسىپلەر[1] تۇرىدۇ،
بۇلارنىڭ ھوقۇقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، ئەي قۇدرەتلىك.

5556. پاسىق، بىكارچى، بىزادىلارنى قىسىپ تۇتسۇن،
مەسچىت جامائەتلىرىنى تولۇقلىسۇن.

5557. ئاندىن كېيىنكى تەبىقە ساڭا خىزمەت قىلغۇچىلار بولۇپ،
قاتتىق تۇتمساڭ، ئۇلار ئىسيان كۆتۈرىدۇ.

5558. بۇلار يۇك كۆتۈرمەيدۇ، بۇلارنىڭ يۇك، مۇشەققىتىنى
ئۆزۈڭ كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

5559. بۇلاردىن قالسا ئاۋام خەلق تۇرىدۇ،
بۇلارغا ئادالەت بىلەن ياخشى قاراش كېرەك.

5560. بۇلارمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ، بۇنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.
زۇلۇم قىلما، زۇلۇم قىلساڭ ئەلگە جۇت كېلىدۇ.

5561. بۇلاردىن بىرى بايلاردۇر،
خەلقىنىڭ كۈچلۈكى ئاشۇلار، ئەي قۇدرەتلىك.

5562. قارا، بۇلاردىن كېيىنكىسى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر بولۇپ،
ئوتتۇرا ھاللار بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ.

5563. كەمبەغەللەر بۇلاردىن كېيىن تۇرىدۇ،
ھەممىدىن ئاۋۋال بۇلارنى ئاسراش كېرەك.

---

[1] مۇختەسىپ — دىن، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلار.

5564. بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇرا ھاللارغا يۈكلىمەسلىك كېرەك،
(ئۇنداق قىلساڭ) ئوتتۇرا ھاللار بوزۇلىدۇ، ھالىدىن كېتىدۇ.

5565. كەمبەغەللەرگە ئوتتۇرا ھاللارنىڭ يۈكىنى ئارتماسلىق كېرەك،
(ئۇنداق قىلساڭ) كەمبەغەللەر ئاچتىن ئۆلىدۇ، يىلتىزى ئۈزۈلىدۇ.

5566. كەمبەغەللەرنى ئاسرىسا، ئوتتۇرا ھال بولىدۇ،
ئوتتۇرا ھاللار ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا، بايلىققا ئېرىشىدۇ.

5567. كەمبەغەللەر ئوتتۇرا ھال بولسا، ئوتتۇرا ھاللار بېيىيدۇ،
ئوتتۇرا ھاللار بېيىسا، ئېلىڭ بايلىققا تولىدۇ.

5568. ئەل روناق تېپىپ، خەلق راھەتكە ئېرىشىدۇ،
شۇ زاماندا سەن دۇنياغا ئىگە بولىسەن.

5569. ئۇچ ئوردۇ خانى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
نامىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىزدىگىن، ئەي ئۆلگۈچى.

5570. كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا،
ئۇنىڭ ياخشى نامى دۇنيا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇ.

5571. ئۆلگەندىن كېيىن كىم ياخشى دۇنيا بىلەن يادلانسا،
ئۇ (قايتىدىن) تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھايات باشلىغاندەك بولىدۇ.

5572. مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە بول ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول،
ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولسا، (شۆھرىتىنى) ئۆزۈڭ كۆرىسەن.

5573. قارا، ئۆزۈڭ ئۆلسەن، ياخشى نامىڭ قېلىشى كېرەك،

كىشى ئۆلىدۇ، (ياخشى) نامى قالسا، مەڭگۈ ياشايدۇ.

5574. قارا، سەندە رەئىيەتنىڭ (پۇقرانىڭ) ئۈچ ھەققى بار،
بۇ ھەقنى ئادا قىل، سەن زۇلۇم قىلما.

5575. بىرسى، ئېلىڭدە كۇمۇشنى ساپ تۇت،
ساپلىقنى نازارەت قىل، ئەي بىلىملىك.

5576. يەنە بىرسى، خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز،
بىرىنىڭ ئىككىنچى (بىرسىگە) زۇلۇم قىلىشىغا يول قويما، ئۇلارنى قوغدا.

5577. ئۈچىنچىسى، بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا،
قاراقچى، بۇلاڭچىلارنى پاك ـ پاكىز تازىلا.

5578. (شۇنداق قىلغاندا) رەئىيەتنىڭ ھەققىنى ئۆتكەن بولسەن،
ئاندىن كېيىن سەن ھەققىڭنى تەلەپ قىل، ئەي سېخىي ھۆكۈمدار.

5579. رەئىيەت ئۈستىدىمۇ سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ بار،
بۇلارنىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش كېرەك، ياخشىراق ئاڭلا:

5580. بىرى، يارلىقىڭنى ھۆرمەت قىلسۇن،
نېمە (دېگەن بولساڭ)، دەرھال شۇنى ئىجرا قىلسۇن.

5581. ئىككىنچىسى، خەزىنە ھەققىنى تۆلەپ تۇرسۇن،
(ئۇنى) ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزسۇن، ئەي سېخىي.

5582. ئۈچىنچىسى، دۈشمەنگە دۈشمەن بولسۇن،

كىمنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇنى ياخشى كۆرسۇن.

5583. (شۇنداق قىلغاندا) سەنمۇ ئۆز ھەققىڭنى ئالغان بولسەن،
ئۇلارمۇ ئۆز ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

5584. بەگ (ئۆز ئىشلىرىنى) ئەنە شۇنداق يۈرگۈزۈشى كېرەك،
رەئىيەتمۇ خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەي ئۇلۇغ.

5585. خەلق بېگىنىڭ ياخشىلىقىغا ئىگە بولسا،
ئاندىن بەگ خاتىرجەم بولىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ.

* 5586. ئەي ئەلىگ، سېنى ئىككى ئالەم
بەختىگە يەتكۈزىدىغان تەلەي ئەنە شۇدۇر.

5587. بۇلاردىن باشقا، ئالىم ـ دانالار (دەس) تۇرۇپ،
خەلققە بىلىم بەرسۇن، نازارەت قىلسۇن.

5588. يەنە مۇختەسىپلەرنىڭمۇ ھوقۇقى كۈچلۈك بولسۇن،
جامائەت (ئىچىنى) كېزىپ يامانلارنى يىغسۇن.

5589. سودىگەرلەر ئامانەتلىرىنى ئېھتىيات قىلسۇن،
ھۈنەرۋەنلەر نەسھەتلىرىنى قىلىپ تۇرسۇن.

5590. دېھقانلار دېھقانچىلىققا ماھىر بولسۇن،
چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى كۆپەيتسۇن.

5591. ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىدىغان ئەسكەر ـ خادىملار قالدى،
بۇلار دۈشمەنگە، بۆرىگە (قارشى) يۈرۈش قىلغۇچىلاردۇر.

5592. بۇلارنى خۇشال قىلىپ، مال ھەدىيە قىل،
دىققەت قىل، ئۇلارنى باشقا ئىشلارغا بەند قىلما.

5593. پايدىلىق بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ، ئۇلارنى قەدىرلە، ئېھسان قىل،
مال ـ دۇنيا بىلەن بېيىتقىن، كۆچىنى ئاشۇر.

5594. (ئۇلار) دۈشمەنگە، بۆرىگە (قارشى) تولۇق تەييارلانسۇن،
دوستلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، دۈشمەنگە ئۆلۈم (بەرسۇن).

5595. (شۇنداق قىلغاندىلا) ھەممە دوستلىرىڭ تاللىنىپ چىقىدۇ،
بارلىق ئىشلىرىڭ پاكىز (ئورۇندىلىدۇ)، روناق تاپىدۇ.

5596. ئىككى دۇنيا ياخشىلىقى سېنىڭ بولىدۇ،
خۇدايىمنىڭ سۆيۈنچىسىگىمۇ ئىگە بولىسەن.

5597. قارىغىنا، ئادالەت دېگەن مۇشۇ، توغرا، ئادىل بول،
بۇ ئادالەت سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىدۇ.

5598. ئادىللىقىڭ ئۇچۇن تەگرى سېنى ياخشى كۆرىدۇ،
ئادىللىقتىن باشقا خەلققە ئۆچمەنلىك قىلما.

5599. دىلى يورۇق (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:
بۇنىڭ مەنىسى، (ئويلاپ) قارىساڭ، بۇ سۆزگە گۇۋاھدۇر.

5600. "توغرىلىقى ئۇچۇن ئاسمان ئايىغدا تىك تۇرالايدۇ،
تەۋرىمىگەنلىكى ئۇچۇن يەردە چۆپ ـ زىرائەت ئۈنىدۇ.

5601. ئۆزگەرمەي، توغرا تۇر، دىلىڭنى توغرا تۇت،

توغرا (ئادەم) ئىككىلا دۇنيادا ئادالەتكە ئېرىشىدۇ.»

5602. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم مانا شۇلار،
ئىچىم ۋە تېشىمدىكى (ھەممىنى) ساڭا بايان قىلدىم.

5603. ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان سۆز شۇ ئىدى،
بۇلارنى مەن (ساڭا) ئېيتىپ بەردىم.

5604. بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتى ۋە ياخشى نام،
دۇنيامۇ، ئاخىرەتمۇ — ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

5605. بۇ دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى ھەممىسى قالىدۇ،
ئۆزۈڭ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ، ياخشى نامىڭ قالسۇن.

5606. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىلىم ياخشى سۆزلىگەن،
سۆز مەنىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ (شۇنداق دېگەن):

5607. «ئۆزۈم (ئۆلسەممۇ) ئۆلەي، نامىم ياخشى بولسۇن،
تىرىك ئاخىر ئۆلىدۇ، نامىم قالسۇن.

5608. تىرىشىپ ياخشىلىق قىلغىن، ياخشى نام ئىزدە،
ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال.»

* * *

5609. ئەلىگ (بۇ) سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق سۆيۈندى،
كۆزى (ئېچىلدى)، دىلى يورۇدى، ھۇزۇرلاندى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5610. (ئەلىگ) ئۆگدۈلمىشنى كۆپ ئالقىشلىدى، ماختىدى،
ۋە دېدى: سەن ئۆزۈڭ بىلگەنلەرنى سۆزلىدىڭ.

5611. بۆگۈندىن باشلاپ خۇدا تەۋپىق بەرسۇن،
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى ئەستايىدىل (كۆڭلۈمدە) تۇتاي.

5612. رەببىم سەندەك ياردەمچىنى ماڭا ئاتا قىلدى،
تىلىسەم تىلىكىمنى بېرىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

5613. خۇدا (سېنىڭ) بارلىق ئارزۇ - تىلەكلىرىڭنى بەرسۇن،
ئارزۇلىرىمنى تۈگەل (بايان) قىلدىڭ، ئەي ياخشى دانىشمەن.

5614. بۆگۈندىن باشلاپ سەن مېھرىبانلىق بىلەن
ماڭا ياردەم قىل، ئەي كۆڭلۈمگە يېقىن!

5615. ساڭا ھەقىقىي ئىشىنىمەن (ۋە) ئىشەنچ باغلايمەن،
سۆزۈڭنى مەندىن يوشۇرما، ئەي خۇش چىراي.

5616. قۇياش مېنى قانداق يورۇتقان بولسا، سەنمۇ كۆڭلىرىمنى
شۇنداق يورۇتتۇڭ، سېنى سەرمايەم، دەپ ھېسابلايمەن.

* 5617. كۆڭۈل بەرگەن، تىلى ۋە دىلى بىلەن يېقىن بولغان كىشى
بەك ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقان:

5618. كۆڭلۈڭ كىمگە ئىشەنسە، شۇنى ئەينەك قىل،
ئۆزۈڭنى كۆرەي، دەپ ئۇنى ئالدىڭغا قوي.

5619. سەممي كىشى ئادەمگە ئەينەك بولىدۇ،
ئۇنىڭغا قاراپ ئادەم خۇلق ـ مىجەزىنى تۈزىتەلەيدۇ.

5620. كىمنىڭ كۆڭلى كىمگە ھەققىي يېقىن بولسا،
ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۆزىگە ھەققىي يېقىن تۇتۇش كېرەك.

5621. ئىشەنگەن كىشىگە سىر ئېيتىش كېرەك،
ئىشەنگەن كىشى سىر ئېيتسا، (مەھكەم) ساقلاش كېرەك.

* * *

5622. قارا، ئۆگدۈلمىش ئەلگىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى،
سۆيۈندى، "خوپ!" دەپ تەبەسسۇم قىلدى.

5623. ئەلىگ سۆزىنى تۈگەتتى، ئۆزى ھاياجانلاندى،
ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن چىقتى.

5624. ئەلىگ شۇندىن باشلاپ راھەتنى تاشلىدى،
كۆپ مۇشەققەت چېكىپ، ئېلىنى رەتكە سالدى، تۈزەتتى.

5625. يامانلارنى يىراقلاشتۇردى، ياخشىلارنى توپلىدى،
(ۋە ئۇلارنى) ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە بەردى.

5626. خەلق تۈزەلدى ۋە ئېلى تازىلاندى،
يىل، ئاي، كۈنلەر تىنچ (ئۆتتى)، ھالاۋەتكە ئېرىشتى.

5627. ئەل پايدىسى بىلەن ھايات لەززەتلىك بولدى،
(خەلق) ھالاۋەتكە خۇشال بولۇپ، شادلىق بىلەن كۈلدى.

5628. ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى (ناھايىتى) قەدىرلىدى،
ئىشىنىپ، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

* * *

5629. (شۇنداق قىلىپ) ئۆگدۈلمىش بىرنەچچە ۋاقىت يۈردى،
ئەلەم - قايغۇ بىلەن يەنە بىئارام بولدى.

5630. ئۆزىنى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى،
ھاياتىنى ۋە يىگىتلىكىنى زايە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

5631. كۆڭلى - كۆكسى يورۇدى، كۆزى ئېچىلدى،
كۆڭلىنى پۈتۈنلەي پاك قىلىشنى ئارزۇ قىلدى.

## 73

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تۆۋا قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5632. (ئۆگدۈلمىش) شۇنداق دېدى: مەن بىخۇد ھالدا شادلىنىپ يۈردۈم،
ھاياتىم غەپلەت ئىچىدە بىھۇدە ئۆتتى.

5633. ھايات كۈچ ــ قۇۋۋىتى مەندىن كەتمەكتە،
ئېتىكلىكىمنى يوقىتىپ، قولۇمغا ھاسا ئالماقتىمەن.

5634. (ئۇ) پۇشايمان قىلىپ دېدى: ئىسىت، كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى،
ئۆمرۈم تۈگىمەكتە، كېچىلىرىم قارىيىشقا باشلىدى.

5635. مەن نازۇنېمەتلەرنى كالىدەك يېدىم،
بىلىپ ــ بىلمەي بىر كالىدەك ياشىدىم.

5636. (يەنە) دېدى: مەن بىخۇد ھالدا (ئويناپ) كۈلۈپ يۈردۈم،
كۈنلىرىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

5637. مەندىن يىگىتلىكنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتى كەتتى،
ئەمدى كۆيۈپ ــ تۆتەپ يىگىتلىككە ئېچىنىمەن.

5638. ھاياتلىق ئۇچۇقتى، ئۆلۈم يېقىنلاشتى،

ئۆلۈمگە چارە يوق، (ئۆنىڭدىن) قۇتۇلۇش يولىمۇ يوق.

5639. چىچىم شۇڭقار پەيلىرىدەك كۆل رەڭ تۇسكە كىردى،
ساقىلىم كۈزدە غازاڭ بولغان گۈل بەرگىگە ئايلاندى.

5640. ئوتتۇز ئىككى چىشىم ئاق ئۈنچىدەك ئىدى،
(ئەمدى) يىپى ئۈزۈلۈپ، بىر - بىرلەپ چىچىلدى.

5641. كۆزلىرىم (بىر) كۆنلۈك يەرنى كۆرەتتى،
(ئەمدى) خىرەلەشتى، ئالدىمدىكى كىشىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.

5642. قۇلاق تۇتسام، يىراق (ئاۋازلار)نى ئاڭلايتتىم،
بۈگۈن قول بىلەن ئىشارەت قىلىپ (سۆزلىشىدىغان) بولۇپ
قالدىم.

5643. بېشىم قوزغۇن تۇسىدەك قاپقارا ئىدى،
(ئەمدى) باشقا ئاق قۇ قوندى، بېشىم پېتىلدى.

5644، (ئەمدى) مەن خۇدا ئالدىغا قايتىدىغان بولدۇم،
گۇناھلىرىم ئۈچۈن پەرياد چېكىپ يىغلىشىم كېرەك.

5645. مەن خۇدا (ئالدىغا) بارىدىغان بولدۇم،
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆزرە سورىشىم كېرەك.

5646. ئەمدى يارىماس (ئىشلارنى) تاشلاپ،
كۆڭلۈمنى بۇلغىنىشلاردىن پاك قىلىشىم كېرەك.

* * *

5647. (ئۆگدۈلمش) (ئورنىدىن) تۇرۇپ، تۇۋا قىلماقچى،
خۇداغا سىغىنىپ، گۇناھلىرىنى تىلىمەكچى بولدى.

* * *

5648. (لېكىن) ئويلىنىپ قالدى (ۋە) شۇنداق دېدى: ئالدىرىماي،
ئالدىراڭغۇلۇق زىيانلىقتۇر، ئۇنداق قىلماي.

5649. ئالدى بىلەن بۇ ئىش (ئۇستىدە) مەسلىھەتلىشىشىم كېرەك،
يارىماس ئىشلارنى ئۆزۈمدىن چەتلەشتۈرۈشىم كېرەك.

5650. (ھەرقانداق) ئىشنى مەسلىھەت بىلەن بىلىپ قىلىش كېرەك،
مەسلىھەت قىلمىغانلار ئىشتىن زارلىنىپ، پۇشايماي قىلغان.

5651. سۆز ماھىرلىرى نېمە دېگەن، ئاڭلا:
ھەرقانداق ئىشتا مەسلىھەت ياخشى چارىدۇر.

5652. ئۆز يېقىنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك،
مەسلىھەت بىلەن ھەرقانداق ئىش راۋاج تاپىدۇ.

5653. مەسلىھەتلەشسە كىشى ئۆز ئىشىنى ئوڭشايدۇ،
مەسلىھەتلەشمىگەن كىشى ئاخىر پۇشايمان قىلىدۇ.

5654. مەن ئەمدى قېرىندىشىمنىڭ ھۇزۇرىغا باراي،
ئۇنىڭغا بۇ ئىشلىرىمنى مەسلىھەت قىلاي.

5655. يارايدۇ دېسە، مەن بۇ ئىشلارنى قىلاي،
بولمايدۇ، دېسە، مەسلىھەتىم (ئۆز جايىدا) قالسۇن.

5656. كىشى ئۆز ئىشىنى ئۆزى تولۇق كۆرۈپ بىلەلمەيدۇ،
باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ ئېيتىش كېرەك.

5657. مەسلىھەتلەشسە كىشىنىڭ بىلىمى كېڭىيىدۇ،
مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، قول ئۆزۈن بولىدۇ.

5658. مەسلىھەتلەشكەن كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا؛
كىشى ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتتۈرىدۇ.

5659. "نېمە ئىش قىلىشىڭ (ھەققىدە) كىشىلەر بىلەن كېڭەش،
كېڭەشمەيدىغان كىشىگە قېتىلما، يىراقلاش.

5660. قانداقلا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، كېڭەشسەڭ، ئاندىن قىل،
تىلەك - ئارزۇلىرىڭنى كېڭەش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇر."

*     *     *

5661. ئاخشىمى يېتىپ قالدى، ئەتىگەندە تۇرۇپ تاھارەت ئالدى،
ئېتىنى مىنىپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا باردى.

5662. رۇخسەت سوراپ، ئەلىگنىڭ ئالدىغا كىردى،
ئەلىگ ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ئورۇن كۆرسەتتى.

**ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى**

5663. ئەلىگكە بايان قىلىپ دېدى: مەن بۈگۈن
قېرىندىشىمنى قىزغىن زىيارەت قىلماقچىمەن.

5664. ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، ئۇ يەرگە بارسام،
زىيارەت قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كەلسەم.

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5665. ئەلىگ دېدى: بارغىن، مەندىن ئۇنىڭغا
سالام يەتكۈزۈپ قوي، ئەي كامىل بىلىملىك.

5666. خۇداغا ئىخلاس بىلەن (ئىبادەت قىلغان) پەيتلىرىدە،
دۇئادا مېنى ئۇنتۇمىسۇن!

5667. خۇدادىن گۇناھلىرىمنى تىلىسۇن،
دۇئا بىلەن خۇدا گۇناھلىرىمنى كەچۈرسە (ئەجەب ئەمەس).

* * *

5668. ئۆگدۈلمىش "خوپ" دەپ ئۇ يەردىن چىقتى،
ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، چىرايى ئېچىلدى.

5669. دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگىگە كىردى،
قۇياش ياقۇت رەڭگىنى زېمىنغا ئۆزگەرتتى.

5670. ئاسمان قاپقىنى تۇرۇپ، يۈزىنى قارايتتى،
بارچە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلىدى.

5671. ناماز ئوقۇدى، تۆشەككە كىرىپ ياتتى،
بىرئاز ھاردۇق ئېلىپ، خېلى ئۇخلىدى.

5672. بەزىدە ئۇخلىدى، بەزىدە ئويغاق (خىيال سۈرۈپ) ياتتى،
خىيالى ئۇنى ياتقۇزمىدى، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

5673. (يەنە) تۆشەك سېلىپ ياتتى، ئۇزۇن ئۇخلىدى،
ئۆزى يالغۇزلۇقتا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

5674. كېيىن ئىككىلا كۆزى (زادى) يۇمۇلمىدى،
خىيال سۈرۈپ ئويغاق ياتتى، ئۆزى زېرىكتى.

5675. قارىسا شەرقتىن "قارا قۇش[1]" چىقىپ،
ئۇچقۇنغا ئوخشاش يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

5676. كېيىن يىلدىرىك[2] بىلەن ئايغىر[3] يورۇدى،
ئۆزىدىن بەلگە بېرىپ ئەرەنتىر[4] سەپكە تىزىلدى.

5677. سۆكىچ[5] ئۆرلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى،
سۇرە ئىبرىنى[6] ئوقۇپ سايراشقا باشلىدى.

5678. شەرققە قارىدى، قۇياش بېشى كۆتۈرۈلۈپتۇ،
يەردىن يوقىرىغا قاراپ ئۆرلەپتۇ.

5679. قۇياش شولىسى پۇتاقلىنىپ نەيزىدەك يوقىرىغا پۈپىلدى،
ئاسمان يۈزى چوغدەك يالقۇنلىدى.

5680. دۇنيا سۆيۈملۈك يار كۆلكىسىدەك يورۇپ كەتتى،

---

[1] يۈپىتىر.
[2] [3] [4] — سۈبھىدە، شەرقتىن كۆرۈنىدىغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ نامى.
[5] بىر خىل قۇشنىڭ نامى.
[6] «سۇرە ئىبرى» 78 - بېيىتنىڭ ئىزاھىغا قاراڭ.

قايغۇلار يوقلىپ، شادلىق باشلاندى.

5681. (ئۆگدۈلمىش) ئورنىدىن تۇردى، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى،
ئېتىنى مىندى ۋە تاڭغا قاراپ يۈزلەندى.

5682. بېرىپ ئېتىدىن چۈشتى، دەرۋازىنى قاقتى،
قېرىندىشى ئىبادىتىنى قويۇپ، دەرۋازىنى ئاچتى.

5683. ئۆگدۈلمىش (ئۇنى) كۆرۈپ سالام قىلدى،
ئودغۇرمىش سالامغا جاۋاب ياندۇردى.

5684. قول تۇتۇشۇپ ئۆيگە كىرىشتى،
قېرىندىشى سۆز باشلاپ، شۇنداق دېدى:

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5685. ئەي قېرىندىشىم، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، سۆزلە،
سەن بىلەن كۆرۈشكىلى تېخى بىر ئايمۇ بولمىدىغۇ؟

5686. كۆڭلۈڭنى چۈشكۈنرەك كۆرۈۋاتىمەن،
قىزىل يۈزۈڭمۇ سارغىيىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

5687. قانداق قايغۇ كەلدى، ھالىڭ نېچۇك؟
سۆزۈڭنى ماڭا ئېيت، ئېغىز ئاچ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5688. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي قېرىنداش،

زامان ئوقى (كۆكسۈمگە) تەگدى، دىلىمنى يارىلىدى.

5689. زامان پەند ـ نەسىھەت بېرىپ كۆزنى ئاچسا،
ئۆلگەن كۆڭلۈمۇ تىرىلىدىكەن.

5690. غەپلەتتە قالغىنىم ئۈچۈن، كۆڭلۈم ئۇيقۇدا ئىدى،
زامان نەسىھەتى مېنى ئويغاتتى.

5691. كۆڭۈل كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزۈمنى سىناپ كۆردۈم،
(توغرا) يولدىن ئازغانلىقىمغا ئەجەبلەندىم.

5692. ھايات ئاخىرلاشتى، يۈكۈم ئېغىرلاشتى،
گۇناھلاردىن قايتىش پەيتىم كەلدى.

5693. ھاياتىم داۋامىدا كىشىلەرگە خىزمەت قىلدىم،
خۇدانىڭ ئىبادىتى قېپقالدى، بىخۇد (بولۇپ) ئۇخلىدىم.

5694. دۇنيا ئۆتتۈۋەردى، ھاياتمۇ ئۆتتۈۋەردى،
قارا، بۇ دۇنيا قالدۇ، ھايات تۈگەيدۇ.

5695. ياشاش ئۈچۈن دۇنياغا ئىنتىلدىم،
ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، ئەمدى بۇ پەس (دۇنيا) نېمىگە كېرەك؟

5696. شۇنىڭدەك بۈگۈنكى كۈنۈممۇ ئۆتتۈۋاتىدۇ،
كەلگۈسى تۈنۈمگە ئېرىشەلەرمەنمۇ؟

5697. چېچىم كۈزگى گۈل بەرگىدەك غازاڭ بولدى،
ساقىلىم شۇڭقار پېيىدەك كۈمۈش تۈسكە كىردى.

5698. مەن ئەتىكى تەييارلىقىمنى قىلىشىم كېرەك،
ئاخىرەتلىك ئىشلىرىم تەييارلانسۇن، ئەي ئەقىللىق.

5699. بۇنىڭغا تەقلىدتەن مۇنۇ سۆز ئېيتىلغان،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ئەي كۆڭلى تۈز:

5700. "ئۆتكەن ھاياتىمغا پۇشايمان قىلىمەن،
قالغان كۈنلىرىم قانچىلىك ئىكەن، ئەي، ئاي يۈزلۈكۈم؟

5701. ئىسسىت، يىگىتلىك كۈنلىرىم بىھۇدە ئۆتتى،
(ئەمدى) كەلگۈسى تۈنۈم بىھۇدە بولمىسۇن."

5702. بىلىملىك، زېرەك (كىشى) ماڭا شۇنداق دېدى:
ئەتە بولىدىغان ئىشقا بۈگۈن تەييارلىق قىل.

5703. بىخۇد بولما، ئىبادەت ئىشلىرىنى بۈگۈن قىل،
بۈگۈن قىلساڭ، ئەتىكى ئىشىڭ ھازىرلانغان بولىدۇ.

5704. كالىدەك يەپ - ئىچىپ، بىكار يۈردۈم،
ئەمدى ئۆزۈمنى ئاچ - تەشنالىقتا سالاي.

5705. (ۋۇجۇدۇم) كۆپ نازۇنېمەتلەرنى يەپ سەمرىدى،
پەيتى كەلدى، بۈگۈن ئۇنى ئورۇقلىتىشىم كېرەك.

5706. كۆپ ھالاۋەتتە ياشىدى، تىلىگىنىچە بولدى،
ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ ئۆرە تۇرسۇن.

5707. تۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلدى،

ئۇلارنى خۇشال قىلاي، تەدبىرىنى كۆرەي.

5708. كىشلەرگە كۆپ قول تەگكۈزدۈم، تىل سۇردۇم،
بۈگۈن تىلىم ئۇلار ئۈچۈن ئۆزرە سورىسۇن.

5709. مەن ئۆزۈن (ۋاقىت) كىشلەرنى ئەيىبلەپ يۈردۈم،
ئەمدى ئۆزۈمنى ئەيىبلەي، ئەي ئەزىز.

5710. مەن ئىگەمدىن قاچقان، يامان قاچقۇنمەن،
پۈتۈن بارلىقىم كۆپ گۇناھقا پاتتى.

5711. بۈگۈن توۋا بىلەن ئۆزۈمگە ياناي،
ئىگەمدىن ئۆز (گۇناھىم) ئۈچۈن ئۆزرە سوراي.

5712. ئۆلۈم (ياقامنى) تۇتماستا ئىبادەت قىلاي،
ئۆلۈم يېپىشسا ئىبادەت قىلىنماي قالدۇ.

5713. بىلىمى بەك چوڭقۇر (كىشى) نىمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) ساڭا نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ، ئەي دىلى قاتتىق:

5714. ئۆلۈمدىن بۇرۇن (پەيلىڭدىن) قايت، ئۆزۈڭنى يىغ،
ئۆلۈم يېپىشقاندا پايدىسىز پۇشايماننى قىلما.

5715. ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، توۋىغا ھازىرلان،
بىخۇد بولما، ئۆلۈم كېلىپ (بىر كۈنى) ياقاڭدىن تۇتىدۇ.

5716. يىگىتلىك مەزگىلىڭدە ئىبادەت قىلىۋال،
قېرىلىق يېتىپ كەلگەندە ھەممە كۈچ — قۇۋۋەت كېتىدۇ.

5717. ھاياتنى قەدىرلە، ئالدىراپ ئىبادەت قىل،
ئۆلۈم (ياقاڭنى) تۇتماستا دىققەت قىل، سەگەك بول.

5718. ئۆلۈم يېتىپ كەلمەستە سەگەك بول، (ئۆزۈڭنى) ساقلا،
ئۆلۈم يېتىپ كەلسە، (سەگەك بولمەن دېيىشىڭ) پايدىسى
يوق.

5719. مانا، ئەمدى ئۇ يەردىن چىقىپ، سىنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم،
ياخشى ئويلاپ بۇ ئىشقا بىر مەسلىھەت بەرگىن.

5720. سەن مېنىڭ مېھرىبان قېرىندىشىمسەن،
بۇنىڭ ئامالى قانداق، ماڭا ئېيتىپ بەر، ئەي قەھرىمان.

## 74

# ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە مەسلىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

5721. ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: (ئەي) قېرىنداش،
سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، ئەي دىلكەش.

5722. سەن ياخشى نىيەت قىلغان ئىكەنسەن،
خۇدا تەۋپىق بېرىپ، كۆزۈڭنى ئاچسۇن.

5723. بۇ ھەقتىكى بىلىم پەقەت بىر تۈرلۈكلا ئەمەس،
ھەر تۈرلۈك ئىش بار، بۇنىڭغا قول يەتكۈزۈش كېرەك.

5724. بۇلاردىن بىرسى، مەن ئېيتاي، سەن ئاڭلا،
يارايدىغىنىنى كۆرۈپ بىل، ئاندىن ئەمەل قىل.

5725. ھازىرچە ئۇ يەردە تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشى،
مەن ئۈچۈن بولسا، بۇ يەردە تۇرۇش ئەۋزەل.

5726. بۇگۈن سېنىڭدىن ئەلگە پايدا كۆپرەك (تېگىدۇ)،
بۇ پايدىنى بۇزۇۋەتسەڭ، قارغىش – سۆكۈشكە قالىسەن.

5727. قارا، ئەلىك ئەل (ئىچىدە) قولۇڭنى ئۇزۇن قىلدى،

نۇرغۇن ياخشى (ئىشلارنى) قىلىۋاتسەن، نامىڭ تونۇلدى.

5728. خەلق ھالاۋەتكە يېتىشتى، ئەل روناق تاپتى،
رەئىيەت تىنماي دۇئا قىلماقتا.

5729. پايدىلىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
پايدىلىق كىشى كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر:

5730. "قارا، كىشىلەر ئارىسىدا (ھەقىقىي) كىشى شۇكى،
ئۇنىڭدىن خەلق پايدا كۆرىدۇ.

5731. پايدىسىز كىشىلەردىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ،
پايدىلىق كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئەلنى تولدۇرىدۇ."

5732. كىشى كۆڭلىگە ياخشى نىيەت پۈكسە،
دۇنيادا (ھەممە) ئىشى تىلىگىنىدەك بولىدۇ.

5733. ياخشى نىيەت قىلغان (كىشىگە) ياخشىلىق كېلىدۇ،
(ئىشنى ئەمەلگە) ئاشۇرالمىسىمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

5734. تىنچلىق ۋە قانۇن مەملىكەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى (تەمىنلەيدۇ)،
ئەل خەلقى سەندىن خۇشال بولىدۇ.

5735. قانۇن ـ قائىدىلەر ياخشى مۇكەممەل تۈرغۇزۇلسا،
يامانلار ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى قويۇپ، ئەلدىن يوقىلىدۇ.

5736. بۇلارنى تاشلاپ، سەن بۇ يەرگە كەلسەڭ،
ئۇ ئىشلار بۇزۇلىدۇ، ئۆزۈڭ پۇشايمان قىلىسەن.

5737. بۇ قانۇن ـ قائىدىلەر يەنە ئالمىشىپ كېتىدۇ،
ئەلمۇ بۇزۇلۇپ، قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ.

5738. سېنىڭ ئورنۇڭغا بىر يامان (ئادەم) ئورۇنلىشىدۇ،
خەلقىڭنى يىغلىتىپ بىردەممۇ تىنچلىق بەرمەيدۇ.

5739. يامان (ئادەم) ئەلىڭنى يامان يولغا باشلايدۇ،
يامانلار ئىش قىلىپ، يامان ئىز قالدۇرىدۇ.

5740. بىر خۇدا سەندىن بۇنى سورايدۇ،
خۇدانىڭ سورىقى بار، ياخشى نامىڭنى ساقلا!

5741. يامانلىق قىلماسلىق ۋە قانۇننى بۇزماسلىق كېرەك،
يامانلىق قىلغۇچىلارغا يول قويماسلىق كېرەك.

5742. قىلىقى ۋە كۆڭلى توغرا كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئۇ ساڭا نەسىھەت قىلىدۇ، بۇنى ئۇنتۇما.

5743. "يامانلارغا قېتىلما، قانۇننى بۇزما،
يامانلىق قىلغۇچىغا يول قويما.

5744. ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىل، ياخشى قانۇننى يولغا قوي،
ئىككىلا دۇنيادا يامانلىق كۆرمەي ياشايسەن."

5745. خۇدا ساڭا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تەۋپىق بەردى،
ھەر خىل ياخشىلىقلارنى قىلىشنى (نېسىپ قىلدى).

5746. بۇ ياخشىلىقلارنى نېمىشقا بۇزىسەن؟

ئەي دىلى سەگەك، بۇنىڭدىن ساڭا زىيان تېگمىدۇ.

5747. سەن ئەل پايدىسىنى بۇزۇپ، ئۆز پايداڭنىمۇ تاشلاپ،
بۇ يەرگە كېلىپ، نېمە ياخشىلىق تىلەيسەن؟

5748. مەن بۇ يەر ياخشىراق دېگەنلىكىمنى
ئۆزۈم ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي، ئەي چىرايلىقىم.

5749. مەن دۇنيا، دۆلەت تىلىمىدىم،
ئارزۇ – تىلەكلەرگە كۆڭۈل بەرمىدىم.

5750. خەلققە قوشۇلۇپ، مۇناسىۋەت باغلىمىدىم،
ياكى بەگلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنمىدىم.

5751. بۇ دۇنيا مال – مۈلۈكلىرىنى كۆرگىنىم يوق،
ياكى كىشىلەرنىڭ ياخشى – يامان ئەھۋالىنى (بىلگىنىم يوق).

5752. بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ياققا بارسام
(ۋە) ئىبادەتنى تاشلىسام، قاملاشمىغان بولاتتى.

5753. كىشى ئالتۇن – كۈمۈشنى كۆرمىگەن بولسا،
بىر كۆرۈپلا، قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتسە، مىڭ لەنەتكە قالىدۇ.

* 5754. ئاڭلا، سودىگەرلەر باشلىقى،
دۇنيانى كەزگەن قىتان كارۋىنى نېمە دەيدۇ:

5755. "كىشى مال – دۇنياسىز كەمبەغەل ياشىغان بولسا،
بېيىغاندىن كېيىن ياخشى قىلىقلىرىنى تاشلايدۇ.

5756. ئەگەر بىر كەمبەغەل باي بولۇپ بېيىسا،
ئۇ توغرا يولدىن تېز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.“

5757. بەختكە ئېرىشمىگەن ئادەم بىردىنلا بەختكە يېتىشسە،
بارغانسېرى قىلىقى بۇزۇلۇپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

5758. ئەلىك بولمىغان (ئادەم) ئەلگە ئەلىك بولسا،
خەلققە (زۇلۇم) قولىنى سۇنىدۇ، تىل تەگكۈزىدۇ.

5759. سەن بۈگۈن تامامەن دۇنيا ۋە دۆلەتكە يېتىشتىڭ،
كۆڭلۈڭنى بېسىپ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن (ئۆزۈڭنى) ساقلىدىڭ.

5760. كۆزۈڭ تويدى ھەم كۆڭلۈڭنى توختاتتىڭ،
ئەلىك بىلەن بىللە ياخشى يولدا مېڭىۋاتىسەن.

5761. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدا ساڭا بەرگەن پەزىلەتتۇر،
ساڭا بارچە ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى، يۈزۈڭنى يورۇق قىلدى.

## 75

### توغرىلىققا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئېيتىلىدۇ

5762. يۇقىرىقىلار بىر خىلىدۇر، يەنە بىر خىلىنى
چۈشەندۈرۈپ ئېيتاي، سەن ئۇنى ئاڭلا:

5763. ئۇنتۇدۇڭمۇ ياكى چۈشىنىلمەسلىك بولدىمۇ،
نېمە پايدىنى كۆزلەپ بۇ ئىشنى قىلماقچى بولدۇڭ؟

5764. بىلىسەنكى، دۇنيادا كۆپ مەدھىيىلەنگەنلەر
ۋاپالىق كىشىلەردۇر، ئۇلار ئالقىشقا ئىگە، ئەي ئەزىز.

5765. دۇنيانىڭ قانۇن - قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا،
ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك (قىلىش) ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

5766. كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ،
بىر (ياخشىلىققا) ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

5767. كىمنىڭ ئۇرۇقى دادىسىدىن تارتىپ ئېسىل بولسا،
ئۇنىڭدىن ياخشىلىق، ئەلگە پايدا كېلىدۇ.

5768. ئانا ئۇغرىلىقچە شەھۋەت سۈيىدىن

ئوغۇل تۇغسا، ئۇ ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

5769. ئەلگىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا نەزەر سال،
سەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە، مەئىشەتلىرىگە ئېرىشتىڭ.

5770. بۇ پەزىلەتلەر، بىلىم - پاراسەتلەرنىڭ ھەممىسىگە
ئەلىك سەۋەب بولدى، ئىشىكلەر ئېچىلدى.

5771. سېنى نام ۋە ئۇنۋان بىلەن ئۇلۇغ قىلدى،
ياخشىلىق (قىلىشىڭ) ئۇچۇن ساڭا ئىشىك ئېچىپ بەردى.

5772. بۇ ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ، ئەي دىلكەش؟

5773. ئەي قېرىنداش، مەن سۆزنى قوپال سۆزلىدىم،
رەنجىمە، خاپا بولما، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

5774. توغرا سۆز قوپال (بولىدۇ)، كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىدۇ،
ھەزىم قىلسا، ئۇنىڭ پايدىسى لەززەت بېرىدۇ.

5775. قاتتىق تەگسىمۇ، قوپال سۆزگە غەزەپلەنمە،
توغرا سۆز قوپالدۇر، بۇنىڭدىن رەنجىمە.

5776. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، مۇنۇ سۆزنى ئېيتاي،
بۇنى سەن ئاڭلا، ئەي خۇش چىراي.

5777. "توغرا سۆز ئاچچىق (بولىدۇ)، ئۇنى ھەزىم قىل،
پايدىسى كېيىن بولىدۇ، سېنى لەززەتلەندۈرىدۇ.

5778. قارا، توغرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق، قوپال تېگىدۇ،
قوپال سۆز توغرا بولىدۇ، (قوپال بولسىمۇ) توغرا سۆز قېنى؟»

5779. سەن كىچىك ئۇغۇل چېغىڭدىلا ئاتاڭ ئۆلدى،
بىلىم ــ پەزىلەتنى ئىگىلەپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىلالمىدىڭ.

5780. ئەلىگ سېنى (ئۆز تەربىيىسىگە) ئالدى، پەرۋىش قىلدى،
ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن سەن ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلدۇڭ.

5781. بۇ قۇل ــ كېنىزەكلەر، ئات ــ ئارغىماق، يەر ــ سۇ ھەممىسى،
ئەلىگ تەرىپىدىن بېرىلىپ، دۆلەت ئىشىكىڭ ئېچىلدى.

5782. كۆپ ياخشىلىقلارغا، نازۇنېمەتلەرگە ئىگە بولدۇڭ،
ئەلدە نامىڭ يېيىلدى، شۆھرەت تاپتىڭ.

5783. ئەمدى بۇنىڭ تەتۈرىچە مەيداندا تۇرۇپ،
دۈشمەنگە يۈز ئۆرۈسەڭ، ساڭا يارىشارمۇ؟

5784. پايداڭ تېگىدىغان مەزگىلدە، سەن ئۇ يەردىن قېچىپ،
چەتتە تۇرساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىشىپ قالىدۇ.

5785. ساڭا ئەلىگ كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى،
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك ئەمەسمۇ، ئەي شۆھرەتلىك؟

5786. كىشىلەر سېنى كۆرگەندە ئالقىشلاپ ماختىسۇن،
ئەلدە «ۋاپادار» دېگەن نامىڭ تارقالسۇن.

5787. كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتۇر.

5788. ئەي يىگىت، ئادەمگەرچىلىك قىل، ئۇلۇغ كىشى بول.
كىشىلىك يولىنى ئادەم ئەنە شۇنداق تۇتۇش كېرەك.

5789. كىشىگە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ھەقىقىي ئادەم بول،
ئۆزۈڭگە ”ئادەمىي“ دېگەن ماختاشلىق نامنى ئال.

5790. ساڭا ئەلىك مىڭ باراۋەر ياخشىلىق قىلدى،
سەنمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بەر.

5791. ياخشىلىققا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىشى ياخشى كىشىدۇر.
خەلق ئىچىدە سەرخىل، ئادەملەر ئىچىدە تونۇلغىنىدۇر.

5792. بىلىمسىز، نادان بىر كىچىك ئوغۇل ئىدىڭ،
ئۇ سېنى يۆلەپ، بەخت پەللىسىگە كۆتۈردى.

5793. ئەمدى ئۇنىڭغا جان، تېنىڭنى پىدا قىل،
ئۇخلاپ ياتما، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ئىشىنى قىل.

5794. ئۇ ياخشىلىق ئورنىغا بۇ ياخشىلىق تەييار تۇرسۇن،
خۇدا ساڭىمۇ ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇسى.

* 5795. مېھرىبانلىق بىلەن ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا ئەي كۆڭلى يېقىن:

5796. ”سەن كىمنىڭ ئېشىنى يېسەڭ، شۇنىڭ ئىشىنى قىل،
ئېشىنى ھالال يېگىن، مېھرىبانلىقى ئاشىدۇ.

5797. مەرد كىشى ئان ـ تۈز ھەققىگە دىققەت قىلىپ،
يېگۈزگەن كىشىگە بېشىنى پىدا قىلىدۇ."

5798. ئارزۇ ـ تىلەككە، كۆپ ياخشى يوللارغا ئېرىشتىڭ،
بۈگۈن ياخشىلىق بىلەن ئۈنىگغا پايدىلىق بول.

5799. يىپەك (تون) كىيدىڭ، تۈزۈگنى ئاۋار ـ دۇردۇن بىلەن يۆگىدىڭ،
ساڭا ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ (ساڭا) قاراپ كۆزى قاماشتى.

5800. ئەمدى سەن ئەلگىگە ياخشى نام كەلتۈر،
دۈشمەنلەر كۆرۈپ ئۆرتەنسۇن، ياتلار بويۇن ئەگسۇن.

5801. ھالاۋەت ئىچىدە كۆپ ئارزۇ، نېمەتلەرگە ئىگە بولدۇڭ،
بۇقىدەك (سەمرىپ)، بويۇن ـ كۆكسۈگنى كۆتۈردۇڭ.

5802. ئەمدى ئەلگىنىڭ ئىشىغا كۈچۈگنى سەرپ قىل،
ياخشى دۇئاغا ئىگە بول، ئۇزۇن ياشا.

5803. دۇنيا ماللىرىنى توپلىدىڭ، باي بولدۇڭ،
يورغا ئارغىماقلارنى، ساپ (نەسىللىك) تايلارنى مىندىڭ.

5804. بۇ نەرسىلەرنى ئەلگىگە پىدا قىل، ئىشلەت،
تىلەكلىرىنى تاپسۇن، يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

5805. ئەلىگ بۈگۈن راھەت ـ پاراغەت بىلەن تەختكە مىنسۇن،
دۈشمەنلىرى ئۇزاق تولغىنىپ، يەر ئۆپسۇن.

5806. (ئەلىگ) قولۇگنى ئۇزۇن، سۆزۈگنى راۋان قىلدى،

ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ، ياخشى كۆرمەيدىغانلارمۇ ساڭا ئەرزىنى ئېيتتى.

5807. سەن ئەمدى كۆپرەك دۇئا قىل، ئەي ياخشى بۇرادەر،
دۆلەت ساڭا (يار) بولسۇن، ئۆمۈرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.

5808. ئېسىل كىشىلەر ئەنە شۇنداق ياخشىلىق قىلىدۇ،
ئۇنىڭ نامى دۇنيادا مەڭگۈ قالىدۇ.

5809. ئەرەبچە ياخشى بىر سۆز ئېيتىلغان:
(بۇ سۆز) كىشىلەرنىڭ ئېسىلىنى بىلىشكە يول ئاچتى:

5810. "قارا، كىشىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ھەرىكىتى گۇۋاھ،
ھەرىكىتى قانداق بولسا، ئەسلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

5811. كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى پىقمىلىق بولىدۇ،
يامانىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئۆزى — ھەرىكىتى گۇۋاھدۇر."

5812. ئەي خۇش پېئىل، ئەلىگ پەيلىنى ئۆزگەرتسە،
ئۇنى تەكرار توغرا يولغا باشلا، بىلىم بىلەن (ياندۇر)

5813. بارلىق ياخشىلىقلارغا ئەلىگ باش بولدى،
بۇ ياخشىلىقلارنى تاشلاپ، ئۆزۈڭنى چەتلەشتۈرمە.

5814. ماڭا ئىشنىپ مەسلىھەت سالدىڭ،
بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئېيتتىم.

5815. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى (ۋە) ئۆزۈڭ بىلگەنلىرىڭنى

قاراپ، سېلىشتۇرۇپ كۆر، ئىشلىرىڭ ئايدىڭلىشىدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5816. ئۆگدۈلمىش خۇشال بولدى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
ئۇلۇغ ئادەم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

5817. بۇگۈن سۆزلەرنى بەك ياخشى ئېيتتىڭ،
بۇ (سۆزلەر) مەندىكى تۈگۈننى يەشتى.

5818. بۇ سۆزلەر بەزىدە ماڭا (روشەن ئەمەس) ئىدى،
سەن پەردىنى ئېچىپ، ماڭا روشەن سۆزلىدىڭ.

5819. مەن ئەمدى بۇ ئارزۇ - تىلەكلىرىمنى تاشلىدىم،
پەقەت خۇدايىملا ماڭا ئارقا تىرەك بولسۇن.

5820. ئىگەم (مېنى) ھىمايە قىلىپ، دىلىمنى رۇسلىغاي،
پەيلىم - ھەرىكىتىمنى توغرا (يولغا) سالغاي.

5821. دۇئا بىلەن يار - يۆلەك بول، ياردەم قىل،
مېنى ئۇنتۇما، (ئۆزۈمنى)ساڭا تاپشۇردۇم.

5822. (ئۆگدۈلمىش) سۆزىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن قوپتى؛
ئېسەنلىشىپ، ئېتىغا مىندى - دە، قايتىپ كەلدى.

5823. ئۆيىگە كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشتى، ئۆيگە كىردى،
غىزا - تاماق يېدى، بىرئاز دېمىنى ئالدى.

5824. (ئاسمان) چېچىنى تۆۋەن چۈشۈردى، يورۇق يۈزىنى ياپتى،
ئاسمان تول كىيىمى كىيىپ، بېلىنى باغلىدى.

5825. قۇياش ئۆرۈم چاچلىرىنى چۈۋۈغاندەك بولدى،
دۇنيا قويىنى قۇندۇز ۋە قاما تۇسىگە كىردى.

5826. ئورۇن سالدى، بىرئاز تىنچلىنىپ ياتتى،
بىرئاز ۋاقىت راھەتلىنىپ تاتلىق ئۇخلىدى.

5827. ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ (ئەتراپقا) قارىدى،
ئاسمان قىز كۆلگەندەك چىشىنى كۆرسىتىپ (تەبەسسۇم) قىلدى.

5828. قۇياش بېشىنى كۆتۈرۈپ، قايتىدىن يۈزىنى ئاچتى،
دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى ئاق قۇ رەڭگىگە كىردى.

5829. ئۆگدۈلمىش ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى،
تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ناشتا قىلدى.

5830. ئېتىنى مىنىپ، يەنە سارايغا باردى،
(ئېتىدىن) چۈشۈپ، توپتوغرا ئەلىك ھوزۇرىغا كىردى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5831. ئەلىك ئۇنىڭدىن ئودغۇرمىشنى سورىدى—
ئۇ كامىل ئىنسان تىنچ ـ ئامان بارمۇ، دېدى.

5832. نېمە دېدى، مېنى دۇئادا ئەسلەپ تۇرۇپتىمۇ؟
(ئۇنىڭ) دۇئاسى بىلەن خۇدا بالادىن ئامان قىلدۇ.

5833. ئىنسان دۇئا بىلەن ياخشىلىققا يېتىشىدۇ،
دۇئا بىلەن مەڭگۈلۈك جەننەتكە يېتىشكىلى بولىدۇ.

5834. دۇنيادا ياخشى دۇئا بولمىغان بولسا،
بۇ يامان يەر پالاكەت ئورنىغا ئايلانغان بولاتتى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5835. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
بىلىمگە مۇناسىپ ھالدا توغرا سۆزلەرنى قىلدى.

5836. قېرىنداشىم بۈگۈن ئۇ يەردە يالغۇزلۇقتا،
موھتاجلىقتا بىزگە دۇئا قىلماقتا.

5837. بىزدىنمۇ غاپىلراق يەنە كىم بولسۇن،
گۇناھنى بىز قىلىمىز، ئۇ (بىز ئۈچۈن) دۇئا قىلىدۇ.

5838. بۈگۈن ئۇ ئەلىككە مېھرىبانلىق ۋە
دىلى يېقىنلىق بىلەن ئۈزمەي دۇئا قىلماقتا.

5839. ئۇنىڭدىنمۇ مېھرىبان يەنە كىم بار؟
ئۆز قايغۇسىنى تاشلاپ، بىز (ئۈچۈن) قايغۇرماقتا.

5840. ئەي ئەلىگ، بىزدىنمۇ غاپىلراق كىم بار؟
ئۆمرىمىز بىكار ئۆتۈپ كەتتى، ئىبادەتكە قولىمىز تەگمىدى.

5841. ۋۇجۇدىمىزنى ئارزۇ – نېمەتلەر بىلەن سەمرىتىپ،
راھەت – ھالاۋەتتە ياتماقتىمىز.

5842. ۋۇجۇدىمىز ئاخىر ئۆلۈپ، قۇرت ـ يىلانغا يەم بولىدۇ،
جان چىقىۋاتقاندا پۇشايماندىن باشقا (ھېچ ئامال) قالمايدۇ.

5843. ئەقىللىقلار نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىش كۇپايە، ئەي قوزام:

5844. "ۋۇجۇد سەمرىسە، قۇرت ـ يىلانغا يەم بولۇشى ئېنىق،
ئۆز شادلىقىڭنى دېسەڭ، ئۆتكۈنچى مېھمانسەن.

5845. بۇ ھايات چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، يوقىلىدۇ،
ھاياتلىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر گۇۋاھدۇر."

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5846. ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي دانا،
ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ۋە قانداق كۆزىتىش كېرەك؟

5847. مەن ئۇچۇن سەندىنمۇ مېھرىبانراق كىشى يوق،
ساڭا تامامەن ئىشىنىمەن ۋە ئىشەنچ قىلىمەن.

5848. مەن مانا ئۆي ئىچىدە غەپلەتتە ياتماقتىمەن،
ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا، ئەي بىلىمى كامىل.

5849. سەن — كۆزۈم ھەم قۇلىقىم، كۆر، ئاڭلا،
نېمىكى مۇۋاپىق كۆرۈنسە، قاراپ تۇرما، چارە كۆر.

5850. مەندىن يار ـ يۆلەك، ياردەم كېرەك بولسا،

ماڭا دېگىن، مەن ئۇ ئىشقا ئامال تاپاي.

5851. ئەسكەر – خىزمەتچىلەر بىر – بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغاي،
مېنى ئاۋارە قىلماي، ماڭا ئارام بەرگىن (ئىشنى بىر تەرەپ قىلغۇر).

5852. زالىمنىڭ قولى خەلقتىن يىراق تۇرسۇن،
بىلىمسىز – نادانلار يوقالسۇن، بىلىم قالسۇن.

5853. خەلق بېيىسۇن ھەم ئىلىم راۋاج تاپسۇن،
بۇ تىلىم ئۇنىڭ ئۈچۈن شۈكۈر دېسۇن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5854. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خۇدا تەۋپىق بەرسۇن، ئەي ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى.

5855. قارا، تىلىكىم ھەممە ئېھتىياجىم شۇكى،
تەڭرىم توغرا ۋە ياخشى يول ئېچىپ بەرسۇن.

5856. ئەلىگ ھالاۋەتكە (ئىگە بولسۇن) ۋە بەخت ئىچىدە ياشىسۇن،
بارلىق مۇشەققەت – باش ئاغرىقى ماڭىلا قالسۇن.

5857. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى ساڭا پىدا قىلدىم،
سەن راھەت ئىچىدە ياشا، ئەي ئەل ئۇلۇغى!

5858. بىرلا ھاجىتىم بار، بۈگۈن سېنىڭدىن (سورايمەن،)
ئۇنى سەن خۇشاللىق (ۋە) ئىدراك بىلەن راۋا قىل.

5859. بىلسەنكى، بەگلەر كىمنى يېقىن تۇتسا،
كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

5860. مېنى سەن قانچىلىك ياخشى تۇتساڭمۇ،
چېقىمچىلار چاقسا، قاپىقىڭ تۈرۈلىدۇ.

5861. جەسۇر، قەھرىمان كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇ) بۇ پەند ـ نەسىھەتنى بىلىپ سۆزلىگەن:

5862. كىشىنىڭ كۆڭلى گۆشتۇر، (ئۇ) ھىدلاپ قالىدۇ، بۇزۇلىدۇ،
ئۇنى بەك ئاسراش كېرەك، ئەي ئىرادىلىك كىشى.

5863. چېقىمچىلىقنى خالىمايدىغان قانچىلىك ياخشى كىشى بولسىمۇ،
غەيۋەتخورلار ئارىغا كىرسە، سەۋر قىلالمايدۇ،

5864. نەقەدەر ئەقىللىق، سەگەك بەگ بولسىمۇ،
چېقىمچىلار يېقىن بولسا، (ئۇنىڭغا) مالاللىق كەلتۈرىدۇ،

5865. كۆڭۈل بەگدۇر، ۋۇجۇد بولسا (ئۇنىڭغا) قۇل، ئەسىردۇر،
سۆزگە گاھىدا ئىسسىيدۇ، گاھىدا سوۋۇيدۇ.

5866. كىشىنىڭ تەبىئىتى تۆت (خىل) بولۇپ، ئۆزئارا دۈشمەندۇر،
بىرى كۈلدۈرىدۇ، بىرى ماجىرا تۇغدۇرىدۇ.

5867. بىرى — ئالدىرىسا، (يەنە) بىرى ـ ئېغىر — بېسىقلىقنى خالايدۇ،
بىرى كۈلسە، (يەنە) بىرى يىغلاشقا باشلايدۇ.

5868. خۇشال بولدۇم دېگەندە قايغۇ كەلتۈرىدۇ،

قايغۇردۇم دېگەندە، شاد كۈلدۈردۇ.

5869. ئەي بەختلىك ئېلىگ، مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەنكى،
ئادەمنىڭ ئىتى — چېقىمچى چېقىشتۇرۇپ قالسا.

5870. دىلىڭ رەنجىيدۇ، (ماڭا) تەتۈر قاراپ (قالسەن)،
خىزمىتىم بىكار بولىدۇ، يۈزۈڭنى ئۆرۈيسەن.

5871. تىلىكىم ۋە ئۆلتىماسىم شۇ:
مېنى كىم چېقىشتۇرسا، مەندىن (ئەھۋالنى) سورىغىن.

5872. تېگىگە يەتكۈچە سۈرۈشتۈر، كۆپ سورا،
نېمە ئېنىقلانسا، دەرھال چارە كۆر.

5873. ساڭا كىم (مېنى) چاقسا، سۆزىنى ئاڭلا،
راستىنى، يالغىنىنى سورىغىن، تېگى — تەكتىنى (سۈرۈشتۈر).

5874. بۇرۇنقى كىشىلەر بەك ياخشى ئېيتقانىكەن،
سۆزنى ئاڭلا، (لېكىن) ھەممىسىنى كۆڭلۈڭدە تۇتما.

5875. بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يەنە بىر سۆز بار،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئەي ياخشى كىشى:

5876. ھەممە سۆزنى ئاڭلا، كېرەك بولغىنىنى (كۆڭلۈڭگە) ئال،
كېرەكسىز سۆزنى (شۇ يەردىلا) قايتۇرۇۋەت.

5877. سۆزلەرنى ئاڭلىغىن، (لېكىن) راست — يالغىنىنى تەكشۈر،
راستىنى ئۆزۈڭدە قالدۇر، يالغىنىنى جازالىغىن.

5878. يالغانچى كىشى بىلەن دۇنيا بۇزۇلىدۇ،
توغرا، چىن كىشىنى (دوست) تۇت، ئەي ھوقۇقدار،

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5879. ئەلىگ جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي كىشى،
ھاجىتىڭ تىلىگىنىڭچە راۋا بولدى.

5880. قادىر خۇدا ساڭا ئادەمىيلىكنى ئاتا قىلدى،
دىلىڭ، تىلىڭ، ھەرىكىتىڭ ۋە نامىڭمۇ توغرا بولدى.

5881. سەندىن قانداقمۇ يامان ھەرىكەت سادىر بولىدۇ؟
ساڭا ياخشى قىلىق ئاق سۈت بىلەن كىرگەن.

5882. سېنى ماڭا (چېقىمچى) سۆزلىگۈچى كىشىلەر
مەن ئۈچۈن ئەشەددىي دۈشمەندۇر، ئەي بىلىمى كەڭ!

5883. مەيلى كۆپ سۆزلىسۇن، مەيلى ئاز (سۆزلىسۇن)،
ئۇلارنىڭ سۆزىنى قانداقمۇ ئاڭلايمەن؟

5884. ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالمىسا،
ئەلدە قانداقمۇ ئۇلۇغ ھاكىم بولغىلى بولىدۇ؟

5885. ئىدراك بىلەن توغرا - ئەگرىنى ئايرىيالمىسا،
قانداقمۇ خەلقنى باشقۇرىدىغان بەگ بولالايدۇ؟

5886. سىنالغان كىشىنى يەنە سىناپ يۈرسە،
كەلگۈسى كۈنلەردە ئەلنى قانداقمۇ باشقۇرالايدۇ؟

5887. ئەگەر توغرا بىلەن يالغاننى دائىم پەرقلەندۈرەلمىسە،
قانۇن چىقارغۇچى قانداقمۇ ئارزۇسىغا يېتىدۇ؟

5888. بۈگۈن خۇدا سېنى ماڭا ھەققىي ئاتا قىلدى،
سەن بىلەن نۇرغۇن چىگىش تۈگۈنلەر يېشىلدى.

5889. ئارتۇق مېھرىبانلىق، (سەمىمىيلىك) بىلەن خىزمەت قىلدىڭ،
نان – تۇز ھەققىنى ئادا قىلدىڭ.

5890. مەن ئەمدى (بۇنىڭغا) ياخشى جاۋاب (قايتۇرۇشۇم) كېرەك،
ساڭا نېسىپ بولسا، تىرىكلىكىڭدە ئەسقېتىپ قالار.

* 5891. ئادىللىق بىلەن خەلق ئىچىدە داڭقى چىققان
ياخشى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

5892. "كىشىلەرگە مۇناسىپ ئادەمگەرچىلىك قىلغۇچى —
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى، سەرخىلى.

5893. كىشىگە ئادەمگەرچىلىكىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇر،
(ئەنە شۇنداق) جاۋابلىق بولغىنى (ئۈچۈن) كىشىگە ئادەم
دېگەن نام بېرىلگەن."

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5894. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ،
ھالاۋەت كۆرسۇن، ئەلگە بىلىم يەتكۈزسۇن.

5895. خۇدا ئىككى دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى ئاتا قىلسۇن،

ئارزۇ ـ تىلەك، ئۈمىدلىرى قولغا كەلسۇن.

5896. دەۋران (ئۇنىڭ) بولسۇن، (ئۇ) خالىغانچە ئايلانسۇن،
زامان (ئۇنىڭ) تىلىگىنىچە ئۆتۈۋەرسۇن.

5897. ئەي كۆڭلى توغرا، مىجەزى كەمتەر، ئىشەنچلىك (ھاكىم)،
(كۆپ) ياشا، ئامان بول، بەختىيار ھايات كەچۈرگىن!

5898. ماڭا سەندىن كۆپ ياخشىلىقلار كەلدى،
قەدىرلەندىم، بايلىققا، يېمەك، كىيىم ـ كېچەككە ئىگە بولدۇم.

5899. مانا، مەن خىزمەت (ئۈچۈن) قاتتىق بەل باغلىدىم،
خۇدا تەۋپىق بەرسۇن، ئەي چوڭقۇر بىلىملىك.

5900. ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: (ئەي) بەختلىك ئەلىگ،
خۇدا ياخشى نامىڭنى دۇنياغا يايدى.

5901. خۇدا بەخت بەردى، ياخشى نامىڭنى تىلە،
بەختكە ئېرىشكەندە، كۆڭلۈڭنى ياخشى تۇت.

5902. داۋاملىق بەگ بولاي دېسەڭ، روشەنكى،
مۇنۇ تۆت نەرسە كېرەك، ئاندىن (بەگلىكتىن) بەھرىمەن
بولىسەن:

5903. بىرىنچى، تىلى توغرا، سۆزى ئىشەنچلىك بولسا،
ئىككىنچى، ئەلگە بەخت (بېرىدىغان) قانۇن چىقارسا،

5904. ئۈچىنچى، قولىنى ئېچىپ، سېخىي بولسا،

خەلققە مېھرىبانلىق يەتكۈزسە.

5905. تۆتىنچىسى شۆكى، باتۇر ۋە جاسارەتلىك بولۇپ،
دۈشمەننىڭ بويىنىنى ئېگىپ، ئىشنى سەرەمجان قىلسا.

5906. قايسى بەگ بۇ تۆت ئىشنى تولۇق ئادا قىلمىسا،
شۇنىڭدىن كېيىن ئەلگە ئىختىلاپ چۈشىدۇ.

5907. بەگلىكنىڭ ئۇلى ۋە يىلتىزى شۇلاردىن ئىبارەت،
ياخشى بەگلەرنىڭ يولى، ئىزىمۇ شۇدۇر.

5908. يولۇڭنى بۇزما، شۇ ئىز بويىچە ماڭ،
سەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى.

5909. قايسى بەگ بۇ يولنى تاشلاپ، چەتنەپ كەتسە،
بەگلىكنى بۇزىدۇ، ئۇئۇشلۇققا ئىگە بولالمايدۇ.

5910. ئەي ئەلىگ، مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك (كىشىنى) قەدرلە،
بۇنى ساڭا ئېيتاي، زېھنىڭنى قويۇپ (ئاڭلا):

5911. بىرىنچىسى، جەسۇر مەرگەن، قۇرچ[1]يۈرەكلىك يىگىت،
(بۇنداقلار) قىلىچ بىلەن ئەلگە كۆپ پايدا كەلتۈرىدۇ.

5912. ئىككىنچىسى، دانا، بىلىملىك ئەل ھاكىملىرى،
(بۇلار) كېڭەشكە پايدىلىق، ئىشنى روناق تاپقۇزىدۇ.

---

① قۇرچ — پولات، گالاڭ.

5913. ئۆچىنچىسى، زېرەك ۋە چىرايلىق (يازىدىغان) كاتىپلار بولۇپ،
كىرىم ـ چىقىم (ھېسابىنى) بىلسە، خەزىنىنى تولدۇرىدۇ.

5914. سەن بۇلارنى ئايرىمچە، باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇت،
پايدىسىغا مۇناسىپ (ھالدا) قەدىرلە، ئىنئام قىل.

5915. ھەممە ئىشلىرىڭ تەرتىپكە چۈشۈپ، بارا ـ بارا راۋاج تاپىدۇ،
ئېلىڭنىڭ (كۈچى) ئارتىدۇ، يېرىڭ كېڭىيىدۇ.

5916. نامىڭ ياخشى بولىدۇ، شۆھرىتىڭ چىقىدۇ،
دۇنيا خەلقى يۈزۈڭنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

5917. كىشىلەرنىڭ داناسى بەك ياخشى ئېيتقانكى،
ئادەم ئۆلسىمۇ، نامىنىڭ ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.

5918. قارىغىنا، (كىشىنىڭ) نامى ياخشى بولسا،
ئۆزى ئۆلسىمۇ، نامى ئۆلمەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن ياخشى!

5919. ياخشى نامغا ئىگە بولغان كىشى (ئۆلۈپ)
قارا يەر قېتىدا چىرىپ ياتسىمۇ، ئۇنى تىرىك ھېسابلا.

5920. تىرىكلىكنى ئىزدىمە، ياخشى نام (چىقىرىشنى) ئىزدە،
نامىڭ ياخشى بولسا، تىرىك ۋە شاد (ياشىغىنىڭ شۇ).

5921. قانداق ياشاش ۋە قانداق ياخشىلىق (قىلىش) كېرەك،
بۇنى ماڭا ئېيتىپ بەر، ئەي بىلىملىك دانا.

5922. ھەقىقىي ياخشىلىق چىنلىق ۋە توغرىلىقتۇر،

ياخشىلىقنىڭ ئۆزى ھاياتلىقتۇر.

5923. كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك ياشىغان
بولىدۇ،
كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن
بولىدۇ.

5924. دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئىش – ھەرىكەت (مەڭگۈ) قالىدۇ،
ياخشى قىلىق ياخشى ئادەت (يوقالمايدۇ).

5925. بۇۋاپا دۇنيا سەندىن يۈز ئۆرۈگەندە،
ئەسقاتىدىغىنى (قىلغان) ياخشىلىقىڭدۇر، ئەي قوزام.

5926. ئەي ئەلىگ، بۇ دۇنياغا ھېرىس بولما،
(ئۇ) ۋاپا قىلمايدۇ، بۇنى ياخشى بىل.

5927. بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى (بىر) ئويۇن ھېسابلا،
ئاياغلىششىنى خالىساڭ (يېڭى) باشلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

5928. ئويۇنغا قېتىلما، سەگەك بول، ئەي قۇدرەتلىك،
ئويۇنغا قېتىلساڭ، بوينۇڭ باغلىنىدۇ.

5929. دىققەت قىلساڭ، كىتابتا بەك ياخشى يېزىلغان،
بۇ سۆزلەرنى ئۇنتۇما، ئەي دىلى زېرەك:

5930. قارا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىر ھىيلە – نەيرەڭدۇر،
نەيرەڭگە ئارىلاشما، بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

* * *

5931. ئىگەگىنىڭ بۇيرۇقىنى (ئورۇندا)، ئۆز قۇللۇقۇڭنى قىل،
ئەگەر ئۇنداق قىلمساڭ، بېشىڭنىڭ كېتىشى ئېنىق.

5932. ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگەنلىرىم ئەنە شۇلار ئىدى،
ئىچىم ۋە تېشىمدىكى (ھەممىنى) ساڭا بايان قىلدىم.

5933. سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ ئاڭلا، ئەگەر ئاڭلىمىساڭ،
ۋە ماڭا ئىشەنمىسەڭ، شەكسىز (بىر كۈنى) ئۆزۈڭ كۆرۈپ قالىسەن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5934. ئەلىگ ئېيتتى: كۆڭلۈمنى تۇز تۇتۇپ،
بۇ ئىشقا خۇدادىن تەۋپىق تىلەيمەن.

5935. تەلەپ قىلسا، خۇدا ياردەم – مەدەت بېرىدۇ،
مەن ئۇچۇن روشەن بولمىغان بولسا، سەن يورۇتۇپ بەر.

5936. غەيرەت قىلىپ، سىرتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزەت،
سەگەك بول، قۇلاق، كۆزۈڭنى ئىتتىك قىل.

5937. كۈچۈڭ يېتىشىچە ئىشلە، ماڭا يۆلەنمە،
يەنە بەزى ئىشلار قالسا، ساڭا ياردەملىشىمەن

* * *

5938. ئەلىگ سۆزىنى تۈگەتتى، ئاغزىنى يۇمدى،

ئۆگدۈلمىش ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ (سىرتقا) چىقتى.

5939. ئېتنى مىنىپ يەنە ئۆيىگە كەلدى،
ئۆيگە كىرىپ، تونىنى يەشتى.

5940. كېچىدە ئۇخلىدى، ئەتىگەندە يەنە ئاتلىنىپ
سارايغا باردى، ئېتىدىن چۈشۈپ ئىچكىرى كىردى.

5941. شۇندىن بۇيان ئۆگدۈلمىش غەيرەت قىلدى،
تاڭ تۇرۇپ تۈرغۇن ئىشلارنى بېجىردى.

5942. خەلق ھالاۋەتكە يەتتى، دۇنيا تۈزەلدى،
ئەلىگ خاتىرجەم بولدى، شادلاندى.

5943. ئېلى ياخشى دۇنيا بىلەن (مەدەنىيە) سۆزلىرىگە تولدى،
نامى مەڭگۈ يوقالمايدىغان بولۇپ قالدى.

5944. قارا، ياخشى قانۇن نېمىدېگەن ياخشى،
قانۇن ـ نىزاملار بىلەن بەگلىك ئۇزاق تۇرالايدۇ.

5945. خەلققە ئەنە شۇنداق بەگ باشچىلىق قىلسا،
خەلقمۇ، ئەلمۇ — ھەممىسى پاراۋان بولىدۇ.

5946. خەلقمۇ ئىتائەتكار، قىلىقلىرى توغرا بولسا،
ئاندىن بەگلەرنىڭ كۆڭلى يورۇق بولىدۇ.

5947. بۇ بەگلەر خۇدادىن (ئەۋەتىلگەن) يول باشلىغۇچىلاردۇر،
خەلق ياخشى بولسا، بەگمۇ ياخشى بولىدۇ.

5948. خەلقى يامانلىق قىلسا، بەگمۇ يامانلىق قىلىدۇ،
يامانغا يامانلىق قىلسا، ئاندىن (يامان) تىنىدۇ.

5949. خەلق يۈرۈش – تۇرۇشىنى تۈزەتسە، بېگىمۇ خۇي – پەيلىنى تۈزىتىدۇ،
بەگلەر خۇي – پەيلىنى تۈزەتسە، ئەل تۈزىلىدۇ، تازىلىنىدۇ.

* * *

5950. شۇنداق قىلىپ، كۈن – ئايلار، زامانلار ئۆتتى،
دۇنيا گۈزەللەشتى، خەلق باي بولدى.

5951. تۇمان – توزانلار تارقىدى، تاڭ يورۇدى،
ھەممە بۇلغىنىشلار تۈزەلدى، تازىلاندى.

5952. ئەلىگ يەنە خۇداغا شۈكۈر قىلدى،
تۈمەن مەدھىيە بىلەن ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

## 76

## ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى ئېيتىلىدۇ

5953. كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۆگدۈلمىش
ئەمدىلا باش قويۇپ ياتاي، دەپ تۇراتتى.

5954. دەرۋازا ئالدىدا ئاۋاز ئاڭلاندى، (بىرسى) ئۈنلۈك چاقىردى،
ئۆگدۈلمىش دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، قاراپباق دېدى.

## خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5955. خىزمەتچى قاراپ كېلىپ دېدى: بىر كىشى تۇرىدۇ،
سۆزۈم بار، كۆرۈشەتتىم، دەپ ئىجازەت سوراۋاتىدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى

5956. ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: بېرىپ سورا،
نېمە سۆزى بار ئىكەن، نېمە دەيدۇ، ئۆزى كىم ئىكەن.

## خىزمەتچىنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى

5957. خىزمەتچى يەنە چىقىپ (خەۋەرچىدىن)

ئەدىن كەلگەنلىكىنى، تىلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ (كىم ئىكەنلە-
ىكىنى) سورىدى.

## خەۋەرچىنىڭ خىزمەتچىگە جاۋابى

5958. بۇ ئادەم دېدى: مېنى ئۇدغۇرمىش ئەۋەتتى،
سۆزۈم بار، (ئۇنىڭ) قېرىنداشىنى كۆرەي، قېنى؟

## خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5959. (خىزمەتـچى) ئۇقۇپ قايـتىپ كىردى، (خەۋەرچىنىڭ) نېمە
دېگەنلىكىنى ئېيتتى،
قېرىنداشىنىڭ ئىش بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى دېدى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى

5960. (ئۆگدۈلمىش) دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول
بەردى،
بۇ ئادەم (ئۆيگە) كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

5961. ئۆگدۈلمىش قەيەردىن كەلدىڭ، دەپ سورىدى،
تىلىكىڭ نېمە، سۆزۈڭنى ئېيت، ئەي دانا، دېدى.

## خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5962. ئۇ دېدى: مېنى ئۇدغۇرمىش ئەۋەتتى،
سېنى كېلىپ، ماڭا بىر يولۇقسۇن، دېدى.

5963. ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ھەسرەت چېكىپ ياتىدۇ،
ئۆتكەنگە بىر يولۇققىن، ئەي دىلى يېقىن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە جاۋابى

5964. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: كەل،
بىرنەرسە يېگىن، ئاندىن بىللە بارايلى.

## خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5965. (خەۋەرچى) ئۆنۈمسىز ۋە دېدى: قېرىندىشىڭنىڭ ئەھۋالى
يامانراق، ئەي بىلىملىكىم، كېتىپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ.

5966. مەن سەندىن ئاۋۋالراق باراي،
سەن ئالدىرىماي ئارقامدىن بارغىن، ئەي خۇش پېئىل.

* * *

5967. خەۋەرچى دەرۋازا ئالدىدىن تېز ئۆيگە قايتتى،
ئۆگدۈلمىش ھەيران بولۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قالدى.

5968. ئورنىدىن تۇرۇپ، قايغۇلۇق ھالدا ئۆيگە كىردى،
خۇشاللىقى يوقالدى، ھەسرىتى ئۇلغايدى.

5969. بىرئاز يېتىپ باقتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى،
بىر كېچە بىر يىلدەك ئۇزاپ كەتتى، ياتالمىدى.

5970. ئۇخلىماقچى بولۇپ، كۆزىنى يۇمغانىدى،

ئۈيقۇسى قاچتى — كۆزىدىن ئۈيقۇ يىراقلاشتى.

5971. يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزۈن ئولتۇردى،
ئالتۇن تاڭ ئېتىش ئۈچۈن ئوقياسىنى بەتلىدى.

5972. گۈلزاردا بۇلبۇل خۇش ئاۋاز بىلەن سايرىدى،
ئىشق ئەھلىلىرى ئاڭلاپ، كۆڭلى ھاياجانلاندى.

5973. (ئۆگدۈلمىش) ئېتىنى مىنىپ، قېرىندىشى تەرەپكە ماڭدى،
ئىچكىرىگە كىرىپ، قول - يۈزىنى سۆيۈپ كۆرۈشتى.

5974. قېرىندىشىغا قارىدى: پۈتىنى ئۆزۈنۈپ يېتىپتۇ،
چاپىنىنى تۆشەك، يېگىنى ياستۇق قىپتۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا سوئالى

5975. ئۆگدۈلمىش سورىدى: ساڭا نېمە بولدى، ئەي قېرىنداش؟
سېنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم بىئارام بولدى.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5976. (ئودغۇرمىش) ئېيتتى: ئەي قېرىندىشىم، يولۇم كۆرۈنۈپ قالدى،
ئۆلۈم تۇتقاقلىقى تۇتتى، كەتكىلى ئاتىمەن.

5977. سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر كۆرەي دەپ،
سېنى ئاۋارە قىلىپ بۇ يەرگە چاقىردىم.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5978. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي جېنىم،
ئىنسان ھاياتلا بولسا، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدۇ.

5979. كۆڭلۈڭنى يامان قىلما، تىلىڭنى يىغ،
ئاغرىق – كېسەللىك گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ.

5980. بىلىملىك سۆزى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بىلىم كۆڭۈلنىڭ چاكى – تۇزېنىنى تازىلىغۇچىدۇر.

5981. قارا، كېسەل سەن ئۈچۈن گۇناھقا كاپارەتتۇر،
گۇناھسىز كىشى كىم، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنچۇ؟

5982. كىشى ئاغرىسا، بارچە گۇناھلىرى تۆكۈلىدۇ،
گۇناھلىرى تۆكۈلسە، كىشى قۇتلۇق بولىدۇ، ئەي پالۋان.

5983. بارچە كىشىلەر ئازدۇر – كۆپتۇر گۇناھ قىلىدۇ،
گۇناھسىز كىشى بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ.

5984. كېسەللىك ياخشى بولار، ئېسەن بولارسەن،
گۇناھلىرىڭ تازىلىنىپ ساۋابقا ئىگە بولارسەن.

5985. نېمىشقا ئېغىزىڭدىن ناخۇش سۆزنى چىقىرىسەن؟
ئۆلۈشنى قانداق بىلدىڭ، ئەي كۆڭلى تۈز؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5986. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: سەۋەبى شۇكى،

ئۆلۈمنى رەببىم چۈشۈمدە ئايان قىلدى.

5987. كۆرگەن چۈشۈمدىن ماڭا روشەن بولدى،
ئۆلۈمىم مەن ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولدى، ئەي پالۋان.

5988. خۇدا ياخشى – يامانلىقنى، قازانى بىلدۈرمەكچى بولسا،
ئۇيقۇدا ياتقاندا چۈشىدە ئايان قىلىدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5989. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ سۆز
ئانچە ياخشى ئەمەس، ئەي كۆڭلى تۈز.

5990. كىشى كېسەل بولۇش بىلەنلا ئۆلىدىغان بولسا،
يەر (يۈزى)دە تىرىك ئادەم قالمىغان بولاتتى.

5991. ئادەم بالىسى تىرىك ئىكەن، كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ،
ھەممە كېسەل ئۆلۈم بىلەن ھايات يىلتىزىنى كەسمەيدۇ.

5992. ئادەم يېتىپ ئۇخلىسىلا چۈش كۆرىدۇ،
ئۇنى ئۆرۈگۈچىلەر ياخشىلىققا (قارىتىپ) تەبىر بېرىدۇ.

## 77

# ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا چۈش تەبىرىنى ئېيتىدۇ

5993. ئالدى بىلەن چۈش ئىلمىنى ياخشى بىلىش كېرەك،
ئاندىن ياخشى ئويلاپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

5994. چۈشنى ئۆرۈش ھەر تۈرلۈك بولىدۇ،
ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىش كېرەك، ئەي ئاق كۆڭۈل.

5995. بىلمەيدىغان (كىشى)گە چۈشۈڭنى ئېچىپ ئېيتما،
بىلىدىغان (كىشى)گە چۈشۈڭنى ئېيت، ئەمما كېچىدە ئېيتما.

5996. كېچىدە (كۆرگەن) چۈشۈڭنىڭ تەبىرى باشقا،
ئەگەر كۈندۈزى (چۈش) كۆرسەڭ، تەبىرى (يەنە) باشقىدۇر.

5997. چۈش ئىلمىگە نەزەر سالساڭ، شەرتى بەك كۆپ،
ئالدى بىلەن بۇنى بىلىش، ئەقىل ئىشلىتىش كېرەك.

5998. چۈشنى ئۆز كۆڭلۈڭگە كەلگىنىچە ئۆرۈمەسلىكىڭ كېرەك،
ياكى كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتماسلىقىڭ كېرەك.

5999. ھەممە چۈشنى چۈش دەپ ئۆرۈۋەرمەسلىك كېرەك،

بۇ چۈشنىڭ تەبىرى بەك كۆپتۇر، ئەي دانا.

6000. چۈشكە تەبىر بەرمە، تەبىر بەرسەڭ بىلىم بىلەن بەر،
قىياسەن مەنىسى بىلەن ياخشى سىلىشتۇرۇپ كۆر.

6001. كىشى چۈش كۆرسە، تەبىرىنى سوراشقا باردۇ،
تەبىر بېرىشنى بىلمىسە، چۈشنىڭ پايدىسى يوقايدۇ.

6002. بىلىمى دېڭىزدەك كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل:

6003. "چۈش تەبىرگە قارايدۇ، چۈشكە ياخشى تەبىر بەر،
تېگى - تەكتىنى بىلگىن، ئەقىل بىلەن قارا.

6004. چۈشنى قانداق ئۆرۈسەڭ، شۇنداق بولىدۇ،
چۈشنى يامانلىققا ئۆرۈمە، ساڭا زىيىنى تېگىدۇ."

6005. كۆپ چۈشلەر بولىدۇكى، بۇ يېمەك - ئىچمەككە باغلىقتۇر،
يارىماس يېمەكلىكلەرنى يېگەن بولسا، چۈش قالايمىقان بولىدۇ.

6006. يەنە بىر خىل چۈش يىل پەسلىگە باغلىقتۇر،
(كىشىنىڭ) خىلتلىرى كۆچىيىپ (چۈش) شۇنىڭغا تارتىپ
كېتىدۇ.

6007. يىل پەسلى باھار بولۇپ، ئادەم كىچىك بولسا،
ھەممىنى قىزىل، يەرنى قوڭۇر كۆرسە،

6008. روشەنكى، ئۇننىڭ قىنى كۈچەيگەن بولىدۇ،
ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەلۇم مىقداردا قان ئالدۇرسۇن.

6009. يىل پەسلى ياز بولسا، چۈش كۆرگۈچى يىگىت بولسا،
چۈشىدە سېرىق، ھال ياكى زەپىرەك، ئۇگوتۇلغان (نەرسىلەرنى) كۆرسە،

6010. سەپراسى كۈچەيگەن بولىدۇ، ئەي دانا،
ئۆزىنى بوشىتىشى، تەرەنجۇبىل ئىچىشى كېرەك.

6011. يىل پەسلى كۈز بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى ئوتتۇرا ياش بولسا،
چۈشىدە قارا تاغ، قۇدۇق، چوڭقۇرلۇق كۆرسە،

6012. سەۋداسى كۈچەيگەن بولىدۇ، ئەي قېرىنداش،
دورا ئىچىشى، مېگىسىنى تازىلىشى كېرەك، ئەي ئاداش.

6013. (يىل پەسلى) قىش بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى قېرى بولسا،
چۈشىدە ئاقار سۇ، مۇز، قار، مۆلدۈر كۆرسە،

6014. قارا، ئۇنىڭ بەلغىمى ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ،
ئىسسىقلىق يىگۈزۈش، دورا ئىچكۈزۈش كېرەك.

6015. يەنە بىرى، قالايمىقان (چۈشلەرمۇ) بولىدۇ،
(بۇنداق) چۈشكە تەبىر يوق، ئەي قۇدرەتلىك.

6016. كېچىدە ئويلىنىپ ياتسا، شۇنى چۈشىدە كۆرسە،
ئۇنىڭغىمۇ تەبىر يوق، تەبىر ماس كەلمەيدۇ.

6017. يەنە بىر (خىل) چۈش بار، ئۇ شەيتاندىن بولىدۇ،
مۇنداق چۈشنى كۆرگۈچىلەر غۇسۇل قىلىشى كېرەك.

6018. يەنە، بىر كىشى چۈشىدە (ئۆز) ھۈنىرىنى كۆرسە،
بۇنىڭغىمۇ تەبىر يوق، ئەي مەغرۇر يىگىت.

6019. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىش، ئەقىلنى يەتكۈزۈش كېرەك،
ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ، ئاندىن تەبىر بېرىش كېرەك.

6020. تەبىر بەرگۈچى ھېكىم نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
كىم چۈش كۆرسە، تەبىرىنى (ئۆزى) سورىشى كېرەك.

6021. كۆرۈلگەن چۈشكە بىلىپ - بىلمەي تەبىر بەرمە،
چۈشنى قانداق ئۆرۈسە، شۇنداق بولىدۇ.

6022. چۈشتە غەم - قايغۇ كۆرسە، (ئوڭدا) شادلىق كۆرىدۇ،
شادلىق كۆرسە، يىغلاپ قايغۇرىدۇ.

6023. چۈشكە تەبىر بېرىش بىرلا خىل بولمايدۇ،
بۇنى بەك ئويلاپ ئېيتىش كېرەك، ئەي ئاق كۆڭۈل.

6024. قارا، ئاۋام چۈشىنىڭ تەبىرى باشقىدۇر،
بەگلەرنىڭ چۈشىنى (ئۆرۈش) يەنە باشقىدۇر.

6025. چۈشتە خۇشاللىق، ئويۇن - تاماشا كۆرسە،
غەم - قايغۇ پەيتى يېتىپ كەلدى (دېگەن سۆز).

6026. يەنە چۈشتە يېغلاپ، ھەسرەت چەكسە،
راھەت بىلەن شادلىنىدۇ، ماڭ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

6027. يەنە شۇنداق چۈشلەرمۇ باركى، ئۇنىڭ تەبىرى
ساڭا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن پايدىلىق.

6028. دېمەك، چۈش ئادەمگە قاراپ ئۆرۈلىدۇ،
ئۇنىڭغا ياخشى (تەبىر) بېرىلسە، ئەقىلگە يېقىن بولىدۇ.

6029. قارا، چۈش شۇنداقكى، (بەزىلەر) كۆرسە ساغلام بولىدۇ،
شۇ چۈشنى بەزىلەر كۆرسە كېسەل بولىدۇ.

6030. ئەي قېرىنداش، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىش كېرەك،
ئاندىن چۈشنى ئۆرۈش كېرەك، ئەي دوست.

6031. (سېنىڭ) چۈشۈڭ قانداق؟ ماڭا ئېچىپ ئېيت،
شۇنىڭغا قاراپ، ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈپ تەبىر بېرەي.

78

## ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىدۇ

6032. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ ئېغىز ئاچتى:
مەن سۆزلەي، كۆڭلۈڭدە تۇت، دېدى.

6033. (چۈشۈمدە) شوتا كۆردۈم، ئۇنىڭ بالدىقى ئەللىك ئىدى،
ئېگىز ھەم كەڭ بولۇپ، ئالدىمدا تىكلەپ قويۇلغانىدى.

6034. مانا، بالدىقنى بىر - بىرلەپ بېسىپ، (يۇقىرى) ئۆرلىدىم،
بېشىغا چىققاندا بالداقنى ساناپدىم.

6035. (شوتىنىڭ) بېشىدا بىر قاساپ ماڭا سۇ بەردى،
(ئۇنى) ئېلىپ، تۇگىتىپ ئىچتىم، ئۆزۈمنى قاندۇردۇم.

6036. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا ئۇچتۇم،
(بارغانسېرى) ئۆرلەپ (ئاسمانغا) سىڭىپ كەتتىم.

## 79

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6037. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ چۈش
ناھايىتى ياخشى چۈشتۇر، پايدىسى بەك كۆپ.

6038. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە نامۇۋاپىق تەبىر بېرىسەن؟
چۈش تەبىرگە (قاراپ) ماڭىدۇ، ئەي ئاق كۆڭۈل.

6039. ئۆرلەش ھەممە چۈشتە قەدىرلىك بولۇش بەلگىسىدۇر،
(كىشى) ئۆرلىگىنىچە ئۇلۇغلۇققا ئىگە بولىدۇ.

6040. چۈشتە قانچە ئۆرلىسە، بەخت ـ دۆلىتى (شۇنچە) زىيادە بولىدۇ،
قەدىر ـ قىممەتكە، يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ.

6041. بەخت شوتا (بىلەن) ئۆرلىگەندەك ئۆرلەيدۇ،
ئۇلۇغلۇق بىلەن ئەلدە نامى مەشھۇر بولىدۇ.

5042. بۇ سۆزگە مۇنۇ سۆز دەلىل بولالايدۇ،
چۈش ئۆرۈگۈچى چۈشنى ياخشى ئۆرۈگەن:

6043. "چۈشتىكى شوتا ئەزىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر،

بالداقمۇبالداق كۆتۈرۈلۈش قەدىرلىك بولۇشىنىڭ (ئالامىتىدۇر).

6044. قانچە كۆتۈرۈلسە، شۇنچىلىك قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ،
دۇنيا مېلى ۋە بەخت ـ دۆلەتكە ئىگە بولىدۇ.“

6045. ئىدىشتىكى سۇنى ئىلىپ ئىچكەنلىكنىڭ —
ھايات ئاساسىگىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىدۇر.

6046. ئۇچۇپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلىگەنلىكنىڭ—
نىمە تىلىسەڭ، خۇدا تىلىكىڭنى بېرىدىغانلىقى.

## 80

## ئودغۇرمىشنىڭ بۇ چۈشكە باشقىچە تەبىر بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6047. ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: بۇ چۈشۈڭنىڭ
تەبىرى مۇنداق ئەمەس، ئەي تەگتۈش دوستۇم.

6048. بۇ چۈشنى سەن ئۇخلىغاندا كۆرگەن بولساڭ،
تەبىرى سەن ئېيتقاندەك ئۈگۈشلۈك بولغان بولاتتى.

6049. سېنىڭ بارلىق ھىممىتىڭ بۇ دۇنيا ئۈچۈندۇر،
بۇ دۇنيانى ئارزۇ قىلغانلار بۇ دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

6050. مەن بۇ دۇنيانى تاشلاپ قاچقان (ئادەممەن)،
قارا، مۇشەققەت چېكىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن.

6051. چۈش تەبىرىنى ماڭا تولۇق ئۆرۈمىدىڭ،
ئاڭلا، بۇ چۈشنى مەن ساڭا ئۆرۈپ بېرەي:

6052. ئېگىز بالداقلىق شوتا كۆرگەنلىكىم—
مېنىڭ تەبىرىمچە، تىرىكلىكتۇر، ئەي قېرىنداش.

6053. شوتىنىڭ بېشىغىچە كۆتۈرۈلدۈم،

(دېمەك) يېشمنى تۈگەتتىم، رىزقىمنى يەپ (بولدۇم)

6054. بېشىغا ئۆرلىگىنىمدە، قاسساپ كېلىپ
ماڭا بەرگەن سۇنى ئېلىپ ئىچتىم.

6055. ئۇ قاسساپ — ئاتلىقلارنى،
ئاتسىز قىلغۇچىدۇر، ئەي قىلىقى پاك.

6056. قارا، ئۇ شۇنداق قاسساپكى، راۋاج تاپقانلارنى
بۇزغۇچى، جانلىقلارنى تىرىك قويمىغۇچىدۇر.

6057. ئىدىشتىدىكى سۇنى پۈتۈنلەي ئىچكەنلىكنى
ھاياتلىق (دەپ) تەبىر بېرىپ، يېشمنى ئۈزارتتىڭ.

6058. يېرىمىنى ئىچسە، يېرىم ئۈلۈشى قالسا،
سەن ئېيتقاندەك، سۇ — ھاياتلىق (بەلگىسى).

6059. سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى قويغان بولسام،
ھاياتىمنىڭ يېرىمى قالغان بولاتتى.

6060. (لېكىن)، ئىدىشتىكى سۇنىڭ (ھەممىسىنى) تۈگەل ئىچتىم،
(دېمەك) ھاياتىمنى تۈگەتتىم، ئېسەن ياخشى قال.

6061. ئەقىللىق دانا نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
دانالارنىڭ سۆزىنى سۆزنىڭ نېگىزى، دېيىش كېرەك:

6062. "چۈشىدە جامدىكى سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچسە،
ھاياتلىقنىڭ يېرىمى تۈگىدى، (يېرىمى) قەرز (قالدى)

6063. ئەگەر سۇنى تۇگىتىپ — تۇگەل ئىچسە،
هاياتلىق تۇگىدى، گۆر قېزىلدى (دېگەن سۆز).»

6064. يۇقىرى ئۇچۇپ، (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلۈشۈم،
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، هاۋاغا سىڭىپ كېتىشىم—

6065. پاك جىسمىنىڭ قېپىدىن چىقىپ،
يېنىپ كەلمەس يەرگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدۇر.

6066. دېمەك، خۇدا چۇشۇمدە ماڭا بەلگە بەردى.
ئۆلۈمگە تەييارلىنىشىم كېرەك، ئەي پالۋان.

6067. بۇ چۈشنىڭ تەبىرى ئەنە شۇنداقتۇر،
ماڭا باشقىچە ئۆرۈدۈك، ئەي قۇدرەتلىك.

6068. سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياخشى قىلماقچىسەن،
(لېكىن) ئۆلۈم هامان كەلدى، دورا - دەرمانى يوق.

6069. ئەمدى قاراپىاق، ئەي دىلى زېرەك،
بوز يەرلەرنى ئۆلۈم ئۇگىتەي - توگىتەي قىلىۋەتتى.

6070. قانچىلىغان قەسىر، ئوردا، بېزەكلىك سارايلارنى
ئۆلۈم بۇزدى، (ئۇنىڭدىن) خارابىلار قالدى، هايهات!

6071. قانچىلىغان مەغرۇر، جەسۇر، بۈيۈك بەگلەرنى
ئۆلۈم يەرگە تىقتى، نەزەر سال، ئەي تىرىك!

6072. قانچىلىغان كۈچلۈك بىلەكلەر توپلىغان (دۇنيالار)نى

ئۈلۈم كېلىپ چېچىۋەتتى، پاك ـ پاكىز تۈگەتتى.

6073. ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ، ھەيران قالارلىق ئەمەس،
ھەممە نەپەس ئالغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر.

6074. قارا، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆلگۈچى ۋۇجۇد
ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ، ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

6075. بۇ غاپىل ئىنسان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇيۇ،
(لېكىن) ئۆزىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىنى نېرى قىلمايدۇ.

6076. قارا، ئۆلۈم ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ،
ئۆلۈمدىن كېيىن ئەھۋالىم قانداق بولىدىكىن؟

6077. غېمىم شۇكى، ئەي كۆڭلۈمدىكى دوستۇم،
ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلىرىمغا تەگرىم راۋاج بەرسۇن!

6078. بارىغا قانائەت قىلىپ كۆڭ كەچۈردۇم،
راھەت ـ مۇشەققەتلەر ئۆتۈپ كەتتى، كېچىلىرىم يورۇدى.

6079. قولۇمنى قىسقا تۇتتۇم، تاۋار (دۇنيا) يىغمىدىم،
ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە كۆڭۈل بەرمىدىم.

6080. ئۆز يۈكلىرىمنى بوگۇنكى كۈنگە (ئاتاپ) ساقلىدىم،
بارلىق گۇناھلىرىمنى يەڭگىللىتىشنى تىلىدىم.

* 6081. بىلىم، پەند ـ نەسىھەت (ۋە) تەربىيە
بەرگۈچى مېھرىبان (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6082. "بىخۇد بولما، غەيرەت قىل، يۈكۈڭنى يەڭگىللەت،
يولۇڭ قىلدىن نازۇكتۇر، ئۆزۈڭنى توغرىلا.

6083. بۈگۈن ياتما، ئەمگەك قىل، ئىشىڭنى راۋاجلاندۇر،
تارتقان مۇشەققەتلىرىڭنى كېتەر ۋاقتىڭدا ئۇنتۇما."

6084. يەنە (شۇنداق) دېدى: ئەي چىن مېھرىبان قېرىنداش،
مەن كېتىمەن، ئارقامدىن سەنمۇ كېلىسەن، ئەي دوست.

6085. ساڭا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي،
مېنىڭدىن كېيىن سەن ئۇنى ئۇنتۇما.

6086. ھايات (ۋاقتىمدا) ئۆزۈم (ساڭا) مېھرىبانلىق قىلاي،
مەندىن كېيىن بۇ سۆزۈم (مېھرىبان بولۇپ) قالسۇن.

## 81

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە پەند ـ نەسىھەت بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6087. سۆزۈم شۇ: بىخۇد بولما، ئەي قېرىنداش،
ھاياتىڭ (ۋە) ئۆمرۈڭنى يامان (ئىشلار ئۈچۈن) بىھۇدە زايە قىلما.

6088. توغرا بول، توغرىلىق يولىدىن ئاداشما،
بۇ يول ئارزۇ ـ تىلەككە يەتكۈزىدۇ، (بۇنى) بىل.

6089. بارچە جانلىقلارغا مېھرىبان بول،
دىلىڭنى (ۋە) تىلىڭنى تۈز تۇتۇپ خۇداغا ئىبادەت قىل.

6090. (دۇنيا) غېمىنى ئازراق قىل، ئىبادەتنى كۆپرەك قىل،
ئالدىرىغاندا تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندە مۇلايىم بول.

6091. ئۆلۈمىڭنى ئۇنتۇما، تەييارلىقىڭنى قىل،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، تۇپ ـ ئەسلىڭنى بىل.

6092. دۇنياغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆز تاشلىما،
بۇ (دۇنيا) قالىدۇ، سەن پۇشايمان بىلەن يىغلاپ كېتىسەن.

6093. خۇدانىڭ ھۆكمىگە رازى بول، (بېشىڭغا) نېمە كەلسە كۆتۈر،

پەيتى كەلگەندە خەلققە پايدىلىق بول.

6094. توغرا سۆزلە، ۋەدەڭ تولۇق (ۋە) ئىشەنچلىك بولسۇن،
نادان كىشلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ.

6095. ئۇچۇق چىراي، شىرىن سۆز، ياخشى قىلىقلىق بول،
(شۇنداق قىلساڭ) دەۋر كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت كېلىدۇ.

6096. سېخىي ۋە كەمتەر بول، (كىشلەرگە) نان ـ تۇز يېگۈز،
كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، يۆگەپ ـ يوشۇرغىن.

6097. ھاۋايى ـ ھەۋەسنى باس، غەزىپىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇت،
ۋۇجۇدۇڭ ئەگرى يولغا ماڭىدىغان بولسا، ئۇنى يىغ.

6098. ئۆز پايداڭنى كۆزلىمە، خەلق پايدىسىنى كۆزلە،
ئېغىرىڭنى خەلققە ئارتما، يۈكۈڭنى (ئۆزۈڭ) كۆتۈر.

6099. مال ـ تاۋارلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن سەدىقە قىل،
خەلقىڭنى شاد ـ خۇرام قىلغىن، ئەي ئۇلۇغ ئالىم.

6100. قارا، كىشلەرنىڭ سەرخىلى كىشلەر ئۈچۈن پىدائى بولىدۇ،
سۆيۈملۈك جېنىنى قۇربان قىلىش (بەدىلىگە) كىشلەرگە شادلىق
تىلەيدۇ.

* 6101. بىلىملىك ئەقىللىق، مېڭىسى ئۆتكۈر،
تاللانغان، سەرخىل كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

6102. پايدىلىق كىشى كىشلەرنىڭ سەرخىلىدۇر،

مېھرىبان كىشى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۈلۈگىدۇر.

6103. قارا، كىشىلىكنىڭ نامى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر،
بىرى — مېھرىبانلىق، (يەنە) بىرى — سېخىي بولۇپ، مال بېرىش.

6104. قارىغىنا، ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆزلەيدۇ،
ئەقىلنىڭ يولىنى تۇتسا، پايدىسى كۆپ بولىدۇ.

6105. سېخىي دېيىشىدۇ، سېخىي دېگەن كىم؟
سېخىي جېنىنى پىدا قىلىپ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغۇچىدۇر،

6106. (ئالتۇن) كۈمۈش ئۈلەشتۇرسىلا سېخىي بولۇۋەرمەيدۇ،
سېخىي جېنىنى خەلققە پىدا قىلغۇچىدۇر.

6107. سېخىي ئادەم خەلققە مال - تاۋارنى (سۇدەك) ئېقىتسا،
خەلقمۇ يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

6108. دۇنيانىڭ شان - شۆھرىتى ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت:
بىرى، مال - دۇنيا، (يەنە) بىرى بولسا يۈز - ئابرۇيىدۇر.

6109. بۇ ئىككىسىگە ئىگە بولۇپ، مىڭ يىل ياشىسىمۇ،
ئاخىر ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە، ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

6110. ئاۋام پۇقرا(نىڭ ھىمايىسىگە) ئىگە بولسا، بەگلەر يۈكسىلىدۇ، كۆتۈرۈلىدۇ،
ئۆزۈڭگە (مەھكەم) بولسىلا، (چەۋەنداز) تىزگىنىنى چىڭ تۇتالايدۇ.

6111. مانا، دۇنيا ـ دۆلەتنىڭ، ئاۋامنىڭ دەرىجىسى ئەنە شۇ،
(بۇنىڭغا) يېتىشكىلى بولمايدۇ، يېتىشكەندە بەگ قېرىغان بولىدۇ.

6112. ئۆزۈڭنى كۆچمەن ھېسابلا، سېنىڭ نامىڭ كۆچمەندۇر،
ئاخىر بىر كۈنى سېنى كۆچۈرگۈچى ئۆلۈم يېتىپ كېلىدۇ.

6113. كۆچىدىغان كىشى ئوردا ـ ساراي ياسىمايدۇ،
يولۇچى كىشى يىل ـ ئايلاپ يولدا توختىمايدۇ.

6114. ئەي قېرىنداش، ئۆزۈڭنى بىر يولۇچى دەپ ھېسابلا،
ئارتۇق شادلانما، تولىمۇ كۈلۈپ كەتمە.

6115. بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، (ساڭا) قالمايدۇ،
سەن ئۆلگۈچىسەن، (ئۆلىدىغان) كۈنۈڭ بەلگىسىز.

6116. ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى (دائىم) تەييار تۇرىدۇ،
غەپلەتتە يۈرگەندە قارمىقى (دەرھال) ئىلىدۇ.

6117. بۇ دۇنيا بىر ئاشتۇر، بۇ ئاشنى يېگەنلەرنىڭ
نامىنى ئۆزۈڭ ئېيت، مېنىڭ (ئېيتىشقا) جۈرئىتىم يوق.

6118. تىلەك ـ ئارزۇلارغا (تولا) ئىنتىلمە، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى يىغ،
كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلما، تىلىڭنى كېكەچ قىل.

6119. كۆڭلى سەگەك (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىنسا، زىيان كەلمەيدۇ.

6120. "تىلەك ـ ئارزۇلارغا ئىنتىلىش بەك شېرىندۇر،

(لېكىن) شېرىنىنىڭ ئەتە ئاچچىق سورىقىمۇ بار.

6121. شېرىنغا ئېتىقسىز، تاتلىققا ئاچچىق،
كۆتۈرۈلۈشكە چۈشۈش، ئېگىزگە چوڭقۇر بار.»

6122. بۇ دۇنيا تامامەن قىزنىڭ خۇلقىغا ئوخشايدۇ،
ئۇ سېنى ئالداپ قويمىسۇن، ئەي خۇش پېئىل.

6123. ساڭا ئوخشىغان تالايلارنى نابۇت قىلدى،
ئەلىگدەك تالاي بەگلەرنى (ئۇ دۇنياغا) كۆچۈردى.

6124. سىلەرگە كۆز تىكتى، قولنى بەردى،
(ئەمدى) سەن غاپىل بولما، ئەي قىلىقى مۇلايىم!

6125. نېمە بەرگەن بولسا، بەربىر يەنە ئالىدۇ،
قانچىلىك توپلىغان بولسا، بەربىر يەنە چاچىدۇ.

6126. قانچىلىك كۈلدۈرسىمۇ، بىر كۈنى يەنە يىغلىتىدۇ،
قانچىلىك روناق تاپقۇزسىمۇ، يەنە بۇزىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ.

6127. (بۇ دۇنيانىڭ) قىلىقى جاپا، قىلمىشى پەسكەشلىكتۇر،
يورۇقلۇقى ئازراق، پۈتۈن بارلىقى تۈتۈندۇر.

6128. ياسىنىپ، كىشىگە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ،
كۆگۈل بېرىپلا قويساڭ، تىرەجەپ تۈرۈۋالىدۇ.

6129. شېكەر بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ، ئاچچىق زەھەر بېرىدۇ،
بۇۋاپا بەختنىڭ قىلمىشى ئەنە شۇ، ئەي دانا.

6130. مەشھۇر تەقۋادار نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(يامانلىقتىن) ئېھتىيات قىل، ئەي دۆلەت ئىگىسى:

6131. قىپچالىدىغان دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، ساقلان،
بۇ (دۇنيا) جاپا سالغۇچى، ئەي سەۋرچان.

* 6132. قارا، بىلىملىك، ئەقىللىق، زېھنى تولغان،
تاللانغان، سەرخىل (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان:

6133. بىۋاپا بەختكە ئەگىشىپ (توغرا) يولۇڭدىن ئاداشما،
دىققەت قىل، بەخت ئىشەنچسىزدۇر، قىلىقىنى ئۆزگەرتىدۇ.

6134. دۇنيا، دۆلەت كۆنلىرى بىر كۆلەڭگىدۇر،
كۆلەڭگە بىرلا يەردە راۋۇرۇس تۇرمايدۇ.

6135. دىنىڭنى قەدىرلە، بۇ دۇنيانى قەدىرسىز تۇت،
دىنىڭ سېنى قەدىرلىك قىلىدۇ، ئەي بىلىمى دەريا.

6136. راھەت ـ پاراغەتتىڭگە مەپتۇن بولما، خۇشال بولما، ئۆزۈڭنى تۇت،
خۇدانى يادلاپ ئىبادەت قىل، (ئۇنىڭغا) سىغىن.

6137. ئەي قېرىنداش، دۆلەت سېنى مەست قىلمىسۇن،
ھوشۇڭغا كەلگەندە، شۈبھىسىز كۆزۈڭ ياشقا تولىدۇ.

6138. بۇ خەلق بېگى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
(ئۇنىڭ) ئەقلى يېتىلىپ، سۆزنى سىناپ سۆزلىگەن:

6139. دۆلەت كېلىپ كىمنى مەست قىلغان بولسا،

قارا يەر قېتىغا كىرگەندە نالە قىلىپ يۆرىكى يېرىلىدۇ.

6140. ئۇلۇغلۇققا مەست بولۇپ، كىم نالايىق ئىش قىلسا،
كېيىن قارا يەر قېتىدا ئازابىنى تارتىدۇ.

6141. يىگىتلىك ۋە بايلىق ياكى بەخت مەستلىكى —
شاراب مەستلىكىدىن بەتتەردۇر، ئەي ئىرادىلىك كىشى.

6142. ئەگەر مەيخور مەي ئىچىپ مەست بولسا،
ئۇخلاپ قوپسا (مەستلىكى) ئۇيقۇدا يېشىلىپ كېتىدۇ.

6143. بۇ دۆلەت مەست قىلسا، (كىشى) ئۆزىنىڭچە ھوشىغا كەلمەيدۇ،
ئۆلۈم تۇتمىغۇچە ئۇخلايدۇ، ئويغانمايدۇ.

6144. نامىڭ قۇل ئىكەن، سەن بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلما،
ئۆزۈڭنىڭ قۇللۇقىنى قىل، ئەي ياخشى كىشى.

6145. ھاياتلىق كۆڭۈلۈڭ بەك ئۇزۇن ئەمەس،
ئۇلۇغلۇق شۆھرىتىمۇ بەك ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ.

6146. نەچچە مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ ئادەم ئۆلىدۇ،
(بىر - بىرىگە) تۇتاشقان بەدەن پارچىلىنىدۇ.

6147. بۇنىڭغا تەقلىدتەن، ئەمدى بۇ سۆزنى ئاڭلا،
بۇنى ئېسىڭدا تۇت، سەل قارىما:

6148. "تىلەك، ئارزۇ، نېمەتلەردىن سەن تولۇق بەھرىمەن بولساڭمۇ،
ئابىھاياتنى تېپىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ،

6149. قولۇڭنى سوزۇپ ئەگەر ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ،
بېشىڭ كۆككە تاقاشقان بولسىمۇ، يەنە يەردە تۇرسەن."

6150. ساڭا توغرا سۆز قىلاي، ئەي قېرىنداش،
(سەندىن) نېمىنى يوشۇراي، ئەي سىرداشىم؟

6151. قارا، بۇ دۇنيا مېلىنى، تۈرلۈك ناز – نېمەتلىرىنى،
گۈزەل يۈزلەرنى، (يېقىملىق) قىلىقلار ۋە نازلارنى كىشى قانداقمۇ
سۆيمىسۇن؟

6152. راھەت، ئارزۇ، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىشىم ئۈچۈن،
ۋاپاسىز دۇنيا ماڭا بۇ ئىشىكلەرنى ياپتى.

6153. بۇ دۇنيا كىشىنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزمايدۇ، (قىلىشقا) يول قويمايدۇ.

6154. مانا شۇ قورقۇنچتىن دانالار دۇنيانى تاشلاپ،
جاھان كېزىپ، مۇشەققەت چېكىپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ.

6155. بەزىسى تاغلاردا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، ئۆڭكۈرنى ماكان قىلىدۇ،
يېمىكى ئوت – چۆپ، ئىچىشى يامغۇر سۈيىدۇر.

6156. بەزىلىرى باياۋان كېزىپ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ،
خۇدادىن قورقۇپ، ھەسرەت چېكىدۇ.

6157. بەزىسى جەندە كىيگەن، مۇكچەيگەن،
بەزىسى كۆزلىرى ياشلىق (ھالدا) جاھان كېزىدۇ.

6158. بەزىسى ئاش – تاماق يېمەي، ئۆزىنى جۇدىتىدۇ،
بەزىسى كېچىدە ياتماي، تىك تۇرۇپ (تاڭ ئاتقۇزىدۇ).

6159. سەگەك كىشىلەر ئەنە شۇنداق يۈرىدۇ،
(بىز) بىخۇد، غەپلەتتە قالغان كىشىلەرمىز.

6160. ئەي قېرىنداش، سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى كۆزەتكىن،
دۇنيا سېنىڭ بولدى، باشلىق بولدۇڭ.

6161. ھاۋايى – ھەۋەسنى باس، ئەقىل ئىشلىتىپ نەپسىنىڭ بوينىنى سىق،
ئەرلىك نىشانىسى، ئەقىل بەلگىسى ئەنە شۇدۇر.

6162. بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر كۈچىنى يوقىتىدۇ،
بۇنىڭغا كىم قۇل بولسا، ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

6163. شۇنداق قىلىپ، مەن بۈگۈن ئايرىلىپ كېتىۋاتىمەن،
سېنىڭمۇ بارىدىغان (يولۇڭ) شۇ، كەل، ياخشىلىق قىل.

6164. يامانغا قېتىلما، ئىش ھەرىكىتىڭنى ياخشى قىل،
يامانلار ئىككىلا دۇنيادا ئۆزىگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

* 6165. ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىشلىرىنى پۈتتۈرگەن،
دىلى پىششىق كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6166. ئەي يامانلىق قىلىشتا بۇغرا (تۆگىدەك) يۈرەكلىك ئىنسان،
يامانلىق قىلما، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئوغدۇر.

6167. ئەڭ كەڭ يولغا (ئىگە) بولغان خەلق ئۆكتىمى،

ئۆلۈم تېز يېتىپ كېلىدۇ، ئامال - چارىسىنى قىل.

6168. ئەي مەن - مەن دېگۈچى، مېنى سۆي (دېگۈچى ئىنسان)،
ئۆلۈمگە ھازىرلان، ئۇ سېنى بەك سورىماقتا.

6169. ئەي بۇ دۇنيانىڭ ئاچ، تەمەخور قۇلى،
ئۆلۈم سېنى تۇتۇشنى تەمە قىلماقتا.

6170. (ئۇدغۇرمىش) دېدى: ئەي قېرىنداشىم، ھەسرەت بىلەن كېتىۋاتىمەن،
بۈگۈن ئىككى نەرسىگە بەك ئېچىنماقتىمەن:

6171. بىرى، بىر خۇدا ئىبادىتى قىلىۋاتىدۇ،
ئىككىنچىسى، ئىگەمنى تىلىمدا ياد ئېتەلمىدىم.

6172. بۈگۈن يا ئەتە كۆزۈم يۇمۇلسا،
مەن سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارغا موھتاج بولىمەن.

6173. دۇئادا مېنى ئۇنتۇما، ئەي قېرىنداش،
مەندىن كېيىن سەنمۇ ئىز بېسىپ كېلىسەن.

6174. مانا، مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈۋاتىسەن،
ساڭا ئىبرەت بولسۇن، ئامال - چارىسىنى قىل.

6175. ئېلىپ كەتكىلى ئۆلۈم كەلدى، ھەسرەت بىلەن كېتىۋاتىمەن،
مەندىن كېيىن ساڭا كېلىدۇ، سەنمۇ تەييارلىق قىل.

6176. بۈگۈن ھەسرەت بىلەن جۇدا بولماقتىمەن،

(يەنە) قاچان كۆرۈشىمىز، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

* 6177. ئۆلۈش (ۋاقتى)دا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ نالىغان
ئۆلگۈچى كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6178. "پۇشايمان بىلەن ئۆلۈۋاتىمەن، كۆز نۇرۇم ئاقماقتا!
بۇ ئۆلۈم ھالاۋەتسىز قىلماقتا.

6179. ئۆلۈمدىن كېيىن (مېنى) ئىككى يول كۈتىدۇ،
ئىككى يولدىن قايسىسىغا بارىمەنكىن (خۇدا بىلىدۇ)."

6180. يەنە تەكىتلەپ ئېيتتى: ئەي مېھرىبان قېرىنداش،
مېنىڭ قايغۇلىرىمغا سەن كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

6181. مەندىن كېيىن يىغلىما، كۆڭلۈڭنى چۇشۇرمە،
كۆڭلۈڭنى باس، دۇئا قىل، جۆرئەتلىك بول.

6182. ئارتۇقچە يىغا ـ زارە قىلما، ئۆزۈڭنى سەۋرچان تۇت،
بۇ، خۇدانىڭ ئەمرىدۇر، تىلىڭنى يىغ!

6183. يۇر، ئەمدى قايتىپ ئۆيۈڭگە بار،
غەم ـ قايغۇ بىلەن كۆڭلۈڭنى ئازابلىما.

6184. ساڭا بارلىق كېرەكلىك سۆزلەرنى ئېيتتىم،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ئەي تۇز كۆڭۈل.

6185. ئەلىككە مېنىڭدىن سالام يەتكۈز،
بۇ، ئاخىرقى سالىمىمدۇر، ئەي بىلىمى كامىل.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆدغۇرمىشقا جاۋابى

6186. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى:
مەن سېنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتىمەن؟

6187. ئېغىر كېسەل بىلەن سەن يالغۇزلۇقتا
قانداق قىلىسەن، ئەي نەسىبى ئۇلۇغ؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6188. ئودغۇرمىش يەنە دېدى: ئەمدى كەت،
مېنىڭ قايغۇمنى يېمە، ئەي ئوغۇل.

6189. ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە، (ئۇ) تەسەللىي بەرگۈچى دوستتۇر،
ئەگرىم كۆرۈپ (تۇرۇپ) تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىشىمنى پۈتتۈرىدۇ.

6190. خۇدا كىمنى ياخشى كۆرسە، ئەزىز قىلسا،
ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشى داۋاملىشىدۇ.

* 6191. كۆپ ئىشنى كۆرۈپ، كۆزى پىشقان،
توغرا سۆزلۈك كىشى بەك ياخشى ئېيتقان:

6192. خۇدا كىمگە ئىنايەت قىلسا، ھەمدەم بولسا،
(ئىككى) دۇنيا ئۇنىڭ بولىدۇ، بەخت تاپىدۇ.

6193. كىم خۇدانىڭ پەزىلىتىگە تامامەن ئىگە بولسا،
ئىككى دۇنيالىقتا ئېرىشىدۇ، ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ.

6194. ئەي جەسۇر ئوغلان، (خۇدا) كىمنى تاشلىۋەتسە،
ئىت بولامدۇ، ياكى كۆك بۆرە بولامدۇ، بەرىبىر.

6195. ئۇدغۇرمىش سۆزىنى تۈگىتىپ دېدى، ئەي قېرىنداش،
يۈر، قايتىپ كەت، سالامەت بول، كۆزۈڭدىن ياش تۆكمە.

* * *

6196. ئۆگدۈلمىش (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئۇدغۇرمىشنى قۇچاقلىدى،
سۆيۈپ يىغلىدى، (كۆزىدىن) ياش تۆكتى.

6197. قارا، يىغلاپ ئۇ يەردىن چىقتى،
ئېتىنى مىندى، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

6198. (ئېتىدىن) چۈشۈپ غەمكىن ۋە خاپا ھالدا ئۆيگە كىردى،
شادلىقى كېتىپ، كۆڭلى قايغۇ بىلەن تولغانىدى.

6199. دىققەت قىلساڭ، ئىنسان قانچىلىك مۇڭلۇق - ھە،
شادلىقى ئاز، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ (ماكانى)دۇر.

6200. ھەممە تىلىكىگە ئېرىشسە، شادلىقى كۆلدۈرىدۇ،
ئەگەر قايغۇ كەلسە، ھەسرىتى يىغلىتىدۇ.

6201. سۆيگۈنىگە ئېرىشسە، سۆيۈنۈپ كۈلىدۇ،
ئەگەر جۇدا بولسا، قايغۇ بىلەن قالىدۇ.

6202. بەزىدە ۋىسال شادلىقى مەپتۇن قىلىدۇ،
بەزىدە پىراق (ئەلەمى) يىغلىتىدۇ.

6203. دۇنيادا پىراق (ئەلمى) دىنمۇ قاتتىق نېمە بار؟
پىراق ئەلەملىرى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر.

6204. تىرىك تۇرۇپ ئايرىلسا، يەنە تېپىشىدۇ،
ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ قايتا دىدار كۆرۈشىدۇ.

6205. ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق — ئۆلۈمدۇر،
ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئۇنى قورال بىلەنمۇ توسۇپ بولمايدۇ.

6206. ھەر نەرسىنىڭ پىراقى يېقىن ياكى يىراق بولىدۇ،
ئۆلۈمنىڭ پىراقى (بولسا) ئۇزۇن پىراقتۇر.

6207. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
ئوقۇغانسېرى مەنىسى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ:

6208. "ھەممىدىن قاتتىقراق جۇدالىق ئۆلۈمدۇر،
ئۇنىڭدىن كۆز قارىچۇقلىرى پىراق ئىچىدە ياش تۆكىدۇ.

6209. تىرىك ئۇچۇن جۇدالىقتا ۋىسالدىن ئۈمىد بار،
ئۆلگەن كىشى شۈبھىسىز ۋىسالدىن يىراقتۇر."

* * *

6210. ئۆگدۈلمىش يىدى، ئىچتى، بىرئاز دەم ئالدى،
(ئاندىن) ئورنىدىن تۇرۇپ نامىزىنى ئۆتىدى.

6211. قۇياش يەرگە ئېگىشتى ۋە يۈزىنى يوشۇردى،
ئاسمان (قۇياشنىڭ) ئىزىنى باستى،

6212. (ئۆگدۈلمىش) تۆشەك سالدى، ياتتى، ئۆيقۇسى كەلمىدى،
قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن كۆزىنى يۇممىدى.

6213. قوپۇپ ھويلىغا چىقتى، كۆز يېشى (مەگزىنى) يۇدى،
دۇنيا يۈزى ھەبەش (يۈزىنىڭ) رەڭگىگە كىردى.

6214. يەنە ئۆيگە قايتتى، تۆشەككە كىردى،
ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ، يەنە بىرئاز ياتتى.

6215. رۇمى قىزى يۈزىنى يەرگە يوشۇردى،
دۇنيا يۈزى زەڭگى يۈزىدەك بولدى.

6216. ئۆيقۇسى كەلمىدى، (ئورنىدىن) تۇرۇپ (ئەتراپقا) باقتى،
ئۆكەر يۇلتۇزى پەسكە چۈشۈپ، كېچە ئاخىرلىشىپ قالغانىدى.

6217. كۆزىنى كۆككە تىكىپ، ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇردى،
قارا تۈن قاراڭغۇلاشتى، زادى يورۇمىدى.

6218. (يەنە) ئازراق ياتتى، (كېيىن) ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇردى،
يۇقىرىغا قاراپ، كۆك ئاسمانغا كۆز تىكتى.

6219. شەرقتىن قارا قۇش يۇلتۇزى چىقىپ، يۇقىرى ئۆرلىدى،
دۈشمەن ئوت ياققاندەك، ئوت كۆتۈرۈلدى.

6220. يەتتە تىكەن يەنە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى،
يىلدىرىق يۇلتۇزى ئايغىرغا توغرا ئېگىلدى.

6221. ئەرەنتىر بېشىنى يەرگە يېقىن ئەگدى،

قۇياش بېشىنى كۆتۈرۈپ، يورۇق يۈزىنى ئاچتى.

* * *

6222. (ئۆگدۈلمىش) يەنە (ئورنىدىن) قوپتى، پاكىز يۇيۇنۇپ — تاراندى،
ناماز ئوقۇدى، ۋىردىنى * تولۇق تاماملىدى.

6223. دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگىگە كىردى،
ئاسمان يۈزى ئوت يالقۇنىدەك قىزاردى.

6224. تونىنى كىيدى، دەرھال ئېتىنى توقۇپ (مىندى)،
ئۆيدىن چىقىپ يەنە ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

6225. (ئېتىدىن) چۈشۈپ، ئالدىراش ئوردىغا كىردى،
ئەلىگ چاقىردى، (ئۇ) ئۆزىنى تۇتقان ھالدا ئالدىغا كىردى.

6226. ئەلىگ قاراپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالدى،
بۇ ياخشى ئادەمنىڭ كۆڭلى چۈشكۈندەك كۆرۈندى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6227. ئەلىگ دېدى: ئەمدى ئەھۋالىڭ قانداق،
سېنى غەمكىن كۆرۈۋاتىمەن، ئەي تەمكىن؟

6228. بۈگۈن كۆڭلۈڭگە قانداق (دەرد) يۈكلەندى،
ماڭلىيىڭدىن خاپىلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن؟

6229. نېمە ئۈچۈن قىزىل مەگزىڭ سارغايدى،
دۇنيا ساڭا قانداق ئەندىشىلەرنى يۈكلىدى؟

6230. تېخى بەخت سەندىن يۈز ئۆرۈمىدى،
بىۋاپا دۇنيا، دۆلەت ساڭا ھېلىمۇ كۈلۈپ باقماقتا.

6231. سەن (ئۈچۈن) پەلەكنىڭ چاقى توغرا ئايلانماقتا،
ئاي، كۈن، زامان سېنىڭ ئارزۇيۇڭچە تۇغماقتا، ئەي باتۇر.

6232. مەن ساڭا قاش – قاپىقىمنى تۈرمىدىم،
ساڭا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قارايمەن.

6233. ساڭا كىم بۇنداق قايغۇ – ئەلەم يەتكۈزدى؟
ئەھۋالىڭ قانداق، نېمە سۆزۈڭ بار؟

6234. ئەي ئوغۇل، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، بۇ قانداق قايغۇ؟
ماڭا ئېيتقىن، بۇنى بىلەي، ئەي ئېغىر – بېسىق كىشى.

6235. ساڭا مۇشەققەت ياكى قايغۇ – ئەلەم يەتسە،
مەن قانداقمۇ خۇشال – خۇرام يۈرەلەيمەن؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6236. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ، سۆز باشلىدى:
قېرىندىشىنىڭ كېسىلى، ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى
(ئېيتتى).

6237. ئۆزىنىڭ بارغانلىقىنى ۋە نېمە كۆرگەنلىكىنى،

پەند ـ نەسھەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى.

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6238. ئەلگىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، پېشى تۆكۈلدى،
ۋادەرىخا، ئۇ ياخشى كىشى (ئىدى)، دېدى.

6239. تەڭرىم ئۇنىڭ جېنىنى (ئۆزىگە) ئاتا قىلسۇن،
ئۇنىڭ تېنى ۋە قېنىنى خوراتمىسۇن.

6240. يەنە دېدى: ئۇنىڭ ئەھۋالى (ھازىر) قانداق،
ئۇنى قالدۇرۇپ كېلىشكە قانداقمۇ كۆڭلۈڭ ئۇنىدى؟

6241. ئۇنى كىم كۈزىتىدۇ، كېسىلىگە كىم قارايدۇ،
كېسەل بىلەن ئۇ قانداقمۇ يالغۇز ياتىدۇ؟

6242. نېمىشقا سەۋر قىلىپ، ئۇ يەردە بىرئاز تۇرمىدىڭ،
شۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئۇنى كىمگە تاشلاپ قويدۇڭ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلگىگە جاۋابى

6243. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:
ئەي بىلىمى دەريا، بۇ سۆزلەرنى مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

6244. مېنى قايتۇرۇۋەتتى، سۆزۈمگە كىرمىدى،
سۆزىنى رەت قىلىپ كۆردۇم، كۈچۈم يەتمىدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6245. ئەلىگ دېدى: تەگرىم ئۇنى ساقلىغاي،
شىپالىق ئاتا قىلىپ، ئورنىدىن تۇرغۇزغاي.

6246. (ئۇ) كۆڭلى ۋە پىكرىنى خۇداغا بېغىشلىغان،
بىر خۇدا (ئۇنىڭ ئەجرىنى) زايە قىلمىغاي، ئەي ئوغۇل.

6247. ھەرقانداق قۇل ھەممە (نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈسە،
ئۆزى ياراتقان ئىگىسىگە سىغىنغان بولسا،

6248. شۈبھىسىز، ئۇنى بىر خۇدا (ئۆزى) ساقلايدۇ،
تىلىكىنى بېرىدۇ، ياخشى نامغا ئىگە قىلىدۇ.

6249. بۇنىڭغا تەقلىدتەن مانا بۇ سۆزنى ئاڭلا،
كۆڭلۈڭدە تۇتۇپ، ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىل.

6250. "ھەممە (نەرسىدىن قول) ئۈزۈپ، خۇداغا سىغىن،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى پاك تۇت، ھەرىكىتىڭنى تازا قىل.

6251. خۇدا ھەممە تىلىكىڭنى تەلتۆكۈس بېرىدۇ،
شەيتاننى مەغلۇب قىل، خۇداغا (ئۆزۈڭنى) تاپشۇر."

6252. ئەلىگ يەنە دېدى: ئەي ئۆگدۈلمىش،
قايغۇ - ئەلەم بىلەن خاپا بولۇپ يۈرمە.

6253. ئۇ ياخشى كىشى ئىدى، ياخشىلارنىڭ بېشى ئىدى،
ئەگەر ئۆلسە، خۇدا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ.

6254. ئەي دانا، بۇ ئىش ئەتە بىزگىمۇ كېلىدۇ،
ھاياتىمىز قانداق ئۆتتى، نېمە قىلدۇق، دەپ قالىمىز.

6255. ئىسىت، ئۆز يىگىتلىكىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۇق،
ئىسىت، ۋۇجۇدىمىز، قەلبىمىز، ئوي ـ پىكرىمىز يامانلىق (بىلەن ئۆتتى).

6256. ئۆتكەن ھايات بۈگۈن چۈشكە ئايلاندى.
قانداق ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب كېلىدۇ.

6257. (ئەمدى) قالغان ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك،
ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە كۆڭۈل بەرمەسلىك كېرەك.

6258. قانداق قىلغان بىلەنمۇ، ئاخىر ئۆلىمىز،
ئۆلگەندىن كېيىن مىڭ (خىل) پۇشايمانلار بار.

6259. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سەن سىرتتا تۇرۇپ،
خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلا، شەپقەت قىل.

6260. (شۇنداق قىلىپ) مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ قۇتۇلدۇرغىن،
بۇنىڭ بەدىلىگە خۇدا ياخشى يول ئاتا قىلغاي.

* 6261. ئەي تەمكىن مىجەز، خۇدانىڭ قۇللىرىغا مېھرىبان
كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6262. كىم ياخشىلىق قىلسا ياخشى جاۋاب ئالىدۇ،
خۇدا چوقۇم ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ، كۆزۈڭنى ئاچ.

6263. كىم يامانلىق قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ،
ئۇ يامانلىقنىڭ جاۋابىمۇ يامانلىق بولىدۇ.

6264. يامانلىق (قىلىشنى) خالىساڭ، يۈر، يامانلىق قىل،
بىلگىنكى، ئۇ يامانلىقنىڭ جاۋابى سېنى يىغلىتىدۇ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6265. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەلىگ
شۇنچىلىك پەند – نەسىھەت قىلغانىكەن،

6266. خەلققە (يۇرگۈزۈلگەن) قانۇن ھامان ياخشى بولىدۇ،
خۇدا بۇ بەگلىكنى ئۆرە تۇتۇپ تۇرىدۇ.

6267. ئەلىگ كۆپ ياشىسۇن، بەخت – سائادەتلىك بولسۇن،
جان – تېنىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم (ئەلىگكە) پىدا بولسۇن.

6268. ئۆلگۈچى (كىشىگە) ياخشى نام نېسىپ بولۇش ئۈچۈن،
قادىر ئىگەم ياخشى نام بىلەن ئۆمۈر سۈرۈشكە نېسىپ
قىلسۇن.

6269. ئۆلۈم (ياقىدىن) تۇتۇشقا تەييار تۇرىدۇ،
ئۇزۇڭنى غەپلەت ئۇيقۇسىغا تاشلىما.

6270. بىلىملىك (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقان،
تەقۋادارلىق يولىمۇ شۇنداق بولىدۇ:

6271. ”بۇ كۆرۈنمەس ئەجەل يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ،

غاپللار ئۇمدىتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇ.

6272. پۈتۈلگەن ئەجەل (بىر كۈنى) يېتىپ كەلگەندە،
ياخشى، يامان — ھەممىسى قارا تۇپراققا ئايلىنىدۇ.»

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6273. ئەلىگ دېدى: تەڭرىم بۇگۈندىن ئېتىبارەن،
ماڭا تەۋپىق بەرگەي، قانۇن تۇرغۇزغايمەن.

* * *

6274. ئەلىگ بىرئاز (ئويلىنىپ) سۆزىنى تۈگەتتى،
ئۆگدۈلمىش (ئورنىدىن تۇرۇپ) ئۇ يەردىن چىقتى.

6275. ئۆگدۈلمىش يەنە بىرقانچە كۈن سەۋر قىلدى،
قايغۇ - ھەسرەتكە چۆكۈپ يۈردى.

6276. قېرىنداشنىڭ ھەسرىتى بىلەن قايغۇرۇپ،
رەڭگى سارغايدى، ئۆزى جۇدەپ كەتتى.

6277. (لېكىن) قېرىندىشى ئۇچۇن ئارتۇق سەۋر قىلالمىدى،
يەنە بىر بېرىپ (قېرىندىشىنى كۆرگۈسى) كەلدى.

6278. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلىگ ھۇزۇرىغا ماڭدى،
ئەلىگ چاقىردى، ئۆگدۈلمىش ئالدىغا كىردى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى

6279. ئەلىگكە ئۇلتىماس قىلىپ، مەن بۈگۈن
قېرىندىشىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىشنى خالايمەن، دېدى،

6280. ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكىن، كۆرەي،
مېنىڭ قېرىندىشىم تىرىك بارمىكىن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6281. ئەلىگ دېدى: بارساڭ توغرا قىلغان بولىسەن،
قېرىنداشلىق، يېقىنلىق رىشتىسى شۇدۇر.

6282. يۈر، مېنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئەھۋال سورا،
كېسىلىنى كۆر، كۆڭلىنى خۇشال قىل.

* * *

6283. (ئۆگدۈلمىش) ئۇ يەردىن "خوپ" دەپ قايتىپ چىقتى،
ئۆيىگە كېلىپ (بىرئاز) دەم ئالدى.

6284. ئازراق ئاش ـ تائام يېدى ۋە ئېتىنى تۇتۇپ (مىندى)،
قايغۇ ئىچىدە قېرىندىشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

6285. يېقىن كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشۈپ پىيادە ماڭدى،
دەرۋازىغا كېلىپ چاقىردى، ئىجازەت سورىدى.

## 82

## قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكنى ئېيتىدۇ

6286. قېرىندىشىنىڭ مۇرىتى قۇمارۇ چىقىپ،
سالام قىلدى، كېيىن كۆزىدىن ياش تۆكۈپ،

6287. (ئۆگدۈلمىشنىڭ) ئالدىغا كەلدى ۋە دېدى: ئەي قېرىنداش،
خۇدا ئەجىر ئاتا قىلسۇن، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما.

6288. قېرىندىشىڭ بۇ دۇنيانى تاشلاپ كېتىپ قالدى،
(خۇدا ساڭا) خاتىرجەم ھايات، ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن.

6289. سەن ئەمدى پەرياد چەكمە، سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت،
تىرىك ئۈچۈن ئۆلۈشتىن (باشقا) چىقىش يولى يوق.

6290. تۇغۇلغانلار بەرىبىر ئۆلىدۇ، سۆيۈملۈك جېنىدىن ئايرىلىدۇ،
بەگ بولسۇن، قۇل بولسۇن، پەيغەمبەر بولسۇن — ھەممىسى قالمايدۇ.

6291. بۇ ئۆلۈم بىزگىمۇ تەييار تۇرىدۇ،
ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئۇنى توسۇۋالغۇدەك قورالمۇ يوق.

* * *

6292. بۇنى ئاڭلاپ ئۆگدۈلمىش ھۆڭرەپ يىغلىدى،
تولغىنىپ، بىئارام بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتتى.

83

## قۇمارۇنىڭ ئۇدغۇرمىشقا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6293. قۇمارۇ (ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىنى) توختىتىشقا تىرىشىپ،
خۇدانىڭ ھۆكمىگە دىلىڭ ۋە تىلىڭ بىلەن رازى بول،
دېدى.

6294. ھەممە (كىشى) ئۈچۈن ئۆلۈم كېلىدىغان كۈن بار،
ئۇ ئۆلدى، ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈمگە تەييارلان.

6295. ئەي ئوغۇل، نېمە ئۈچۈن يىغا ـ زارە قىلىسەن،
سېنى كىم ئۇردى، كىم تىللىدى، نېمە زىيان كۆردۈڭ؟

6296. خۇدا ئۇنىڭغا جان بەرگەنىدى،
يەنە ئۇنى قايتۇرۇۋالدى ــ جان چىقىپ كەتتى.

6297. ئۇ ئەمدى يەنە قايتىپ كەلمەيدۇ،
بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن سەنمۇ، مەنمۇ شۇ ياققا بارىمىز.

6298. (يەنە) دېدى: يۈر، قېرىندىشىڭنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ باق،
زىيارەت قىلىپ ئاندىن يانغىن.

## 84

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى ئېيتىلىدۇ.

6299. (ئۆگدۈلمىش) بېرىپ، قېرىنداشنىڭ قەبرىسىنى كۆردى،
قۇچاقلاپ يىغلىدى، كۆز ياش تۆكتى.

6300. دېدى: ئەي قېرىنداشىم، تۇر، ماڭا بىر قارا،
يۈزۈڭنى بىر كۆرەي، ھەسرىتىم بېسىلسۇن!

6301. سېنى سېغىنىپ، كۆرگىلى كەلگەنىدىم،
نېمە ئۈچۈن مەندىن دىدارىڭنى يوشۇردۇڭ؟

6302. ئەي كۆڭلۈمنىڭ تاجى، جېنىمنىڭ سۆيۈملۈكى،
سېنىڭسىز بۇ پانىي ھاياتىم قانداق ئۆتىدۇ؟

6303. سېنى مەن ياتقاندا چۈشۈمدە كۆردۈم،
سەن كۆزۈمدىن غايىب بولۇپ، مەندىن يىراقلاشتىڭ.

(تېكست ئۈزۈك)

## 85

## ئەلىگىنىڭ ئۇدغۇرمىشقا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ

6304. ئەلىگ ئاگلاپ، سارايدىن چىقىپ،
(ئۆگدۈلمىشنىڭ يېنىغا) كەلدى، (چىن) كۆڭلىدىن تەزىيە بىلدۈردى.

6305. ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەقلىگنى ئىشقا سال،
سەن ئۇنىڭغا دۇئا بىلەن ياردەم قىل.

6306. ئۇدغۇرمىشقا خۇدا رەھمەت قىلسۇن.
ئۇنىڭ گۇناھ - قىلمىشلىرىنى كەچۈرسۇن.

6307. تەگرىم ساڭا بۇ قايغۇنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن،
خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە ئىگە بول، دوزاختىن ئامان قال.

6308. سەن دەرۋازاڭنى ئېتىپ، يولۇڭنى بېكىتىپسەن،
يۈزۈڭنى يوشۇرۇپ، سۆزلەشتىن توختاپسەن.

6309. بۇ خىل ئادەت ساڭا ياراشمايدۇ،
ئەقىللىق (كىشى) بۇنداق يول تۇتمايدۇ.

6310. ساڭا كىم زۇلۇم قىلدى، ماڭا ئېيت،
كىم ئاچچىق قىلدى ياكى كىم ئۆچمەنلىك قىلدى؟

6311. قېرىندىشىڭنىڭ (بېشىغا كەلگەن ئىش) خۇدانىڭ ھۆكمى ئىدى،
(خۇدا) قازاسىنى يۈرگۈزدى، سەن ئۆزۈڭنى تۇت.

6312. نېمىشقا پەرياد چېكىسەن، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟
بۇ ياخشى قىلىق ئەمەس، بۇنداق قىلما.

6313. تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، ئۆرلىگەن تۆۋەنلەيدۇ،
ماڭغان توختايدۇ، ئالغان بېرىدۇ.

6314. قېرىندىشىڭنىڭ ئۆلۈمى ساڭا ئىبرەت بولسۇن،
سەۋر قىل، ئەجرىڭنى كۆرىسەن، ئۇ شېكەر ۋە قەنتتەك (شېرىن) بولىدۇ.

6315. ئۆلۈمنى كۆرگەن تىرىك قالغۇچىلار
ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ئىدى، قېنى ئىبرەت ئالغانلار؟!

6316. ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتىگە دىققەت قىل، نېمە دەيدۇ:
ماڭا قارا، مېنى ئۆلۈم تۇتتى، كەتتىم، سېنىمۇ تۇتىدۇ.

6317. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ،
ئوقۇپ دىلىڭغا ياخشىراق ئورناتقىن.

6318. "سەندىن بۇرۇن مىڭلىغان ئۆلۈپ كەتكەنلەر نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دېگەنكى، ماڭا نەزەر سال، ماڭا باق!

6319. غەپلەتتە يۇردۇم، كۆپ خۇشال بولدۇم،
(ئەمدى) ئۆلۈم ياقامدىن تۇتتى، كەتتىم، ساڭىمۇ كېلىدۇ."

* * *

6320. ئەلىك ئودغۇرمىشنى قايتا - قايتا سورىدى،
قانداق ئۆلگەنلىكىنى، ئەھۋالى قانداق بولغانلىقىنى
(سۈرۈشتۈردى).

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

6221. (ئۆگدۈلمىش) نېمە كۆرگەنلىكىنى ئەلىككە بايان قىلدى،
ئۆلۈم (ئالدىدا) ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى (ئېيتتى).

6322. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرىق بىلەن ھاسىسىنى ئېلىپ،
يادىكارلىق ئۈچۈن ئەلىگنىڭ ئالدىغا قويدى.

6323. (ۋە شۇنداق) دېدى: قېرىنداشىمنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى مانا شۇ،
(ئۇنىڭدىن) قالغان نەرسە پەقەت مۇشۇلار ئىدى.

6324. ئەلىگمۇ بۇلاردىن بىرىنى ئەستىلىك ئۈچۈن ئۆزىگە قالدۇرسۇن،
بۇگۈن ئەسقاتقاي، ئەتىگە پايدىسى تەگكەي،

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6325. (ئەلىگ) قولىنى سوزۇپ، ھاسىنى ئالدى،
"بۇ يادىكارلىق ماڭا قۇتاتسۇن" دېدى.

6326. سەن قېرىندىشىڭنىڭ بۇ ئۆرنىقىنى ئال،
بۇنىڭ بىلەن قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىنى ئەسلە.

6327. قارا، ئۆگدۈلمىش ئۆرنىقىنى قولىغا ئالدى،
كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز ياش قىلدى.

6328. ئەلىگ ئېيتتى: قارا، بۇ بىر ئىبرەتتۇر،
ئەقىل بىلەن ئويلىساق، بۇ بىز ئۈچۈن كۆپايىدۇر.

6329. ئۇ ئەنە شۇنداق ياشىدى، دۇنيادىن خالاس بولدى،
(بۇ دۇنيا) ئۇنىڭدىنمۇ قالدى، ئەي خۇش پېئىل.

* 6330. پاراسەت بىلەن ئىش تۇتقان،
قىلىقلىرى مۇلايىم (كىشى) نېمە دەيدۇ، ئاڭلا:

6331. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى كۆپ بولسا، ئۇشۇقلۇق قىلمايدۇ،
قانچىلىك ئاز بولسىمۇ ئۆز لايىقىدا يېتىدۇ.

6332. بۇ دۇنيانىڭ نۇقسانلىرى مىڭ، پەزىلىتى بىر،
ئادەم ئۇنى قانداق ئۆتكۈزسە، شۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ.

6333. ئۆلۈمدىن كېيىن باياشاتلىقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟
سەندىن كېيىن (قالغانلار) ئۇنى يەپ سۆيۈنىدۇ.

6334. قېرىندىشىڭ دۇنيا نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىپ (ئۇنىڭدىن)
قاچتى،
ماتا جەندە كىيىپ، ئارپا يېيىشنى ئۆزىگە لايىق تاپتى.

6335. شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ ياشىدى، ئۆلمىدى،
يەپ قالغۇچىلارغا ئەرسىلىرىنى تاشلاپ كەتمىدى.

6336. كېچە ـ كۈندۈز غەيرەت قىلىپ، يۈكنى يەڭگىللەتتى،
دۇنيا مۇشەققىتى ئۈنىڭدىن يىراقلاشتى.

6337. ئۇ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلىپ، بۈگۈن قۇتۇلدى،
بىزنىڭ ئىشىمىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇ تۈگۈن يېشىلمىدى.

*        *        *

6338. قارا، ئەلىگ مىڭ (خىل) ياخشى سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى،
نەسىھەت قىلىش (ئارقىلىق) ئىچىنى بوشىتىپ، راھەتلەندى.

6339. ئەلىگ (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئوردىغا قايىتتى،
(ئاتتىن) چۈشۈپ، غەمكىن هالدا ئۆيىگە كىردى.

*        *        *

6340. ئۆگدۈلمىش بىرنەچچە كۈن ھەسرەت چەكتى،
بۇ قايغۇلىرى ئۆتۈپ، چىرايى ئېچىلدى.

6341. بىر قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىمۇ ئۇنتۇدى،
يەپ ـ ئىچىپ، كۈلۈپ يەنە خۇشال يۈردى.

* 6342. ئەل ـ يۇرت ئىشلىرىنى بىلىم بىلەن بېجىرگەن،
خەلققە باش بولغۇچى (كىشى) بەك ياخشى ئېيتقاندى:

6343. "قايغۇ ـ ھەسرەت سىنى قانچىلىك ئەنسىز قىلسىمۇ، كۆز قانچىلىك يىغلىسىمۇ، يەنە بەربىر كۆلىدۇ.

6344. دۇنيانىڭ قائىدە ـ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق، ـ ياخشى ـ يامان (ئىشلار) نەچچە يىل داۋام قىلسىمۇ، تۈگەيدۇ."

6345. قارا، ئۆگدۈلمىشمۇ ھەسرەتلىرىنى ئۆتكۈزدى، خىزمەتكە تەييارلىنىپ، ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

6346. ئۇ ھېرىسلىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى، تاڭ سەھەردە بېرىپ، كېچىگىچە ئىشلىدى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6347. بىر كۈنى ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى چاقىردى، خەلق ئەھۋالى، ئەل ـ يۇرت ئىشلىرىنى سورىدى.

6348. ئەلىگ سورىدى: ئەلنىڭ ئەھۋالى قانداق، خەلقنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
زامان، كۆڭلەر قانداق، ئۆتۈۋاتىدۇ؟

6349. ھەممە ئىشىمدا ماڭا كۆز قۇلاقسەن، سەندىن سورايمەنكى دەۋرانىمنى ئىچىۋەت.

6350. بىر قانچە كۈن قايغۇ ـ ھەسرەتكە يولۇقتۇڭ، ئىشقىمۇ قولۇڭ بارمىدى، ئىشلىرىڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6351. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: ئەي بەگ،
خەلقنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دۇنيا قىلغۇدەك يالغىشى.

(تېكىست ئۈزۈك)


## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

(تېكىست ئۈزۈك)


6352. بىرى، سۆز، بوغۇز، كۆز ۋە شەھۋەت ھەۋىسى،
بۇلار كىشى ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەتكە توسقۇن بولىدۇ.

6353. بىرى، بوغۇزنى، كۆڭلىنى تىيسا، ئازراق سۆزلىسە،
يارىماس نەرسىلەرنى ئۆزىدىن يىراق تۇتسا،

6354. ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە يول قويمىسا،
غەزىپى كېلىپ ئاچچىقلانغاندا، ئۆزىنى چىڭ تۇتالىسا،

6355. ئەنە شۇ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك كىشىدۇر،
بۇنداق كىشىنى ئەقىللىق، تەمكىن (كىشى) دېسە بولىدۇ.

6356. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىقتۇر،
ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا تۇتىدۇ.

6357. يارىماس ئىشلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ،
كېرەكسىز نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆزىنى يۇمىدۇ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6358. ئەلىگ دېدى: بۇ سۆزلەرنى سەن بەك ياخشى سۆزلىدىڭ،
بۇ سۆزۈڭ ماڭا ئارتۇق پايدىلىقتۇر.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

(تېكىست ئۈزۈك)

6359. بۇ ۋۇجۇد جاپا سالغۇچى ۋە يامان‌دۇر،
جاپاغا جاپا قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇش كېرەك.

6360. ۋۇجۇدنى ياخشى كۆرۈپ، قانچىلىك ياخشىلىق قىلسا،
ئۇ شۇنچىلىك يامانلىق، جاپا قىلىدۇ.

6361. كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بەك ياخشى ئېيتقانىدى،
(ئۇنىڭ سۆزى) جاپاكەش ۋۇجۇد ئۈچۈن ئامال – چارىدۇر:

6362. „كىمگە ۋاپا قىلساڭ، جاپاغا تەييار بول،
جاپاچى كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ساڭا جاپا قىلىدۇ.

6363. كىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل،
ئۇ سېنى يامانلىق بىلەن پەرياد چەكتۈرىدۇ.“

6364. ئەي ئەلىگ، مۇنۇ ئۈچ نەرسىنىڭ سېمىزى يامان‌دۇر،
بىرى — ئىت، بىرى — قۇش، يەنە بىرى — ۋۇجۇد.

6365. بۆلارنى ئاچ قويۇش يولىنى تۇتۇش كېرەك،

ئۇلار ئاندىن يولغا چۈشۈپ بويىنىنى ئېگىدۇ.

6366. قۇش گالدىن قىسىلمىسا، دان ئۆزدىمەيدۇ،
ئىت توق، سېمىز بولسا، ئوۋ كەينىدىن قوغلىمايدۇ.

6367. ۋۇجۇد تويسا، ھەممىگە قانسا، بۇغرا تۆگىدەك بولىدۇ،
(ھەر يانغا) قاچىدۇ، ياخشىلىقنى ھەيدەيدۇ، ئۇنى قويۇپ بەرمە.

6368. قۇشۇڭ ئوۋلىمىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر ئۆردەك،
ئىتىڭ ئوۋنى تاشلىسا، زىيىنى ناھايىتى بىر سۆسەر.

6369. ۋۇجۇدۇڭ بۇغرا تۆگىدەك بويىنىنى ئېگىز كۆتۈرسە،
سېنى ئوتقا ئىتتىرىپ، نادامەت چەكتۈرىدۇ.

6370. قارا، رىزقى يوق كەمبەغەل رىزقلىقتۇر،
(چۈنكى) بارىغا شۈكۈر قىلىپ، كۆڭلى باي ياشايدۇ.

6371. ئەگنى پۈتۈن بولسا، تاماق يەپ قورساق تويدۇرسا،
تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

6372. ئۇلۇغلۇق، دۆلەت، بەخت ـ سائادەت كىشىنى
تەكەببۇرلۇققا تارتىدۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغۇزمايدۇ.

6373. تەكەببۇرلۇق بەندىنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
ئەقىللىق (كىشى) بۇنداق يولدا ماڭمايدۇ.

6374. كەمبەغەلمۇ ئۆلىدۇ، شۇنىڭدەك، بايمۇ ئۆلىدۇ،
ئىككى بۆز بىلەن قارا يەر قېتىغا كىرىپ كېتىدۇ.

6375. كەمبەغەل ئۆلسە، چاپان مۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ،
باي ئۆلسە مال ــ دۇنيالىرى قالىدۇ، ۋابالى بىللە كېتىدۇ.

6376. روشەنكى، ئۆلۈم سۆزى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان،
بۇ سۆزدىن ئۆزۈڭگە تېگىشلىك ئۆلۈش ئال:

6377. „ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ مېھنىتىڭدۇر،
ئەي مېھنەت ئىگىسى، ئۆلۈم نېمىتىڭدۇر.

6378. كەمبەغەل ئۆلسە، مۇشەققەتتىن قۇتۇلىدۇ،
ئەي باي، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتسا، ھېساب بېرىشىڭگە
توغرا كېلىدۇ.“

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئېيتقان سۆزى

6379. ئەلىگ يەنە ئېيتتى: بۇ دۇنيا ئىچى
كۆپلىگەن يىلان، چايانلار بىلەن تولغان.

6380. يەيدىغان نېمىتى ئاز، زەھىرى كۆپ،
ماختايدىغان نەرسىسى ئاز، سۆكىدىغان يېرى كۆپ.

6381. ئەقىللىقنىڭ (قول) سوزۇپ ئالىدىغان نەرسىسى ئاز،
بىلىملىكنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان نېمىتىمۇ ئاز.

6382. بۇ دۇنيا بىلىمسىزگە جەننەتتۇركى،
راھەت ئىچىدە ياشايدۇ، موھتاج بولمايدۇ.

6383. ئەقىللىق ئۈچۈن بۇ دۇنيا تىكەنگە تولغان،

ئاياغ باسقانلا يېرىدە تىكەن سانجىلىدۇ، ساقلىنىش كېرەك.

6384. بىلىملىك ئۈچۈن دۇنيا ئىچى تولا ھەر دۈركىمۇ
ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالالمايدۇ، كۈچ – قۇۋۋىتىدىن كېتىدۇ.

6385. زاھىت ئوغۇل ھۇزۇرلىرىنى تاشلاپ، دۇنيادىن ۋاز كەچتى،
ئابىدمۇ[1] دۇنيانى تاشلاپ ئىبادەتكە كىرىشتى.

6386. بۈگۈن بىز دۇنياغا باغلىنىپ قالدۇق، –
خۇدا بىزنى بۇ بالادىن ساقلىسۇن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6387. ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى: بۇ سۆز –
سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى، ئەقىلگە ئەڭ يېقىندۇر.

6388. نەزەر سالساڭ، دۇنيانىڭ خۇي – پەيلى
گويا تويغىنىنى بىلمەيدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ.

6389. ئىنسان ئۆزىنى – ئۆزى يېقىپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ،
ئاندىن ئۆز كۆشىنى ئۆزى يەپ، ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

6390. دۇنيا ئەھۋالىغا يېتەرلىك دىققەت قىلساڭ،
ئۇنى چۈشەنسەڭ، كىشى ئۆز – ئۆزىگە ھەيران بولىدۇ.

6391. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا (ئانا) دۇنياغا تۆرىلىپ،
يەر يۈزىگە ئۆز ئۇرۇقىنى تارقاتتى.

---

[1] ئابىد – خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىلا كەسىپ قىلغان كىشى.

6392. ئۇلاردىن باشلاپ تا بۈگۈنكى زامانغىچە
دۇنياغا نى ـ نى ئادەملەر ـ بەگلەرنىڭ بېگى كېلىپ (كەتتى).

6393. بەزىلىرى ئالىم بولۇپ تۇغۇلدى، بەزىلىرى جەسۇر مەرگەن،
بەزىلىرى تىنىك قىيادەك مەغرۇر، تەكەببۇر،

6394. بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى دانا،
بەزىلىرى تەلۋە ـ ساراڭ، بەزىلىرى ھۇرۇن ـ ئېرىنچەك.

6395. قانچىلىغان پەيغەمبەر، كامىل ئۇستازلار تۇغۇلدى،
(ئۇلار) خۇدا ھۆكۈمى بىلەن ئىنسانغا يول كۆرسەتتى.

6396. بەزىلىرى ئاز ياشىدى، بەزىلىرى ـ ئۇزۇن (ياشىدى)،
بەزىلىرى دانا سۆزلىرى بىلەن يۈكسەكلىككە ئېرىشتى.

6397. بەزىسى ياراتقان ئىگىسىگە قارشى تۇرۇپ،
دۈشمەندەك ئوقياسىنى بەتلەپ ئوق ئاتتى.

6398. بۇ بېيىتنى ئوقۇ، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا،
(ئۇنى) چۈشىنىپ، ئۆز قىلىقىڭنى تۈزەت:

6399. "مەيلى ئالىم بول، مەيلى مىڭ يىل ياشا،
مەيلى دۇنياغا ئىگە بولۇپ، ھالاۋەتلىك مەئىشەت قىل،

6400. ئاخىر سەن ئۆلۈپ، قارا تۇپراققا ئايلىنىسەن،
ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتسا پۇشايمان بىلەن ياش تۆكىسەن."

6401. بۇ دۇنياغا قانچىلىغان ياخشى، دانىشمەن ئالىملار كەلدى،
ئارزۇسىغا يارىشا، ئەبەدىي ھاياتقا ئىگە بولالمىدى.

6402. بۈگۈن، قارا، گويا بۇ دۇنياغا تۇغۇلمىغاندەك،
ھەممىسى ئۆلۈپ قارا يەر تېگىدە ياتماقتا.

6403. قارا، ھەر خىل ـ ھەر تۈرلۈك كىشىلەر تۆرەلدى،
قارا يەر ئۇلارنى يېدى، يۇتتۇۋەتتى.

6404. ھەشەمەتلىك ساراي، ئوردا، قەسىرلەرنى تاشلاپ،
قارا يەرنى تۆشەك قىلىپ، بەخىرامان ياتماقتا.

6405. ئۇخلاۋاتامدۇ؟ ئۈن ـ تىن يوق ياكى نەپەس ئالمايدۇ،
(ئۇلارنىڭ) ئەھۋالى قانداق، بۇنى بىلگۈچىلەر قېنى؟

6406. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ياخشىلىققا موھتاج،
يېمەك، كىيمەككە قوللىرىمۇ يەتمەيدۇ.

6407. قارا، پۇشايمان بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ياتماقتا،
ياخشىلىققا زارىقىپ، مىڭ (خىل) ئارزۇ قىلماقتا.

6408. بۈگۈن خۇدا بىزگە بۇ كۈنلەرنى ئاتا قىلدى،
ئىگە بولغان بۇ پۇرسەتنى بىھۇدە ئۆتكۈزسەك بولمايدۇ.

6409. بۈگۈندىن ئېتىبارەن خۇدا بىزگە
كۆپ ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن، ئەي ياخشى
قانۇن.

6410. ئۆگدۈلمىش تىلى بىلەن ئالقىش ئېيتتى ۋە:
ئەي دانىشمەن بەگ، ئۇزاق كۆپ ياشا دېدى.

6411. دۇنيا سېنىڭسىز قۇرۇق قالمىسۇن،
خۇدا سېنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭنى كەم قىلمىسۇن.

6412. ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭ نېمە بولسا،
خۇدا ھەممىسىنىڭ ئىشكىنى ساڭا ئېچىپ بەرسۇن.

6413. يەنە قانداق ئارزۇ ـ تىلەكلىرىڭ بولسا،
خۇدا ھەممىنى تولۇق بەرسۇن، ئەي مەرد ـ سېخى.

6414. خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۇزۇن ياشا،
كۆپ راھەت كۆر، ئەي قىلىقى مۇلايىم!

6415. ئەپسۇسكى، سېنىڭدەك كىشىلەر ئۆلۈپ،
سۆڭىكى چىرىپ، قارا يەر تېگىدە ياتسا.

6416. بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ خۇدا بۇ دۇنيا ئىشىنى
ئەنە شۇنداق ياراتقانىكەن، ئەي ھۆكۈمدار.

6417. ماڭا ئوخشاشلار قانچە ئۆلسىمۇ ئۆلگەن بولمايدۇ،
(چۈنكى) سەن ياخشىلىقلاردىن ئۆلۈش ئالدىڭ.

6418. مەيلى ئۆلگىن، مەيلى ئۇزاق، كۆپ ياشىغىن،
نامىڭ ياخشى دېگەن سۆز بىلەن داڭ چىقاردى.

6419. ياخشى كۆرگەننى (قوشنىلىرىڭنى) كۆپ بولسۇن، ئالغان قىلىپنىڭ پەرىشان بولسۇن، يەر (مەملىكىتىڭ) بارغانسېرى كېڭەيسۇن.

6420. (ئۆگدۈلمىش) سۆزىنى تۈگەتتى، يەر ئۆپتى، كاشغەرىغا چىقتى. ئېتىنى مىنىپ، ئۆيىگە قاراپ يۈرۈلدى.

6421. (ئىشكى ئالدىغا) كېلىپ (ئېتىدىن) چۈشتى، ئۆيىگە كىردى، يەپ ـ ئىچىپ، بىر ئاز دەم ئېلىپ ياتتى.

6422. يەنە (ئورنىدىن) تۇرۇپ، ئەتىكەتدىلا ئىشنى باشلىدى، پەرمانلار بەردى، كۆزدىن كۆچۈردى، ئۆزىمۇ ئىشلىدى.

6423. دىلى بىلەن تىلىنى توغرا تۇتۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشنى تۈزەتتى،
پۈتۈن ئەگرىلەر (ئۇنىڭغا قاراپ) توغرا يولغا كىردى، قىلىقلىرى ياخشىلاندى.

6424. دۇنيا تۈزەلدى، ياخشى دۇنيا كۆرەيدى، ـ ياخشى دۇنيالارنى كۆرۈندى ـ كۆنگە سائادەت كەلتۈردى.

6425. ئۇلار (ئۆتۈپ) كەتتى، (پەقەت) ياخشى ناملىرى قالدى؛ ئۇلارنىڭ نامى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى (ئەبەدىي) يوقالمايدۇ.

6426. ئەمدى قاراپباق، بۇ خىل كىشىلەر (ھەققىي) كىشىلەر،

ئۆلار (قىلغان ئىشلار) پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى.

6427. ئۆلار ئاشۇ دەۋردە ئادەم بولغان بولسا،
بۇگۈنكى خەلق نېمە؟ ئېيتىپ بەر.

6428. ئەي دانا، ئەگەر بىز ئادەم بولساق،
ئۆلارنى شۈبھىسىز پەرىشتە دېيىش كېرەك.

6429. ئۆلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە قىلىقلىرى، سۆزىنى
ئاڭلاش، ياخشى ئىزىنى (بېسىش) بىر بەختتۇر.

6430. ئەقىللىق چۈشىنىدۇ، بىلىملىك شۇنى بىلىدۇكى،
ئادەم شۈبھىسىز ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.

6431. قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەت ـ كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي،
ئىبادەت قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار.

6432. بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق پەند ـ نەسىھەت يەنە نېمە؟
سەندىن بۇرۇنقىلار ئۆلىدۇ، بۇنى كۆز كۆرىدۇ.

6433. قەسىر، ئوردا ـ سارايلار ھەممىسى قالىدۇ،
بۇنى بەند قىلىپ تۇتالمايسەن، ئەي ئۇلۇغ.

6434. قانچىلىغان قەسىر ـ ئوردىلارنى، پۇختا قورغانلارنى
ئۆلۈم بۇزدى، قارىغىنا، قارا يەرگە ئايلاندۇردى.

6435. قانچىلىغان شەھەر، قىشلاق، باغ ـ گۈلزارلارنى
بۇ ئۆلۈم قۇرۇقداپ قويدى، نەزەر سال، ئەي تىرىك.

6436. قەسىر، ئوردا – سارايلار بوشاپ، ساڭلا قالدۇ،
سەن ئۇلارنى، ماڭلا باقىي، دەپ تەسەررۇپ قىلسەن.

6437. سانسىز قوشۇنغا ئىگە بولغان ئۇ جاھانگىر قېنى؟
قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قارا يەرگە ئايلاندى.

6438. قېنى ئۇ، مەملىكىتىم ئاز دېگەن ئاچ كۆز ھۆكۈمدار؟
كۆپ ئەللەرگە زورلۇق قىلدى، (لېكىن) بەھرىمەن بولالمىدى.

6439. قېنى ئۇ باشقىلارنىڭ يېرىگە زورلۇق قىلغان (زوراۋان)؟
(ئەمدى) بىر غۇلاچ يەرگە ئىگە بولۇپ، ھەسرەت بىلەن ياتىدۇ.

6440. قېنى ئۇ مۇسۇلمان قېنىنى تۆككۈچى،
قانداق قىلىپ يەر (تېگىگە) كىردى، قېنى ئۇنىڭ زورلۇقى؟

6441. قېنى ئۇ باشقىلارنى خورلىغۇچى كىشى؟
قارا يەرگە تەڭ بولۇپ، قانداق خورلاندى.

6442. قېنى ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان (كىشى)؟
دۇنيا قالدى، ئۆزى ئۆلۈشكە مەجبۇر بولدى.

6443. قېنى ئۇ مال – تاۋارلارنى قويماي توپلىغان (كىشى)؟
ئىككى بۆزنى ئېلىپ كەتتى، باشقىسى نېسىپ بولمىدى.

6444. قېنى ئۇ كۆپلەپ يەر تىلىگەن كىشى؟
قارا يەر (تېگىگە) كىردى، ئىشى پۈتتى.

6445. دۇنيانىڭ ھەممە ئەھۋالى ئەنە شۇنداقتۇر،

ئەقىل بىلەن نەزەر سالسا (سىرلار) ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

6446. (بۇ دۇنيانىڭ) راھىتى — مۇشەققەت، شادلىقى — قايغۇ،
قەدىرلىشى — خورلۇق، خۇشاللىقى — ئەلەم.

6447. (بېشىڭغا) نېمە كەلسە، كۆتۈرگىن، ئاھ ئۇرما،
راھەتمۇ، مۇشەققەتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

6448. بىلىم بەرگۈچى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
ئەي مۇشەققەت بىلەن سەۋر قىلغۇچى:

6449. "ئەي نېمەت ئىگىسى، شۈكۈر قىلىپ يېگىن،
ئەي مۇشەققەت چەككۈچى، سەۋر قىلىپ باش ئەگكىن.

6450. سەۋر قىلساڭ، مۇشەققىتىڭ نېمەت بولىدۇ،
شۈكۈر قىلساڭ، نېمىتىم كۆپىيىدۇ، دېگىن."

* * *

6451. ئەي ئالىم، بۈگۈنكى زامانغا نەزەر سال،
ھەممە ئىش — ئەمەللەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى.

6452. بىلىملىكلەر قەدىرسىزلەندى، ئۇزلارنىڭ ئاياغلىغان (بولۇپ قالدى،)
ئەقىللىقلار كېكەچ بولدى، ئېغىز ئاچمايدىغان بولدى.

6453. ئەلدە يارىماس كىشىلەر كۆپەيدى،
ياۋاشلار ئازار يەپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

6454. قارا، مەيى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ، نامازنى تاشلىغانلارنى،
مەرد ـ باتۇر ئاتالدى، زورلۇق قىلدى.

6455. پىتنە ـ پاسات قىلغۇچىلار ئەر ئاتالدى،
مەي ئىچمەيدىغانلارنىڭ نامى خەسىس (دەپ) ئاتالدى.

6456. ناماز، روزا بىلەن يۈرگەن كىشىلەر
مۇناپىق ئاتالدى، ئەي ئەل ھۆكۈمدارى.

6457. ھالال يوقالدى، ھەممىدە ھارام ئۇسسۇنلۇقنى ئالدى،
ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر بېسىپ كەتتى.

6458. ھالالنىڭ ئاملا قالدى، (ئۇنى) كۆرگىلى بولمايدۇ،
ھارام تالاشتا قالدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى.

6459. ھارامنى ھارام دېگۈچىلەر قېنى؟
ھارامنى تاشلاپ ھالال يېگۈچىلەر قېنى؟

* 6460. ھەقىقىي، توغرا، تەقۋادار دەپ ئاتالغانلاردىن —
قۇياش پارلايدىغان قىيامەت كۈنىلا يار، دېگۈچىلەردىن كىم قالدى؛

6461. ھارام بىلەن كۆڭۈل راسا قارىيىپ كەتتى،
ھالالنى ئىزدەپ قەيەردىن تاپقۇلۇق، ئەي تۇغۇل.

6462. بۇنىڭغا تەقلىدتەن مۇنۇ سۆز كەلدى،
بۇنى ياخشى ئاڭلا، ئەي كۆڭلى ئۆزۈر:

6463. „ھارام بىلەن كۆڭلۈم قارا، كىر بولدى،

ئۆزۈم يۈز ئىشنىڭ بىرىدە بىلىمنى كۆزدە تۇتىمەن.

6464. ۋۇجۇدۇم (ماڭا) ئېگىلمىدى، ھەۋەسكە قۇل بولدۇم،
ئىبادەتكە ۋاقتىم يەتمىدى، سىرىمنى ئاچتىم.“

6465. قارا دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن باشقىچە بولۇپ قالدى،
كىشلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ قالدى.

6466. خەلقتىن ۋاپا كېتىپ، جاپا ئۇستۇنلۇكنى ئالدى،
ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن.

6467. خەلقتىن ۋاپا كېتىپ، جاپا ئىز باستى،
ئىشەنچلىك، تايانغۇدەك كىشىلەر قىس بولۇپ كەتتى.

6468. قېرىنداشلار (ئارىسىدا) يېقىنلىق يىراقلاشتى،
ياخشى دوستلار مېھرىبانلىقتىن كەچتى.

6469. كىچىكتە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغدا بىلىم،
قوپال — نادانلار كۆپەيدى، (ئەدەپلىك) سىلىقلار ئازايدى.

6470. يېقىنلىق (پەقەت) پۇل ئۈچۈنلا بولدى،
ھەققەت ئۈچۈن توغرا ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟

6471. ئامەتنىڭ (پەقەت) نامىلا بار، (ئۇنىڭغا ئەمەل) قىلغۇچى
قېنى؟ نەسىھەت دېگەن سۆزلا بار، ئۇنى تۇتقۇچىلار قېنى؟

6472. ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى كىشىلەر قېنى؟
يامانلىقتىن توسقۇچى كىشىلەر قېنى؟

6473. سودىگەرلەر ئامانەت (مەجبۇرىيىتىنى) ئۇنتۇدى،
ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسىھەتلىرىدىن ۋاز كەچتى.

6474. بىلىملىكلەر سۆزلىرىنى توغرا سۆزلىمەيدىغان بولدى،
خوتۇنلاردىن ھايا كۆتۈرۈلدى، يۈزلىرى يېپىلمايدىغان بولدى.

6475. توغرىلىق يوقالدى، ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى،
قېنى، بىرەر خۇداگۆي كىشى قالدىمۇ؟

6476. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى،
كىمدە كۈمۈش بولسا، (شۇنىڭغا) باش ئەگدى.

6477. جامائەت كۆپ، مەسچىتلەر ئاز ئىدى،
مەسچىتلەر كۆپەيسە، جامائەتلەر ئاز قالدى.

6478. تەقۋادار كىشى نېمە دەيدۇ، ئاڭلا،
بۇنى كۆڭلۈڭدە تۇت، ئەي ياخشىلارنىڭ باشچىسى:

6479. "بىرەر توغرا (ئىش) قىلغۇچى قېنى؟
بىرەر خۇدالىق ئىشقا ماڭغۇچى قېنى؟

6480. دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى تامامەن بۇزۇلدى،
بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بىرەر كىشى بارمۇ؟"

6481. مۇسۇلمانلار قارشىلاشتى، (بىر ـ بىرىنىڭ) گۆشىنى يېيىشمەكتە،
كاپىرلار بولسا، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياتماقتا.

6482. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ دۇنياسى تالان ـ تاراج قىلىندى،

ھارامنى (ھالالدىن) پەرقلەندۈرىدىغان (كىشى) قېنى؟

6483. قارا، پىتنە - پاسات ئاۋازى كېچىچە ئۈخلاتمايدۇ،
ئىلىمۇ قۇرئان ئاۋازى قېنى؟ بۇ بەك ئاز، بۇرادەر.

6484. كۆكۈللەر قاتتىقلاشتى، تىل يۇمشىدى،
ھەقىقەتنىڭ ئۆزى يوقاپ كەتتى، پۈرىقى قالدى.

6485. نەزەر سال، ئاتىغا ئوغۇل ئاتىلىق قىلىدۇ،
ئوغۇل بەگ بولۇپ، قارا، ئاتا قۇل بولدى.

6486 ھايات قىسىلدى، دەرد - ئەلەم ئۇزاردى،
ئاچ كۆزلۈك بارغانسېرى زورايدى، شادلىق خوراپ كەتتى.

6487. كەمبەغەل، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق،
جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، (بۇنىڭغا)
ئەجەبلەنگۈچى يوق.

* 6488. دۇنيانى سىنىغان، سېخىي، قولى كەڭ،
بىلىمى چوڭقۇر دانىشمەن بەك ياخشى ئېيتقانىدى:

6489. "دۇنيا ئاخىرلاشتى، قانۇن بۇزۇلدى،
يامانلارنى كۆرۈپ، ياخشىلارمۇ ئاينىدى.

6490. ئەقىللىق چۈشىنىدۇ، بىلىملىك بىلىدۇ،
يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى (دۇنيا) بارا - بارا بۇزۇلدى."

6491. ئوغۇل - قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى،

"قېرى" دېگەن نام كىشى ئۈچۈن ھاقارەت بولۇپ قالدى.

6492. قانۇن – قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن – ئۈستۈن بولۇپ كەتتى،
ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپ كەتتى.

6493. بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر،
ئالامىتى كۆرۈنسە، كېلىدىغىنى كېلىدۇ.

6494. قۇدرەتلىك تەڭرىم ئىمانىمىزنى ساقلىسۇن،
بۇ پىتنە، بالا، يامانلىقلارنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرسۇن.

* * *

6495. تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىل ئىدى،
بۇ سۆزلەرنى تاللاپ، يېزىپ تاماملىدىم.

6496. ئەقلىم يەتكەنلا سۆزلەرنى تۈگەل يازدىم،
ئوقۇغان ۋە چۈشەنگەنلەر ئۆزى ئىبرەت ئالسۇن

6497. ئىش – ھەرىكىتىڭ، يولۇڭ قانداق بولۇشى كېرەك،
(بۇ ھەقتە) ئازراق سۆزلىدىم، ئاساسىنى بېكىتىۋال.

6498. بۇ يول — ھەم دىن يولى ھەم دۇنيا يولىدۇر،
شۇ يولدا ماڭغىن، بۇ ئاساسىي يولدىن ئازمىغىن!

6499. ئەگەر (بۇ) دۇنيانى تىلىسەڭ، ئۇنىڭ يولى شۇ،
ئەگەر ئاخىرەتنى تىلىسەڭ، ئۇنىڭ ئىزى مانا.

6500. ئۆز بەندىلىكىڭنى قىل، خۇدا كۈچ – قۇۋۋەت بېرىدۇ،
قايسىسىنى تىلىسەڭ تىلە، (پەقەت) ئۈچىنچى بىر يولنى ئىزدىمە.

6501. ئىلاھىم، ئۆزۈم بۇ سۆزنى باشلىدىم،
تىلىكىم نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلسەن، ئەي ئىگەم!

6502. ئۆزۈمگە شان – شۆھرەت، ياخشى نام تىلىمىدىم،
مەيلى ئۆز بولسۇن، مەيلى يات بولسۇن، كىشىلەرنىڭ پايدىسىنى تىلىدىم.

6503. ئوقۇغانلار ئوقۇغانسېرى مېنى ئەسلەپ،
(ھەققىمگە) دۇئا قىلىپ قويارمىكىن، دەپ (ئويلىدىم).

6504. تىلىكىم شۇ ئىدى، ئۈمىدىممۇ شۇ:
ئوقۇغانلار ماڭا بىر دۇئا قىلىپ قويار، ئەلۋەتتە.

6505. تىلىم سۆزنى سۆزلىدى، قولۇم يازدى،
ئەي مۆلايىم، بۇ قول ۋە تىل (بەربىر) ئۆلىدۇ!

6506. مانا بۇ كىتاب قول ۋە تىلنىڭ نىشانىسىدۇر،
بۇنى يېزىپ، ئەمدى ساڭا قالدۇردۇم، ئەي زېرەك.

* 6507. (گەرچە) مەن دۇنيانى تاشلاپ، يەرنى تۆشەك قىلساممۇ،
مېنى ئۇنتۇما، ئەي تىرىك كىتابخان.

* * *

6508. ئەي، مەڭگۈ موھتاجسىز ئىگەم، سەن ئۇلۇغدۇرسەن،
بۇ موھتاج قۇلۇڭنى پەقەت سەنلا كەچۈرگىن.

6509. ئاداشقان، گۇناھىم كۆپ بىر قۇل ئىدىم،
گۇناھىمنى كەچۈرگىن، بىردىنبىر ئىگەمسەن.

6510. مەن — قۇل، سەن — ئىگەمسەن، قۇل ھامان قۇلدۇر،
ئىگەمسەن، ھىممىتىڭ بار، ماڭا ئىگىدارچىلىق قىل!

6511. ئەي ئەپۇ قىلغۇچى، مەن — قۇلۇڭمەن، سەن — ئىگەمسەن،
مېنى ئەپۇ قىلغىن، گۇناھىمنى كەچۈر!

* 6512. ئەي پاك (خۇدا)، يەنە شەرقتىن غەربكىچە
ھەممە مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن!

6513. نادانمەن، نادانلاردىن نادانلىق سادىر بولىدۇ،
سەن پەزىلەتلىكسەن، گۇناھىمنى كەچۈر، ئەي بىلگۈچى.

6514. ئىپاردىن پەقەت ئىپار ھىدىلا پۇرايدۇ،
ئىپلاس (نەرسە)دىن ناپاك ھىد پۇرايدۇ.

6515. ئەي ئۈمىدىم، مەن ئۈچۈن پەقەت سەنلا ئۈمىد،
سەندىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن، ھەي ئۈمىد!

6516. گۇناھكار قۇلۇڭمەن، قىلغانلىرىم — جاپا،
ۋاپادار ئىگەمسەن، ماڭا قىل ۋاپا.

6517. ئەي ئىگەم، جاپادىن (پەقەت) جاپالا كېلىدۇ،
ۋاپادارلىقتا ۋاپادىن باشقىنى كۆرمىدىم.

6518. بارچە مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىل،
شۇلار قاتارىدا مېنىڭ گۇناھىمنىمۇ (كەچۈرگىن).

6519. ياخشى يول كۆرسەتكۈچى، توغرا يولچى،
پەيغەمبىرىمگە تۈمەنمىڭ سالامىمنى يەتكۈز.

6520. (تۈنىڭ) تۆت دوستىغا كەينى ـ كەينىدىن،
ئۈزلۈكسىز سالامىمنى يەتكۈز، ئەي خۇدا.

## E. ئىلاۋىلەر

### 1

## يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

6521. يىگىتلىكنى كېزىپ يۈرگەن بۇلۇتتەك ئۆتكۈزدۇم،
ھاياتىمنى ئۆتكۈنچى بوران ــ شامالدەك تۈگەتتىم.

6522. ئىسىت يىگىتلىك، ئىسىت يىگىتلىك!
سېنى تۇتۇپ قالالمىدىم، تېز قاچۇرۇۋەتتىم.

6523. (ئەي) يىگىتلىك، ماڭا يەنە (بىر قېتىم) كەلسەڭ،
ئالقىنىمدا كۆتۈرۈپ، (تېگىڭگە) تاۋار ــ دۇردۇن تۆشەك سالاتتىم.

6524. ئەپسۇس، يىگىتلىك قېنى، قاياققا كەتتى؟
قانچە خالىسامۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم!

6525. سورىسام، ھاياتىنىڭ لەززىتى، شېرىن جانىنىڭ شادلىقى—
يىگىتلىكتەك ياخشى (چاغ) يوق ئىكەن.

6526. ياشلىقنىڭ لەززىتىنى، يىگىتلىكنىڭ راھىتىنى

ئەمدى يوقاتتىم، تۇتاي دېگەندە قاچۇرۇۋەتتىم.

6527. توغرا تۇرسام، قىرلىقنىڭ زىيىنى يوق (ئىدى)،
ئىسست، ھاياتىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۈم.

6528. ئەي يىگىتلىك، ئەپسۇس چېكىپ ساڭا ئىچىنىمەن،
پۈتۈن كۆركەملىكىمنى سەن ئېلىپ كەتتىڭ، يىراقلاشتىم.

6529. مەڭزىم ئارغۇۋاندەك قىپقىزىل ئىدى،
بۈگۈن يۈزۈمگە زەپىرەڭ ئۇرۇقىنى سۇرتتۇم.

6530. ئىپاردەك قارا بېشىمغا كافۇر پۈركۈدۈم،
تولۇن (ئاي)دەك تولغان يۈزۈمنى قاياققا كەتكۈزدۈم؟

6531. تۈمەن خىل گۈل - چېچەكلىك پارلاق باھاردەك ئىدىم،
خازانلىققا ئايلاندىم، ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتتىم.

6532. قېيىندەك بويۇم ئوقتەك تۈپتۈز ئىدى،
(ئەمدى) يادەك ئەگرى بولدى، ئېگىلدىم، مۈكچەيدىم.

6533. ئىسست، ھاياتىمنى ھەۋەس بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزدۈم،
(ئەمدى) پۇشايمان بىلەن قان، ياش ئاققۇزماقتىمەن!

6534. ياشلىقىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، يىگىتلىكنى يوقاتتىم،
كۆڭلىرىمنى بۇلغىدىم، ئۆزۈمنى چۆكتۈردۈم.

6535. يېمەك - ئىچمەكنى خۇددى كالىدەك يەپ - ئىچتىم،
ئارزۇ - تىلەكنى قوغلىشىپ، چاڭ - توزان كۆتۈردۈم.

6536. قانچىلىغان قۇشقا، ئۇۋىغا ھېرىس بولدۇم، سۆيۈندۇم،
ئۇچار قۇشتەك ئارغىماقنى مىنىپ چاپتۇردۇم.

6537. دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە سۆيۈملۈك جاندەك ئىدىم،
دۈشمىنىم بولغان بولسا، توسۇن (ئاتتەك) ئۈركۈتەتتىم.

6538. قانچىلىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ سۆكتۈم،
گۇناھسىزلارغا ھۆكۈم قىلدىم، قول ئۇزاتتىم، تىل تەگكۈزدۈم.

6539. دۈشمەننى يەڭگەن پالۋاندەك خېلى كۆكرەك كەردىم،
ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇپ، تىك چوققىدەك غادايدىم.

6540. ئىچىپ ياتقان ئادەمدەك ئۇخلاپ، (ئەمدى) ئويغاندىم،
(قارىسام) يولدىن ئازغان ئىكەنمەن، خۇدادىن ئۇيالدىم.

6541. خۇدانىڭ ئىبادىتىنى قويۇپ، بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم،
دۇنيا قوغلىشىپ يۈگۈرۈپ، ئۆزۈمنى ھارغۇزدۇم.

6542. ئارزۇ ـ تىلەك ئۈچۈن خېلى يۈگۈردۈم،
قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ھۆۋلاتتىم.

6543. كىشىلەرنى تۇتۇپ، زورلۇق بىلەن پۇلىنى ئالدىم،
بەزىلەرگە غەزەپ قىلدىم، كايىدىم، بەزىلەرنى رەنجىتتىم.

6544. مەندىن رەببىم "نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟" دەپ سورىسا،
قانداق باھانەم بار؟ ئۇياتلىق (ھالغا) چۈشتۈم.

6545. قايسى تەلۋىنىڭ قىلىقى بۇنىڭدىن بەتتەر بولغان؟

ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەر بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەپ، ھاياتنى
ئۆتكۈزدۈم.

6546. شادلىق ئۆتتۈپ كەتكىنىدەك، مۇشەققەتمۇ ئۆتتۈپ كەتسە ئىدى،
كۈن، ئايلار بىھۇدە بولدى، پۇشايمانغا غەرق بولدۇم.

6547. ئويلاپ باقسام، كىسرادەك[1] ياكى قەيسەردەك[2] بوپتىمەن،
ياكى شەددات ۋە ئاددەك جەننەت ياساپتىمەن.

6548. دۇنيانى گويا ئىسكەندەر تۇتقاندەك تۇتتۇم،
(گويا) نۇھ يېشىنى ياشىغاندەك ياشىدىم.

6549. ئۆزۈم (گويا) چاقماقتەك قىلىچ تۇتقان ھەيدەر[3] بولدۇم،
ياكى رۇستەمچە جاھانغا داڭ تارقاتتىم.

6550. يەنە مەن (گويا) ئىيسا بولۇپ ئاسمانغا ئۆرلىدىم،
ياكى، نۇشىرۋاندەك[4] توغرا قانۇن يۈرگۈزدۈم.

6551. ھارۇن مال ـ دۇنياسىدەك بايلىقىم توگەل بولدى،
ياكى ئەسھابى رەستەك[5] تۆمۈر شەھەر بەرپا قىلدىم.

6552. ئاخىر تۇپراققا قايتىدىكەنمەن، بۇلارنىڭ پايدىسى نېمە؟
دۇنيا قېپقالدى، ئىككى بۆز بىلەن كەتتىم.

---

① كىسرا — ئىران ساسانىلار سۇلالىسى شاھلىرىنىڭ لەقىبى.
② رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.
③ تۆت چارىيارنىڭ بىرى — ئەلىنىڭ سۈپەتلەش نامى.
④ نۇشىرۋان (ئانۇشىرۋان) ئىران ساسانىلار سۇلالىسى شاھلىرىدىن بىرى. داستانلاردا ئادىل شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.
⑤ ئەپسانىلاردا تەسۋىرلەنگەن، شەھەر ياساتقان چوڭ باي.

6553. يالىڭاچ كەلگەنىدىم، يەرگىمۇ يالىڭاچ كىرىشىم كېرەك،
نېمە ئۈچۈن دۇنياغا ئۆزۈمنى مۇنچىۋالا ئۇرۇپ كەتتىم؟

6554. ئۆتكۈنچى دۇنيا بوران — شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى،
ئۆتكۈنچى دۇنياغا غاپىللىقىمدىن بېرىلدىم.

6555. ھاياتقا پايدىلىق (بولغان) ياخشى ئىشلىرىم قېنى؟
تىرىكلىكىمدىن تېرىغان ئېتىزىم قېنى؟

6556. نېمە تېرىغان بولسام، ئاخىر شۇنى ئورۇدۇم،
نېمە ئورغان بولسام، ئۆزۈم شۇنى تېتىدىم.

6557. يىگىتلىكنى ئۆتكۈزدۈم، قېرىلىققا يەتتىم،
نېمە ئۈچۈن سۆزۈمنى چېچىۋەتتىم؟ ئەمدى تۇۋا قىلىمەن.

6558. ئۇزۇن تۈنلەردە ياتما، ئىگەڭگە تائەت — ئىبادەت قىل،
ئويغان، تىنماي يىغلا، گۇناھلار (تېگىدە) بېسىلىپ قالدىم.

6559. يىلان، قۇرت — قوڭغۇز يېمى بولىدىغان جاننى بېقىپ،
(ھەر خىل) نېمەتلەر بىلەن نېمە ئۈچۈن پەرۋىش قىلدىم؟

6560. ئەي ئۇخلىغان ۋۇجۇد، سەن ئويغان، تىنماي يىغلا،
خۇداغا ئىبادەت قىل، ئۇنداق قىلمىساڭ، يوقالغىنىڭ شۇ!

6561. قېرىلىق چاڭگىلىغا ئالدى، يىگىتلىك يىراقلاشتى،
لەززەت كەتتى، ئەمدى بارىدىغان ئۇدۇل يولنى تاپتىم.

6562. بەك كونا دۇنيا خەلقنى كۆپ ئالدىدى،

مەن قايسىسىغا (كىرىمەن)، نېمىشقا (دۇنيانى شۇنچە) سۆيگەندىمەن؟

6563. يا رەببىم، مېنى ئويغاتقىن، سەن ئىگەمسەن،
مېنى (دەرگاھىڭدىن) قوغلىما، دىلىمنى پاكلىدىم.

6564. گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ئىگەم يالغۇز ئۆزۈڭسەن،
مېنى ئەپۇ قىل، گۇناھلىرىمنى ئۇنتۇدۇم.

II

## زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى ھەققىدە

6565. (ئەمدى) ئورنۇمدىن تۇرۇپ (ھەر تەرەپكە) بېرىپ، جاھاننى كېزەي،
دۇنيادا ۋاپادار كىم ئىكەن، (ئۇنى) ئىزدەيمەن.

6566. ئادەم قىسلىقى باشلاندى، (ئۇنى) قەيەردىن ئىزدەي،
ئىزدەپ تاپقىلى بولسا، ئىزدەپ كۆرەيمەن.

6567. ھەممە ئارزۇلارغا يېتىشتىم، (لېكىن چىن) ئادەمنى تاپالمىدىم،
ئەگەر (بۇ) ئارزۇغىمۇ يېتىشسەم، چىرايىغا باقاي.

6568. ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى، دۇنيا جاپا بىلەن تولدى،
كىمدە ۋاپا بار ئىكىن؟ ئازراق سوراپ باقاي.

6569. ئەگەر مەن بىرەر ۋاپادار، سېخىي ئادەمنى تاپسام،
يەلكەمدە كۆتۈرەي، كۆزۈمگە سۈرتەي.

6570. ئەگەر مەن ۋاپادار ئىنسانىنى تاپالمىسام،
ياۋايى كېيىك بىلەن بىللە ھايات كەچۈرەي.

6571. يېمىكىم ئوت - چۆپ يىلتىزى، (ئىچىشىم) يامغۇر سۈيى بولسا بەس،

دەشت ـ باياۋاندا تۈنەپ، تاغاردىن تون كىيەي.

6572. يا ۋەھشي بولۇپ، مەن باياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىلەردىن يىراقلىشىپ، بۇ دۇنيادىن يوقلاي!

6573. بۇمۇ بولمايدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيانى تاشلاپ،
دەريادەك ئاقايمەن، قۇيۇندەك ئۆرلەي.

6574. ئەي ئىگەم، موھتاجلىققا چۈشتۇم، ۋاپاسىزغا يولۇقتۇم،
ۋاپادار كىم ئىكىن، سۆيۈملۈك جېنىمنى بېرەي.

6575. «ئىنسان» دېگەن نام قالدى، كىشىلەرنىڭ ياخشى قىلىقى تۈگىدى،
بۇ قىلىق قاياققا كەتتى، مەنمۇ ئارقىسىدىن باراي.

6576. دۇنيانى ئىزدەپ قارىسام، مېھرىبان كىشى يوق،
مېھرىسىزغا كۆڭلۈمنى قانداقمۇ باغلاي؟

6577. كىمنى ئۆزۈمگە كۆز (قارىچۇقۇم)دەك يېقىن تۇتقان بولسام،
شەيتاندەك دۈشمەن بولۇپ چىقتى، شەيتاننى نېمە قىلاي؟

6578. كىمنى ياخشى كۆرۈپ، سۆيۈملۈك تۇتقان بولسام،
ئۇنىڭدىن جاپا كەلدى، ئەمدى كىمنىمۇ سۆيەي؟

6579. كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلىشتە گەپ ـ سۆزى گۇۋاھ ئىدى،
كۆڭلى، تىلى ئالا بولدى، (ئەمدى) كىمگە ئىشىنەي؟!

6580. بۈگۈن بۇ يەردە ئۆزۈمگە كىمنى ھەمراھ قىلىمەن،

يا كىمگە ئىشىنىمەن ياكى كىمنى دوست تۇتىمەن؟

6581. كۆڭلۈمنى كىمگە بېرىمەن، مۇڭۇمنى كىمگە ئېيتىمەن؟
مەن ئەمدى مۇڭلاندىم، ئاز - تولا گەپ ئاچاي:

6582. دوست - بۇرادەرلىرىمدە ئۈمىد، ۋاپا كۆرمىدىم،
قېرىنداشلار قىلمىشى يات كەبى بولدى، ئاڭا قانداق سىر بېرەي؟

6583. ئەگەر ئىشەنچ، چىنلىق قەسەمگە بولسا،
قەسەمدە تۇرغۇچى كىم؟ ئۇنى مەرد ئەر ھېسابلاي!

6584. "نان - تۇزنىڭ ھەققى"، دەپ رىئايە قىلغۇچى بارمۇ،
ئەگەر بولسا، ئۇنى مەن ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر بىلەن كۆمۈۋېتەي!

6585. شادلىق، قايغۇغا شېرىك بولىدىغان قوشنا - قولۇم قەيەردە،
ھەممە نەرسەمنى ئاڭا بېرىپ، مەن ئۆيۈمدىن چىقاي.

6586. دوست - بۇرادىرىم دەپ ئىشەنگۈدەك كىم بار؟
ئۇنى بەگ قىلىپ مەن، ئۆزۈم ئاڭا قۇل بولاي.

6587. مەن چىن ئادەم تاپالماي، يالغۇز مۇڭلىنىپ قالدىم،
غەم بىلەن تۈگەپ كېتىۋاتىمەن، مەنمۇ خۇشال بولاي.

6588. خەلق نېمىشقا بۇزۇلدى، نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەتلىرىنى تاشلىدى؟
قانداق زامانغا دۇچ كەلدىم، ئەمدى نەگە باراي؟

6589. تەلۋە، سارالا بولدۇمۇ، يا ئەقلدىن ئازدىمۇ،
نىمىلەرنى سۆزلىدىم، ئېيتىپ بەرگىن، بىر ئۇقاي.

6590. ياكى سەپرا كۆچىيىپ، مىگەم ئاينىپ قالدىمۇ؟
كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ، مەن بىر دورا ئىچەي.

6591. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ماڭىلا ئۇچرامدۇ؟
مەن بىر تەتۈر كىشىمۇ، ئۇنداق بولسا قايتاي.

6592. ئەپسۇس، ئەپسۇس، قېنى ئۇ كىشىلەر،
ۋاپا نامىنى دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلەر، ئۇنى ماختاي؟

6593. بۇ قائىدە، قانۇن، قىلىقلارنى بۇگۈن كۆرسەم ئىدى،
بۇنى ئۇلار قالدۇرغان بولسا ئىدى، مەنمۇ خۇشال بولاتتىم!

6594. ئۇنداق بولمىسا قائىدە، قانۇن، قىلىقلارنى ئېيتىپ بەرسۇن،
مۇلايىملار تۆرگە چىقسۇن، يامانلارنى سۈرۈپ قوغلاي.

6595. ھەممە ياخشىلىق كېتىپ قالدى، قانۇن - قائىدىلەرنى ئېلىپ
كەتتى،
كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى قالدى، ياخشىنى قانداق تاپاي؟

6596. بوي - قەددىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم
بولسا،
بۇرۇنقىلار پەرىشتىمىدى؟ بۇنى نەدىن بىلەي.

6597. ئۇلار كەتتى، مەن بۇلار بىلەن قالدىم،
(ئەمدى) قانداق ھەرىكەت قىلاي، قانداق چىقىشاي؟

6598. قانچىلىك سۆزلىسەممۇ سۆزۈم يەنە تۈگىمەيدۇ،
شۇنچىلىكى بەس ئەمدى، سۆزۈڭ بارمۇ؟ مەن كېتەي.

6599. ئۆزۈم ئۈچۈن بۇ يەردە ياخشىراق نەرسە تاپالمىدىم،
شەھەر، كەنتنى تاشلاپ، كىشىلەردىن يىراقلىشاي.

6600. نامىنىمۇ بىلمىسۇن، ئۆزۈمنىمۇ كۆرمىسۇن،
ئىزدەپمۇ تاپالمىسۇن، سۆزلىرىمنى تۈگىتەي.

6601. چاياندەك چاقىدۇ، چىۋىندەك شورايدۇ،
ئىتتەك ھاۋشىيدۇ، قايسىبىرىنى ئۇراي؟

6602. يامانلار ئارىسىغا چۈشۈپ، ئەمدى پەرياد چەكتىم،
پۇشايمان بىلەن كېچە - كۈندۈز بارلىق ئېغىر يۈكنى
كۆتۈرەي!

6603. جەبىر - جاپانىڭ ھەممىسى ماڭا كەلمىسۇن،
قوپال، بىۋاپالاردىن چەترەكتە يۈرەي.

6604. ئىلاھىم، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمنىڭ يۈزىنى (كۆرۈشكە)
نېسىپ قىل، يەنە تۆت چارىيارنىڭ يۈزىنى كۆرەي!

III

## كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى

6605. بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا،
بىلىم بىلىش ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر.

6606. بىلىمسىز يۈرىكىڭ، تىلىڭ نېمىگە يارايدۇ؟
بىلىم بىلەن ھەممە كىشىگە سۇدەك پايدىلىق بول.

6607. قانچىلىك بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن، ئىزدەن،
قارا، بىلىملىك سورا ـ سورا تىلىكىگە يېتىدۇ.

6608. "بىلىمەن" دېسەڭ، سەن تېخى بىلىمدىن يىراق،
بىلىملىكلەر ئارىسىدا بىلىمسىز ھېسابلىنىسەن.

6609. بىلىم تۈۋى ۋە چېكى يوق بىر دېڭىزدۇر،
سۈندۈك شوراپ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك سۇ ئالالايدۇ؟

6610. بۇ بىلىمىڭ بىلەنلا بېشىڭ ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ،
بىلمەيدىغان ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر.

6611. بىلىم ئۆگەن، ھەقىقىي ئادەم بول، ئۆزۈڭنى يۈكسەلدۈر،
ياكى ھايۋان ئاتىلىپ، كىشىلەردىن يىراقلاشقىن.

6612. بىلىملىك (نىڭ كۆڭلى) ئېچىلمايدۇ، خىيالچان يۈرىدۇ،
بىلىمسىز خۇشال يۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

6613. بىلىم بىلسە ئۇي – غەم ئىچىدە قانداقمۇ قاقاقلاپ كۈلىدۇ؟
ئەي بىلىمسىز، سەن بوغىدەك سەكرەپ يۈرسەن!

6614. بىلىملىك كىشەنلەنگەندۇر، خالىغىنىچە يۈگۈرەلمەيدۇ،
قارا، بىلىمسىز ئارزۇ قوغلىشىپ توختىماي يۈگۈرەيدۇ.

6615. ئەي ئالىم، سەن كىشەنلەندىڭ، بىلىمسىز مېڭىۋېرىدۇ،
بىلىمسىز كىشەنلەنسە، كىشىنىنى بۇراپ چىگىتقىن.

6616. مانا مەن بىلىم ئىزدەپ قول سوزدۇم،
سۆزنى سۆزگە تىزىپ، رەتلىك قۇر تۈزدۇم.

6617. بۇ تۈركچە سۆزنى تاغ كېيىكىدەك ھېسابلىدىم،
ئۇنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، ئاستا كۆندۈردۈم.

6618. سىلىدىم، ئەركىلەتتىم، تېز كۆڭۈل بەردى،
شۇنداقتىمۇ، بەزىدە ئۈركۈپ كېتىدۇ.

6619. تۇتالىغىنىمچە سۆزنى ئەگەشتۈردۈم،
ئاخىر ئېپار ھىدى كېلىشكە باشلىدى.

6620. سۆزنى توغرا سۆزلىدىم، ئۇ قوپال ۋە ئاچچىق،

توغرا سۆزنى كۆتۈرەلىگەن كىشى ئەقىللىق ئەردۇر،

6621. ئوقۇغانلارغا ئارتۇق ئىغىر كەلمىسۇن دەپ،
ئۇلاردىن ئۇچۇق - يورۇق ئۆزرە سورىدىم.

6622. توغرا سۆزدىن باشقا سۆزنى سۆز دىمە،
توغرا بىلەن ئەگرىنىڭ پەرقى ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىدۇر.

6623. تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىل ئىدى،[1]
مەن يۈرەك قېنىم بىلەن بۇ سۆزنى سۆزلىدىم.

6624. بۇ سۆزلەرنى ئون سەككىز ئايدا سۆزلەپ تۈگەتتىم،
سۆزلەرنى تاللاپ، ئايرىپ، تىرىپ رەتلىدىم.

6625. ھۆپپىدە ئىچىلغان چېچەكتەك خۇش پۇراق تارقىتىدۇ دەپ،
مەن تەييارلىنىپ ھېكايە قىلدىم، يەكۈنلەپ تۈگەتتىم.

6626. قانچىلىك سۆزلىسمۇ، كىم سۆزنى تۈگىتەلەيدۇ؟
(چۈنكى) سۆز بۇلاقتەك تىنىماي ئېقىپ تۇرىدۇ.

6627. ئەي يۇسۇپ، كېرەكلىك سۆزنى توغرا سۆزلە،
كېرەكسىز سۆزلەرنى يوشۇرغىن، زىيان قىلىدۇ.

6628. سۆزنى كۆپ سۆزلىدىڭ، تەمى كەتمىسۇن،
ئادەم، كۆپ سۆزدىن زېرىكىپ بېزىدۇ.

6629. ئىشەنچسىز دۇنيانىڭ پەيلى جاپا ۋە ۋاپاسىزلىقتۇر،

---

[1] بۇ ھىجرىيە يىلى، مىلادى 1069 — 1070 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئەقىللىقلار ئۇنى ئۆزىدىن چەتلەشتۈردى، يىراق تۇردى.

6630. سەن بولساڭ، بۇ دۇنياغا قاتتىق يېپىشتىڭ،
غەيرەت قىلىپ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈڭنى ئۈز، يۈز ئۆرۈگىن.

6631. بۇ دۇنياغا ئىشەنمە، (زادى) ئىشەنمە،
قاتتىق يالۋۇرۇپ خۇداغا سىغىن.

6632. بۇ بىۋاپا دۇنيا نۇرغۇن خەلقنى تاشلىدى،
نى - نى كىشىلەر يولدىن ئېزىپ كەتتى.

6633. ئەمدى ساڭمۇ تەييارلاندى، جىلۋىلىنىپ كۈلدى،
سەنمۇ كۈلۈپ، ئازراق بولسىمۇ ئۇنى سۆيمە.

6634. نى - نى مال - دۇنياغا ئىگە بولغان دۇنيا بەگلىرى
ئۆلۈم (ياقىسىدىن) تۇتقاندا، كۆزلىرى تەلمۈرۈپ (ئۆلۈپ)
كەتتى.

6635. يىگىتلىك بىھۇدە ئۆتتى، ئىست (ياشلىق) كۈنلىرىم،
بۇ ھايات پۇشايمان - قايغۇ بىلەن تۈگەيدۇ.

6636. نەچچە مىڭ (يىل) ياشىسىمۇ ئاخىر ئۆلۈم بار،
قانچىلىك دۇنيا توپلىسىمۇ، ئارقىدا قالىدۇ.

6637. ساڭلا سىغىندىم، خۇدا (ئۆزۈڭ) ساقلا،
بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن (مېنى) ئويغاتقىن.

6[illegible]3[illegible]. ئۇياتسىز قۇلۇڭمەن، گۇناھلىرىم كۆپ،

روشەنىك، رەھىم ـ شەپقەت سېنىڭ (قولۇڭدىن) كېلىدۇ.

6639. ساڭا گۇناھكار بولدۇم، سېنىڭدىن قاچتىم،
بۈگۈن ساڭا سىغىنىپ، يالۋۇرۇپ كەلدىم.

6640. ئەي موھتاج ۋۇجۇد، نېمىگە ئىشەندىڭ؟
كۆز كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىگە تاياندىڭ؟

6641. ئەمدى يولۇڭنى توغرىلا، ھەرىكىتىڭنى تۈزەت،
ئۆزۈڭ ئىككىلا دۇنيادا تۆردىن ئورۇن ئال.

6642. بۇ دۇنيا پۈتۈنلەي ھەۋەس بىلەن تولغان،
بۇنى تاشلا، يەنە بىر دۇنياغا ئىنتىلگىن.

6643. تىلىڭنى تىي، گېلىڭنى يىغ، كۆپ ئۇخلىما،
كۆزۈڭنى يۇم، قۇلىقىڭنى ئەت، خاتىرجەم تۇرسەن.

6644. ئەي رەببىم، ھەممە مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن،
ھېسابسىز رەھمىتىڭدىن (ھەممىنى) تۇگەل بەھرىمەن قىل.

6645. پەيغەمبىرىمىزگە تۈمەنمىڭ سالام يەتكۈز،
تۆت چارىيارغىمۇ (كۆپ سالام) يوللا.

## ئىزاھاتلار

"A نەسرىي مۇقەددىمە"دىكى ئىزاھلاشقا تېگىشلىك نۇقتىلار نومۇر (①،②) بىلەن كۆرسىتىلدى. قالغان بابلاردىكى ھاشىيىدە ئىزاھ بېرىلگەنلەردىن باشقا ئىزاھلاشقا تېگىشلىك سۆز ۋە ئىبارىلەرگە يۇلتۇز ( * ) قويۇلۇپ، بېيىت نومۇرى ئاساسىدا كۆرسىتىلدى.

A

### نەسرىي مۇقەددىمە

②① چىن، ماچىن — 9 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەبچە ـ پارسچە ھۆججەتلەردە جۇڭگونىڭ نامى. بۇ نام ھەققىدە مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: "... چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، 'تاۋغاچ' دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، 'خىتاي' دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، 'بارخان' دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر 'تاۋغاچ' 'ماچىن' دەپ، 'خىتاي' 'چىن' دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ." (مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 592 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل).

③ بۇغراخان تىلى — بۇغرا — قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خانلارنىڭ ئۇنۋانى. بۇ يەردە ئېيتىلغان بۇغراخان تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنى يەنى "خاقانىيە" تىلىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇ تىلدا يېزىلغان.

④ «تۈركىي شاھنامە» — «شاھنامە» پارس شائىرى فىردەۋ-

سى (940 — 1030 ـ يىللار)نىڭ مەشھۇر داستانى. بۇ يەردە مۇقەددىمە مۇئەللىپى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئاشۇ ئەسەرگە ئوخشىتىپ، تۈركىي تىلدا يېزىلغان شاھنامە دېمەكچى.

⑤ "تۇرانلىقلار "—" تۇران خەلقى"، يەنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەنىسىدە. پارسلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان ماكانىنى "تۇران" دەپ ئاتايتتى.

⑥ بالاساغۇن — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي پايتەختى بولغان بىر شەھەر، ئۇ يەتتە سۇ رايونىنىڭ چۇ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، ھازىرقى سوۋېت قىرغىزىستانى تېررىتورىيىسىدىكى توقماق شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

⑦ خاس ھاجىپ — خاس مەسلىھەتچى، تايانغۇ.

⑧ ئەلىگ — ئەل باشقۇرغۇچى، ئەل ئىگىسى، ھۆكۈمران، پادىشاھ دېگەن مەنىلەردە.

B

## نەزمىي مۇقەددىمە

2. قادىر ۋە زۇل جەلال — قۇدرەتلىك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى.

12. ماچىنلارنىڭ بېگى ②① ئىزاھاتقا قارالسۇن.

57. قۇز ئوردۇ — بالاساغۇننىڭ يەنە بىر نامى. تەسكەي ئوردا، غەربىي پايتەخت دېگەن مەنىدە.

C

## بابلار مۇندەرىجىسى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ "ھىرات"، "قاھىرە" ۋە

"ئەمەنگان" قولیازما نۇسخىلىرىدا بېرىلگەن مۇندەرىجە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، داستاننىڭ بۇ نەشرىي يەشمىسىنىڭ مۇندەرىجىسى تۈركىيىلىك ئالىم رېشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن رەتلەپ چىقىلغان مەتىنىنىڭ مۇندە-رىجىسى ئاساسىدا ئېلىندى (رېشىت رەخمەتى ئارات. «قۇتادغۇبىلىك»، I مەتىن. ئىستانبۇل 1947 - يىل نەشرى) ۋە رېشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن تولۇقلاپ قوشۇلغان ماۋزۇلارمۇ ئەينى بويىچە قوبۇل قىلىندى.

D

## قۇتادغۇبىلىك

2. تۈمەنمىڭ سانا — تۈمەنمىڭ مەدھىيە ۋە ماختاشلار بولسۇن.

8. ئەزەل ھەم ئاخىر سەن — ئەزەل پەيدا بولمىغان، ئەزەلدىن مەۋجۇت، مەڭگۈ يوقالمايدۇ، دېگەن مەنىدە.

45 "ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئاخىرقى تامغا بولدى" ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى — بېسىلغان تامغىسى بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىدە.

49. ..." ئۇنىڭ كۆرۈپ ئاۋۇندىغان تۆت ھەمراھى بار ئىدى" — تۆت ھەمراھ يەنى چارىيار. بۇلار: ئەبۇبەكرى (634 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۆمەر (644 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئوسمان (656 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەلى (661 - يىلى ۋاپات بولغان).

50. "ئىككىسى قېيناتىسى، ئىككىسى كۈيئوغلى" — مۇھەممەد پەيغەمبەر-نىڭ تۆت ھەمراھى (چارىيار) ئىچىدىن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قېيناتا بولغان، ئوسمان ۋە ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە كۈيئو-غۇل بولغان.

51. "ھەممىدىن ئاۋۋالقىسى ئاتىق ئىدى" — ئاتىق (ئازاد قىلغۇچى، نىجاتچى دېگەن مەنىدە) ئەبۇبەكرىنىڭ لەقىمى.

53. "ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى فارۇق" — فارىق (پەرقلەندۈرگۈچى دېگەن

مەنىدە) ئۆمەرنىڭ لەقىمى.

59. "ئۇلار كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈردى"— ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جاپا چېكىپ ئۆتتى، دېگەن مەنىدە.

60 "بۇ تۆت ھەمراھ مەن ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ تۆت ئاساسىدەك تۇيۇلىدۇ". تۆت ئاساس — قەدىمكى تەبىئەت قارىشى بويىچە تەبىئەت ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان. بۇ يەردە تۆت ساھابە ئەنە شۇ تۆت ئېلېمېنتكە تەقلىد قىلىنىدۇ.

66. "بېلىق قۇيرۇقىدىن 'قوزا بۇرنى' غا ئۆتتى"— مەۋسۇم 12 ـ مۆچەل ("بېلىق") ئۆتۈپ، 1 ـ مۆچەل ("قوزا بۇرنى")غا ئۇلاشتى، يەنى قىش ئۆتۈپ، ئەتىياز كىردى، دېگەن مەنىدە.

74. كۆكىش — بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

78. ... «سۈرە ئىبرى» — داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇقام بىلەن ئوقۇغان «زەبۇر» سۈرىلىرى.

120. بوز يەر مستەك قىزىل بولمىغۇچە — قىيامەت بولمىغۇچە، دېگەن مەنىدە. ئىسلام رىۋايەتلىرىدە، قىيامەت بولغاندا يەر قىزىپ، گويا قىزىل مستەك ئوت ھالىتىگە كېلىدۇ، دېيىلىدۇ.

123. "لۇقمان پېشىدەك ھايات كەچۈرسۇن"، لۇقمان — رىۋايەتتىكى بىر دانىشمەن، غايىۋى شەخس، ماھىر تېۋىپ. ئۇ مىڭ يىل ياشىغان، دېيىلىدۇ.

131. سەكەنتىر — ساتۇرىن يەنى زۇھەل پىلانېتى.

132. ئوڭاي — يۇپىتىر يەنى مۇشتەرى.

133. كۇرۇد — مارس يەنى مىرىخ.

134.ياشىق — كۈن، يەنى قۇياش.

135. سەۋىت — ۋېنېرا، يەنى زوھرا.

136.ئارزۇ ـ تىلەك — مىركۇرى، يەنى ئوتارىت.

137. يالچىق — ئاي.

139. قوزى — ھەمەل بۇرجى. ئۇد — سەۋر بۇرجى. ئەرەنتىر — جەۋزا قۇچىق — ساراتان.

١١٧. ئارسلان — ئەسەد، بۇغداي باشى — سۇنبۇلە.

ئۈلگۈ — مىزان، چايان — ئەقرەب، يا — قەۋس.

141. ئۇغلاق — جادى، كۆنەك — دەلۋە، بالىق — ھۇت.

197. "ئىنسان يېگىلگەچكە، ئۇنىڭ نامى يالگۇق بولغان"— قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "ئىنسان" سۆزى "يالگۇق"، "يېگىلىش" سۆزى "ياڭلۇق " دېيىلەتتى، بۇ يەردە بۇ ئىككى سۆزنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ يېقىنلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

241. زەھھاك — ئىران رىۋايىتىدىكى زالىملىق بىلەن داڭ چىقارغان شەخس. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدىمۇ زەھھاك جاھالەتپەرەس، زالىم شەخسنىڭ ئوبرازى قىلىپ ئېلىنغان. فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) — ئىراننىڭ غايىۋى ھۆكۈمرانى، جەمشىدنىڭ نەۋرىسى، ئۇ زەھھاكنى يوقىتىپ، ئادالەت ئورناتقان.

282. "تاجىكلار بۇنى كىتابتا يازدى"— بۇ يەردە تاجىك (پارس) شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

290. "بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ نۇشىرۋانغا قارا"— نۇشىرۋان (ئانۇشىرۋان) — ئىران شاھى نۇشىرۋان خىسراۋ I (579 _ 531) بولۇپ، تارىختا ئادىل شاھ سۈپىتىدە مەشھۇر.

310. "بىلىم گويا كىمىيادەكدۇركى، (پۇتۇن) نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ "— كىميا — بۇ يەردە ماگنىتتەك ھەممە نەرسىنى ئەتراپىغا توپلاپ يىغىدۇ، دېگەن مەنىدە ئېلىنغان.

350. «قۇتادغۇبىلىك»— بەخت _ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم، دېگەن مەنىدە.

564. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "قىز" سۆزى بىلەن "قىس، نادىر، ئەتىۋارلىق " دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان "قىز" سۆزى شەكىلداش ئىدى. شائىر بۇ يەردە كەم ئۇچرايدىغان، قىس نەرسىلەرنىڭ ئەتىۋارلىق بولۇشىنى قىزلارنىڭ ئەتىۋارلىق بولۇشىغا ئوخشىتىدۇ.

772. ئۇراغۇن — ھىندىستاندىن چىقىدىغان ئاچچىق زەھەردەك دورا.

1058. "قان تۇتتى "— قان بېسىمى ئۆرلەش مەنىسىدە.

1064. تىرياق — زەھەر قايتۇرغۇچى بىر خىل دورا. ماترىدۇس— بىر
خىل دورىنىڭ نامى؛ چۆرنى — ئاجىزلاشتۇرغۇچى دورا پاراشوكى.
2002 _ 1065. قام — شامان موللىسى.
1758. ياغما بېگى — ياغما قەبىلىسىنىڭ بېگى. ياغما — قاراخانىيلار
سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم قەبىلىلەرنىڭ بىرى.
2696 _ 2319. ”ئىلىنىڭ داڭلىق ئادەمى“، ”ئىلىنىڭ ھېكمەتلىك
پۈتۈكچىسى“— ئىلى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، دەريا نامى،
يەنى ھازىرقى ئىلى دەرياسى. بۇ يەردە بىر ئەل، بەگلىك مەنىسىدە
ئېلىنغان.
(1629 _ بېيىت ”ئىلى بېگى — ئىلا ئاتلىقى“غا قاراڭ.)
2351. تىل يەنى ”تىل تۇتماق“— ئەسىر ئالماق مەنىسىدە.
5111. سىغۇن — بۇغا.
5215. بۇ بېيىت نەمرۇدقا قارىتىلغان. نەمرۇد قارا قۇش مىنىپ ئاسمانغا
چىقسىمۇ ئاخىر پاشا چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ.
2226. ۋىرد — كېچىلىك نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت.

مەسئۇل مۇھەررىر :ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور : رىشىت ھاجى ۋاھىدى،خەيرىنىسا روزى

# قۇتادغۇبىلىك

## (نەسرىي يەشمىسى)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

---

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 26.75
سانى : 5001 ـ 7000
باھاسى : 40.00 يۈەن

---

责任编辑：阿布都拉·阿布里孜
责任校对：热西提，海仁沙

图书在版编目(CIP)数据

福乐智慧/玉素甫·哈斯·哈吉甫著；新疆社会
科学院文学研究所整理.—2版.—北京：民族
出版社，2006.5
ISBN 7-105-07716-6

Ⅰ.福… Ⅱ.①玉…②新… Ⅲ.维吾尔族—古典诗歌
—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052441 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 6 月第 2 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张：26.75
印　　数：5001-7000 册
定　　价：40.00 元

ISBN7-105-07716-6
9 787105 077168 >

ISBN 7-105-07716-6/I · 1670

民文(维 242)　　定价：40.00元